ساۋ شۆچىن، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەر

قىزىل راۋاقتىكى چۈش

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

جۇڭخۇا نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قۇرۇلۇشى

中 华 经 典 翻 译 工 程

ISBN 978-7-228-16053-2
定价：60.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ساۋ شۆچىن، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 2

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئابدۇكېرىم خوجا
ئىمىن تۇرسۇن
رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


图书在版编目(CIP)数据

红楼梦. 2 : 维吾尔文 / 曹雪芹，高鹗著；热合曼·马木提等译. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978-7-228-16053-2

Ⅰ.①红... Ⅱ.①曹... ②高... ③热... Ⅲ.①章回小说 — 中国 — 清代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I242.4


中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第251799号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 热合曼·马木提 |
| 责任校对 | 阿达来提，阿依古丽，阿孜古丽，热娜古丽 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 23.75 |
| 插　　页 | 8 |
| 版　　次 | 2012年11月第2版 |
| 印　　次 | 2012年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 60.00 元 |




يەلپۈگۈچ يىرتىش بەدىلىگە مىڭ تىللالىق بىر كۈلكە كەلگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




نائەھلى ئوغۇلنىڭ بەتقىلىقلىقىدىن پالاققا تارتىلغانلىقى



مېھرىبانلىقتىن مېھرى ئېرىپ سىڭلىسىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكى




ئاسارۇن بانۇنىڭ قىسقۇچپاقا توغرىسىدىكى مەدھىيەگە ھەجۋىي قىلغانلىقى



بىپەرۋا يىگىتنىڭ بالادىن قېچىپ ياقا يۇرتقا كەتكەنلىكى

www.uyghurkitap.com



قومۇشلۇق قورۇدا مەنزىرە توغرۇلۇق ھازىر جاۋاب بېيىت ئېيتىلغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئوتتۇز بىرىنچى باب .................................................. 1
يەلپۈگۈچ يىرتىش بەدىلىگە مىڭ تىللالىق بىر كۈلكە كەلگەنلىكى
بوبرا كېيىك تۇپەيلىدىن ئاشىقلارنىڭ تەڭ قېرىيدىغانلىقى
بىلىنگەنلىكى
ئوتتۇز ئىككىنچى باب .................................................. 23
مەستانە باۋيۈيىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ كۆكۈل سىرىنى ئېيتىپ
قويغانلىقى
قەيسەر جىنچۈەننىڭ نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى هالاك قىلغانلىقى
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب .................................................. 41
قىزغانچۇق ئىنىنىڭ هەسەتخورلۇقىدىن چېقىمچىلىق قىلغانلىقى
نائەهلىي ئوغۇلنىڭ بەتقىلىقلىقىدىن پالاققا تارتىلغانلىقى
ئوتتۇز تۆتىنچى باب .................................................. 57
مېهرىبانلىقتىن مېهرى ئېرىپ سىڭلىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكى
خاتائۇستىگە خاتا قىلىنىپ ئاكىنىڭ خاتا جىمىلەنگەنلىكى
ئوتتۇز بەشىنچى باب .................................................. 80
يۈيچۈەننىڭ نېلۇپەر يوپۇرمىقى سالغان شورپىنى تېتىپ
باققانلىقى
خۇاڭ جىنيىڭنىڭ چېۋەرلىك بىلەن هەپىرەڭگۈللۈك تور
توقۇغانلىقى
ئوتتۇز ئالتىنچى باب .................................................. 106
قىزىل قۇۋا هۇجرىسىدا قوشماق ئۆردەك كەشتىسىنى تىكىۋېتىپ
چۈشەككەن سۆزنى ئاڭلاپ قالغانلىقى
مۇهەببەت قىسمىتىدە هەركىمنىڭ ئۆز نېسىۋىسى بولىدىغانلىقىنى
نەشپۈتلۈك هويلىدا ئۇققانلىقى
ئوتتۇز يەتتىنچى باب .................................................. 129
كۈز نەسىمى قىرائەتخانىسىدا «يەسمەن» مۇشائىرە جەمئىيىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى
ئاسارۇنزار هويلىدا جۇخار گۈل توغرۇلۇق شېئىر ماۋزۇلىرىنىڭ
تەييارلانغانلىقى

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ........................................ 165

بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ جۇخار توغرىسىدا شېئىر يېزىشتا بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقى

ئاسارۇن بانۇنىڭ قىسقۇچپاقا توغرىسىدىكى مەدھىيەگە ھەجۋ قىلغانلىقى

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ........................................ 188

سەھرالىق موماينىڭ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرگەنلىكى

خۇشتار يىگىتنىڭ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى

قىرىقىنچى باب ........................................ 210

شى تەيجۇننىڭ نەزەرباغدا ئىككىنچى قېتىم زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى

جىن يۈەنياڭنىڭ ئۈچ قېتىمدىن ئۇستىخان كوزىر تېپىشمىقى ئېيتقانلىقى

قىرىق بىرىنچى باب ........................................ 243

جيا باۋيۈينىڭ يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدا چاي تەمىنى تېتىپ باققانلىقى

ليۇ موماينىڭ مەست بولۇپ قېلىپ ئارامبەخش ھويلىدا ئۇخلاپ قالغانلىقى

قىرىق ئىككىنچى باب ........................................ 266

ئاسارۇن بانۇنىڭ دىلكەش سۆزلەر بىلەن شۈبھىلىك تۈگۈننى يەشكەنلىكى

بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ خۇشخۇي چاقچاق بىلەن گەپنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرگەنلىكى

قىرىق ئۈچىنچى باب ........................................ 292

بىكارچىلىقتا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن تاسادىپىي پۇل يىغىش قىلىپ تۇغۇلغان كۈننى قۇتلىغانلىقى

تۈگىمەس ئىشتىياقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئاددىيغىنا كۆجە كۆيدۈرۈپ يادلىغانلىقى

قىرىق تۆتىنچى باب ........................................ 316

تۇيۇقسىز ۋەقە بىلەن فېڭجيېيدە كۈنداشلىق پەيدا بولغانلىقى

كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بىلەن پىڭئېرنىڭ ئۆزىگە پەرداز قىلغانلىقى

قىرىق بەشىنچى باب ........................................ 338

چىقىشقاقلىق بىلەن ئۆزئارا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلغانلىقى

يامغۇرلۇق ئاخشىمى دىمىقىپ يامغۇر ھەققىدە نەزم يازغانلىقى

www.uyghurkitap.com

قىرىق ئالتىنچى باب ...................................... 364
لاۋزا ئادەمنىڭ لاۋزا ئىش قىلىشتىن خالىي بولمىغانلىقى
يۇەنياڭ قىزنىڭ قوشماق ئۆردەكتەك جۈپ بولۇشنى
رەت قىلغانلىقى
قىرىق يەتتىنچى باب ...................................... 390
ئۆكتەمنىڭ پوخورلۇق قىلىپ قاتتىق تاياق يېگەنلىكى
بىپەرۋا يىگىتنىڭ بالادىن قېچىپ ياقا يۇرتقا كەتكەنلىكى
قىرىق سەككىزىنچى باب ...................................... 414
ھەۋەسكە بېرىلگەن يىگىتنىڭ ھەۋەس كاساپىتىدىن سەيلە ـ
سەپەرنى ئىختىيار قىلغانلىقى
نازاكەتكە مەپتۇن ئايالنىڭ نازاكەت توپلاپ شېئىر كۆيلەشكە
ئىجتىھات قىلغانلىقى
قىرىق توققۇزىنچى باب ...................................... 438
بىللۇر دۇنياسىدا قىزىل مېيخۇاننىڭ ئاق قاردا جىلۋىلەنگەنلىكى
ئۇيا ـ ئەڭلىك سۈرتكەن خۇشبۇي قىزلارنىڭ بەتبۇي گۆش
يېگەنلىكى
ئەللىكىنچى باب ...................................... 463
قومۇشلۇق قورۇدا مەنزىرە توغرۇلۇق ھازىر جاۋاب بېيىت
ئېيتىلغانلىقى
ئىللىق خۇشبۇي تۇسۇقتا چاغانلىق پانۇس تېپىشمىقى
توقۇلغانلىقى
ئەللىك بىرىنچى باب ...................................... 494
باۋچىن قىزچاقنىڭ قەدىمكىنى ئەسلەپ يېڭى شېئىر تۈزگەنلىكى
ھاماقەت تېۋىپنىڭ كۈچلۈك دورىنى كەلسە ـ كەلمەس
ئىشلەتكەنلىكى
ئەللىك ئىككىنچى باب ...................................... 519
چىرايلىق پىڭئېرنىڭ بىلەزۈك ۋەقەسىنى كۆڭۈلچەكلىك بىلەن
ياپقانلىقى
جۈرئەتلىك چىڭۋېننىڭ كېسەل تۇرۇقلۇق تىز يېپىنچىنى
يامىغانلىقى
ئەللىك ئۈچىنچى باب ...................................... 545
نىڭگو قەسرىدە چاغان ھارپىسىدا ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھىغا
ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈلگەنلىكى
رۇڭگو قەسرىدە پانۇس بايرىمى كېچىسى تۈن بويى زىياپەت
بېرىلگەنلىكى

ئەللىك تۆتىنچى باب ........................................ 572
شى تەيجۇننىڭ ئەبجىقى چىققان قىلىپبازلىقىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى
ۋاڭ شىفېڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خۇش قىلغان لاۋلەيزىنى دورىغانلىقى
ئەللىك بەشىنچى باب ........................................ 600
ئۆز قىزىغا خورلۇق كەلتۈرگەن ئەخمەق توقالنىڭ يوقىلاڭ ئىشنى تالاشقانلىقى
ياش غوجىسىنى ئالدىغان ھىيلىگەر قۇلنىڭ يامان نىيەتتە بولغانلىقى
ئەللىك ئالتىنچى باب ........................................ 628
پاراسەتلىك تەنچۇننىڭ زىياننى تۈگىتىپ ھاياننى ئاشۇرغانلىقى
دانىشمەن باۋچەيىنىڭ ئازغىنا مەنپەئەت ئارقىلىق چوڭلۇق سالاپەتنى نەزەردە تۇتقانلىقى
ئەللىك يەتتىنچى باب ........................................ 656
ئەقىللىك زىجۈەننىڭ ئىشق سۆزلەر بىلەن تەنتەك قاشتاشنى سىنىغانلىقى
مېھرىبان ھامىمىنىڭ كۆيۈنۈپ گەپ قىلىپ مەستانە قەلەم قاشنى بەزلىگەنلىكى
ئەللىك سەككىزىنچى باب ........................................ 692
ئۆرۈك سايىسىدا يالغان ئاشىقنىڭ ساختا مەشۇقىقا ماتەم تۇتۇپ يىغلىغانلىقى
رۇيان شايە يەملەنگەن دېرىزە يېنىدا باۋيۈينىڭ ئەخمىقانە ئىشنى سۈرۈشتە قىلغانلىقى
ئەللىك توققۇزىنچى باب ........................................ 715
سۆگەتلىك جەزىرە يېنىدا يىڭئېرنىڭ ئازار يەپ چۈنيەننىڭ ئاھانەت ئىشتكەنلىكى
قىزىل قۇۋا ھۇجرىسىدا سەردارنى چاقىرىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىلگەنلىكى
ئاتمىشىنچى باب ........................................ 731
قىزىلگۈل پاراشوكى ئورنىغا ئاق چايگۈل ئۇپىسى بېرىلگەنلىكى
ئەتىرگۈل شەربىتى تۈپەيلىدىن زەمبۇرۇغ تالقىنى سوۋغا قىلىنغانلىقى

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## يەلپۈگۈچ يىرتىش بەدىلىگە مىڭ تىللالىق بىر كۈلكە كەلگەنلىكى
## بوبرا كېيىك تۆپەيلىدىن ئاشىقلارنىڭ تەڭ قېرىيدىغانلىقى بىلىنگەنلىكى

شىرىن يەردىكى ئۆزى تۈكۈرگەن قاننى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتى. ئادەتتە كىشىلەردىن ئاڭلاپ يۈرگەن «ياش ۋاقتىدا قان تۈكۈرگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن تەقدىردىمۇ ناكار بولۇپ قالىدۇ» دېگەن گەپ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ـ دە، كەلگۈسىدە ئىززەت ـ ئابرۇي قازىنىش توغرۇلۇق كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ خىياللىرى شامالغا ئۇچۇپ، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باۋيۈينىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— كۆڭلۈڭ بىر قىسما بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ شىرىندىن.

— بىر ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ، نېمە بولماقچىدى؟ — دېدى شىرىن زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ.

باۋيۈي دەرھال ئادەم چاقىرىپ، سېرىق ھاراق ئىللىتقۇزۇپ، ئۆچكە قېنىدىن ياسالغان ئۇد كۇمىلىچى ئالدۇرماقچى بولۇۋىدى، شىرىن باۋيۈينىڭ قولىدىن تارتىپ كۈلۈمسىرىدى:

— قويۇڭ، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرمەڭ، بۇنداق قىلسىڭىز كىشىلەر بىسەرەمجان بولۇپ كېتىپ، مېنى يەڭگىلتەك دەپ كايىشىدۇ. ھازىر كىشىلەر ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، بۇنداق ۋاڭ ـ

چۈلۈك كۆتۈرسىڭىز، كىشىلەر بىلىپ قالسا سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، ماڭىمۇ ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەتە تېۋىپ ۋاڭ جىرېنغا بالا ئەۋەتىپ، دورا ئالدۇرۇپ بەرسىڭىز، شۇنى يېسەملا ساقىيىپ كېتىمەن، ئۇ چاغدا ئىنىس ـ جىنمۇ ئۇقماي قالىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق، ئوبدان ئەمەسمۇ؟

باۋيۈي ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ ماقۇل بولدى، شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر چىنە چاي قۇيۇپ شىرېنگە ئېغىز چايقاشقا بەردى. شىرېن باۋيۈينىڭمۇ كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىشىغا سالماي دېسە، ئۇ بەربىر ئۇنىمايدۇ، باشقىلارمۇ ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزى بىلگىنىنى قىلسۇنلا، دېگەن يەرگە كەلدى. شۇڭا، باۋيۈينى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى كارىۋاتقا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرىۋەردى.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا، باۋيۈي يۈز ـ كۆزىنىمۇ يۇماستىن، ئالدىراش ئېگىنىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ كەتتى، تېۋىپ ۋاڭ جىرېننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى ئۆزى ئېنىقلىماقچى بولدى. ۋاڭ جىرېن قانداق بولغانلىقىنى بىرقۇر سوراپ، زەخىملەنگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر كۇمىلاچ دورىنىڭ نامىنى ئاتاپ، قانداق يېيىش، قانداق سۈرتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى. باۋيۈي بۇلارنى يېزىۋېلىپ، باغقا قايتىپ كىردى ۋە قەغەزدە يېزىلغىنى بويىچە دورا تەييارلاتقۇزدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

شۇ كۈنى تاڭزۇڭزا چاغىنى ئىدى. ئىشىك باشلىرىغا كامپا ـ ئەمەن شاخلىرى قادالغان. ھەممە كىشىلەر يەڭلىرىگە دۇردۇندىن قىيىلغان يولۇۋاسلارنى تاقىۋېلىشقانىدى. چۈش ۋاقتىدا ۋاڭ ئائىچا خېنىم داستىخان هازىرلاپ، شۆ هامما بىلەن باۋچەيلەرنى ھېيت چېيىغا ئېيتتى. باۋيۈي بۇ زىياپەتتە باۋچەينىڭ كۆڭۈلسىز ئولتۇرغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى بىلەن سۆزلەشكۈسىمۇ

كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇنۇگۇنكى گەپ ـ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، دەپ بىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، تايىن تۇنۇگۇنكى جىنچۇەرنىڭ ئىشىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندۇ دەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. دەييۈيمۇ باۋيۈينىڭ سۇلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ، تۇنۇگۇن باۋچەينى خاپا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بىئارام بولدى ۋە بوشىشىپلا كەتتى. باۋيۈي بىلەن جىنچۇەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاخشام فېڭجيېگە دەپ بەرگەنىدى، فېڭجيېمۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىگە ھېچنېمە خۇشياقمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشقا پېتىنالماي، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ رايىغا بېقىپ خامۇش ئولتۇردى. يىڭچۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى داستىخاندىكىلەرنىڭ كەيپى يوقلۇقىنى بايقاپ، بۇلارمۇ ئېچىلالمىدى. شۇڭا، بىرئاز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشتى.

دەييۈي ئادەتتە جەم بولۇشتىن كۆرە تارقىلىشنى ياقتۇراتتى، ئۇنىڭ مۇنداق ئۆي ـ پىكىردە بولۇشىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. ئۇ ئادەتتە مۇنداق دەيتتى: «كىشىلەر جەم بولغان يەردە ئەلۋەتتە تارقىلىشمۇ بولىدۇ. جەم بولغاندا خۇشال بولسا، تارقىلىدىغان چاغ كەلگەندە كىشىنى غۇربەت باسىدۇ! غۇربەت باسقاندىن كېيىن كىشى ھەسرەت چېكىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەم بولمىغىنى ياخشى. گۈللەرمۇ خۇددى شۇنداق: پورەكلەپ ئېچىلغاندا، كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ، خازان بولغاندا، بىرمۇنچە قايغۇ ـ ھەسرەتنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە گۈلنىڭ ئېچىلماي قويغىنى ياخشى.» شۇ سەۋەبتىن، باشقىلار ئۈچۈن خۇشاللىق دەپ ھېسابلانغان ئىش دەييۈي ئۈچۈن قايغۇلۇق بولۇپ تۇيۇلاتتى. باۋيۈينىڭ مىجەزى بولسا باشقىچىرەك ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تارقالماي ھەمىشە جەم بولۇپ تۇرۇشىنى خالايتتى. زىياپەتتىن

تارقايدىغان ياكى گۈللەر تۇزۇيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلسە، ئۇ چاغدا كۈرمىنىڭ ھەسرەت چەككەن بىلەنمۇ كۆنمەي ئىلاج يوق دەپ ئويلايتتى. مانا بۇگۈنكى زىياپەتتىن ھەممەيلەن كۆڭۈلسىز تارقىلىشتى، بۇ دەيىۋىگە ھېچقانچە تۇيۇلمىدى، لېكىن باۋيۇي مەيۈس ھەم خاپا ئىدى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشقا باشلىدى.

شۇ پەيتتە، قېرىشقاندەك چىڭۋېن ئېگىنىنى يەڭگۈشلىتىپ بېرىمەن دەپ باۋيۇينىڭ قېشىغا كېلىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن باۋيۇينىڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى چۈشۈرۈۋەتتى، يەلپۈگۈچنىڭ گۈگۈسى يەرگە چۈشۈپلا سۇنۇپ كەتتى. باۋيۇي يەلپۈگۈچكە قاراپ بىر ئۇھ تارتتى:

— كالۋا! دۆت! كەلگۈسىدە نېمە بولارسەنكىن! ئەتە ـ ئۆگۈن سەنمۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق، بىساتلىق بولسەن، شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق ھاڭۋاقتى بولارسەنمۇ؟

— غوجام، — دېدى چىڭۋېن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — يېقىندىن بۇيان ئاچچىقلىرى بەك يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، قىمىرلا قىلىپ كەتسەك، چىرايلىرى ئۆڭىدىغان بولۇپ قالدى. قايسى كۈنى شىرېننىمۇ ئۇرغانىدىلە، ئەمدى مەندىن ئېۋەن تېپىۋاتىدىلا. ئۇرامىلا، تېپەملا، نېمىلا قىلسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى. يەلپۈگۈچنىڭ سۇنۇپ كېتىشى ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەينەك لوڭقا، ھېقىق پىيالىلەرمۇ تالاي قېتىم سۇنۇپ كەتكەن، ئۇ چاغدا سىلىنىڭ مۇنچىلىك ئاچچىقلىرى كەلمىگەن. ئەمدى بىر يەلپۈگۈچ ئۈچۈن مۇشۇنچە قىلىپ كېتىۋاتىدىلا. نېمانچە قىلىدىغانلا! بىزدىن بىزار بولغان بولسىلا، بىزنى ھەيدىۋېتىپ ياخشىراقىنى تېپىۋالسىلا، چىرايلىقچە ئايرىلى ئوچۇق قىلىشىۋالسەك بولمامدۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، باۋيۇينىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى ـ دە:

— ئالدىرىما، ئاخىر ئايرىلىدىغان كۈنمۇ كېلەر! — دېدى.

www.uygurkitap.com

بىر چەتتە تۇرغان شىرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۇياققا ئۆتۈپ، باۋيۇيگە:

— بىر ئوبدان تۇرۇپ يەنە نېمە بولدى؟ مەن دېگەندەك، «بىردەم بولماي قالساملا چاتاق چىقىدۇ» — دېدى.

— ئاچا، سەن سۆزمەن بولغاندىن كېيىن بالدۇرراق كەلسەڭچۇ، ئۇ چاغدا بىزمۇ بۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويمىغان بولاتتۇق، — دېدى چىڭۋېن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ئەزەلدىن تارتىپ غوجامنىڭ خىزمىتىگە سەنلا يارايسەن، بىز ئۇنچىلىك كۈتۈشنى بىلمەيدىكەنمىز. خىزمىتىنى شۇنچە ياخشى قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئەجەب تۈنۈگۈن بىقىنىڭغا پەشۋا يەۋالدىڭ — ھە. بىزغۇ خىزمەت قىلىشنى بىلمىگەندىن كېيىن، ئەتە - ئۆگۈن نېمە گۇناھ قىلارمىزكىنتاڭ؟

شىرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەم ئاچچىقلاندى، ھەم ئىزا تارتتى، چىڭۋېنگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، باۋيۇينىڭ ئاچچىقىدا تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج ئۆزىنى بېسىپ:

— ئوبدان سىڭلىم، ماڭ، تالاغا چىقىپ بىردەم ئويناپ كىرگىنە ! ھەممە ئەيىب بىزدە ! — دېدى.

چىڭۋېن ئۇنىڭ «بىز» دېگەن سۆزىدە جەزمەن ئۆزى بىلەن باۋيۇينى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىختىيارسىز كۆڭلىدە رەشك پەيدا بولدى - دە، زەھەرخەندە بىلەن:

— ئۇقالمىدىم، «بىز» دېگىنىڭ كىم؟ مەن سېنىڭ «بىز» دېگىنىڭدىن ئۇيىلىۋاتىمەن ! يەڭ ئىچىدە قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭلارنى مەندىن يوشۇرالمايسەن. مەن دېمىسەممۇ، ئوچۇق - ئاشكارا گۇۋاھ - شاھىتلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ خېنىم بولالىغىنىڭ يوق تېخى. ماڭا ئوخشاشلا دېدەك تۇرۇقلۇق نېمەڭگە «بىز» دەيدىغان بولۇپ قالدىڭكىنە !

شىرىن خىجالەتچىلىكتە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى دەرھال پەملىدى. باۋيۇي چىڭۋېنگە قاراپ:

— سىلەرنىڭ چىدىمىغىنىڭلارغا قارىماي، ئەتىلا ئۇنىڭ ئىزىزىتىنى قىلىمەن، — دېدى.

شىرىن شۇ ئاندىلا باۋيۇينىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— ئۇ دۆت بىرنېمە، ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالىشىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئادەتتە كەڭ قورساق بولۇپ، نى - نى ئىشلارنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىڭىزغۇ، بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

— مەن دۆت، — دېدى چىڭۋېن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مەن سۆزلىشىشكە لايىق ئەمەس! مەن بىر چۆرە قىز تۇرسام!

شىرىن:

— هاي، خېنىم، كىم بىلەن تاكاللىشىۋاتىسەن؟ مەن بىلەنمۇ ياكى غوجام بىلەنمۇ؟ ماڭا ئاچچىقىڭ كەلگەن بولسا، مەن بىلەن سۆزلەش، غوجامنىڭ ئالدىدا چالۋاقاشنىڭ هاجىتى يوق. غوجامغا ئاچچىقىڭ كەلگەن بولسا، مۇنداق چالۋاقاپ هەممە ئادەمگە شالاڭنى چاچما. مەن بۇ ئىشنى بولدى قىلىۋېتىپ، هەممىمىز ئۆزىمىزنى ئايايلى دەپ ئارىچىلىغانىدىم، مېنى بالاغا قويماقچى بولۇۋاتىسەن! يا مەندىن خاپا بولغىنىڭنى، ياكى غوجامدىن خاپا بولغىنىڭنى ئۇقالمىدىم، هەممىنى تەڭلا گەپتە چېقىۋاتىسەن. زادى سېنىڭ غەرىزىڭ نېمە؟ بولدى. مەن سۆزلىمەي، سەنلا سۆزلە! — دېدى - دە، تالاغا قاراپ ماڭدى.

— سەنمۇ ئاچچىقلانمايلا قوي، — دېدى باۋيۇي چىڭۋېنگە قاراپ، — سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئىشمۇ ماڭا ئايان بولدى، مەن خان ئانامغا مەلۇم قىلاي، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، سېنى ئۇزىتىپ قويايلى، بولامدۇ؟

چىڭۋېن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى - دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— مەن نېمىشقا كېتىدىكەنمەن؟ مەندىن بىزار بولغان تەقدىردىمۇ، باهانە تېپىپ مېنى هەيدىۋەتكۈچىلىك يەرگە يەتمىدىم، — دېدى.

— مۇنداق غەلۋىنى قاچان كۆرگەن بولغىيدىمكىنتاڭ! زادى

سېنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈڭ كېلىپ قاپتۇ، خان ئانامغا مەلۇم قىلىپ سېنى يولغا سېلىپ قويساقلا بولىدىغۇ، ــ دەپلا باۋيۇي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭغانىدى، شىرېن كەينىگە يېنىپ ئۇنى توسۇۋالدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ نەگە بارىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ خان ئانامغا مەلۇم قىلغىلى ! ــ دېدى باۋيۇي.

ــ نېمە قاملاشمىغان ئىش بۇ، ــ دېدى شىرېن كۈلۈپ، ــ راستلا ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلسىڭىز، ئۇنى ئۇياتقا قالدۇرۇپ قويغان بولمامسىز؟ ئۇ راستلا كەتمەكچى بولسا، ئاۋۋال ئاچچىقى بېسىلسۇن، كېيىنرەك گەپ ئارىلىقىدا ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. شۇ تۇرقىدا پالاقلاپ بېرىپ، بۇنى رەسمىي بىر ئىش تەرىقىسىدە مەلۇم قىلسىڭىز، ئاغىچا خېنىمدا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويمامسىز؟

ــ خان ئانام ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ، ــ دېدى باۋيۇي، ــ چىڭۋېن كېتىمەن دەپ جېدەل قىلىۋاتىدۇ دەيمەن.

ــ مەن قاچان كېتىمەن دەپ جېدەل قىپتىمەن؟ ــ دەپ چىڭۋېن يىغلاشقا باشلىدى، ــ ئۆزلىرى ئاچچىقلاپ قېلىپ، تېخى مۇشۇنداق گەپ بىلەن ئاغزىمنى تۇۋاقلىماقچى بولۇۋاتىدىلا. بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

ــ قىزىق گەپ ! كەتمەيمەن دەيسەنۇ، يەنە جېدەل قىلىۋېرىسەن. مۇنداق جېدەلگە تاقىتىم يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە كەتسەڭلا قۇلىقىم تىنچلىنىدۇ، ــ باۋيۇي شۇنداق دەپلا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يەنە ماڭدى.

شىرېن توسۇۋالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، نائىلاج باۋيۇينىڭ ئالدىدا تىزلاندى. بىخېن، چيۇۋېن، شېيۆ ۋە باشقا دېدەكلەر تاشقىرىدا بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا قۇلاق سېلىپ جىمجىت تۇرۇشقانىدى. جېدەل چوڭىيىپ شىرېننىڭ تىزلىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەممىسى تەڭلا كىرىپ تىزلاندى.

باۋيۇي شىرىننى ئىلدام ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، كاتتا ئولتۇردى، قالغان دېدەكلەرنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن شىرىنگە قاراپ:

— مەن قانداق قىلسام بولار؟ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتسىمۇ، كۆڭلۈمنى ھېچكىم چۈشەنمەيدىكەن! — دەپلا كۆزىگە ياش ئالدى. بۇنى كۆرۈپ شىرىنمۇ يىغلىۋەتتى. بىر چەتتە كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان چىڭۋېن بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن دەيیۇينىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ چىقىپ كەتتى.

— شۇنداق ئۇلۇغ ئايەم كۈنلىرىدە بىر ئوبدان تۇرۇپ نېمىگە يىغلايسىلەر؟ — دەپ كۈلدى دەيیۇي، — تاڭزۇڭزا تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارمۇ يا؟

باۋيۇي بىلەن شىرىن پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى.

— باۋيۇي ئاكا، سىز دەپ بەرمىسىڭىزمۇ ھەممىسىنى چۈشەندىم، — دېدى دەيیۇي. ئاندىن شىرىننىڭ مۈرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ، — جېنىم يەڭگە، سەن ئېيتقىنا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار سۆز تالىشىپ قالدىڭلارمۇ يا؟ ماڭا ئېيتساڭچۇ، ئىككىڭلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قوياي.

— خېنىم، قانداق چاقچاقلىرى بۇ! — دېدى شىرىن ئۇنى ئىتتىرىپ قويۇپ، — مەن بىر دېدەككىمۇ مۇشۇنداق كەلسە ـ كەلمەس گەپنى قىلىدىكەنلا.

— سەن ئۆزۈڭنى دېدەك دېسەڭمۇ، مەن سېنى يەڭگەم ئورنىدا كۆرىمەن، — دېدى دەيیۇي كۈلۈپ.

— ئۇنىڭغا ئاھانەت تېپىپ بېرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى باۋيۇي، — شۇ تاپتىمۇ خەقلەر سۆز ـ چۆچەك قىلىپ يۈرۈشىدۇ. ئەمدى كېلىپ سىزمۇ مۇنداق دېسىڭىز، ئۇ چىداپ تۇرالامدۇ؟

— خېنىم، سىلى يۈرىكىمدىكىنى بىلمەيلا، — دېدى كۈلۈمسىرەپ شىرىن، — تىنىقىم ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپ كەتسەملا ئىش تۈگەيتتى.

www.uyghurkitap.com

— سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ھەممىدىن بۇرۇن ساڭا يىغلاپ ئۆلۈپ كېتىمەن! — دېدى دەييۇي كۈلۈپ.

— سەن ئۆلسەڭ، مەن راھىب بولۇپ كېتىمەن! — دېدى باۋيۈي.

— ئۆزىڭىزنى سەل تۇتۇۋېلىڭ! — دېدى شىرېن، — كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋېرىدىكەنسىز!

دەييۇي ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ:

— راھىب بولۇپ كېتىمەن دېگەن سۆزنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم دېدىڭىز! ھازىردىن باشلاپ خاتىرىلەپ تۇرىمەن. قېنى، يەنە قانچە قېتىم دەيسىزكىن! — دېدى.

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ گەپنى قايسى كۈنى ئۆزى قىلغان سۆزگە دارىتىپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، كۈلۈپلا قويدى.

بىردەمدىن كېيىن دەيىيۇي چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا خىزمەتكارلاردىن بىرسى كىرىپ:

— شۆ پەن بېگىم غوجامنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

باۋيۈي بېرىشقا مەجبۇر بولدى. شۆ پەن شاراب ئىچىشكە چاقىرتقانىكەن. ئۆزرە ئېيتىشقا بولماي، داستىخان ئاخىرلاشقۇچە ئولتۇرۇپ ئاخشىمى قايتتى. ئۇ شارابنىڭ كەيپى بىلەن دەلدەڭشىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. قارىسا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سالقىنلاش ئۈچۈن كات قويۇپ بىركىم ئۇخلاۋېتىپتۇ. باۋيۈي ئۇنى شىرېنمىكىن دەپ، كاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى - دە، ياتقان كىشىنى مىدىرلاتتى:

— ئاغرىقىڭ بىرئاز قويۇپ بەردىمۇ؟

ياتقان كىشى ئۆرۈلۈپ:

— خەپ ئىگەكىم، مەن بىلەنلا قاپتۇغۇ! — دەپ غودۇڭشىدى.

باۋيۈي قارىغۇدەك بولسا، ئۇ شىرېن ئەمەس چىڭۋېن ئىكەن.

باۋيۇي ئۇنى تارتىپلا يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ كۈلدى:

— سەن بارغانسېرى ئەركە ـ نايناق بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ ! ئەتىگەن يەلپۈگۈچ سۇنۇپ كەتكەندە، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويسام، بىرمۇنچە سۆزلەپ كەتتىڭ. ماڭا نېمە دېسەڭ مەيلى ئىدى، شىرېن ساڭا ياخشى نىيەت بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتسا، ئۇنىمۇ چىشلەپ تارتىۋاتىسەن ! ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، شۇنداق قىلىش توغرىمىدى؟

— توۋا، شۇنداق ئىسسىق تۇرسا، ئادەمگە نېمانچە سۈۋىشىدىغاندۇ ! — دېدى چىڭۋېن سۆزنى باشقا ياققا بۇراپ، — باشقىلار كۆرۈپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ئەپتىم بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەس ئىدىم !

— لايىق ئەمەسلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ياتتىڭ؟

چىڭۋېن گەپ تاپالماي، كۈلۈپ قويدى:

— سىلى كەلمىگەن بولسىلا يېتىۋېرەتتىم، سىلى كېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئەمدى ياتسام لايىق كەلمەيدۇ. قوپسىلا، مەن يۇيۇنغىلى بارىمەن. شىرېن بىلەن شېيۆ يۇيۇنۇپ بولۇشتى، ئۇلارنى چاقىرىپ قوياي.

— مەن بايا شارابنى كۆپرەك ئىچىپ قويدۇم، مەنمۇ يۇيۇناي، — دېدى باۋيۇي، — يۇيۇنمىغان بولساڭ، سۇ تەييارلا، بىللە يۇيۇنايلى.

— ياق، ياق ! دېدى چىڭۋېن قولىنى چايقاپ، — غوجامغا يېقىن يولاشقا هەددىم ئەمەس. بىر كۈنى سىلى يۇيۇنغاندا بىخېنىنىڭ قارىشىپ بەرگەنلىكى تېخىچە ئېسىمدە ! — ئىككى ـ ئۈچ سائەتكىچە نېمە قىلىشتىڭلاركىنتاڭ، بىز كىرىپ بېقىشقا ئوڭايسىزلاندۇق. كېيىن يۇيۇنۇپ بولغاندا كىرىپ قارىسام، يەرگە تۆكۈلگەن سۇغا كاتىنىڭ پۇتلىرى چىلىشىپ تۇرۇپتۇ، هەتتا بورىنىڭ ئۈستىدىمۇ سۇ چەلگىپ يۈرىدۇ. قانداق يۇيۇنغانىدىڭلاركىنتاڭ، نەچچە كۈنگىچە كۈلۈشتۇق ! مېنىڭمۇ سۇ تەييارلاپ بېرىشكە ۋاقتىم يوق، سىلىمۇ مەن بىلەن

www.uyghurkitap.com

يۇيۇنمەن دېمىسىلە. بۇگۇن ھاۋامۇ سالقىن، يۇيۇنمىساممۇ بولىدۇ. بىر داس سۇ ئەكېلىپ بېرەي، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، باشلىرىنى تارىۋالسىلا. بايا، يەنە بىرمۇنچە مېۋە ئەكەلگەنىدى، بىللۇر قاچىغا سېلىپ قويدۇم، شۇ مېۋىلەرنى ئالدۇرۇپ يېسىلە بولمامدۇ؟

— بوپتۇ، يۇيۇنمىساڭمۇ مەيلى، قولۇڭنى يۇيۇپ، ئاشۇ مېۋىنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، — دېدى باۋيوي.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، مەن بىر كالۋا تۇرسام! — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ، — يەلپۈگۈچلىرىنىمۇ سۇندۇرۇۋەتكەن تۇرسام، نەدە مېنىڭ مېۋە ئەكېلىپ بەرگۈچىلىكىم بولسۇن! يەنە بىرەر تەخسىنى چېقىۋېتىدىغان بولسام تېخىمۇ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرەرمەن!

— مەيلى، چېقىۋەتكۈڭ كەلسە چېقىۋەر! — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — بۇلار، ناھايىتى شۇ، ئادەم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرغۇ، ھەركىمنىڭ مىجەزى ئوخشاش بولمايدۇ، ساڭا ئۇندىقى يارىسا، ماڭا بۇندىقى يارايدۇ. مەسىلەن، يەلپۈگۈچنى ئالايلى، ئۇ يەلپۈش ئۈچۈن ياسالغان نەرسە، ئۇنى يىرتىپ ئوينىغۇڭ كەلسە، مەيلى يىرتىۋەرگىن، لېكىن ئاچچىقىڭ تۇتۇپ قالغاندا ئاچچىقىڭنى ئۇنىڭدىن ئالما. قەدەھ بىلەن تەخسىنى ئالايلى، بىرسى ئىچىملىك قۇيۇلىدىغان، يەنە بىرسى غىزا ئۇسۇلىدىغان نەرسە. ئۇنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولساڭ، بوپتۇ، قەستەن چېقىۋەتسەڭمۇ مەيلى، لېكىن بۇنىمۇ ئاچچىقىڭنى ئېلىش ئۈچۈن قىلما! نەرسە ـ كېرەكنى ئاسراش ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، يەلپۈگۈچلىرىنى مەن يىرتىپ باقايچۇ، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ، — مەن «جىرت» قىلغان ئاۋازنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

باۋيوي كۈلۈپ كەتتى ـ دە، يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى. چىڭۋېن يەلپۈگۈچنى ئېلىپلا «جىرت» قىلىپ يىرتىۋەردى.

— ۋاھ، قالتىس يىرتتىڭ، تېخىمۇ جارتىلدىتىپ يىرت! — دېدى باۋيۇي.

— ھاي، يامانلىقىنى ئازراق قىل! — دەپ كايىدى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان شېيۆ ھومىيىپ.

باۋيۇي يۈگۈرۈپ بېرىپ، شېيۆنىڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى تارتىۋېلىپ چىڭۋېنگە بەردى. چىڭۋېن ئۇ يەلپۈگۈچنىمۇ ئېلىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئىككىسى قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ! — دېدى شېيۆ، — مېنىڭ نەرسەمنى يىرتىپ كۆڭۈل ئاچامدىكىنە!

— يەلپۈگۈچ ساندۇقىنى ئېچىپ ياخشىسىنى تاللىۋال، ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىغۇ ئۇ! — دېدى باۋيۇي.

— ئۇنداق بولسا ھەممە يەلپۈگۈچنى ئەكېلىپ بېرەيلى، ئۇ چامىسى يەتكۈچە يىرتىۋەرسۇن، بولامدۇ؟ — دېدى شېيۆ.

— بولىدۇ، ئەكېلىپ بەر! — دېدى باۋيۇي.

— مۇنداق يامان ئىشقا مېنىڭ قولۇم بارمايدۇ! — دېدى شېيۆ، — ئۇ قولىغا خېنە يېقىۋاپتۇمۇ، ئۆزى ئەكەلسۇن.

چىڭۋېن كاتقا يۆلەنگىنىچە:

— مەنمۇ ھېرىپ قالدىم، ئەتە يىرتايلى، — دېدى.

— قەدىمكىلەر «بىر كۈلكىنى مىڭ تىللاغىمۇ سېتىۋېلىش تەس» دەپتىكەن. بىرنەچچە تال يەلپۈگۈچ نېمىگە ئەرزىيتتى؟ — دېدى كۈلۈپ باۋيۇي. ئاندىن شىرىننى چاقىردى. شىرىن كېيىمنى ئەمدىلا يەڭگۈشلەپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى، چۆرە قىز جىياخۇي كېلىپ يىرتىلغان يەلپۈگۈچلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتتى، ھەممەيلەن سالقىنلاشتى. ئەمدى بۇ توغرۇلۇق سۆزنى ئۇزارتمايمىز.

ئەتىسى چۈشتە، ۋاڭ ئائىچا خېنىم، باۋيۇي، دەييۇي ۋە باشقا ھەمشىرىلەر جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىرسى كىرىپ خەۋەر قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— شى شياڭيۇن خېنىم كەلدى.

دەرۋەقە، بىردەمدىن كېيىنلا شياڭيۇن بىر توپ دېدەكلەر بىلەن خىزمەتكار ئاياللارنى ئەگەشتۇرۇپ هويلىغا كىرىپ كەلدى. باۋيۇي، دەيىيۇي ۋە باشقا ھەمشىرىلەر دەرھال پەلەمپەي تۈۋىگىچە ئالدىغا چىقىشتى. ياش ھەمشىرىلەر ئايلاپ كۆرۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، دىدار كۆرۈشكەن چېغىدا بىر - بىرىگە بەك يېقىنچىلىق قىلىشتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، شياڭيۇن ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئېسەن - ئامانلىق سوراشتى.

— ھاۋا ئىسسىق، چاپانلىرىڭنى سېلىۋەتكىن! — دېدى جيا ئانا شياڭيۇنگە.

شياڭيۇن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېشىنىشكە باشلىدى.

— نېمانچە قەۋەت - قەۋەت كىيىنىۋالغاندۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ.

— خان ئاچام شۇنداق كىيىنىۋال دېگەن، بۇنچە كىيىنىشنى كىم خالايدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ شياڭيۇن.

— ھاما ئاچا، سىلى بىلمەيلا، — دېدى يېنىدا تۇرغان باۋچەي كۈلۈپ، — ئۇ تېخى بىر كىمنىڭ چاپىنىنى كىيىۋېلىشقا ئامراق. ئەسلىرىدىمىكىن، بۇلتۇر ئۈچىنچى ئايلاردا مۇشۇ يەردە تۇرغانىدىغۇ، شۇ چاغدا باۋيۇي ئۇكامنىڭ چاپىنىنى كىيىۋاپتۇ، تېخى ئۆتۈكىنىمۇ كىيىپ، كەمىرىنىمۇ باغلىۋاپتۇ. بىر قارىغاندا، خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك باۋيۇينىڭ ئۆزى. پەقەت ئىككى قۇلىقىدىكى سىرغىسىلا ئارتۇق. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە تۇراتتى، چوڭ ئانام ئالدىنىپ قېلىپ: «باۋيۇي، بېرى كەل، كۆزۈڭگە قارا، قەندىلنىڭ پوپۇكلىرى تېگىپ كۆزۈڭگە چاڭ كىرىپ كەتمىسۇن» دېۋىدى، شياڭيۇن كۈلۈپ قويۇپ، مىدىرلىماي تۇرىۋەردى. ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى، چوڭ ئانامۇ كۈلۈۋېتىپ «ئوغۇل بالىدەك ياسىنىۋالسا، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكىنا بۇ»

دېگەندى.

— ئۇ تېخى نېمە! — دېدى دەيىۋي سۆزگە ئارىلىشىپ، ئۇلۇش يىلى بىرىنچى ئايدا بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى كۈن تۇرغاندا تېخىمۇ قىزىق ئىش قىلغان. راسا قار يېغىۋاتاتتى. چوڭ ئانام بىلەن ھامىمام شۇ كۈنى يېڭىلا چوقۇنۇپ كەلگەن بولسا كېرەك، چوڭ ئانامنىڭ يېڭىدىن تىكتۇرگەن توق قىزىل چەكمەن يېپىنچىسى ئاۋۇ يەردە تۇراتتى، ئۇ ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي شۇنى يېپىنىۋاپتۇ. ئۇ يېپىنچا شۇنچە كەڭ ھەم ئۇزۇن، تېخى بېلىگە ئىشتانبېغىنى باغلىۋاپتۇ، ئاندىن دېدەكلەر بىلەن ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ، قاردىن ئادەم ياساپ ئويناۋاتقاندا، تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۈستىبېشى لايغا مىلىنىپ كەتكەن!

بۇ ۋەقە ھەممەيلەننىڭ ئېسىگە كېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋچەي جۇ ئىمىكئانىدىن سورىدى:

— جۇ ئانىكا، بۇ قىزنىڭىز ھېلىمۇ شۇنداق شوخلۇق قىلامدۇ!

جۇ ئىمىكئانا كۈلۈپلا قويدى.

— شوخلۇق قىلىشقۇ مەيلى، — دېدى كۈلۈپ يىڭچۈن، — مەن ئۇنىڭ ۋالاقتەگكۈرلۈكىدىن تويدۇم. ئۇخلىغىلى ياتقاندىمۇ كاسىلداپلا ياتىدۇ، بىردەم كۈلۈپ، بىردەم سۆزلەپ ئاغزى بېسىلمايدۇ. بۇنداق قۇرۇق سۆزلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا نەدىن كېلىدىكىنتاڭ!

— ئەمدى تۇزىلىپ قالغاندۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — يېقىندا ئۇلارنىڭكىگە قىز كۆرگىلى كىشى كەلدى، پات ئارىدا قېيىنئانىلىق بولىدۇ، شۇ چاغدىمۇ يەنە شۇنداق بولىۋەرمەيدىغاندۇ؟

— بۈگۈن قونۇپ قالامسەن يا ئۆيۈڭگە كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا شياڭيۈندىن.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۇنىڭ ھەممە كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىلىمۇ؟ — دېدى جۇ ئىمىكئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە بىر-ئىككى كۈن

www.uyghurkitap.com

تۇرمىسا ئەكېلەمتى؟

— باۋ ئاكام ئۆيدە يوققۇ؟ — دەپ سورىدى شياڭيۇن.

— بۇ باۋ ئۇكامدىن باشقا ھېچكىمنى ئەسلىمەيدۇ! — دېدى باۋچەي كۈلۈمسىرەپ، — ئىككىسى بەك ئوينىشىدۇ، شوخلۇقنىمۇ تەڭ قىلىشىدۇ. شۇ قىلىقىنى تاشلىمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ.

— ئەمدى سىلەر چوڭ بولۇپ قالدىڭلار، بىر - بىرىڭلارنى بالا چاغدىكى ئىسمىڭلار بىلەن ئاتىماڭلار، — دېدى جيا ئانا.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا باۋيۈي كىرىپ كەلدى - دە:

— يۈن سىڭلىم كېلىپ قاپتۇغۇ! قايسى كۈنى ئادەم ئەۋەتكەندە نېمىشقا كەلمىدىڭ! — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تېخى يېڭىلا بىر - بىرىڭلارنى ئۇنداق دەپ ئاتىماڭلار دەپ تۇراتتى، بۇمۇ كىرىپلا شۇ ئىسىم بىلەن ئاتاۋاتقىنىنى قارا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئاكىڭىز سىز كەلگەندە بېرىمەن دەپ ئوبدان نەرسە تېپىپ قويدى، — دېدى دەييۈي شياڭيۇنگە.

— قانداق نەرسە؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى شياڭيۇن.

— شۇنىڭغا ئىشەندىڭمۇ؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ، — بىرنەچچە كۈن كۆرۈشمىگەندۇق، شۇنچە بوي تارتىپتۇ!

— شىرېن ئاچام ئوبدان تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى شياڭيۇن كۈلۈپ.

— ياخشى، ياد ئەتكىنىڭگە رەھمەت، — دېدى باۋيۈي.

— ئۇنىڭغا ئوبدان نەرسە ئالغاچ كەلدىم، — دېدى شياڭيۇن تۈگۈلگەن شايى ياغلىقنى يېنىدىن چىقىرىپ.

— يەنە قانداق ئوبدان نەرسە ئەكەلدىڭ؟ — دېدى باۋيۈي، — قايسى كۈنى ئەۋەتكەن قىزىل چىپار تاش ئۈزۈكتىن ئۇنىڭغا بىر جۈپ ئالغاچ كەلگەن بولساڭغۇ تازا ياخشى بولاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ كۈلدى شياڭيۇن. ئۇ تۈگۈنچەكنى يەشكەندى، قايسى كۈنى ئەۋەتكەندەك تۆت دانە ئۈزۈك چىقتى.

— قاراڭلار بۇنى، — دېدى دەييۇي، — سىز تېخى ئۇلۇشكۇنلا بىزگە بىركىمدىن ئەۋەتكەنىدىڭىزغۇ! بۇ ئۆزۈكلەرنىمۇ شۇ ئادەمدىن ئەۋەتكەن بولسىڭىز ئىش ئازايماتتى؟ بۈگۈن ئالاھىدە ئۆزىڭىز ئېلىپ كەپسىز. سىزنى قانداق كارامەت نەرسە ئېلىپ كەلگەندۇ دېسەم، يەنىلا شۇ نەرسە ئىكەنغۇ! سىزچۇ، تازا ئەخمەق!

— ئۆزىڭىز ئەخمەق! — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتاي، كۆپچىلىك دەپ باقسۇن، قېنى قايسىمىز ئەخمەق ئىكەنمىز! سىلەرگە نەرسە ئېلىپ كەلگەن ئادەم دەپ بەرمىسىمۇ، مەن ئەۋەتكەن سوۋغاتنى كۆرۈپلا خان قىزلارغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆزۈكلەرنىمۇ شۇ ئادەمدىن ئەۋەتكەن بولسام، ئۇنىڭغا مۇنۇ پالانى قىز ئۈچۈن، ماۋۇ پۈستانى ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەۋەتىلگەن ئادەم زېرەك بولسىغۇ مەيلى، دۆت بولسا، بۇنچە كۆپ ئىسىملارنى ئەستە تۇتالماي، ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋېرىپ، سىلەرگە ئەۋەتىلگەن نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. خىزمەتكار ئايالدىن ئەۋەتكەن بولسامغۇ ياخشى بولاتتى، ئەمما ئۇ كۈنى چاكار بالىنى ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى، ئۇنىڭغا قىزلارنىڭ ئىسمىنى قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇ قىزلارنىڭكىنى ئۆزۈملا ئالغاچ كەلگىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىدىم، — ئۇ ئۆزۈكلەرنى قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — شىرېن ئاچامغا بىر، يۈەنياڭ ئاچامغا بىر، جىنچۈەر ئاچامغا بىر، پىڭئېر ئاچامغا بىر، مانا بۇ تۆت كىشىنىڭ ئۆزۈكى، چاكار بالىلار مۇشۇلارنى ئەستە تۇتالامدۇ؟

— راست شۇنداق، — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ.

— بۇچۇ، يەنىلا شۇنداق گەپدان، كىشىگە گەپ بەرمەيدۇ! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— ئۇ مۇنداق گەپدان بولمىسا، «ئالتۇن بوبرا كېيىك» نى

www.uyghurkitap.com

ئېسىۋېلىشقا مۇناسىپ بولامتى؟ — دېدى دەيىۋي سوغۇقنا كۈلۈپ ۋە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. خەيرىيەت، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى، پەقەت باۋچەي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دېمەيدىغان سۆزنى يەنە دەپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، باۋچەينىڭ كۈلۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. باۋچەي باۋيۈينىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، دەيىۋي بىلەن پاراڭلاشقىلى چىقىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا، جيا ئانا شياڭيۈنگە:

— چاي ئىچ، ھاردۇقۇڭنى ئال، ئاندىن يەڭگىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قوي. ھازىر باغنىڭ ئىچى سالقىن، چىقىپ ئاچىلىرىڭ بىلەن سەيلە قىلغىن، — دېدى.

شياڭيۈن خوش دەپ، ئۈچ دانە ئۈزۈكنى ياغلىققا چىگىپ قويدى، بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، فېڭجيې بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭدى، ئېمىكئانا ۋە دېدەك قىزلارمۇ سوڭدىشىپ ماڭدى. فېڭجيېنىڭكىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. ئۇ يەردىن چىقىپ نەزەرباغقا كەلدى، ئۇ يەردە لى ۋەننىڭ يېنىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن ئارامبەخش ھويلىغا شىرېننىي ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ خىزمەتكارلىرىغا:

— سىلەر سوڭداشمىساڭلارمۇ بولىدۇ، ئۆز تۇغقانلىرىڭلار بىلەن كۆرۈشۈۋېلىڭلار، سۈيلۈي مەن بىلەن قالسۇن، — دېدى.

خىزمەتكارلار خوش دېيىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ھامما ـ يەڭگىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىشتى. پەقەت شياڭيۈن بىلەن سۈيلۈي ئىككىسى قېلىپ قالدى.

— ئاۋۇ نېلۇپەر نېمىشقا ئېچىلمىدىكىنە؟ — دەپ سوراپ قالدى سۈيلۈي.

— ۋاقتى كەلمىگەندۇ، — دېدى شياڭيۈن.

— بۇمۇ خۇددى بىزنىڭ كۆلدىكىگە ئوخشاش قات ـ قات

ئېچىلىدىغان گۈلدىن ئىكەن.
— بۇلارنىڭ بۇ گۈلى بىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ.
— ئاۋۇ تەرەپتە ئۇلارنىڭ ئانا دەرىخى بار ئىكەن. خۇددى قاتمۇقات بىنادەك تۆت ـ بەش قۇر بولۇپ شاخلاپ كېتىپتۇ، قانداق ئۆسكىنىكىنتاڭ.
— گۈل ـ گىياھلارمۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، — دېدى شياڭيۇن، — قۇۋۋىتى يېتەرلىك بولسا ئوبدان ئۆسىدۇ.
— مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن ! — دېدى سۈيلۈي بېشىنى چايقاپ، — ئادەمگە ئوخشاش دېيىلىدىغان بولسا، نېمىشقا بېشىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر باش ئۆسۈپ چىققان ئادەمنى كۆرمەيمەن !
شياڭيۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى:
— مەن سېنى گەپ قىلمىغىن دېسەم، گەپ قىلغۇڭ كېلىپلا تۇرىدۇ ! بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار ! ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەنپىي بىلەن مۇسبەت دېگەن ئىككى قۇۋۋەتتىن پەيدا بولىدۇ. خاھى تۈز، خاھى ئەگرى بولسۇن، ياكى ئاجايىپ ـ غارايىپ بولسۇن، تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەنپىي بىلەن مۇسبەتنىڭ تۇپەيلىدىن بولىدۇ. ئادەمزات كەم ئۇچرىتىدىغان بىرنەرسە پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ داۋلىسى يەنىلا شۇنداق بولىدۇ.
— بۇ گەپچە، دۇنيا يارىلىشتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ھەممە نەرسە مەنپىي بىلەن مۇسبەتتىن ئىبارەت ئىكەن ـ دە؟
— ۋاي ئەخمەق ! تېخىمۇ لاۋزىلاشقىلى تۇردۇڭ، «ھەممىسى مەنپىي بىلەن مۇسبەتتىن ئىبارەت ئىكەن» دېگىنىڭ نېمىسى؟ «مەنپىي» بىلەن «مۇسبەت» دېگەن ئىككى سۆز ئەسلىدە بىر سۆز: مەنپىي تۈگەش بىلەن مۇسبەت بولىدۇ، مۇسبەت تۈگەش بىلەن مەنپىي بولىدۇ، ھەرگىز مەنپىي تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر مەنپىي پەيدا بولۇپ قالمايدۇ.
— بۇ گەپ كاللامنى تېخىمۇ ئىلەشتۇرۇۋەتتى ! مەنپىي بىلەن

مۇسبەت دېگەن شەكلى ـ پەكلى يوق زادى قانداق نېمە؟ خېنىم، مەن سىلىدىن سورايچۇ، بۇ مەنپىي بىلەن مۇسبەت دېگەن زادى نېمىگە ئوخشايدۇ؟

— مەنپىي ـ مۇسبەت دېگەن بىر خىل مەنىۋى قۇۋۋەت، بىرەر نەرسە ئەنە شۇلارغا ئىگە بولغاندىلا شەكىلگە كىرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئاسمان مۇسبەت بولسا، يەر مەنپىي بولىدۇ، سۇ مەنپىي بولسا، ئوت مۇسبەت بولىدۇ، كۈن مۇسبەت بولسا، ئاي مەنپىي بولىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە! ئەمدى چۈشەندىم. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كۈننى «قۇياش»، پالچىلارنىڭ ئاينى «قەمەر يۇلتۇزى» دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن ـ دە!

— خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى چۈشەندىڭ، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ.

— بۇ نەرسىلەرنىڭغۇ مەنپىي ـ مۇسبەتلىرى بولىدىكەن، ئەمدى پاشا، بۈرگە، كۆمۈتا، گۈل ـ چېچەك، ئوت ـ چۆپ، ساپال، خىشلاردىمۇ مەنپىي ـ مۇسبەت بولامدۇ؟

— بولمايچۇ! مەسىلەن، دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى ئالساق، ئۇمۇ مەنپىي ـ مۇسبەتكە ئايرىلىدۇ. ئاپتاپقا قاراپ تۇرغان تەرىپى مۇسبەت بولىدۇ، كەينىگە قارىغان تەرىپى مەنپىي بولىدۇ.

— مۇنداق ئىكەن ـ دە! — دېدى سۈيلۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇنىغۇ چۈشەندىم. ئەمدى قولىمىزدىكى يەلپۈگۈچنىڭ مەنپىيسى قانداق بولىدۇ، مۇسبىتى قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى مۇسبەت، تەتۈر تەرىپى مەنپىي بولىدۇ.

سۈيلۈي بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى. يەنە بىرقانچە نەرسىنى سورىماقچىدى، ئېسىگە ھېچنېمىنى ئالالماي، شياڭيۈننىڭ بېلىگە ئېسىقلىق تۇرغان ئالتۇن بوبرا كېيىككە بىردىن كۆزى چۈشتى ـ دە، كۈلۈپ سورىدى.

— خېنىم، بۇنىڭدىمۇ مەنپىي ـ مۇسبەت بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، پۈتۈن ھايۋانات، ئۆچار قاناتلارنىڭ ئەركىكى مۇسبەت، چىشىسى مەنپىي بولىدۇ.

— مانا بۇ بۇغرىمۇ، مادىمۇ؟ — دەپ شياڭيۈننىڭ بوبرا كېيىكىنى كۆرسەتتى سۈيلۈي.

— نېمە ئۇ «بۇغرا»، «مادا» دېگەن! يەنە تېتىقسىز گەپ قىلغىلى تۇردۇڭ ! — دەپ كايىدى شياڭيۈن.

— بوپتۇ بۇنى قويا‌ي. نەرسىلەردىغۇ مەنپىي ـ مۇسبەت بولىدىكەن، بىز ئادەملەردە مەنپىي ـ مۇسبەت يوقمىدۇ؟

— شەرمەندە، يولۇڭغا ماڭغىنا ! بارغانسېرى ئاغزىڭدىن سەت گەپ چىقىۋاتىدۇ ! — دېدى شياڭيۈن تەرىنى تۈرۈپ.

— بۇنىڭ ماڭا دېگىلى بولمايدىغان نېمىسى بار ئىكەن ـ ھە؟ مەنمۇ بىلىپ قالدىم، بولدى، مېنى كاڭگىراتمىسىلا.

— نېمىنى بىلىپ قالدىڭ؟ — دەپ شياڭيۈن پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

— سىلى مۇسبەت ئىكەنلا، مەن مەنپىي ئىكەنمەن.

شياڭيۈن ياغلىقىنى ئاغزىغا تۇتۇپ يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— گېپىم توغرا بولغاچقا مۇشۇنداق كۈلۈپ كەتتىلە ـ ھە؟

— توغرا، ئىنتايىن توغرا !

— كىشىلەر غوجايىنلارنى مۇسبەت، قۇل ـ چۆرىلەرنى مەنپىي دەيدىكەن. مەنزە، مۇشۇنچىلىك ئاددىي داۋلىنىمۇ چۈشىنەلمەمدىمەن؟

— سەن ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپسەن، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ.

شۇنداق پاراڭلاشقاچ كېتىۋېتىپ، قىزىلگۈل بېدىشىنىڭ تېگىدە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىگە شياڭيۈننىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، قولى بىلەن كۆرسىتىپ سورىدى:

— قارىغىنا، ئاۋۇ نېمە؟

سۈيلۈي دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قولىغا ئالدى ـ دە،

خۇشاللىقىدىن:

— مەنىڭمۇ بىلەن مۇسبەت مانا ئەمدى ئايرىلدى! — دېدى-دە، شياڭيۇنىنىڭ بېلىدىكى بوبرا كېپىكنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقتى. شياڭيۇن ئۇنىڭ تېپىۋالغىنىنى كۆرۈپ باقمىقچى بولۇۋىدى، سۇيلۇي بەرگىلى ئۇنىماي كۈلدى:

— بۇ بىر گۆھەر، سىلى كۆرسىلە بولمايدۇ! توۋا، بۇ نەرسە بۇ يەرگە نەدىن كېلىپ قالغاندۇ؟ بۇ تەرەپتە ھېچكىمنىڭ قولىدا مۇنداق نەرسىنى كۆرمىگەنىدىم!

— ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي.

— بوپتۇ، كۆرسىلە، — دەپ سۇيلۇي ئالىقىنىنى ئاچتى.

شياڭيۇن شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتكەنىدى، ئۇ بىر يالت-يۇلت قىلىپ تۇرغان ئالتۇن بوبرا كېپەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ بېلىگە ئېسىۋالغىنىدىن چوڭراق ھەم كۆركەمرەك ئىكەن. ئۇ ئىختىيارسىز قولىنى ئۇزارتىپ ئۇنى ئالىقىنىغا ئالغانىدى، نېمىشقىدۇر، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، كۆڭلىگە سۇ يۈگۈرگەندەك بولدى. شۇ پەيتتە باۋيۇي كېلىپ قېلىپ:

— بۇ ئاپتاپتا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نېمىشقا شىرېننىڭ قېشىغا بارمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

شياڭيۇن ھېلىقى بوبرا كېپەكنى ئالمان-تالمان يوشۇرۇۋېلىپ:

— شۇ يەرگە كېتىۋاتاتتۇق، يۈر، بىللە بارايلى، — دېدى.

ئۇلار ئارامبەخش ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى.

شىرېن پەلەمپەي تۈۋىدىكى سالاسۇنغا يۆلىنىپ شامالداپ تۇراتتى، شياڭيۇننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈشى بىلەنلا، دەرھال ئالدىغا بېرىپ، قولىدىن تۇتۇپ كۈلۈپ ئەھۋاللاشتى ۋە ئۆيگە باشلاپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. باۋيۇي شياڭيۇنگە قاراپ:

— بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامدۇ، ساڭا ئوبدان بىر نەرسە تېپىپ قويغانىدىم، — دەپلا يېنىنى خېلىغىچە ئاختۇرۇپ، «ۋۇي!» دېدى-دە، شىرېندىن سورىدى:

— ھېلىقى نەرسىنى سەن ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟
— نېمىنى؟ — دېدى شىرىن.
— قايسى كۈنى مەن ئەكەلگەن بوبرا كېپىكنى دەيمەن.
— ھەر كۈنى يېنىڭىزدا ساقلاپ يۈرەتتىڭىزغۇ؟ ئەمدى مەندىن سورايسىزغۇ؟ — دېدى شىرىن.
— چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن! — دېدى باۋيۈي ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، — ئەمدى نەدىن تاپارمەن؟
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىزدەشكە ماڭغانىدى، شىياڭيۈن بايىقى ئالتۇن بوبرا كېپىك باۋيۈينىڭ يوقاتقان نەرسىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سورىدى:
— بۇنداق بوبرا كېپىك سەندە قاچاندىن بېرى بار ئىدى؟
— قايسى كۈنى مىڭ تەسلىكتە تاپقانىدىم! — دېدى باۋيۈي، — قاچان يوقىتىپ قويدۇمكىنتاڭ! توۋا، دۆتلۈكۈمنى قارا مېنىڭ!
— مۇشۇنداق ئويۇنچۇققىمۇ شۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كەتتىڭمۇ، — دېدى شىياڭيۈن كۈلۈپ ۋە ئالىقىنىنى ئېچىپ كۆرسەتتى، — قارىغىنا، مۇشۇمۇ ئەمەسمۇ؟
باۋيۈي ئۇنى كۆرۈشى بىلەن ئىچ - ئىچىگە پاتماي خۇشال بولدى. ئەمدى نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## مەستانە باۋيۇيىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىپ قويغانلىقى
## قەيسەر جىنچۈەننىڭ نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۇي بوبرا كېيىكىنى كۆرۈشى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ـ دە، ئۇنى ئېلىشقا قول ئۇزارتىۋېتىپ:

— ھېلىمۇ ياخشى ساڭا ئۇچراپتۇ! بۇنى قانداق تېپىۋالدىڭ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— ھېلىمۇ ياخشى، مۇشۇ بىر نېمە ئىكەن! — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — ئەتە ـ ئۆگۈن ئەمەلدار بولغاندا تامغاڭنى يوقىتىپ قويساڭمۇ، بوپتىلا دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— تامغا يوقىتىپ قويسامغۇ چاغلىق ئىش بولاتتى، — دېدى باۋيۇي، — بۇنى يوقىتىپ قويغان بولسام تۈگىشىپ كېتەتتىم ـ دە!

شىرېن چاي قۇيۇپ شياڭيۈنگە سۇندى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خېنىم، ئۇلۇشكۈنلا سىز توغرۇلۇق زور بىر خۇش خەۋەر ئاڭلىدىم، — دېدى.

شياڭيۈن قىزىرىپ كەتتى ـ دە، تەتۈر قارىۋېلىپ ئۈنچىقمىدى.

— ئەمدى ئىزا تارتىۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ كۈلدى شىرېن، — ئېسىڭىزدە باردۇ، بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، بىز غەرب تەرەپتىكى

قىشلىق ھۆجرىدا تۇرغاندا ئاخشىمى قىلىشقان گېپىمىز؟ ئۇ چاغدا ئىزا تارتمىغانىدىڭىز، ئەمدى نېمىشقا ئىزا تارتىسىز؟

شياڭيۇن تېخىمۇ قىزىرىپ كېتىپ، زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

— يەنە شۇ گەپنى دەيدىكەن! ئۇ چاغدا بىز شۇنچە ئوبدان ئۆتۈشەتتۇق، كېيىن ئانام قازا تېپىپ كەتكەچكە، ئۆيۈمگە كېتىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغانىدىم. ۋايتاڭەي، سېنى باۋيۈيگە قوشۇپ بېرىشىپتىكەن، ئەمدى مەن كەلسەم، ماڭا بالدۇرقىدەك قارىمايدىغان بولۇپ قالدىڭ.

— بولدىلا! — دەپ شىرېنمۇ قىزىرىپ كەتتى، — ئىلگىرى مېنى ئۇنداق «ئاچا»، مۇنداق «ئاچا» دەپ ئالداپ، باش تاراش، يۈز يۇيۇشلارغا سالاتتىڭىز، ئۇنى ـ بۇنى قىلدۇراتتىڭىز، ئەمدى خېنىملىق سالاپىتىڭىزنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قاپسىز. مۇنداق گىدىيىۋالسىڭىز سىزگە يېقىنلىشىشقا پېتىنالامتىم؟

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى شياڭيۇن، — ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ! مەن شۇنداق قىلغان بولسام ھازىرلا ئۆلەي. مانا قارا، بۈگۈن ھاۋا شۇنداق ئىسسىق بولسىمۇ، بۇ يەرگە كېلىپلا ئاۋۋال سېنى يوقلىدىم، ئىشەنمىسەڭ، سۈيلۈيدىن سوراپ باق. مەن ئۆز ئۆيۈمدە قاچان سېنى ئەسلەپ گېپىڭنى قىلمايدىغان ۋاقتىم بوپتىكەن؟

— چاقچاق قىلىۋاتساق راستىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدىغۇ بۇ، تېخىچىلا مۇشۇنداق مىجەزى ئىتتىك ئىكەنا بۇنىڭ، — دېيىشتى شىرېن بىلەن باۋيۈي تەڭلا كۈلۈشۈپ.

— ئۆزۈڭنىڭ كىشىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان گەپنى قىلغانلىقىڭنى دېمەي، تېخى مېنى مىجەزى ئىتتىك دەۋاتامسەن، — دېدى شياڭيۇن ۋە ياغلىقنى يېشىپ شىرېنگە ئۈزۈكنى بەردى. شىرېن يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى:

— قايسى كۈنى ئاچىلىرىڭىزغا ئەۋەتكىنىڭىزدىنمۇ ماڭا تەگكەنىدى. بۈگۈن ئالايىتەن ئۆزىڭىز يەنە ئېلىپ كەپسىز.

دېمەك، مېنى ئۇنتۇماپسىز. مانا مۇشۇنىڭدىمۇ سىزنى سىنىدىم. ئۈزۈكقۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كۆڭلىڭىزنىڭ توغرىلىقى بىلىندى.

— ئۈزۈكنى ساڭا كىم بەردى؟ — دەپ سورىدى شياڭيۈن.

— باۋچەي خېنىم بەردى، — دېدى شىرېن.

— مۇنداق دېگىن، — دەپ بىر ئۇھ تارتتى شياڭيۈن، — مەن تېخى دەييۈي ئاچام بەردىمىكىن دەپتىمەن، باۋچەي ئاچام بېرىپتىكەن ـ دە! ھەر كۈنى ئۆيۈمدىمۇ شۇنى ئويلايتتىم، بۇ ئاچىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى باۋچەي ئاچامغا يېتەلمەيدىكەن. ئىسىت، بىر ئانىدىن تۇغۇلماپتىكەنمىز، مېنىڭ مۇشۇنداق بىر تۇغقان ئاچام بولغان بولسا، ئاتا ـ ئانام بولمىسىمۇ ھېچقىسى يوق ئىدى! — ئۇ شۇنداق دەپلا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بولدى، بولدى! بۇ گەپنى دېمەيلا قويغىنا، — دېدى باۋيۈي.

— دېسەم نېمە بوپتۇ؟ — دېدى شياڭيۈن، — مەنچۇ، يۈرىكىڭدىكى دەردنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ باۋچەي ئاچامنى ماختىغانلىقىمنى سىڭلىڭ دەييۈي ئاڭلاپ قالسا رەنجىيدۇ دەپ قورقۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شياڭيۈن خېنىم، سىز چوڭ بولغانسېرى كۆڭلىڭىز تۈز، ئاغزىڭىز ئىتتىك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى شىرېن پاراققىدە كۈلۈۋېتىپ.

— سىلەر بىرقانچەيلەن بىلەن گەپلىشىش ماڭا تەس كېلىۋاتىدۇ دېگەنىدىم، دېگىنىمدەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— جېنىم ئاكا، كۆڭلۈمنى ئېلەشتۈرۈپ گەپ قىلمايلا قويغىنا، — دېدى شياڭيۈن، — مېنىڭ ئالدىمدىلا گەپ سېتىشنى بىلىسەن، سىڭلىڭ دەييۈينى كۆرگەندە، نېمە دېسەم بولار، دەپ تەمتىرەپ قالىسەن.

— ئەمدى چاقچاقنى بولدى قىلايلى، — دېدى شىرېن، —

سىزدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى شياڭيۈن.

— بىر جۈپ خەينىڭ، يۈزلۈك ئويمىسىنى چىقىرىپ قويغانىدىم. بىر - ئىككى كۈن بولدى، مىجەزىم يوق تىكەلمەيۋاتىمەن، تىكىپ بېرىشكە چولىڭىز تېگەرمىكىن؟

— قىزىق گەپ بولدى ! — دېدى شياڭيۈن، — سىلەرنىڭكىدە يىڭنە ئىش قىلىدىغان، كىيىم پىچىلەيدىغان شۇنچە چېۋەرلەر تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ماڭا تىكتۈرمەكچى بولىسىلەر؟ ئەمدى كېلىپ، ئىشىمنى قىلىپ بەر دېسەڭ، ياق دېيىشكە يۈزۈم چىدامتى؟

— سىز يەنە گەپ ئۇقمايدىكەنسىز ! — دېدى شىرېن كۈلۈپ، — بۇ ئۆيدىكى يىڭنە ئىشلىرىنى ئاشۇ يىڭنە ئىشى قىلىدىغانلارغا قىلدۇرمايدىغانلىقىمىزنى بىلمەمتىڭىز؟

شياڭيۈن بۇ گەپتىن باۋيۈي ئۇچۇن تىكىلىۋاتقان خەي ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۈلۈمسىرىدى:

— ئۇنداق بولسا تىكسەممۇ تىكىپ بېرەي، لېكىن بىر شەرتىم بار: ئۆزۈڭنىڭ بولسا تىكىپ بېرىمەن، باشقىلارنىڭ بولسا تىكمەيمەن.

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ ! — دېدى شىرېن كۈلۈمسىرەپ، — مەن قانچىلىك نېمە ئىدىم، سىزنى ئاۋارە قىلىپ خەي تىكتۈرىدىغانغا؟ راستىنى ئېيتسام، خەي مېنىڭ ئەمەس، كىمنىڭ ئىكەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتە قىلماڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— گەپ قىلىپ كەلسەم، سېنىڭمۇ بىرمۇنچە نەرسەڭنى تىكىپ بەردىمغۇ دەيمەن. ئەمدى تىكەلمەيدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، — دېدى شياڭيۈن.

— ئۇنى مەن بىلمەيمەن، — دېدى شىرېن.

— قايسى كۈنى مەن تىكىپ بەرگەن يەلپۈگۈچ قېپىنى بىر كىمنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپتىكەن، ئۇ كىشى ئاچچىقلاپ قىيىۋېتىپتىغۇ؟ بۇنى ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدىم، تېخى مەندىن

يوشۇرماقچىمۇسەن؟ — دېدى شياڭيۈن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ئەمدى يەنە مېنى تىكىپ بەر دەيسەن، بۇ تۇرقى مەن سىلەرنىڭ چۆرەڭلەر بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.

— راست، ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، — دېدى شىرېنمۇ دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپ.

— راست، ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، — دېدى شىرېنمۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن: «يېقىندا سىرتتىن يىڭنە ئىشى قىلىدىغان بىركىمنى تاپقانىدىم، گۈلنى كارامەت ياخشى تىكىدىكەن، شۇ تىككەن يەلپۈگۈچ قېپىدىن كۆرۈپ باقايلى دەپ بىرنى ئالدۇردۇق» دەپ گەپ ياساپ ئۇنى ئالدىسام، شۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىپ، قاپچۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا كۆرسىتىپتىكەن. ۋايتاڭەي، ھېلىقى كىشىنىڭ قانداق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندىكىن، قولىغا ئېلىپلا قايچا بىلەن ئىككى پارە قىلىۋېتىپتۇ. بۇ كىشى كېيىن ئۆيگە كېلىپ چاپسانراق يەنە بىرنى تىكىپ بەر، دېۋىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا سىزنىڭ تىككەنلىكىڭىزنى ئېيتسام، بۇ ياق ئاڭلاپ شۇنداق قاتتىق پۇشايمان قىلدى!

— بۇ تېخىمۇ قىزىق گەپ بولدى! — دېدى شياڭيۈن، — دەييۈي قىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى، قىيىپ تاشلاشنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى تىكىپ بەرسۇن.

— ئۇ تىكمەيدۇ، — دېدى شىرېن، — شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ھېرىقىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيدۇ. تېۋىپمۇ تىنچ ئارام ئالغىنى ياخشى دەپ تۇرىدۇ. بۇنداق تۇرسا، كىمنىڭ ئۇنى يىڭنە ئىشى قىلىپ بەر دېگۈسى كېلىدۇ؟ بۇلتۇر پۈتۈن بىر يىل ئىچىدە ئاران بىر ئىپار خالتىسى تىكتى. بۇ يىلنىڭ تېخى ئۆتتى، تېخىچە يىڭنە ئىشىغا قول تەگكۈزۈپ باققىنى يوق.

شۇ ئەسنادا، بىركىم كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— شىڭلۇڭ كوچىسىدىكى بېگىم كەلگەنىكەن، ئۇلۇغ بېگىم

غوجامنى كېلىپ كۆرۈشسۇن، دەيدۇ.

باۋيۇي بۇ گەپتىن جىيا يۈيسۈننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى غەش بولدى. شىرىن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئېگىنىنى ئەكېلىپ بەردى. باۋيۇي ئۆتۈكىنى كىيىۋېتىپ غودۇڭشىدى:

— ئاتام بىلەنلا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىۋەرسە بولمامدىكىنە، ھەر قېتىم كەلسىلا مەن بىلەن كۆرۈشمەن دەيدىكەن!

— سەن مېھمان قوبۇل قىلىشنى قاملاشتۇرىسەن، شۇڭا ئۇلۇغ بېگىم سېنى چاقىرتقاندۇ! — دەپ كۈلدى بىر چەتتە يەلپۈگۈچ يەلپۈپ ئولتۇرغان شياڭيۈن.

— نەدە ئاتام چاقىرتسۇن؟ — دېدى باۋيۇي، — ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى كۆرۈشسەم دەپ تەلەپ قىلغان نېمە.

— «ساھىبخانا مېھماندوست بولسا مېھمان ئۆكسۈمەيدۇ»، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — سەندە ئۇنى جەلپ قىلارلىق ئارتۇقچىلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلگەندۇ.

— بولدى، بولدى! — دېدى باۋيۇي، — مەنمۇ چاكىنىلاردىنمۇ چاكىنا بولغان بىر چاكىنا ئادەم، مۇنداق ئادەملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمايمەن.

— مىجەزىڭ يەنىلا شۇنداق، ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، جۈيرېن، جىنشى بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىشنى خالىمىساڭمۇ، ھەرھالدا ئەنە شۇنداق مەنسەپدارلار بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ، ئەمەلدارلىقنىڭ ئېپى ـ جېپى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ تۇرساڭ، كەلگۈسىدە دادى ـ مۇئامىلە قىلىشىڭغىمۇ ئەپلىك بولىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈڭگىمۇ راۋرۇس دوست تېپىۋالىسەن. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بىزنىڭ قاتارىمىزدا ئېلىشىپ يۈرىۋەرسەڭ، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە چىقاتتى؟

بۇ گەپ باۋيۇينىڭ قۇلىقىغا ياقماي:

— خان قىز، باشقا ئۆيگە چىقىپ ئولتۇرسىلىمىكىن، پەخەس

بولسىلا، بۇ ئۆيۈم سىلىدەك ئەمەلدارلىقنىڭ ئىپى - جىپىنى بىلىدىغان كىشىنى بۇلغاپ قويمىسۇن! — دېدى.

— خېنىم، قويۇڭ، ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭ، — دەپ شىرىن دەرھال ئارىچىلىدى، — ئۆتكەن قېتىممۇ باۋچەي خېنىم بىر نۆۋەت شۇ گەپنى قىلىۋىدى، ئۇياقنىڭ يۈزىگە سەت بولار دېمەستىن، «ئوھوي» دەپلا تاراقلاپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي خېنىمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، بۇنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىزا تارتقىنىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. گەپ قىلاي دېسە تېخى، گەپ قىلماي دېسە تېخى. ھېلىمۇ ياخشى باۋچەي خېنىمغا شۇنداق قىلدى، ئەگەر دەييۈي خېنىمغا شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ يىغلاپ - قاقشاپ نېمىلەرنى قىلىۋېتەتتىكىنتاڭ! بۇ ئىشنى دەپ كەلسەك، باۋچەي خېنىمنىڭ قەدىرلىگۈچىلىكى بار ئىكەن. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ چىقىپ كەتتى، ئارىدا مەن بەك ئوڭايسىزلاندىم. ئۇنى قېيىداپ قالدىغۇ دەپتىكەنمەن، نەدىكىنى، كېيىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك يۈرىۋەردى. ئۇنىڭ راستىلا تەمكىن، كۆڭلى كەڭ ئىكەن. ۋايتاڭ، بۇ غوجام ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ قاپتۇغۇ. دەييۈي خېنىمنىڭ بۇنىڭدىن ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغان بولسىغۇ، بۇ غوجام نەچچە قېتىم ئالدىغا كىرىپ ئەپۇ سورىغان بولاتتى.

— دەييۈي قىز ئاشۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ باققانمۇ زادى؟ — دېدى باۋيۈي، — ئۇمۇ ئاشۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغان بولسا، ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتقان بولاتتىم.

— باۋچەينىڭ گېپى بولمىغۇر گەپ ئىكەن - دە! — دەپ تەڭلا باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۈلۈشتى شىرىن بىلەن شياڭيۈن.

دەييۈي شياڭيۈننىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ھەرقاچان باۋيۈي قايتىپ كېلىپ بوبرا كېيىك توغرىسىدا سۆز ئاچىدىغۇ، دېگەن پەرەز بىلەن كۆڭلىگە شۇنداق ئىشلار كېچىپ،

يېقىندىن بۇيان باۋيۇي تېپىپ كەلگەن غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھال ۋە ئەپقاچتى تارىخلاردا بەرنا يىگىت ۋە نازىنىن قىزلارنىڭ تولىسى ئۇششاق ـ چۇششەك ئويۇنچاقلار تۇپەيلىدىن ۋىسالىغا يەتكەنلىكى، مەسىلەن، قوشماق ئۆردەك ياكى ئەنقا، قاشتاش جىغا ياكى ئالتۇن سۆكە، لەھەڭ سۈرەتلىك ياغلىق ياكى ھۇما قۇش سۈرەتلىك چىلتەك دېگەندەك ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلەر تۇپەيلىدىن ئۆمۈرۋايەت ئارزۇ ـ ئارمانغا يەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەنىكەن. ھازىر باۋيۇيدىمۇ بوبرا كېيىك بار، ئەنە شۇنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ شياڭيۈن بىلەن ئاشۇنداق قىسسەلەردىكىدەك ئىشقىۋازلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ يۈرەرمىكىن، دېگەن ئەندىشىگە كېلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاستا باۋيۇيىنىڭكىگە كېلىپ پەيت پايلىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، شياڭيۈننىڭ «ئەمەلدارلىقنىڭ ئېپى ـ جېپى» توغرىسىدىكى گېپىنى، باۋيۇينىڭ «دەييۈي قىز مۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمايدۇ، مۇنداق گەپلەرنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆزۈمنى تارتقان بولاتتىم» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

دەييۈي بۇ گەپلەردىن خۇشالمۇ بولدى ھەم چۆچۈدى، مەيۈسلەندى، ھەم ئاھ ئۇردى: دەرۋەقە كۆزۈم ئۆتكۈر ئىكەن، ئادەتتە ئۇنى قەدىردانىم دەپ بىلگەنىدىم، دېگەندەك ئۇ قەدىردانىم ئىكەن، دەپ خۇشال بولدى. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز كۆڭلىنى دەپ مېنى ماختاپ، گۇمان تۇغۇلۇشتىن ھەزەر قىلماي، ماڭا چىن كۆڭلىدىن بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويىدى، دەپ چۆچۈدى. سەن مېنىڭ قەدىردانىم بولغانىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا قەدىردان بولالايمەن، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىمىزگە قەدىردان تۇرۇقلۇق، «زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» توغرىسىدا گەپ بولۇشىنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟ «زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەن گەپ بولۇشقا توغرا كەلسە، سەن بىلەن مەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن باۋچەي

ئارىلىشىۋالىدىكەن؟ دەپ ئاھ ئۇردى. ئاتا ـ ئانام ئالىقاچان ۋاپات بولغان، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئارزۇلىرىم بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان كۆڭلۈم پاراكەندە بولىۋېرىپ، بارا ـ بارا كېسەل چېقىپ قويۇۋاتىدۇ، تېۋىپمۇ «قان ئازلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتۇ، سىل بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار» دېدى. مەن ساڭا قەدىردان بولسامۇ، لېكىن ئۆمرۈم ئۇزاققىچە يار بېرەلمەسمىكىن، سەن ماڭا قەدىردان بولغىنىڭ بىلەن، مەن شور پېشانە تۇرسام، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج ! دەپ مەيۈسلەندى. خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ بولغانىدى، لېكىن كىرىشكە قىزىقماي، كۆز يېشىنى ئېرتىۋەتكەچ، بۇرىلىپلا كەينىگە ياندى.

شۇ ئەسنادا، باۋيۈي ھاپىلا ـ شاپىلا ئېگىنىنى كىيىپ تالاغا چىققانىدى، ئالدىدا دەييۈيىنىڭ ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەيتىدىن يېشىنى ئېرتىۋاتقاندەك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان سوڭدىشىپ كېلىپ كۈلۈمسىرىدى:

— سىڭلىم، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ يەنە يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم خاپا قىلدى؟

دەييۈي قايرىلىپ باۋيۈينى كۆرۈپ زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

— بىر ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ، نەدە يىغلاپتىمەن؟

— قارىڭا، كۆزلىرىڭىز ياش يۇقى تۇرۇپمۇ يالغان ئېيتىۋاتىسىز، — دەپلا باۋيۈي ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتمەكچى بولۇپ، ئىختىيارسىز قولىنى ئۇزارتقانىدى، دەييۈي شاققىدە كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى ـ دە:

— يەنە ئۆلگۈڭىز كەلگەن ئوخشايدۇ سىزنىڭ ! يەنىلا مۇشۇنداق كېلىش ـ پەخەشلىك قىلىدىكەنسىز.

— گەپ بىلەن بولۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قول ئۇزارتىپ تاشلاپتىمەن، ئۆلۈم ـ كۆرۈممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەپتۇ.

— ئۆلسىڭىز سىزگىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، لېكىن «ئالتۇن»

دەمدۇ، «بوبرا كېپىك» دەمدۇ، شۇلار سىزدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتىشەركىن !

بۇ گەپ باۋيۈينى جىلە قىلىۋەتتى. ئۇ يېقىنراق كېلىپ سورىدى:

— يەنىلا شۇ گەپنى قىلىدىكەنسىز. سىز زادى مېنى قارغىماقچىمۇ ياكى مېنىڭ چىشىمغا تەگمەكچىمۇ؟

بۇ سوئالدىن دەييۈي قايسى كۈنى بولغان ئىشنى ئەسلەپ، بۇ گەپنى ئويلىماستىن دەپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى ۋە شۇ ئانلا كۈلۈمسىرەپ:

— جىلە بولماڭ، خاتا سۆزلەپ قويۇپتىمەن، بۇنىڭ ھېچقىسى يوققۇ، ئاچچىقىڭىزدا گۆرەن تومۇرلىرىڭىز كۆپچۇپ، يۈزىڭىزنى تەر بېسىپ كەتتى ! — دېدى - دە، يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرنى قولى بىلەن ئېرتىشكە باشلىدى.

باۋيۈي ئۇنىڭغا خېلىغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

دەييۈي بۇ گەپكە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىپ:

— مەن نېمىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىكەنمەن؟ بۇ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. ئېيتىڭا، خاتىرجەم بولۇش - بولماسلىق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.

— بۇ گەپنى راستىلا چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئادەتتە سىزگە كۆڭۈل بەرگىنىم خاتا بولغانىكەن - دە ! كۆڭلىڭىزنى ئالالماي كەلگەن بولسام، دەرۋەقە ھەر كۈنى ماڭا ئاچچىقلاپ يۈرگىنىڭىزدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇدەك !

— خاتىرجەم بولۇش - بولماسلىق دېگەن گېپىڭىزنى راستىلا چۈشەنمىدىم، — دېدى دەييۈي.

— جېنىم سىڭلىم، مېنى ئالدىمىسىڭىزچۇ ! — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — راستىلا بۇ گەپنى چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، مېنىڭ كۆڭۈل بەرگىنىم

بىكارغا كېتىپتۇ، ھەتتا سىزنىڭمۇ ماڭا بەرگەن كۆڭلىڭىز پەردە قاپتۇ. سىزنىڭچۇ، خاتىرجەم بولالمىغانلىق دەستىدىن ۋۇجۇدىڭىز كېسەللىككە گىرىپتار بولغان. كۆڭلىڭىز ئارام تاپقان بولسىغۇ، كېسىلىڭىز كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشمىغان بولاتتى!

بۇ گەپ بىلەن، دەييۇي گويا بېشىدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. لېكىن، يەنە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشۋىدى، بۇ گەپلەر ئۆز قەلبىدىن چىققاندىنمۇ سەمىمىي بولۇپ تۇيۇلدى. قىلاي دېسە قەلبىدە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، لېكىن بىرەر ئېغىزىنىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالماي، تېخىرقىغىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا باۋيۇينىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، شۇ تۇرقىدا گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي، ئۇمۇ تېخىرقىغىنىچە دەييۇيگە تىكىلىپلا قالدى. ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە ئاشۇنداق تۇرۇشتى، ئاخىر دەييۇي «ھەي» دېدى ـ دە، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش قۇيۇلۇشقا باشلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى. باۋيۇي دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، قولىدىن تارتىپ:

— جېنىم سىڭلىم، بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىر ئېغىز گېپىمنى دەۋالاي، ئاندىن كېتىڭ، — دېدى.

دەييۇي كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە:

— دەيدىغان نېمە گېپىڭىز بولاتتى! دەيدىغان گېپىڭىزنى مەن بىلىمەن، — دەپ قويۇپلا، كەينىگىمۇ قارىماستىن كېتىۋەردى.

باۋيۇي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپلا قالدى. بايا باۋيۇي ئالدىراشچىلىقتا يەلپۈگۈچىنى ئالماي چىقىپ كەتكەچكە، شىرېن ئۇنى ئىسسىقلاپ قالمىسۇن دەپ، ھاپىلا ـ شاپىلا يەلپۈگۈچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىش ئۈچۈن مېڭىپ، ئۇنىڭ دەييۇي بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن دەييۇي كەتكەن بولسىمۇ، باۋيۇي مىدىرلىماي تۇرىۋەردى. شۇڭا، شىرېن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يەلپۈگۈچنىمۇ ئالماي چىقىپ كېتىپتىكەنسىز، بۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ، كەينىڭىزدىن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى.

باۋيۈي خۇددى يوقىتىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئۆزىگە شىرېننىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى بايقىماي، چىرايى تاتارغان هالدا:

— جېنىم سىڭلىم، سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرەتتىم، ئەمدى يۈرەكلىك ئېيتىۋېرەي، ئېيتىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق! سىزنى دەپ مەنمۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولدۇم، بۇنىمۇ بىركىمگە دېيىشكە پېتىنالماي ئىچىمگە سىڭۈرۈپ كەلدىم. سىز ساقايغاندىن كېيىنلا، مېنىڭ كېسىلىم تۈزىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇخلىسام چۈشۈمدىمۇ سىزنى ئۇنتۇمايمەن! — دېدى.

بۇ گەپكە شىرېن بەك هەيران بولدى هەم قورقتى، هەم بىئارام بولدى، هەم ئىزا تارتىپ قالدى، دەرهال ئۇنى بوش ئىتتىرىپ:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نېمە بولدى سىزگە؟ چاپسانراق بارمامسىز؟ — دېدى.

باۋيۈي شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كېلىپ، يېنىدا شىرېن تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇيالغىنىدىن هۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، يەلپۈگۈچنى ئالدى ـ دە، لام ـ جىم دېمەي مېڭىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، شىرېن ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئويلاپ: بۇنداق دېيىشكە چوقۇم دەييۈي سەۋەبچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كەلگۈسىدە كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان بىرەر نامۇناسىپ ئىش يۈز بېرىپ قالغۇدەك، دەپ تەشۋىش يېدى ۋە بۇ پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نېمە قىلسام بولار؟ دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى.

شۇ ئەسنادا، نەدىندۇر باۋچەي يېنىغا كېلىپ قالدى ۋە

كۇلۇپ:

ــ مۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپتا نىمە خىيال سۇرۇپ تۇرىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

شىرىن بۇ سوئالنى ئاڭلىشى بىلەن ئۆزىگە كەلدى ـ دە، دەرھال كۇلۇمسىرەپ جاۋاب بەردى:

ــ ئىككى قۇشقاچ سوقۇشۇۋاتقانىكەن، بۇلار بەك قىزىق سوقۇشىدىكەن، شۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

ــ باۋيۇي ئۇكام ئىگىنىنى يەڭگۇشلەپ، شۇنچە ئالدىراش نەگە بارىدىغاندۇ؟ ــ دىدى باۋچەي، ــ مەن چاقىرىۋىلىپ گەپ سوراي دىۋىدىم، قارىسام، مىنى كۆرمىگەنگە سالغاندەك ئالدىراش ـ تىنەش كىتىۋاتىدۇ، شۇڭا گەپ سورىمىدىم.

ــ ئۇنى ئۇلۇغ بىگىم چاقىرتقانىكەن، ــ دىدى شىرىن.

ــ ۋيەي ! شۇنداق ئىسسىقتا ئۇنى چاقىرىپ نىمە قىلىدىغاندۇ؟ ــ دىدى باۋچەي ھەيران بولۇپ، ــ ھەرقاچان ئىسىگە بىرنەرسە كىلىپ ئاچچىقى كەلگەن بولسا، چاقىرتىپ تەزىرىنى بەرمەكچى بولغاندۇ؟

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، كەلگەن مىھمان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۇشمەن دىگەن بولسا كىرەك، ــ دىدى شىرىن كۇلۇپ.

ــ راسا تىتىقسىز مىھمان ئىكەن ئۇ. شۇنداق ئىسسىق كۇندە، ئۆيدە سەگىدەپ ئولتۇرماي نىمىگە قاتراپ يۇرەتتىكىنە ! ــ دىدى باۋچەي كۇلۇمسىرەپ.

ــ شۇنى دىسىلە ! ــ دىدى شىرىنمۇ كۇلۇپ.

ــ شياڭيۇن قىز سىلەرنىڭكىدە نىمە قىلىۋاتىدۇ، ــ دەپ سورىدى باۋچەي.

ــ بىردەم پاراڭلاشتى، ئاندىن قايسى كۇنى مەن يەملەپ قويغان خەيلىكنى كۆرۇپ باقتى، ئەتە شۇنى تىكىپ بەرسىڭىز دەپ سوراندىم.

باۋچەي بۇ گەپتىن كىيىن، ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ قويۇپ، ئۆتە ـ كىچە ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى ـ دە، كۇلۇپ تۇرۇپ

شۇنداق دېدى:

— سەن شۇنچە زېرەك تۇرۇپ، نېمە ئۇنداق بىردەمدىلا كىشىنىڭ ھالىغا يېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ يېقىندىن بۇيان شىياۋيۇن قىزنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئۇرانىغا قۇلاق سالغۇدەك بولسام، ئائىلىسىدە ئۆزىنى ئىلىگدالمايۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە خىراجەت كۆپىيىپ كەتتى دەپ، يىگىنە ئىشى قىلىدىغانلارنى ئىشقا سالماي، يىگىنە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ئۆيىدىكى ئاغىچىلار، خېنىملارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەيدىكەن. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ بۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم كەلگىنىدە، مەن بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا، كىشى يوق يەردە نېمىشقا ماڭا ئۆيدە ھېرىپ ھالىم قالمىدى دەيدۇ؟ ئائىلە تىرىكچىلىكىدىن بىرەر - ئىككى ئېغىز دەپ سوراپ قويسامغۇ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، خالار - خالىماي مۇجمەل جاۋاب بېرىدۇ. تۇرقىدىن قارىغاندا، كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپ جاپا تارتىپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرسەملا مېنىڭمۇ ئىختىيارسىز ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— شۇنى دېسىلە، — دېدى شىرېن ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن ئايدا ئۇنىڭدىن ئون تال كېپىنەك نۇسخا توپچا توگۇپ بېرىشنى سورىغانىدىم، خېلى كۈنلەردىن كېيىن، ئاندىن بىر خىزمەتكاردىن ئەۋەتىپ بەردى. تېخى: «بۇ قوپالراق توگۇلۇپ قالدى، باشقا نەرسىگە ئىشلىتىۋەتسۇن، بۇنىڭدىن تۈزۈكرەكى كېرەك بولسا ئەتە - ئۆگۈن بارغىنىمدا شۇ يەردە توگۇپ بېرەي» دەپتۇ. سىلىنىڭ بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇ بىزنىڭ تەلىپىمىزنى رەت قىلىشقا ئوڭايسىزلىنىپ، ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ توگۇپ بەرگەنىكەن - دە؟ مەنمۇزە، ئەخمەق، بۇنداقلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئۇنىڭدىن سورانمىغان بولاتتىم.

— ئۆتكەندە ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدىكەن، باشقىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە ئىشىنى قىلىپ

بەرمەكچى بولسا، ئائىلىسىدىكى ئاغىچىلار بىلەن خېنىملارنىڭ قورسىقى كۆپىدىكەن.

— بىزنىڭ بۇ تەرسا غوجام چوڭ ـ كىچىك يىڭنە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قېرىشقاندەك ئائىلىمىزدىكى ئاشۇنداق ئىش قىلغۇچىلارغا قىلدۇرمايدۇ، يا بۇنىڭغا مېنىڭ قولۇم بوشىمايدۇ، — دېدى شىرىن.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — باشقىلارغا قىلدۇرساڭ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنى ئالدىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى شىرىن، — ئۇ بىلىۋالىدۇ! ئۇنىڭدىن كۆرە ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈم زورۇقۇپ بولسىمۇ قىلايلا.

— ئۆزۈڭنى ئالدىراتما، مەن ساڭا قارىشىپ بېرەي.

— راستمۇ؟ — دېدى شىرىن خۇش بولۇپ، — شۇنداق قىلسىلىغۇ ماڭا بەك ئوبدان بولاتتى! ئاخشاملىرى يانلىرىغا ئۆزۈم باراي ...

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، بىر موماي ئالدىراش ـ تېنەش كىرىپ كەلدى ـ دە:

— نېمە دېگۈلۈك بۇنى ئەمدى! جىنچۈەر قىز ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ!

— قايسى جىنچۈەر! — دەپ ئالمان ـ تالمان سورىدى شىرىن قورقۇپ كېتىپ.

— بىزدە نەدە ئىككى جىنچۈەر بار ئىدى؟ — دېدى موماي، — ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكىسىچۇ. ئۈلۈشكۈن ئۇنى نېمىشقا قوغلىۋەتكەنكىن، ئۆيىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە يىغلاپ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولماپتۇ. كېيىن يوقاپ كېتىپتىكەن، ئۇنى تاپالماي تۇرغاندا، بايا سۇ تارتقىلى بارغان بىركىم: «شەرقىي جەنۇبى دوقمۇشتىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتاي دېسەم، بىر ئۆلۈك تۇرىدۇ» دەپ، ئادەم چاقىرىپ، قۇدۇقتىن سۈزۈۋاپتۇ، قارىسا، شۇ ئىكەن! ئۇنى

قوٗتوٗلدوٗرىمىز دەپ ھەرقانچە تىپىرلاشقان بولسىموٗ ھېچبىر ئامال قىلالمىدى !

— تووۋا، بوٗ ئاجايىپ ئىش ـ ھە ! — دېدى باۋچەي.

شىرېن بوٗ گەپنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئاھ ئوٗروٗپ، جىنچوٗەرنىڭ ئادەتتە ئوٗزى بىلەن بولغان ھەمىنەپەسلىكىنى ئەسلەپ، كوٗزىدىن ئىختىيارسىز ياش قوٗيوٗلدى. بوٗ خەۋەرنى ئاڭلاپ، باۋچەي دەرھال ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كەتتى، شىرېن ئوٗز ئوٗيىگە ياندى.

باۋچەي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئوٗيىگە كەلسە، ئوٗيئىچى جىمجىتچىلىق، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىچكىرىكى ئوٗيدە ئوٗزى يالغوٗز يىغلاپ ئولتوٗروٗپتوٗ، باۋچەي بوٗ ئىش توغرىسىدا گەپ ئېچىشنى ئەپ كوٗرمەي، چەتتىرەك ئولتوٗردى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— باغدىن كېلىشىم، — دېدى باۋچەي.

— باغدىن كەلگەن بولساڭ، باۋيوٗي ئوٗكاڭنى كوٗرگەن بولغىيدىڭ؟

— بايىراقتا كوٗرگەنىدىم، ئېگىنىنى يەڭگوٗشلەپ چىقىپ كېتىۋاتقانىكەن، نەگە بارىدىكىنتاڭ.

— بوٗ غەلىتە ھادىسىدىن بەلكىم خەۋەر تاپقانسەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ ئوٗھ تارتىپ، — جىنچوٗەر ئوٗشتوٗمتوٗت ئوٗزىنى قوٗدوٗققا تاشلاپ ئوٗلوٗۋاپتوٗ !

بوٗ توغرىدا گەپ ئېچىلغاچقا، باۋچەي:

— نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار ئوٗزىنى قوٗدوٗققا تاشلىۋالغاندوٗ؟ بوٗ غەلىتە ئىشقوٗ ! — دېدى.

— قايسى كوٗنى ئوٗ مېنىڭ بىر نەرسەمنى بوٗزوٗپ قويغانىدى، بىردەملىك ئاچچىقىم كېلىپ ئىككى كاچات سېلىپ قوغلىۋەتكەنىدىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — مەن ئوٗنى بىرنەچچە كوٗن ئاچچىقلاپ يوٗرسوٗن، كېيىن يەنە چاقىرتىۋالارمەن دەپ ئويلىغان. بىلمىدىم، ئوٗنىڭ ئاچچىقى بەكموٗ يامان ئىكەن،

ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. بۇنىڭغا مەن ئەيىبكار بولۇپ قالدىم !

— ھاما، سىلى شەپقەتلىك بولغاچقا، شۇنداق ئويلايدىلا، — دېدى باۋچەي كۆلۈمسىرەپ، — مېنىڭچە، ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىغان ئىش ئەمەستۇ. بەلكىم ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇدۇق بېشىدا ئوينىغان بولسا، تېيىلىپ چۈشۈپ كەتكەندۇ. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدىكى چاغدا ھېيىقىپ – قورۇنۇپ يۈرەتتى، بۇ يەردىن چىقىشى بىلەنلا، ئەلۋەتتە ئۇ يەر – بۇ يەرگە بېرىپ تاماشا قىلغۇسى كەلگەن بولغىيدى. مۇنداق بەك ئاچچىقى كەلگۈدەك نېمە ئىش بولسۇن؟ شۇنچىلىك ئاچچىقى كەلگەن بولسا، ئۇمۇ تازا ئەخمەق ئىكەن، ئىچ ئاغرىتمىساقمۇ بولغۇدەك.

— شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈم بىئارام بولۇۋاتىدۇ ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇھ تارتىپ.

— ھاما، بۇنىڭغا كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — كۆڭۈللىرى بەك يېرىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە سەر كۈمۈشنى كۆپرەك ئىنئام قىلىپ ئەۋەتىپ بەرسىلە، شۇنىڭ بىلەن دېدەكلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقلىرىنى ئۆتىگەن بولىدىلا.

— بايا ئۇنىڭ ئانىسىغا ئەللىك سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇنىڭغا يەنە، ئاخىرەتلىك كىيىم ئۈچۈن ھەمشىرىلىرىڭنىڭ يېڭى كىيىم – كېچەكلىرىدىن بىر – ئىككى قۇر بېرەي دېۋىدىم، فېرىشقاندەك ھېچقايسىسىنىڭ يېڭى تىكتۈرگەن كىيىمى يوق ئىكەن، دەييۈي سىڭلىڭنىڭلا تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تىكتۈرۈلگەن ئىككى قۇر كىيىمى بار ئىكەن. دەييۈي سىڭلىڭ بەك گۇمانخور بالا، يەنە كېلىپ بالا – قازا بىر قىز، تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تىكتۈرگەن دەپ قويۇپ، ئارقىدىن بىركىمگە ئاخىرەتلىك كىيىم ئۈچۈن بېرىۋەتسەك، ئۇ يامان ئالامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، جىنچۇەرگە بىر قۇر كىيىم تىككۈزگە

سەيپۇڭنى جورۇدۇم. باشقا دېدەك بولسىغۇ، بىرنەچچە سەر كۇمۇش بەرسەكلا تۈگەيتتى. جىنچۇەر دېدەك بولسىمۇ، دائىم يېنىمدا تۇرۇپ كەلگەچكە، ئۆز قىزىمدەكلا بولۇپ قالغانىدى! — سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز يەنە ياش قۇيۇلدى.

— ھاما، سەيپۇڭغا كىيىم بۇيرۇپ نېمە قىلىلا، — دېدى باۋچەي ئالمان - تالمان، — قايسى كۈنلا تېخى ئۆزۈمگە ئىككى قۇر كىيىم تىكتۇرگەنىدىم، شۇنى بەرسەك ئاۋارىچىلىك تۈگىمەمدۇ؟ ئۇ ھايات چېغىدىمۇ مېنىڭ كونا كىيىملىرىمنى كىيگەن، بوي - تۇرقىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى.

— شۇنداق دېگەنىدىمۇ، سەن يامان ئالامسەن؟

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاما، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئىشلارنى زىغىرلاپ كەتمەيمەن! — دېدى كۈلۈمسىرەپ باۋچەي ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال ئىككى خىزمەتكارنى چاقىرىپ باۋچەينىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن باۋچەي كىيىملىرىنى ئېلىپ كېلىۋىدى، قارىسا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا باۋيۈي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا كايىۋاتاتتى، باۋچەينى كۆرۈپلا سۆزىنى توختىتىۋالدى. باۋچەي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن ئىشنىڭ تەكتىنى خېلى ئوبدانلا پەملىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كىيىمنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا تاپشۇردى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىيىمنى ئېلىپ كەتسۇن دەپ جىنچۇەرنىڭ ئانىسىنى چاقىرتتى. ئاندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## قىزغانچۇق ئىنىنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن چىقىمچىلىق قىلغانلىقى نائەھلىي ئوغۇلنىڭ بەتقىلىقلىقىدىن پالاققا تارتىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىنچۇەرنىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ، كىيىمنى، بىرنەچچە تال تۆرگۆچ، سىرغا ئىنئام قىلدى، ئاندىن:

— بىرنەچچە راھىب تەكلىپ قىلىڭلار، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئازابتىن خالاس قىلسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

جىنچۇەرنىڭ ئانىسى باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قايتىپ چىقتى.

باۋيۈي جيا يۈيسۈن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىنچۇەرنىڭ نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرەك - باغرى پۈچىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە كىرگەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن بىر قۇر تەنبىھ ئاڭلاپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ياندۇرالمىدى. ئۇ باۋچەينىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ غىپلا چىقىپ كەتتى. نەگە بېرىشنى بىلمەي، گاڭگىرىغان پېتى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇھ تارتقىنىچە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. دالدا ئىشىكتىن ئەمدىلا بۇرۇلۇپ ئۆتۈشىگە، ئالدىدىن بىر كىشى ئۇدۇل كېلىپ قالدى، ئۇ قارىماي مېڭىۋەرگەچكە، ھېلىقى ئادەمنىڭ مەيدىسىگە ئۇسۇۋالدى. ئۇ ئادەم ۋارقىراپ كەتتى:

— توختا !

باۋيۈي چۆچۈپ كېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇ بېشىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولۇپ، قوللىرىنى سىلىپ بىر چەتتە تۇردى.

— ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمىدەپ بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئاھ ـ ۋاھ قىلىپ يۈرسەن؟ — دېدى جيا جېڭ، — بايا جيا يۈيسۈن كەلگەندە سەن بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەي دېسە، يېرىم كۈنچە ساقلىتىپ ئاندىن كەلدىڭ ! كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەشمەي، سۇلىشىپ ـ سالپىيىپ ئولتۇردۇڭ. قارىسام، ئەپتىڭدىن شەخسىي ھەۋەس قايغۇسى چىقىپ تۇرىدۇ ! ئەمدى يەنە ئاھ ـ ئۇھ قىلىپ قاپسەن. نېمەڭگە نېمەڭ يەتمەي قالدى. نېمىدىن قىسىلىپ يۈرسەن؟ نېمە سەۋەبتىن بىكاردىن ـ بىكار مۇشۇنداق قىلىسەن؟

باۋيۈي ئادەتتە سۆزگە چېچەن، ھازىر جاۋاب بولسىمۇ، شۇ تاپتا جىنچۇەرگە ئىچ ئاغرىتىپ ئادا ـ جۇدا بولاي دېگەنىدى. شۇڭا، ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى.

جيا جېڭنىڭ ئەسلىدە ئاچچىقى كەلمىگەنىدى، لېكىن ئوغلىنىڭ ئالاقزەدە بولۇپ، ئادەتتىكىدەك گەپكىمۇ جاۋاب بېرەلمەيۋاتقانلىقىدىن بىرئاز ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىۋەن كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— ساداقەتلىك چىنۋاڭ غوجامىنىڭ قەسىرىدىن بىر كىشى كەپتۇ، بېگىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، جيا جېڭنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، ئويلىنىپ قالدى: «ئادەتتە ساداقەتلىك چىنۋاڭ غوجامىنىڭ قەسرى بىلەن ھېچقانداق بېرىش ـ كېلىشىمىز يوق ئىدى، بۈگۈن نېمىشقا كىشى ئەۋەتكەندۇ؟ ...»

— مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىنسۇن، — جيا جېڭ شۇ گەپتىن كېيىن دەرھال ئېگىن يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ئىچكىرىگە

كىرىپ كەتتى. قايتىپ چىقىپ كۆرۈشكۈدەك بولسا، بۇ ئادەم ساداقەتلىك چىنۋاڭ غوجام قەسرىنىڭ باش دورغا بېگى ئىكەن. سالامىلاشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى، چاي كەلتۈرۈلدى. باش دورغا بەگ تۈزۈك هال ـ ئەھۋاللاشمايلا ئالدى بىلەن سۆز ئاچتى:

ــ كەمىنىلىرى، قەسرى ئالىيلىرىغا ئۆز خاھىشىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋاڭ غوجامنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بىر ئىش توغرۇلۇق مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ۋاڭ غوجامنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ بۇ ئىشقا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويسا دەپ جانابلىرىغا مالاللىق كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇنداق بولغاندا، ۋاڭ غوجام مىننەتدار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەمىنىلىرىمۇ چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرگەن بولاتتىم.

جيا جېڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەي، دەرھال تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

ــ جانابلىرى بۇيرۇققا بىنائەن كەلگەن بولسىلا، ۋاڭ غوجامنىڭ بىزگە قانداق بۇيرۇقى باركىن؟ جانابلىرى يەتكۈزگەن بولسىلا، كەمىنىلىرى بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشكە هازىرمەن.

باش دورغا بەگ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى:

ــ بەجا كەلتۈرگۈدەكمۇ ئىش يوق، پەقەت جانابلىرىنىڭ بىر ئېغىزلا سۆزى كۇپايە قىلىدۇ. قەسرىمىزدە قىز رولىنى ئوينايدىغان چىگۇەن ئىسىملىك بىر ئويۇنچىمىز بار ئىدى. هازىرغىچىلىك قەسىردە بىر ئوبدان يۈرەتتى، تۆت ـ بەش كۈن بولدى، يوقاپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. ھەممە يەردىن ئىزدىگەن بولساقمۇ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. شۇڭا، ھەر يەرگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرىمىز. شەھەردىكى ئەھلىمەھەللىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىگۇەننىڭ يېقىندىن بۇيان جانابلىرىنىڭ قاشتاش چىشلەپ تۇغۇلغان بەگزادىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. كەمىنىلىرى بۇنى ئاڭلاپ، قەسرى شەرىپلىرى باشقا ئائىلىلەردەك ھەركىم ئۆسۈپ كىرىۋېرىدىغان جاي بولمىغىنى

ئۇچۇن، بۇ ئىشنى ۋاڭ غوجامغا مەلۇم قىلغانىدىم، ۋاڭ غوجام: «باشقا ئويۇنچىلاردىن يۇزى يوقاپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، چىگۈەن ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، زېرەك ـ چېچەن، ئېھتىياتچان، تەمكىن بولۇپ، كۆڭلۈمگە بەكمۇ ياقاتتى، بۇ ئادەم بولمىسا زادى بولمايدۇ» دېدى. شۇ سەۋەبتىن، جانابلىرىدىن ئۆتۈنىمىزكى، بەگزادىلىرىگە تاپىلاپ قويغان بولسىلا، چىگۈەننى قايتۇرۇۋەتكەن بولسا. بۇنداق بولغاندا، بىرىنچىدىن، ۋاڭ غوجامنىڭ سەممىي ئۆتۈنۈش قىلغان كۆڭلى تەسكىن تاپسا، ئىككىنچىدىن، كەمىنىلىرىمۇ ئوشۇقچە ئىزدەش ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلغان بولاتتىم، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

جىيا جېڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى ۋە دەرھال باۋيۈينى چاقىرغۇزدى. باۋيۈيمۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئالدىراش يېتىپ كەلدى، جىيا جېڭ ئۇنىڭغا:

— ھوي ئۆلگۈر غالچا! سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇمىساڭمۇ بىر نۆرى ئىدى، نېمىشقا ھېيىقماي مۇنداق يولسىز ئىشلارنى تۇغدۇرۇپ يۈرىسەن؟ چىگۈەن ساداقەتلىك ۋاڭ غوجامنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمىتىنى قىلىۋاتقان كىشى ئىكەن، ئۇنى ئازدۇرۇپ ئاچىقىپ كېتىدىغان قانچىلىك بىر نېمە ئىدىڭ؟ مانا ئەمدى بۇ ئىش بېشىمغا بالا بولۇۋاتىدۇ! — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ باۋيۈي چۆچۈپ كەتتى ـ دە، دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— مەن بۇ ئىشنى راستلا بىلمەيمەن. «چىگۈەن» نىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمىسام، ئۇنى قانداق «ئازدۇرۇپ ئاچىقىپ كەتكىلى» بولغاي؟ — دېدى ـ دە، يىغلىۋەتتى.

جىيا جېڭ ئېغىز ئاچاي دېگۈچە، ھېلىقى باش دورغا بەگ سوغۇققىنا كۈلدى:

— بەگزادەم، ئۆزلىرىمۇ يوشۇرمىسىلا، بەلكىم ئۇنى يا ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغانلا ياكى ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلىدىغانلا،

www.uyghurkitap.com

بالدۇرراق ئېيتىپ بەرسىلە بىزمۇ ئانچە ئاۋارە بولمىساق. بىز بەگزادىنىڭ بۇ ھىممىتىنى ھەرگىز يەردە قويمايتتۇق!

— راستلا بىلمەيمەن، — دېدى باۋيۈي يەنە، — بەلكىم خاتا ئاڭلىغان بولسىلا كېرەك.

— دەلىل - ئىسپاتىم بار، — دېدى باش دورغا بەگ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — بېگىم ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتىپ بەرسەم، بەگزادەم زىيان تارتىپ قالارلىمىكىن؟ بىلمەيمەن دېسىلە، ھېلىقىنىڭ قىزىل ئىشتانبېغى قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بېلىگە باغلىنىپ قالدى؟

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، ئىچىدە: «بۇنى ئۇ قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك مەخپىي سىرنى بىلىۋالغان يەردە، باشقا ئىشنى بۇنىڭدىن يوشۇرغىلى بولمىسا كېرەك، شۇڭا ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتەي، بولمىسا باشقا ئىشلىرىمنىمۇ ئېيتىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، جاۋاب بەردى:

— جانابلىرى ئۇنىڭ ئۇنچىلىك ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىدىغان بولسىلا، ئۆزگە جاي - زېمىن سېتىۋالغاندەك مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى نېمىشقا بىلمەي قالغانلا؟ ئاڭلىشىمىزچە، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە يىگىرمە يول نېرىسىدا قىزىل سەندەل قورغىنى دېگەن يەر بار ئىمىش، شۇ يەردىن ئۇ بىرنەچچە مو يەر ۋە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي سېتىۋاپتۇدەك. ئۇ ھازىر شۇ يەردە تۇرامدىكىن، بۇنى بىلمىدىم.

— ئۇنداق بولسا چوقۇم شۇ يەردە ئىكەن! مەن شۇ يەرگە بېرىپ ئىزدەپ باقاي، چىقىپ قالسا، بولدى قىلىمەن. يوق بولۇپ قالسا، يەنە سىلىنى ئاۋارە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — باش دورغا بەگ كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىراش خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

جيا جېڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى قىيسىيىپ كەتتى. ھېلىقى ئەمەلدارنى ئۇزاتقىلى چىقىۋېتىپ، باۋيۈيگە قايرىلىپ ۋارقىرىدى:

— مىدىرلىماي تۇر ! قايتىپ كىرىپ سەندىن سورايدىغان گەپ بار !

جيا جېڭ ئەمەلدارنى ئۈزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىۋېتىپ، بىردىن جيا خۇەننىڭ كەينىگە بىرنەچچە مۇلازىم بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇيۇر - تويۇر يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىگە كۆزى چۈشتى - دە، مۇلازىملارغا ۋارقىرىدى:

— بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىڭلار !

جيا خۇەن ئاتىسىنى كۆرۈپ، قورققانلىقىدىن لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى - دە، دەرھال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى.

— نېمىگە يۈگۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى جيا جېڭ، — يېنىڭدىكى كىشىلىرىڭ سەن بىلەن كارى بولماي نەگە كېتىشتى؟ سەن توسۇن تايدەك چېپىپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن ! مەكتەپكە بىللە بارىدىغان مۇلازىملار قېنى؟

جيا خۇەن ئاتىسىنىڭ دەرغەزەپ بولغىنىنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سۆز ئاچتى:

— ئەسلىدە يۈگۈرمەي كېلىۋاتاتتۇق، قۇدۇق بېشىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتساق، قۇدۇقتا بىر دېدەك ئۆلۈپ قالغانىكەن، قارىسام، بېشى مۇشۇنداق يوغىناپ، پۈتۈن ئەزايى مۇشۇنچە كۆپۈپ كېتىپتۇ. كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يۈگۈرۈپ قېچىپ كېلىشىم ئىدى.

جيا جېڭ بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بىكاردىن - بىكار كىم ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ؟ بىزنىڭ ئائىلىدە ئەزەلدىن بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ خىزمەتكارلارغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدۇق. بەلكىم مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئائىلە ئىشلىرىدىن ئۆزۈمنى يىراق تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، غوجىدارلار قولغا كەلتۈرۈۋالغان ھوقۇقىغا يۆلىنىپ، قاتتىق قوللۇق قىلىپ، مۇشۇنداق هارام ئۆلۈشتەك ئىشلارنى پەيدا قىلىشقان ئوخشايدۇ ! بۇ ئىشنى سىرتتىكى كىشىلەر بىلىپ

www.uyghurkitap.com

قالسا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلمەمدۇ؟ — جيا جېڭ ۋارقىراپ جورۇدى، — جيا لىيەننى چاقىر! لەي دامۇ كەلسۇن!

مۇلازىملار بىر ئېغىزدىن «خوش» دېيىشىپ ماڭماقچى بولۇشقانىدى، ئاڭغىچە جيا خۇەن دەررۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى ـ دە، پېشىدىن تارتىپ، سۆز باشلىدى:

— بەگ ئاتا، ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، بۇ ئىشنى ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدۇ. مەن ئانامدىن ئاڭلىسام ... — سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، جيا خۇەن بۇرۇلۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەنىدى، جيا جېڭ بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، مۇلازىملارغا كۆز ئىشارىتى قىلدى، مۇلازىملار بۇنى ئۇقۇپ ئىككى يانغا داجىپ كېتىشتى.

— ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، — دېدى جيا خۇەن ئاستا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — باۋيۈي ئاكام ئۆلۈشكۈن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە دېدەك جىنچۇەرنى بىر چەتكە تارتىپ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغانىكەن، جىنچۇەر قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇنى ئۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جىنچۇەر ئاچچىقىغا چىدىماي ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ ...

گەپ تېخى تۈگىمەستىنلا، جيا جېڭنىڭ جەھلى چىقىپ تاتىرىپ كەتتى، قەھر بىلەن ۋارقىرىدى:

— باۋيۈينى ئەكېلىڭلار!

ئۇ كۇتۇپخانىغا كېتىۋېتىپ ۋارقىراپ سۆزلەپ ماڭدى:

— ئەمدى كىم ماڭا نەسىھەت قىلىدىغان بولسا، ئەمەلدارلىق تاج ـ كەمىرىمنى، پۈتۈن ئۆيۋاقىمىنى شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، ئۇ باۋيۈي بىلەن بىللە ئۆتىۋەرسۇن. ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە مەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. مۇشۇنداق كۆلپەتلەرنى كەلتۈرگۈچى مۇشۇ بىر تۇتام چېچىمنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتەي. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن ۋە ناكەس بالا تاپقان گۇناھىمدىن خالاس بولاي!

سۇخەنچىلەر بىلەن مۇلازىملار جيا جېڭنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ يەنە باۋيۈيىنىڭ تۇپەيلىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، تىللىرىنى چىقىرىشىپ، بارماقلىرىنى چىشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. جيا جېڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ ئورۇندۇقتا غادىيىپ ئولتۇردى، يۈز ـ كۆزى ياش يۇقى پېتى ھە دەپ ۋارقىرىدى:

— باۋيۈينى ئەكېلىڭلار ! كالتەك بىلەن ئارغامچا كەلتۈرۈڭلار ! ئىشىكنى تاقىۋېتىڭلار ! كىمكى ئىچكىرىگە خەۋەر قىلىپ قويىدىغان بولسا، شۇ زامان تاياق ئاستىدا ئۆلىدۇ !

مۇلازىملار بىر ئېغىزدىن خوش دەپ پەرمانبەردار بولۇشتى، بىرنەچچىسى باۋيۈينى ئالغىلى كەتتى.

باۋيۈي بايا جيا جېڭنىڭ «مىدىرلىماي تۇر» دەپ جېكىلەپ قويغىنىدىن ياخشىلىق يوق ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان پەملىگەنىدى. جيا خۇەننىڭ چېقىمچىلىق قىلغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئىچكىرىگە خەۋەر قىلىپ قويىدىغانغا بىرەركىم چىقىپ قالارمىكىن دەپ، مېھمانخانا ئالدىدا تېپىرلاپ تۇراتتى، قىبرىشقاندەك ھېچكىم چىقمىدى، ھەتتا بېيمىڭمۇ كۆرۈنمەي كەتتى. ئۇ تازا تەلمۈرۈپ تۇرغاندا، بىر موماينىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولدى ـ دە، ئالدىغا چېپىپ بېرىپ، ئېسىلىپ تاپىلاشقا باشلىدى:

— چاپسان بول، ئىچكىرىگە كىرىپ ئېيتىپ قوي، بەگ ئاتام مېنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ ! تېز بول، تېزرەك، مېنى قۇتقۇزۇۋالسۇن، قۇتقۇزۇۋالسۇن !

بىرىنچىدىن، باۋيۈي ھودۇقۇپ كېتىپ سۆزىنى ئېنىق ئۇقتۇرالمىغان بولسا، ئىككىنچىدىن، قىبرىشقاندەك موماينىڭ قۇلىقى ئېغىر بولۇپ، نېمە دېگەنلىكىنى تۇزۇك ئاڭلىيالماي، «قۇتقۇزۇۋالسۇن» دېگىنىنى «قۇدۇققا تاشلاپتۇ» دەپ چۈشىنىپ كۈلدى:

— قۇدۇققا تاشلىسا تاشلىمامدۇ، سىلى نېمىدىن قورقاتتىلە،

www.uyghurkitap.com

غوجام؟

باۋيۈي مومايىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تېخىمۇ تىتىلداپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ــ ماڭ، يۈگۈر، مۇلازىمىمنى چاقىرىپ قوي !

ــ يەنە نېمە «بالايىئەزىم» بولاتتى؟ ئاللىقاچان تۈگىگەن ئىشقۇ، ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ئانىسىغا كۇمۇشمۇ بەردىغۇ، يەنە قانداق «بالايىئەزىم» ئىكەن ئۇ؟ ــ دېدى موماي. باۋيۈي تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغىنىدا، جيا جېڭنىڭ مۇلازىملىرى كېلىپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى. جيا جېڭ ئوغلىنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆزلىرى قانغا تولدى ـ دە، باۋيۈينىڭ تالادا چاكچىلىكەش بىلەن ئۇلپەت بولۇپ، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقان ـ قىلىشمىغانلىقىنى، ئائىلىدە ئوقۇشىنى تاشلاپ قويغان ـ قويمىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ دېدىكىگە زورلۇق قىلماقچى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراپ تۇرماستىنلا، قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ ئاغزىغا بىر نەرسە تىقىڭلار، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار !

مۇلازىملار بۇيرۇقتىن باش تارتىشقا پېتىنالماي، باۋيۈينى بەندىگە ياتقۇزۇپ يوغان پالاق بىلەن ئۇنى ئۇردى. باۋيۈي كەچۈرۈم سوراشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. جيا جېڭ پالاق تۇتقاننى بوش ئۇرۇپ قويىدى دەپ، بىرنى تەپتى ـ دە، پالاقنى تارتىۋېلىپ، قەھرى بىلەن ئۆزى ئۇرۇن نەچچىنى سالدى. باۋيۈي ئۆز ئۆمرىدە ھەرگىز مۇنداق ئازاب تارتمىغانىدى. دەسلەپتە تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىماي، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىدى، كېيىن بارغانسېرى ھالىدىن كېتىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ، خىرىلداپ، ئاخىرىدا ئۇنى چىقماي قالدى. سۆخەنچىلەر بۇنداق ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، جيا جېڭنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تىلەشكە باشلىدى. جيا جېڭ نەدە گەپكە قۇلاق سالسۇن؟

— سىلەر ئۇنىڭ نېمە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار، ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئاندىن بىلىسىلەر! سىلەر ھەمىشە يان بېسىپ بۇنى بۇزۇۋېتىڭلار، ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە، يەنە ماڭا تەسەللى ئېيتماقچىمۇسىلەر؟ ئەتە ـ ئۆگۈن ئىش يوغىناپ، ئاتىسىنى ياكى خاننى ئۆلتۈرىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئاندىن ھاي بەرمەكچىمۇ سىلەر؟

كۆپچىلىك بۇ گەپنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، دەرھال ئىچكىرىگە ئادەم كىرگۈزۈپ خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن پىتىرلىشىپ كەتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، جيا ئانىغا مەلۇم قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئالمان ـ تالمان چاپىنىنى كىيىپ، نامەھرەم بولۇشقىمۇ قارىماستىن، دېدەككە يۆلەنگىنىچە كۈتۈپخانىغا ھاپىلا ـ شاپىلا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كىرىشىدىن ئالاقزەدە بولۇشقان سۇخەنچىلەر ۋە مۇلازىملار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. جيا جېڭ يەنە ئۇرۇشقا تەمشەلگىنىدە، بىردىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئوتقا ياغ چاچقاندەك بولدى ـ دە، قولىدىكى پالاق بارغانسېرى قاتتىق ۋە تېز چۈشۈشكە باشلىدى. باۋيۈينى بېسىپ تۇرغان ئىككى مۇلازىم ئۇنى قويۇپ بېرىپ، دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. باۋيۈينىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

جيا جېڭ يەنە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم پالاققا ئېسىلىۋالدى.

— قوي، قويۇۋەت! — دېدى جيا جېڭ ۋارقىراپ، — بۈگۈن ھەممىڭ مېنى جىلە قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان بولۇشتۇڭ!

— باۋيۈينىغۇ ئۇرۇشقا تېگىشلىكتۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئايىسىلا بېگىم! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — يەنە

كېلىپ مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا. ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ تەن سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، باۋيۈيىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلە بۇنىڭ كارى چاغلىق، مۇبادا ئۇلۇغ ئانىمىزغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئىش چوڭىيىپ كەتمەمدۇ؟

— بۇنداق گېپىڭنى قوي؟ — دېدى جيا جېڭ زەھەرخەندە بىلەن، — بۇ قارغىش تەگكۈرنى تاپقىنىمنىڭ ئۆزى ئاتا ـ ئانامغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىم. ئادەتتە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم تەنبىھ ـ تەزىر بەرسەملا بۇنى ھەممىڭلار قانات ئاستىغا ئېلىۋالىسىلەر. بۇ ھارامزادىنى بۈگۈنلا جېنىدىن جۇدا قىلىۋەتسەمغۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان بالا ـ قازادىن قۇتۇلارمەن! — دېدى ـ دە، ئارغامچا كەلتۈرۈپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئالمان ـ تالمان جيا جېڭغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— بېگىم، ئوغۇللىرىغا تەربىيە بېرىشكىمغۇ ئەلۋەتتە ھەققىڭىز بار، ئەر ـ خوتۇنچىلىق يۈز ـ خاتىرىنى قىلىشلىرى كېرەك! مەن ئەمدى ئەللىك ياشقا كىرىپ قالدىم، مېنىڭ مۇشۇ بىرلا شور پېشانەم بار. ئۇنىڭ زادى قاتتىق جاجىسىنى بېرىمەن دېسىلە، مېنىڭمۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشىمغا ھەددىم ئەمەس. بۈگۈن بۇنى چوقۇم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىلا، مېنىمۇ كۆزدىن يوقاتماقچى بولغان ئوخشىمامىلا؟ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولسىلا، ئالدى بىلەن مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرسىلە! بىز ئانا ـ بالا بىللىلا ئۆلسەك، مېنىڭمۇ ئاخىرەتتە تايانچىم بولسۇن! — ئۇ باۋيۈيىنى قۇچاقلاپ قاتتىق ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

جيا جېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈشكە باشلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈيىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ نەزەر سالغانىدى، ئۇ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، ئىچكىگە كىيگەن يېشىل شايى تامبىلى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا

خېنىم چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ ئىشتانبېغىنى يېشىپ قارىغانىدى، پاقالچىقىدىن تارتىپ كاسىسىغىچە ھەممە يېرى كۆكىرىپ، تىتىلىپ، قان ئۇيۇپ، ساق يېرى قالماپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىختىيارسىز: «شۇم پېشانە بالام !» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى. يىغلاۋېتىپ «شۇم پېشانە بالام !» دېيىشى بىلەنلا، چوڭ ئوغلى جيا جۇ ئېسىگە چۈشتى ـ دە، بىردىن جيا جۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ:

— كاشكى سەن ھايات بولغان بولساڭ، باۋيۇيدەك يۈزىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ مەيلى ئىدى ! — دەپ پەرياد كۆتۈردى.

شۇ ئەسنادا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكى ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، لى ۋەن، فېڭجيې ۋە ئاچا ـ سىڭىل يىڭچۈن، تەنچۈنلەرمۇ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ جيا جۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ، باشقىلارغۇ بىر نۆرى، لى ۋەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، جيا جېڭنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ خۇددى يېپىدىن ئۈزۈلگەن ئۈنچىدەك تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى. داد ـ پەرياد بېسىلماي تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزدىن بىر دېدەك:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ خەۋەر قىلدى، شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ، دېرىزىنىڭ سىرتىدا تىترىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈر ! شۇ چاغدا قۇلاق تىنچىيدۇ !

جيا جېڭ ئانىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا تەمتىرەپ كەتتى ھەم ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى. ئالدىراپ ـ تېنەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. جيا ئانا دېدەكنىڭ مۈرىسىگە تايانغان ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. جيا جېڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ھىجايدى:

— بۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا، بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ جېكىلەيدىغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلىرى بولسا، ئۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

چىقماستىن مېنى چاقىرتقان بولسىلا، قاشلىرىغا ئۆزۈم كىرسەم بولماسمىدى؟

بۇ گەپ بىلەن، جىيا ئانا قەدىمىنى توختىتىپ بىر ئۇھ تارتتى ــ دە:

ــ سەن تېخى ماڭا گەپ قىلىۋاتامسەن! مېنىڭمۇ دەيدىغان گەپ ــ سۆزۈم بار ئىدى، لېكىن ئۆمرۈمدە يارامىلىق بىر ئوغۇل كۆرمىگەن تۇرسام، گېپىمنى كىمگىمۇ دەيمەن!

جىيا جېڭ بۇ گەپنىڭ غەيرىيرەك بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، دەرھال تىزلاندى ــ دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

ــ پېقىر ئوغۇللىرى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ شان ــ شۆھرىتى ئۈچۈن ئۇنى جىملەپ قويغانىدىم، بوزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئوغۇللىرى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ــ دېدى.

جىيا ئانا بىرنى تۈكۈردى ــ دە:

ــ مەن بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويسام ئەجەب چىدىماي كەتتىڭغا! سېنىڭ ئۇ شۇملۇق ياغدىغان پالىقىڭغا باۋيۇي بالام چىدالامتى؟ سەن تېخى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ شان ــ شۆھرىتى ئۈچۈن ئوغلۇمغا تەنبىھ بېرىۋاتىمەن دەيسەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاتاڭ ساڭا مۇشۇنداق تەنبىھ بەرگەنمىدى! ــ دەپلا يىغلاپ تاشلىدى.

ــ بوزرۇكۋار ئانىمىز كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ــ دېدى جىيا جېڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ، ــ ئوغۇللىرى بىردەملىك ئاچچىقىمغا پايلىماي قاپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچى ئۇرمايمەن.

ــ سەنمۇ ماڭا قورساق كۆپۈكى قىلمايلا قوي، بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ، ئۇنى ئۇرغۇڭ كەلسە ئۇرىۋەر. سەن بىزدىنمۇ بىزار بولغان ئوخشايسەن، سەندىن بالدۇرراق ئايرىلىپ كەتسەك، ئۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ قۇلىقى تىنچىيدۇ! ــ دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ ۋە خىزمەتكارلارغا بۇيرۇدى، ــ تەختىراۋان تەييارلانسۇن. مەن ئاغىچاڭ بىلەن باۋيۇينى ئېلىپ ھازىرلا نەنجىڭغا كېتىمەن!

خىزمەتكارلار نائىلاج خوش دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— سىزمۇ يىغلىماڭ، — دېدى جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، — باۋيۈي تېخى كىچىك، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىچىڭىز كۆيىدۇ، چوڭ بولۇپ ئەمەلدار بولغاندا، بۇنىڭمۇ سىزنى ئانام ئىكەن دەپ ئويلاپ قويۇشى ناتايىن، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆيۈنۈپ كەتمەڭ، كەلگۈسىدە خاپىلىقنى ئازراق تارتىسىز !

جىيا جېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال باش ئۇرۇپ يالۋۇردى:

— ئانا، سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن پېقىر ئوغۇللىرىنىڭ تۇرغۇدەك يېرىم قالمىدى !

— سەن مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىمنى قويماي تۇرۇقلۇق، تېخى ئۆزۈڭنى دەيسىنا ! — دېدى جىيا ئانا سوغۇققىنا كۈلۈپ، — بىز كەتسەك سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ تىنچىيدۇ، ئۇ چاغدا ھېچكىم سېنىڭ ئۇرۇشۇڭغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ ! — دېدى - دە، بۇيرۇق قىلىنىۋەردى، — يۈك - تاق، مەپە - ھارۋا، ئات - ئۇلاغلارنى تېز تەييارلاڭلار، بىز كېتىمىز !

جىيا جېڭ قەددىنى رۇسلاپ تىزلاندى ۋە باش قويۇپ گۇناھىنى تىلەشكە باشلىدى.

جىيا ئانا شۇ گەپنى قىلغاچ باۋيۈينىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك تاياق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ كەتتى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى، ئۇنى قۇچاقلاپ يەنە يىغلىۋەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې ۋە باشقىلار بىر پەس تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئاستا - ئاستا يىغىدىن توختىدى.

خېلىدىن بېرى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقان دېدەكلەر ۋە خىزمەتكار ئاياللار كېلىشىپ باۋيۈينى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولۇۋىدى، فېڭجيې ئۇلارغا كايىدى:

— دۆت - كالۋالار ! كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراشمامسەن، بۇ ئەھۋالدا تۇرسا قانداق ماڭالايدۇ؟ چاپسان ئىچكىرىدىن ئۆرۈمە كۇرسىنى ئاچىقىپ كۆتۈرۈپ مېڭىش !

خىزمەتكارلار ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ بىر ئۆرۈمە كۇرسىنى ئېلىپ چىقىشتى. ئاندىن باۋيۇينى شۇنىڭغا ياتقۇزۇپ، كۇرسىنى جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ كەينىدىن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشتى.

شۇ تاپتا جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ غەزىپى بېسىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز مەيلىگە بېرىلىشكە پېتىنالماي، ئۇمۇ سوڭدىشىپلا ماڭدى. ئۇ باۋيۇيگە قاراپ، دەرۋەقە قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتىمەن، دېگەن يەرگە كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەنە «جىگىرىم بالام»، «جېنىم بالام» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— جيا جۇ بالام ئۆلگۇچە سەن ئۆلۈپ، جيا جۇ بالام ئامان قالغان بولسا، ئاتاڭنىڭمۇ ئاچچىقى كەلمىگەن بولاتتى. مەنمۇ بۇ ئۆمرۈمگە كېلىپ بىھۇدە غەم يېمىگەن بولاتتىم! ئەمدى ساڭا بىرەر ھادىسە بولۇپ قېلىپ مېنى تاشلاپ كەتسەڭ، مەن كىمگىمۇ تايىنارمەن؟ — دەپ زارلىنىپ يەنە يىغلىۋەتتى، — ھەي، تەتۈر پېشانە بالام.

بۇنى ئاڭلاپ، جيا جېڭ ئوغلىنى باغرى تاشلىق بىلەن شۇنچە قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ يەنە جيا ئانىغا تەسەللى بەردى. جيا ئانا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— بالاڭ ئەسكى بولسا، ئەلۋەتتە جىمىلەش كېرەك، مۇشۇ ھالەتكىچە ئۇرۇش توغرا ئەمەس! چىقىپ كەتمەي، يەنە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ بۇنىڭغا تېخى كۆڭلۈڭ قانماي، ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمەكچىمۇ يا؟ — دېدى.

جيا جېڭ خوش، خوش، دەپ كەينىگە شوخشۇغىنىچە چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا شۆ ھامما، باۋچەي، شياڭلىڭ، شىرېن، شياڭيۈنلەرمۇ شۇ يەردە ئىدى. شىرېن ئىچ - ئىچىدىن ئەلەم چەككەن بولسىمۇ، ئۇنى ئانچە بىلىندۇرمىدى، ھەممەيلەن باۋيۇينىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشۇپ، بىرسى چاي ئىچۈرسە، بىرسى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈۋاتاتتى. شىرېن ئۆزى قىلغۇدەك ئىش قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ تالاغا چىقتى، ئارا دەرۋازىنىڭ

ئالدىغا كەلگەندە بىر مۇلازىمنى جورۇپ، بېيمىڭنى تاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرلەپ گەپ سورىدى:

— بايىلا ھېچ ئىش يوق ئىدىغۇ، ئۇنى نېمىشقا ئۇردى؟ سەنمۇ بىزگە بۇرۇنراق خەۋەر قىلىپ قويماپسەن!

— قېرىشقاندەك، قېشىدا مەن بولماي قاپتىمەن، — دېدى بېيمىڭ تەمتىرەپ، — ئۇرۇۋاتقانىنىڭ ئارىلىقىدا، قولىقىمغا يەتتى، دەرھال سەۋەبىنى ئۇقۇپ باقسام، چىگۇەن بىلەن جىنچۇەر ئاچامنىڭ كاساپىتىدىن بولغان ئىش ئىكەن!

— ئۇلۇغ بېگىم قانداق بىلىپ قاپتۇ؟ — دەپ سورىدى شىرېن.

— چىگۇەننىڭ ئىشىغا كەلسەك، — دېدى بېيمىڭ، — شۇ پەن غوجام ئۇنى باۋيۈي غوجامدىن قىزغىنىپ، ئۆچىنى ئالالماي، سىرتتىن بىركىمنى ئۇلۇغ بېگىم ئالدىدا غوجامغا بوھتان چاپلاشقا كۈشكۈرتكەن بولسا كېرەك. جىنچۇەر ئاچامنىڭ ئىشىنى جيا خۇەن غوجام ئېيتىپ قويغانمىكىن دەيمەن. مەنمۇ بۇ گەپلەرنى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ يېنىدا يۈرىدىغان مۇلازىملاردىن ئاڭلىدىم.

شىرېن بېيمىڭنىڭ دېگەن بۇ گەپلىرى ئۆزىنىڭ پەرىزىگە توغرا كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، بۇنىڭغا تولۇق دېگۈدەك ئىشىنىپ قالدى. ئاندىن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردى. كىشىلەر باۋيۈينى ئەملەپ ـ ئوڭلاپ بولغانىدى.

— ئۇنى ئاۋايلاپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى جيا ئانا.

مۇلازىملار خوش دېيىشىپ، باۋيۈينى ئارامبەخش ھويلىدىكى ئۆز ئۆيىگە ئولاش ـ چولاش ئاپىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇشتى. بۇ يەردە يەنە بىردەم ئۆرىتۆپە بولۇشقاندىن كېيىن، كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشتى. شىرېن ئاندىن باۋيۈينىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن كۈتۈۋېتىپ، بولغان ئىشنى بىر ـ بىرلەپ سوراشقا باشلىدى. ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## مېھرىبانلىقتىن مېھرى ئېرىپ سىڭلىسىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكى خاتا ئۇستىگە خاتا قىلىپ ئاكىسىنىڭ خاتا جىملەنگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، شىرىن جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈيىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ سورىدى:

ــ سىزنى نېمىشقا مۇشۇ ھالەتكە كەلگۈچە ئۇردى؟

ــ ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈن ـ دە، ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ــ دېدى باۋيۈي بىر ئۇھ تارتىپ، ــ بېلىمنىڭ تۆۋىنى قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، قاراپ باققىنا، قەيرىم زەخىملەندىكىن؟

شىرىن ئاستا قولىنى تىقىپ ئىشتىنىنى سالدۇرۇشقا كىرىشتى. سەللا قىمىرلىتىۋەتسە، باۋيۈي چىشىنى چىشلەپ «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋېتەتتى، شىرىن دەرھال قولىنى توختىتىۋالاتتى. ئۈچ ـ تۆت قېتىم شۇنداق بولۇپ، ئاندىن سالدۇرالىدى. شىرىن قارىسا، يوتىسى پۇتۇنلەي كۆكىرىپ، تۆت ئىلىك يوغانلىقتا ھۆررەك يارىلار قاپىرىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ شىرىن ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ۋاي ئانام! نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىپ بۇنچىلىك قاتتىق ئۇرغاندۇ! مېنىڭ سۆزۈمگە كىرگەن بولسىڭىز، بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمايتتىڭىز. خەيرىيەت، سۆڭەك زەخىملەنمەپتۇ. ئەگەر ئۇرۇپ ناكار قىلىپ قويغان بولسا قانداق قىلاتتۇق؟

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا دېدەكلەر خەۋەر قىلىپ كىردى:

— باۋچەي خېنىم كەلدى !
شېرىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باۋيۈينىڭ ئىشتىنىنى كىيدۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا شايى يوتقاننى يېپىپ قويدى. شۇ ئاندا باۋچەي كۇمىلاچ دورا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى - دە، شېرىنگە قاراپ دېدى:
— ئاخشاملىقتا بۇ دورىنى ھاراق بىلەن ئېزىپ يارىلىرىغا چېپىپ قويغىن، ئۇيۇپ قالغان قان - زەردابلارنى شىمىقتۇرۇۋەتسە ساقىيىپ كېتىدۇ.
ئۇ دورىنى شېرىنگە بەردى، ئاندىن باۋيۈيدىن سورىدى:
— ئەمدى خېلى ياخشى بولۇپ قالغانسىز؟
باۋيۈي رەھمەت ئېيتىپ:
— خېلى ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
ئۇنىڭ ئەھۋالى بايىقىدىن تۈزىلىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ سۆزلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، باۋچەينىڭ كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپتى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ قويدى:
— بۇرۇنراق سۆزىمىزگە قۇلاق سالغان بولسىڭىز بۈگۈنكى ئەھۋالغا قالماس ئىدىڭىز ! ئۇلۇغ ئانىمىز بىلەن ھامامىنىڭ قانچىلىك ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى سۆزلىمەيلا قوياي، ھەتتا بىزمۇ سىزگە قاراپ كۆڭلىمىزدە ...
سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە باۋچەي گېپىنىڭ يېرىمىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلماستىن يەرگە قارىۋالدى. باۋيۈي بۇ سۆزلەرنىڭ شۇنچىلىك سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. لېكىن، بىردىنلا باۋچەينىڭ سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، شۈك بولۇۋالغانلىقىنى، يۈزى قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالغانلىقىنى، كۆزىگە ياش ئېلىپ بەلدەمچىسىنى ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن تارتىنىش،

ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇلىرىنى سۆز بىلەن ئىپادە قىلىش تەس ئىدى. باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ تەسىرلەندى ـ دە، ئاغرىقى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئويلايتتى: «مېنىڭ شۇنچىلىكلا تاياق يېگىنىمگە، ئۇلار ماڭا شۇنچىۋالا ئىچ ئاغرىتىشىۋاتىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ، مۇبادا ماڭا چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ قالسا، ئۇلار قانچىلىك ھەسرەت چېكىشىپ كېتەركىنتاڭ! ئۇلار ماڭا مۇشۇنداق قىلىپ تۇرغان يەردە ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى، ئۆمۈرلۈك ئىشىم سۇغا ئېقىپ كەتسىمۇ ئارمىنىم يوق.» باۋيۈي ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرۈۋاتقاندا باۋچەي شىرېندىن سوراپ قالدى:

ــ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمىگە ئاچچىقى كېلىپ شۇنچىلىك ئۇرغاندۇ؟

شىرېن بېيمىڭدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئاستا سۆزلەپ بەردى. باۋيۈي جىيا خۇەننىڭ ئاتىسىغا دېگەن سۆزلىرىنى تېخى بىلمەيتتى، شىرېن دەپ بەرگەندىن كېيىنلا بىلدى. گەپ شۆ يەنگە تاقالغىنى ئۈچۈن، باۋچەينىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالارمىكىن دەپ، دەرھال شىرېننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ شۆ يەن ئاكام ئەزەلدىن ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدىن كەلسە ـ كەلمەس گۇمانلانماڭلار.

باۋچەي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، باۋيۈي ئۇنى خۇدۇكسىنىپ قالمىسۇن دەپ شىرېننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلىدە ئويلاشقا باشلىدى: «شۇنچىلىك تاياق يەپ تۇرۇقلۇق، ئاغرىققا چىدىماي ېتىپمۇ تېخى خەقنى خاپا قىلىپ قويماي، دەپ مۇشۇنداق كۆڭۈل ئاياۋاتىسەن. سەن شۇنچىلىك كۆڭۈلچەك بولغاندىن كېيىن، نېمىشقا سىرتتىكى ئۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلمايسەن؟ ئۇ چاغدا ئۇلۇغ بېگىممۇ خۇشال بولاتتى، ئۆزۈڭمۇ مۇنداق ئازاب چەكمەس ئىدىڭ. سەنغۇ مېنى كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن دەپ شىرېننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىڭ. مەن ئاكامنىڭ

ھەر دائىم كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرىدىغان، ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قارام مىجەزىنى بىلمەمدىمەن؟ ئۆز ۋاقتىدا بىر چىن جۇڭ ئوچۇنلا غوۋغا كۆتۈرۈپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەنىدى، ھازىر ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى.»
ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە:
— سىلەرمۇ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن ئاغرىنماڭلار، — دېدى كۈلۈپ، — مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇكام باۋۇيۇي ھەممىشە ھېلىقىدەك ئادەملەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىغانلىقى ئۈچۈن، بەگ تاغامنىڭ ئاچچىقى كەلگەن گەپ. ئاكام ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ باۋۇيۇي ئۇكام توغرىسىدا گەپ قىلىپ تاشلىغان تەقدىردىمۇ، قەستەن قۇتراتقۇلۇق قىلىش غەرىزى بىلەن قىلمىغاندۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەسلىدە بۇ راست گەپ. ئىككىنچىدىن، ئۇ شەك ـ شۈبھىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىشتەك ئۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. شىرىن قىز، سەن بالا ۋاقتىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە پەقەت ئۇكام باۋۇيۇيدەك دىققەتچان ئادەمنىلا كۆرگەنسەن، ئەمما ئاكامدەك ئالەمدە ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئېيتىۋېرىدىغان ئادەمنى كۆرگىنىڭ يوقمۇ؟
شىرىن شۇ پەيتنى تىلغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، باۋۇيۇي سۆزىنى بۆلۈۋەتكەن ھامان قارامىلىق قىلىپ دەپ تاشلىغانلىقىنى چۈشىنىپ، باۋچەينىڭ يۈزىگە سەت بولارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىپ تۇراتتى. باۋچەينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىزا تارتىپ ئۈنچىقماي قويدى. باۋچەينىڭ بۇ سۆزىدىن ھەم ئالىيجانابلىق، خالىسانىلىك، ھەم ئۆز شەخسىيىتىگە كۆيۈنگەنلىكىنى سېزىپ، باۋيۇينىڭ كۆڭلى تېخىمۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى. ئۇ ئەمدىلا بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە باۋچەي ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى:
— ئەتىلىككە يەنە كېلىمەن، ياخشىراق داۋالىنىڭ، دورا

www.uyghurkitap.com

ئالغاچ كەلگەندىم، شىرىنگە بەردىم. كەچتە يارىلانغان يەرگە چاپسا ئۇزاققا قالماي ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شىرىن ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، دېدى:

— خېنىم، سىلىنى جوۋتىپ قويدۇق، غوجام ساقايغاندا ئۆزى ئالدىلىرىغا بېرىپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ باۋچەي ئارقىسىغا قايرىلىپ، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، ئويدانراق داۋالانسۇن، ھەرقىسما خىياللاردا بولمىسىلا تېز ساقىيىپ كېتىدۇ. نېمە يېگۈسى كەلسە ياكى نېمىنى ئوينىغۇسى كەلسە، ئۇلۇغ ئانىمىزنى، ھامامنى ۋە باشقىلارنى بىسەرەمجان قىلىپ يۈرمەي، ئاستا مېنىڭ قېشىمغىلا كېلىپ دېگىنىنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىۋېرىدۇ. ئەگەر بەگ تاغامنىڭ قولىقىغا كىرىپ قالسا، ھازىرچە ھېچ گەپ بولمىغىنى بىلەن، كەلگۈسىدە سۈرۈشتۈرۈپ قالسا ئەدەپ يەيدىغان ئىش.

باۋچەي كەتتى. شىرىن قايتىپ كىرىۋېتىپ باۋچەيگە ئىچ ـ ئىچىدىن مىننەتدار بولدى. ئۆيگە كىرگەندە باۋيۈينىڭ جىمجىتقىنا چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، يۈيۈنۈش ـ تارىنىش ئۈچۈن دالانغا چىقتى. باۋيۈي كارىۋاتتا جىمجىت ياتسىمۇ، ساغرىسى خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ياكى پىچاق تىققاندەك، ياكى ئوتتا داغلىغاندەك چىداپ تۇرغۇسىز ئاغرىيتتى. سەللا مىدىرلىسا، چىدىماي «ۋايجان» دەپ تولغىنىۋېتەتتى. كەچ كىرەي دەپ قالدى. شىرىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈيگە قاراش ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ دېدەك قالغانىدى. ئۇلار قىلغۇدەك ئىش بولمىغانلىقتىن:

— سىلەرمۇ چىقىپ يۈيۈنۈپ ـ تارىنىۋېلىڭلار، چاقىرغاندا كىرەرسىلەر، — دېدى باۋيۈي.

شۇنىڭ بىلەن دېدەكلەرمۇ چىقىپ كېتىشتى. باۋيۈينىڭ كۆزى ئەمدىلا ئىلىنغانىدى، ئالدىغا جياڭ يۈيخەن كېلىپ ئۆزىنىڭ ساداقەتلىك چىنۋاڭنىڭ قەسىرىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى

سۆزلىگەندەك قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئالدىغا جىنچۇەر كېلىپ، ئۆزىنى قۇدۇقتا تاشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقاندەك بولدى. باۋيۈي يېرىم ئۇيقۇلۇقتا ئەمدىلا ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۆزلىمەكچى بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز ئۇنى بىرسى ئىتتىرىۋەتكەندەك بولۇپ، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس يىغا ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى. باۋيۈي چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئالدىدا باشقا بىرسى ئەمەس، دەييۈينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ دەپ ئالدىراپ بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىغا تازا سەپسېلىپ، شاپتۇلدەك ئىششىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزىنى، ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرى پارقىراۋاتقان ئىككى مەڭزىنى كۆردى. بۇ دەييۈي بولماي كىم؟ باۋيۈي تېخىمۇ قارىغۇسى كېلىپ، ئورنىدىن كۆتۈرۈلەي دېگەنىدى، شۇ زامان بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاتتىق ئاغرىق سانجىلىپ، چىدىماي «ۋاي» دەپ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— نېمىشقىمۇ كەلگەنسىز؟ كۈن تېخى ئەمدىلا پاتتى، يەر يەنىلا قىزىپ تۇرۇپتۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ مەن تاياق يېگەن بولساممۇ ئۇنچىلىك ئاغرىپ كەتكىنى يوق. ئۇلار ئالدىنىپ بۇ ئەھۋالىمنى تالا ـ تۈزدە دەپ يۈرسە، ئاتامنىڭ قۇلىقىغا يېتەرمىكىن دەپ، ئۆزۈمنى ئەتەي مۇشۇ ئەھۋالغا سېلىۋالدىم. بولمىسا، بۇ يالغان ئىش، بۇنى راست دەپ چۈشىنىپ قالماڭ، — دېدى.

دەييۈي گەرچە ھۆكرەپ يىغلىمىسىمۇ، ئۇن چىقارماستىن يۇم ـ يۇم يىغلاۋېرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، چىدىغۇچىلىك ماجالى قالمىغانىدى. باۋيۈينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىشى بىلەن قەلبىدە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان كۆرمىڭ سۆز پەيدا بولدى. لېكىن، مۆرىتى كەلگەندە، يېرىم ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. بىرھازادىن كېيىن يۇم ـ يۇم يىغلىغان پېتى:

— قىلىقلىرىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز بولاتتى! — دېدى.

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ بىر تىنىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنداق سۆزنى قىلماڭ، مەن سىلەر ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازى ! ــ دېدى.

گەپ تېخى تۈگىمەستىنلا تاشقىرىدىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ كېلىن ئاغىچام كەلدى.

دەييۈي فېڭجيېنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ، ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ــ مەن ئارقا هويلا بىلەن چىقىپ كېتەي، كېيىن يەنە كېلىمەن، ــ دېدى.

ــ قىزىق گەپ بولدى، هېچ ئىش يوق تۇرۇپ ئۇنىڭدىن نېمە قورقىسىز؟ ــ دېدى باۋيۈي ئۇنى تۇتۇۋېلىپ.

دەييۈي جىلە بولۇپ تېپىرلاپ كەتتى ـ دە، ئاستا دېدى:

ــ كۆزلىرىمگە قاراڭا ! بۇ هالدا يەنە ئۇلارغا كۈلكە بولۇپ بېرىمىز !

شۇ گەپ بىلەن باۋيۈي ئۇنىڭ قولىنى دەرهال قويۇۋەتتى. دەييۈي چاققانلىق بىلەن كارىۋاتنى ئايلىنىپ ئارقا هويلىغا چىقىشىغىلا، ئالدى ئىشىكتىن فېڭجيې كىرىپ كەلدى.

ــ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ، ــ نېمە يېگۈڭ كەلسە، ماڭا ئادەم ئەۋەت.

ئارقىدىن شۆ هاما كەلدى، ئاندىن جيا ئانىمۇ خىزمەتكارىنى ئەۋەتىپتۇ. چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولغاندا ئۇلار تارقىلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن باۋيۈي ئىككى يۇتۇم شورپا ئىچىپلا ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ئارىدا جۇ رۇينىڭ ئايالى، ۋۇ شىندېڭنىڭ ئايالى، جىن خاۋشىنىڭ ئايالى قاتارلىق ياشانغان ئاياللار كېلىشتى. بۇلارمۇ باۋيۈينىڭ تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشكەنىدى. شىرېن ئالدىراش ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈلۈمسىرەپ ئۆزرە ئېيتتى:

ــ ئانىكىلار، هەرقايسىلىرى ئازراق كېچىكىپ كېلىشتىلە،

غوجام ئۇخلاپ قالدى.
ئۇ بۇ ئايالللارنى يان ئۆيگە باشلاپ ئالدىغا چاي قويدى. ئۇلار بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، شىرىنگە:
— غوجام ئويغانغاندا، سالىمىمىزنى ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى.
شىرىن خوپ دەپ، ئۇلارنى تاشقىرىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. قايتىپ كىرىپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن خىزمەتكار موماي كېلىپ:
— ئاغىچا خېنىم غوجامنىڭ يېنىدىكىلەردىن بىرسىنى چاقىرىدۇ، — دېدى.
شىرىن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، چىڭۋېن، شېيۆ، چيۇۋېنلەرگە بۇرىلىپ ئاستا دېدى:
— ئاغىچا خېنىم بىرسىمىزنى چاقىرتىپتۇ، سىلەر ئۆيگە ئوبدانراق قاراپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپلا قايتىپ كېلىمەن!
شىرىن موماي بىلەن بىللە باغدىن چىقىپ تۆر ئۆيگە كەلدى.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەگۈنچەكتە كاتتا بانان يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈنۈپ ئولتۇراتتى. شىرىننى كۆرۈپ:
— كىمنىلا ئەۋەتسەڭ بولىۋېرەتتى، يەنە ئۇنى تاشلاپ كەپسەن، ئۇنىڭغا كىم قاراپ قالدى؟ — دېدى.
— غوجام يېڭىلا ئۇخلاپ قالدى، — دېدى ئالمان - تالمان شىرىن كۈلۈمسىرەپ، — ھېلىقى تۆت - بەش چۆرە قىزمۇ ھازىر كارغا كېلىپ ئۇنى كۈتەلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاغىچا خېنىم، خاتىرجەم بولسىلا، ئاغىچا خېنىمنىڭ تاپىلايدىغان بىرەر گەپ - سۆزى بارمىكىن، ئۇلارنى ئەۋەتسەم دەررۇ چۈشىنەلمەي قېلىپ ئىشقا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈم كەلدىم.
— باشقا سۆزۈممۇ يوق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇنىڭ ھازىر ئاغرىقى قانداقراق، شۇنىلا سورىماقچىدىم.
— باۋچەي خېنىم ئەكەلگەن دورىنى غوجامنىڭ يارىسىغا چېپىۋىدىم، خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى، ئاۋۋال ئاغرىق ئازابىدا

ياتالمىغانىدى، ھازىر ئوبدانلا ئۇخلاپ قالدى، خېلى تۈزەلگەن ئوخشايدۇ.
— بىرنەرسە يېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىر چىنە شورپا ئەۋەتكەنىكەن، — دېدى شىرىن، — ئىككى يۇتۇم ئىچىپلا ئۇسساپ كەتتىم، ئەينۇلا شەربىتى ئىچىمەن دېدى. ئويلىسام، ئەينۇلا قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىرنەرسە، يېڭىلا تاياقنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۇرغان چاغدا ۋارقىراشقىمۇ يول قويۇلماي ئاغزىغا بىرنەرسە تىقىپ قويۇلغان تۇرسا، ئاچچىقىدا يۈرىكىگە زەرداب چۈشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا ئەينۇلا شەربىتى ئىچىدىغان بولسا، قان ـ زەرداب ئۇيۇپ قېتىپ قېلىپ، بىرەر كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقارسا قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئويلاپ غوجامغا نەسىھەت قىلىپ يۈرۈپ ئىچۈرمىدىم. گۈلقەنتنى چايغا ئارىلاشتۇرۇپ بەرسەم، يېرىم چىنە ئىچىپلا تاتلىق ئەمەس ئىكەن دەپ ئىچكۈسى كەلمىدى.
— نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭ؟ قايسى كۈنى ماڭا بىرنەچچە شىشە شەربەت ئەۋەتىلگەنىكەن، شۇنىڭدىن بىرئاز ئەۋەتمەكچىمۇ بولغانىدىم، لېكىن كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ زايە قىلىۋەتمىسۇن دەپ ئەۋەتمىگەن. ئەگەر ئۇ گۈلقەنتنى يېيىشتىن زېرىككەن بولسا، ئاشۇ شەربەتتىن ئىككى شىشە ئالغاچ كەت. بىر چىنە سۇغا بىر قوشۇقلا قوشسا قالتىس خۇشبۇي بولىدۇ، — دەپ قويۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەييۈننى چاقىردى، — قايسى كۆنكى ھېلىقى شەربەتنى ئاچىق!
— ئىككى شىشە ئاچىقساڭلا بولىدۇ، — دېدى شىرىن، — كۆپ بولسا بىكار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. يەتمىسە يەنە كېلىپ ئالسامۇ بولىدىغۇ.
سەييۈن چىقىپ كېتىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئىككى شىشىلا كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرىنگە بەردى. شىرىن قارىسا، ئىككىلىسى كىچىككىنە شىشە قۇتا بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ

سۇڭ، بۇرما كۇمۇش ئېغىز بېكىتىلگەن، ئۈستىگە سېرىق قەغەز چاپلانغان، بىرسىگە «دالچىن شەربىتى»، يەنە بىرسىگە «ئەتىرگۈل شەربىتى» دەپ يېزىلغانىكەن.

— بۇ بەك ئېسىل نېمە ئوخشايدۇ! — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — بۇ كىچىككىنە شېشىگە قانچىلىك بىرنېمە سىغاتتىكىنە؟

— ئەسلىي خانغا تارتۇق قىلىنغان نەرسە، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۈستىدىكى سېرىق قەغەزنى كۆرمىدىڭمۇ[1] ئۇنىڭغا ئاۋايلاپ ساقلاپ بەرگىن، زايە قىلىۋەتمىسۇن.

شىرىن خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ چىقاي دېيىشىگە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەنە چاقىرىپ قالدى:

— توختا، سەندىن سورايدىغان بىر گەپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

شىرىن دەرھال كەينىگە ياندى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— باۋيۈنىڭ بۈگۈن تاياق يېگەنلىكى توغرىسىدا قۇلىقىمغا بىر گەپ كىرگەندەك بولدى، جيا خۇەن ئۇلۇغ بېگىمگە بىرنېمە دەپ چېقىشتۇرۇپتىمىشقۇ، مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، مۇنداق گەپنى ئاڭلىماپتىمەن، — دېدى شىرىن، — مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، غوجام قايسىبىر ۋاڭ قەسىرىنىڭ ئويۇنچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن، كىشىلەر بۇنى ئۇلۇغ بېگىمگە چېقىمچىلىق قىلىپ ئېيتىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرغانىكەن.

— بۇمۇ بىر سەۋەب، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى چايقاپ، — يەنە باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار ئىكەن.

— باشقا سەۋەبلىرىنى زادى ئۇقمىدىم، — دېدى شىرىن. ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىردەم ئارىسالدى بولدى ـ دە، قوشۇپ قويدى، — ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا دادىللىق بىلەن

---

① فېئوداللىق جەمئىيەتتە سېرىق رەڭ خانغا خاس رەڭ بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە ئېغىز قارىسىغا گەپ قىلالايمىكىن دەيمەن، توغرىسىنى ئېيتقاندا ...

ئۇ گېپىنىڭ يېرىمىنى ئېيتىپلا شوك بولۇپ قالدى.

— دەۋەرگىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئاغىچا خېنىم، ئاچچىقلىرى كەلمىسىلا، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلمەن.

— ھېچقىسى يوق، ئېيتىۋەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، باۋيۈي غوجامنىڭ ئۇلۇغ بېگىمدىن تەنبىھ ـ تەزىر يەپ تۇرغىنىمۇ ئوبدان. ئەگەر ئۇلۇغ بېگىم يەنىلا جىملىمەيدىغان بولسا، كەلگۈسىدە يەنە نېمە ئىشلارنى تۇغدۇراركىنتاڭ، ئۇ غوجام.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ، بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئىختىيارسىز شىرىنگە خىتاب قىلدى:

— قىزىم ! ئىنتايىن ماقۇل گەپ قىلدىڭ. خۇددى مەن ئويلىغاندەكلا ئويلاپسەن. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭمۇ باۋيۈينى جىملەش كېرەكلىكىنى بىلمەي قالغان يېرىم يوققۇ؟ ئىلگىرى جيا جۇ غوجىكاڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنى شۇنچىلىك تەربىيەلىگەنىدىم. ئەمدىلىكتە ئوغۇل تەربىيەلەشنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ بۇنىڭمۇ بىر سەۋەبى بار ئىدى. ئويۇمچە، مەن ھازىر ئەللىك ياشقا كىرىپ قالدىم، بار ـ يوقى مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاجىز، يەنە كېلىپ ئۇلۇغ ئانىمىز ئۇنى گۆھەردەكلا بىلىدۇ. ئۇنى قاتتىقراق تۇتايلى دېسەك، يەنە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلۇپ قالسا، ياكى ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا، يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىئارام بولىدۇ ـ دە، ھەممىمىزگە ياخشى بولمايدۇ، دەپ مەيلىگە قويۇۋېتىپ بۇزۇپ قويغانمىز. ئىلگىرى مەن ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ ئۇنى شۇنچىلىك جىملىگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يىغلىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولغان. ئۇ چاغدا ئۇ خېلى ياخشى ئىدى، كېيىن كار قىلماي، يەنىلا شۇ

پېتىچە يۇرىۋەردى. مانا ئاخىر زىيان تارتتى. ئەگەر ئۇ مېيىپ بولۇپ قالسا، مەن كەلگۈسىدە كىمگىمۇ تايىنارمەن، — ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش تامچىلىدى.

شىرىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇنداق ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى ـ دە، ئۇمۇ قوشۇلۇپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى:

— غوجامنى ئۆزلىرى باققان تۇرسىلا ئىچلىرى كۆيمەي تۇرالامىلا. بىز خىزمەتكارلارمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ھەممىمىز خاتىرجەم ئۆتىۋەرسەكقۇ بىز ئۇچۇن بەخت بولاتتى. ئەگەر ھازىرقىدەكلا بولىدىغان بولسا، ھەتتا خاتىرجەممۇ بولالمايمىز. ھەر كۈنى غوجامغا نەسىھەت قىلمىغان ۋاقتىم يوق، ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ غەپلەتتىن ئويغانمايۋاتىدۇ. قېرىشقاندەك، ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇسى كېلىپلا تۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. ئەمدى كېلىپ بىز نەسىھەت قىلغانلار يامان بولۇپ قالدۇق. ئاغىچا خېنىم، بۇ گەپنى دېيىشلىرى بىلەن ئېسىمگە بىر ئىش كېلىپ قالدى، مەلۇم قىلىپ يولىيورۇق سوراي دېۋىدىم، لېكىن ئۆزلىرىدە گۇمان پەيدا بولۇپ قالسا، سۆزۈم بىكار كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈمنىمۇ قويىدىغان يەر تاپالماي قالارمەنمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيمەن!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپى ئىچىدە گەپ بارلىقىنى بايقاپ، دەرھال سورىدى:

— قىزىم، ئېيتىۋەر، يېقىندىن بۇيان كىشىلەر سېنى ئالدى ـ ئارقاڭدا ماختىغىنىنى ئاڭلاپ، بۇ پەقەت باۋيۈيگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭدىن ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇلايىم بولغانلىقىڭدىن بولسا كېرەك، بۇمۇ چاغلىق ئىشقۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بايا ماڭا دېگەن گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپلەر، كۆڭلۈمدىكىنى دېدىڭ، نېمە گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن، بۇنى باشقىلار بىلمىسىلا بولدى.

www.uyghurkitap.com

— باشقا گېپىمىمۇغۇ يوق، — دېدى شىرىن، — ئۆزلىرىدىن پەقەت بىرلا نەرسىنى سورىماقچىدىم، غوجامنى بىر ئامال قىلىپ باغدىن كۆچۈرۈپ چىقىپ باشقا ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرساقمىكىن دەيمەن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال شىرىننىڭ قولىدىن تارتتى ـ دە، سورىدى:

— باۋيۇي بىرەرسى بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويدىمۇ نېمە؟

— يوقسۇ، خېنىم، كۆڭۈللىرىگە گۇمان كەلمىسۇن، ھەرگىز بۇنداق گەپ يوق، — دېدى شىرىن ئالمان ـ تالمان، — بۇ پەقەت ئۆزۈمنىڭلا ئەرزىمەس خىيالىم. ھازىر غوجام چوڭ بولۇپ قالدى. خان قىزلارمۇ ھەم شۇنداق، يەنە كېلىپ لىن دەيىۋي خېنىم بىلەن باۋچەي خېنىم بىر نەۋرە تۇغقان قىزلار، بۇلار ئاچا ـ سىڭىل بولغىنى بىلەن ھەرھالدا ئوغۇل ـ قىزنىڭ پەرقى بولىدۇ ـ دە. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز بىللە تۇرسا، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشتا ئەپلىشىپ بەرمەيدىكەن، بۇمۇ كىشىنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويىدىكەن. مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن غوجامنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىشقا تەيىنلەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن باغدا تۇرۇۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن جاۋابكارلىق مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشكەن. ئويلانماي قىلىنغان يوقىلاڭ ئىشلارنى غەرەزلىك كىشىلەر قەستەن يامان تەرەپكە بۇراپ ھەرقىسما سۆزلەرنى قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بالدۇرراق بۇنداق ئىشنىڭ ئالدىنى ئالساق بولارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە غوجامنىڭ مىجەزىنى ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا، ئۇمۇ بىز قىزلارنىڭ توپى ئىچىدە يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇبادا بۇنىڭ ئالدىنى ئالمايدىغان بولساق، كېيىنكى كۈنلەردە بىرەر ـ يېرىم خاتالىق ئۆتۈپ قالسا، يامان ئادەملەر ئۇنىڭ راست ـ يالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەي سۆز ـ چۆچەك قىلىشى مۇمكىن. ئادەم كۆپ بولسا، گەپمۇ كۆپ بولىدىكەن. يامان ئادەملەرنىڭ تىلىنى سىلى تېخى بىلمەيلا، ئۇلارنىڭ

كۆڭلىگە ياققاندا، تىلىدىن شېكەر تېمىپ تۇرىدۇ، كۆڭلىگە ياقماي قالغاندا، تىلىنى تارتمايلا ھەر نېمە دەۋېرىدۇ. مۇبادا غوجامنى كەلگۈسىدە بەزىلەر ياخشى دەپ ماختىسىغۇ، ناھايەت بىز ئۆز بۇرچىمىزنىلا ئادا قىلغان بولىمىز. ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان بولسا، بىزنىڭ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىشىمىزغۇ ئادەتتىكى بىر ئىش، ئەمما بېگىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆيۈنۈپ كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرى بىكار كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ ئالدىنى ئېلىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا ئويلاپ كېتەلمەسلىكلىرى تۇرغان گەپ. بىز ئويلاپ يېتەلمىسەكقۇ مەيلى، ئەگەر ئويلىغانىكەنمىز، بۇنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ قويمىساق، گۇناھىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان بولىمىز. يېقىندىن بۇيان مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ قالدىم، ئۆزلىرىنى ئاڭلىسا خاپا بولامدىكىن دەپ، لام ـ جىم دېيىشكە پېتىنالمىغانىدىم.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىنچۇەر ۋەقەسى ئېسىگە كېلىپ، خېلىغىچە كۆڭلى غەش بولدى ۋە ئويلا ـ ئويلا، شىرېنگە بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئۇلغايدى.

— قىزىم! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سەن بۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ پۇختا ئويلاپسەن، نېمىشقا مەنمۇ بۇ يەرلىرىنى ئويلىماي قالاي؟ يېقىندىن بۇيان ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن ئېسىمگە سېلىپ قويدۇڭ. ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ بۇ ئىشقا شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپسەن. ھەقىقەتەن ياخشى قىز ئىكەنسەن! بولدى، ئەمىسە، سەن كېتىپ تۇرغىن، مەن ئۆزۈم بىر ئىلاجىنى قىلارمەن. ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گەپ بار، ھازىرقى دېگەن گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ، باۋيۈينى پۈتۈنلەي ساڭا تاپشۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. ھەرقاچان پەخەس بولۇپ تۇرغىن، ئۇ ئۆزىنى نابۇت قىلىپ قويمىسۇن. سېنىڭ

ياخشىلىقىڭنى ئەلۋەتتە يەردە قويماسمەن.
— خېنىم، ماڭا تاپىلاۋاتسىلا غوجامنىڭ غېمىنى يېمەسلىككە ھەددىممۇ، — دېدى شىرىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.
شۇ سۆز بىلەن شىرىن ئۆيدىن چىقىپ باغقا قايتتى، باۋيۈي ئەمدىلا ئويغانغانىكەن. شىرىن شەربەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋىدى، باۋيۈي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شۇ زامانلا تەڭشەتكۈزۈپ ئىچىپ باقتى، دېگەندەك ناھايىتى خۇشبۇي ئىكەن. ئۇ دەييۈينى ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن شىرىن توسقۇنلۇق قىلارمىكىن دەپ، بىر ئامال ئويلاپ، ئۇنى باۋچەينىڭ قېشىغا كىتاب ئەكېلىشكە بۇيرۇۋەتتى.
شىرىن كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي چىڭۋېننى چاقىرىپ ئۇنى جورۇدى:
— دەييۈي خان قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ باق، نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ، مېنى سورىسا، ياخشى بولۇپ قالدى، دېگىن.
— كۆزۈمنى پارقىرىتىپ بىكار نېمىدەپ بارىمەن؟ — دېدى چىڭۋېن، — بىرەر گەپ - سۆزنى دەپ بارسامىمۇ تۈزۈكرەك بولاتتى!
— دېيدىغان ھېچقانداق گېپىم بولمىسا، — دېدى باۋيۈي.
— يا بىرەر نەرسىنى ئاپىرىپ بېرەي، ياكى بىرەر نەرسىنى ئالغىلى بارغان بولاي، — دېدى چىڭۋېن، — بولمىسا مەن بارغاندا گەپنى نەدىن باشلايمەن؟
باۋيۈي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئىككى دانە كونا ياغلىقنى ئېلىپ چىڭۋېنگە تاشلاپ بېرىپ كۈلدى:
— مانا بۇنى ئەۋەتتى دەپ، ئاپارساڭ بولىۋېرىدۇ.
— بۇ تېخىمۇ قىزىق ئىش بولدى! — دېدى چىڭۋېن، — بۇنداق نىمكەش ياغلىقلارنى ئالامتى؟ مېنى زاڭلىق قىپتۇ دەپ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلمەمدۇ؟

— خاتىرجەم بول، ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.
چىڭۋېن نائىلاج ياغلىقنى ئالدى ـ دە، بامبۇكزار سارايغا كەلدى. چۈنشيەن ۋادەككە لۆڭگە يېيىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قول ئىشارىتى قىلدى:
— خېنىم ئۇخلاپ قالدى.
چىڭۋېن كىرىۋەردى، ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، چىراغمۇ ياقمىغانىكەن.
— كىم ئۇ كىرگەن؟ — دەپ سورىدى كارىۋاتتا ياتقان دەييۈي.
— مەن، چىڭۋېن، — دەپ جاۋاب بەردى چىڭۋېن دەرھاللا.
— نېمىشقا كەلدىڭ؟
— غوجام مۇنۇ ياغلىقنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەنىدى.
دەييۈي ھەيران بولۇپ ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ياغلىقنى ماڭا نېمىشقا ئەۋەتكەندۇ؟ »
— بۇ ياغلىقنى ئۇنىڭغا كىم ئەۋەتىپتىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ياخشى ياغلىق ئوخشايدۇ، باشقا بىرسىگە سوۋغات قىلىۋەتسۇن، ماڭا ھازىر بۇنىڭ لازىمى يوق.
— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ، — يەنە كېلىپ يېڭى ياغلىق ئەمەس، تۇتۇلغان كونا ياغلىق.
دەييۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدى، لېكىن بىردەم پەملەپ كۆرۈپ، ئاندىن چۈشەندى ـ دە، شۇ ئانلا:
— قويۇپ قوي. ئەمدى كېتىۋەرسەڭ بولىدۇ، — دېدى.
چىڭۋېن ياغلىقنى قويۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇ يول بويى پىكىر يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بۇ ياغلىقلارنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى.
دەييۈي بولسا ياغلىقنى ئەۋەتىشنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى: مېنىڭ بۇ يۈرەك ئارزۇيۇمنى باۋيۈي چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ، مېنى خۇشالمۇ قىلالايدۇ. لېكىن، بۇ ئارزۇيۇم كەلگۈسىدە كۆڭۈلدىكىدەك

بولالامدۇ، بۇنى بىلمەيدۇ ـ دە. بۇ ئەھۋال مېنى يەنە غەمگە سالىدۇ. ئەگەر بۇنى چۈشەنمەستىن، بىكاردىن ـ بىكارلا بۇ ئىككى ياغلىقنى ئەۋەتكەن بولسا، بۇ مەن ئۈچۈن بىر كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سوۋغاتنى يوشۇرۇن ئەۋەتكەنلىكىنى ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ. ئەمدى ئۇ شۇنداق قىلغانىكەن، مەن يەنە ھەمىشە تىت ـ تىت بولۇپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان بولدۇم، بۇنىڭدىن ئۇيالغۇم كېلىدۇ ...

ئۇ ئاشۇنداق ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بىردىنلا ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك بولدى ـ دە، چىگىچ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ، ئاخىرىدا چىراغ ياقتۇردى، گۇمان تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنىمۇ ئۇنتۇپ، سىياھنى ئېزىپ قەلەمنى مىلىدى. ئاندىن ھېلىقى ئىككى كونا ياغلىققا مۇنۇلارنى يازدى:

بىرىنچى شېئىر

ياشلىرىم ئاقتى بىكارغا ئۆرتىنىپ ھەسرەتتە مەن،
كىم ئۈچۈن تۆكتۈم بۇ ياشنى تۈن ـ كېچە خىلۋەتتە مەن؟
مەرھەمەت قىپسىز ئاجايىپ مەنىلىك ياغلىقنى سىز،
سىزنى دەپ چەكتىم پىراق، ھېچ يوق ئىلاجىم دەردتە مەن.

ئىككىنچى شېئىر

ياشلىرىم ئاقماقتا پىنھان ئۈنچىدەك ـ مۆلدۈرسىمان،
كېچە ـ كۈندۈز يوق ئارامىلىق، بىقارارمەن ھەر زامان.
يەڭ بىلەن ياستۇقتىكى ھۆل تۇگىمەس ھېچ سۈرتسىمۇ،
تامچە ـ تامچە ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقسۇن راۋان.

ئۈچىنچى شېئىر

ئىككى مەڭزىم ئۈنچىسىنى يىپقا بولماس تىزغىلى،

كونا ئىزلارنى يوقاتقان ئەمدى شىياڭجياڭ ساھىلى①؛
بار مېنىڭمۇ پەنجىرەم ئالدىدا بامبۇك مىڭلىغان،
بىلمىدىم، سىڭگەنمۇ ياشىم شۇ قومۇشلارغا ھېلى؟

دەيىيۇي يەنە يازماقچى ئىدى، لېكىن پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ، يۈزى لاۋۇلداپ كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى. پەرداز ئۈستىلى قېشىغا كېلىپ، كىمخاب پەردىنى ئېچىپ ئەينەككە قارىغانىدى، ئىككى مەڭزى شاپتۇل چېچىكىدىنمۇ ئۆتە قىزىرىپ كېتىپتۇ. بەلكىم كېسەل ئەنە شۇنىڭدىن تەگكەندۇ. ئۇ بىردەمدىن كېيىن كارىۋاتقا كېلىپ ياتتى. ياغلىقنى ئېلىپ يەنە ئويغا پاتتى. ئەمدى بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شىرېنگە كېلەيلى. شىرېن باۋچەيىنىڭ قېشىغا كەلسە، باۋچەي باغدا يوق، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتىكەن. شىرېن قۇرۇق قول قايتىپ كەتكۈسى كەلمەي، باۋچەيىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كەچكىچە كۈتۈپ تۇردى.

ئەسلىدە باۋچەي ئاكىسى شۆ پەننىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇنى باۋيۈي ئۈستىدە چېقىمچىلىق قىلىش ئۈچۈن بىرەرسىنى كۈشكۈرتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدى. بۈگۈن شىرېننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. شىرېن بۇنى بېيمىڭدىن ئاڭلىغان، بېيمىڭمۇ ئۆزىچە تىڭتىڭلاپ تاپقان، ھېچبىر پاكىتى يوق ئىدى، ھەممەيلەن ئەنە شۇنداق گۇمانغا بېرىلىپ، بۇنى راست دەپ چاغلاشقانىدى.

لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، شۆ پەننىڭ ئادەتتە ئەنە شۇنداق نامى بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقى ئىشنى ئۇ قىلمىغان، كىشىلەر گەپ توقۇپ ئۇنىڭغا بەتنام چاپلىغانىدى.

---

① كونا ئىزلارنى يوقاتقان ئەمدى شىياڭجياڭ ساھىلى — مەلىكە شىياڭفېي قومۇشىدا قالغان ياش ئىزلىرى زامانلار ئۆتكەنسېرى ئۆچۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى دېمەكچى. بۇ شېئىردا دەيىيۇي ئۆزىنىڭ مەلىكە شىياڭفېيدەك ھەسرەت چەككەنلىكىنى ئىزھار قىلماقچى بولغان.

www.uyghurkitap.com

بۇگۈن ئۇ تالادا هاراق ئىچىپ قايتىپ كېلىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كىرسە، باۋچەيمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بىردەم پاراڭلىشىپ، تۇيۇقسىز باۋيۇي ئېسىگە كەلدى ـ دە، باۋچەيدىن سورىدى:

— باۋيۇي تاياق يەپتۇ ـ هە. نېمىشقا ئۇرۇپتۇ؟

شۆ هاممىنىڭ نەق مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ تۇراتتى، ئوغلىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاش بىلەن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ياخشى ـ يامانني ئىلغىمايدىغان بەتبەخت، هەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قىلغان تۇرۇقلۇق، قايسى يۈزۈڭ بىلەن سورايسەن؟

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ — دەپ سورىدى شۆ پەن هاڭ ـ تاڭ قېلىپ.

— يەنە ئۆزۈڭنى بىلمەسلىككە سېلىۋاتىسەنغۇ! سېنىڭ چېقىشتۇرغانلىقىڭنى هەممە كىشى بىلىدىكەن، — دېدى شۆ هاما.

— كىشىلەر مېنى ئادەم ئۆلتۈردى دېسە، بۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمسىز؟ — دېدى شۆ پەن.

— سېنىڭ دېگەنلىكىڭنى هەتتا سىڭلىڭمۇ ئۇقۇپتۇ، ئۇمۇ تۆهمەت قىلامتى؟ — دېدى شۆ هاما.

— ئانا، ئاكا، ۋارقىراشماي بولدى قىلساڭلارچۇ، — دېدى باۋچەي دەرهال تەسەللى بېرىپ، — راست ـ يالغانلىقى كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئېنىقلىنىدۇ، — ئۇ ئاندىن شۆ پەنگە قاراپ، — مەيلى سەن چېقىشتۇرغان بول ياكى چېقىشتۇرمىغان بول، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. تەگۈۋېرىشنىڭ هاجىتى يوق، بولمىسا ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ. ساڭا پەقەت بىرلا مەسلىھەتىم بار، بۇنىڭدىن كېيىن تالادا ئالىتوپىلاڭنى ئازراق قىل، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئازراق ئارىلاش. هەر كۈنى كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەر بىلەن لاغايلاپ يۈرىسەن. سەن ئۆزۈڭنى بەزى يارىماس ئىشلاردىن تارتىنىشنى بىلمەيدىغان قارام ئادەم، بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ

قالمىسىغۇ مەيلى، مۇبادا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، سەن قىلمىغان بولساڭمۇ، ھەممە ئادەم سەندىن گۇمانلىنىپ، سېنى قىلدى دەيدۇ. باشقا كىشىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، ئالدى بىلەن سەندىن مەنمۇ گۇمانلىنىمەن.

شۆ پەن كۆڭلى تۈز، مىجەزى ئىتتىك بولۇپ، ياپتا سۆزلەر بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋچەي ئۇنىڭغا كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەر بىلەن لاغايلاپ يۈرمە دەپ نەسىھەت قىلسا، ئانىسىمۇ باۋيۈينىڭ تاياق يېيىشىگە سەن ئېغىز يۈگۈرۈكلۈك قىلىپ زامىن بولدۇڭ دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇ چىچاڭشىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قەسەم ئىچىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى ۋە ھەممە ئادەمنى كايىدى:

— ماڭا تۆھمەت چاپلىغان كىم ئىكەن ئۇ؟ مەن ئۇ مۇتتەھەمنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈۋېتىمەن! دېسەم ـ دېمىسەم، باۋيۈينىڭ تاياق يېگەنلىكى ئۈچۈن يالاقچىلىق قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي، بۇنى ماڭا دۆڭگەپ قويغان نېمە. باۋيۈي خۇدامىكەن؟ ئاتىسى ئۇنى بىر قېتىم ئۇرۇپ قويسا، پۈتۈن ئائىلە نەچچە كۈنگىچە چۇقان كۆتۈرۈشۈپ كېتىدىكەن ـ ھە! ئۆتكەن قېتىمدىمۇ ئۇ ئەسكىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن يەزنە ئانام ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى تاياق تەگكۈزۈپ قويۇپتىكەن، بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قانداق ئۇقۇپ قالغانىكىن، بۇنىڭغا جيا جېن ئاكامنى زامىن بوپتۇ دەپ، بىكاردىن ـ بىكار ئالدىغا چاقىرتىپ تىللىغانىدى. ئەمدى ئۇلار مېنى چىشلەپ تارتىپتۇ! مېنى چىشلەپ تارتقىنى بىلەنمۇ مەن قورقۇپ قالمايمەن، باۋيۈينى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەمغۇ تۈگىشەرمەن، بولدى ئۇنىڭغا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم.

ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ئىشىكنىڭ دېمىنى ئېلىپلا يۈگۈرگەنىدى، بۇنىڭدىن ھودۇققان شۆ ھاما ئۇنى تۇسۇۋېلىپ تىللىدى:

— جۇۋاينىمەك شۇم! سەن كىمنى ئۇرماقچىسەن؟ ئاۋۋال

مېنى ئۇرغىن !

شۆ پەن جىلە بولۇپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى.

— زادى نېمە قىل دەيسلەر ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — يا مېنى چىققىلى قويمايسلەر، بولمىسا نېمىشقا يوق ئىشنى ماڭا ئارتىسلەر؟ باۋيۇي بىر كۈن تىرىك بولىدىكەن، مەنمۇ بىر كۈن بەتىنامدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىككىمىز تەڭلا ئۆلسەك قۇلاق تىنچىيدۇ !

— سەل سەۋر قىلغىنا، — دېدى باۋچەيمۇ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، — ئانام شۇنچە جىلە بولۇۋاتسا، تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا بۇنداق غوۋغا كۆتۈرۈۋاتىسەن. ئانامنىڭ ئورنىدا باشقا كىشى بولسىمۇ ساڭا ياخشى ئادەم بولسۇن دەپ نەسىھەت قىلىدۇ، نەسىھەت قىلسىلا، مىجەزىڭ قوداڭشىپ قالىدىكىنە !

— ئەمدى يەنە مۇنداق دەۋاتىسەن، — دېدى شۆ پەن، — زادى ھەممە گەپ سەندىن چىقىدۇ !

— بۇ گەپنى مەندىنلا كۆرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ئالدى - كەينىڭگە باقمايدىغان قىلىقىڭدىنمۇ كۆرسەڭ بولاتتى، — دېدى باۋچەي.

— سەنمۇ پەقەت مېنىڭ ئالدى - كەينىمگە باقمايدىغىنىمدىنلا كۆرۈشنى بىلىپ، نېمىشقا باۋيۈينىڭ سىرتتا چاتاق چىقىرىپ يۈرۈشىدىن كۆرمەيسەن؟ — دېدى شۆ پەن، — مەن باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ، چىگۇەننىڭ قايسى كۈنكى ئىشنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي: ئاشۇ چىگۇەن بىلەن ئون قېتىملاپ كۆرۈشكەن بولساقمۇ، ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ خۇشتارلىق گېپىنى قىلىپ باقمىدى، ئەمما ئۇ قايسى كۈنى باۋيۈينى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى بىلەنلا، ئېخى ئىسىم - فامىلىسىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىشتانبېغىنى تەقدىم قىلىدۇ؟ بۇمۇ مەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سۆزمۇ؟

شۆ ھامما ئاچا بىلەن باۋچەي جىلە بولۇپ تەڭلا دېيىشتى:

— يەنە شۇنى تەگەيسەنغۇ ! ئۇنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئۇرغان



www.uyghurkitap.com

ئەمەسمۇ ! دېمەك، سەن دەپ قويۇپتىكەنسەن ـ دە:
— ئادەمنى ھارام ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭلار ! — دېدى شۇ پەن، — ماڭا تۆھمەت چاپلىغانغا ئاچچىقىم كەلمەيدۇ، ئەمما بىر باۋىيۇي ئۈچۈنلا غوۋغا كۆتۈرۈپ ئالەمنى مالەم قىلىشۋەتكىنىڭگە ئاچچىقىم كېلىدۇ !
— كىم غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ؟ — دېدى باۋچەي، — ئاۋۋال ئۆزۈڭ قىلىپ ـ توقماق ئېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈپ، يەنە تېخى باشقىلارنى غوۋغا كۆتۈردى دەيسىنا.
شۆ پەن باۋچەينىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى رەت قىلغۇسىز ئورۇنلۇق ۋە ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بېرىشتىنمۇ تەس ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئۆزىنىڭ تىلىنى باغلاتماسلىق ئۈچۈن، بىر ئىلاج قىلىپ باۋچەينىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدى ـ دە، راسا جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغانلىقتىن، گەپنىڭ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلانماستىنلا تىلىنى قويۇۋەتتى:
— جېنىم سىڭلىم، مەن بىلەن ئېيتىشما، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى مەن ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، ئانام ماڭا خېلى بۇرۇنلا دەپ بەرگەن: «سەندەك ئالتۇن قولۇپى بار كىشىگە پەقەت قاشتېشى بار كىشىلا جۈپ بولالايدىكەن.» كۆڭلۈڭدە شۇ بولغاچقا، باۋيۈيدە ئاشۇ نەرسە بارلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدىلىكتە مىتلا قىلسا ئۇنى ياقلايدىغان بولۇپ قالدىڭ.
بۇ گەپ بىلەن ئۇ باۋچەيگە قاتتىق تەگكەندە، باۋچەي كۆتۈرەلمەي ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى:
— ئانا، قارىڭا، ئاكام نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ !
شۆ پەن سىڭلىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قاراملىق قىلىپ قويغانلىقىنى سەزدى ـ دە، باتنىغان پېتى ئۆيىگە كىرىپ يېتىۋالدى.
باۋچەي بۇ دىلئازارغا چىدىماي، بىر قانداق بولۇپ كېتەي دېۋىدى، لېكىن ئانام بىئارام بولمىسۇن دەپ، نائىلاج كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان پېتى ئانىسى بىلەن خەيرلەشتى ـ دە، ئۆز

ئۆيگە قايتىپ كەلدى. باۋچەي ئۆز ئۆيىدە تۈن بويى يىغلاپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇش ـ تارىنىۋېلىشقىمۇ كۆڭلى تارتماي، بولۇشىغىلا كىيىنىدى ـ دە، ئانىسىنى كۆرگىلى ئۆيدىن چىقتى، هويلىدا دەييۈي ئۇچراپ قالدى، دەييۈي ئۆزى يالغۇز گۈلنىڭ سايىسىدا تۇراتتى.

— نەگە بارىسىز! — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۆيگە، — دەپ جاۋاب بەردى باۋچەي ۋە توختىماستىنلا كېتىۋەردى.

ئۇنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدىن يىغلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، دەييۈي ئۇنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولغان بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ، ئارقىسىدىن كۈلدى:

— ئاچا، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئىككى كوزا ياش تۆككىنىڭىز بىلەنمۇ كالتەكنىڭ زەربىسىنى ساقايتالمايسىز!

باۋچەي بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## يۈيچۈەننىڭ نىلۇپەر يوپۇرمىقى سالغان شورپىنى ئېتىپ باققانلىقى
## خۇاڭ جىنيىڭنىڭ چېۋەرلىك بىلەن ھەپىرەڭگۈللۈك تور توقۇغانلىقى

باۋچەي دەييۈينىڭ گەپتە چېقىشۋالغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، پىكىر - خىيالى ئانىسى بىلەن ئاكىسىدا بولغاچقا، ئارقىسىغا قايرىلىپمۇ قويماي، ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

دەييۈي يەنىلا شۇ گۈل سايىسىدا تۇرغان پېتىچە ئارامبەخش ھويلا تەرەپكە يىراقتىن كۆز تىكەتتى. ئۇ لى ۋەن، يىڭچۈن، تەنچۈن، شىچۈنلەرنىڭ ئۆز دېدەكلىرى بىلەن ئارامبەخش ھويلىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەنە توپ - توپ بولۇپ قايتىپ چىقىشقانلىقىنى كۆردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت فېڭجېيىلا كۆرۈنمەيتتى. دەييۈي ئۆز كۆڭلىدە: «ئۇ باۋيۈينى يېمىشقا كۆرگىلى كەلمىگەندۇ؟ ئىش بىلەن بەند بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، جەزمەن كېلىپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قويۇپ، چوڭ ئانام بىلەن ھامما ئاچامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر كەلمىگەنلىكىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار» دەپ پەرەز قىلدى. شۇ پەرەز بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە قارىغانىدى، رەڭمۇرەڭ كىيىنگەن بىر توپ ئاياللارغا كۆزى چۈشتى. بۇلارمۇ ئارامبەخش ھويلىغا كېتىشىۋاتاتتى. سىنچىلاپ قارىسا، جيا ئانا فېڭجېيىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىۋاپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە بۇلارغا سوڭدىشىپ

جۇ كىچىك ئانا، چوّره قىزلار، خىزمەتكار ئايالالار مېڭىشقان. ھەممەيلەن ئاشۇ ھويلىغا كىرىپ كېتىشتى.

دەيىۋي بۇلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئاتا ـ ئانىسى بار كىشىلەر نېمىدېگەن ياخشى دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىدىن يەنە ئۇنچىدەك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن شۆ ھاما، باۋچەي ۋە باشقىلارمۇ كىرىپ كېتىشتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن زىجۈەن كېلىپ:

— خېنىم، دورىلىرىنى ئىچىۋالسىلا بولاتتى، قايناق سۇ يەنە سوۋۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— مېنى زادى نېمە قىل دېمەكچىسەن؟ — دېدى دەيىۋي ئاچچىقلىنىپ، — ھە دېسىلا ئالدىرىتىۋېرىدىكەنسەن! ئىچمەمدىمەن، ئىچەمدىمەن، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— يۆتەللىرى ئەمدىلا ئوڭشىلاي دېسە، يەنە دورا ئىچمەس بولۇۋالدىلىغۇ؟ — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — ھازىرغۇ بەشىنچى ئاي، ھاۋا ئىسسىق، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلمىسىلا بولمايدۇ. سىلى تاڭ سەھەردىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە زەي يەردە تۇرۇۋاتىدىلا، قايتىپ كىرىپ ئارام ئالسىلا بولاتتى!

بۇ گەپ بىلەن دەيىۋي ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە پۇتىنىڭ سىرقىراۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەنە بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن زىجۈەنگە يۆلەنگىنىچە بامبۇكزار سارايغا ئاستا قايتىپ كىردى.

ئۇ دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا، يەرگە ئالا ـ بۇلا چۈشكەن بامبۇك سايىلىرىغا، موخ ئىزلىرىنىڭ سۆرۈن كۆرۈنۈشلىرىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئىختىيارسىز «غەربىي ھۇجرا» دىكى مۇنۇ ئىككى مىسرا ئېسىگە كېلىپ قالدى:

قەدەم باسقانمۇ بۇ خىلۋەتكە ئادەم؟
يېشىل موخ بەرگىدە پارلايدۇ شەبنەم.



www.uygurkitap.com

ئۇ ئىچىدە خورسىندى: «شۇاڭزۆبن[1] شور پىشانە بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭ تۇل ئانىسى بىلەن ناتىۋان ئىنىسى بار ئىدى، مەن دەيىۋي بۇگۇن شۇنداق شور پىشانىمەنكى، ھەتتا تۇل ئانام، ناتىۋان ئىنىممۇ يوق.» بۇنى ئويلاپ يەنە يىغلىغۇسى كەلگەنىدى، ئەمما پىشايۋاندىكى شاتۇتى دەيىۋيىنى كۆرۈشى بىلەنلا «گا... گا...» دەپ قونداقتىن پەسكە ئىتىلدى.

— بىشىڭنى يەيدىغان ! — دىدى دەيىۋي چۆچۈپ كىتىپ، — ئۇستۇمگە يەنە چاڭ توزۇتۇۋەتتى !

تۇتى يەنە قونداقتا ئۇچۇپ چىقىپ قىچقاردى:

— شۆ يەن، پەردىنى تىزرەك ئاچ، خىنىم كەلدى !

دەيىۋي قەدىمىنى توختىتىپ، قونداقنى قول بىلەن تاكىلدىتىپ:

— يەم بىلەن سۇ بەردىمۇ؟ — دىدى.

تۇتى بىر ئۇھ تارتتى، ئاندىن دەيىۋينىڭ ئادەتتىكى نالە ـ پەريادىنى دوراپ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن مۇنۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇدى:

گۈلنى كۆرسەم خەق بۇگۇن مىنى ئەخمەق دەپ كۈلۈر،
بىلمىدىم، تاڭ، ئەتە ئۆلسەم كىم كىلىپ مىنى كۆمۈر؟

دەيىۋي بىلەن زىجۈەن بۇنى ئاڭلاپ ئىككىلىسى كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ مىسرالارنى سىلى ھەمىشە ئوقۇپ تۇرىدىلا ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇ يادلىۋالغان ـ دە ! — دىدى زىجۈەن كۈلۈمسىرەپ.

دەيىۋي قونداقنى پىشايۋاندىن ئىلىپ، كىمىرلىك دىرىزىنىڭ تىشىدىكى ئىلمەككە ئىسىپ قويىۋشقا بۇيرۇدى. ئۆزى ئۆيگە كىرىپ دىرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. دورىسىنى ئىچىپ

---

[1] شۇاڭزۆبن — «غەربىي ھۇجرا» دىكى شۇي يىگىتىڭ. بۇنىڭ ئىسمىدا «يىڭ» (قوش) كەلگەنلىكى ئۇچۇن «شۇاڭزۆبن» (قوش خەت) دەپ ئاتالغان.

بولغاندا، ھويلىدىكى بامبۇكلارنىڭ سايىلىرى شايى يەملەنگەن دېرىزىگە چۈشۈپ، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ نەملىشىۋاتقاندەك، توقۇلما ئورۇندۇقىدىن سوغۇق ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دەيۈي ئىچ پۇشۇقىدىن ھېچ خالاس بولالماي، شايى كۆزنەكتىن تۇتى بىلەن ئوينىشىپ قويدى ھەم ئۇنىڭغا ئادەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شېئىرنى ئۆگەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى باۋچەيگە كېلەيلى، باۋچەي ئۆيگە كەلگەندە ئانىسى بېشىنى تاراۋاتاتتى، ئۇ قىزىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ:

— ئەتىگەندىلا بېشىڭنى تارىۋاپسەن ـ دە! — دېدى.

— سىزنى كۆرگىلى كەلدىم، تېنىڭىز سالامەتمۇ؟ تۈنۈگۈن مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاكام كىرىپ يەنە جېدەل قىلمىغاندۇ!

باۋچەي شۇ گەپنى قىلغاچ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. شۆ ھاما ئاچا ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي بىردەم كۆز يېشى قىلدى، ئاندىن قىزىغا نەسىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— قىزىم، خورسىنمىغىن، مەن ئۇ بەتبەختنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن! ئەگەر ساڭا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مەن كىمگە ئۈمىد باغلايمەن؟

شۆ پەن تاشقىرىدا تۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، باۋچەيگە ئارقا ـ ئارقىدىن قول باغلاپ تەزىم قىلىپ ناماقۇل بولدى:

— ئوبدان سىڭلىم، بۇ قېتىم مېنى كەچۈرگىن! تۈنۈگۈن شاراب ئىچىپ قويۇپ كەچ قايتقانىدىم، يولدا لاغايلاپ قاپتىمەن، ئۆيگە كەلگەندىمۇ مەستلىكىم بېسىلمەي، نېمىلەرنى دەپ ۋالاقشىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سىڭنى رەنجىتىپ

قويۇپتىمەن.

باۋچەي قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ «تۈفى» دەپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى، ئاندىن:

— سەن مۇنداق ھارامزادىلىك قىلما ! مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىمەن، سەن بىز ئانا ـ بالا ئىككىيلەندىن بىزار بولۇپ يۈرسەن، بىر ئامال قىلىپ بىزنى ئۆزۈڭدىن نېرى قىلساڭ كۆڭلۈڭ تىنچىيدۇ.

شۆ پەن كۈلدى:

— سىڭلىم، بۇ گېپىڭگە نېمە دېسەم بولار؟ ئەزەلدىن سەن مۇنداق گۇمانخورلۇق قىلىپ قاملاشمىغان سۆزلەرنى قىلمايتتىڭغۇ؟

— سەن سىڭلىڭنىڭ «قاملاشمىغان سۆزلىرى» نى خويمۇ پەملەيدىكەنسەن، — دېدى شۆ ھاما ئۇنىڭ گېپىنى ئېلىپلا، — ئۆزۈڭنىڭ ئاخشام قىلغان سۆزلىرىڭچۇ، توغرىمۇ؟ راستىلا خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويغانمىدىڭ؟

— ئانا، سىزمۇ خاپا بولماڭ، سىڭلىممۇ بىئارام بولمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمەيمەن، بولامدۇ؟ — دېدى شۆ پەن.

— ئەمدى ئەقلىڭگە كەپسەن ! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— سەن ئىنسابقا كەلسەڭ، كۈن غەربتىن چىقىدۇ ! — دېدى شۆ ھاما.

— يەنە شۇلار بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلغىنىمنى سىڭلىم ئاڭلاپ قالسا يۈزۈمگە تۈكۈرسۇن، مېنى ھايۋان دېسۇن، ئادەم دەپ قارىمىسۇن، قانداق؟ — دېدى شۆ پەن، — ئىككىڭلار ھەر كۈنى مېنىڭلا غېمىمنى يەپ سىلەرگە ئارامچىلىق بولمايدىكەن. ئانام مەندىن خاپا بولسا، بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئەمما، سىڭلىم مەندىن غەم قىلىپلا تۇرىدىغان بولسا، مەن راستىلا ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن. ھازىر ئاتام يوق. مەن ئانامغا كۆپرەك ۋاپادارلىق

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىش، سىڭلىمغا كۆپرەك كۆيۈنۈشىنىڭ ئورنىغا ئانامنى خاپا قىلىپ قويدۇم، سىڭلىمنى دىققەتچىلىككە سالدىم، مەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئىكەنمەن!

ئۇ شۇ سۆزنى دەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

شۆ ھاما يىغلىمىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— بولدى قىل، ئانامنى يەنە يىغلىتىدىغان بولدۇڭ، — دېدى باۋچەي زورغا كۈلۈمسىرەپ.

— مەن قانداقچە ئانامنى يىغلىتىدىكەنمەن، — دېدى شۆ پەن دەرھال يېشىنى ئېرتىپ، — بولدى، بولدى! ئەمدى بۇنى تەگىمەيلا قويايلى. سىڭلىمغا شياڭلىنىڭ چاي قۇيۇپ بەرسۇن.

— مەن چاي ئىچمەيمەن، ئانام قولىنى يۇيۇپ بولغاندا بىز باغقا كىرىمىز.

— سىڭلىم، بوينۇڭدىكى سىلكىنچەكنى كۆرەيچۇ، پەرداز قىلدۇرساق بولارمىكىن؟ — دېدى شۆ پەن.

— ساپسېرىق تۇرۇپتۇغۇ، پەردازلىتىپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى باۋچەي.

— سىڭلىم، ساڭا يەنە كېيىم تىكتۇرسەك بولاتتى، قانداق رەڭ، قانداق گۈللۈك رەختنى ياخشى كۆرىسەن، ئېيتقىنا؟ — دېدى شۆ پەن يەنە.

— ئۇچامغا سېپىپمۇ باقمىغان شۇنچە كىيىملىرىم تۇرسا، يەنە تىكتۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى باۋچەي.

كۆپ ئۆتمەي شۆ ھاما كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ چىقتى ـ دە، باۋچەيىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە ماڭغاندىن كېيىن، شۆ پەن چىقىپ كەتتى.

باۋيۈينى يوقلاش ئۈچۈن، شۆ ھاما باۋچەي بىلەن باغقا كەلدى. ئارامبەخش ھويلىغا يېتىپ كەلگەندە، پېشايۋانغا تۇتاشقان ئەگىم ئايۋانلاردا خىزمەتكار ئايالالارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەننىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلدى

ۋە ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۆيگە كىرىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشتى، شۆ ھاما كارىۋاتتا ياتقان باۋيۈينى كۆرۈپ ئۈنىڭدىن ھال سورىدى:

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— خېلى ياخشى، — دېدى باۋيۈي ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشىلىپ، — ھامام بىلەن ئاچامنىڭ بۇنچىلىك ئاۋارە بولۇشىغا مەن ئەرزىمەيتتىم.

شۆ ھاما دەرھال ئۈنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ:

— بىرەر نېمە كېرەك بولسا ماڭا ئېيتىڭ، — دېدى.

— ئېسىمگە كەلگەندە، ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىدىن ئالدۇرىمەن، هاما، — دېدى باۋيۈي.

— نېمە يېگۈڭ كەلدى، — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۈنىڭدىن، — قايتىپ بارغاندا ئەۋەتىپ بېرەي.

— بىرنەرسە يېگۈممۇ يوق، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ، — قايسى كۈنىدىكى نېلۇپەر يوپۇرمىقى سالغان شورپا خېلى ئوبدان بوپتىكەن.

— كۆرسىلە ئۈنىڭ گېپىنى! — دېدى بىر چەتتە تۇرغان فېڭجيې كۈلۈپ، — يەيمەن دېگىنىغۇ چاغلىق نەرسە، پەقەت ئاغزى قىچىشىپ، ئەتەي ئاشۇ شورپىنى ئىچىمەن داۋاتىدۇ!

— ئەتكۈزۈپ بېرىڭلار! — دېدى جيا ئانا ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلاپ.

— كىچىككىنە تەخىر قىلسىلا، چوڭ ئانا، ئۈنىڭ قېلىپىنى كىم ئالدىكىن، مەن ئويلاپ باقاي ... — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

فېڭجيې ئارقىسىغا قايرىلىپ، بىر خىزمەتكار ئايالنى ئاشخانا لاۋازىماتچىسىدىن سوراپ بېقىشقا بۇيرۇدى.

ئايال كېتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە قايتىپ كېلىپ، دېدى:

— ئاشخانا لاۋازىماتچىسى تۆت دانە قېلىپنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردۇق، دەيدۇ.

— تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى مېنىڭ ئېسىمدىمۇ بار، — دېدى

www.uyghurkitap.com

فېڭجيې بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، — ئەمما كىمگە بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. بەلكىم چايخانىدا بولسا كېرەك.

ئاندىن چايخانا لاۋازىماتچىسىغا ئادەم ئەۋەتكەنىدى، ئۇمۇ ئالماپتۇ. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ قېلىپلار ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلار لاۋازىماتچىخانىسىدا بولۇپ، شۇ يەردىن ئەكېلىشتى.

شۆ هاما ئالدى بىلەن بۇ قېلىپلارنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى، ئەسلىدە بۇ بىر كىچىك قۇتا بولۇپ، ئىچىگە ئۇزۇنلۇقى بىر چى، كەڭلىكى بىر سۇڭ كېلىدىغان تۆت دانە كۈمۈش قېلىپ قاچىلانغانىكەن. بۇ قېلىپتا چوڭلۇقى پۇرچاقتەك كېلىدىغان هەر خىل تۆشۈكچىلەر ئويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ تۆشۈكچىلەرنىڭ بەزىسى جۇخار گۈل، بەزىسى مېيخۇا گۈل، بەزىسى نېلۇپەر، بەزىسى سۇ ياڭىقى شەكلىدە، هەممىسى ناهايىتى نەپىس ئىشلەنگەن ئوتتۇز ـ قىرىقچە تۆشۈك ئىكەن. شۆ هاما كۆرۈپ بولۇپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلىنىڭ بۇ قەسىردە ئويلاپ تاپمايدىغىنى يوق ئىكەن! بىر چىنە شورپا ئىچىش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس قېلىپ ياسىتىلىپتۇ. بىركىم ماڭا سۆزلەپ بەرمىگەن بولسا، بۇنى كۆرگىنىم بىلەنمۇ نېمىگە ئىشلىتىدىغان نەرسىدۇ، دەپ تاپالمىغان بولاتتىم.

فېڭجيې باشقىلارنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا سۆز قوشتى:

— هاما، سىلى تېخى بىلمەيلا، بۇلتۇر ئالاهىدىرەك بىر تاماق ئەتكۈزىدىغان ئىش بولۇپ قېلىپ، خىزمەتكارلار مۇشۇ ئامالنى تېپىپتۇ، خېمىرنى قانداق بېسىپ چىقىرىدىكىنتاڭ. ناهايىتى شۇ، ياش نېلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ خۇشبۇيىلا بولغان ئادەتتىكى شورپا ئىكەن، مەن ئىچسەم هېچقانچە تەمى يوق، ئۇنى كىممۇ داۋاملىق ئىچىدىكىنتاڭ؟ ئۆتكەن دورەم كۆرۈپ بېقىش

ئۇچۇن پەقەت بىر قېتىملا ئەتكۈزگەنىدۇق، بۇگۇن قانداق قىلىپ باۋيۇينىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدىكىن، بىلمىدىم!

فېڭجىيې قېلىپلارنى شۇ ھامىمىنىڭ قولىدىن ئېلىپ بىر ئايال خىزمەتكارغا بېرىۋېتىپ:

— ئاشخانىغا بېرىپ ئېيت، دەرھال توخۇ ۋە باشقا كېرەكلىك خۇرۇچلارنى ئېلىپ ئون چىنە شورپا تەييارلىسۇن، — دېدى.

— ئۇنچىۋالا كۆپ ئەتكۈزۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— بۇنىڭ سەۋەبى بار، — دېدى فېڭجىيې كۈلۈپ، — بۇ تاماق بىزنىڭ ئائىلىدە ئادەتتە كۆپ ئېتىلمەيدۇ، بۇگۇن بۇ تاماقنى ئۇكام باۋيۇي تىلغا ئېلىپ قالدى. يالغۇز باۋيۇيگىلا ئەتكۈزۈپ، چوڭ ئانام، ھامىمام ۋە باشقىلار ئىچمىسە ياخشى بولماس. شۇڭا، مۇشۇ باھانە بىلەن ھەممەيلەن تەمىنى تېتىپ باقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇ باھانىدە مەنمۇ بۇ يېڭىلىقنى تېتىپ باقاي - دە!

— ۋاي مايمۇنەي، ئۇستاتلىقىڭنى قارا سېنىڭ، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — پادىشاھلىق پۇل بىلەن خەقنى خۇش قىلماقچى ئىكەنسەن - دە!

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، — دېدى فېڭجىيې كۈلۈپ، — ھەربىرلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئەرزىمەس ساھىبخانىلىقنى ئۈستۈمگە ئالغۇچىلىكىم بار.

ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ خىزمەتكار ئايالغا تاپىلىدى:

— سەن بېرىپ ئاشخانىغا ئېيت، دورا - خېرىتنى ئايىماي ئىشلەتسۇن، كېتىدىغان خىراجەت مېنىڭ ھېسابىمغا بولىدۇ.

خىزمەتكار ئايال خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ چاغدا بىر چەتتە تۇرغان باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن كەلگىلى بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، تازا زەن سالدىم، فېڭجىيې يەڭگەم سۆزگە ھەرقانچە چېچەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يېتەلمەيدىكەن، — دېدى.

— بالام ! — دېدى جيا ئانا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — مەن هازىر قېرىپ قالدىم، مەندە چېچەنلىك نېمە قىلسۇن؟ مەن قىزچىلىك ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىن چېچەنرەك ئىدىم! ئۇنى فېڭجيې هازىر ماڭا يەتمەيدۇ دېگەن بىلەن، ھەرهالدا يەنە ياخشى. ئاپاڭغا سىڭلىشتۇرغاندا خېلىلا ئۇستۇن ! ئاپاڭ بىچارە كەم سۆز، ياغاچتەك تۈزلا كەتكەن ئايال بولغاچقا، قېيىنئاتا – قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا ياخشى بولالماي كەلدى. فېڭجيېنىڭ ئاغزى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىچى كۆيمەي قالمايدىكەن.

— بۇ گەپچە، كەم سۆزلۈك كىشىگە باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيمەيدىكەن – دە؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— كەم سۆزلۈكلەرنىڭمۇ كىشىنىڭ شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىچى كۆيىدىغان جايلىرى بولىدۇ، — دېدى جيا ئانا، — ئاغزى چاققان كىشىنىڭمۇ كىشىگە يامان كۆرۈنۈپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، ھەرهالدا سۆزلىمەي تۇرۇۋالىدىغانلاردىن ياخشىراق.

— راست شۇنداق، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — لى ۋەن خان ئاچام كەم سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ئانام خۇددى فېڭجيې ئاچامغا كۆيۈنگەندەكلا كۆيۈنىدۇ. ئەگەر گەپدانغا كۆيۈنۈش توغرا كەلسە، ھەمشىرىلەرنىڭ ئىچىدە فېڭجيې ئاچام بىلەن سىڭلىم دەيۈيگىلا ئىچى كۆيسە بولغۇدەك.

— ھەمشىرىلەرنى ئالىدىغان بولساق، — دېدى جيا ئانا، — مەن هاما خېنىمنىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلماقچى ئەمەسمەن، راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئائىلىدىكى تۆت قىز ئىچىدە ھېچقايسىسى باۋچەي قىزغا يەتمەيدۇ.

— بۇ سۆزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەتەي ئېيتتىلا، — دېدى شۆ هاما كۈلۈپ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋچەي قىزنى كەينىدىن دائىم ماڭا ماختاپ بېرىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرهال سۆزگە ئارىلىشىپ، — شۇڭا بۇ دېگىنى يالغان ئەمەس.

باۋيۈي ئەسلىدە جيا ئاننى دەييۈينى ماختاشقا ئۈندىگەنىدى، لېكىن باۋچەينى ماختاپ قويدى، كۆتكەن يېرىدىن چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ باۋچەيگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. باۋچەي قايرىلىپلا شىرېن بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

شۇ پەيتتە بىر خىزمەتكار كىرىپ تاماققا تەكلىپ قىلدى. جيا ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ باۋيۈيگە جېكىلىدى:

— ئۆزۈڭنى ياخشىراق كۈتۈپ، ئوبدان داۋالانغىن.

ئاندىن چۆرە قىزلارغا بىر قۇر تاپىلاپ قويۇپ، فېڭجيېگە يۆلەندى، ئاندىن شۆ هاممىغا تۈزۈت قىلىپ قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتى.

— شورپا تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ئاندىن شۆ هاممىدىن سورىدى، — سىلىنىڭ نېمە يېگۈلىرى بولسا ماڭا ئېيتىۋەرسىلە، فېڭجيې قىزغا نېمىنى يېمەكچى بولساق شۇنى ئەتكۈزۈش قولۇمدىن كېلىدۇ.

— ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىم، ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپلا تۇرىدىكەنلا، — دېدى شۆ هامما كۈلۈپ، — ئۇ سىلىگە ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرۈپ پات - پات تەملىك تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ بەرسە، تۈزۈك يېمەيدىكەنلا يا.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ هامما! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — چوڭ ئانام پەقەت ئادەم گۆشىنىلا بەتتەم دەپ يېمەيدۇ، ئەگەر ئادەم گۆشىدىن يىرگەنمىسە، بۇ چاغقىچە مېنىمۇ يەۋەتكەن بولاتتى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەستىنلا جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋيۈيمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى. شىرېنمۇ كۈلۈپ:

— ھەقىقەتەن فېڭجيې خېنىمنىڭ تىلىدىن ئادەم ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، — دېدى.

— سەن ئۇزاق ئۆرە تۇرۇپ قالدىڭ، پۇتۇڭ تالغاندۇ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

باۋيۇي شىرىننىڭ قولىدىن تارتىپ، ئاندىن ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ھە راست بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — باۋچەي خېنىمنىڭ مۇشۇ ھويلىدا بار چېغىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى يىڭئېر بىرنەچچە تال چىلتەك توقۇپ بەرگەن بولسا.

— ھەي، ھەي، خويمۇ ئېسىمگە سېلىپ قويدۇڭ، — دېدى باۋيۇي خۇشال بولۇپ، ئاندىن دېرىزە تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى، — باۋچەي ئاچا، تاماقتىن كېيىن يىڭئېرنى بىزگە ئەۋەتسىڭىز ئىكەن، بىرنەچچە تال چىلتەك توقۇپ بەرگەن بولسا، قولى بىكارمۇ؟

— ماقۇل، بىردەمدىن كېيىن ئەۋەتەي، — دېدى باۋچەي كەينىگە قاراپ.

جيا ئانا گەپنى ياخشى ئاڭلىيالماي قېلىپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى باۋچەيدىن سورىغانىدى، باۋچەي چۈشەندۈرۈپ بەردى.

— ئوبدان قىزىم، يىڭئېرگە ئېيتىپ ئۇكاڭغا بىرنەچچە تال توقۇتۇپ بەرگىن، — دېدى جيا ئانا، — ساڭا ئادەم لازىم بولسا، بىزدە بىكارچى چۆرىلەر كۆپ، قايسىسىنى ياقتۇرساڭ شۇنى چاقىرىپ ئىشىڭغا سېلىۋەرگىن.

— يىڭئېرنى ئەۋەتسەك، توقۇپ بەرسىلا بولىدىغان ئىشقۇ، — دېدى شۆ خانىم بىلەن باۋچەي كۈلۈمسىرەپ، — بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلدۇرىدىغان ئىشىمىزمۇ يوق، ئۇ ھەر كۈنى بىكارچىلىقتىن شوخلۇق قىلىپ يۈرىدۇ.

بۇلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ كېتىشىۋاتاتتى، بىردىن شياڭيۈن، پىڭئېر، شياڭلىڭلارنىڭ سۇنئىي تاغ يېنىدا خېنىگۇل ئۈزۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى، بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ئالدىغا كېلىشتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار باغدىن چىقىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا

ئانىنى ھېرىپ قالدىمىكىن دەپ، تۆر ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، جىيا ئانىمۇ پۇتىنىڭ تالغانلىقىنى سېزىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چۆرە قىزلارنى دەرھال جاي راسلاشقا بۇيرۇدى. جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ مىجەزى يوق بولغاچقا، پەقەت جۇ كىچىك ئاپا، خىزمەتكار مومايلار ۋە چۆرە قىزلار ئالدىرىشىپ پەردە قايرىشتى ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويۇپ، كۆرپە سېلىپ تەييار قىلىپ قويۇشتى. جىيا ئانا فېڭجيېگە تايىنىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئۆزى ساھىبخانا سۈپىتىدە تۆۋەنرەك ئولتۇرۇپ، شۆ خانىمنى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى؛ باۋچەي بىلەن شياڭيۈن بۇلارنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز قولى بىلەن چاي كۆتۈرۈپ كېلىپ جىيا ئانىغا تۇتتى؛ كەشتە ماھىرى لى ۋەن شۆ خانىمغا چاي ئەكېلىپ تۇتتى. جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ:

— كۈتۈشنى ئېپى يەڭگىلەرگە قويۇپ بېرىپ، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرسىڭىز، بىردەم پاراڭلاشساق بولاتتى، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بەندىڭگە ئولتۇرۇۋېتىپ فېڭجيېگە تاپىلىدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تاماقىنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلسۇن، باشقا لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ تەييارلاڭلار.

فېڭجيې ئوبدان دەپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، جىيا ئانىنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ ئېيتىپ قويۇشقا كىشى بۇيرۇدى، ئۇياقتىكى خىزمەتكار ئاياللار ئالمان ـ تالمان بۇيرۇقنى تالاغا يەتكۈزۈشتى. چۆرە قىزلارمۇ ئالدىراش يېتىپ كېلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— خان قىزلارنى تەكلىپ قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن پەقەت تەنچۈن بىلەن شىچۈن كەلدى. يىڭچۈن ساقسىز بولغانلىقتىن تاماق يېمەيدىكەن. دەييۈي توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۇن ۋاخلىق تاماقتىن بەش ۋاخلىقىنى يېسە چوڭ ئىش، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولۇشمىدى.

كۆپ ئۆتمەي تاماق كەلتۈرۈلۈپ شىرەگە قويۇلدى، فېڭجيې بىر باغلام پىل چىشى چوكىلارنى لۆڭگىگە ئوراپ، پەگاھتا ئولتۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى:

— چوڭ ئانا، هامما ئاچا، تۈزۈت قىلىشماستىن، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشسىلا، ھەرقايسىلىرىنى مەن كۈتەي.

جيا ئانا كۈلۈپ كەتتى ـ دە، شۆ هاممىغا قاراپ:

— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى.

شۆ هامما كۈلۈپ ماقۇل بولدى. فېڭجيې تۆت جۈپ چوكىنى ئايرىپ، ئىككى جۈپنى جيا ئانا بىلەن شۆ هاممىغا، ئىككى جۈپنى ئىككى ياندا ئولتۇرغان باۋچەي بىلەن شياڭيۈنگە قويدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن لى ۋەن تۆۋەنرەكتە تۇرۇپ تاماقلارنىڭ قويۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. فېڭجيې ئالدى بىلەن پاكىز قاچا تەييارلاپ باۋيۈيىنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويۇشقا ئالدىرىدى.

بىردەمدىن كېيىن نېلۇپەر يوپۇرمىقى سېلىنغان شورپا كەلتۈرۈلدى، جيا ئانا ئۇنى كۆرۈپ باقتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم نېرىراق يەردە تۇرغان يۈيچۈەرگە قايرىلىپ قاراپ، بۇ شورپىدىن باۋيۈيگە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاپىرالماسمىكىن، — دېدى فېڭجيې.

خەيرىيەت، شۇ چاغدا يىڭئېر بىلەن تۇڭشى كىرىپ كەلدى. باۋچەي بۇلارنىڭ تاماق يەپ بولغانلىقىنى بىلىپ، يىڭئېرگە:

— باۋيۈي غوجام سېنى چىلتەك توقۇپ بەرسۇن دەپ چاقىرتقان، ئىككىڭلار شۇ يەرگە بېرىڭلار، — دېدى.

يىڭئېر خوش دەپ، يۈيچۈەر بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتى.

— شۇنچىۋالا يىراق يەرگە مۇنداق ئىسسىقتا بۇنى قانداق ئېلىپ بارارمىز؟ — دېدى يىڭئېر.

— خاتىرجەم بول، — دېدى يۈيچۈەر كۈلۈپ، — بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

ئۇ بىر خىزمەتكار ئايالنى ئالدىغا چاقىرىپ، شورپا بىلەن

تاماقنى بىر قوْتىغا سالدوْردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، ئۆزلىرى قوْروْق قول مېڭىشتى. ئۇلار ئارامبەخش ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، يۈيچۇەر قوْتىنى ئالدى ـ دە، يىگىتىر بىلەن بىللە ئۆيگە كىردى. بۇ يەردە شىرىن، شىيۈ، چيوْۋېن ئۈچى باۋيۈي بىلەن چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىككىڭلار كېلىشىپ قويغاندەك ئەجەب بىللىلا كەپسىلەرغۇ؟ — دېدى ـ دە، تاماقنى يۈيچۇەردىن ئېلىشتى. يۈيچۇەر كىچىك بەندىگە كېلىپ ئولتۇردى، يىگىتىر ئولتۇرۇشقا پېتىنالمىغاچقا، شىرىن دەرھال دەسسىگۈچ ئەكېلىپ بەرگەندى، يىگىتىر يەنىلا ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى.

باۋيۈي يىگىتىرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، يۈيچۇەرنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئاچىسى جىنچۇەر ئېسىگە چۈشۈپ، كۆڭلى يەنە غەش بولدى ۋە خىجالەتچىلىكتە قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىتىرنى تاشلاپ قويۇپ يۈيچۇەر بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى. شىرىن يىگىتىرنىڭ قايرىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ۋە ئولتۇرۇشقا تارتىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدى ـ دە، قولىدىن تارتىپ يان ئۆيگە ئەكىردى ۋە چاي قۇيۇپ پاراڭغا كىرىشىپ كەتتى.

شىيۈ باۋيۈيگە چىنە بىلەن چوكا تەييارلاپ ئۇنى كۈتمەكچى بولغانىدى، ئەمما باۋيۈي تاماق يېمەستىن، يۈيچۇەردىن گەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئاناڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟

يۈيچۇەر چىرايىدىن خاپا كۆرۈنەتتى، باۋيۈيگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي، بىرھازادىن كېيىن پەقەت «ياخشى» دەپلا قويدى. باۋيۈي ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— سىنى ماڭا تاماق ئەكىلىشكە كىم ئەۋەتتى؟

— كېلىن خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم بولماي كىم بولاتتى! — دېدى يويچۇەر.

باۋيوي ئۇنىڭ چىرايىدىن يىغا يىغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچىسى جىنچۇەر ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، سالاپىتىدىن چۆچۈپ كەمتەرلىك بىلەن ئۇنى بەزلىمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ يەردە باشقا كىشىلەر بولغاچقا، سالاپىتىدىن چۆچۈشكە ئوڭايسىزلاندى. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن گەپ سورىدى. يويچۇەر باشتا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلغۇسى كەلمىگەنىدى، لېكىن باۋيوينىڭ قىلچە خۇيلانمىغانلىقىنى، شۇنچە بەز قۇلاق بولغىنىغا قارىماي، مۇلايىم ئىككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، چىرايىدا ئانچە ـ مۇنچە خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

— ئوبدان ئاچا، — دېدى باۋيوي تەبەسسۇم بىلەن يالۋۇرۇپ، — شورپىنى ئەكىلىپ بەرگىنە، تېتىپ باقاي.

— مەن كىشىگە تاماق يېگۈزۈشنى ئەزەلدىن بىلمەيمەن، بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ، ئۇلار كىرگەندە ئىچەرسىز، — دېدى يويچۇەر.

— مەن سىنى ئىچۈرۈپ قوي دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — مەن ماڭالمىغانلىقىم ئۇچۇن سەن ئەكىلىپ بەرسەڭ ئۆزۈم ئىچىمەن، ئۇ چاغدا سەنمۇ بالدۇرراق قايتىپ، ئۇچۇرنى بېرىپ قويۇپ تاماقىڭنى يەيسەن. سىنى بۇ يەردە كاشىلا قىلىپ تۇرۇۋالسام، ئۇ چاغدا قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر مىدىرلاشقا ئېرىنسەڭ، ئاغرىقىمغا چىداپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۆزۈم ئەكىلەي ئەمىسە.

شۇ سۆز بىلەن باۋيوي كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولۇپ تىرمىشىپ باققانىدى، لېكىن چىداشلىق بېرەلمەي «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. يويچۇەر ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ

چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇردى ـ دە:
— سىز يېتىۋېرىڭ، بۇ دۇنيادا قىلغان گۇناھلىرىڭىزنىڭ ئازابىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تارتىۋاتىسىز. قايسى كۆزۈم بىلەن قارىسام بولاركىنتاڭ سىزگە؟ — دېدى ـ دە، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، شورپىنى ئەكىلىپ بەردى.
— خېنىم ئاچا، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ئاچچىقىڭنى چىقارماقچى بولساڭ، مۇشۇ يەردىلا چىقىرىۋال، ئەمما چوڭ ئانام بىلەن ئانامنىڭ ئالدىدا مۇلايىمراق بولغىن. ئۇنداق قىلمىساڭ تىل ئىشىتىۋالىسەن.
— شورپىڭىزنى ئىچىڭە! — دېدى يۈيچۈەر، — بولدى، ئۇنداق شېرىن گەپلىرىڭىزنى قىلمايلا قويۇڭ، مەن ھەممىنى بىلىمەن!
ئۇ شورپىنى ئىچىشكە ئالدىراتقانلىقتىن، باۋيۈي بىر ـ ئىككى ئوتلاپ قويۇپ:
— تەمى يوق ئىكەن، — دېدى قەستەن.
— تۈۋا! بۇنىڭ تەمى بولمىسا، نېمىنىڭ تەمى بولار! — دېدى يۈيچۈەر ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.
— پەقەتلا تەمى يوق، — دېدى باۋيۈي، — ئىشەنمىسەڭ تېتىپ باق، شۇ چاغدا بىلىسەن.
يۈيچۈەرنىڭ راستىلا جۇدۇنى تۇتۇپ، شورپىنى ئىچىپ باققانىدى، باۋيۈي كۈلۈپ:
— ئەمدى تەم كىردى! — دېدى.
يۈيچۈەر ئاشۇ سۆز بىلەن باۋيۈينىڭ شورپىنى ئۆزىنى ئالداپ ئىچۈرگەنلىكىنى چۈشەندى.
— بايا ئىچمەيمەن دەيسىز، ئەمدى تەم كىردى دەۋاتىسىز، بۇنى سىزگە ئىچۈرمەيمەن! — دېدى يۈيچۈەر كۈلۈپ.
باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ ئەمدى ئىچەي دەپ يالۋۇرۇپ باقتى، يۈيچۈەر بەرمەي، تاماق تارتىش ئۈچۈن كىشى چاقىردى، چۆرە قىز كىرىپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكارلاردىن بىرسى خەۋەر ئېلىپ

كىردى:

— فۇشى غوجامنىڭكىدىن ئىككى موماي ئېسەنلىك سورىغىلى كەپتىكەن، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەك، دەيدۇ.

باۋيۇي بۇ مومايلارنىڭ دادخا بەگ فۇشىنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. فۇ شى ئۆز ۋاقتىدا جيا جېڭنىڭ ھەمتاۋاقلىرىدىن بولۇپ، جيا خانىدانىنىڭ شۆھرىتىگە تايىنىپ نەپ ئېلىپ كەلگەنىدى، جيا جېڭمۇ ئۆزىنىڭ باشقا ھەمتاۋاقلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم پات - پات كىشى ئەۋەتىپ تۇراتتى. باۋيۇي ئادەتتە ھېيىقمايدىغان ئەرلەر، ئەخمەق ئاياللار بىلەن خۇشى يوق بولۇپ تۇرۇقلۇق، بۈگۈن نېمىشقا بۇ ئىككى ئايالنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. باۋيۇي فۇ شىنىڭ فۇ چيۇفاڭ ئىسىملىك ساھىبجامال بىر سىڭلىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قىز گۈزەللىك ۋە ئىستېدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىكەن، باۋيۇي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى، شۇڭا باۋيۇي ئۇلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىسام، فۇ چيۇفاڭ خاپا بولۇپ قالارمىكىن دەپ، كىرىشكە دەرھال بۇيرۇق بەرگەنىدى.

فۇ شى ئەسلىدە بىردىنلا بېيىغان ئادەم ئىدى، سىڭلىسى فۇ چيۇفاڭ خېلىلا چىرايلىق ۋە ئىنتايىن ئەقىللىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر زەردار ئېسىلزادە ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇشنى كۆزلەپ، ئاسانلىقچە بىركىمگە ماقۇل بولغۇسى كەلمەي، ئۇنىڭ توي ئىشىنى مۇشۇ كەمگىچە كېچىكتۈرۈپ كەلگەنىدى. فۇ چيۇفاڭ ھازىر يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى چاي ئىچۈرۈلگىنى يوق، فۇ شى تېگىدىن تېجىمەل، قول - ئىلكىدە يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، زەردار ئېسىلزادىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قۇدا چۈشكۈسى كەلمەيتتى. فۇ شىنىڭ جيا ئائىلىسى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشىدىمۇ مەلۇم غەرىزى بار ئىدى.

بۇگۈن مانا بۇ يەرگە ئىككى خوتۇننى، يەنە كېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن نادان خوتۇنلارنى ئەۋەتىپتۇ. بۇلار باۋيۈيىنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىشتى ـ دە، ئەھۋال سورىغاندىن باشقا، تۇزۇكرەك بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىشمىدى. يۈيچۈەر بولسا بۇ بىگانە خوتۇنلارنى كۆرۈپ، باۋيۈي بىلەنمۇ غەلۋە قىلىشماي، شورپىنى تۇتقان پېتى گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالدى. باۋيۈيمۇ ئۇ خوتۇنلارغا گەپ قىلىش بىلەن بولۇپ، شورپىنى ئىچىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتقاندى، ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزى ھېلىقى خوتۇنلاردا بولغاچقا، كۇتۇلمىگەندە چىنىگە قولى ئۇرۇلۇپ كېتىپ، باۋيۈينىڭ قولىغا شورپا تۆكۈلۈپ كەتتى. يۈيچۈەرنىڭ قولىغا تۆكۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەندىكىپ:

— بۇ نېمە بولغىنى؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى.

چۆرە قىزلار ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىپ چىنىنى قولىغا ئېلىشتى. باۋيۈي ئۆزىنىڭ قولى كۆيۈپ قالغان بولسىمۇ، بۇنى سەزمەي، يۈيچۈەردىن:

— نەرىڭ كۆيۈپ قالدى؟ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۈيچۈەر بىلەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ قولى كۆيۈپ قالسا مەندىن سورايسىزغۇ؟ — دېدى يۈيچۈەر.

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ قولى كۆيۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. خىزمەتكارلار دەرھال شورپا تۆكۈلگەن يەرنى سۈرتۈۋەتتى. باۋيۈي تاماقمۇ يېمەستىن، قولىنى يۇيۇپ چاي ئىچتى. ئاندىن ھېلىقى ئىككى ئايال بىلەن ئازراقلا پاراڭلىشىپ قويدى. بۇ ئىككى ئايال كۆپ ئولتۇرماي خوشلىشىپ ياندى. چىڭۋېن بۇلارنى كۆۋرۈككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ ئاياللار ئەتراپتا كىشى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يول ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى:

— بەزىلەرنىڭ باۋيۈينىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئەمما

ئۆزى ھاماقەت دېگەنلىكى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى، — خۇددى كۆرۈشكىلا بولىدىغان، يېپىشكە بولمايدىغان مېۋىگىلا ئوخشايدىكەن، راستىلا ھاڭۋاقتى ئىكەن. ئۆزىنىڭ قولى كۆيۈپ قالسا، باشقىلاردىن قولۇڭ ئاغرىۋاتامدۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ. بۇ ھاڭۋاقتىلىق بولماي نېمە؟

— مەن ئالدىنقى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ تولىسى باۋيۇيىنى ئۇچىغا چىققان ھاڭۋاقتى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى يەنە بىر ئايال، — ئۇ ئۆزى قاتتىق يامغۇردا قېلىپ، سۇغا چۈشكەن توخۇدەك بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆزى بىلەن كارى بولماي، باشقىلارغا: «يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭنى تېزرەك دالدىغا ئال!» دەپتۇ. ئېيتقىنا، بۇمۇ كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە يېنىدا ھېچكىم يوق چاغلاردا ئۆزىچە بىردەم يىغلايدىكەن، بىردەم كۈلىدىكەن، قارلىغاچنى كۆرسە قارلىغاچ بىلەن سۆزلىشىدىكەن، دەريادىكى بېلىقنى كۆرۈپ قالسا بېلىق بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىدىكەن، يۇلتۇزلار بىلەن ئايغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىكەن ياكى غودۇڭشىپ بىرنېمىلەرنى دەيدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا كىچىككىنىمۇ ئەر كىشىنىڭ مىجەزى يوق، ھەتتا ئاشۇ تەنتەك قىزلارنىڭ خۇلقى سىڭىپ قالغانىكەن. بىرنەرسىنى ئاياشقا كەلگەندە، ھەتتا بىر تال يىپ ئۈچىنىمۇ ئىنتايىن قەدىرلەپ كېتىدىكەن. زايە قىلىشقا كەلگەندە، ھەتتا ئون مىڭ سەرلىك نەرسە بولسىمۇ كارى بولمايدىكەن.

بۇ ئىككى ئايال ئاشۇنداق گەپلەشكەچ باغدىن چىقىپ يېنىپ كېلىشتى. بۇ سۆز شۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى شىرېنگە كەلسەك، ئۇ ھېلىقى ئاياللار كەتكەندىن كېيىن، يىڭئېرنى باۋيۇيىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قانداق چىلتەك توقۇتىمىز؟

— مەن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سېنى ئېسىمدىن
چىقىرىپ قويۇپتىمەن، — دەپ كۈلدى باۋيۈي يىڭئېرگە
قاراپ، — سېنى ئاۋارە قىلىپ چاقىرتىشىم باشقا نەرسە ئۈچۈن
ئەمەس، ئۆزۈمگە بىرنەچچە تال تور توقۇتماقچىدىم.

— نېمە سالىدىغان تور؟ — دەپ سورىدى يىڭئېر.

— نېمە سالسام مەيلى، ئىشقىلىپ، ھەر خىل توردىن بىر
نەچچىنى توقۇپ بەرسەڭ بولدى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— بەللى ! — دېدى يىڭئېر قولىنى ئۇرۇپ، — ئۇنداق
بولسا، مەن ئون يىلدىمۇ توقۇپ بولالمىغۇدەكمەن.

— ئوبدان قىز، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر
قىلىدىغان ئىشىڭمۇ يوق، قولۇڭ بوش ئىكەن، ماڭىلا تور
توقۇساڭ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنى بىر قېتىمدىلا توقۇپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ — دېدى
شىرېن سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئاۋۋال ئەڭ زۆرۈرلىرىدىن تاللاپ
توقۇسۇنلا.

— توغرا، ئاۋۋال قايسىسى زۆرۈر؟ — دېدى يىڭئېر، —
يەلپۈگۈچ قېپىمۇ ياكى سىرغا سالىدىغان تورمۇ ياكى ياغلىق
سالىدىغان تورمۇ؟

— بوپتۇ، ياغلىق سالىدىغاننى توقۇ، — دېدى باۋيۈي.

— ياغلىقلىرىنىڭ رەڭگى قانداق؟ — دەپ سورىدى يىڭئېر.

— توق قىزىل.

— توق قىزىل بولسا، قارا تور تازا ئاچىدۇ ياكى قارامتۇل
كۆك بولسىمۇ ياغلىقنىڭ رەڭگى توردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ.

— ئارچا چېچىكى قانداق رەڭگە ماس كېلىدۇ، — دەپ
سورىدى باۋيۈي.

— ئارچا چېچەكى شاپتۇل رەڭگە ماس كېلىدۇ؟ — دېدى
يىڭئېر.

— مانا شۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئاچراق بولسا

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— پىياز كۆكى ياكى سېرىق سۆگەت رەڭگىدە بولسا تېخىمۇ ئاچاتتى، — دېدى يىڭئېر.

— بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — ئۇنداق بولسا، شاپتۇل چېچىكى رەڭدىن بىرنى، پىياز كۆكى رەڭدىن بىرنى توقۇپ بەرگىن.

— گۈلى قانداق بولسۇن؟ — دېدى يىڭئېر.

— بىرقانچە خىل گۈل نۇسخىلىرىمۇ بارمۇ تېخى؟ — دېدى باۋيۈي.

— «بىر تال كۈجە»، «ئۆرە بەندىڭ»، «پىل كۆزى»، «چاتما كاتەكچە»، «چېتىق هالقا»، «هەپىرەڭگۈل»، «سۆگەت ياپرىقى» دېگەن نۇسخىلار بار، — دېدى يىڭئېر.

— ئۆتكەن قېتىم تەنچۈن قىزغا قايسى گۈل نۇسخىدا توقۇپ بەرگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— «قاتمۇقات هەپىرەڭ».

— شۇ نۇسخا ياخشى ئىكەن، — دېدى باۋيۈي.

شۇ سۆزدىن كېيىنلا شىرېن يېپ ئەكەلدى. دېرىزىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قىزلارنىڭ تامىقى تەييار بولدى.

— سىلەر تاماققا بېرىپ تېزرەك يەپ كېلىڭلار، — دېدى باۋيۈي.

— بۇ يەردە مېهمان تۇرسا، تاشلاپ كەتسەك سەت بولمامدۇ؟ — دېدى شىرېن كۈلۈپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بېرىپ تامىقىڭنى يەۋەرگىن، — دېدى يىڭئېر يىپنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

شىرېن چىقىپ كەتتى. باۋيۈينىڭ قېشىدا ئىككى چۆرە قىز قالدۇرۇلدى.

باۋيۈي يىڭئېرنىڭ تور توقۇشىغا كۆز سالغاچ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشتى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.
— ئون بەشكە، — دەپ جاۋاب بەردى يىڭگېر تور توقۇۋېتىپ.
— فامىلەڭ نېمە؟
— فامىلەم خۇاڭ①.
— ئىسمىڭ جىسمىڭغا لايىق ئىكەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — دەرۋەقە، سەن سېرىق سوپىسوپىياڭنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن.
— بۇرۇن ئىسمىم ئىككى خەتلىك بولۇپ، جىنيىڭ② ئىدى، — دېدى يىڭگېر كۈلۈپ، — باۋچەي خېنىم ئىغىزغا ئەپلىشىپ بەرمەيدىكەن دەپ، يىڭگېر دەپلا ئاتايدىغان بولدى. ھازىر مېنى ھەممەيلەن مۇشۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىشىدۇ.
— باۋچەي ئاچام سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمايدۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي، — ئۇ ئەتە - ئۆگۈن ياتلىق بولغاندا، چوقۇم سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.
يىڭگېر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— مەن پات - پات شىرىن ئاچاڭغا: ئەتە - ئۆگۈن قانداق تەلەيلىك كىشى يىڭگېر بىلەن غوجايىنى ئىككىسىنى قولغا چۈشۈرەركىن دەيمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.
— سىلى تېخى بىزنىڭ خان قىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەردە كۆرۈلمىگەن بىرقانچە ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا، — دېدى يىڭگېر، — چىراي - تۇرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.
باۋيۇي يىڭگېرنىڭ گەپتە چېچەنلىكىگە، مەپتۇن قىلارلىق كۈلكىسىگە بېرىلىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغاي دېگەن يەردە، باۋچەينى تىلغا ئېلىۋاتسا ئۆزىنى تۇتالامتى؟ ئېپى كەلگەچكە:
— قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟ بىر - بىرلەپ سۆزلەپ

---

① خۇاڭ — سېرىق مەنىسىدە.
② جىنيىڭ — ئالتۇن سوپىسوپىياڭ.

باققىنا، ئاڭلاپ باقاي، — دەپ سورىدى.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي. ئەمما، ئۆزىگە ئېيتىپ قويمىسىلا، — دېدى يىگىت.

— ئەلۋەتتە ئېيتمايمەن - دە، — دەپ كۈلدى باۋيۈي.

— نېمانداق جىم بولۇپ كەتتىڭلار؟ — شۇ پەيتتە تاشقىرىدىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىككىسى دەرھال ئىشىك تەرەپكە قارىغاندى، بوسۇغىدا بۆلەك كىشى ئەمەس، باۋچەيىنىڭ ئۆزى تۇراتتى. باۋيۈي دەرھال ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

باۋچەي ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— نېمە توقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ يىگىتنىڭ قولىغا قاراپ. تورنىڭ ئاران يېرىمى توقۇپ بولۇنغانىدى.

— بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە قاشتاشنى سالىدىغان تور توقۇساڭ بوپتىكەن.

بۇ سۆز بىلەن باۋيۈينىڭ ئېسىگە ئاشۇنداق تور كېلىپ، ئالىقىنىغا ئۇرۇپ كۈلدى:

— ئاچامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇنىڭغا قايسى رەڭ باب كېلەر؟

— تۇم قارا زادىلا توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى باۋچەي، — توق قىزىلمۇ رەڭ تالىشىپ قالىدۇ، سېرىق رەڭمۇ كۆزۈمسىز، قارا رەڭ بەك تۇتۇق. مېنىڭچە، ئۆزۈڭدىكى كالاۋۇتۇننى ئەكېلىپ، قارا يىپ بىلەن قوشۇپ بىر تال - بىر تالدىن يىمىرىپ توقۇساڭ چىرايلىق چىقىدۇ.

باۋيۈي بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى - دە، شىرېننى كالاۋۇتۇن ئەكېلىپ بەر دەپ قايتا - قايتا توۋلىدى. دەل شۇ چاغدا شىرېن ئىككى قاچا سەي كۆتۈرۈپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ باۋيۈيگە دېدى:

— بۈگۈن تازا قىزىق ئىش بولدى، بايا ئاغىچا خېنىم ماڭا ئىككى قاچا سەي ئەۋەتىپتۇ.

— بەلكىم بۇگۈن تاماق كۆپرەك بولۇپ قېلىپ، سىلەرنى يەۋەتسۇن دەپ ئەۋەتىپ بەرگەندۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى شىرېن، — ئىسمىمنى ئاتاپ ئەۋەتىپتۇ، ھەتتا ئۇيانغا ئۆتۈپ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دەپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش - دە!

— ساڭا ئەۋەتكەن بولسا ئۆزۈڭ يەۋەرگىن، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — بۇنىڭ گۇمانلىنىدىغان نېمىسى بار.

— ئەزەلدىن بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان! — دېدى شىرېن، — ئادەم خىجىل بولىدىكەن.

باۋچەي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مۇشۇنىڭغىمۇ خىجىل بولدۇڭمۇ؟ ئەتە - ئۆگۈن تېخى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خىجىل بولىدىغان ئىش بار، — دېدى.

شىرېن گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بارلىقىنى پەملىدى. ئادەتتە باۋچەينىڭ ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ كىشىنى ھەزىل قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. قايسى كۈنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇندىمەيلا قويدى ۋە سەينى باۋيۇيگە كۆرسىتىپ:

— مەن قولۇمنى يۇيۇپ ئاندىن يەپ ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى - دە، ئۇدۇللا چىقىپ كەتتى.

شىرېن تاماقنى يەپ بولۇپ قولىنى يۇيۇپ كىردى، ئاندىن كالاۋۇتۇن يىپنى يىڭنىگە ئەكېلىپ بەردى. بۇ چاغدا شۆ پەن ئەۋەتكەن ئادەم باۋچەينى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۇي يىڭنىنىڭ تور توقۇشىغا قاراپ ياتاتتى، تۇيۇقسىز، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىككى دېدەكى كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىككى خىل مېۋە ئەكەپتۇ.

— ھازىر ماڭالايدىغان بولدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلار باۋيۇيدىن، — ماڭالايدىغان بولسىلا، ئۆزلىرىنى ئەتە بىز تەرەپكە كېلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كەتسە دەپ تەكلىپ قىلغانىدى. ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.

— مەن ماڭالايدىغان بولغاندا، چوقۇم بېرىپ ئاغىچا خېنىمدىن تىنچلىق سوراپ كېلىمەن، — دېدى باۋيوي، — ئاغرىقىم بۇرۇنقىدىن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولسۇن.

باۋيوي ئىككى دېدەكنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئاندىن چيۇۋېننى چاقىرىپ دېدى:

— چيۇۋېن، بۇ مېۋىلەرنىڭ يېرىمىنى لىن دەييۇي خېنىمغا ئاپىرىپ بەرگىن.

چيۇۋېن خوش دەپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ھويلىدا دەييۇينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. باۋيوي ئالدىراپ دەييۇينى تەكلىپ قىلىشقا كىشى بۇيرۇدى. ئەمدى نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## قىزىل قۇۋا ھۇجرىسىدا قوشماق ئۆردەك كەشتىسىنى تىكىۋېتىپ چۈشەكگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالغانلىقى
## مۇھەببەت قىسمىتىدە ھەركىمنىڭ ئۆز نېسىۋىسى بولىدىغانلىقىنى نەشپۈتلۈك ھويلىدا ئۇققانلىقى

جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باۋيۈيىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. لېكىن، جىيا جېڭ باۋيۈيىنى يەنە چاقىرتىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە، جىيا جېڭنىڭ يېقىن مۇلازىمىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان ياكى مېھمان كۈتىدىغان ئىش ـ كۈش چىقىپ قېلىپ، بېگىنىڭ باۋيۈيىنى چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇسا، سەن كېلىپ خەۋەر قىلىپ يۈرمەي، بېگىڭگە مېنى دېدى دەپ مۇنداق مەلۇم قىلىپ قوي: بىرىنچى، تاياقنىڭ زەربى ئېغىر بولغاچقا، بىرنەچچە ئاي ئوبدان داۋالانسا ئاندىن ماڭالايدىكەن؛ ئىككىنچى، بەگزادەمنىڭ يۇلتۇزى ئوڭۇشسىز بولۇپ، نەزىر ئۆتكۈزۈش لازىم ئىكەن، شۇڭا سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە بولمايدىكەن، سەككىزىنچى ئاي ئۆتسە، ئاندىن يان ئىشىك بىلەن تالاغا چىقالايدىكەن، دېگىن.

مۇلازىم خوش دەپ بۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. جىيا ئانا يەنە لى ئېمىكئانا بىلەن شىرېننى چاقىرتىپ، بۇ سۆزلەرنى باۋيۈيگىمۇ ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشنى بۇيرۇدى.

باۋيۇي ئادەتتە تۆرە ـ ئەمەلدارلار ۋە ئېرەكتىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە خۇشى يوق ئىدى. ئېگىز قالپاق، رەسمىيانە تونلاردىن، تەبرىكلەش ـ پاتىھەلەش قاتارلىق باردى ـ كەلدى ئىشلىرىدىن ناھايىتى بىزار بولغانىدى. بۈگۈن ھېلىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كېرىلىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىشنى پۈتۈنلەي توختىتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئائىلىدە بەلگىلەنگەن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ئىشىنىمۇ خالىسا قىلىدىغان، خالىمىسا قىلمايدىغان بولدى. ئۇ كۈنبويى پەقەت باغدىلا تاماشا قىلاتتى، ئولتۇراتتى ياكى ياتاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا بىر قېتىم كىرىپ قوياتتى. كۈنبويى جان ـ دىلى بىلەن دېدەك قىزلارغىلا پايپېتەك بولۇپ، ۋاقتىنى پۈتۈنلەي بەخىرامان ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر باۋچەي قۇراملىقلار گاھىدا پەيت تېپىپ نەسىھەت قىلماقچى بولسا، ئاچچىقى كېلىپ مۇنداق دەيتتى:

ـــ شۇ قەدەر پاك، مەسۇم قىز تۇرۇقلۇق شۆھرەتپەرەسلىكنى ئۆگىنىپ، مۇناپىق ـ هارامتاماقلارنىڭ يولىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىغا ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلاردىن چىققان ساقال ـ سۇمباتلىق مەخلۇقلارنى يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن يوق يەردىن ئىش تۇغدۇرۇپ، غەرەزلىك توقۇپ چىقارغان ئويدۇرمىلىرى زامىن بولغان. مەن ھاياتىمنىڭ بۇنداق بەختسىز بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. يەنە كېلىپ ئېسىل ھەرەم قىزلىرىغىمۇ ئاشۇنداق ئادەتنىڭ يۇقۇپ قالغانلىقى شۇلار ئۈچۈن جاھاندىكى بارلىق نازاكەتلىك ۋە دانالىقنى ياراتقان تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە خىلاپ كېلىدۇ.

كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاسانلىقچە ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. يالغۇز دەييۈيلا كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنى مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە يامىشىش، نام ـ ئابرۇي قازىنىشقا دەۋەت قىلمايتتى، شۇنىڭ

ئۇچۇن باۋيۇيمۇ دەييۇينى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى.

بىز ئەمدى قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ئۆز ھېكايىمىزگە كېلەيلى. جىنچۇەر ئۆلگەندىن كېيىن، بىردىنلا بىرقانچە چاكار ۋە خىزمەتكار ئاياللار فېڭجيېگە پات ـ پات سوۋغات ئەكېلىدىغان، سالامغا كېلىپ خۇشامەتچىلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدى. فېڭجيې بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق قىلىشىدىغانلىقىنى ئۇقالماي گۇمانلىنىپ قالدى. بۈگۈن يەنە ئۇنىڭغا بەزىلەر سوۋغات ئەكېلىشكەندى، كەچقۇرۇن كىشى يوق چاغدا ئۇ پىڭئېردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقتى. پىڭئېر سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ :

— خېنىم، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەقىللىرى ئىشلىمىدىمۇ؟ مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇلارنىڭ قىزلىرى ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان دېدەكلەر، ھازىر ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە تۆت چوڭ دېدەك بار، ئۇلار ئېيىغا بىر سەر كۈمۈش ئالىدۇ، قالغانلىرى بولسا ئېيىغا بىرنەچچە يۈز داچەندىن ئېلىشىدۇ. ھازىر جىنچۇەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئېيىغا بىر سەر كۈمۈش ئالىدىغان ئاشۇ بوش ئورۇننى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— راست، راست، سەن توغرا ئويلاپسەن! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بۇ كىشىلەرمۇ ئىنساب دېگەننى زادى بىلمەيدىكەن، بولمىسا پۇلنى يېتەرلىك تېپىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ئېغىر ئىشلارنىمۇ قىلدۇرمايمىز، بۇلارنىڭ قىزلىرى دېدەك بولۇپ، ئۆزىنى سىغدۇرالىغىنىغا شۈكۈر قىلسا بولاتتى. تېخى ئۇ ئەپلىك ئىشنىمۇ كۆزلىشىۋېتىپتۇ ـ دە! بۇ ئائىلىلەرنىڭمۇ ماڭا پۇل خەجلىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بوپتۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، نېمە ئېلىپ كەلسە شۇنى ئېلىۋېرىمەن، ھەرىبىر ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بار.

فېڭجيې شۇ پىكرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇ كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك سوۋغات ئەكېلىشىنى كۈتۈپ ۋاقىتنى كەينىگە

سۇرۇۋۇەردى ۋە كېيىنرەك ۋاقىت تاپقاندا بۇ ئىشنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويماقچى بولدى.

بۈگۈن چۈشتە شۇ ھامما، باۋچەي، دەيىۈيلەر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە تاۋۇز يېيىشىۋاتاتتى. فېڭجيې پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى:

— يۈيچۈەرنىڭ ئاچىسى ئۆلگەندىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدا دېدەكلەردىن بىرسى كېمىيىپ قالدى، ئۆزلىرى قايسى دېدەكنى ياراتسىلا ماڭا ئېيتىپ قويغان بولسىلا، كېلەر ئايدا ئايلىق تارقىتىشقا ئوڭاي بولاتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز ئويلىنىپ، ئاندىن:

— مېنىڭچە، چوقۇم تۆت - بەشتىن دېدەك بولسۇن دەيدىغان قائىدىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئىشقا يېتەرلىك بولسىلا بولدى. بۇنداق قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، — دېدى.

— راستىنى ئېيتقاندا، سىلىنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — لېكىن بۇ ئاۋۋالدىن تارتىپ كېلىۋاتقان كونا قائىدە، باشقىلارنىڭ تېخى ئىككىدىن خىزمەتكارى بار. خېنىم، ئۆزلىرىزە، بۇ قائىدىنى سۇرۇشتۇرمەيدىكەنلا - دە! بىرەر سەر كۈمۈشنى تېجەپ قېلىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەنە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، دېدى:

— بوپتۇ، مۇشۇ قائىدە بويىچە ئايلىق بېرىۋېرىڭلار، ئادەم تولۇقلاشنىڭ ھاجىتى يوق، بىر سەر كۈمۈشنى جىچنۈەرنىڭ سىڭلىسى يۈيچۈەرگە بېرەيلى، ئۇنىڭ ئاچىسى ماڭا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتى ياخشى بولمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ سىڭلىسى خىزمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئىككى كىشىلىك مائاش ئالسىمۇ ئۇشۇقلۇق بولمايدۇ.

فېڭجيې خوش دېدى - دە، يۈيچۈەر تەرەپكە قايرىلىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن، قۇتلۇق بولسۇن! — دەپ قويدى.

يۈيچۈەر يىقىن كېلىپ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن جۇ كىچىك ئاپىنىڭ ئايلىقى قانچە؟

— ھەربىر كىشىگە ئىككى سەر قىلىپ بەلگىلەنگەن، — دېدى فېڭجيې، — جاۋ كىچىك ئاپا ئۇكام جيا خۇەن ئۈچۈنمۇ ئىككى سەر، جەمئىي تۆت سەر ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە تۆت تىزىق داچېنمۇ بار.

— شۇ پۇلنى ئايمۇئاي ساق بېرىۋاتامسىلەر؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

فېڭجيې بۇ سوئالدىن ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا ساق بەرمەيدىكەنمىز؟ — دېدى.

— قايسى كۈنى بىركىمنىڭ، ماڭا بىر تىزىق داچەن كەم بەردى، دەپ ئاغرىنغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— كىچىك ئاپىلارنىڭ قېشىدىكى دېدەك قىزلار ئەسلىدە ئېيىغا بىر تىزىق داچەندىن مائاش ئالاتتى، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى فېڭجيې، — لېكىن بۇلتۇردىن باشلاپ خەزىنىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، كىچىك ئاپىلارنىڭ قېشىدىكى ھەربىر دېدەكنىڭ ئالىدىغان مائاشىدىن يېرىمى قىسقارتىلىپ، بەش يۈز داچەندىن بېرىش بەلگىلەنگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ھەر ئىككى دېدەككە بىر تىزىق داچەن كەم بېرىلگەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، مېنىڭچە بولغاندا، ساق بەرگۈم بار ئىدى، خەزىنىدىكىلەر تۇتۇپ قاپتۇ، بۇ يەردە مەن قولدىن ئۆتكۈزگۈچى، قانچىلىك بېرىش، قانداق بەرمەسلىك مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن ئاشۇ ئىككى ئۇلۇشنىڭ ئاۋۋالقىدەك بېرىلگىنى تۈزۈك دەپ ئىككى - ئۈچ قېتىم ئېيتىپ باقتىم. لېكىن، ئۇلار: «ياق، شۇنچىلىكلا بېرىلىدۇ» دەپ

تۇرۇۋېلىشتى. بۇ توغرىدا يەنە گەپ قىلىش ماڭىمۇ تەس بولۇپ قالدى. ھازىر مەن ئۇلارغا ئۆز قولۇم بىلەن ھەر ئايدا، ھەتتا بىر كۈنمۇ ئۇيان ـ بۇيان قىلماي مائاشىنى بېرىپ كېلىۋاتىمەن. بالدۇر خەزىنىدىن ئۆزلىرى ئېلىشقاندا، ئۇلار قايسى ئايدا قىسىلماي قاپتىكەن؟ قاچان بىر كۈنىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدۇق دېگىنى باركىنتاڭ؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خېلىغىچە ئۈنچىقماي تۇرۇپ، ئاندىن يەنە سورىدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە بىر سەردىن ئالىدىغانلىرىدىن نەچچىسى بار؟

— سەككىز كىشى، — دېدى فېڭجيې، — ھازىر بارلىرى يەتتە، يەنە بىرسى شىرېن.

— شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇكاڭ باۋيۈينىڭ ئۆيىدىنمۇ بىر سەر ئايلىق ئالىدىغان دېدەك يوق. شىرېن يەنىلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار ھېسابلىنىدۇ.

— شۇنداق، شىرېن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمەتكارى ئىدى، ئۇكام باۋيۈينىڭ خىزمىتىگە بېرىلگەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئۇ بىر سەر كۈمۈشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدىكى ھېسابىدا ئالىدۇ، ھازىر شىرېننى باۋيۈينىڭ خىزمەتكارى دەپ، بۇ بىر سەر كۈمۈشنى قىسقارتىۋەتسەك زادى توغرا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يەنە بىر كىشى قوشۇپ بېرىلسە، شىرېننىڭ مائاشىنى قىسقارتىۋەتسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ مائاشى قىسقارتىلمىغاندا، ئۇكام جيا خۇەننىڭ ئۆيىگە يەنە بىر خىزمەتكار قوشۇپ بېرىلسە، ئاندىن ئادىللىق بولىدۇ! چىڭۋېن، شېيۈ قاتارلىق يەتتە دېدەكنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئېيىغا بىر تىزىق داچەن ئايلىق ئالىدۇ، ئەمدى جيا خۇەي قاتارلىق سەككىز چۆرە قىزغا كەلسەك، ئۇلار ئېيىغا ھەربىرى بەش يۈز داچەندىن پۇل ئالىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ

سۆزى بىلەن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا ھېچكىم غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمايدۇ.

— قاراڭلار، فېڭجىيې خاننىڭ ئاغزىنىڭ چاققانلىقىنى! — دېدى شۆ ھاما كۈلۈپ، — خۇددى ھارۋىدىن ياڭاق تۆكۈلگەنگە ئوخشايدۇ، ھېسابى شۇنچىلىك ئېنىق، كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىمۇ ئورۇنلۇق.

— ھاما، يا مەن خاتا سۆزلەپ قويدۇممۇ؟ — دېدى فېڭجىيې كۈلۈپ.

— قاچان بىر خاتا سۆزلىگەن يېرىڭىز بار، — دېدى شۆ ھاما، — ئالدىرىمايراق سۆزلەپ، كۆچىڭىزنى ئايىسىڭىز بولمامدۇ، دېمەكچىمەن.

فېڭجىيې كۈلەي - كۈلەي دەپ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خېلى ۋاقىت ئويلانغاندىن كېيىن، فېڭجىيېگە قاراپ:

— ئەتە دېدەكتىن بىرنى تاللاپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ بەرگىن. شىرېننىڭ ئورنىدا ئىشلىسۇن. شىرېننىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىنى قىسقارتىۋەتكىن. ئۆزۈمنىڭ ھەر ئايدا ئېلىۋاتقان يىگىرمە سەر ئايلىقىمدىن ئىككى سەر كۈمۈش ۋە بىر تىزىق داچەن ئاجرىتىپ شىرېنىگە بەرگىن. بۇنىڭدىن كېيىن جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن جۇ كىچىك ئاپىغا نېمە بېرىلسە شىرېنگىمۇ شۇلارغا ئوخشاش بېرىلسۇن، شىرېننىڭ ئالىدىغان بۇ ھەسسىسى خەزىنە ھېسابىدىن ئەمەس، مېنىڭ ھېسابىمدىن بولسۇن.

فېڭجىيې خوش، خوش دەپ بىر - بىرلەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن شۆ ھاممىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھاما، ئاڭلىغانلا؟ ئادەتتە مەن نېمىدەپ كەلگەن؟ مانا ھازىر خۇددى مەن دېگەندەك بولدى!

— بۇرۇنراق شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، — دېدى شۆ ھاما، — ئۇ بالىنىڭ تەق - تۇرقى تۇغرۇلۇق سۆزلەپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. ئىشقا ئەپچىل، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە سىلىق ـ خۇشخۇي، ئىچى كۈچلۈك هەم زەردىسىمۇ بار، هەقىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بار قىز ئىكەن.

— سىلەر بۇ بالىنىڭ ياخشى تەرىپىنى تېخى بىلمەيسىلەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — مېنىڭ باۋيۈي بالامدىن ئون هەسسە ئارتۇق! باۋيۈينىڭ هەقىقەتەن تەلىيى بار ئىكەن، ئۇ ئىمكانقەدەر باۋيۈيگە ئۇزاقىچە، ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلسا ئوبدان بولاتتى!

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارىلا باۋيۈينىڭ ئۆيىدىكى كىشى① قىلىپ قويساق بولمامدۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىرىنچىدىن، باۋيۈينىڭ يېشى كىچىك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، باۋيۈينىڭ نەزىرىدە شىرېن ئۆزىنىڭ دېدىكى بولغاچقا، باۋيۈي كېلىش ـ پەخەش ئىشلارنى قىلىپ قويغاندا شىرېننىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلايدۇ. هازىر ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىشى قىلىپ قويۇلسا، باۋيۈيگە نەسىھەت قىلىش توغرا كەلگەندىمۇ، شىرېن تازا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. هازىر شۇنداق ئۆتۈپ تۇرسۇن، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر گەپ بولار.

بۇ گەپ شۇنىڭ بىلەن توگىدى. فېڭجيې ئەمدى باشقا گەپ بولمىغاچقا، خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. پېشايۋاندا بىرنەچچە ئىش باشقۇرغۇچى ئاياللار ئۆز ئىشىدىن مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. فېڭجيې چىقىشى بىلەنلا هەممىسى كۈلۈمسىرىشىپ:

— خېنىم، بۈگۈن قانداق ئىشلارنى مەلۇم قىلغان

① ئۆيىدىكى كىشى — بۇ يەردە «توقال» بولغان «دېدەك» دېگەن مەنىدە.

بولغىيدىلە، بەك ئۇزاق سۆزلىشىپ كەتتىلىغۇ؟ ئۆزلىرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالمىسىلا يەنە، — دېيىشتى.

قىڭجىيې يېڭىنى تارتىپ تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، بوسۇغىنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ يەر شامال ئۆتىدىغان سالقىن جاي ئىكەن، بىردەم شامالدىۋېلىپ، ئاندىن ماڭاي، — دېدى. ئاندىن ئاياللارغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — سىلەر مېنى ئۇزاق سۆزلىشىپ كەتتى، دەۋاتىسىلەر - هە ! ئاغىچا خېنىم ئىككى يۈز يىللىق ئىشنى بىرلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ مەندىن سوراۋاتسا، دەپ بەرمىسەم بولامدۇ؟ — ئۇ يەنە سوغۇققىنا كۈلۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن هازىردىن باشلاپ بىرقانچە ئىشقا قاتتىق قوللۇق قىلمىسام بولمىدى. ئاغىچا خېنىمغا شىكايەت قىلسىمۇ قورقۇپ قالمايمەن ! بۇ مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان، تىللىرىغا مەرەز چىققۇر، جۇۋاينىمەك كېتىدىغان پەس جالاپلار تېخى چۇشەكەۋېتىپتۇ ! ئەتە - ئۆگۈن بىر يولىلا تۇتۇپ قېلىنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. بۈگۈن دېدەكلەرنىڭ ئايلىقى قىسقارتىلسا مەندىن ئاغرىنىشىپتۇ ! ئۇ ئۈچ دېدەك، بىز ئىشلىتىشكە لايىق كېلەرمىزمۇ دەپ ئۆزلىرىنى دەڭسەپمۇ باقمايدىكەن !

ئۇ ئۇلارنى تىللىغان پېتى ئۆز يولىغا ماڭدى، دېدەك تاللاپ جىيا ئانىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

شۆ هامما قاتارلىقلار تاۋۇزنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن تارقىلىپ كېتىشتى. باۋچەي بىلەن دەييۈي باغقا بىللە كېتىشتى. باۋچەي دەييۈينى ئېلىپ سەيناسىغا بارايلى دەپ تەكلىپ قىلغانىدى، دەييۈي «يۇيۇنىدىغان ئىشىم بار» دېگەنلىكتىن، هەرقايسىسى ئۆز يولىغا كېتىشتى. باۋچەي ئۆزى يالغۇز كېلىۋېتىپ، يول ئۆتە ئارامبەخش هويلىغا كىردى - دە، باۋيۈي بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ چۈشلۈك

ھاردۇقىنى چىقارماقچى بولدى. ئۇ ھويلىغا كىرىۋىدى، ھەممە يەر جىمجىتلىق، ھەتتا ئىككى دانە ئاق تۇرنىمۇ باغنىڭ سايىسىدا ئۇخلاۋېتىپتۇ. باۋچەي سەيلە ئايۋىنى بىلەن ئۆيگە كىردى. دالاندىكى كاتتا دېدەكلەر ھەر قايان سۇنايلىنىپ ئۇخلىشىۋېتىپتۇ. ئۇ نەقىشلىك شىرمەلدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋىدى، باۋيۈي كارىۋاتتا ئۇخلاپ يېتىپتۇ، شىرېن يېنىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋېتىپتۇ، قېشىدا سېپى كەركىدان مۈڭگۈزىدىن قىلىنغان چىۋىن قورۇغۇچ تۇرۇپتۇ.

باۋچەي يېقىنراق كېلىپ، ئاستاغىنا كۈلۈپ:

— سەنزە، تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىكەنسەن، بۇ ئۆيدە چىۋىن - پاشا نېمە قىلىدۇ؟ چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن نېمىنى قورۇماقچىدىڭ؟ — دېدى.

شىرېن چۆچۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ باۋچەينى كۆردى. تىكىۋاتقان ئىشىنى دەرھال قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاستا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— كەلسىلە، خېنىم! مەن بىخەستە ئولتۇرغاچقا چۆچۈپ كېتىپتىمەن. خېنىم، بىلمەيلا، بۇ ئۆيدە چىۋىن - پاشا بولمىغىنى بىلەن، شۇنداق ئۇششاق ھاشاراتلار باركى، ئۇلار مۇنۇ داكا شايى پەردىنىڭ تۆشۈكىدىن كىرىۋالىدۇ، ئۇنى كۆز كۆرمىگەندىن كېيىن، كۆز ئۇيقۇغا كەتكەندە شۇنداق چاقىدۇكى، خۇددى چۈمۈلە چاققاندەك ئاغرىيدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — دېدى باۋچەي، — بۇ ئۆينىڭ كەينى سۇغا يېقىن، ھەممە يېرىدە خۇش پۇراق گۈللەر بار. ئۆينىڭ ئىچىمۇ خۇشبۇي، بۇنداق ھاشاراتلار گۈل - چېچەكلىرىدە ياشىغاچقا، ئۆزىنى خۇش پۇراققا ئاتىدۇ.

باۋچەي سۆزلەۋېتىپ شىرېننىڭ قولىدىكى يىڭنە ئىشىغا سەپسالدى. بۇ قىزىل ئەستەرلىك ئاق تاۋار قورساق تاڭغۇچ بولۇپ، يۈزىگە نېلۇپەر ئارىسىدا ئويناپ يۈرگەن قوشماق ئۆردەك

كەشتىسى چۈشۈرۈلگەن، نىلۇپەرنىڭ رەڭگى قىزىل، يوپۇرمىقى يېشىل، ئۆردەكلەر بولسا خىلمۇخىل رەڭ بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن چىرايلىق قول ئىشى بۇ! — دېدى باۋچەي، — كىمگە تىكتىڭ؟ شۇنىڭغىمۇ بىرمۇنچە ئەجىر قىلامسەن؟

شىرىن تۇمشۇقى بىلەن كارىۋاتنى ئىما قىلىپ كۆرسەتتى.

— ئۇ چوپچوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ بۇنى باغلامدىكەن؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— ئەسلىدىغۇ باغلىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالايىتەن ياخشىراق تىكەي دەۋاتىمەن، — دېدى شىرىن، — ئۇ كۆرسە بەلكىم باغلىغۇسى كېلىپ قالار. ھازىر كۈن ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇخلىغاندا ئېھتىيات قىلمايدۇ. بۇنى باغلىۋالسا كېچىسى ئېچىلىپ قالسىمۇ مەيلى. سىلى بۇنىڭغىمۇ ئەجىر تارتىپ يۈردۈڭمۇ دەيلا، ئۇنىڭ بېلىگە باغلىۋالغىنىنى كۆرمىدىلە تېخى!

— سەن نېمىدېگەن بەرداشلىق ـ ھە! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— بۈگۈن شۇنچىلىك كۆپ ئىشلىدىمكى، ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ گەجگەم تېلىپ كەتتى، — دېدى شىرىن. ئاندىن كۈلۈمسىرەپ، — ئوبدان خېنىم، سىلى بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغان بولسىلا، مەن تاشقىرىغا چىقىپلا كىرسەم، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

باۋچەي كەشتىگە قاراپلا قالدى، ئېھتىيات قىلىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، بايا شىرىن ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ كەشتە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەرلىك بولغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا يىڭنىنى قولىغا ئېلىپ كەشتىنى تىكىشكە كىرىشىپ كەتتى.

شۇ پەيتتە دەييۈي شياڭيۈن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا شىرىننى مۇبارەكلەپ چىقايلى، دېدى. بۇ ئىككىسى باغقا كىرىپ كېتىشتى، قارىسا، ھەممە يەر جىمجىتچىلىق. شياڭيۈن

شىرىنىنى تاپماقچى بولۇپ يان ھۇجرا تەرەپكە بۇرالدى، دەييۇي بولسا دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ شايى كۆزنەكتىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. باۋيۇي ئاچ قىزىل شايى كۆڭلەك بىلەن كارىۋاتتا بىمالال ئۇخلاۋېتىپتۇ، باۋچەي يېنىدا ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىۋېتىپتۇ، قېشىدا بىر چىۋىن قورۇغۇچ تۇرۇپتۇ.

دەييۇي بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە كۈلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن خېلى ۋاقىتقىچە قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن شياڭيۈننى ئىما بىلەن قېشىغا چاقىردى. شياڭيۈن ئۇنى نېمە يېڭىلىقنى كۆرگەندۇ، دەپ ئىلدام قېشىغا كېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ كۈلگۈسى كەلدى. لېكىن، باۋچەينىڭ ئۆزىگە ھەمىشە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى. شياڭيۈن دەييۈينىڭ گەپتە چېقىۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا دەييۈينى كۈلۈپ تاشلىمىسۇن دەپ، يېڭىدىن تارتىپ دېدى:

— كېتەيلى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، شىرىن چۈشتە كۆلگە كىر يۇغىلى بارىمەن، دېگەنىدى، ئۇ چوقۇم شۇ يەرگە كەتتى، بىز ئۇنى شۇ يەردىن تاپايلى.

دەييۈي شياڭيۈننىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، نائىلاج شياڭيۈنگە ئەگىشىپ ماڭدى.

باۋچەي بۇ يەردە كەشتىنىڭ ئەمدىلا ئىككى ـ ئۈچ بەرگىنى پۈتكۈزگەنىدى، تۇيۇقسىز باۋيۇي چۈشەكەپ، كىملەرنىڭدۇر ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى:

— راھىب ـ دەرۋىشلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ «ئالتۇن بىلەن قاشتاش تەقدىردە نىكاھ بىلەن باغلانغان» دېگىنى نېمىسى؟ مەن بولسام «ياغاچ بىلەن تاش تەقدىردە نىكاھ بىلەن باغلانغان» دەيمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋچەينىڭ ئىختىيارسىز يۈرىكى سىقىلىشقا باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا تۇيۇقسىز شىرىن كىرىپ:

— تېخىچە ئويغانمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

باۋچەي ياق دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى:

— مەن هازىرلا دەييۈي خېنىم بىلەن شياڭيۈن خېنىمنى ئۇچراتتىم، — دېدى شىرېن كۈلۈپ، — ئۇلار بۇ يەرگە كىردىمۇ؟

— ياق، ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى كۆرمىدىم، — دېدى باۋچەي.

ئاندىن شىرېندىن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — ساڭا ئۇلار بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟

شىرېن قىزىرىپ كېتىپ:

— ماڭا مۇنداقلا چاقچاق سۆزلەرنى قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ماڭا دەيدىغان نېمە مۇھىم گېپى بولاتتى! — دېدى.

— ياق، ئۇلارنىڭ ساڭا ئېيتقىنى چاقچاق گەپ ئەمەس، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — مەنمۇ ساڭا شۇنى ئېيتماقچىدىم، لېكىن سەن ئالدىراپ چىقىپ كەتتىڭ.

بۇ گەپ تېخى تۈگىمىگەنىدى، فېڭجيېنىڭ ئۆيىدىن بىر خىزمەتكار شىرېننى چاقىرغىلى كېلىپ قالدى.

— سېنى دەل شۇ گەپ توغرۇلۇق چاقىرتتى، — دېدى باۋچەي شىرېنگە.

شىرېن ئىككى دېدەك قىزنى باۋيۈيگە قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى باۋچەي بىلەن ئارامبەخش هويلىدىن بىللە چىقىپ فېڭجيېنىڭ قېشىغا كەلدى. دېگەندەك، فېڭجيې ئۇنىڭغا بايىقى گەپنى دەپ بەردى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا باش ئۇرۇپ رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى، جيا ئانىنىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى تاپشۇردى. لېكىن، شىرېننى گەپ بىلەن بەك ئىزا تارتقۇزۇۋەتتى.

شىرېن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگۈچە باۋيۈيمۇ ئويغانغانىدى. باۋيۈي ئۇنىڭدىن نەگە بارغانلىقىنى سورىغانىدى، شىرېن تۇتۇقلا جاۋاب بەردى. كېچىسى ئەل ئايىغى جىمىغاندا، ئاندىن سۆزلەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

باۋىيۇي ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىنىڭنى كۆرەي! ئۆتكەن قېتىم ئۆيۈڭگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندە، ئاكام پۇل تۆلەپ بۇ يەردىن مېنى ئېلىپ كەتمەكچى، بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، ئاقىۋىتىم نېمە بولار، دەپ تاينى يوق سوغۇق گەپلەر بىلەن مېنى قورقۇتماقچى بولغانىدىڭ، ئەمدى كۆرەيچۇ، سېنى ئېلىپ كېتىشكە كىم پېتىنالايدىكىن؟

— بولدى، قويۇڭ ئۇنداق گەپنى، — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېلكىدىكى كىشى بولۇپ قالدىم. ئەگەر كېتىش توغرا كەلسە، سىزگىمۇ ئېيتىپ يۈرمەستىن تۈپتوغرا ئاغىچا خېنىمدىن رۇخسەت سوراپ كېتىۋېرىمەن.

— بوپتۇ، مەنغۇ يامان بولاي، — دېدى باۋىيۇي كۈلۈپ، — سەن ئانامدىن رۇخسەتمۇ ئالارسەن، باشقىلار ئاڭلىسا، مېنى ئەسكىمۇ دەر. ئەمما، سەن بۇ يەردىن كېتىپ نېمە پايدا تاپارسەن؟

— نېمە پايدا تاپارسەن دېگىنىنى؟ — دېدى شىرىنمۇ كۈلۈپ، — بۇ گەپچە مەن پەس ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋېرىدىكەنمەن - دە؟ ئۇنداق قىلغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى! ئادەم يۈز ياشقا كىرسىمۇ بەرىبىر ئۆلىدۇ، نەپەستىن توختاپ بىر يولىلا ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتكىنىم ياخشى.

— بولدى، بولدى! — دېدى باۋىيۇي قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇۋېلىپ، — بۇنداق گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ!

شىرىن باۋىيۇينىڭ مىجەزىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى، خۇشامەتچىلىك بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنى ساختىپەزلىك دەپ يامان كۆرىدىغانلىقىنى، چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان سەممىي سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا كۆڭلى

بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن سۆزلەپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، دەرھال سۆزىنى تۈزىتىۋالدى، باۋيۇي ئادەتتە ياقتۇرىدىغان گەپلەرنى تاللاپ، باھار شامىلى، كۈزدىكى تولۇن ئاي، ئۇيپا ـ ئەڭلىك توغرىسىدا، ئاندىن قىزلارنىڭ قانداق ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەردى. لېكىن، يەنە بىخەستەلىك قىلىپ قىز بالىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق سۆزلەپ قويۇپ، يەنە دەرھاللا ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

باۋيۇي سۆزىنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ شۇك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلدى:

— ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ لېكىن، لايىقىدا ئۆلگەن ياخشى. ھېلىقىدەك ساقال ـ سۇمباتلىق مەخلۇقلار «قەلەم مەنسەپدارى ئىلتىماستا ئۆلىدۇ، ئەلەم مەنسەپدارى جەڭدە ئۆلىدۇ» دېيىلگەن مۇشۇنداق ئىككى خىل ئۆلۈمنى مەرد ـ ئەزىمەتلەر ئۇچۇن ئابرۇيلۇق ئۆلۈم دەپ بىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار بىلمەيدۇكى، پەقەت ئەخمەق پادىشاھ بولغاندىلا، ئۇنى ئۆلۈمگە دەۋەت قىلغانلىق تۈپەيلىدىن ئۆلىدىغان مەنسەپدار بولىدۇ. بۇنداق مەنسەپدار ئاتاق چىقىرىش كويىدىلا بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ ـ دە، كەلگۈسىدە پادىشاھ ۋە ئاتىسىنىڭ نەدە قېلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. جەڭ بولغاندىلا جەڭدە ئۆلۈش بولىدۇ. مۇنداق ئەلەم مەنسەپدارلىرى زور خىزمەت كۆرسىتىش كويىدىلا بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ ـ دە، كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ.

— قەدىمكى زاماندا ئۇنداق كىشىلەر پەقەت چارىسىز قالغاندىلا ئۆلگەن بولغىيدى! — دېدى شىرېن سۆز قىستۇرۇپ.

— ئەگەر سەركەردە بىپەرۋا، تەدبىرسىز بولسا، ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىكارغىلا جېنىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇمۇ چارىسىزلىقتىنمۇ؟ — دېدى باۋيۇي ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — قەلەم مەنسەپدارىنى ئەلەم مەنسەپدارى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا

تېخىمۇ بولمايدۇ. قەلەم مەنسەپدارى كىتابتىن بىر ـ ئىككى ئىبارىنى يادلىۋالىدۇ ـ دە، ئوردىدا كىچىككىنە نۇقسان كۆرۈلگەن هامان، پادىشاهقا كاپىشىپ نەسىھەت قىلىپ، سادىق ـ پىداكار ئەمەلدار دېگەن نامنى قازىنىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ پادىشاھنىڭ دىتىغا ياقماي قالسا، بىرلا ئاچچىقى كېلىدۇ ـ دە، ئۇ مەنسەپدار شۇ زامان ئۆلۈمگە دۇچار بولىدۇ. بۇمۇ چارىسىزلىقتىن بولامدىكەن؟ بۇ ئادەملەر شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، پادىشاه تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن پادىشاھلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ پازىل ـ دانىشمەن بولمىسا، ئۇنىڭغا تەڭرى ھېچقاچان ئىقلىمنىڭ بۇنداق تۈرلۈك ـ تۈمەن مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرمايدۇ. دېمەك، ھېلىقىدەك ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ بىلەن مەنسەپدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئاساسىي مىزاننى بىلمەي، شان ـ شۆھرەت قازىنىشقىلا ئۇرۇنغۇچىلار. مىسال ئۈچۈن شۇ تاپتا بەخت ـ تەلىيىم كېلىپ، مەن سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا جان بەرسەم، ماڭا يىغلىغان كۆز يېشىڭلار چوڭ دەريا ھاسىل قىلىپ، مېنىڭ جەسىتىمنى لەيلىتىپ، ئۇچار قۇشمۇ قونمايدىغان چەت ـ ياقىغا ئاپىرىپ تاشلىسا، ئۇ يەردە جەسىتىم توپىغا ئايلىنىپ شامال ئۇچۇرۇپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن روھىم ئىنسان بولۇپ قايتا تۆرەلمىسە، مانا شۇ چاغدا مەن راسا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆلگەن بولىمەن.

شىرىن باۋيۈينىڭ ئالجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ھېرىپ كەتتىم» دېگەننى باھانە قىلىپ بۇ گەپلىرىگە جاۋابمۇ قايتۇرمىدى، باۋيۈيمۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى باۋيۈي قىلغان سۆزىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بىر كۈنى باۋيۈي ئۇياق ـ بۇياقنى كېزىپ يۈرۈپ، زېرىكىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا «مودەن شىپاڭى» سەھنە ئەسىرىدىكى بىر غەزەل ئېسىگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئۇنى ئىككى قېتىم ئوقۇدى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەنمۇ كۆڭلى قانمىدى. ئۇ نەشپۈتلۈك ھويلىدىكى

ئۇن ئىككى ئويۇنچى قىز ئىچىدە قىز رولىغا چىقىدىغان لىڭگوەن ئىسمىلىك قىزنىڭ ناخشىنى كارامەت ئېيتىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ قىزنى تاپماقچى بولۇپ باغدىن چىقىپ، يان ئىشىك بىلەن ئاشۇ ھويلىغا كىردى. بۇ يەردە كۆيگۈەن بىلەن باۋگۈەن بار ئىكەن. ئۇلار باۋيۈينى كۆرۈشى بىلەنلا ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— لىڭگوەن قەيەردە؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئۆزىنىڭ ئۆيىدە! — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

باۋيۈي ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدى، قارىسا، لىڭگوەن ئۆزى يالغۇز، ياستۇققا بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ. ئۇ باۋيۈينىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ قىمىرلاپمۇ قويمىدى، باۋيۈي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. باۋيۈي ئادەتتە باشقا قىزلار بىلەن ئويناپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، لىڭگوەننىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى ۋە كۈلۈمسىرەپ، بىر يۈرۈش «ئىرغاڭشىيدۇ تال چىۋىق»① ناخشىسىنى ئېيتىپ بەر، دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. لىڭگوەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى نېرىغا ئالدى. ئاندىن چىرايىنى ئاچماي:

— ئۇنىۋم پۈتۈپ قالدى، قايسى كۈنى خېنىملار بىزنى چاقىرتقاندىمۇ، مەن ناخشا ئېيتىپ بەرمىدىم، — دېدى.

باۋيۈي ئۇنىڭ سىپايىلىك بىلەن تۈز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇ قايسى كۈنى قىزىلگۈل تۈۋىدە يەرگە «چياڭ» دېگەن خەتنى سىزىپ ئولتۇرغان قىز شۇ ئىكەن. باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەنىدىن كېيىن،

① يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدىكى «مودەن شىپاڭى» دېگەن سەھنە ئەسەرلىرىدىن «چۆچۈپ چۈشەكىمەك» دېگەن ئەسەردىكى «قەدەمدە بىر ناز» ناخشىسىنىڭ بىر مىسراسى. بۇ مەشھۇر ناخشا بولغاچقا، مۇشۇ مىسرا بىلەن «چۆچۈپ چۈشەكىمەك» نى ئىخچاملاپ كۆرسەتكەن.

كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن بۇنچىلىك بىزار بولغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇياتقا قالغاندەك بولۇپ قىزىرىپ كېتىپ، نائىلاج ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ياۋگۇەنلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمەي، سەۋەبىنى سورىغانىدى، باۋيۈي ھەممىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا، جىيا چياڭ بېگىم كېلىدۇ، ئۇ كىشى ئېيت دېسە، ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرىدۇ، — دېدى ياۋگۇەن كۈلۈپ.

— جىيا چياڭ ئاكام نەگە كەتكەنىدى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي دىققەت بولۇپ.

— بايىلا چىقىپ كەتكەن، — دېدى ياۋگۇەن، — بەلكىم لىڭگۇەنگە بىرنەرسە لازىم بولۇپ قالغان بولسا شۇنى ئالغىلى كەتتىمىكىن.

بۇ سۆز باۋيۈيگە غەلىتە تۇيۇلدى. بىردەم تۇرۇۋىدى، دېگەندەك جىيا چياڭ تاشقىرىدىن كىرىپ كەلدى، قولىدا قەپەس بار ئىدى، قەپەسنىڭ ئىچىدە خۇددى تىياتىر سەھنىسىدەك كىچىككىنە سەھنە بولۇپ، ئۈستىدە بىر قۇشقاچ تۇراتتى. جىيا چياڭ خۇشال ھالدا لىڭگۇەننىڭ ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ توختاشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ قانداق قۇشقاچ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي ئۇنىڭدىن.

— يۇرۇن پۆپۈچەك، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا چياڭ كۈلۈپ، — بۇ قۇشقاچ تېخى ئاغزىدا بايراقچىنى چىشلەپ تۇرۇپ نەچچە تۈرلۈك قىلىق چىقىرىشنى بىلىدۇ.

— قانچە پۇلغا سېتىۋالدىڭ؟ — دېدى باۋيۈي قىزىقىپ.

— بىر سەر سەككىز مىسقال كۈمۈشكە.

جىيا چياڭ باۋيۈينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى لىڭگۇەننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

باۋيۈينىڭ شۇ تاپتا ناخشا ئاڭلاش ھەۋىسى بىردەمدىلا يوقىلىپ، جىيا چياڭ بىلەن لىڭگۇەننىڭ ئالاقىسىنى كۆزەتمەكچى

بولدى. جيا چياڭ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مۇنۇ جانىۋارغا بىر قاراپ باققىنا! — دېدى.
لىڭگۇەن ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:
— نېمە ئۇ؟
— سېنى ئوينىسۇن دەپ قۇشقاچ سېتىۋالدىم، — دېدى جيا چياڭ، — ئىچ پۇشۇقۇڭنى مۇشۇنىڭ بىلەن چىقارغىن، ئاۋۋال ساڭا بىر ئوينىتىپ كۆرسىتەي.
ئۇ بىر چىمدىم داننى سېلىپ بېرىپ قۇشقاچنى ئويۇنغا سالدى. قۇشقاچ راستىلا ھېلىقى سەھنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ھەش قاپاق بىلەن بايراقچىنى چىشلەپ ھەرقىسما ئويناشقا باشلىدى. ئۆيگە قىزلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. يالغۇز لىڭگۇەنلا بىر - ئىككى قېتىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، يەنىلا قېيىدىغان پېتى ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىۋالدى.
جيا چياڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ھىجىيىپ:
— ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— سىلەر بىر ئوبدان كىشىلەرنى ئەكېلىپ بۇ زىندانغا سولاپ، ھەر خىل قىلىقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىڭلارنى ئاز دەپ، يەنە بۇ قۇشقاچنىمۇ مۇشۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلدۇرۇۋاتىسىلەر! — دېدى لىڭگۇەن، — بىزگە سىلەرنىڭ ئەپتىڭلارمۇ مۇشۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە تېخى «ياخشىمىكەن» دەپ سورايدۇ!
جيا چياڭ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، دەرھال قەسەم ئىچىپ:
— بۈگۈن نەدىكى ئەخمەقلەرچە خىيال بىلەن كاللام ئېلىشىپ، بىكاردىن - بىكار ئىككى سەر كۈمۈشنى زايە قىلىپ، ئۇنى سېتىۋالغاندىمەن. ئەسلىدە سېنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرار دېگەنىدىم، مۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. بوپتۇ، خاپا بولمىغىن! بۇنى ئازاد قىلىۋېتەي، بەلكىم بالا - قازادىن

ئامان بولارسەن.

شۇ سۆز بىلەن ئۇ راستىلا قۇشقاچنى قويۇپ بېرىپ، قەپەسنى بۇزۇۋەتتى.

— قۇشقاچ دېگەن ئادەمگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئۆز چاغىسىدا ئاتا - ئانىسى بولىدۇ، — دېدى لىڭگوەن، — ئۇنى ئەكېلىپ مۇنداق جەبىر سالسىڭىز، بۇنىڭغا تاقەت قىلغىلى بولامدۇ؟ بۈگۈن مەن يۆتىلىپ قان تۈكۈردۈم. ئاغىچا خېنىم سىزنى تېۋىپ چاقىرتىپ تەپسىلىي سوراپ باقسۇن دەپ كىشى ئەۋەتكەنىكەن، سىز بۇ بىر نىمىنى ئەكېلىپ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسىز. مەن بىر ئىگە - چاقىسى يوق ئادەم، قېرىنشقاندەك بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالدىم!

— ئاخشام مەن تېۋىپتىن سورىغانىدىم، — دېدى جيا چياڭ ئۆزىنى ئاقلاپ، — تېۋىپ: «ھېچ ۋەقەسى يوق، بىر - ئىككى قېتىم دورا ئىچسۇن، كېيىن يەنە قاراپ باقارمىز» دېدى. بۈگۈن يەنە قان تۈكۈرىدىغانلىقىڭنى كىم بىلسۇن؟ مەن ھازىرلا بېرىپ تېۋىپنى چاقىرىپ كېلەي.

جيا چياڭ ئىشىككە قاراپ ماڭغانىدى، لىڭگوەن توۋلىدى:

— توختاڭ! مۇنداق پىژغىرىم ئاپتاپتا ماڭا قېيداپ تېۋىپ چاقىرىپ كەلسىڭىز مەنمۇ كۆرۈنمەيمەن.

جيا چياڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نائىلاج توختىدى.

باۋيۈي بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ لىڭگوەننىڭ قايسى كۈنى يەرگە «چياڭ» خېتىنى سىزغانلىقىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندى - دە، بۇ يەردە ئەمدى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاستا كېتىپ قالدى. جيا چياڭ پۈتۈنلەي لىڭگوەن بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، باۋيۈينىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدى، ئۇنى باشقا قىزلار ئۇزىتىپ قويدى. باۋيۈي ھەر خىل پەرەز ۋە گۇمانلاردا بولۇپ، ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە دەييۈي بىلەن شىرېن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدى. باۋيۈي ئۆيگە كىرىپلا، شىرېنگە

قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئاخشامقى سۆزۈمنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەن، — دېدى ئۇ شىرىنگە، — ئاتام مېنى «كالتە پەم» دەپ، بىلىپ دېگەنىكەن! ئاخشامقى، سىلەرنىڭ كۆز يېشىڭلارغا غەرق بولسام، دېگەن سۆزۈممۇ خاتا ئىكەن. بۈنىڭدىن قارىغاندا، مەن ھەممىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن. بۈنىڭدىن كېيىن ھەركىم ئۆزىگە ئۆزى يىغلىسۇن.

شىرىن تۈنۈگۈنكى سۆزلەرنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىدى. كۈتۈلمىگەندە باۋيۈي يەنە ئېسىگە سالغاچقا، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز راستىلا ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالاي دەپسىز! — دېدى.

باۋيۈي بۈنىڭغا ئۈنچىقماي قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھەببەت قىسمىتىدە ھەركىمنىڭ ئۆز نېسىۋىسى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىدى ۋە دائىم ئىچىدە قايغۇرۇپ: «كەلگۈسىدە مېنى قەبرىگە ئۇزاتقاندا، كىممۇ ياش تۆكەر» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

دەيىيۈيگە كەلسەك، ئۇ باۋيۈينى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يەنە جىن چېپىلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ بىلدى ـ دە، ئوشۇق گەپ سورىماي شۇنىلا سورىدى:

— بايا مەن تاغانامنىڭ يېنىدا ئىدىم، شۇ يەردە ئەتە شۆ ھامامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، دېگەن گەپ بولدى. ماڭا سىزنى ئۇ يەرگە بارامدىكىن، سوراپ باققىن، دېگەنىدى. ئالدىنقى قورۇغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇچۇرىنى بىرىپ قويۇڭ.

— ئۆتكەن قېتىم ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگىمۇ بارمىغانىدىم، ئەمدى ئۇ يەرگە بارسام، بىركىم مېنى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى باۋيۈي، — مەن بارمايلا قوياي، مۇنداق ئىسسىقتا يەنە كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئىش! بارمىسام، ھامامىمۇ خاپا بولماس.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدى شىرىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — شۇ ھامىڭىزنى ئۇلۇغ بېگىم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇ ھامىڭىزنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردىلا تۇرسا، يەنە كېلىپ يېقىن تۇغقان تۇرساڭلار، ئۇ يەرگە بارمىسىڭىز، كۆڭلىگە باشقا ئىش كېلىپ قالامدۇ؟ ئىسسىقتىن قورقسىڭىز، ئەتىگەنرەك تۇرۇپ، سالقىن چاغدا بېرىپ باش ئۇرۇپ مۇبارەكلەپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ قايتىپ كەلسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

باۋيۈي سۆز ئاچقۇچە، دەيىيۈي دەرھاللا كۈلۈپ:

— خەقنىڭ پاشا قورۇپ قويغان ئەجرى ئۈچۈن بولسىمۇ بېرىپ كېلىشىڭىز كېرەك - دە، — دېدى.

— پاشا قورۇغان دېگەن قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.

شىرىن تۈنۈگۈن باۋيۈي ئۇخلاپ قالغان چاغدا، يېنىدا ھەمراھ بولىدىغان كىشى بولمىغانلىقتىن، باۋچەي خېنىمنىڭ بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— بۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى! — دېدى باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، — مەن نېمىشقا ئۇخلاپ قېلىپتىمەن، ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك بوپتۇ! ئەمىسە، ئەتە چوقۇم بارىمەن.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا شياڭيۈن ياسانغان ھالدا كىرىپ كېلىپ، ئۆيىدىن ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇڭا خوشلاشقىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ باۋيۈي بىلەن دەيىيۈي دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، شياڭيۈن ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى. باۋيۈي بىلەن دەيىيۈي نائىلاج ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. شياڭيۈننىڭ كۆزىدە لىققىدە ياش بولسىمۇ، ئائىلىسىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زارلىنىشقا پېتىنالمىدى. بىرئازدىن كېيىن باۋچەي ئۇلگۈرۈپ كەلدى - دە، بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئايرىلغۇسى كەلمىدى. لېكىن،

باۋچەي ئەھۋالنى چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈنىڭ ئىلىسىدىن كەلگەن كىشىلەر قايتىپ بېرىپ خان ئاچىسىغا ئېيتىدىغان بولسا، ئۆيىگە بارغاندا ئازار يەپ قالمىسۇن، دەپ ئۇنى كېتىشكە ئالدىراتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ئىككىنچى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى، باۋچەي تېخىمۇ يىراقراق يەرگىچە ئۇزىتىپ قويماقچى ئىدى، لېكىن شياڭيۈن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىمىدى. ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايرىلىپ، باۋيۈينى قېشىغا چاقىردى ـ دە، قۇلىقىغا پىچىرلاپ تاپىلىدى:

— مەن چوڭ ئانامنىڭ يادىغا كەلمىسەم، سەن پات ـ پات ئېسىگە سېلىپ قويغىن، چوڭ ئانام مېنى يېنىغا ئالدۇرۇۋالسۇن.

باۋيۈي بولىدۇ دەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇزاتقىلى چىققانلار شياڭيۈن مەپىگە چۈشكۈچە قاراپ تۇرۇشۇپ، ئۇ ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كىرىشتى. ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## كۆز نەسمى① قىرائەتخانىسىدا «يەسمەن» مۇشائىرە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى
## ئاسارۇنزار ھويلىدا جۇخار گۈل توغرۇلۇق شېئىر ماۋزۇلىرىنىڭ تەييارلانغانلىقى

شى شياڭيۈن ئائىلىسىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈيلەر باغدا ئويۇن ـ تاماشا ۋە شېئىر كۈيلەش بىلەنلا ۋاقىت ئۆتكۈزدى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى جيا جېڭ توغرۇلۇق ئازراق سۆزلەپ ئۆتىمىز. خانىش يۈەنچۈن ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلىغاندىن كېيىن، جيا جېڭ ئۆز خىزمىتىدە تېخىمۇ تىرىشچان ـ ئېھتىياتچان بولۇپ، خاننىڭ كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتلىرىغا مىننەتدارچىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا نىيەت باغلىدى. خان ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى دۇرۇس، نامى نۇقسانسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى بولغاي، گەرچە جيا جېڭ دۆلەت ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەر قاتارىدا بولمىسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن مەنسەپ مىراسخورى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئۆستۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇنى مائارىپ مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلىدى. جيا جېڭ خاننىڭ پەرمانىنى ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلىپ

① كۆز نەسمى ــ كۆز پەيتىدىكى يېقىملىق، ئوچۇق ھاۋا. ئەمما، بۇ تەسۋىردە تېز ئارىدا خازان بولۇش مەنىسى يوشۇرۇنغان.

سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنىنى ئۆزىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش كۈنى قىلىپ تاللىدى. شۇ كۈنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلىپ ۋە جيا ئانا بىلەن خەيرلىشىپ سەپەرگە يۈرۈپ كەتتى. باۋيۈي ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنى قانداق ئۇزىتىپ قويغانلىقى ھەمدە جيا جېڭنىڭ باشقا جايلاردا نېمە ئىشلارنى بېجىرگەنلىكى توغرۇلۇق تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

جيا جېڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي ھەر كۈنى باغدا ئۆز خالىغىنى بويىچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ۋاقتىنى بوش، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنى بىردەم ئىلەشتۈردى، ئاندىن يەنە باغقا قايتىپ كەلدى. ئۇ كىيىمىنى ئەمدىلا يەڭگۈشلەپ تۇرۇشىغا سۈيمۇ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر ۋاراق گۈللۈك باغاق بار ئىدى، ئۇ ئۇنى باۋيۈيگە سۇندى.

— تەنچۈن سىڭلىمنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمىنا، — دېدى باۋيۈي، — ئۇنى يوقلاپ باراي دەپ تۇرۇۋىدىم، سەن كېلىپ قالدىڭ. سىڭلىم خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— خېنىم ساقىيىپ قالدى، — دېدى سۈيمۇ، — بۈگۈن دورىمۇ ئىچمىدى، ئازراقلا سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىكەن.

باۋيۈي ھېلىقى گۈللۈك باغاقنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىكەن:

تەكلىپنامە

ئاكىمىز باۋيۈيگە سالامدىن سوڭرە يېتىپ مەلۇم بولغايكى، ئاخشام يامغۇردىن كېيىن ھاۋا شۇنداق ئوچۇق بولدىكى، ئاسماندىكى

www.uyghurkitap.com

ئاي خۇددى يامغۇر بىلەن يۇيۇلغاندەك ئادەتتىن تاشقىرى يارقىن ئىدى. بۇنداق كەم ئۇچرايدىغان پاك مەنزىرىگە بېرىلىپ كېتىپ ئۇخلىغۇمۇ كەلمىدى. سۇ سائىتى ئۈچ قېتىم ئايلانغان بولسىمۇ، چىنارلىق سالاسۇن تۈۋىدە چۆرگۈلەپ يۈرىۋەرگەنىدىم، شامال بىلەن شەبنەمنىڭ سوغۇقى ئۆتۈپ ئۆزۈمگە بىتاپلىق تېپىۋالدىم. تۈنۈگۈن ئۆزىڭىز ئاۋارە بولۇپ مېنى يوقلاپ كەلدىڭىز، ئارقىدىن خىزمەتكارىڭىز ئارقىلىق ئەھۋال سورىغانىڭ ئۈستىگە، يەنە يېڭى ئۆزگەن لىزى مېۋىلىرىنى ھەم جېنچىڭ① نىڭ قول يازمىسىنى ئەۋەتىپسىز. ماڭا شۇنچە ئىلتىپات كۆرسەتكىنىڭىزدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن! بۈگۈن شىرەگە تايىنىپ سۆكۈتكە چۆمگىنىمدە، بىردىنلا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇلار نام ـ شۆھرەت ۋە مەنپەئەت تالىشىپ سۇنئىي تاغ ۋە بۇلاقلارنى بىنا قىلغان، شۇ باغلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ يىراق ـ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنى چىللىغان. ئىنتايىن مېھماندوستلۇقىدىن ئۇلارنىڭ مەپىلىرىنىڭ ئوقلىرىنى چىقىرىپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن②. بىرنەچچە پىكىرداشلار قوشۇلۇپ، سۆھبەتلەردە بولغان، مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرغان ياكى شېئىر ئوقۇشنى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئىشلار بەزىدە بىردەملىك تاسادىپىي ھەۋەسنىڭ تەسىرى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، مىڭ يىللارچە داستان بولارلىق شانۇ شۆھرەت قازانغان. كەمىنە سىڭلىڭىز ناقابىل بولسامۇ، شۇنداق ئېسىل باغدا ياشاش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم، شۇ باۋچەي بىلەن لىن دەييۈينىڭ نەپىس شېئىرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش بەختىگىمۇ سازاۋەر بولدۇم. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ سالقىن ھويلىلىرىمىز بىلەن ئايدىڭ پېشايۋانلىرىمىزدا تېخىچە شائىرلار

① جېنچىڭ ياكى يەن جېنچىڭ — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات (708 — 784).

② مەپىنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ قۇدۇققا تاشلاش — ئۆيگە كەلگەن مېھماننى تۇتۇۋېلىپ كەتكىلى قويماسلىقنى بىلدۈرىدىغان تەسۋىرىي ئىبارە. رىۋايەتكە قارىغاندا، خەن سۇلالىسى زامانىدا چېن زۇن دېگەن مېھماندوست بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، مەپىسىنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىدىكەن.

يىغىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ باقمىدى، ئۆرۈكلۈك مەيخانىدا ياكى شاپتۇل سايىسىدا ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىپ، شېئىر يېزىش ئىشى بولماي كېلىۋاتىدۇ. مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ «نېلۇپەر» مۇشائىرە جەمئىيىتىگە پەقەت ئەر كىشىلەرلا قاتناشتۇرۇلغان ياكى پاساھەتلىك سۆز ئىگىلىرى يىغىلغان «شەرقىي تاغ»①قا ئاياللار قوبۇل قىلىنمىغان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر سىز قارلىق يولنى بېسىپ بىز تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان بولسىڭىز، يولىڭىزغا پاياندار سالدۇرۇپ كۈتكەن بولاتتىم.

ئېھتىرام بىلەن:

سىڭلىڭىز تەنچۈن.

باۋيۈي باغاقنى ئوقۇپ بولۇپلا، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— ھوششەرە، تەنچۈن سىڭلىم قالتىس ئەقىللىك جۇمۇ! مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىمەن.

شۇ گەپ بىلەن باۋيۈي ئۆيدىن چىقتى. سۈيمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىللە ماڭدى. ئۇلار ئەمدىلا ئەترەپشان شىپاڭىغا يېتىپ كەلگەندە، باغنىڭ ئىچىدىن ئارقا ئىشىككە قارايدىغان نۆۋەتچى ئايالنىڭ خەت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا باۋيۈينىڭ كۆزى چۈشتى. ئايال باۋيۈينى كۆرۈشى بىلەنلا ئالدىغا كېلىپ:

— جيا يۈن غوجام ئۆزلىرىدىن تىنچ - ئامانلىق سوراپ كەپتۇ، ئۆزى ئارقا ئىشىكتە كۈتۈپ قالدى، بۇ خەتنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى — دېدى.

باۋيۈي خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

---

① «نېلۇپەر» جەمئىيىتى — شەرقىي جىن (317 — 420) دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب خۇييۈەن لۇشەننىڭ يولۋاس جىلغىسىدىكى شەرقىي ئورمانلىق ئىبادەتخانىسىدا تەشكىل قىلغان جەمئىيەت، بۇنىڭغا ئۆز زامانىسىدىكى نۇرغۇن ئەدىبلەر قاتناشقان. ئىبادەتخانىغا ئاق نېلۇپەر تېرىلغانلىقتىن، نېلۇپەر جەمئىيىتى دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## سالام خەت

### كەمىنە نالايىق ئوغۇللىرى جىيا يۈندىن

ئۇلۇغ ئاتىمىزغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەخت ۋە بىباھا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن.

ئۆزلىرى مەرھەمەت كۆرسىتىپ، پېقىرنى ئۆز ئوغلۇم دەپ، ئاتىدارچىلىقلىرىغا قوبۇل قىلىپ ئالغانلىرىدىن بۇيان، كېچە ۋە كۈندۈز ئۆزلىرىگە ھۆرمەت ۋە ۋاپادارلىق كۆرسىتىش كويىدا بولۇپ، بۇنىڭغا تېخىچە ئىمكان تاپالماي كەلگەنىدىم. يېقىندا كەمىنىلىرىگە جانابلىرىنىڭ چوڭ بەخت ـ ئامەتلىرىنىڭ شاراپىتى بىلەن، گۈل ۋە ئۆسۈملۈكلەر سىپتىۋىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن پېقىرغا نۇرغۇن داڭدار باغۋەنلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە كۆپلىگەن مەشھۇر باغلارغا بېرىش ئۇلۇغ بەختى نېسىپ بولدى. قايسى كۈنى مەن تاسادىپىيلا بىر خىل ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ئاق يەسمەننى ئۇچرىتىپ قالدىم، بۇنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈشكە بولماي، بىر ئامال قىلىپ يۇرۇپ ئاران ئىككى تەشتەك تاپقاندىم. جانابلىرى پېقىرنى ئۆز ئوغلۇم دەپ قارايدىغان بولسىلا، گۈل تاماشىسى قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى تەشتەك گۈلنى ئېلىپ قېلىشلىرىنى سورايمەن. ھازىر ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولغانلىقتىن، خان قىزلارنىڭ باغدا سالقىنلىشىغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزلىرى بىلەن شەخسەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، بۇ خەتنى ھۆرمەت بىلەن تۇتتۇم. جانابلىرىغا باش ئۇرۇپ سالامەتلىك تىلەيمەن.

تىزلىنىپ تۇرۇپ خەت تۇتقۇچى:

ئوغۇللىرى جىيا يۈن

باۋيۈي خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۆزى يالغۇز كەپتىمۇ ياكى باشقا كىشى بارمۇ؟

— ئىككى تەشتەك گۈل بار، — دېدى ھېلىقى ئايال.

— سەن قايتىپ بېرىپ ئېيتىپ قوي، خەتتىن ۋاقىپ بولدۇم، — دېدى باۋيۇي، — مېنى ياد ئەتكەنلىكىگە رەھمەت، سەن گۈلنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىن.

شۇ گەپ بىلەن باۋيۇي سۈيمۇ بىلەن كۈز نەسىمى قىرائەتخانىسىغا كەلدى. باۋچەي، دەييۈي، يىڭچۈن ۋە شىچۈنلەر شۇ يەردە ئىكەن. ئۇلار باۋيۇينىڭ كىرىشى بىلەنلا كۈلۈشۈپ:

— مانا يەنە بىرسى كەلدى! — دېيىشتى.

— ھېسابتا مەن چاكىنىلاردىن ئەمەس ئىكەنمەن، كاللامغا تاسادىپىي بىر پىكىر كېلىپ قالغانلىقتىن، بىرنەچچە باغاق يېزىپ باققانىدىم، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — باغاق قولغا تېگىشى بىلەنلا ھەممەيلەننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن!

— ئەپسۇسكى، كېچىكىپ قالدۇق! — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — مۇشائىرە جەمئىيىتىنى بۇرۇنراق قۇرۇشىمىز لازىم ئىدى.

— ھازىرمۇ تېخى كېچىككەن بولمايمىز، — دېدى دەييۈي ئېتىراز بىلدۇرۇپ، — ئەپسۇسلىنىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. لېكىن، جەمئىيەتنى ئۆزۈڭلار قۇرۇڭلار، مېنى ھېسابقا ئالماڭلار، مەن بۇ جەمئىيەتكە قاتنىششقا پېتىنالمايمەن.

— سىز پېتىنمىسىڭىز كىم پېتىنىدۇ؟ — دېدى يىڭچۈن كۈلۈپ.

— بۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋە زور بىر ئىش، — دېدى باۋيۇي، — ھەممەيلەن قىزغىن بولايلى، سىلى - ئۆزلىرى دەپ تۇرۇۋېلىپ تۇرمايلى، كىمنىڭ پىكرى بولسا ئوتتۇرىغا قويسۇن، ھەممەيلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلايلى. باۋچەي ئاچامۇ پىكرىنى قويۇپ باقسۇن، ئاندىن دەييۈي سىڭلىممۇ ئۆز گېپىنى ئېيتار.

— نېمىگە ئالدىرايسىز! — دېدى باۋچەي، — تېخى ھەممەيلەن يىغىلىپ بولمىدى.

ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، لى ۋەنمۇ يېتىپ

كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا كۈلۈمسىرەپ:
— تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ! مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرساڭلار مەن باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. مەندە ئۆتكەن باھاردىلا مۇشۇ پىكىر تۇغۇلغان، لېكىن ئويلاپ باقسام، شېئىر يېزىشنى بىلمەيدىكەنمەن، شۇڭا بىكاردىن داۋراڭ سېلىپ نېمە قىلاي دەپ، ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكرىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى. سىڭلىم تەنچۈن مەمنۇن بولسىلا، ئۇنىڭ جەمئىيەت قۇرۇشىغا مانا مەن ياردەملىشىمەن.
— بىز مۇشائىرە جەمئىيىتىنى جەزمەن قۇرماقچى بولغانىكەنمىز، دېمەك ھەممىمىز شائىر ھېسابلىنىمىز، — دېدى دەييۈي، — شۇڭا ئالدى بىلەن بىر - بىرىمىزنى «ئاچا - سىڭىل»، «تاغا - يەڭگە» دەپ ئاتاشنى ئۆزگەرتەيلى، شۇنداق قىلساق چاكىنىلىق بولمايدۇ.
— ناھايىتى توغرا! — دېدى لى ۋەن بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ، — بىز ئۆزىمىزگە ئەدەبىي تەخەللۇس قويۇپ، بىر - بىرىمىزنى ئاشۇ تەخەللۇس بىلەن چاقىرساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەن ئۆزۈمگە «شالچى دېھقان» دېگەن تەخەللۇسنى قويىمەن. بۇ تەخەللۇسنى باشقىلار ئۆزىگە قويىمىسۇن.
— مەن ئۆزۈمگە «نەسىمە بۇۋى» دېگەن تەخەللۇسنى قوياي، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ.
— «بۇۋى»، «غوجام» دېگەن سۆزلەر ئانچە نەپىس ئەمەس، — دېدى باۋيۈي، — بۇ سۆزنى بىز تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەن. بۇ يەردە چىنار بىلەن بانان دەرىخى ھەددى - ھېسابسىز، شۇلارنى ئەسلىتىدىغان تەخەللۇس قويغىنىڭىز ياخشى.
— ھە، تاپتىم! — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — مەن بانانىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، مېنى «بانان مۇخلىسى» دەپ ئاتاڭلار.
— بۇ بوّلەكچىلا قىزىقارلىق گۈزەل تەخەللۇس، — دېدى كۆپچىلىك.
— ئۇنداق بولسا، ئۇنى دەرھال تۇتۇپ گۆشىنى قورۇپ شاراب

ئىچىڭلار ! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

كۆپچىلىك بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەنىدى، دەييۈي كۈلۈپ:

— جۇاڭزى «بانان يوپۇرماقلىرى يېپىلغان كېيىك» دېگەنىكەن، تەنچۈن ئۆزىنى «بانان مۇخلىسى» دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كېيىك قىلىپ قويغان بولماي نېمە[1]؟ ئۇنىڭ گۆشىنى تېززەك سۈرلەيلى ـ دە ! — دېدى.

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. تەنچۈن كۈلۈمسىرەپ:

— سىز يەنە ئۇستىلىق بىلەن مېنى گەپتە چېقىۋالدىڭىز ! ئالدىرىماي تۇرۇڭ، مەنمۇ سىزگە ئىنتايىن كېلىشكەن گۈزەل بىر لەقەمنى ئويلاپ قويدۇم، — دېدى. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، — ئۇ زامانىسىدا ئېخۇاڭ بىلەن نۈيىڭنىڭ بامبۇكقا تۆككۈلگەن كۆز ياشلىرىدىن بامبۇك ئالىچىپار بولۇپ كېتىپتىكەن، هازىرغىچە بۇنداق ئالىچىپار بامبۇكنى «شياڭفېي قومۇشى» دەپ ئاتايدۇ. هازىر لىن دەييۈي بامبۇكزار سارايدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ يىغلاڭغۇ، شۇڭا كەلگۈسىدە ئۇنىڭ هويلىسىدىكى بامبۇكلارمۇ ئالىچىپار بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى «بامبۇكزار مەلىكىسى» دەپ ئاتايلى.

هەممەيلەن تەنچۈننىڭ ئەپچىل ئىسىم تاپقانلىقىغا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. دەييۈي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، لام ـ جىم دېمىدى.

— مەن سىڭلىم شۆ باۋچەيگە ياخشى بىر تەخەللۇس تېپىپ

---

① «جۇمۇۋاڭ تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە، زو بەگلىكىدە بىر ئادەم بىر كېيىكنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، دەرهال ئورىغا تاشلاپ ئۇستىگە بانان يوپۇرماقلىرىنى يېپىپ قويۇپتۇ ۋە بۇ ئىشىدىن خۇشال بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىنلا يوشۇرغان يېرىنى تاپالماي، بۇنى چۈشۈم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. بۇ يەردە دەييۈي بۇ رىۋايەت بىلەن تەنچۈننىڭ ئۆزىنى «بانان مۇخلىسى» دېگىنى كېيىك دېگەنلىكى بولىدۇ، دەپ زاڭلىق قىلىدۇ.

قويدۇم، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — پەقەت ئىككىلا سۆزلۈك.

— قانداق تەخەللۇس؟ — دەپ سوراشتى ھەممەيلەن قىزىقىپ.

— مەن ئۇنىڭغا «ئاسارۇن بانۇ» دېگەن تەخەللۇسنى بېرىمەن، سىلەرچە قانداقكىنتاڭ؟ — دېدى لى ۋەن.

— بۇ تەخەللۇس ناھايىتى ياخشى، — دېدى تەنچۈن.

— ماڭىچۇ؟ — دېدى باۋيۈي، — ماڭىمۇ بىرنى تېپىڭلار.

— سىزگە ئاللىقاچان تېپىپ قويۇلغان، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — «بىكارچى ئالدىراڭغۇ» دېگەن تەخەللۇس سىزگە تازا باب كېلىدۇ!

— ساڭا ئۆزۈڭنىڭ بۇرۇنقى «گۈلچى غىلمان» دېگەن لەقىمىڭ بولىۋېرىدۇ، — دېدى لى ۋەن.

— كىچىك ۋاقتىمدا قىلغان ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— سىزگە مەنلا لەقەم قويايچۇ، — دېدى باۋچەي، — ئەڭ چاكىنا بولسىمۇ سىزگە تازا باب كېلىدۇ. دۇنيادا بايلىق بىلەن ئىسىلزادىلىككە ئېرىشىش ئەڭ قىيىن ئىش، شۇنىڭدەك بىكارچىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن، بۇ ئىككىسىگە تەڭلا ئېرىشىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ ئىككىسى سىزدە بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنى «بىكار تەلەپ بايۋەچچە» دەپ ئاتىساق بولىۋېرىدۇ.

— بۇنىڭغا مەن لايىق ئەمەس! ھەرگىزمۇ لايىق ئەمەس! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەيلى، قانداق ئاتىساڭلار ئاتاۋېرىڭلار.

— قالايمىقان لەقەم قويىۋەرسەڭمۇ بولماس! — دېدى دەيىيۈي سۆزگە ئارىلىشىپ، — سىز ئارامبەخش ھويلىدا تۇرغاندىن كېيىن «ئارامبەخش شاھزادە» دەپ ئاتىساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

— بۇ تەخەللۇسمۇ ياخشى، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— يىڭچۈن قىز بىلەن شىچۈن قىزغا نېمە دەپ تەخەللۇس قويىمىز؟ — دېدى لى ۋەن.

— بىز شېئىر يېزىشنى بىلمىسەك، بىكاردىن تەخەللۇس قويۇشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى يىڭچۈن.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى تەنچۈن، — ھەرھالدا بىرەر تەخەللۇس قويۇپ قويغىنىمىز تۈزۈك.

— يىڭچۈن قىز «سۇ ياڭقى ئارىلى» دا تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «جەزىرە» دەپ ئاتىساق، — دېدى باۋچەي، — شىچۈن قىز بولسا «نىلۇپەر سەيناسى» دا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى «نىلۇپەر» دەپ ئاتىساق.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى لى ۋەن، — مەن سىلەردىن ياشتا چوڭراق، شۇڭا مېنىڭ پىكرىمگە قۇلاق سېلىپ مەن دېگەننى قىلىڭلار. كۆپچىلىككە ماقۇل كەلسە مۇنداق بولسۇن: بۇ جەمئىيەتتە بىز يەتتە كىشى بولساقمۇ، مەن، يىڭچۈن قىز ھەم شىچۈن قىز شېئىر يېزىشنى بىلمەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۈچەيلەننى يازىدىغانلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، ئۈچىمىزگە بىردىن ئىش تەقسىم قىلىنسا بولىدۇ.

— بىز ئۆزىمىزگە تەخەللۇس قويۇپ بولغان تۇرساق، يەنە بۇرۇنقى ئىسمىمىز بىلەن ئاتاۋاتىدىغۇ، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — ئۇنداق بولغاندا بۇ تەخەللۇسلارنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بۇندىن كېيىن خاتا سۆزلىگەنلەرگە جەرىمانە قويۇشنى شەرت قىلايلى.

— ئاۋۋال جەمئىيەت قۇرۇلۇپ بولسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن جەرىمانە قويۇشنىڭ قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقايلى، — دېدى لى ۋەن، — مېنىڭ ئۆيۈم كەڭتاشا، جەمئىيەتنى مېنىڭكىدە قۇرايلى. مەن شېئىر يازالمىساممۇ، سىلەر شائىرلار چاكىنا كۆرمىسەڭلارلا ساھىبخانا بولاي. بەلكىم شۇ باھانىدە مەنمۇ تۈزۈتلۈكرەك بولۇپ كېتەرمەن، شائىرمۇ بولۇپ قالامدىمەن تېخى. مېنى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاپمۇ قالار سىلەر. مەن بىر كىشى ئەلۋەتتە ھەممە ئىشلارغا يېتىشەلمەيمەن، ماڭا يەنە ئىككى مۇئاۋىن كېرەك. مېنىڭچە، «جەزىرە» بىلەن «نىلۇپەر» بۇ ئىككى ئوقۇمۇشلۇق خېنىمنى مۇشۇ ئىشقا تەكلىپ قىلساق،

www.uyghurkitap.com

بىرسى شېئىرغا ماۋزۇ تالللاش ۋە قاپىيە بەلگىلەش ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىرسى خاتىرىلەش ۋە نازارەتچىلىكنى ئېلىپ بارسا. لېكىن، بۇ بىز ئۈچەيلەننى شېئىر يازسا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەگەر ئاسانراق ماۋزۇ ياكى يېنىكرەك قاپىيەلەرنى تاپساق، بىزمۇ بىرەر ـ يېرىم شېئىر يېزىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. قالغان تۆتىڭلار شېئىرنى چوقۇم يېزىشىڭلار كېرەك. بۇنىڭغا قوشۇلساڭلار، جەمئىيەت قۇرۇلغان ھېسابلىنسۇن، قوشۇلمىساڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ باھانىڭلاردا نام چىقىرىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، گەپ مۇشۇ.

يىڭچۈن بىلەن شىچۈننىڭ شېئىر بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ شۆ باۋچەي بىلەن دەييۈيىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولاتتى، شۇڭا بۇ گەپ دىتىغا خوپ كېلىپ:

— ناھايىتى توغرا، — دېيىشتى.

تەنچۈنمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ۋە بۇ ئىككىيلەننىڭ جان دەپ قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى زورلاشقا ئوڭايسىزلاندى ـ دە، نائىلاج ماقۇل بولدى.

— بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — مەن ئۆزۈمچە ئويلاپ كۆلگۈم كېلىدۇ، مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسام، ئەمدى كېلىپ ئۈچىڭلار مېنى باشقۇرىدىغان بولۇۋالدىڭلار.

— ئۇنداق بولسا، بىز «خۇشبۇي شالزارلىق» قا بارايلى، — دېدى باۋيۈي.

— سەنلا ئالدىرايدىكەنسەن، — دېدى لى ۋەن، — بۈگۈن پەقەت مەسلىھەت ئۆتكۈزدۇق، مەن چاقىرغۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار.

— نەچچە كۈندە بىر يىغىلىدىغانلىقىمىزنىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغان ياخشى، — دېدى باۋچەي.

— يىغىلىشىمىز تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە قىزىقى بولمايدۇ، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ قويۇپ. ئاندىن يەنە قوشۇپ قويدى، — بىر ئايدا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يىغىلايلى.

— بىر ئايدا ئىككى قېتىم يىغىلساق كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى باۋچەي، — بەلگىلىگەن كۈندە، يەل - يېغىنغا قارىماي يىغىلىۋېرەيلى، بۇ ئىككى كۈندىن باشقا، بىرەركىمنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ قېلىپ، نۆۋەتتىن تاشقىرى يىغىلىشنى ئىختىيار قىلىپ قالسا ئۇز ئۆيىگە تەكلىپ قىلسىمۇ ياكى قوشۇلۇپ بۇ يەرگە كەلسەكىمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلساق جانلىق ھەم قىزىق بولمامدۇ؟

— بۇ تېخىمۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى، — دېيىشتى قالغانلارمۇ.

— جەمئىيەتنى قۇرۇش پىكرىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئالدى بىلەن مەن ساھىبخانا بولۇشۇم كېرەك، — دېدى تەنچۈن، — شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن مېنىڭ قىزغىنلىقىمنى يەردە قويغان بولمايسىلەر.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە سىز جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى يىغىلىشىنى ئۆتكۈزۈڭ، بولامدۇ؟ — دېدى لى ۋەن.

— ئەتە ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، بۈگۈنلار ئۆتكۈزگىنىمىز تۈزۈك، ھەتتا ھازىرلا ئۆتكۈزگىنىمىز ياخشى، — دېدى تەنچۈن، — سىز ماۋزۇ بەلگىلەپ بېرىڭ، «جەزىرە» قاپىيە بەلگىلىسۇن، «نېلۇپەر» نازارەتچىلىك قىلسۇن.

— مېنىڭ پىكرىمچە، — دېدى يىڭچۇن، — بىر كىشىنىڭ خاھىشى بويىچە ماۋزۇ تاللاش ۋە قاپىيە بەلگىلەش توغرا بولمايدۇ، شۇڭا چەك تاشلىساق ئادىل بولارمىكىن.

— بايا مەن بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ خىزمەتكارلارنىڭ ئىككى تەشتەك ئاق يەسمەن كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ناھايىتى چىرايلىق گۈللەر ئىكەن، — دېدى لى ۋەن، — شۇنى كۈيلىسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— ئۇنى كۆرۈپ ھۇزۇر ئالماي تۇرۇپ قانداق شېئىر يازغىلى بولىدۇ؟ — دېدى يىڭچۇن.

— ناھايىتى شۇ ئاق يەسمەن ئىكەنغۇ، — دېدى باۋچەي، —

www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال كۆرۈپ، ئاندىن شېئىر يازىمىز دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قەدىمكىلەر شېئىرنى قاچان ئىلھام كەلسە شۇ چاغدا يازغان. ئاۋۋال كۆرۈپ ئاندىن يازغان بولسا، ھازىرغىچە مۇنچىلىك كۆپ ياخشى شېئىرلار يېزىلمىغان بولاتتى!

— ئۇنداق بولسا مەن قاپىيە بەلگىلەي، — دېدى يىڭچۈن.

ئۇ كىتاب جاۋىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر شېئىر كىتابىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، تەۋەككۇل قىلىپ بىر بەتنى ئاچتى. بۇ بەتتىن يەتتە سۆزلۈك ۋەزىندىكى بىر شېئىر چىقتى. بۇنى ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ، يەتتە سۆزلۈك ۋەزىندە شېئىر يېزىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى، يىڭچۈن كىتابنى يېپىپ قويۇپ، بىر چۆرە قىزغا:

— سەن خالىغانچە بىر سۆزنى ئېيتىپ باققىنا، — دېدى.

قىز ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى، ئويلاپ تۇرماستىنلا «خىلۋەت» دېدى.

— دېمەك، «خىلۋەت» قاپىيەسى «ئون ئۈچىنچى قاپىيە»① ھېسابلىنىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى يىڭچۈن، — دەسلەپكى مىسرانى «خىلۋەت» قاپىيەسى بىلەن باشلايمىز.

ئۇنىڭدىن كېيىن يىڭچۈن قاپىيە كاپىيەنلىرى ساندۇقى②نى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن «ئون ئۈچىنچى قاپىيە»نىڭ سىيرىتمىسىنى ئالدى ـ دە، يەنە شۇ قىزغا تەۋەككۇلىسىگە تۆت دانە كاپىيەن ئالدۇرغانىدى، بۇ قىزنىڭ قولىغا «زۇمرەت»، «ھەيرەت»، «زۇلمەت» دېگەن سۆزلەر قويۇلغان كاپىيەنلەر چىقتى.

---

① بۇ يەردە ئەسلىدە «مېن» (ئىشىك) قاپىيەسى ئېيتىلغان بولسىمۇ، شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدە «خىلۋەت» دەپ ئېلىندى. ئەسلىدە «مېن» قاپىيەسى «نەزمىگە باب كېلىدىغان قاپىيەلەر» دېگەن رىسالىدە ئون ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى «يۈەن» قاپىيەلىرى قاتارىغا كىرىدۇ، شۇڭا «ئون ئۈچىنچى قاپىيە» دېيىلگەن.

② شېئىرلاردا ھەربىر قاپىيە بىر كاپىيەنگە ئويۇلۇپ، تۈركۈم بويىچە ئايرىم تارتمىلارغا سېلىنىدۇ، ئاندىن بۇ «قاپىيە بەلگىلەش» تە پايدىلىنىدۇ.

— «ھەيرەت» دېگەن سۆز بىلەن «خىلۋەت» نى قاپىيەگە كەلتۈرۈش تەس، — دېدى باۋيۈي.

شۇ ئارىدا دېدەك سىشۇ تۆت دانە قەلەم ۋە تۆت ۋاراق قەغەز تەييارلاپ تارقىتىپ بەردى. ھەممەيلەن ئاستا ئۆز شېئىرلىرى ئۈستىدە ئويلاشقا كىرىشتى، يالغۇز دەييۈيلا ھېچنېمىدىن غېمى يوقتەك، بىردەم چىنار شاخلىرىنى سىلىكىپ، بىردەم كۆز مەنزىرىسىگە كۆز تىكىپ، بىردەم دېدەكلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. يىڭچۈن يەنە دېدەكتىن بىرىنى «شېرىن چۈش» ناملىق كۈجە يېقىشقا بۇيرۇدى. بۇ كۈجىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سۇڭ، توملۇقى پىلىك ئوتچىلىك بولۇپ، تېزلا كۆيۈپ تۈگەيتتى. كۈجە كۆيۈپ بولغۇچە شېئىرنى يېزىپ بولۇش شەرت قىلىندى، كىمكى كۈجە كۆيۈپ بولغۇچە شېئىرنى يېزىپ بولالمىسا جەرىمانە قويۇلىدىغان بولدى.

كۆپ ئۆتمەي، تەنچۈن بىرىنچى بولۇپ شېئىرنى يېزىپ تۈگىتىپ، ئۇنى بىر قۇر تەھرىرلەپ يىڭچۈنگە بەردى. ئاندىن باۋچەيدىن:

«ئاسارۇن بانۇ» يېزىپ بولغانسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يېزىشنىغۇ يېزىپ بولدۇم، — دېدى باۋچەي، — شۇغىنىسى ياخشى چىقمىدى.

باۋيۈي قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ پېشايۋاندا ئۇ باشتىن - بۇ باشقا ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى، بىردىن دەييۈيگە:

— ئاڭلىغانسىز، ئۇلار يېزىپ بوپتۇ، — دېدى.

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى دەييۈي.

باۋيۈي باۋچەينىڭ ئۆز شېئىرىنى ئاققا كۆچۈرۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاپلا ! كۈجە كۆيۈپ بولاي دېدى، مەن تېخى تۆت مىسرالا يازدىم، — دېدى. ئاندىن دەييۈيگە قاراپ، — كۈجە كۆيۈپ تۈگەي دېدى، زەي يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى.

دەيىۋي ئۇنىڭ سۆزىگە يەنىلا ئىشەنمىدى.

— ئەمدى مەن سىزگە قاراپ تۇرالمىغۇدەكمەن، مەيلى ياخشى چىقسۇن ياكى يامان، يېزىپ چىقايلا، — دېدى باۋيۈي.

ئۇ شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ شېئىرنى يېزىشقا كىرىشتى.

— ئەمدى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلايمىز، — دېدى لى ۋەن ئېلان قىلىپ، — مۇشۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ بولغۇچىلىك كىم يېزىپ بولالمىسا جەرىمانىگە ئۇچرايدۇ.

— «شالچى دېھقان» شېئىر يېزىشنى ئانچە بىلمىسىمۇ، ئوقۇشنى ياخشى بىلىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — يەنە كېلىپ ئۇ ئەڭ ئادىل، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ باھاسى بىزنى قايىل قىلىدۇ.

ھەممەيلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلدى. لى ۋەن ئالدى بىلەن تەنچۇننىڭ شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

### ئاق يەسمەنگە مەدھىيە

ئىشىكنى كەچكى ئاپتاپتا گىياھ چىرماپتۇ خىلۋەتتە،
ئۆتۈپ يامغۇرمۇ تەشتەك مۇخ كەبى تاۋلاندى زۇمرەتتە.
سۈزۈك قاشتاشتەك ھۆسنۈڭ ئېسىل ـ پاكلىقتا يېگانە،
ۋۇجۇدۇڭ قار بىلەن پۈتكەن، كىشى مەپتۇندۇر ھەيرەتتە.
ئەجەب زىبا چېچەك ـ غۇنچەڭ ۋە لېكىن ناتىۋان، ئاجىز،
جامالىڭ تۈندىكى ئايدىن بولۇپ داغ، قويدى ھەسرەتتە.
دېمە ئۇنى ئۇچار كۆكتە پەرىشتىدەك كىيىپ ئاق تون،
بولۇپ جور مەن بىلەن كۈيلەر شېئىر بۇ كەچكى زۇلمەتتە.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھەممەيلەن بىر قۇر ماختاشتى، ئاندىن باۋچەينىڭ شېئىرىنى ئوقۇدى.

قەدىرلەپسەن سىياقىڭنى تاقاپ ئىشىكنى خىلۋەتتە،
كوزامدىن سۇ ئىچىپ مۇخ تەشتىكىڭ چاقنايدۇ زۇمرەتتە.

يۇيۇلۇپ پەردىزلىك، تاپتىلىڭ پەلەمپەيدە ئۆز ئەكسىڭنى،
قىرووۋ ـ قاردەك قىلىپ جىلۋە، روھىڭمۇ قويدى ھەيرەتتە.
بايان يەتسە كامالەتكە شۇ چاغدا بىلىنۇر ھۆسنۈڭ،
لېكىن بولماس غۇبارسىز قاش، شۇڭا بولدۇق بىز ھەسرەتتە.
ئۆزۈڭنى كۆز ئىلاھىغا ئاتاپسەن پاكلىقىڭ ئاسراپ،
بويۇڭ زىبا، ئۆزۈڭ خامۇش تۇرارسەن كۆندە زۇلمەتتە.

— ھەقىقەتەن «ئاسارۇن بانۇ» دېگۈچىلىكى بار ـ دە ! — دېدى لى ۋەن. ئاندىن باۋيۈينىڭ شېئىرىنى ئوقۇدى:

بېرىپ كۆزدىن دېرەك بىر گۈل تۇرار ئىشىكتە ـ خىلۋەتتە،
شاخ ـ شاخىدا غۇژمەكلەر تولۇپ تەشتەكتە زۇمرەتتە.
گۈزەل تەيجېن يۇيۇنغاندەك ۋۇجۇدۇڭمۇ تازا ـ پاكتۇر،
سىياقىڭ خەستە شىزىدەك ئەجەب ناز بوي، مەن ھەيرەتتە.
سابامۇ قاتمۇقات غۇسسەڭنى بەلكىم تارقىتالماس ھېچ،
جامالىڭغا قوشۇپ داغ تۇنكى يامغۇر قۇيدى ھەسرەتتە.
تۇرارسەن ئويلىنىپ گۈللۈك قاشاغا يۆلىنىپ تەنھا،
قۇلاق سېلىپ پاقىلداشقا① ۋە مۇڭلۇق نەيگە زۇلمەتتە.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، باۋيۈي تەنچۈننىڭ شېئىرىنى ياخشى، دېدى. لى ۋەن يەنىلا باۋچەينىڭ شېئىرىنى تەۋسىيە قىلىپ:

— بۇ شېئىر ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، — دېدى ۋە دەييۈينى ئالدىراتتى.

— ھەممەيلەن يېزىپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپلا دەييۈي قولغا قەلەم ئېلىپ، شارت ـ شۇرت قىلىپ يېزىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى. لى ۋەن شېئىرنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

---

① پاقىلداش — سۇ بويىدا كىرنى توقماقلاپ يۇغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

قىيا قايرىپ مىلەڭزەمنى تۇرۇپسەن ياندا خىلۋەتتە،
توپاڭ مۇز، تەشتىكىڭ قاشتاش كەبى چاقنايدۇ زۇمرەتتە.

بۇ ئىككى مىسرا ئەمدىلا ئوقۇلۇشىغا، باۋيۇي بارىكاللا ئېيتىپ:
— نەدىنمۇ ئويلاپ تاپقاندۇ بۇ سۆزلەرنى ! — دېدى.
ئوقۇش يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلدى:

ۋۇجۇدۇڭ ئاقلىقى نەشپۇت چېچەكدىن ئوغرىلانغان،
ئېلىپ خۇشبۇي سەن مېيخۇادىن شۇڭا قالدىم مەن ھەيرەتتە.

بۇ ئىككى مىسرا ئوقۇلغاندا، كۆپچىلىك يەنە تەسىرلىنىپ:
— بۇنىڭ ھېسسىياتى ھەقىقەتەن باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئىكەن، — دەپ ماختاپ كېتىشتى. ئوقۇش يەنە داۋاملاشتۇرۇلدى:

پەرى ئاي قەسرىدە تىككەن مەشۇتتىن ئاق لىباسىڭنى،
ھەرەم قىزىدەك يېشىلىڭ سۈرتۈپ تۇرۇپسەن ئەي گۈل ھەسرەتتە،
ئۇياتچانسەن، سۇكۇتتە تۆكەرسەن كىمگە دەردىڭنى،
تۇرۇپسەن غەرب شامالىدا ماجالسىز كەچكى زۇلمەتتە.

— بۇ شېئىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن ! — دېدى كۆپچىلىك شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا.
— نەپىسلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە بۇ شېئىرنى بىرىنچى ئورۇندا دېيىشكە بولىدۇ، — دېدى لى ۋەن، — ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك ۋە پۇختا بولۇش جەھەتتە «ئاساروڭ بانۇ» نىڭ شېئىرىغا يەتمەيدۇ.
— بۇ باھا جايىدا بولدى، — دېدى تەنچۇن قوشۇلۇپ، — «بامبۇكزار مەلىكىسى»نىڭ شېئىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

— «ئارامبەخش شاھزادە» نىڭ شېئىرى ئەڭ كېيىنكى ئورۇندا تۇردۇ، — دېدى لى ۋەن، — سەن بۇنىڭغا قايىل بولامسەن؟

— مېنىڭ بۇ شېئىرىم ئەسلىدە ياخشى يېزىلمىغان، — دېدى باۋيۈي، — بۇ باھا ئەڭ ئادىل بولدى. لېكىن، «ئاسارۇن بانۇ»نىڭ شېئىرى بىلەن «بامبۇكزار مەلىكىسى»نىڭ شېئىرلىرىنى يەنە سېلىشتۇرۇپ ئويلىنىپ كۆرەيلى.

— سىلەر ئارىلاشماڭلار، مېنىڭ باھايىم بويىچە بولىدۇ، — دېدى لى ۋەن، — كىم يەنە مۇشۇنداق تولا گەپ قىلسا جەرىمانىگە ئۇچرايدۇ.

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۈندىمەي قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يىغىلىشىمىزنى ھەر ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ۋە ئون ئالتىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈشكە بەلگىلەيمەن، — دېدى لى ۋەن، — ماۋزۇ بەلگىلەش، قاپىيە تاللاش مېنىڭ پىكرىم بويىچە بولىدۇ. ئارىلىقتىكى كۈنلەردە بىرەرىڭلارغا ئىلھام كېلىپ قالسا، قوشۇمچە يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، ھەتتا بىر ئاينىڭ ھەر كۈنى ئېچىشقىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭغا مېنىڭ قارشىلىقىم يوق. لېكىن، ئاينىڭ ئىككىنچى ۋە ئون ئالتىنچى كۈنلىرى بىزنىڭكىگە چوقۇم كېلىشىڭلار كېرەك.

— جەمئىيىتىمىزگە نام قويساق بولارمىكىن دەيمەن، — دېدى باۋيۈي.

— بەك ئاددىي نام قويساقمۇ ياخشى بولماس، — دېدى تەنچۈن، — ئاجايىپ - غارايىپ بولۇپ كەتسىمۇ ياخشى ئەمەس. بىز تۇنجى شېئىرىمىزنى يەسەمەنگە بېغىشلىدۇق، شۇڭا جەمئىيىتىمىزنى «يەسەمەن مۇشائىرە جەمئىيىتى» دەپ ئاتايلى. گەرچە بۇ ئىسىم بىرئاز ئاددىيراق بولسىمۇ، ئىشىمىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بەرگەچكە ھېچ ۋەقەسى يوق.

بۇ ھەقتىكى پىكىرلەر تۈگىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك يەنە بىر قۇر مەسلىھەتلىشىۋالدى، ئاندىن ئاز - تولا شاراب ئىچىپ،

مېۋە ـ چىۋە يەپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا قاراپ تارقىلىشتى، بەزىسى ئۆيىگە قايتتى، بەزىسى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچىنا خېنىمنىڭ قېشىغا كەتتى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۆزنى شىرېندىن ئاڭلىغايسىز. شىرېن بايا باۋيۈينىڭ باغاقنى كۆرۈپلا ئالدىراش سۇيمۇ بىلەن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى. كېيىن يان ئىشىككە قارايدىغان دەرۋازىۋەن ئاياللار ئىككى تەشتەك يەسىمەن ئەكەلدى، بۇنى كۆرۈپ شىرېن دەرۋازىۋەن ئايالدىن سورىدى:

— گۈلنى نەدىن ئەكەلدىڭلار؟

گۈل كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاياللار بايىقى ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، شىرېن ئۇلارغا گۈلنى قويۇپ، تاشقىرىقى ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى، ئۆزى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئالتە مىسقال كۈمۈشنى تارازىدا تارتىپ ئورىدى، يەنە ئۈچ يۈز داچەن ئېلىپ قايتىپ چىقتى ـ دە، ھېلىقى ئىككى ئايالغا:

— كۈمۈشنى گۈلنى ئەكەلگەن مۇلازىملارغا بېرىڭلار، مۇنۇ پۇلغا ئۆزۈڭلار شاراب ئىچەرسىلەر، — دېدى.

ئايالغا ئىككى ئايال دەس تۇرۇشۇپ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ، رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىشتى، لېكىن پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، شىرېن ئالمىساڭلار بولمايدۇ، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىشتى.

— يان ئىشىكتە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇلازىملار باردۇ؟ — دەپ سورىدى شىرېن.

— ھەر كۈنى تۆت كىشى نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋازىۋەن ئايال، — ئۇلار ئىچكىرىدىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. خېنىم، بۇيرۇيدىغان نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ بىز جېكىلەپ قويايلى.

— مەن بۇيرۇيدىغان نېمە ئىش بولاتتى! — دەپ كۈلدى

شىرىن، — بۇگۇن باۋىيۇي غوجام شى شىياڭيۇن خېنىمغا بىر نەرسە ئەۋەتمەكچىدى، سىلەر ئوبدان چاغدا كەلدىڭلار، مۇلازىملارغا ئېيتىڭلار، مەيە يالاپ بەرسۇن، كىرا پۇلىنى ئۆزۈڭلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئېلىڭلار، ئۇلار پۇل ئالىمىز دەپ ئالدى تەرەپكە دوقۇرۇپ يۈرمىسۇن.

ئايالىلار خوش دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

شىرىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ شىياڭيۇنگە ئەۋەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنى تەخسىگە قاچىلىماقچى بولۇپ، تەكچىگە قارىسا، تەخسىنىڭ ئورنى بوش تۇرۇپتۇ. ئۇ يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان چىڭۋېن، چيۇۋېن، شېيۆلەرگە قايرىلىپ سورىدى:

— ھېلىقى قىيىق گۇللۇك ئاق ھېقىق تەخسە قېنى؟

ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. بىرھازادىن كېيىن چىڭۋېن:

— تەنچۇن خېنىمغا لىزى مېۋىسى ئاپارغانىدۇق، تېخى قايتۇرۇپ ئەكەلمىدۇق، — دېدى كۈلۈپ.

— ئۆيدە سوۋغات ئەۋەتىشكە بولىدىغان باشقا قاچىلار كۆپقۇ، — دېدى شىرىن، — ئەتەي شۇ تەخسىنى ئېلىشقىنىنى !

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى چىڭۋېن، — بۇ تەخسىگە يېڭى ئۈزگەن لىزىنى تىزسا بەك يارىشىدىكەن. تەخسىنى مەن ئاپارغان. تەنچۇن خېنىم تەخسىنى كۆرۈپ، بەك چىرايلىق ئىكەن، دەپ ئېلىپ قالدى، شۇڭا قايتۇرۇپ كېلەلمىدىم. سەن تەكچىنىڭ ئۈستىگىرەك قاراپ باقىنا، شۇ يەردىكى بىر جۈپ قوشماق لوڭقىنىمۇ تېخى قايتۇرۇپ ئەكەلمىدۇق !

— بۇ لوڭقىنىڭ گېپىنى چىقارساڭ قىزىق بىر ئىش يادىمغا كېلىۋاتىدۇ ! — دېدى چيۇۋېن كۈلۈپ، — بىزنىڭ باۋىيۇي غوجامنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرگۈسى كېلىپ قالسا ئون ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قايسى كۈنى ئۇ باغدا

دالچىن گۈلى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىككى تالنى ئۈزۈپ لوڭقىغا چىلاپ قويماقچى بولغان، لېكىن تۇيۇقسىز مېڭىسىگە: «بۇ ئۆز بېغىمىزدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ياش گۈل تۇرسا، ئالدى بىلەن ئۆزۈم ھۇزۇر ئېلىشقا قانداق جۈرئەت قىلىمەن» دېگەن بىر پىكىر كەلدى بولغاي، ئەتەي ئاشۇ بىر جۈپ لوڭقىنى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن سۇ قۇيۇپ گۈلنى چىلىدى. ئاندىن كىشى چاقىرىپ، بىر لوڭقىنى ئۇنىڭغا كۆتۈرتكۈزۈپ، بىرسىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، بىر لوڭقىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، يەنە بىرسىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سوۋغا قىلغىلى ماڭدى. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى تۇتۇپ كېتىپتىكەنمۇ دەيمەن، ھەتتا ئەگىشىپ بارغان كىشىنىڭمۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى. ئۇ كۈنى گۈلنى مەن ئاپارغانىدىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم گۈلنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، كىشىلەرگە قاراپ: «يەنىلا باۋيۈي بالام ماڭا ۋاپادار ئىكەن، ھەتتا بىر تال گۈل بىلەن بولسىمۇ مېنى ياد ئېتىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا نېمانچە ئىچى كۆيىدىغاندۇ، دەپ مەندىن ئاغرىنىشىدۇ تېخى!» دېگەنىدى. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ماڭا ئادەتتە تۈزۈك گەپمۇ قىلمايتتى، بەلكىم ئۇ كىشىگە بىر يېرىم ياقمىسا كېرەك. لېكىن، شۇ كۈنى بىر خىزمەتكارنى چاقىرىپ ماڭا بىرنەچچە يۈز داچەن پۇل ئالدۇرۇپ بەردى، ئاندىن ماڭا: «ھەي بىچارە، تۇغۇلۇشۇڭدىنلا ئاجىز ئىكەنسەن» دېدى. بۇ ماڭا كەلگەن تاسادىپىي ئامەت بولماي نېمە؟ بىرنەچچە يۈز داچەننىڭ كارى چاغلىق، لېكىن بۇنداق يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇش تەس گەپ ـ دە! ئاندىن بىز ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا باردۇق. ئاغىچا خېنىم فېڭجيې خېنىم ۋە جاۋ كىچىك ئاپا بولۇپ بىرقانچەيلەن ساندۇقنى ئاختۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا كىيگەن رەڭدار كىيىملىرىنى ئىزدەۋاتقانىكەن، بۇنى بىرسىگە بەرمەكچىمىكىن، بىلمەيمەن. ئۇلار بىزنىڭ كىرگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، كىيىم ئاختۇرۇشنى توختىتىپ گۈلگە قىزىقىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا

تۇرغان فېڭجىيې خېنىم باۋيۈي غوجامنى ئۇنداق ۋاپادار، ياخشى ياماننى پەرق ئېتىدىغان مۇنداق ئەقىللىك دەپ، راستى بارمۇ، يالغىنى بارمۇ قوشۇپ نەچچە تاغار ماختاپ كەتتى. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاغىچا خېنىمنىڭ شان - شەرىپىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدى. ئاغىچا خېنىم تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، تەييار كىيىمدىن ماڭا ئىككى قۇرنى ئىنئام قىلىۋەتتى. كىيىمنىڭغۇ كارى چاغلىق، بەرىبىر ئۇنى ھەر يىلى ئېلىپ تۇرىمىز، ئەمما بۇ مۇكاپاتقا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ - دە.

— تۇفى! دۇنيادا ھېچنېمە كۆرمىگەن پەس! — دېدى چىڭۋېن كۇلۇپ، — ياخشىسىنى باشقىلارغا بېرىپ، ساڭا ئىلغىنىپ قالغىنىنى بەرگەنىكەنغۇ، تېخى بۇنىڭ يۈز تاپتىم دەپ كېتىۋاتقىنىنى!

— ئاشقان - تاشقىنىنى بەرگەن بولسىمۇ مەيلى، — دېدى چيۇۋېن، — نېمىلا بولسۇن، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىلتىپاتى - دە.

— مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام ھەرگىز ئالمىغان بولاتتىم، — دېدى چىڭۋېن، — ئەگەر باشقىلارغا بېرىپ، قالغىنىنى ماڭا بەرگەن بولسا، بوپتۇ مەيلى، چۈنكى ھەممىمىز ئوخشاشلا مۇشۇ ئۆيدىكى خىزمەتكار تۇرساق، بىر - بىرىمىزدىن قالغۇچىلىكىمىز بارمۇ؟ لېكىن، ياخشىراقىنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، ئاشقان - تاشقىنىنى ماڭا بەرگەن بولسا مەن ھەرگىزمۇ ئالمايتتىم، ئاغىچا خېنىم مېنىڭ كايىغان بىلەنمۇ ئۇنداق خورلۇقنى كۆتۈرمەيتتىم.

— بۇ ئۆيدە يەنە كىمگە كىيىم بەردى؟ — دەپ سورىدى چيۇۋېن قىزىقىپ، — مەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئاغرىپ ئۆز ئۆيۈمگە كەتكەنىدىم، شۇڭا كىمگە كىيىم بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. خېنىم ئاچا، ئېيتىقىنا، مەنمۇ خەۋەردار بولۇپ قالاي.

— ئېيتىپ بەرسەم، ئاغىچا خېنىمغا ياندۇرۇپ بەرگىلى بارامسەن نېمە؟ — دېدى چىڭۋېن.

— قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ! — دېدى چيۇۋېن، — مەن ئاڭلاپ باقاي دېدىم شۇ. ھەتتا بۇ ئۆيدىكى بىرەر ئىشتىن ئاشقان كىيىم بولسىمۇ، ئۇنى مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ مەرھەمىتى دەپ ئېلىۋېرىمەن، باشقىسى بىلەن كارىم يوق!

— ئوھۇ، تازا ئوخشاتتىڭ! — دېدى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ، — دېگەندەك، ئارىمىزدىكى پەرەڭ كوكۇرىغا بىرىلگەندى!

— ۋاي، تىلىغا مەرەز چىققۇرلار! — دېدى شىرېن كۈلۈپ، — قولۇڭلار بوشاپ قالسىلا تىلىڭلارنى چايناپ مېنى زاڭلىق قىلىسىلەر، ۋۇي ئۆلۈم كەلمىگەنلەر!

— ھە، ئاچا، سەن ئىگە بوپتىكەنسەن - دە! — دېدى چيۇۋېن كۈلۈپ، — مەن راستلا بىلمەيتتىم، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن.

— بولدى، تولا شاللاقلىق قىلماڭلار! — دېدى شىرېن، — ھازىر ئەڭ زۆرۈرى، بىرىڭلار بېرىپ تەخسىنى ئېلىپ كېلىڭلار.

— لوڭقىنىمۇ پۇرسەت تېپىپ ياندۇرۇپ كېلىش كېرەك، — دېدى شېيۈ، — لوڭقا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە بولسىغۇ مەيلى ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئادەم كۆپ، سوغۇق قول تولا. باشقىلارمۇ بىر نۆرى، ھېلىقى كىچىك غوجام بارغۇ، شۇنىڭ ئۆيىدىكى تەنتەكلەر بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، كۆڭلى قارىلىق قىلىپ چېقىۋېتىشى مۇمكىن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن ئانچە كارى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىدا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن تۈزۈك.

— بوپتۇ، مەن بېرىپ ئەكېلەي، — دېدى چىڭۋېن تىكىۋاتقان يىڭنە ئىشىنى بىر چەتكە قويۇپ.

— لوڭقىنى ئالغىلى ئۆزۈم باراي، تەخسىنى سەن ئۆزۈڭ ئەكەل، — دېدى چيۇۋېن.

— مەنمۇ بىر نۆۋەت بېرىپ باقاي، — دېدى چىڭۋېن، — بۇنداق پۇرسەت كەم ئۇچرايدۇ، ھەممىلىرى ئىنئام ئېلىشىپلا، ئەمدى مېنىڭ بىر قېتىم ئىنئام ئېلىشىمغا رۇخسەت

قىلىشامىلا؟
— چىۋۋىن بار ـ يوقى بىر قېتىملا كىيىمگە ئىگە بولۇپ قالدى، بۇنداق ئىش بولىۋەرمەيدۇ، — دېدى شېيۈ — سەنمۇ ماڭا بىرەر كىيىم تېگىپ قالارمىكىن دەمسەن؟
— كىيىم تەگمىگەندىمۇ ھەرھالدا ئاغىچا خېنىم مېنىڭ ئىشچانلىقىمنى بىلىپلا قالسا، ئۆزىنىڭ ھېسابىدىن ماڭىمۇ ئېيىغا ئىككى سەر كۈمۈش بېرىدىغان بولسا ئەجەب ئەمەس ! — دېدى چىڭۋېن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ماڭا ئۇستاتلىق ئىشلەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، مەن بىلمەيدىغان نېمە ئىش بار ئىدى !
شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، چىۋۋېنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ تەنچۈننىڭ ئۆيىدىن تەخسىنى ئەكېلىشكە ماڭدى. شىرېن شياڭيۈنگە ئەۋەتىدىغان نەرسىلەرنى چىگىپ، شۇ ئۆيدە خىزمەت قىلىدىغان سۇڭ ئانىكىنى چاقىردى ـ دە:
— سەن بېرىپ ئوبدان يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ تالالىق كىيىمىڭنى كىيىپ كەلگىن. شى شياڭيۈن خېنىمغا سوۋغات ئېلىپ بارىسەن، — دېدى.
— خېنىم، — دېدى سۇڭ ئانىكا، — ئاپىرىدىغان نەرسىنى ماڭا ھازىرلا بەرسىڭىز، گەپ ـ سۆز بولسا ماڭا دېسىڭىز، مەن جابدۇنۇپ بىر يولى كەتسەم.
شىرېن ئىنچىكە بامبۇك چىۋىقلىرىدىن ئۆرۈلۈپ سىرلانغان ئىككى قۇتىنى ئالدى ـ دە، بىرسىگە يېڭى پىشقان سۇ ياڭىقى بىلەن قارىغۇ كۆز مېۋىلىرىنى قاچىلىدى، يەنە بىر قۇتىغا يېڭى توشقان بۆكى تالقىنىغا دالچىن مۇرابباسى قوشۇپ قاسقاندا پىشۇرۇلغان توقاچتىن سالدى، ئاندىن مومايغا چۈشەندۈردى:
— بۇ مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يىل بىزنىڭ باغدا يېتىشكەن، باۋيۈي غوجام شى شياڭيۈن خېنىمنى ئېغىز تەگسۇن، دېدى. قايسى كۈنى شى شياڭيۈن خېنىم ھېقىق تەخسىنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەنىدى، شۇڭا بۇ تەخسىنى ئېلىپ

قالسۇن. مۇنۇ ياغلىقتا قايسى كۈنى شياڭيۈن خېنىم مېنى تىكىپ بەرسۇن دەپ ئەۋەتكەن يىڭنە ئىشى بار، قوپال تىكىلىپ قالغان بولسا مېنى كايىمىسۇن، باۋيۈي غوجام ئۇچۇن خېنىمدىن ئەھۋال سورىغىن، بىزدىن سالام ئېيت.

— باۋيۈي غوجامنىڭ دەيدىغان گەپ ـ سۆزى بارمىكىن، بىر سوراپ باققان بولسىڭىز، قايتىپ كەلگەندە ئۇنتۇپ قاپسەن دېمىسۇن.

شىرېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چيۇۋېندىن سورىدى:

— غوجام ھېلىمۇ تەنچۇن خېنىمنىڭ ئۆيىدىمۇ؟

— ئۇلار شۇ يەردە مۇشائىرە جەمئىيىتى دېگەن بىرنېمە قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى، شېئىر يېزىشماقچى ئوخشايدۇ، — دېدى چيۇۋېن، — غوجامنىڭ سۆزى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. سەن كېتىۋەرسەڭمۇ بولىدۇ.

سۇڭ ئانىكا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېينىگىلى كەتتى.

— سەن ئارقا دەرۋازا بىلەن ماڭ، — دېدى شىرېن تاپىلاپ، — ئۇ يەردە بىر بالا سېنى مەپە بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ.

سۇڭ ئانىكا يۈرۈپ كەتتى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

بىردەمدىن كېيىن باۋيۈي قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن يەسمەنگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ شىرېنگە مۇشائىرە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شىرېنمۇ سۇڭ ئانىكىدىن شى شياڭيۈنگە سوۋغات ئەۋەتكەنلىكىنى باۋيۈيگە ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنى بىز ئەجەب ئۇنتۇپ قاپتۇق ـ ھە! — دېدى باۋيۈي قولىغا قولىنى ئۇرۇپ، — كۆڭلۈمدە بىر ئىش ئۇنتۇلغاندەكلا قىلدى، لېكىن ھېچ ئەسلىيەلمىگەنىدىم. سەن ئۇنى ئېسىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭ. شياڭيۈننى تەكلىپ قىلىش كېرەك ئىدى. بىزنىڭ مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزدە ئۇ بولمىسا بۇنىڭ نېمە قىزىقى بولاتتى!

— ھېچقانچە بىر چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ ! ناھايىتى بىر تاماشا ئىشى ئىكەن، — دېدى شىرىن، — شياڭيۇن خېنىمنى ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئائىلىسىدە ئىختىيارى ئۆز قولىدا ئەمەس. ئۇنى كەلسۇن دەپ ئېيتىپ بەرگەن بىلەن، ئۇ كېلىمەن دەپلا كېلەلمەيدۇ، كەلمەي دېسە، كەلگۈسى كېلىپ كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، بىكاردىن ـ بىكار تەڭلىكتە قالىدۇ.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى باۋيۈي سۆزىدە قاتتىق تۇرۇپ، — مەن چوڭ ئانامغا ئېيتىپ ئۇنى ئەكەلگىلى كىشى ئەۋەتكۈزىمەن.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، سۇڭ ئانىكا قايتىپ كېلىپ، شياڭيۇن خېنىم، ماڭا بەك جوۋاپتۇ، دەپ شىرىنگە رەھمەت ئېيتقانلىقىنى يەتكۈزدى. موماي يەنە مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى:

— بەگ غوجام نېمە قىلىۋاتىدۇ دەپ سورىغانىدى، مەن: «خېنىملار بىلەن مۇشائىرە جەمئىيىتى دەمدۇ، بىرنېمىنى قۇرۇپ شېئىر يېزىشىۋاتىدۇ» دېۋىدىم، شى شياڭيۇن خېنىم ماڭا ئېيتىپ قويماستىن شېئىر يېزىشىپتۇ، دەپ بىرمۇنچە خاپا بولدى !

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال جيا ئانىنىڭ قېشىغا كېلىپ، شى شياڭيۇننى چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى.

— ھازىر كەچ بولۇپ قالدى، ئەتە ئەتىگەندە چاقىرىپ كەلسۇن، — دېدى جيا ئانا.

باۋيۈي نائىلاج ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا جيا ئانىنىڭ قېشىغا يەنە كېلىپ ئۇنى كىشى ئەۋەتىشكە ئالدىراتتى. چۈشتىن كېيىن شياڭيۇن يېتىپ كېلىۋىدى، باۋيۈينىڭ كۆڭلى ئاندىن تەسكىن تاپتى. كۆرۈشكەن ھامان بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا يازغان شېئىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋىدى، لى ۋەن ئۇنى توختىتىپ:

— شىئىرنى كۆرسەتمەي تۇر، هازىرچە قاپىيەسىنىلا ئېيتىپ بەرسەڭ بولدى. ئۇ كېيىن كەلگەچكە، جەرىمانىسىگە شېئىر يازسۇن. شېئىرى ياخشى چىقسا، جەمئىيەتكە قوبۇل قىلىمىز، ياخشى چىقمىسا، جەرىمانىسى ئۈچۈن ساھىبخانا بولۇپ، بىزنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار.

— سىلەر مېنى چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن مەن سىلەرگە جەرىمانە قويسام بولار ! — دېدى شياڭيۇن كۈلۈپ، — قېنى، قاپىيەنى بېرىڭلار، شېئىر يېزىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، تىرىشىپ بىرنېمە قىلىپ باقارمەن. ئەگەر مېنى جەمئىيىتىڭلارغا قوبۇل قىلساڭلار، يەر سۈپۈرۈش، كۆجە يېقىش ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ رازىمەن.

شياڭيۇننىڭ مۇنچىلىك قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى ۋە:

— تۈنۈگۈن ئۇنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندۇق ! — دەپ ئۆزئارا ئاغرىنىشتى.

شۇ سۆزدىن كېيىن شېئىرنىڭ قاپىيەلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

شياڭيۇننىڭ شۇنچىلىك ئىلھامى كەلدىكى، سۆز - ئىبارىلەر ئۈستىدە ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن ۋە بۇلار بىلەن قىلىشىۋاتقان پارىڭنى توختاتماي تۇرۇپ كۆڭلىدە ئىككى شېئىرنى ئىلداملا پۈتكۈزۈپ قويدى - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىر قېتىمدىلا شارت - شۇرت قىلىپ شېئىرنى قەغەزگە چۈشۈردى.

— سىلەرنىڭ قاپىيەڭلەر بويىچە ئىككى شېئىر يازدىم، — دېدى شياڭيۇن كۈلۈپ ۋە شېئىرنى كۆپچىلىككە ئۇزارتىپ، — قانداقراق چىققانلىقىنى بىلمىدىم، پەقەت بۇيرۇقۇڭلارنى ئورۇنلىدىم، خالاس.

— بىز تۆت شېئىر يېزىپ، ئەمدى بۇ قاپىيەلەرگە سۆز تۈگەپ قالدى، بۇ قاپىيەلەر بىلەن شېئىر يېزىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىغاندۇق، سەن بىراقلا ئىككى شېئىر يېزىۋەتتىڭغۇ ! —

دېيىشتى ھەممەيلەن، — بۇ سۆزلەر ساڭا نەدىن كەلگەندۇ؟ بىز ئىشلىتىپ بولغان سۆزلەرنى تەكرارلىدىڭمۇ يا؟

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇلار شياڭيۇننىڭ شېئىرىنى كۆرۈشتى، ئىككى شېئىر مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئاق يەسمەنگە مەدھىيە» گە مۇشائىرە

بىرىنچى شېئىر

كېچە — كۆكتىن پەرى چۈشمىش، تۇرار ئاستانە[1] خىلۋەتتە،
تېرىپتۇ قاشتېشى لەنتيەن[2] ئەنە تەشتەكتە - زۇمرەتتە،
گۈلۈم سەن قىش ئىلاھىدەك سوغۇققا بەردىڭ ئىشقىڭنى،
ئەمەس سەن جانىدىن كەچكەن گۈزەل چيەننۈي[3] كى ھەيرەتتە.
بۇ كەچكى كۈزدە تەشتەك قار قەيەردىن ئىلتىپات قىلغان؟
چۈشۈپتۇ تۈنكى يامغۇردا يۈزىگە داغ، مەن ھەسرەتتە.
خۇشالمەنكى، تىنىم تاپماي ئوقۇپ مەدھىيە شائىرلار،
زېرىكتۇرمەس سېنى ھەرگىز سەھەر ھەم كەچكى زۇلمەتتە.

ئىككىنچى شېئىر

ئاسارۇنزار سۇپا يانداش مىسىل ئىشىككە خىلۋەتتە،
تېرىلساڭ باب كېلۇر يەرگە ۋە يا تەشتەككە زۇمرەتتە.
ئەزەلدىن سۆيگىنىڭ پاكلىق، ساڭا تەس جورمۇ تاپماقلىق،

---

① ئاستانە — پايتەخت مەنىسىدە.

② لەنتيەن قاشتېشى — شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى لەنتيەن دېگەن تاغدىن چىقىدىغان قاشتاش. بۇ يەردە بۇ يەسمەنگە تەمسىل قىلىنغان.

③ چيەننۈي ياكى چيەننيياڭ — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ يىنىڭ قىزى چيەننياڭ ئەسلىدە ۋاڭ جۇغا ياتلىق قىلىنماقچى بولۇپ، كېيىن ئاتىسى ئۇنى باشقا كىشىگە بەرمەكچى بولىدۇ، بۇنىڭغا چيەننياڭ نارازى بولىدۇ - دە، جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇپ ۋاڭ جۇ بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ يەردە ئاق يەسمەن جېنىدىن جۇدا بولغان چيەننياڭ ئەمەس، دېمەكچى.

لېكىن كۆز كەلسە غەم ـ ھەسرەت كۆپەيگەي دىلمۇ ھەيرەتتە.
ئېقىپ ياشلىق قۇرۇپ پۈتكەن شامالدا قاشتېشى شامدەك،
كۆرۈندى بىللۇر پەردەمدىن جامالىڭ داغۇ ھەسرەتتە.
كۆڭۈلدە ئاي پەرىسىگە ئىشق ئىزھار قىلاي دەيسەن،
لېكىن بوپبوش پېشايۋانىڭ زىياسىز قاپتۇ زۇلمەتتە.

كۆپچىلىك ھەر مىسراسى ئوقۇلغاندا شۇنداق ھەيران قېلىشتىكى، شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھەممەيلەن تەڭلا ماختىشىپ كەتتى:

— بۇ شېئىر يەسسەنىنى مەدھىيەلەشكە راسا مۇناسىپ شېئىر بوپتۇ! بىز بۇ جەمئىيەتنى ھەقىقەتەن «يەسسەن مۇشائىرە جەمئىيىتى» دەپ ئاتىساق بولىدىكەن، — دېيىشتى.

— ئەتىلىككە ماڭا قويۇلغان جەرىمانە بويىچە ئالدى بىلەن مەن ساھىبخانا بولۇپ، ھەرقايسىڭلارنى جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يىغىلىشىغا تەكلىپ قىلىشقا رۇخسەت قىلساڭلار قانداق؟ — دېدى شياڭيۈن.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ھەممەيلەن قوشۇلۇپ.

ئۇلار يەنە تۇنۇگۈن يېزىلغان شېئىرلار ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن بىردەم مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى.

كەچتە باۋچەي شياڭيۈننى ئاسارۇنزار ھويلىدا قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى. شياڭيۈن چىراغ تۈۋىدە، زىياپەتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، شېئىر ماۋزۇلىرىنى قانداق بەلگىلەش توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ مۆلچەرىنى بايان قىلدى، باۋچەي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئانچە مۇۋاپىق تاپمىدى بولغاي، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— جەمئىيىتىمىزنىڭ يىغىلىشىنى ئاچماقچىكەنمىز، زىياپەت ئۆتكۈزۈش لازىم بولىدۇ. بۇ بىر كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى بولسىمۇ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىنىمۇ ھېسابقا

ئېلىش ۋە باشقىلارنىمۇ رەنجىتىپ قويماسلىق لازىم، شۇنىڭدا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدۇ. ئۆيۈڭدە ئۆز ئىختىيارىڭ قولۇڭدا ئەمەس، ھەر ئايدا ئالىدىغان نەچچە تىيىن داچەن ئۆزۈڭگىمۇ يەتمەيدۇ. سەن ھازىر مۇنداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىشلارنى قىلساڭ، خان ئاچاڭ ئاڭلاپ قالسا، سەندىن بىرمۇنچە خاپا بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ پۇللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى چىقارغىنىڭ بىلەنمۇ، بەرىبىر زىياپەتكە يەتمەيدۇ. بۇ خىراجەت ئۈچۈن پۇلنى ئۆيۈڭدىن ئەكېلەمسەن ياكى مۇشۇ يەردە بىرسىدىن ئالامسەن؟

بۇ گەپ ـ سۆزلەردىن شياڭيۈن ئۆز ئەھۋالىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىككىلىنىپ قالدى.

— بۇ توغرۇلۇق مېنىڭ مۇنداق بىر پىكرىم بار، — دېدى باۋچەي، — بىزنىڭ گۆرۈخانىمىزدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ يەرلىرىدىن ئاجايىپ ياخشى قىسقۇچپاقىلار چىقىدىكەن، قايسى كۈنى بىزگە بىرنەچچە تال ئەۋەتىپتۇ. ھازىر بۇ يەردە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ تاكى تۆر ئۆيدىكى خىزمەتكارلارغىچە ھەممىسى قىسقۇچپاقا يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قايسى كۈنى ھامما ئاچام ماڭا: «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى دالچىن گۈلىنى تاماشا قىلغاچ قىسقۇچپاقىغا ئېغىز تېگىش ئۈچۈن باغقا تەكلىپ قىلماقچىمەن» دېگەنىدى. لېكىن، ئىشى چىقىپ قېلىپ تەكلىپ قىلالمىدى. سەن ھازىرچە مۇشائىرە جەمئىيىتى توغرۇلۇق گەپ ئاچماي، ئادەتتىكىچە چاقىرىۋەرگىن، ياشانغانلار تارقىلىشقاندىن كېيىن، ئۆزىمىز بۇ يەردە قېلىپ خالىغانچە شېئىر يازساق بولمامدۇ؟ مەن ئاكامغا ئېيتاي، تازا سېمىز، چوڭ ـ چوڭ قىسقۇچپاقىدىن بىرنەچچە سېۋەت ئالدۇرۇپ بەرسۇن، دۇكىنىمىزدىن يەنە بىرنەچچە كوزا ياخشى شاراب، تۆت ـ بەش جوزىغا يېتەرلىك مېۋە ـ چېۋە ئالدۇرايلى، شۇنداق قىلساق ئىشىمىزمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممەيلەننىڭ ئولتۇرۇشىمۇ قىزىمامدۇ؟

شىياڭيۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋچەيگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى ـ دە:

— ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپسەن ! — دەپ ماختاپ كەتتى.

— مەن چىن كۆڭلۇمدىن سىنىڭ غېمىڭنى يەپ دەۋاتىمەن، بۇنىڭدىن زادى شۇبھىلىنىمىگىن، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — مېنى كەمسىتتى دەپ ئويلاپ قالساڭ، ئۇ چاغدا بىز ئىككىمىز بىكارلا دوست بولۇپ يۈرگەن بولۇپ قالىمىز. سەن بۇنىڭدىن گۇمان قىلمايدىغان بولساڭ، مەن ئۇلارنى جورۇپ قوياي.

— جېنىم ئاچا ! — دېدى شىياڭيۇن كۈلۈمسىرەپ، — مۇنداق دەيدىغان بولساڭ، ماڭا چىن كۆڭلۈڭدىن مۇئامىلە قىلمىغان بولۇپ قالىسەن. مەن ھەرقانچە دۆت بولغان تەقدىردىمۇ ياخشى ـ يامانني پەرق قىلالمىسام، ئادەم بولامدىمەن ! مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان ئاچام دەپ قارىمايدىغان بولسام، ئۆتكەن قېتىم ئائىلىدە تارتىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىمنى ساڭا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم.

باۋچەي بىر خىزمەتكار ئايالنى چاقىرىپ بۇيرۇدى:

— سەن شۆ يەن بېگىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتقىن، بىزگە قايسى كۈنكى چوڭ قىسقۇچپاقىلاردىن بىرنەچچە سېۋەت ئالدۇرۇپ بەرسۇن، ئەتە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇلۇغ ئانىچا خېنىم بىلەن ھامامنى دالچىن گۈلىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچىمىز. شۇنى ئېيتىپ قويايكى، شۆ يەن بېگىم بۇنى قانداقلا بولمىسۇن ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىسۇن. مەن بۈگۈن مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىشقا ئالدىغاچان ئادەم ئەۋەتىۋەتتىم.

ئۇ ئايال چىقىپ كەتتى، بۇ سۆز شۇ يەردە تۈرۈپ تۈرسۇن.

ئاندىن باۋچەي شىياڭيۇنگە يەنە مۇنداق دېدى:

— شېئىرنىڭ ماۋزۇلىرى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ كەتمىسۇن، قەدىمكى شائىرلارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر، نەدە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ماۋزۇلار ۋە ئېغىر قاپىيەلەر بار؟ ئەگەر ماۋزۇ تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، قاپىيەلىرى ئېغىر

بولسا، شېئىر ياخشى چىقمايدۇ ـ دە، چاكىنا كىشىلەرنىڭكىدەك بولۇپ قالىدۇ. شېئىر تولا ئىشلىتىپ ئەبجىقى چىققان سۆزدىن قورقىدۇ، لېكىن تولىمۇ غورا سۆزلەرنى ئىشلەتسەك يەنە بولمايدۇ. ئالدى بىلەن پىكىرنىڭ ئېنىق ۋە يېڭى بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرسەك، سۆز ـ ئىبارىلەر قاتمال بولۇپ چىقمايدۇ. سۆزلەپ كەلسەك، بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك بىر ئىش. سەن بىلەن بىزگە ئەسلىدە نېسىپ بولغىنى يىپ ئېگىرىش، يىڭنە ئىشى قىلىش، قولىمىز بوشاپ قالغان چاغلاردا ئۆز ۋۇجۇدىمىزغا پايدىلىق بولغان كىتابلاردىن بىرنەچچە باب ئوقۇپ قويساق توغرا ئىش قىلغان بولاتتۇق.

شياڭيۈن ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن شۇنى ئويلاۋاتىمەن، تۈنۈگۈن يەسىمەن ھەققىدە شېئىر يېزىلدى، ئەمدى جۇخار گۈلى توغرىسىدا شېئىر يازساق قانداق بولار؟

— ھازىرغۇ جۇيخار گۈلىنىڭ تازا ۋاقتى ئىدى، — دېدى باۋچەي، — لېكىن بۇرۇنقى شائىرلار بۇ ماۋزۇدا كۆپ يازغان.

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغانىدىم، — دېدى شياڭيۈن، — بۇ ماۋزۇدا يازساق تەقلىدچىلىك بولۇپ قالارمىكىن.

باۋچەي بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن:

— ھە، تاپتىم، جۇخار گۈلى مېھمان، ئادەم ساھىبخانا سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسۇن، — دېدى، — بىز بىرنەچچە ماۋزۇ ئويلاپ تاپايلى. ھەممىسى ئىككى سۆزلۈكتىن بولسۇن، بىرسى ياردەمچى سۆز، بىرسى ئاساسىي سۆز بولسۇن. ئاساسىي سۆز ئۈچۈن «جۇخار»نى ئالايلى، ياردەمچى سۆز ئۈچۈن ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىۋېرەيلى. شۇنداق بولغاندا ھەم جۇخارنى مەدھىيىلىگەن، ھەم مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەن بولىمىز، بۇ ماۋزۇدا بۇرۇنقى شائىرلار يازغان بولسىمۇ، ئانچە تەقلىدچىلىك قىلغان بولمايمىز. مەنزىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن نەرسىنى مەدھىيىلەش بىر ـ بىرىگە ئۆتۈملۈك بولىدۇ ـ دە، بىر يېڭىلىق

سوپىتىدە قاملاشىپ چىقىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى شياڭيۇن قوشۇلۇپ، — شۇغىنىسى، قانداق ياردەمچى سۆزلەرنى ئىشلەتسەك ياخشى بولاركىنتاڭ؟ ئالدى بىلەن سەن بىرنى ئويلاپ تاپساڭ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

باۋچەي بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن:

— «جۇخار چۈشى» دېسەك ياخشى بولارمىكىن، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— تولىمۇ ياخشى، — دېدى شياڭيۇن ياقتۇرۇپ، — مەنمۇ بىرنى ئويلاپ قويدۇم: «جۇخار سايىسى»، قانداق، توغرا كېلەرمۇ؟

— بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋچەي، — ئېھتىمال، بۇ ماۋزۇدا بىرسى يازغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ماۋزۇ كۆپرەك بولسۇن دېسەك، بۇنىمۇ ئىشلىتەيلى. مەن يەنە بىرنى ئويلاپ قويدۇم.

— قېنى ئېيتقىنا! — دېدى شياڭيۇن ئالدىرىتىپ.

— «جۇخارغا سوئال»، قانداق؟ — دېدى باۋچەي.

— ئاجايىپ ياخشى! — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى شياڭيۇن. ئاندىن بىر گەپنى قوشۇپ قويدى، — مەنمۇ بىرنى ئويلىدىم: «جۇخارغا زىيارەت»، سېنىڭچە قانداق، بولارمۇ؟

— بۇمۇ قىزىقارلىق، — دېدى باۋچەي ماختاپ، — مۇشۇنداق ماۋزۇدىن ئوننى تاپايلى، ھازىرچە مۇشۇ ماۋزۇلارنى يېزىپ تۇرايلى.

شۇ گەپ بىلەن ئىككىيلەن سىياھنى ئېزىپ قەلەمنى مىلىدى، شياڭيۇن يازدى، باۋچەي ئېيتىپ بەردى، بىردەمدىن كېيىن ئون ماۋزۇ يېزىلىپ بولدى. شياڭيۇن بىر قۇر ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— ئون ماۋزۇ بىر قىسىم بولالمايدۇ. ئادەتتە ئون ئىككى بولسا، ئاندىن تولۇق بولىدۇ①. بۇمۇ خەقلەرنىڭ ھۆسنخەت ياكى

① ئىلگىرىكى چاغلاردا ھۆسنخەت ياكى رەسىملەر توپلىمى تۆت، سەككىز ياكى ئون ئىككى ۋاراق بولۇپ، بىر قىسىم (بىر دەپتەر) ھېسابلىناتتى.



www.uyghurkitap.com

رەسىملەر توپلىمىغا ئوخشاش بولسۇن.

باۋچەي يەنە ئىككىنى ئويلاپ تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئون ئىككى ماۋزۇ بولدى.

— بۇغۇ مۇنداق بولدى، ئەمدى بۇلارنى تەرتىپ بويىچە رەتلەپ چىقايلى، — دېدى باۋچەي.

— تېخىمۇ ياخشى، — دېدى شياڭيۈن قوشۇلۇپ، — «جۇخار رىسالىسى» ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولدى.

— بىرىنچى ماۋزۇ «جۇخارنى ئەسلەش»، — دېدى باۋچەي ئېيتىشقا باشلاپ، — ئۇنى ئەسلىگەنىكەنمىز، ئەلۋەتتە زىيارەت قىلىش كېرەك بولىدۇ، شۇڭا ئىككىنچىسى «جۇخارنى زىيارەت» بولسۇن؛ زىيارەت قىلغانىكەنمىز، ئۇنى يەرگە تىكىش كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنچىسى «جۇخار تىكىش» دەپ ئاتالسۇن؛ ئۇنى تىكسەك گۈللەپ ياشنايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ ھۇزۇر ئالىمىز، شۇڭا تۆتىنچىسى «جۇخارغا نەزەر» بولسۇن؛ ئۇنىڭغا نەزەر سالغاندىن كېيىن زوقىمىز كېلىدۇ ـ دە، ئۇنى ئۈزۈپ لوڭقىغا چىلايمىز، شۇڭا بەشىنچىسى «جۇخارنى چىلاش» بولسۇن؛ ئېچىلغاندىن كېيىن كۆيلىمىسە، ئۇنىڭ رەڭگىرويى ئەكس ئەتمىگەندەك تۇيۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتىنچىسىنى «جۇخارغا مەدھىيە» دەپ ئاتايلى؛ ئەمدى بىز شېئىرىيەتكە قەدەم قويغانىكەنمىز، قولىمىزغا دۇۋەت، قەلەم ئالماي مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا يەتتىنچى شېئىر «جۇخارنى سىزىش» دەپ ئاتالسۇن؛ ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزغانىكەنمىز، سۈكۈت قىلىپ لام ـ جىم دېمىسەك، كىشىلەر ئۇنىڭ لاتاپىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەي بىزدىن سوراپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن سەككىزىنچى شېئىرغا «جۇخارغا سوئال» دەپ ماۋزۇ قويايلى؛ ئەگەر جۇخار گۈلى ئۆز ھېسسىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولسا ئىدى، ئىختىيارسىز كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغىشى، تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئىشتىياقىنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن بولاتتى، شۇڭا توققۇزىنچىسى «جۇخار قىسىش» بولسۇن؛ شۇنداق

قىلىپ، كىشىلەرنىڭ جۇخار گۈلى بىلەن بولغان ئىشى تۈگىسىمۇ، لېكىن ئۇنى مەدھىيەلىگۈچىلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا «جۇخار سايىسى»، «جۇخار چۈشى» دېگەن شېئىرلار بۇ ماۋزۇلارنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۈنىنچى، ئون بىرىنچىسى بولسۇن. ئەمدى ئاخىرقى شېئىردا ئالدىنقى شېئىرلاردىكى پۈتۈن ھېسسىيات مەركەزلەشسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «توزۇغان جۇخار» دەپ ماۋزۇ قويايلى. شۇنداق قىلىپ، كۆز پەسلىدىكى گۈزەل مەنزىرە ۋە ئاجايىپ ھېسسىيات تولۇق ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولىدۇ.

شياڭيۈن باۋچەينىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ماۋزۇلارنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ سورىدى:

— قايسى قاپىيەلەرنى بېكىتىمىز؟

— ئۆمرۈمدە قاپىيە بېكىتكەن بىلەن خۇشۇم يوق، — دېدى باۋچەي، — بىر ئوبدان شېئىرنى قاپىيەلەر بىلەن بوغۇپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىز چاكىنا قەلەمكەشلەرنى دورىماسلىقىمىز لازىم، پەقەت ماۋزۇسىنىلا بەلگىلەپ بېرىمىز، قاپىيەسى بىلەن ئىشىمىز يوق. ئۇنداق قىلىپ كىشىلەرنى قىينىماي، كۆپچىلىك چىرايلىق مىسرالارنى تاپقانلىقىدىن كۆڭلى خۇش بولسىلا بولدى.

— بۇ ناھايىتى توغرا! — دېدى شياڭيۈن قوشۇلۇپ، — شۇنداق قىلساق، كۆپچىلىكنىڭ شېئىرلىرى تېخىمۇ ئوبدان چىقىدۇ. خوش، شېئىر يازىدىغانلىرىمىز بەش كىشى، ماۋزۇ ئون ئىككى، ئۇنداق بولغاندا، ھەربىر ئادەم ئون ئىككى شېئىر يېزىش كېرەك بولامدۇ؟

— بۇنداق بولسىمۇ كىشىگە بەك قىيىن كېلىدۇ، — دېدى باۋچەي، — ماۋزۇلىرىنى ئاققا ئوبدانراق كۆچۈرەيلى، ھەممىسى يەتتە سۆزلۈك ۋەزىندە بولسۇن، ئەتە بۇنى تامغا چاپلاپ قويىمىز. ھەممەيلەن ئوقۇپ كۆرۈپ، كىم قايسىنى يازالىسا شۇنى يازسۇن. قەلىمى كۈچلۈكلەر ئون ئىككى شېئىرنىڭ ھەممىسىنى يازسىمۇ

مەيلى، ئون ئىككىنى يېزىش قولىدىن كەلمەيدىغانلار بىرنى يازسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەڭ ئۆتكۈر، ھەممىدىن تېز يازغان كىشى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئون ئىككى شېئىر يېزىلىپ بولغۇچە بىر شېئىرنىمۇ پۈتكۈزەلمىگەن كىشىگە جەرىمانە قويىمىز.

— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن، — دېدى شياڭيۈن قوشۇلۇپ.

ئۇلار مەسلىھەتنى ئوبدان پىشۇرغاندىن كېيىن، چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىشتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى تۆۋەندىكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ جۇخار توغرىسىدا شېئىر يېزىشتا بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقى
## ئاسارۇن بانۇنىڭ قىسقۇچپاقا توغرىسىدىكى مەدھىيەگە ھەجۋ قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، باۋچەي بىلەن شياڭيۈن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بىر يەرگە توختاتتى، كېچىچە باشقا گەپ بولمىدى. ئەتىسى شياڭيۈن جيا ئانا قاتارلىقلارنى دالچىن گۈلى سەيلىسىگە چىللىدى.

— بوپتۇ، ئۇنىڭ خۇشى تۇتقان بولسا، ھەۋىسىگە يارىشا ئۇنى جوۋتايلى، — دېدى جيا ئانا.

چۈش بولغاندا جيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېنى ئېلىپ، شۆ خانىمنىمۇ تەكلىپ قىلىپ باغقا كەلدى.

— قەيەر ياخشىدۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئۆزلىرى قەيەرنى ياقتۇرسىلا، شۇ يەردە ئولتۇرايلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— نىلۇپەر سەيناسىدا ھەممە نەرسە تەييارلاپ قويۇلغان، — دېدى فېڭجيې، — ئاۋۇ قاپتال تۆۋەندە ئىككى تۈپ دالچىن گۈلى تازا ئوبدان ئېچىلىپتۇ. ئۆستەڭدىكى سۇمۇ سۈپسۈزۈك. سۇ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا ئولتۇرساق ئوبدان سەگىمەمدۇق؟ سۇغا قارىساق كۆزىمىزمۇ روشەنلىشىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى جيا ئانا قوشۇلۇپ.

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن نىلۇپەر سەيناسىغا قاراپ ماڭدى.

بۇ سەينا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلىنغان بولۇپ، تۆت تەرىپىدە دېرىزىلىرى، ئوڭ ـ سولىدا ئايۋانلىرى بار ئىدى، سۇدىن قاپتالغا ھالقىغاندەك تۇراتتى، ئارقىسىدا تېخى ئەگىمەچ كۆۋرۈكمۇ بار ئىدى. كۆپچىلىك بامبۇك ۋادەكلىك كۆۋرۈككە چىقىشتى، فېڭجيې ئىلدام جيا ئاننى قولتۇقلىۋېلىپ، دېدى:

— بۇزرۇكۋار ئانا، چوڭ ـ چوڭ چامداپ مېڭىۋەرسىلە، ھېچ ۋەقەسى يوق، كۆۋرۈكنىڭ ئادىتى، غىچىلداپ تۇرۇش.

بىرپەستە ئۇلار سەيناغا كىردى، قارىسا، سالاسۇن ئالدىغا بامبۇكتىن ياسالغان ئىككى ئۇزۇن شىرە ئايرىم قويۇلۇپتۇ. بىرىگە چىنە ـ چوكىلار ۋە شاراب قاچىلىرى تىزىلغان، يەنە بىرىگە چاي ئىچىدىغان چىنە ـ قاچىلار ۋە ھەر خىل تەخسىلەر تىزىلغانىدى. نېرىراقتا ئىككى ـ ئۈچ قىز يەل ئوچاقتا چاي قايناتتىۋاتاتتى. بېرىراقتا يەنە بىرنەچچە چۆرە قىز يەل ئوچاقتا شاراب ئىسسىتىۋاتاتتى.

— چاينى ئىسسىقلاردا تۇتۇپ ياخشى قىپسىلەر، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — يەنە كېلىپ بۇ جاي ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر پاكىز ئىكەن.

— بۇلارنى ماڭا باۋچەي ئاچام راسلىتىپ بەردى، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈمسىرەپ.

— مەن دېمىدىممۇ، بۇ بالا ئىشلارنى بەك تۈجۈپىلەيدۇ، — دېدى جيا ئانا، — ھەممە ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئويلاپ قىلىدۇ.

جيا ئانا شۇ گەپنى قىلغاچ، تۈۋرۈككە ئېسىقلىق تۇرغان لەۋھەنى كۆرۈپ قالدى. بۇ لەۋھە قارا سىرلانغان تاختىغا سەدەپتىن خەت نەقىش قىلىنغان بىر بېيىت ئىدى، شياڭيۈننى ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

تەۋرىنەر لەنخۇا پالاقتىن نېلۇپەرنىڭ سايىسى،
بامبۇك كۆۋرۈك سۇ ياقىسى قوينىدا لەيلەپ تۇرار.

جىيا ئانا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك بېشىدىكى تاختىغا كۆز تىكتى ـ دە، شۇ ھامان قايرىلىپ دېدى:

— كىچىك چېغىمدا بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ خۇددى مۇشۇنداق بىر شىپاڭ بولۇپ، «شەپەق يار بالىخانىسى» دەمدۇ، شۇنداقراق بىر نام بىلەن ئاتىشاتتى. ئۇ چاغدا ياش قۇرامىممۇ بۇنىڭ ھەمشىرىلىرىچىلىكلا بار ئىدى، بىرنەچچەيلەن ھەر كۈنى شۇ يەردە ئوينايتتۇق. بىر كۈنى تۇيۇقسىز پۇتۇم مۇدۇرۇپ كېتىپ سۇغا يىقىلىپ چۈشۈپ غەرق بولۇپ كەتكىلى تاس قالدىم. مېنى مىڭ تەسلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىشتى. بېشىم قوزۇقا تېگىپ يېرىلىپ كەتكەنىكەن، ھازىرمۇ چېكەمدە بارماقنىڭ ئۇچىچىلىك ئويمانچۇق بار، شۇ چاغدىكى يارا ئىزى. مەن مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ شامال دارىتىۋالدى، «ھەي يامان بولدى» دېيىشكەندى. كېيىن ساقىيىپ كەتتىمغۇ تاڭ.

— ئۇ چاغدا تىرىك قالمىغان بولسىلا، بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق بەخت ـ دۆلەتتىن كىم بەھرىمەن بولالايتتى؟ — دېدى فېڭجيې باشقىلارنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا، — دېمەك، بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ كىچىككىدىنلا بەختى زور ئىكەن؛ تەڭرى ئىگەم بەخت ـ دۆلەت قاچىلاپ قويۇش ئۈچۈن، ئەرۋاھلارنى جورۇپ، ئاشۇ ئويمانچاقنى چىقارغۇزۇپ قويۇپتىكەن، سۈھەيل يۇلتۇز بوۋاينىڭ بېشىدىمۇ بىر ئويمانچاق بارئىمىش. ئۇنىڭغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەخت، چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر قاچىلىنىۋېرىپ تېشىپ چىققاچقا ھۆررەك بولۇپ قاپتىكەن.

سۆز تۈگىمەي تۇرۇپلا، جىيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن كۈلۈپ قېتىپلا قالدى.

— بۇ مايمۇن بەك يامان بولۇپ كەتتى، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — ھەتتا مېنىمۇ زاڭلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. سېنىڭ ۋالاقتەگكۈر ئاغزىڭنى يىرتىپ تاشلىمىغىنىمنى كۆر!

— بىردەمدىن كېيىن بىز قىسقۇچپاقا يەيمىز، — دېدى فېگجىي، — مەن بۇزرۇكۋار ئانىمىزنى كۆڭلى خىرە بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۆلدۇرۇۋەتتىم، ئەمدى خۇشاللىقىمدا بىر ـ ئىككى تالنى ئارتۇقراق يەۋەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— بۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئەتىدىن كەچكىچە مېنىڭ يېنىمدا بول، مەن كۈلۈپلا تۇراي، ئەمدى مەن ئۆيۈڭگە كەتكىلى قويمايمەن.

— ئۆزلىرى ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇمۇ شۇنداق يامان بولۇپ كەتتى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — مۇنداق دەيدىغان بولسىلا، ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇ تېخىمۇ بىئەدەپ بولۇپ كېتىدۇ.

— ئۇنى ئاشۇنداقلىقىدىن ياخشى كۆرىمەن ـ دە، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — يەنە كېلىپ ئۇمۇ ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەيدىغان بالا ئەمەس. بىز ئاياللارمۇ ئائىلىدە يات كىشى بولمىغان چاغلاردا ئازادە گەپلىشىپ ـ كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى، ئەدەپ ـ قائىدىدىن چىقىپ كەتمىسەكلا بولدى. بولمىسا، ئۇلارنى جىندەك تىمىسقىلاتقاننىڭ نېمە كېرىكى بار!

شۇ گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ھەممەيلەن شىپاڭغا بىرلىكتە كىرىشتى. چاي سۇنۇلدى، فېڭجيې دەرھال قەدەھ ـ چوكىلارنى تىزىپ قويدى. تۆردىكى شىرەگە جيا ئانا، شۆ ھاما، باۋچەي، دەييۈي ۋە باۋيۈيلەر ئولتۇرۇشتى. شەرق تەرەپتىكى شىرەگە شياڭيۈن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يىڭچۈن، تەنچۈن ۋە شىچۈنلەر ئولتۇرۇشتى. غەرب تەرەپتە ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر كىچىك شىرە قويۇلغان بولۇپ، بۇ لى ۋەن بىلەن فېڭجيېنىڭ ئورنى بولغاچقا بوش تۇراتتى. بۇ ئىككىسى ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ شىرەسى ئالدىدا كۈتكۈچى بولۇپ تۇرۇشتى.

— قىسقۇچپاقىنى كۆپ ئەكەلمەڭلار، — دەپ تاپىلىدى فېڭجيې، — قاسقاندا دۈملەكلىك تۇرۇپ تۇرسۇن، ھازىر ئون تالنى ئەكېلىڭلار، يەپ بولغاندا يەنە ئەكېلەرسىلەر.

www.uyghurkitap.com

شۇ سۆزدىن كېيىن فېڭجيې سۇ ئەكەلدۈرۈپ قولىنى يۇدى. ئاندىن جيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىسقۇچپاقنىڭ گۆشىنى شىلىپ، ئالدى بىلەن شۆ هامىمغا سۇندى.

— مەن ئۆزۈم پارچىلاپ يەي، تۇزۇت قىلىشنىڭ هاجىتى يوق، — دېدى شۆ هاما.

فېڭجيې قىسقۇچپاقنى جيا ئانىغا سۇندى، ئىككىنچى نۆۋەتتە باۋيۇيگە بەردى.

— قېنى، راسا ئىسسىغان شارابتىن ئەكېلىڭلار، — دېدى فېڭجيې خىزمەتكارلارغا.

ئۇ يەنە دېدەكلەرگە جۇخار يوپۇرمىقى بىلەن دالچىن چېچەكىدە ئىسلانغان ماش تالقىنى ئەكېلىپ قول يۇيۇشقا تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

شياڭيۈن قىسقۇچپاقتىن بىرنى يېگەندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ مېهمانلارنى ئالسىلا ـ باقسىلا دېدى، ئاندىن تاشقىرىغا چىقىپ، ئىككى تەخسە قىسقۇچپاقنى جاۋ كىچىك ئاپىغا ئاپىرىپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى. فېڭجيې ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن مېهمان كۈتۈشنىڭ غېمىنى قىلماي تامىقىڭنى يەۋەرگىن. سېنىڭ ئۈچۈن مەن كۈتەي، مېهمانلار تارقالغاندىن كېيىن، ئاندىن تاماق يېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى.

شياڭيۈن ئۇنىماستىن، يان تەرەپتىكى ئايۋانغا ئىككى شىرە راسلىتىپ، يۈەنياڭ، خۇپو، سەيشيا، سەييۈن، پىڭئېرلارنى ئولتۇرغۇزدى. يۈەنياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ فېڭجيېگە:

— كېلىن خېنىم بۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقاندىن كېيىن، مەن بېرىپ تامىقىمنى يەۋېرەي، — دېدى.

— يەۋېرىڭلار، — دېدى فېڭجيې، — بۇ يەردىكى ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار.

شياڭيۈن ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى.

فېڭجيې بىلەن لى ۋەن تاماقلارغا ئاندا ـ مۇندىلا ئېغىز

تەگكۈزۈپ قويۇشتى. فېگجىيې ئاۋۋالقىدەك مېھمانلارنى بىر قۇر كۆتۈپ قويۇپ، بىردەم ئايۋانغا چىقىپ تۇردى. يۇەنياڭلار راسا ھۇزۇرلىنىپ تاماق يەۋاتاتتى. فېگجىيېنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— خېنىم، بۇ يەرگە يەنە نېمىدەپ چىققانلا؟ بىردەم بولسىمۇ بىزگە ئاراملىق بەرسىلە بولمامدۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار.

— سەن بارغانسېرى يامان بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ، يۇەنياڭ! — دېدى فېگجىيې كۈلۈپ، — سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن چاكارلىق قىلىۋاتسام، ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا تېخى مەندىن ئاغرىنىۋاتىسەن. چاپسانراق ماڭا بىر قەدەھ شاراب تۇتماي تۇرغىنىنى قارا بۇنىڭ!

يۇەنياڭ كۈلۈپ، دەرھال بىر قەدەھ شاراب قۇيۇپ فېگجىيېنىڭ لېۋىگە ئېلىپ كەلدى، فېگجىيې غۇرتلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. خۇيپىڭ بىلەن سەيشىيا يەنە بىر قەدەھ تولدۇرۇپ فېگجىيېنىڭ لېۋىگە ئەكېلىۋىدى، فېگجىيې بۇنىمۇ ئىچىۋەتتى. شۇ پەيتتە پىڭئېر قىسقۇچپاقنىڭ چىغناق يېغىدىن بىر پارچە ئېلىپ فېگجىيېگە سۇندى. فېگجىيې:

— زەنجىۋىل سېلىنغان ئاچچىقسۇدىن كۆپرەك قۇيۇڭلار، — دەپلا ئالدىدىكىنى بىر يولىلا يەۋېتىپ، كۈلدى، — سىلەر ئولتۇرۇپ يەۋېرىڭلار، مەن كىرىپ كېتەي.

— تازا يۈزلىرى يوق ئىكەن سىلىنىڭ! — دېدى يۇەنياڭ كۈلۈپ، — بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى نەرسىنى يەۋاللىغۇ!

— تولا شەيتانلىق قىلما جۇمۇ، — دېدى فېگجىيې كۈلۈپ، — جيا ليەن بېگىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭ باردۇ، سېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن ئىجازەت سورىماقچى.

يۇەنياڭ ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى ـ دە، تامىقىنى چىكىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ئوھۇش! بۇ گەپنى ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان! مەن

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ مايلىشىپ كەتكەن قولۇمنى يۈزلىرىگە سۈۋىمىسام ھېساب ئەمەس ! — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى فېڭجيېنىڭ يۈزىگە سۈۋىماقچى بولۇۋىدى، فېڭجيي يالۋۇرۇپ:

— ئوبدان ئاچا ! بۇ قېتىم مېنى كەچۈرگىن ! — دېدى.

— يۈەنياڭ جيا لىيەن بېگىمنىڭ قېشىغا يۆتكىلىپ بارىدىغان بولسا پىڭئېر ئۇنامدۇ؟ — دېدى خۇپو كۈلۈپ، — قاراڭلار، ئۇ تېخى ئىككى تال قىسقۇچپاقنى يېمەي تۇرۇپ، بىر تەخسە ئاچچىقسۇ ئىچىۋالدى①.

پىڭئېر ساپسېرىق قىسقۇچپاقنى شىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھەزىل قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى قىسقۇچپاقنى تۇتقان پېتى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تىلىنى چاينايدىغان سەن پاسكىنىنى مەن شۇنداق قىلايكى ! ... — دەپ، قولىنى خۇپونىڭ يۈزىگە سۈۋىماقچى بولۇۋىدى، خۇپو كۈلۈپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى، پىڭئېرنىڭ سوزغان قولى ھاۋادا قېلىپ يەنە بىر تەڭلىۋىدى، فېڭجيېنىڭ مەڭزىگە سۈۋىلىپ قالدى. فېڭجيي يۈەنياڭ بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقاچقا، بىخەستەلىكتە «ۋىيەي» دەپ قورقۇپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتالماي قاقاھلاپ كۈلۈشتى، فېڭجيېمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كۈلۈپ كېتىپ تىللاشقا باشلىدى:

— بېشىڭنى يەيدىغان جالاپ ! كۆزۈڭ نەگە كەتتى؟ خان ئاچاڭغىمۇ سۈركەۋاتىسەنغۇ !

پىڭئېر دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئېرتتى ۋە قولى بىلەن سۇ ئەكېلىپ بەردى.

— خۇدايا توۋا ! — دېدى يۈەنياڭ، — جازاسىنى تارتتى دېگەن مانا شۇ ـ دە !

جيا ئانا ئىچكىرىدە بۇ كۈلكە ـ چاقچاقلارنى ئاڭلاپ، سوراۋەردى:

— نېمە كۆردۈڭلار، نېمانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭلار؟

---

① ئاچچىقسۇ ئىچىش — كۈنداشلىق قىلىش، دېگەن مەنىدىكى سۆز. بۇ يەردە پىڭئېرنىڭ كۈنلىگەنلىكىگە كىنايە قىلىنىۋاتىدۇ.

بىرگىمۇ سۆزلەپ بېرىڭلارچۇ، بىزمۇ كۈلەيلى.
يۈەنياڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ كۈلگىنىچە جاۋاب بەردى:
— كېلىن خېنىم بىزنىڭ قىسقۇچپاقىمىزنى بۇلىماقچى بولغاندى، پېڭئېرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ غوجايىنىنىڭ يۈزىگە قىسقۇچپاقنى سۇۋاپ مايلىۋەتتى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ.
جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈشتى.
— قاراڭلار بۇ بىچارىنى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — پاچاق، كىندىكلىرىدىن ئازراق بېرىڭلار، ئۇمۇ يېسۇن.
يۈەنياڭ كۈلۈپ، خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ـ دە، ئۇنلۇك قىلىپ:
— شىرەدە پاچاقلار ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، كېلىن خېنىم كېلىپ يەۋەرسۇن، — دېدى.
فېڭجيېمۇ كۈلۈپ يۈزىنى يۇدى، ئاندىن شىپاڭغا قايتىپ كىرىپ يەنە جيا ئانىلارنى كۈتۈشكە كىرىشتى.
دەييۈي ئاجىز بولغاچقا، كۆپ يېيىشكە كۆڭلى تارتماي، قولتۇق گۆشىدىن ئازراق يەپلا بولدى قىلدى. جيا ئانىمۇ ئانچە كۆپ يېمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قولىنى يۇيۇشتى. ئاندىن بەزىلىرى گۈل سەيلىسىگە، بەزىلىرى كۆلدىكى بېلىقلارنى تاماشا قىلىشقا مېڭىشتى.
— بۇ يەردە شامال كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسقۇچپاقا يەپ قويىلا، شۇڭا ئۆيگە قايتىپ بىردەم ئارام ئالسىلا بولارمىكىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — كەيپىلىرى ياخشى بولسا، ئەتە يەنە كېلىپ سەيلە قىلارلا.
— شۇنداق، — دېدى جيا ئانا قوشۇلۇپ، — سىلەر خۇشال بولۇۋاتقاندا، مەن كېتىپ قالسام، سىلەرنىڭ كەيپىڭلارنى بۇزۇپ قويارمەنمىكىن دەپ كەتمىگەنىدىم، ئۇنداق بولسا مەن قايتىپ كېتەي.
ئۇ شياڭيۈنگە تاپىلىدى:
— باۋيۈي ئاكاڭنى كۆپ يېگىلى قويما.

شىياڭيۈن خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئاندىن جىيا ئانا شىياڭيۈن بىلەن باۋچەيگە يەنە جېكىلەپ:

— سىلەر ئىككىڭلارمۇ كۆپ يېمەڭلار، قىسقۇچپاقا تەملىك بولسىمۇ، ئانچە ئوبدان ئەمەس، كۆپرەك يەپ قويساڭلار قورساقنى ئاغرىتىدۇ، — دېدى.

بۇ ئىككىسى خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى باغنىڭ تېشىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ يەنە قايتىپ كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ باشقىدىن داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى.

— داستىخان سېلىپ يۈرمەي، شېئىر يېزىشقا كىرىشەيلى، — دېدى باۋيۈي، — چوڭ يۇمىلاق شىرەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شاراب - سەيلەرنى شۇنىڭغا تىزىپ قويايلى. مۇقىم ئورۇن بېكىتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، كىمنىڭ تاماق يېگۈسى كەلسە بېرىپ يەۋەرسۇن، تارقىلىپ ئولتۇرساق ئەپلىك ئەمەسمۇ؟

— بۇ سۆزىڭىز بەك توغرا، — دېدى باۋچەي قوشۇلۇپ.

— شۇنداقمۇ دەيسەن، — دېدى شىياڭيۈن، — بۇ يەردە باشقا كىشىلەرمۇ بار.

شۇنىڭ بىلەن شىياڭيۈن يەنە بىر شىرە راسلاشقا بۇيرۇدى، ئىسسىق قىسقۇچپاقىلاردىن ئالدۇرۇپ، شىرېن، زىجۈەن، سىچى، سىشۇ، رۇخۇا، يىڭئېر ۋە سۈيمۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قاپتالدىكى دالچىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئىككى پارچە زىلچا سالدۇرۇپ، بۇ يەردىكى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان ئايالLar ۋە چوڭ قىزلارنى ئولتۇرۇپ، خالىغانچە يەپ - ئىچىشكە، ئەمما يەنە ئىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىياڭيۈن شېئىر ماۋزۇلىرى يېزىلغان قەغەزنى مىخ بىلەن تامغا قاداپ قويدى. ھەممەيلەن بۇ ماۋزۇلارنى ئوقۇپ كۆرۈشۈپ:

— ئاجايىپ ئىكەن، يازالماسمىزمىكىن، — دېيىشتى.

شىياڭيۈن قاپىيە بىلەن چەكلەنمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى بىر

قۇر دەپ بەردى.

— مانا بۇ توغرا بوپتۇ، — دېدى باۋيوي، — قاپىيە بىلەن چەكلىنىشنى مەنمۇ ياخشى كۆرمەيمەن.

دەييوي شارابنى ئانچە ئىچمەيدىغان ۋە قىسقۇچپاقا بىلەنمۇ خۇشى يوق بولغاچقا، بىر كىچىك ئورۇندۇقنى قويدۇرۇپ، شادىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كىرىشتى. باۋچەي بىر تال دالچىن گۈلىنى ئېلىپ بىرپەس ئوينىدى، دېرىزىگە ئارتىلىپ تۇرۇپ دالچىننىڭ چېچەك بەرگىنى بىر تالدىن سۇغۇرۇپ سۇغا تاشلاپ، بېلىقلارنىڭ زورتۇلداپ چىقىپ گۈل بەرگىنى كاپ ـ كاپ يېگەنلىكىنى تاماشا قىلدى. شياڭيۈن بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن شىرېن ۋە ئۇنىڭ جورىلىرىنى، قاپتالدىكى چۆرە قىزلارنى غىزاغا تارتىنماي چوك ـ چوك بېقىشقا سايە قىلىپ قويدى. تەنچۈن، لى ۋەن ۋە شىچۈنلەر مەجنۇنتالنىڭ سايىسىدا تۇرۇشۇپ، بېلىقئالغۇچ ۋە ئاق قوتانلارنى تاماشا قىلىشتى، يىڭچۈن ئۆزى يالغۇز گۈلنىڭ سايىسىدا يىڭنە بىلەن ئاق چايگۈلنىڭ ياپرىقىنى سانجىپ ئويناۋاتاتتى، باۋيوي دەييوينىڭ بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىغا بىردەم قاراپ تۇردى، ئاندىن باۋچەينىڭ قېشىدا دېرىزىگە بىردەم ئارتىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاقلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىرېن ۋە ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرىنىڭ قىسقۇچپاقا يېيىشىۋاتقانلىقىغا بىردەم قاراپ تۇردى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ئۇلپەت بولۇپ بىر ـ ئىككى ئوتلام شاراب ئىچتى. شىرېن دەرھال قىسقۇچپاقىنىڭ گۆشىدىن بىر پارچە ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

دەييوي قارماقنى تاشلاپ قويۇپ شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، بىر قولىغا مېيخۇا گۈللۈك قارامتۇل كۆمۈش چەينەكنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىغا يەسمەنگۈل نەقىش قىلىنغان بانان يوپۇرمىقى شەكلىدىكى سۇس قىزىل شېشە قەدەھنى ئېلىۋىدى، چۆرە

www.uyghurkitap.com

قىزلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، دەييۈينىڭ شاراب ئىچمەكچى بولغانلىقىنى بىلدى ـ دە، شاراب قۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— سىلەر تامىقىڭلارنى يەۋېرىڭلار، — دېدى دەييۈي، — ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچسەم مەززىسى بولىدۇ.

ئۇ يېرىم قەدەھ شاراب قۇيۇپ ئىچەي دېۋىدى، قارىسا، سېرىق هاراق ئىكەن.

— مەن بىرئاز قىسقۇچپاقا يەپ قويۇۋىدىم، مەيدەمنى سەل ئاغرىتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — شۇڭا جۇنجۇن ئىچەي دەۋاتىمەن.

— جۇنجۇن بار، — دېدى شۇ ئاندا باۋيۈي ۋە سېرىس گۈلى چىلانغان شارابنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

دەييۈي شارابنى بىر ئوتلاپلا قەدەھنى قويۇپ قويدى. باۋچەيمۇ شۇ يەرگە كېلىپ، باشقا بىر قەدەھتىن بىر ئوتلاپ، قەدەھنى جايىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن قەلەمنى سىياھقا مىلاپ تامدىكى ماۋزۇلارنىڭ دەسلەپكىسى بولغان «جۇخارنى ئەسلەش» دېگەن ماۋزۇغا بەلگە ئۇرۇپ، ئاستىغا «ئاسارۇن» دەپ يېزىپ قويدى.

— ئوبدان ئاچا، — دېدى باۋيۈي دەرھاللا، — ئىككىنچى ماۋزۇنىڭ تۆت مىسراسىنى ئويلاپ قويدۇم، ئۇنى مەن يازاي.

— مەن بىرىنچى شېئىرنى ئاران ئويلاپ تاپسام، سىز نېمانچە ئالدىراپ كېتىسىز، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

دەييۈيمۇ ئۈنچىقماستىن قەلەم ئېلىپ، «جۇخارغا سوئال» دېگەن سەككىزىنچى ماۋزۇغا ۋە «جۇخار چۈشى» دېگەن ئون بىرىنچى ماۋزۇغا بەلگە قويۇپ، ئاستىغا «بامبۇك» دەپ يېزىپ قويدى. ئۇنىڭ كەينىدىن باۋيۈيمۇ قەلەم ئېلىپ، «جۇخارغا زىيارەت» دېگەن ئىككىنچى ماۋزۇغا بەلگە قويۇپ، ئاستىغا «ئارام» سۆزىنى يېزىپ قويدى. تەنچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا قارىدى ـ دە:

— «جۇخار قىسىش» دېگەن ماۋزۇدا ھېچكىم يازمامدىكەن؟ بوپتۇ، مەن يازاي، — دېدى. ئاندىن باۋيۈيگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، —

بىز «ھەرەم»، «قىز ھۆجرىسى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى ئېلان قىلىپ قويدۇق، بۇنىڭغا دىققەت قىل جۇمۇ، — دېدى.

شۇ پەيتتە شياڭيۈن كېلىپ، «جۇخارغا نەزەر»، «جۇخارنى چىلاش» دېگەن تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ماۋزۇلارغا بەلگە قويۇپ، ئاستىغا «شياڭيۈن» دەپ يېزىپ قويدى.

— سەنمۇ بىر تەخەللۇس قويۇۋالغىن، — دېدى تەنچۈن.

— بىزنىڭكىدە بىرقانچە ئايۋان ـ سەينالار بولغان بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تۇرمىسام، ئۇلارنى تەخەللۇس قىلىپ ئېلىشنىڭ نېمە قىزىقى بار، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ.

— بابا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم دەۋاتاتتى، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — سىلەرنىڭكىدە «شەپەق يار بالىخانىسى» دېيىلىدىغان بىر سۇ ئۈستى شىپاڭى بار ئىكەن، شۇ شىپاڭ تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھازىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇنىڭ كونا ئىگىسى سەن ـ دە!

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

باۋيۈي شياڭيۈننىڭ يېزىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا «شياڭ» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، «شەپەق» دەپ يېزىپ قويدى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەستىنلا، ئون ئىككى ماۋزۇ بويىچە شېئىر پۈتۈپ بولدى. ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى يېزىپ، يىڭچۈنگە تاپشۇرۇپ بېرىشتى. يىڭچۈن باشقا بىر تاختا سۇت قەغەز ئېلىپ شېئىرلارنى ئاقلا كۆچۈرۈپ چىقتى، كىم يازغان بولسا، شۇنىڭ تەخەللۇسىنى ئاستىغا تىركەپ قويدى. لى ۋەن بىر باشتىن ئوقۇشقا كىرىشتى:

جۇخارنى ئەسلەش

كۈز كۈنى گۈلنى سېغىندىم، زارىقىپ ئويغا تولۇپ،

ئال قىياق، ئاقباش قومۇشتىن كەتتى كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.
قاشا بوپبوش، كۈز گۈلىدىن قالمىغان① باغدا ئەسەر،
كىردى ئايدىڭ ئاق قىرووۋدا چۈشكە ئۇ ئايان بولۇپ.
تۈرنىلارغا ئەگىشىپ كەتتى يىراققا ئويلىرىم،
ئاڭلىغاندا كەچكى پاقىلداشنى يالغۇز② ئولتۇرۇپ.
كىم ئىچىنغاي، زەپىران گۈل دەردىدە بولدۇم ئادا،
كۈزگى بايرامدا③ كۆرۈشسەك، دىل قانار، خۇرسەن بولۇپ.
ئاسارۇن بانۇ

## جۇخارغا زىيارەت

گۈل قىرووۋ پەيتى غەنىيمەت سەيلىنى كۆردۇم راۋا،
سېنى دەپ مەيدىن، قەدەھتىن، دورىدىن بولدۇم جۇدا.
شۇ قىرووۋ ئايدىڭدا، ھەي ـ ھەي، كىممۇ تىككەندۇر سېنى؟
نەدىن كەلگەنسەن شۇ ھويلا سىرتىغا، قاشا ئارا؟
مومىلىغان كەشنى كىيىپ كەلدىم يىراقتىن زوق بىلەن،
كۈي توقۇي سالقىندا چەكسىز شەۋق بىلەن ئەي گۈل ساڭا.
زەپىران گۈل، شۇ مۇساپىر شائىرىڭ ئەرزىن ئىشىت،
قىلما زايە مەي پۇلىنى، بىللە ئىچ بۈگۈن راسا.
ئارامبەخش شاھزادە

## جۇخارنى تىكىش

كۈزگى باغدىن كۆچۈرۈپ كەلدىم سېنى كەتمەن بىلەن،
ھويلا ئالدىدا قاشاغا تىكتىم رەت ـ رەت پەم بىلەن.

① كۈز گۈلى ــــ كۈزدە ئېچىلىدىغان جۇيخار گۈلى.
② كەچكى پاقىلداش ــــ بۇ يەردە كۈزدە كىشىلەر قىشلىق كىيىم تەييارلاپ، يىراقتىكى يارىغا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى كۈزدە تۇتۇلىدۇ.
③ قەمەرىيە ھېسابىدا توققۇزىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى بولىدىغان كۈزلۈك بايرام.

ۋاھ ئەجەب، ئاخشامقى يامغۇر جان ئاتا قىپتۇ ساڭا،
تالڭ قىرووۋدا خوي ئېچىلغاچ زوققا تولدۇم سەن بىلەن.
كۆزگە خاس ھۆسنۈڭنى داڭلاپ، مەن يازاي مىڭلاپ شېئىر،
جان تەسەددۇق خۇشبۇيۇڭغا مەي سېپەي مەن جام بىلەن.
سۇغىرىپ بۇلاق سۈيىدە، لاي يۇلەپ ئاسراپ سېنى،
قول ئۈزۈپ دۇنيا ئىشىدىن جور بولاي جان ـ تەن بىلەن.
ئارامبەخش شاھزادە

جۇخارغا نەزەر

باشقا باغدىن يۆتكىدىم مەن سېنى ئالتۇندەك بىلىپ،
بىر توپۇڭ ئاچ رەڭ تۇرۇپتۇ، بىر توپۇڭ توق تۇس ئېلىپ.
ئۇ شالاڭ قاشا يېنىدا مەن يالاڭباش ئولتۇرۇپ،
خۇشبۇيىڭنى تېز قۇچاقلاپ كۈيلىدىم شېئىر قىلىپ.
سانىسام بارماق بىلەن دۇنيادا يوق سەندەك گېدەڭ،
چاغلىدىم بىرلا ئۆزۈمنى ساڭا سىرداش دەپ بىلىپ.
كۆزگى كۈن قىسقا بولۇر، پۇرسەت بىكارغا ئۆتمىسۇن،
مۇڭدىشايلى دەم غەنىيمەت ئۆزئارا نەزەر سېلىپ.
شەپەق يار

جۇخارنى چىلاش

ساز چېلىپ، مەي ئىچمەن شادگۇل ساڭا ئۇلپەت بولۇپ،
خوي ياراشتىڭ ئۈستىلىمگە، ئۆيگە ھەم زىننەت بولۇپ.
چەتتە ئولتۇرسام پۇرايدۇ ئۈچ چىغىر يول① شەبنىمى،
ئالمىدىم سەندىن كۆزۈمنى، چۇشلۇك ئۇيقۇمنى قويۇپ.
سەگىدەپ شىرمەلدە ياتسام، چۇشكە كىردىڭ سەن يەنە،

① ئۈچ چىغىر يول ـــ ئەسلىدە زاھىت ـ دەرۋىشلەرنى قوبۇل قىلىدىغان جاي، كېيىن جۇخار تېرىلىدىغان جاينى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان؛ ئۈچ چىغىر يول شەبنىمى ـــ ھويلىدىن يېڭىلا ئۈزۈلگەن شەبنەملىك جۇخار.

www.uyghurkitap.com

كەچكى پەيت گۈل سەيلىسىنى ئەسلىدىم زوقىقا تولۇپ.
خۇيىمىز ئوخشاش، شۇڭا دۇنيانى ھېچ مەنسىتمىدۇق،
سېنى دەپ شاپتۇلغىمۇ كۆز سالمىدىم مەپتۇن بولۇپ.
شەپەق يار

## جۇخارغا مەدھىيە

بەرمىدى ئىلھام ئاراملىق شام ـ سەھەر كەتمەي يىراق،
قاشىدىن تاشتاغقا ئۆتتۈم① كۆيلىدىم ئويلاپ شۇ چاغ.
ياغدى قەغەزگە قەلەمدىن ئۈنچىدەك ئىبارىلەر.
ئايغا باقسام لەۋلىرىمدىن چاچتى مىسرا خۇش پۇراق.
شۇنچە يىللىق ھەسرىتىمدىن تولدى قەغەزنىڭ يۈزى،
كىم چۈشەنگەي قىسقا مىسرادىن بۇ دەردىمنى بىراق.
تاكى تاۋ يۈەنمىڭ ② باھالاپ كۆيلىگەن كۈندىن بۇيان،
خىسلىتىنىڭ تىللاردا داستان بوپتۇ كۆپ شۇنچە ئۇزاق.
بامبۇكزار مەلىكىسى

## جۇخار سىزىش

شېئىرىي زوقۇم بىلەن رەسىمگە ئويناتتىم قەلەم،
ئويلىنىپ تۇرماي قىزىل، كۆك رەڭنى ئىشلەتتىم شۇ دەم.
مىڭلىغان غۇج ـ غۇج يوپۇرماق بولدى سىياھ تامچىلاپ،
ئاق بوياقتىن بولدى ھاسىل ئاق قىرووۋدەك گۈلسەنەم③.

---

① قاشىدىن تاشتاغقا ئۆتتۈم ــ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ سۇنئىي تاغقا يۆلىنىپ تۇردۇم، دېگەن مەنىدە.
② تاۋ يۈەنمىڭ ــ شەرقىي جىن دەۋرىدە جۇخار گۈلى توغرىسىدا شېئىر يازغان مەشھۇر شائىر تاۋچيەن (365 ــ 427).
③ گۈلسەنەم ــ جۇخار گۈلى.

روھ بېغىشلاپ جىلۋە قىلدى يانغا چۈشكەن سايىسى،
بېغىشىمدىن چاچتى خۇشبۇي شۇ سىزىلغان گۈلگىنەم.
دىمىگىل گۈلنى پەقەت شەرقىي قاشادىن ئۈزگۈلۈك،
ماڭا ھېيتلىق[①] بولغۇسى گۈل چاپلىسام شىرمەلگە ھەم.
ئاسارۇن بانۇ

## جۇخارغا سوئال

بىلمىدى قەلبىڭنى ھېچكىم، ئېيت، سېنىڭدىن گەپ سوراي،
شەرقىي قاشادا پىچىرلاپ، قول تۇتۇپ سۆھبەت قۇراي.
بىر ئۆزۈملا دەپ جاھاندا كىم بىلەن پىنھانەسەن؟
بارچە گۈل ئېچىلسا، سەنلا كېچىكەرسەن نەچچە ئاي،
باغدىكى شەبنەم ـ قىرووۋدىن يا زېرىكتىڭمۇ نېمە؟
تۇرنىلار كەتكەچ چىرىلداق[②] قىلدىمۇ غەمكىن چىراي،
نالە قىلما مۇڭدىشىم يوق دەپ جاھاندا سەن بىكار،
تىل چۈشەنسەڭ سۆزلىشىشكە مەنلا ھەمراھىڭ بولاي.
بامبۇكزار مەلىكىسى

## جۇخار قىسمىش

قاشىدىن ئۈزۈپ ـ چىلايمەن گۈل ئالدىراش ھەر كۈنى،
كۈزگۈدە كۆرگەن بېزەك دەپ بىلمىسۇن قىسسام ئۇنى.
پايتەخت بەگزادىسى[③] بولغان ئىكەن ساڭا خۇمار،

---

① ھېيتلىق ــ توققۇزىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىكى كۈزلۈك بايرامنى ئۆتكۈزۈشتە يادنامە بولغۇسى دېمەكچى.

② تۇرنىلار كەتكەچ چىرىلداق ــ تۇرنىلار جەنۇب تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، كۈزدىكى چېكەتكىلەرنىڭ نىمجان چىرىلداشلىرى.

③ پايتەخت بەگزادىسى ــ پايتەخت چاڭئەندە (ھازىرقى شىئەن يېنىدا) تاڭ سۇلالىسىدىن دېرۇڭ، شيەنزۇڭ خانلىرى زامانىسىدا باش ۋەزىر بولغان دۇيۇنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك. ئۇ جۇخار گۈلنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۆز شېئىرلىرىدا تەسۋىرلىگەنىكەن.

پېڭزى ھەزرەت[1] مەيگە بەرگەن ئىشقىنى، سۆيگەن سېنى.
تەگدى سالقىن خوي چېكەمگە سەندىكى شەبنەم بىلەن،
بوز رومالغا ھەم يۇقۇپتۇ شۇ قىرووۋنىڭ سالقىنى.
سېنى قىسسام ئىشق بىلەن كۆرمەس زامان ئەھلى راۋا،
مەيلى چەتتە قول چاۋاكلاپ مەسخىرە قىلسۇن مېنى.
بانان مۇخلىسى

## جۇخار سايىسى

كۇزگى ئاپتاپتا چۇشۇپتۇ قاتمۇ قات گۇل سايىسى،
ئاستا كۆچكەن سايە بىلەن تولدى ھويلا ئارىسى.
ئۆيدىكى پىلپىل چىراغدىن ئەكس ئېتەر ئۇ تۇسلىنىپ،
ياپتى ئۇز سايىنى شۇڭغۇپ قاشىدىن ئاي شولىسى.
سايە قالدۇرغان شۇ گۇلنىڭ روھىمۇ ياشنار ئەبەد،
چۇشى يالغاندۇر ۋە لېكىن راست، قىرووۋنىڭ تامغىسى[2].
ئايىسۇن سايىنى ھەركىم دەسسىمەستىن ۋە بىراق،
قامىشىپ كۆزى بىلەلمەي دەسسىگەي مەستانىسى.
شەپەق يار

## جۇخار چۇشى

كۇز گۇلى قاشا بويىدا قاندى تاتلىق ئۇيقۇغا،
چۇشىدە ھەمراھى ئايمۇ يا بۇلۇت، كۆردى غۇۋا.

① پېڭزى ھەزرەت — تاۋيۇەنمىڭ (تاۋچيەن)، ئۇ پېڭزى دېگەن يەرگە ھاكىم بولغاچقا، پېڭزى ھەزرەت دەپمۇ ئاتالغان.
② قىرووۋنىڭ تامغىسى — ئاق جۇخار گۇلىنىڭ سايىسى.

كېپىنەك بوپ جۇاڭزىدەك ئۇ ئۇچمىغاي راۋاق سىيان[1]،
تاۋ قەدىناسىنى ئەسلەپ، ئالدى ئانتىن يادىغا[2].
تۇرنىلار ئۆتتى قاقىلداپ ئۇيقۇغا ئۇندەپ ئۇنى،
چۈشىنى بۇزغاچ چېكەتكە ئوغىسى تۇتتى راسا.
ئويغىنىپلا بولدى غەمكىن، كىمگە ئېيتسۇن دەردىنى:
قايغۇرار چەكسىز ئاڭا جۇت ۋە تۇمان، سولغۇن گىياھ.
بامبۇكزار مەلىكىسى

## توزۇغان جۇخار

ئايلىنىپ شەبنەم قىرووۋغا گۈل ئېگىلدى پەس تامان،
تۇنجى قار پەسلىمۇ كىردى بەزمە ـ ھېيت ئۆتۇپ شۇ ئان[3].
بەرگى ئۆڭگەن بولسىمۇ، بار غول ـ ساپاقتا خۇش پۇراق،
ئاندا ـ مۇندا قاپتۇ زۇمرەت ياپرىقى بولۇپ خازان.
ئاي قىيا كارىۋاتقا باقتى، چىرقىرار چېكەتكىلەر،
سۆرىلىپ سەپ تارتتى تۇرنا كۆك ئارا يېرىپ تۇمان.
ئەي، گۈلۈم، قايغۇرما ھەرگىز، بۇ ۋاقىتلىق ئايرىلىش،
يەنە كەلگەي كۈز ئېسەنگە كۆرۈشەرمىز بىز ئامان.
بانان مۇخلىسى

ئۇلار ھەربىر شېئىر ئوقۇلغاندا، ماختىشىپ بىر ـ بىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشتى.

— مەن يېڭىباشتىن باھا بېرىپ باقاي، — دېدى لى ۋەن

---

① راۋاق — چۈشىدە كۆرۈلگەن پەرىزاتلار راۋىقى؛ جۇاڭزى (جۇاڭجۇ) بىر چۈشىدە كېپىنەككە ئايلىنىپ ئۇچقانىمىش.

② تاۋ — شائىر تاۋيۈەنمىڭ «تاۋچيەن»؛ ئانت — قەسەم، ۋەدىلىشىش، بۇ يەردە جۇخار گۈلىنىڭ چۈشى نەزەردە تۇتۇلغان.

③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: كۈزلۈك بايرامدا بەزمە قىلىنىپ جۇخار سەيلىسى بولدى. تۇنجى قار مەزگىلىگىچە (قەمەرىيە ھېسابىدا 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) جۇخار گۈلى بارا ـ بارا سۇلىشىپ توزۇيدۇ.

كۈلۈپ، — ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەركىمنىڭ شېئىرىدا ئۆتكۈر مىسرالار بار. مەن ھازىر خالىس باھا بەرسەم، «جۇخارغا مەدھىيە» دېگەن شېئىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، «جۇخارغا سوئال» ئىككىنچى ئورۇندا، «جۇخار چۈشى» ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسى يېڭى، تۈزۈلۈشىمۇ يېڭى، مەزمۇنى تېخىمۇ يېڭى. بامبۇكزار مەلىكىسىنى ئەڭ باشقا قويۇش كېرەك. ئاندىن قالسا، «جۇخار قىسمىش»، «جۇخارغا نەزەر»، «جۇخارنى چىللاش»، «جۇخارنى سىزىش»، «جۇخارنى ئەسلەش» دېگەن شېئىرلار تۇرىدۇ.

باۋيۈي خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ:

— ئىنتايىن توغرا ! بەك ئادىل باھا بولدى ! — دېدى.

— شېئىرلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى ياخشى ئەمەس، — دېدى دەييۈي، — نەپىسلىكىدە نۇقسان بار.

— نەپىسلىكى ياخشى، — دېدى لى ۋەن، — ھاجەتسىز غورا سۆزلەر يوق.

— مېنىڭچە، — دېدى دەييۈي، — «كەچكى پەيت گۈل سەيلىسىنى ئەسلىدىم زوققا بولۇپ» دېگەن مىسرا ئەڭ بىرىنچى ياخشى مىسرا بولۇپ، بۇنىڭدا يوشۇرۇنغان بىر مەنە بار. «ئالمىدىم سەندىن كۆزۈمنى چۈشلۈك ئۇيقۇمنى قويۇپ» دېگەن مىسرامۇ ناھايىتى ئوبدان چىققان. جۇخارنى لوڭقىغا چىلاش پىكرى مۇشۇ تەسۋىر بىلەنلا ئىپادىلىنىپ، قايتا سۆز ئېچىشقا ھاجەت قالمىغان ـ دە، تەسەۋۋۇر گۈل تېخى ئۈزۈلمىگەن ۋە لوڭقىغا چىلانمىغان ۋاقىتقا قايتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر !

— شۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — سىنىڭ «لەۋلىرىمدىن چاچتى مىسرا خۇش پۇراق» دېگەن مىسرايىڭمۇ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

— ھەرھالدا، — دېدى تەنچۈن سۆز ئېلىپ، — ئاسارۇن بانۇ سالماقلىق ئىكەن، «كۆز گۈلىدىن قالمىغان باغدا ئەسەر»،

«چۈشكە ئۇ ئايان بولۇپ» دېگەن ئىبارىلەر «ئەسلەش» سۆزىنىڭ مەنىسىنى گەۋدىلەندۈرەلىگەن.

— سېنىڭ «تەگدى سالقىن خوي چېكەمگە»، «بوز رومالغا ھەم يۇقۇپتۇ» دېگەن جۈملىلىرىڭدە «جۇخار قىسىش» شۇنداق تەسۋىرلەنگەنكى، قىل سىغمىدىغان ئورۇن قالمىغان، — دېدى باۋچەي كۇلۇپ.

شياڭيۈن كۇلۇپ تۇرۇپ:

— «كىم بىلەن پىنھانە سەن؟»، «سەنلا كېچىكەرسەن نەچچە ئاي؟» دېگەن جۈملىلەردە جۇخارغا شۇنداق سوئال بېرىلگەنكى، جاۋاب بېرىشكە سۆز تاپالماي قالغان! — دېدى.

— ئۇنداقتا، — دېدى لى ۋەن كۇلۇمسىرەپ، — «يالاڭباش ئولتۇرۇپ»، «تېز قۇچاقلاپ كۇيلىدىم» دېگەن ئىبارىلەر جۇخار گۈلىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر جۇخار گۈلى بۇنى بىلسە، سېنىڭ بۇدۇشقاقلىقىڭدىن زېرىككەن بولاتتى!

بۇ سۆزگە ھەممەيلەن كۇلۇشتى.

— بۇ قېتىمقى سورۇندا مەن يەنە كەينىدە قالدىم! — دېدى باۋيۈي كۇلۇپ، — «كىممۇ تىككەندۇ سېنى»، «نەدىن كەلگەنسەن»، «مومىلىغان كەشنى كىيىپ كەلدىم يىراقتىن ...»، «كۈي توقۇي سالقىندا چەكسىز» دېگەن ئىبارىلىرىم «زىيارەت» سۆزىگە ماس كەلمەپتىمۇ؟ «ئاخشامقى يامغۇر»، «تاڭ قىرووۋدا» دېگەن سۆزلەرمۇ «تىكىش» سۆزىگە باب ئەمەسمۇ؟ لېكىن «ئايغا باقسام لەۋلىرىمدىن چاچتى مىسرا خۇش پۇراق»، «خۇش بويۇڭنى تېز قۇچاقلاپ كۇيلىدىم شېئىر قىلىپ» دېگەن مىسرالار، شۇنىڭدەك «چېكەم»، «بوز رومال»، «بەرگى ئۆڭگەن بولسىمۇ»، «ئاندا ـ مۇندا قاپتۇ زۇمرەت ياپرىقى»، «كۆز گۈلىدىن قالمىغان باغدا ئەسەر»، «چۈشكە ئۇ ئايان بولۇپ» دېگەن ئىبارىلەرگە مېنىڭ يازغانلىرىم ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ يەنە داۋام قىلىپ، — ئەتە بىكار بولسام مەن ئۆزۈملا ئون ئىككى

شېئىر يازىمەن.

— سېنىڭ شېئىرلىرىڭمۇ ياخشى، — دېدى لى ۋەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — پەقەت يېڭىلىق ۋە كۆركەملىك جەھەتتە بايىقى مىسرالارغا يېتەلمەيدۇ.

ئۇلار بىر قۇر ئۆز باھالىرىنى ئېيتىشقاندىن كېيىن، يېڭى پىشۇرۇلغان قىسقۇچپاقىلارنى ئەكەلدۇرۇپ، يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ يەنە بىر قېتىم يېيىشتى.

— بۇگۈن قىسقۇچپاقا يەپ، دالچىن گۈلىنى تاماشا قىلدۇق، بۇ توغرىدا شېئىر يازماي بولمايدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — بىر شېئىرنى ئىچىمدە توقۇپ بولدۇم، يەنە كىم يېزىشنى خالايدۇ؟

ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن قولىنى يۇيۇپ، قەلەمنى ئالدى - دە، بىر يولىلا يېزىپ چىقتى. كۆپچىلىك ئوقۇدى:

دالچىن تۈۋى سۆرۈندە قىسقۇچ تېتۇر① ئالامەت،
سىركە بىلەن زەنجىۋىل ئىشتەي ئاچتى كارامەت.
ئويقان بەگنىڭ بۇ پۇشتى② يەيدۇ سېنى مەي بىلەن،
ھەي، ئۇچەيسىز «شاھزادە»③ ئالچاڭلاشنى تامام ئەت!
بولسىمۇ سوغ كىندىكىڭ نېرى تۇرسۇن دېمەيمىز،
يۇيۇلسا بەتبۇي، قالۇر قولدا خۇشبۇي سالامەت.
ئەزەلدىن تەملىك غىزا بولدۇڭ جاھان ئەھلىگە،
سەندىن پوشيەن④ كۈلۈپتۇ ئۆمۈر بويى داۋامەت.

---

① قىسقۇچ — قىسقۇچپاقىنىڭ ئالدى پۇتلىرى.

② ئويقان بەگنىڭ بۇ پۇشتى — نەپسى تويماس «ئېسىلزادە» نىڭ پەرزەنتى. بۇ يەردە باۋيۈي ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان.

③ ئۇچەيسىز «شاھزادە» — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قىسقۇچپاقىنىڭ ئۇچەي - قارنى بولماس ئىمىش. قەدىمكىلەر ئىمتىيازلىق ئېسىلزادىلەرنى قىسقۇچپاقىغا ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلاتتى. باۋيۈي بۇ يەردە ئۆز زامانىسىدىكى ئېسىلزادىلەرنى باغرى تاش ئۆكتەملەر دەپ ھەجۋىي قىلغان.

④ پوشيەن — شائىر سۇ دۇڭپو. بۇ يەردە سۇ دۇڭپو قىسقۇچپاقىنى ئۆمۈر بويى مەسخىرە قىلغان، دېمەكچى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بۇنداق شېئىردىن بىر يولى يۈزنىمۇ يازغىلى بولىدۇ، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ.

— شۇ تاپتا سىزنىڭ دەسمايىڭىزمۇ غالتەككە چىقىپ بولدى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئەمدى ئۆزىڭىز يازالمايمەن دېمەستىن، تېخى خەقنى چۆكۈرۈۋاتىسىز!

دەييۇي بۇ گەپكە جاۋاب قايتۇرماستىن، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، بىر شېئىرنى ئىچىدە ئاستا كۈيلىدى - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر يولىلا يېزىپ چىقتى. شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

ساۋۇت - تېغىنى ئۇنۇتمايسەن ئۆلسەڭمۇ قىلىپ ھەيۋەت،
تولۇپ تەخسىدە ۋۇجۇدۇڭ لەززەتلىك بىرۇر قۇۋۋەت.
قىسقۇچۇڭغا يۇمران گۆشلەر پاتماي قاپتۇ لىغىرلاپ،
قاسىرىقىڭدا ياغلىرىڭ بار مەززىلىك قەۋەت - قەۋەت.
سەككىز پۇتۇڭ گۆشلىرى ھەم ئۇنىڭدىنمۇ يارامىلىق،
سەنسىز مېنىڭ جام ئىچىشكە قىلسۇن ماڭا كىم دەۋەت؟
ئەجەب ئېسىل غىزا سەن، بايرامغا بەكمۇ مۇناسىپ،
شامال ئۆپسە دالچىننى، جۇخار چاچار خۇش شەربەت.

باۋيۈي شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ بارىكاللا ئېيتىپ تۇرۇۋىدى، دەيىيۇي كاپ قىلىپ قەغەزنى قولىدىن تارتىۋالدى - دە، دېدەكلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ يازغىنىم سىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ، شۇڭا كۆيدۈرۈۋېتەي، سىزنىڭ شېئىرىڭىز ياخشى ئىكەن، بايىقى جۇخار گۈلى توغرىسىدىكى شېئىرىڭىزدىنمۇ ياخشىراق، ساقلاپ قويۇپ باشقىلارغا كۆرسىتەرسىز.

— مەنمۇ بىر شېئىرنى قۇراشتۇرۇپ چىقتىم، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ياخشى بولۇشى ناتايىن، ئۇنى كۈلكە - چاقچاق ئۈچۈنلا يازدىم.

www.uyghurkitap.com

شۇ گەپ بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىپ چىقتى، كۆپچىلىك ئوقۇشتى. شېئىر مۇنداق ئىدى:

سەگىدەپ دالچىن چىناردا ئىچسە مەي ئەجەب راھەت،
كۇتەر بايرامنى چاڭئەنلىك شارابقا ئىنتىلىپ غايەت.
نىشانسىز ئۆملەپ ھەر يان يۇرەر تىنماي ئالچاڭلاپ،
ئىچى قارا چىقۇر گاھى سېرىق دەپ قىلسا رىۋايەت.

شېئىرنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆپچىلىك ئىختىيارسىز ۋارقىرىشىپ ماختىشىپ كەتتى.

— قالتىس تىللاپتۇ! — دېدى باۋيۇي، — مەنمۇ شېئىرىمنى كۆيدۇرۇۋەتسەم بولىدىكەن.

ئاخىرىنى يەنە ئوقۇشتى:

مەيدە بەتبۇي يوقالماس كېرەك جۇخار ئېرىغداشقا،
سوغۇقىدىن ھەزەر ئەيلەش ئۇچۇن ھەم زەنجىۋىل ھاجەت.
قازاندا قاينىسا شۇ دەم بولۇر ئاندىن نېمە پايدا؟
ئۇ ئۆلسە تۇندە ساھىلدا قالۇر شال بۇيى ناھايەت.

— مانا، بۇنى قىسقۇچپاقا يېيىش توغرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل شېئىر دېسە بولىدۇ! — دېدى ھەممەيلەن شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، — كىچىككىنە ماۋزۇغا شۇنچىۋالا چوڭ مەنىنى سىغدۇرالىسا ماھارەتلىك سانىلىدۇ! بىراق، بۇ شېئىردا زامانىمىزدىكى كىشىلەر توغرۇلۇق بەك قاتتىق ھەجۋ قىلىنىپتۇ!

شۇ پەيتتە پىڭئېر باغقا يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## سەھرالىق مومايىنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرگەنلىكى خۇشتار يىگىتنىڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى

پىڭئېر كېلىش بىلەنلا بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭدىن:

ــ سىلەرنىڭ كېلىن خېنىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلمىدى؟ ــ دەپ سوراشقا باشلىدى.

ــ خېنىمنىڭ نەدە بوش ۋاقتى بولسۇن؟ ــ دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، ــ ھەتتا تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېيەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى كېلەلمەي، مېنى بۇ يەرگە، قىسقۇچپاقا يەنە بارمۇ، يوقمۇ، سوراپ باققىن، بولسا بىرنەچچىنى ئېلىپ كەلسەڭ، مۇشۇ يەردە يەي، دەپ ئەۋەتتى.

ــ بار، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ! ــ دېدى شياڭيۈن ۋە شۇ زامانلا خىزمەتكارلارنى چوڭ ـ چوڭلىرىدىن ئوننى بىر قۇتىغا قاچىلاشقا بۇيرۇدى.

ــ قورسىقى دومباقلىرىدىن كۆپرەك[1] ئالغىن، ــ دېدى پىڭئېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ يەردىكىلەر پىڭئېرنى ئولتۇر دەپ تارتىۋىدى، پىڭئېر ئۇنىمىدى، شۇ چاغدا لى ۋەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

ــ مەن سېنى ئەتەي بۇ يەردىن كەتكۈزمەيمەنغۇ! ــ دېدى ـ دە، ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئاندىن بىر قەدەھ

---

① قورسىقى دومباق ــ قىسقۇچپاقىنىڭ چىشىسىنىڭ قورسىقى دومباق، ئەركىكىنىڭ قورسىقى ئۇچلۇق بولىدۇ.

شارابنى قۇيۇپ، ئاغزىغا تەڭلىدى، پىڭئىر بىر ئوتلاپلا ماڭماقچى بولۇۋىدى، لى ۋەن:

— سىنى كەتكۈزمەيمەن! ئەپتىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ساڭا قىڭجىي خېنىم بولسىلا بولىدىكەن، مېنىڭ گېپىمنى قۇلىقىڭغا كىرمەيدىكەن، — دېدى ۋە خىزمەتكار ئاياللارنى بۇيرۇدى، — ھازىرچە بۇ قۇتىنى سىلەر ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا پىڭئىرنى مېنى ئېلىپ قالدى دەپ قويۇڭلار.

ئاياللار قۇتىنى ئېلىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىشىپ ئۇچۇر قىلدى:

— كېلىن ئاغىچام: «ئۆزلىرىنى ۋە خان قىزلارنى زاڭلىق قىلماي يېسۇن. بۇ قۇتىدا تاغاچىمىزنىڭكىدىن ئەۋەتىلگەن سۇ ياڭىقى تالقىنىدىن ئېتىلگەن توقاچ بىلەن توخۇ يېغىدا پىشۇرۇلغان قاتلىما بار، ئۆزلىرى بىلەن خان قىزلارنى ئېغىز تەگسۇن» دېدى. ئاندىن پىڭئىرگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — كېلىن ئاغىچا سىزگە: «مەن ئۇنى ئىشقا بۇيرۇسام، نەپسىنى دەپ قايتىپ كەلمەپتۇ، شارابنى ئازراق ئىچسۇن» دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى.

— كۆپرەك ئىچسەم مېنى نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى پىڭئىر كۈلۈپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شارابنى يەنە ئىچىپ قىسقۇچپاقنى راسا يېگىلى تۇردى.

— ئىسىت، مۇشۇنداق كېلىشكەن بوي - تۇرقۇڭ بىلەن ئاددىي بىر ئۆي خىزمەتكارى بولۇش پېشانەڭگە پۈتۈلۈپ قالغىنىغا! — دەپ كۈلدى لى ۋەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىلمەيدىغان كىشىلەردىن كىممۇ سېنى كېلىن ئاغىچا خېنىم دەپ ئويلىماي قالار؟

پىڭئىر باۋچەي ھەم شياڭيۈنلەر بىلەن بىللە غىزالىنىۋېتىپ، لى ۋەنگە قايرىلىپ قاراپ:

— خېنىم، تولا سىلاۋەرمىسىلە، قىچىقىم كېلىپ كەتتى، —

دېدى.

— ۋىيەي ! مۇنۇ قاتتىق نەرسە نېمە؟ — دېدى لى ۋەن.

— ئاچقۇچ.

— كىشى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ يېنىڭدا بىللە ئېلىپ يۈرىدىغانىغا شۇنچە زوّرۇر نەرسىمىدى بۇ؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — مەن دائىم: مۇقەددەس كىتاب ئەكېلىشكە ماڭغان تاڭ راھىبى[①] بولغاچقا، ئۇ مىنىدىغانىغا بىر ئاق ئات پەيدا بولغانىكەن، لىيۇ جىيۈەن[②] ئالەمنى بويسۇندۇرار چاغدا، قاپاق جىن دۇبۇلغا - ساۋۇت ئەكېلىپ بەرگەنىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلايتتىم. شۇنىڭغا ئوخشاش، قېڭجيې بولغاچقا، يېنىدا سەن بوپتىكەنسەن ! سەن ئۆزۈڭ ئاشۇ كېلىن ئاغىچاڭنىڭ ئاچقۇچى تۇرساڭ، يەنە بۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— خېنىم، سىلى ئىچىۋېلىپ مېنى مەسخىرە قىلغىلى تۇردىلا، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ.

— بۇ پۈتۈنلەي راست گەپ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — يېقىندا بىز بىكارچىلىقتا بىرقانچەڭلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ساڭا ئوخشاشلارنى يۈزنىڭ ئىچىدىنمۇ بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ، دېيىشكەنىدۇق. شۇنىسى ئاجايىپكى، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆز ئالدىڭلارغا بىردىن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار.

— خۇدادىن بىتەقدىر قىل تەۋرىمەيدۇ، — دېدى لى ۋەن، — مەسىلەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە يوەنياڭ قىز بولمىغان بولسا نېمە بولار ئىدىكىنتاڭ؟ ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ قېنى

---

① تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ. «غەربكە ساياھەت» نىڭ 15 - بابىدا بايان قىلىنىشىچە، لۇڭۋاڭنىڭ ئۈچىنچى شاھزادىسى «ئاق ئات» بولۇپ كەلگەن، تاڭ راھىبى شۇ ئاتقا مىنىپ بۇددا كىتابلىرىنى ئېلىپ كېلىدىكەن.

② لىيۇ جىيۈەن — بەش خانلىق دەۋرىدىكى كېيىنكى خەن خانلىقىنىڭ (947 — 950) بالا پادىشاھى. ئۇنىڭغا (قاپاق جىن دۇبۇلغا - ساۋۇت ئەكېلىپ بەرگەنىمىش) بۇ، دىنىي خۇراپاتتىن پايدىلىنىپ ياخشى - يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان يامان ھېكايە.

قايسى كىشى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سۆز قايتۇرۇشقا پېتىنالايدۇ؟ پەقەت ئاشۇ يۈەنياڭ سۆز قايتۇرۇشقا پېتىنىدۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ ئاشۇ يۈەنياڭنىڭلا سۆزىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ھېچكىم ئېسىدە ساقلىيالمايدۇ، پەقەت يۈەنياڭلا ئېسىدە ساقلايدۇ. ئەگەر بۇ نەرسە - كېرەكلەردىن يۈەنياڭ خەۋەر ئالمايدىغان بولسا، قانچىلىكىنى كىشىلەر قاقتى - سوقتى قىلىپ كېتەر ئىدىكىنتاڭ! يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلى دۇرۇس، ھامان كىشىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ، ھەرگىز ئۆز ئورنىدىن پايدىلىنىپ كىشىنى بوزەك قىلمايدۇ.

شىچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز قىستۇردى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنى بىزدىنمۇ ياخشى دەپ ماختىدىغۇ!

— دەرۋەقە ئۇ ياخشى، — دېدى پىڭئېر، — بىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەمدۇق؟

— ئانامنىڭ ئۆيىدىكى سەيشيامۇ ياۋاش قىز، — دېدى باۋيۈي.

— راست، ئۇ ياۋاش! — دېدى تەنچۈن، — ئۇنىڭ دىتى بار، ئاغىچا خېنىم شۇنچە «ئەۋلىيا»دەك ئايال تۇرۇقلۇق، بىرەر ئىشتا بىخەستەلىك قىلىپ قويسا سەيشيا شۇ ھامان بىلىۋالىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىش چىقىپ قالسا، ھەر دائىم ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بېگىم سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالسا، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئۇنتۇپ قالسا، قۇلىقىغا ئاستا ئېيتىپ قويىدۇ.

— بوپتۇ، بۇغۇ شۇنداق بولسۇن، — دېدى لى ۋەن. ئاندىن بارمىقى بىلەن باۋيۈينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — مۇنۇ



www.uyghurkitap.com

بەگزادەمنىڭ ئۆيىدە شىرىن بولمىغان بولسا، ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار، نېمە بولۇپ كېتەتتىكىن؟ فېڭجيې قىزنى ئالساق، ئۇ چۇباۋاڭ[1] بولۇپ كەتكىنى بىلەنمۇ، مىڭ جىڭ داڭقانى كۆتۈرىدىغان ئىككى بىلەككە موھتاج بولغاندەك، ئۇنىڭمۇ مۇنۇ پىڭئېرى بولمىغان بولسا، ھەممىنى ئويلاپ يېتەلەمتى؟

— ئىلگىرى بىز تۆت دېدەك قىز ئىدۇق، — دېدى پىڭئېر، — ئۆلگىنى ئۆلۈپ، كېتىدىغانلىرى كېتىپ، يالغۇز مەنلا يېتىم بالىدەك يالغۇز قالدىم.

— ھەرھالدا سېنىڭ ئامىتىڭ بار ئىكەن، — دېدى لى ۋەن، — فېڭجيې خانىنىڭمۇ ئامىتى بار ئىكەن. ئۆز ۋاقتىنى ئەسلىسەم، چوڭ غوجاڭ ھايات ۋاقتىدا مەندىمۇ ئىككى خىزمەتكار بولغان ئەمەسمىدى؟ قاراڭلارچۇ، مېنىڭ خىزمەتكار تۇتقۇچىلىكىم يوقمىكەن؟ لېكىن ئۇلار زادىلا دىتىمغا ياقمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ غوجاڭ ۋاپات بولۇش بىلەنلا، ئۆزۈم ياش بولغاچقا ھەممىسىنى يولغا سېلىۋەتتىم، ئىسست، ياخشىراق بىر خىزمەتكارنى ساقلاپ قالغان بولسامچۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىدىغان ياردەمچىم بولغان بولاتتى!

شۇ گەپ بىلەن ئىختىيارسىز لى ۋەننىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى.

— شۇنىڭغىمۇ كۆڭلىنى بۇزامدىكەن، — دېيىشتى بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە تارقىلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك.

شۇ گەپتىن كېيىن ھەممەيلەن قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن تىنچلىق سوراش ئۈچۈن

---

① چۇباۋاڭ — شياڭيۇي. ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، چۇ پادىشاھىنىڭ سەركەردىسى شياڭ يەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى «غەربىي چۇنىڭ ۋاڭلار ۋاڭى» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇ مىڭ جىڭ كېلىدىغان داڭقانى كۆتۈرەلەيمەن دەپ پو ئاتقان. ئاخىر ليۇباڭ باشچىلىقىدىكى خەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ھالاك بولغان.

كېتىشتى. خىزمەتكار ئاياللار بىلەن دېدەكلەر شىپاڭنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ، قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشتى، شىرىن بىلەن پىڭئېر شىپاڭدىن بىللە قايتىپ كېلىشتى.

شىرىن پىڭئېرنى ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ، چاي ـ پاي ئىچىپ كەتكىن دېۋىدى، پىڭئېر:

— چاي ئىچكۈم يوق، باشقىدىن كېلەرمەن، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

شۇ گەپ بىلەن پىڭئېر كەتمەكچى بولۇۋىدى، شىرىن ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— بۇ ئايدىكى ئايلىقىمىز نېمە بولۇپ كەتتى؟ ھەتتا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭمۇ ئايلىقىنى تارقاتماپتىغۇ؟ — دېدى.

پىڭئېر بۇ سوئالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال شىرىنغا يېقىن كېلىپ، ئەتراپتا كىشى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاستا قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇنى سورىمايلا قويغىن! بەربىر بىر ـ ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ بېرىدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ ئەجەبلەندى شىرىن، — نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟

— سىلەرنىڭ مۇشۇ ئايدىكى ئايلىقىڭلارنى فېڭجيې خېنىم ئالدىقاچان ئېلىپ كىشىلەرگە جازانىگە بېرىۋەتكەن، — دېدى پىڭئېر ئاستا شىۋىرلاپ، — باشقا جايدىن كېلىدىغان ئۆسۈم پۇل يىغىلىپ بولغاندا، ئاندىن تارقاتماقچى، بۇنى مەن ساڭىلا دەۋاتىمەن، باشقىلارغا ھەرگىز دېمىگىن!

— ئۇنىڭ پۇلى يېتىشمەمدىكەن؟ — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — تېخىچە پۇلغا تويماپتىمۇ؟ پۇلغا نېمانچە ئۆزىنى ئۇرىدىغاندۇ؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ! — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ پۇللارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، نەچچە يۈز سەر كۈمۈش تاپتى. ئۆزىنىڭ ئايلىق پۇللىرىنى پەقەت

خەجلىمەيدۇ، پارچە - پۇرات پۇللىرىدىن تارتىپ يىغىپ ھەممىنى جازانىگە بېرىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ئۈسۈم بىلەن تاپقان پۇلىنىڭ ئۆزىلا بىر يىلغا قالماي مىڭ سەر كۇمۇشتىن ئېشىپ كېتىدۇ!

— غوجايىنىڭ بىلەن سىلەر ئىككىڭلار بىزنىڭ پۇلىمىز ئارقىلىق ئۈسۈم پۇل تېپىڭلار، بىز گاللۋاڭلار ھاڭۋۇقىپ يۈرىۋېرەيلى! — دېدى شىرىن كۇلۇپ.

— سەن يەنە ۋىجدانسىزلارچە گەپ قىلىۋاتىسەن! — دېدى پىڭئېر، — سېنىڭ پۇلۇڭ ئۆكسۇپ قالغانمىدى؟

— پۇلۇمغۇ ئۆكسۇمىدى، خەجلەيدىغان يېرىممۇ يوق، — دېدى شىرىن، — بىزمۇ بىرەر ئىش ئۇچۇن يىغىپ قويايلى دەيمەن - دە.

— ئەگەر زۆرۈر ئىش چىقىپ قېلىپ ساڭا پۇل لازىم بولۇپ قالغان بولسا، مېنىڭ يىغىپ قويغان بىرنەچچە سەر پۇلۇم بار، سەن ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغىن، ئەتە - ئۆگۈن پۇلۇڭدىن تۇتۇپ قالسام بولىدىغۇ.

— ھازىرغۇ پۇل لازىم ئەمەس، — دېدى شىرىن، — كېيىنچە پۇلۇم يېتىشمەي قالسا ئادەم ئەۋەتەرمەن.

پىڭئېر ماقۇل بولۇپ باغنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. شۇ چاغدا فېڭجيې ئۇنى چاقىرغىلى ئەۋەتكەن خىزمەتكار قىز ئۇچراپ:

— خېنىمنىڭ ئىشى بار ئىكەن، سىزنى كۇتۇپ قالدى، — دېدى.

— مۇنچە زۆرۈر قانداق ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دېدى پىڭئېر، — مېنى چوڭ كېلىن ئاغىچام گەپكە تۇتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويغانغۇ؟ بىر يەرگە قېچىپ كەتكىنىم يوقتۇ؟ نېمانچە ئارقا - ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىۋېرىدىكىنە!

— مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن چاقىرغىلى كەلگىنىم يوق، خېنىم، بۇ گېپىڭىزنى كېلىن ئاغىچىغا ئۆزىڭىز دەپ بېرىڭ! — دېدى ھېلىقى خىزمەتكار قىز.

www.uyghurkitap.com

— بولدى، — دېدى پىڭئېر بىرنى تۈكۈرۈپ، — سىلەر بارغانسېرى قېلىپتىن چىقىپ كېتىۋاتىسىلەر.

شۇ گەپ بىلەن پىڭئېر ئۆيگە كەلدى. قارىسا، فېڭجېيى ئۆيدە يوق ئىكەن، لېكىن ئۆتكەن قېتىمدا نەپ يۇقۇرمىكىن دېگەن تەمە بىلەن كەلگەن لىيۇ موماي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى بەنئېر ئېرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە جاڭ سەيىنىڭ ئايالى بىلەن جۇ رۇيىنىڭ ئايالىمۇ ئولتۇرۇپتۇ، يەنە ئىككى - ئۈچ دېدەك تاغاردىن چىلان، كاۋا - قاپاق ۋە ياۋا ئوتياشلارنى تۆكۈۋېتىپتۇ. ئۇلار پىڭئېرنى كۆرۈش بىلەنلا دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لىيۇ موماي ئۆتكەن قېتىم بۇ يەرگە كەلگەچكە، پىڭئېرنىڭ بۇ ئۆيدە تۇتقان ئورنىنى بىلەتتى، شۇڭا كاڭدىن پەسكە سەكرەپ چۈشتى.

— خېنىم، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى موماي، — ئۆيدىكىلەر سالام ئېيتتى. مەن بۇرۇنىراق كېلىپ فېڭجېيى خېنىمدىن تىنچلىق سوراپ، خان قىزلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ كېتەي دېگەنىدىم، يېزىدا ئىش بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ يىل مىڭ تەسلىكتە بىر - ئىككى دەن ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ ئالدۇق، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارمۇ ناھايىتى ئوخشىدى. بۇلار تۇنجى ئۈزگەنلىرىمىز، باش بۇرنىنى سېتىشقا كۆزىمىز قىيماي، سەر خىللىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ھۆرمەتلىك خېنىم بىلەن خان قىزلارنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئەكەلدىم. ھەربىرلىرىمۇ ھەر كۈنى ناھايىتى ئېسىل غىزالارنى يەۋەرگەچكە زېرىكىپ كېتىشكەن بولغىيدىلە. بىزنىڭ غېرىبانە كۆڭلىمىزنى دەپ بۇ ياۋا كۆكتاتلاردىن يەپ باقارمىكىن دېدىم.

— رەھمەت، ئاۋارە بولۇپلا! — دېدى پىڭئېر شۇ زامانلا. ئاندىن لىيۇ مومايىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ ئولتۇردى، — جاڭ يەڭگە، جۇ ئانىكا، ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ئۇلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ. ئاندىن دېدەكلەرگە، — چاي ئەكېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

— خېنىم، بۇگۈن چىرايلىرى باھاردەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قىزىرىپ كېتىپتۇ! — دېدى جۇ رۇيىنىڭ ئايالى بىلەن جاڭ سەينىڭ ئايالى تەڭلا.

— شۇنى دېسىلە! — دېدى پىڭئېر، — ئەسلىدە مەن ئىچمەيتتىم، چوڭ كېلىن ئاغىچام بىلەن خان قىزلار ھە دەپ تۇتتۇرگەنلىكتىن، نائىلاج ئىككى قەدەھ ئىچىپ قويۇۋىدىم، يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى.

— مېنىڭمۇ راسا ئىچكۈم بار ئىدى، ئەمما مېنى ھېچكىم مېھمان قىلمايدۇ، — دېدى جاڭ سەينىڭ ئايالى، — ئەتە - ئۆگۈن ئۆزلىرىنى يەنە مېھمانغا چاقىرىپ قالسا مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارسىلا.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەتىگەن مەن ھېلىقى قىسقۇچپاقىلارنى كۆرگەنىدىم، — دېدى جۇ رۇيىنىڭ ئايالى، — ئىككى - ئۈچى بىمالال بىر جىڭ كېلىدۇ، شۇنداق يوغان، ئىككى - ئۈچ سېۋەتتە ئىكەن، يەتمىش - سەكسەن جىڭ كېلەرمىكىن دەيمەن، — ئاندىن يەنە قوشۇپ قويدى، — يۇقىرى - تۆۋەندىكى بولۇپ ھەممە كىشىنى ھېسابلىغاندا، بۇ بەلكىم يەتمەس!

— نەدە ھەممەيلەن يېسۇن؟ — دېدى پىڭئېر، — ئات - ئۇچۇرى بارلىرى ئىككىدىن يېيىشتى، پايپېتەك بولۇپ يۇرىدىغانلاردىن بەزىلىرى ئېغىز تەگكۈزەلىدى، بەزىلىرى ئېغىزمۇ تەگكۈزەلمىدى.

بۇنداق قىسقۇچپاقىلارنىڭ بىر جىڭى بۇ يىل بەش پۇڭغا چىقىپتۇ، — دېدى لىيۇ موماي، — ئون جىڭى بەش مىسقال، بەش يەردە بەش، يىگىرمە بەش مىسقال، يەنى ئىككى يېرىم سەر. يەنە ئۈچ يەردە بەش ئون بەش، بۇنىڭغا يەنە شاراب بىلەن سەيىنىڭ پۇلىنى قوشساق، جەمئىي يىگىرمە سەر كۈمۈشتىن كۆپرەك بولىدىكەن. سۇبھاناللا! پەقەت بىر ۋاخلىق زىياپەتكە كەتكەن پۇل بىزدەك دېھقانغا بىر يىل يېتىدۇ!

— كىلىن ئاغىچا بىلەن كۆرۈشكەنلا؟ — دەپ سورىدى پىشئېر.
— كۆرۈشتۇم، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ موماي، — بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، دېگەنىدى.
شۇ گەپ بىلەن ليۇ موماي دېرىزىدىن ھاۋاغا قاراپ:
— كەچ كىرىپ قاپتۇ، بىزمۇ يانايلى، شەھەردىن چىقالماي قېلىپ ئاچ قالمايلى يەنە! — دېدى.
— توختاپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ قاراپ باقاي، — دېدى جو رۇينىڭ ئايالى.
ئۇ چىقىپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كىردى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مومايىنىڭ ئامىتى كېلىپ قالدى، ئىككى خېنىمغا يېقىپ قاپتۇ.
— قانداق؟ — دەپ سورىدى پىشئېر.
— كىلىن ئاغىچا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدا ئىكەن، — دېدى جو رۇينىڭ ئايالى چۈشەندۈرۈپ، — مەن كىلىن ئاغىچىغا پىچىرلاپ: «ليۇ موماي كەتمەكچىكەن، كەچ قالسام شەھەردىن چىقىپ كېتەلمەيمەن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدىم، كىلىن ئاغىچا ماڭا: ئۇ «شۇنچە يىراق يەردىن بىرمۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. كەچ قالغان بولسا، بىر كېچە قونۇپ ئەتە كەتسىمۇ بولىدۇ» دېدى. بۇ كىلىن ئاغىچىغا يېقىپ قالغانلىق بولماي نېمە؟ بۇغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. بۇ گەپنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ قېلىپ «ليۇ موماي دېگەن كىم» دەپ سورىغانىدى، كىلىن ئاغىچا ھەممىنى چۈشەندۈردى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم «مېنىڭ ياشانغان كاداك ① بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ تۇراتتى! ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىرىڭلار، مەن بىر كۆرۈشەي» دېدى. بۇ مومايغا كەلگەن كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت ئەمەسمۇ؟

① كاداك — تەجرىبىلىك، گەپدان.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار لىيۇ مومايىنى كاڭدىن چۈشۈپ، تېزرەك بېرىشقا ئالدىراتتى.
— مەن مۇشۇ ئەپتىم بىلەن قانداقمۇ كۆرۈنۈش قىلارمەن؟ — دېدى لىيۇ موماي، — جېنىم يەڭگە، مېنى كېتىپ قاپتۇ دەپ قويسىڭىزچۇ !
— بارسىلا، تېزرەك بارسىلا، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى پىڭئېر ئالدىرىتىپ، — بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ياشانغانلارغا ۋە كەمبەغەللەرگە بەك رەھىمدىللىك قىلىدۇ، مۇغەمبەر، ساختىپەر كىشىلەر بىلەن خۇشى يوق. ئەگەر يالغۇز بېرىشقا تارتىنسىلا، مەن بىلەن جۇ ئانىكام ئىككىيلەن بىللە ئاپىرايلى.
شۇ گەپتىن كېيىن پىڭئېر جۇ رۇينىڭ ئايالى بىلەن لىيۇ مومايىنى باشلاپ جيا ئانىنىڭ قېشىغا ماڭدى.
ئۇلار ئارا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بالا چاكارلار پىڭئېرنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئۇلاردىن ئىككىسى «خېنىم» دېگەن پېتى پىڭئېرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى پىڭئېر.
ئۇلارنىڭ بىرسى كۈلۈمسىرەپ:
— ھازىر كەچمۇ بولۇپ قالدى، ئانام ئاغرىپ قاپتىكەن، مېنى تېۋىپ چاقىرىپ بەرسۇن دەپتۇ. ئوبدان خېنىم، يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سورىسام مۇمكىن بولامدىكىن؟ — دېدى.
— پەيزىڭلار بار، بۇلارنىڭ مەسلىھەتلىشىۋالغىنىنى قارا، — دېدى پىڭئېر، — بىر كۈنى ئۇ، بىر كۈنى بۇ رۇخسەت سورىغان، تېخى رۇخسەتنى خېنىمدىن ئالماي ماڭا يامىشىۋېلىشقان. قايسى كۈنى جۇيئېر كېتىۋىدى، جيا لىەن بېگىم قىرىشقاندەك شۇنى چاقىرتىپ قالدى، قىچقارسا ئۇ بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنى مەن ئۇستۇمگە ئالدىم. بېگىم تېخى كۆڭۈلچەكلىك قىپسەن، دەپ ماڭا كايىدى. بۈگۈن ئەمدى سەن رۇخسەت سوراپ كەپسەن !

www.uyghurkitap.com

— راستلا ئۇنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قالغان، — دېدى جۇ رۇينىڭ ئايالى، — خېنىم، بۇنىمۇ ئۆز ئۇستىلىرىگە ئېلىپ رۇخسەت بەرگەن بولسىلا.

— ماقۇل، ئەتە بالدۇرراق كەلگىن، — دېدى پىڭئېر، — سۆزۈم قۇلىقىڭدا بولسۇن، ماڭا لازىم بولۇپ قالسەن، يەنە شۇنداق كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە كەلگىن جۇمۇ! باراشىڭدا ۋاڭئېرگە، كېلىن ئاغىچا تاپىلىدى، ئۇنىڭ گەدىنىدە قېلىپ قالغان پۇلنى ئەتە ئەكېلىپ بەرمەيدىغان بولسا، كېلىن ئاغىچام ئالمايدىكەن، بوپتۇ، سېنى ئىشلىتىۋەرسۇن دەيدۇ، دېگىن.

خۇشاللىقتىن چاكار بالىنىڭ بېشى كۆككە يەتتى ــ دە، خوش ــ خوش دېگىنىچە مېڭىپ كەتتى.

پىڭئېر ھېلىقىلار بىلەن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، بۇ چاغدا نەزەرباغدىكى ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى جيا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشكەنىدى. ليۇ موماي ئۆيگە كىرىش بىلەن بۇ يەردە ئۇنچە ــ مەرۋايىت ئېچىگە چۆمۈلۈپ، گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغانلارنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. قارىسا، بىر ياشانغان موماي كاتنىڭ ئۈستىدە تەنھا يانپاشلاپ يېتىپتۇ، ئارقىسىدا تاۋار ــ دۇردۇنغا ئورالغان گۈلدەك بىر دېدەك ئولتۇرۇپ مومايىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋېتىپتۇ. فېڭجيې ئۆرە تۇرۇپ چاقچاق قىلىۋېتىپتۇ. ليۇ موماي جيا ئانىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئالدىغا كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ، بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلدى ۋە:

— سۇھەيل يۇلتۇزىمىز①غا ئامانلىق تىلەيمەن، — دېدى.

جيا ئانىمۇ دەرھال قوزغىلىپ قويۇپ، ليۇ مومايدىن تىنچلىق سورىدى، ئاندىن جۇ رۇينىڭ ئايالىنى ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ

---

① سۇھەيل ــ جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئۆمۈر يۇلتۇزى، كونا ئادەتتە، ياشانغان كىشىلەرگە شۇ يۇلتۇز تەمسىل قىلىناتتى. بۇ يەردە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش مەنىسىدە ئېيتىلىۋاتىدۇ.

بىرىشكە بۇيرۇدى. بەئىبىر تارتىنچاق بولغاچقا، تىنچلىق سوراشنى بىلمەيتتى.

— قەدىناس توغقىنىم، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا لىيۇ مومايدىن.

لىيۇ موماي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ يىل يەتمىش بەشكە كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ يەنە شۇنداق مەزمۇت تۇرۇپتۇ، — دېدى جىيا ئانا قېشىدىكىلەرگە قاراپ، — مەندىن خېلىلا چوڭ ئىكەن! مەن شۇ ياشقا كىرىدىغان بولسام، ئورنۇمدىن قوزغىلالماسمەنمىكىنتاڭ!

لىيۇ موماي كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بىز تۇغۇلۇشىمىزدىن تارتىپ جاپاكەش كىشىلەر، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى تۇغۇلۇشلىرىدىنلا دۆلەت كۆرۈپ كېلىۋاتىدىلا، بىزمۇ سىلىدەك بولغان بولساق، ئۇ چاغدا دېھقانچىلىق ئىشىنى قىلىدىغان ئادەم قالمىغان بولاتتى.

— قاراڭلار، كۆزىمۇ روشەن، چىشلىرىمۇ ساق ئىكەن، — دېدى جىيا ئانا.

— ھەممە چىشىم ساق، — دېدى لىيۇ موماي، — بۇ يىل سول تەرەپتىكى بىر ئېزىق چىشىم لىڭشىپ قالدى.

— مەن قېرىپ قالدىم، — دېدى جىيا ئانا، — كاردىن چىقتىم، كۆزۈممۇ خىرەلىشىپ قالدى، قۇلىقىممۇ ياخشى ئاڭلىمايدۇ، زېھنىم قالمىدى. سىلەرگە ئوخشاش قەدىناس تۇغقانلىرىمنىمۇ يادىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. تۇغقانلىرىم كەلسە زاڭلىق قىلارمىكىن دەپ، كۆرۈشمەيمەن. چىشىم ئۆتىدىغان غىزادىن بىر ـ ئىككى قوۋۇز يەيمەن ـ دە، ئۇيقۇغا كېتىمەن. زېرىكىپ قالسام مانا مۇشۇ نەۋرىلىرىم بىلەن بىردەم كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىمەن شۇ.

— بۇ ئۆزلىرى ئۇچۇن زور بەخت، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — دېدى لىيۇ موماي كۈلۈمسىرەپ، — بىزمۇ مۇشۇنداق بولايلى

www.uyghurkitap.com

دېسەك قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

— بۇنىڭ نېمىسى «بەخت» بولسۇن، — دېدى جىيا ئانا، — مەن بىر كاردىن چىققان قېرى دېگىنە!

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بايا مەن فېڭجىيې بالامدىن سېنىڭ بىرمۇنچە كاۋا - قاپاق، ئوتياشلارنى ئەكەلگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، تېزرەك تاپشۇرۇۋالغىن دېگەنىدىم، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — مېنىڭ يېڭى ئۈزگەن كاۋا، كۆكتاتلارنى يېگۈم كېلىپ تۇراتتى. بازاردىن سېتىۋالغانلىرى سىلەرنىڭ تېرىغانلىرىڭلاردەك ئوبدان ئەمەس.

— بۇ سەھراغا لايىق نەرسىلەر، — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — يېڭىلىق دەپ يېسىلە بولىدۇ، بىزنىڭمۇ بېلىق، گۆش يېگۈمىز كېلىدۇ، لېكىن يېيىشكە قۇربىمىز يەتمەيدۇ.

— ئەمدى بىز تۇغقان بولۇپ قالدۇق، قۇرۇقلا كەتمىگىن، — دېدى جىيا ئانا، — ئەگەر ياتسىرىمىساڭ بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كەت. بىزنىڭمۇ بېغىمىز بار، بېغىمىزدا مېۋىلەرمۇ بار، ئەتە ئېغىز تېگىپ باققىن، ئۆيۈڭگىمۇ ئالغاچ كەتكىن، بۇمۇ تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلىكىڭنىڭ بىر نىشانىسى بولۇپ قالسۇن.

فېڭجىيې جىيا ئانىنىڭ كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھاللا سۆز قىستۇردى:

— بىزنىڭ بۇ يەر سىلەرنىڭ خامىنىڭلاردەك كەڭتاشا بولمىسىمۇ، ھەرھالدا بىر - ئىككى ئېغىز بوش ئۆيىمىز بار، بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى يېڭى - يېڭى ۋەقەلەرنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سۆزلەپ بېرىڭ.

— قىزىم فېڭجىيې، سەن ئۇنى زاڭلىق قىلمىغىن. ئۇ دېگەن يېزىلىق مۆمىن ئايال، سېنىڭ چاقچىقىڭنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.

شۇ گەپ بىلەن جىيا ئانا خىزمەتكارلارنى بەنئېرگە مېۋە - چېۋە ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بەنئېر كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ يېيىشكە پېتىنالمىدى. جىيا ئانا ئۇنىڭغا پۇل

ئالدۇرۇپ بېرىپ، تاشقىرىغا ئاچىقىپ ئۇينىتىپ كېلىش ئۈچۈن چاكار باللارنى بۇيرۇدى. ليۇ موماي چاي ئىچىپ بولۇپ، يېزىدا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ـ بىلگەن ئىشلارنى جيا ئانىغا سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا ئۇنىڭ سۆزىنى بارغانسېرى قىزىقىپ ئاڭلىدى.

شۇ ئەسنادا فېڭجيېنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خىزمەتكارلار ليۇ مومايىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. جيا ئانىمۇ ئۆزىگە تەييارلانغان سەيلەردىن بىرنەچچە خىلىنى تاللاپ ليۇ مومايغا ئاپىرىپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى. فېڭجيې جيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە ليۇ موماي يېقىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، تاماقتىن كېيىن ليۇ مومايىنى يەنە جيا ئانىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. يۈەنيالىڭ بىر خىزمەتكار ئايالنى ليۇ مومايىنى ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئادەتتىكى كىيىملەردىن ئىككى قۇر تاللاپ، ليۇ مومايىنى يەڭگۈشلىۋالسۇن دەپ بەردى. ليۇ موماي ئۆمرىدە مۇنداق ئىشلارنى نەدە يۇرۇپ كۆرسۇن؟ ئۇ ئالدىراپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدى ـ دە، قايتىپ كېلىپ، جيا ئانا ياتقان كاتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دەيدىغان گەپلىرىنى ئىزدەشتۇرۇپ يۇرۇپ گەپ قىلىپ بەردى.

شۇ ئارىدا بۇ يەرگە باۋيۈي ۋە ئىگىچە ـ سىڭىللىرىمۇ كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇنداق سۆزلەرنى ئۇلار نەدە يۇرۇپ ئاڭلاپ باقسۇن؟ ئۇلارغا مومايىنىڭ ھېكايىسى كور مەدداھلار ئېيتىدىغان ھېكايىلەردىنمۇ بەك قىزىق تۇيۇلدى.

ليۇ موماي سەھرالىق بىر خوتۇن بولسىمۇ، ئۆز ئۆمرىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ ئىدى، يەنە كېلىپ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ھەمدە جاھاندارچىلىقتا نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ جيا ئانىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى، بۇ يەردىكى يىگىت ـ قىزلارنىڭ گەپلىرىنى زوق بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بولۇپ باقمىغان ۋەقەلەرنىمۇ توقۇپ چىقىرىپ سۆزلەۋەردى.

— بىز يېزىدا يەر تېرىيمىز، كۆكتات تېرىيمىز، — دېدى

موماي ھېكايىسىنى باشلاپ، — ھەر يىلى، ھەر كۈنى، باھار - ياز، كۈز، قىش دېمەي، مەيلى شامال چىقسۇن، مەيلى يامغۇر ياغسۇن، ھەممە ۋاقىت ئېتىزدا ئىشلەيمىز. بىزگە نەدە بىكار ئولتۇرىدىغان چاغ بولسۇن؟ ھەر كۈنى بىز ئېتىز بېشىدا ئارام ئېلىپ، سەگىدەپ ئولتۇرغان چاغدا بىزنى قانداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرمەيدۇ دەيلا! مەسىلەن، ئۆتكەن قىش بىرنەچچە كۈن ئۇدا قار يېغىپ، يەرنى ئۈچ - تۆت چى قېلىنلىقتا قار قاپلاپ كەتتى، شۇ كۈنى مەن سەھەر قوپۇپتىكەنمەن، تېخى تالاغا چىقمىغانىدىم، تاشقىرىدا شاخ - شۇمبىلارنىڭ قاراسلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، بىركىم شاخ - شۇمبىلارنى ئوغرىلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دېرىزىگە يېقىنلىشىپ تاشقىرىغا قارىسام، بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىكەن.

— بەلكىم يولۇچى بولغىيدى، — دېدى جيا ئانا سۆز قىستۇرۇپ، — توڭلاپ كەتكەنلىكتىن تەييار تۇرغان ئوتۇننى كۆرۈپ ئوت يېقىپ ئىسسىنماقچى بولغاندۇ، بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇغۇ.

— يولۇچى ئەمەس ئىكەن، — دېدى لىيۇ موماي كۈلۈمسىرەپ، — شۇڭا بۇ ئەجەبلەنگۈدەك بىر ئىش. سۈھەيل يۇلتۇزىمىز، ئۆزلىرى بىر پەرەز قىلىپ كۆرسىلە، بۇ كىم بولغاي؟ قارىسام، ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى ئىنتايىن كېلىشكەن بىر قىز ئىكەن! قاپقارا چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، ئۇستىگە قىزىل پەشمەت، ئاق دۇردۇن كۆڭلەك كىيگەن...

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە تاشقىرىدىن بىردىنلا كىشىلەرنىڭ غەلۋىسى ئاڭلاندى ۋە بىركىم:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى قورقۇتۇۋەتمەڭلار! — دەۋاتاتتى.

جيا ئانا بۇنى ئاڭلاپ دەرھال سورىدى:

— نېمە بوپتۇ؟
— جەنۇبىي ھويلىدىكى ئاتخانىغا ئوت كېتىپتىكەن، — دەپ خەۋەر قىلدى بىر دېدەك، — ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاللىقاچان ئۆچۈرۈپ بولدى.
جيا ئانا بەك قورقۇنچاق بولغاچقا، بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، خىزمەتكار قىزغا تايىنىپ پېشايۋانغا چىقىپ قاراپ باقتى، ھويلىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭىدا ئوت يالقۇنى تېخىچە لاۋۇلداپ تۇراتتى، جيا ئانا قورققىنىدىن دۇرۇت ئوقۇدى ۋە خىزمەتكارلارنى تېزدىن ئوت تەڭرىسىنىڭ ئالدىغا كۆجە يېقىشقا بۇيرۇدى. ئاڭغىچە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، جيا ئانىنى تىنچلاندۇرۇشقا كىرىشتى.
— ئوتنى ئاللىقاچان ئۆچۈرۈپ بولۇشۇپتۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — كىرىپ كېتەيلى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم.
جيا ئانا ئوتنىڭ ئۆچۈپ بولغانلىقىغا تولۇق كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۆيگە يېنىپ كىردى. باۋيۈي شۇ ئەسنادا ليۇ مومايدىن سوراپ قالدى:
— ھېلىقى قىز شۇنچىلىك قېلىن قاردا ئوتۇن سۇندۇرۇپ نېمە قىلماقچى ئىكەن؟ بەلكىم توڭلاپ كېتىپ ئاغرىپ قالغان بولغىيدى؟
— جىم بول، — دېدى جيا ئانا، — ھازىرلا ئوتۇننىڭ گېپى بولۇۋىدى، ئوت ھادىسىسى تۇغۇلدى، يەنە شۇنى سورايسەنغۇ ! بولدى، بۇنى قويۇپ باشقا گەپ قىلىشايلى.
باۋيۈي بۇ سۆزدىن كۆڭلى غەش بولغان بولسىمۇ، بوپتۇ قىلدى.
ليۇ موماي يەنە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، گەپ باشلىدى:
— بىزنىڭ جاڭزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جاڭزىدا بىر قېرى بۇۋىم بار، بۇ يىل يېشى توقساندىن ئاشقان، ھەر كۈنى روزا تۇتۇپ، خەتمە ئوقۇپ تۇرىدۇ. كىم بىلسۇن، بۇنىڭ ئاھى شاپائەت

مۇئەككىلىگە يەتكەن چېغى، بىر كېچىسى بۇۋىمىنىڭ چۈشىگە: «سەن شۈنچىلىك تەقۋادار بولساڭمۇ، تەقدىرىي ئەزەلدە ئەۋلاد كۆرمەيدىغانلىقىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەنىدى. ئەمدى تەڭرى ئىگەمگە ئىلتىماس قىلىۋىدىم، ساڭا بىر نەۋرە ئاتا قىلىدىغان بولدى» دېگەن بىر گەپ ئايان بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئوغلىنىڭمۇ بىر ئوغلى بار ئىدى، بۇ ئوغۇلنى مىلىك تەسلىكتە بېقىپ ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ تولا يىغلاپ ئۆلەي ـ ئۆچەي دېگەنىدى. كېيىن بىر بالا بېقىۋالغان، بۇ يىل ئەمدى ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشقا كىردى، ئۆزى شۇنداق ئاقپىشما، قالتىس ئەقىللىك، زېرەك بالا بولدى، مانا كۆرسىلە، تەڭرىمىز بۇددا بەرھەق بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

بۇ پاراڭ جىيا ئاتا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دىتىغا تازا ياقتى، ھەتتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىشىنىپمۇ قالدى. باۋيۈي كۆڭلىدە ھامان ھېلىقى ئوتتۇن سۇندۇرغان ئىشنى ئەسلەپ، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ھەر خىل قىياس قىلىپ ئولتۇراتتى، تەنچۈن ئۇنىڭ ھالىتىنى چۈشىنىپ سورىدى:

— تۈنۈگۈن شى شياڭيۈن سىڭلىمىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق. بىز قايتىپ بېرىپ مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنىڭ يىغىلىشىنى چاقىرىش، يەنە بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈش ھەمدە چوڭ ئانامنى جۇخار گۈلىنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ باقساق قانداق؟

— چوڭ ئانامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — شى شياڭيۈن سىڭلىمنىڭ زىياپىتىگە جاۋابەن يەنە بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ھەممىمىزنى چاقىرماقچىكەن، ئاۋۋال چوڭ ئانامنىڭ زىياپىتىنى يەيلى، ئاندىن بىز چاقىرساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— بارغانسېرى سوغۇق چۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى تەنچۈن، — كەينىگە سوزغان بىلەن چوڭ ئانامنىڭ كەيپى بولماي

قالارمىكىن.

— چوڭ ئانام يامغۇر بىلەن قارنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى باۋيۇي، — بىز تۇنجى قار ياغقىچە تۇرۇپ تۇرايلى، شۇ چاغدا چوڭ ئانامنى قار سەيلىسىگە چىللىمايمىزمۇ؟ قار يېغىۋاتقاندا شېئىر ئېيتساق تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ.

— قار ياغقاندا شېئىر ئېيتساق دەمسىز، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ، — مېنىڭچە، بىر باغلام ئوتۇن ئالدۇرۇپ، قار ياغقاندا گۈلخان ياقساق تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ!

بۇ سۆز بىلەن باۋچەي ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋيۇي ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، گەپ قىلمىدى.

بىردەمدىن كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشتى. باۋيۇي ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن ليۇ مومايىنى بىر چەتكە تارتىپ سوراشقا باشلىدى:

— ھېلىقى قىز كىم ئىدى؟

ليۇ موماي ئەتەي بىرنەرسىلەرنى توقۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەسلىدە بىزنىڭ جاڭزىنىڭ شىمال ياقىسىدا بىر كىچىك بۇتخانا بار ئىدى، بالدۇر ئۇ يەردە ئەۋلىيا ئەمەس، قانداقتۇر بىر بېگىم تۇراتتى، ئىسمى ...

موماي ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئويلاشقا باشلىدى.

— ئىسىم ـ فامىلىسى تۇرىۋەرسۇن، ئۇنى ئويلىمايلا قويۇڭ، — دېدى باۋيۇي، — ۋەقەنىڭ ئۆزىنىلا دەڭ.

— بۇ بەگنىڭ ئوغلى يوق ئىكەن، — دېدى ليۇ موماي سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — پەقەت بىرلا قىزى بولۇپ، ئېتى رويۇي ئىكەن، ئۆزى ئوقۇغان، بىلىملىك قىز ئىكەن، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنى خۇددى گۆھەردەك ئەتىۋارلايدىكەن. ھەي ئىسىت، بۇ قىز ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

باۋيۇي بۇنى ئاڭلاپ ئىچى سىيرىلىپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، يەنە سورىدى:

— كېيىن قانداق بولغان؟

— كېيىن ئاتا ـ ئانىلىرى قىزنىڭ دەردى ـ پىراقىدا يۈرەك ـ باغرى كاۋاپ بولۇپ ئاشۇ بۇتخانىنى سالدۇرغان. ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ياسىتىپ، كوچە كويدۇرۇش، چىراغ يېقىپ تۇرۇشقا مەخسۇس كىشى تەيىنلىگەن. بۇنىڭغا ئۇزاق زامان بولغاچقا، كىشىلەرمۇ ئۆلۈپ توگىگەن، بۇتخانىمۇ ۋەيران بولغان، بايىقى لاي ھەيكەل بولسا جىنغا ئايلىنىپ كەتكەن.

— جىنغا ئايلانمايدۇ، — دېدى باۋيۈي دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — قائىدە بويىچە بۇنداق ئادەملەر ئۆلمەيدۇ.

— توۋا! شۇنداقمۇ؟ — دېدى لىيۇ موماي، — غوجام، ئۆزلىرى دەپ بەرمىگەن بولسىلا بىز جىنغا ئايلىنىپ كەتكەن دەپ يۈرۈۋېرىدىكەنمىز! ئۇ پات ـ پات ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ چۆرگۈلەپ يۈرەرئىمىش. بايا مەن دېدىمغۇ، ئوتۇن سۇندۇرغان نەق ئاشۇ قىز. بىزنىڭ جاڭزىدىكى كىشىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى بازغان بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداق قىلماڭلار، — دېدى باۋيۈي شۇ زامانلا، — بۇتنى چېقىپ تۈزلىۋەتسەڭلار، زور گۇناھ قىلغان بولىسىلەر!

— ھەرنېمە بولسىمۇ، غوجام، ئۆزلىرى ماڭا دەپ قويدىلا، — دېدى لىيۇ موماي، — ئەتە قايتىپ بارغىنىمدا ئۇلارنى توسۇپ قويسام بولغۇدەك.

— چوڭ ئانام بىلەن ئانام ئاق كۆڭۈل ياخشى كىشىلەر، — دېدى باۋيۈي، — پۈتۈن ئائىلىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدۇ، ئىبادەتخانا سالدۇرۇش، بۇت ياسىتىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەتە بىر ئېلان چىقىرىپ، سىزگە سەدىقە يىغىپ بېرەيلى، سىز چىراغچى بولۇڭ، پۇل يىغىش قىلىپ بۇ بۇتخانىنى ياساپ، ئۇ قىزنىڭ ھەيكىلىنىمۇ قايتا تۇرغۇزايلى. ھەر ئايدا كوچە ـ چىراغ پۇلى بېرىپ تۇرساق قانداق؟

— ئۇنداق بولسا، ئاشۇ قىزنىڭ شاراپىتى بىلەن مەنمۇ ئانچە ـ

مۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇپ قالغۇدەكمەن، — دېدى ليۇ موماي خۇشال بولۇپ.

باۋيۈي مومايدىن بۇتخانا تۇرىدىغان جاينىڭ، جاڭزىننىڭ ئىسمىنى، ئۇ يەرنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى، نەگە جايلاشقانلىقىنى سورىۋالدى. ليۇ مومايمۇ ئاغزىغا كەلگىنىچە ئېيتىپ بەردى، باۋيۈي بۇنىڭغا چىنپۇتۇپ، ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كېچىچە كۆڭلىدە چوت سوقۇپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا تالاغا چىقىپ، بېيمىڭغا بىرنەچچە يۈز داچەن پۇل بېرىپ، ليۇ مومايىنىڭ سۆزلىگىنى بويىچە ئۇ جاينىڭ ئىسمىنى، قايسى تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن بېيمىڭنى شۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلمەكچى بولدى.

بېيمىڭ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي كۇتە - كۇتە جىلە بولۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي كەتتى، ئاخىر كۈن ئولتۇرغاندا بېيمىڭ خۇشال - خۇرام قايتىپ كەلدى.

— قانداق، تاپالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي ئالدىراپ.

— ئۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان ئوخشايلا، مەن جىق ئىزدەپ كەتتىم! — دېدى بېيمىڭ كۈلۈپ، — ئۇ جاي سىلى ئاڭلىغاندەك يەردە ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈن كەچكىچە ئىزدە - ئىزدە، شۇ يېزىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى قىر بېشىغا بارسام، شۇ يەردە بىر ۋەيرانە بۇتخانا بار ئىكەن.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ:

— ليۇ موماي قېرىپ قالغان كىشى بولغاچقا، ھەممىشە ئېسى جايىدا تۇرمايدۇ، بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. قېنى كۆرگەنلىرىڭنى ئېيتىپ باققىنا، — دېدى.

— بۇ بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى جەنۇبقا قارايدىكەن، — دېدى بېيمىڭ، — بۇ دەرۋازىمۇ كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كېتىپتۇ.

مەن ئۇ يەرنى تاپقۇچە ئاچچىقىم تاقىتىم قالمىغانىدى. لېكىن، ئۇنى كۆرۈپلا «مانا ياخشى بولدى !» دېدىم ـ دە، شۇ زامانلا ئىچكىرى كىرىۋىدىم، لاي ھەيكەلگە كۆزۈم چۈشۈپ قورقۇپ قېچىپ چىقتىم، خۇددى تىرىك ئادەمدەك تۇرۇپتۇ !

— ئۇنىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىغا قۇدرىتى يېتىدۇ، — دېدى باۋيوي خۇشال بولۇپ، — شۇڭا تىرىكتەك كۆرۈنگىنى.

— ئۇ نەدە قىز بالا بولسۇن؟ — دېدى بېيمىڭ ئالقىنىنى ئۇرۇپ، — قارا يۈزلۈك، قىزىل چاچلىق ۋابا ئىلاھى ئىكەن !

باۋيوي بۇنى ئاڭلاپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە، تىللاپ كەتتى:

— ھەي كارغا كەلمەيدىغان ئۆلۈمتۈك، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئورۇنلىيالماي كەپسەن !

— غوجام، ئۆزلىرى قانداق كىتابتىن كۆرگەن، قانداق ئادەمنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدىلەكىن، شۇنىڭغا چىنپۇتۇپ قېلىپ، مېنى مۇشۇنداق يوقىلاڭ ئىشقا سوكۇلداتتىلا، يەنە تېخى مېنى كارغا كەلمەيدىغان دەپ تىللامىلا؟

باۋيوي ئۇنىڭ جىلە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆڭلىنى ياساپ قويدى:

— بوپتۇ، ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، ۋاقتىڭ يەتسە باشقا كۈنى ئىزدەپ باقارسەن. ئەگەر ھېلىقى قىزى مېنى ئالدىغان بولسا، ئەلۋەتتە يوق بولۇپ چىقىدۇ، ئەگەر بار بولۇپ قالسا، سەنمۇ ساۋابقا ئىگە بولماسەن، ساڭا مەن قات ـ قات ئىنئام قىلىمەن.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا ئارا دەرۋازىدىن بىر چاكار بالا كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى قىزلاردىن بىرسى ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، ئارا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قالدى.

نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىقىنچى باب

## شى تەيجۈن[1] نىڭ نەزەرباغدا ئىككىنچى قېتىم زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى
## جىن يۈەنياڭنىڭ ئۈچ قېتىمدىن ئۈستىخان كوزىر تېپىشىمقى ئېيتقانلىقى

باۋيۈي ھېلىقى چاكار بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا ھويلىغا كىردى، قارىسا، خۈپو دەرۋازا ئالدىدىكى دالىدا تامنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ:

— تېزرەك بولسىلا، سىلىنى كۈتۈشۈپ قالدى، گېپى بار ئىكەن! — دېدى.

— باۋيۈي تۆر ئۆيگە كەلگەندە، جيا ئانا شى شياڭيۈننىڭ زىياپىتىگە جاۋابەن بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە قالغان ھەمشىرىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن.

— مېنىڭ بىر پىكرىم بار، — دېدى باۋيۈي، — تاشقىرىدىن كېلىدىغان مېھمان بولمىغاندىن كېيىن، تاماقنىڭ خىللىرىنى، سانىنى بەلگىلەپ قويمايلى، ھەركىم ئادەتتە ئۆزى يارىتىپ يەيدىغانلىرىدىن قانچە خىلىنى تاللىسا، شۇنچە خىل تەييارلانسا، شىرەلەر بويىچە بۆلۈنۈپمۇ ئولتۇرمىساق، ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن چاي شىرەسى راسلىنىپ، شۇ كىشى ياخشى كۆرىدىغان بىر - ئىككى خىل تاماق، ئاندىن بىردىن كاتەكلىك تاۋاق قويۇلسا، چەينەكتىن شارابنى ھەركىم ئۆزى قۇيۇپ ئىچسە

---

① شى تەيجۈن — جيا ئانا، ئۇنىڭ ئەسلىي فامىلىسى شى.

ئۆزگىچىرەك بولمامدۇ؟

— تازا توغرا دېدىڭ، — دېدى جيا ئانا قوشۇلۇپ. ئاندىن شۇ زامان بۇ گەپنى ئاشخانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا كىشى بۇيرۇدى، — ئەتە بىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى تاللاپ ئەتسۇن، ئادەم سانىغا قاراپ كاتەكچىلىك تاۋاقلارغا ئۇسۇپ ئەكەلسۇن، ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ باغدا يەيمىز.

مەسلىھەت ئاياغلاشقۇچە چىراغمۇ يېقىلىپ بولغانىدى. بۇ كېچە باشقا سۆز بولمىدى.

ئەتىسى ھەممەيلەن ئورنىدىن سەھەر تۇرۇشتى. بۇ كۈنى كىشىنى خۇش قىلىپ ھاۋا بەك ئوچۇق بولدى. لى ۋەنمۇ سەھەر قوپۇپ، خىزمەتكار ئاياللار ۋە چۆرە قىزلارنىڭ غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ، شىرە ــ ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈپ، چاي ۋە شاراب قۇيىدىغان چىنە ــ قەدەھ قاتارلىق جابدۇقلارنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇردى. شۇ پەيتتە فىڭئېر لىيۇ موماي بىلەن بەنئېرنى باشلاپ كەلدى.

— خېنىم، بەك ئالدىراش ئىكەنلا! — دېدى لىيۇ موماي.

— تۈنۈگۈن سىزنى كېتەلمەيسىز دېسەم كېتىشكە بەك ئالدىراپ كەتكەنىدىڭىز، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

— مېنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئېلىپ قالدى، — دېدى لىيۇ موماي كۈلۈمسىرەپ، — مېنىمۇ بىرەر كۈن كۆڭۈل ئېچىپ كەتسۇن، دەپتۇ.

فىڭئېر بىرقانچە ئاچقۇچنى لى ۋەنگە سۇنۇپ:

— كېلىن ئاغىچا، تاشقىرىدىكى چاي شىرەلىرى يېتىشمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا بالىخاننى ئېچىپ، يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن ھېلىقى شىرەلەرنى ئاچىقىپ بىر كۈن ئىشلىتىپ تۇرساق، دېگەن. كېلىن ئاغىچا ئۆزى كەلمەكچىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىدى. بالىخاننى ئۆزلىرى ئېچىپ بەرسىلە، خىزمەتكارلار بىلەن كىرىپ ئېلىپ چىقساق، — دېدى.

لى ۋەن ئاچقۇچنى ئېلىشقا سۈيۈننى بۇيرۇدى، ئاندىن بىر خىزمەتكار ئايالنى ئارا دەرۋازىدىكى چاكار باللاردىن بىرنەچچىنى باشلاپ كېلىشكە جورۇدى. ئۆزى نەزەر راۋاق تۈۋىدە تۇرۇپ، چاكار باللارنى يۇقىرىغا چىقىپ «زەرەپشان بالىخانىسى» نى ئېچىپ، چاي شىرەلىرىنى بىر ـ بىردىن ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بالا چاكارلار، خىزمەتكار ئايالار ۋە چۆرە قىزلار تەڭلا تۇتۇش قىلىپ، بىردەمدىلا يىگىرمىدىن كۆپرەك شىرەنى پەسكە ئەپچۈشتى.

— ئاۋايلاڭلار، جىن قوغلىغاندەك ھودۇقۇپ كەتمەڭلار، بولمىسا چۆرىسىدىكى نەقىشلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىسىلەر! — دېدى لى ۋەن. ئاندىن ليۇ مومايغا قايرىلىپ، — موما، سىزمۇ كۆرۈپ چۈشۈڭ، — دېدى.

ئۇ يەرنى كۆرۈشكە بەك ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ليۇ موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بەنئېرنى يېتىلىگەن پېتى پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ بالىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋىدى، قارىسا، قاپقاراڭغۇ ئىكەن، شىرەمەل، شىرە، ئورۇندۇق، چوڭ ـ كىچىك گۈل پانۇسلار دۆۋە ـ دۆۋە تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە ئانچە تونۇش بولمىغان بۇ رەڭگارەڭ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇپ كۆرۈندى. ليۇ موماي نەچچە قېتىم توۋا ـ سۇبھانالال دەۋېرىپ پەسكە قايتىپ چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ھەممەيلەن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، لى ۋەن:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە قېيىققا چۈشكۈسى كېلىپ قالارمىكىن، شۇڭا مالتىلىغۇچ، خادا، پالاق، سايىۋەنلەرنى ئەپچۈشۈپ تەييار قىلىپ قويايلى، — دېدى.

خىزمەتكارلار خوش دېيىشىپ، بالىخانىنىڭ ئىشىكىنى قايتىدىن ئېچىپ، دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەسكە ئەپچۈشۈشتى، ئاندىن بىر چاكار بالىنى ئەۋەتىپ، قېيىقچى ئايالارغا ئىككى قېيىقنى كېمە دەپسەنگىسىدە تەخ قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ ئەسنادا جيا ئانا بىر توپ كىشىلەر بىلەن باغقا كىرىپ كەلدى. لى ۋەن ئىلدام قارشى ئالغىلى ئالدىغا بېرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، كەيپىلىرى ئوبدان ئوخشايدۇ، ھەر نېمە بولسا كەپتىلا، مەن تېخى سىلىنى تارتىنىپ بولمىغاندۇ، دەپ يېڭىلا ئۈزگەن جۈيخار گۈلىنى ئۆزلىرىگە ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى.

شۇ پەيتتە چۆرە قىز بىيۆ نىلۇپەر يوپۇرمىقى شەكلىدىكى بىر زۇمرەت تەشتەكنى ئېلىپ كەلدى. بۇ تەشتەكتە شېخى بىلەن ئۈزۈلگەن ھەر خىل جۈخار گۈللىرى چىلاقلىق ئىدى، جيا ئانا قىپقىزىلىدىن بىر تالنى تاللاپ چېكىسىگە قىسىۋالدى، ئاندىن ليۇ مومايغا قايرىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرگە كەل، سەنمۇ گۈل قىسقىن، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەستىنلا فېڭجيې ليۇ مومايىنى تارتىپ ئەكېلىپ:

— سىزنى مەن ياساپ قوياي، — دېدى كۈلۈپ. ئاندىن تەشتەكتىكى گۈلنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈۋېلىپ مومايىنىڭ بېشىغا كەلسە ـ كەلمەس قىستۇرىۋەردى. بۇنىڭدىن جيا ئانا ۋە قالغانلارنىڭ ھەممىسى قەۋەتلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ليۇ مومايىنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈپ:

— مېنىڭ بۇ بېشىمغا قانداق بەخت قۇشى قوندىكىن، بۈگۈن شۇنچىۋالا ئابرۇيلۇق بولۇپ كەتتىمغۇ ! — دېدى.

— سىزمۇ گۈللەرنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتسىڭىز بولمامدۇ، — دېيىشتى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ، — سىزنى ياساپ، خۇددى قېرى ئالۋاستى قىلىپ قويدىغۇ ئۇ !

— ھازىر قېرىپ قالدىم، ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ بىر سەتەڭ ئىدىم، — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — گۈل، ئۇپا ـ ئەڭلىكنى ياخشى كۆرەتتىم. بوپتۇ، بۈگۈن قېرى سەتەڭ بولسامىمۇ بولايلا !

شۇ گەپ ئارىلىقىدا، ئۇلار ئەترەپشان شىپاڭغا كېلىپ قالدى. دېدەكلەر كىمخاب كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ

شادلىق بەندىگگە سالدى. جيا ئانا يۈلەنچۈككە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ليۇ مومايىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى:

— بۇ باغ ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مومايدىن.

ليۇ موماي، ياپىرىم، دەۋېتىپ:

— بىز سەھرالىقلارمۇ يىل ئاخىرىدا شەھەردىن رەسىم سېتىۋېلىپ تامغا چاپلايمىز، بىكار قالغان چاغلىرىمىزدا «مۇشۇ رەسىمدىكى باغقا بېرىپ تاماشا قىلساق بولماسمىدى!» دېيىشىپ كېتىمىز. رەسىمدىكىنى ئويلىغىنىمىز بىلەنمۇ ئۇ يالغان نېمىغۇ، نەدە يۈرۈپ مۇنداق راست بولغان جايلارنى كۆرەتتۇق؟ بۈگۈن بۇ باغقا كىرىپ قارىغۇدەك بولسام، بۇ باغ رەسىمدىكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئىكەن! بىركىم مۇشۇ باغنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى سىزىپ بەرگەن بولسا، ئالغاچ كېتىپ ئۆيدىكىلەرگە كۆرسەتكەن بولسام، مەن ئۆلگەندىمۇ بۇ ياخشىلىقىمنى ئەسلىگەن بولاتتى ئۇلار!

جيا ئانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بارمىقى بىلەن شىچۈننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ مۇنۇ نەۋرەمنى كۆر، ئۇ رەسىم سىزالايدۇ، ئەتە بىر پارچە سىزدۇرۇپ بەرسەم قانداق؟ — دېدى كۈلۈپ.

ليۇ موماي خۇشاللىقىدا شىچۈننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قولىدىن تۇتۇپ:

— خېنىم بالام! ياشلىرىمۇ تېخى كىچىك ئىكەن، يەنە كېلىپ شۇنداق ساھىبجامال بالا ئىكەنلا، تېخى رەسىم سىزىشىمۇ قوللىرىدىن كېلىدىكەن، دۇنياغا تۆرەلگەن پەرىزات ئوخشىمامىلا؟ — دېدى.

جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئۇلار بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، باغنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ليۇ مومايىنى باشلاپ مېڭىشتى. ئاۋۋال بامبۇكزار سارايغا كېلىشتى، دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەنلا، ئىككى قاسىنىقىدا قاتار زۇمرەت بامبۇك ئۆسكەن يول كۆزلىرىگە چېلىقتى. بۇ يول ئىككى چېتىنى يېشىل

چىملىق قاپلىغان، ئوتتۇرىسىغا شېغىل يېيىتىلغان ئۇزۇن كۆتۈرمە يول ئىدى. لىيۇ موماي جيا ئانا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا يول بېرىپ، ئۆزى پەستە ماڭدى.

— موما، يول بىلەن مېڭىڭ، — دېدى خۇپو ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — چىمدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىسىز.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى لىيۇ موماي، — بىز مېڭىۋېرىپ پىششىپ كەتكەن، خان قىزلىرىم، قاراپ مېڭىشسىلا، پۇتلىرىدىكى خەيلەر لاي بولۇپ كەتمىسۇن.

ئۇ يۇقىرىغا قاراپ پاراڭ بىلەن بولۇپ قالغاچقا، بىخەستەلىكتە تېيىلىپ كېتىپ، «پالاققىدە» يىقىلىپ چۈشتى، ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— جۇۋاينىمەكلەر! — دەپ كايىدى جيا ئانا كۈلۈپ، — يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويماي، كۈلۈپ قاراپ تۇرىسىلەرغۇ!

موماي گەپ ئارىلىقىدا ئۆزى ئۆمىلەپ قوپتى، ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىپ:

— ھېلىلا ماختىنىۋىدىم، ئاغزىم تۇۋاقلاندى! — دېدى.

— بېلىڭ تولغىنىپ كەتمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا، — قىزلار بېلىڭىنى ئۇۋۇلاپ قويسۇن.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، مەن شۇنچىلىك نازۇكمىدىم؟ — دېدى لىيۇ موماي، — بىر - ئىككى قېتىم يىقىلمايدىغان كۈنۈم يوق تۇرسا، ھەر قېتىمدا ئۇۋۇلاۋەرگىلى بولامدىغان!

زىجۈەن بامبۇك پەردىنى قايرىپ تۇراتتى، جيا ئانا ۋە باشقىلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، دەييۈي ئۆز قولى بىلەن خونچىلاپ بىر پىيالە ئاغزى يېپىق چاي ئەكېلىپ جيا ئانىغا تۇتتى.

— بىز چاي ئىچمەيمىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — قىزىم، چاي ئەكەلمە.

دەييۈي ئادەتتە ئۆزى ئولتۇرىدىغان دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقنى چۆرە قىزغا ئەكەلدۈرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى

ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لىيۇ موماي دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى شىرەدە تۇرغان دۇۋەت ـ قەلەمنى، جاۋەندىكى لىق كىتابنى كۆرۈپ:

— بۇ ئەتىمالىم بىرەر غوجامنىڭ كۇتۇپخانىسى ئوخشايدۇ ! — دەپ سورىدى.

جيا ئانا كۈلۈپ:

— مۇنۇ قىز نەۋرەمنىڭ ھۇجرىسى، — دېدى دەييۈيىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

لىيۇ موماي دەييۈيگە باشتىن ـ ئاياغقا سەپسېلىپ:

— بۇ ئۆي قانداقمۇ خان قىزنىڭ ھۇجرىسىغا ئوخشىسۇن؟ ئالىي دەرىجىلىك كۇتۇپخانىدىنمۇ ياخشى ئىكەن ! — دېدى كۈلۈپ.

— باۋيۈي كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— كۆلدە قېيىقتا ئۇزۇپ يۈرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى دېدەكلەر.

— قېيىقنى كىم تەييارلاتقۇزغانىدى؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— بايا بالىخانىدىن ئەپچۈشكەن، ئۆزلىرىنى كۆڭلى تارتىپ قالارمىكىن دەپ تەييارلىتىپ قويغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى لى ۋەن.

جيا ئانا بۇ گەپ بىلەن ئەمدىلا بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، بىرسى كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— شۆ ئاغىچا خېنىم كەلدى !

جيا ئانا ۋە باشقىلار ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىغا، شۆ هاما كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرۇۋېتىپ كۈلۈمسىرەپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۈگۈن كەيپلىرى ياخشى ئىكەن، بالدۇرلا كېلىپلا، — دېدى.

— بايا مەن كېچىككەنلەرگە جەرىمانە قويىمىز دېگەنىدىم، ئويلىمىغاندا، مانا ئۆزلىرى كېچىكىپ كەلدىلە، — دېدى جيا ئانا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۇلۇپ، ئاندىن بىردەم چاقچاقلاشتى.

جىيا ئانا دېرىزىدىكى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن شايىغا كۆزى چۈشۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— بۇ شايى يېڭى چاپلانغان چاغدا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، كېيىن بارا ـ بارا ئۆڭۈپ كېتىدىكەن. بۇ ھويلىدا شاپتۇل ـ ئۆرۈك دەرەخلىرىمۇ يوق. بامبۇكلار ياپيېشىل تۇرسا، دېرىزىگە يېشىل شايى يەملەنسە ئاچمايدۇ. بىز بالدۇر دېرىزىگە چاپلايدىغان تۆت ـ بەش خىل رەڭدىكى شايىلار بارلىقى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئەتە ئۇنىڭغا بېرەيلى، دېرىزىدىكىسىنى يەڭگۈشلىۋالسۇن، — دېدى.

— تۇنۇگۈن مەن ئامبارنى ئاچقاندا، چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تومۇزغا قانىتىدەك ئاچ قىزىل شايىدىن بىرنەچچە توپىنى كۆرگەنىدىم، — دېدى فېڭجيې، — ھەرخىل شاخ ـ شاخ گۈللۈكلىرىمۇ، «بۇلۇت ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شەپەرەڭ» گۈللۈكىمۇ، چېچەكلەر ئارىسىدىكى كېپىنەك گۈللۈكىمۇ بار ئىكەن. رەڭگىمۇ ئوچۇق، ناھايىتى نېپىز ـ سىپتا ئىكەن. بۇنداقلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ئىككى توپىنى ئېلىپ، ئىككى كارىۋاتلىق يىپەك كۆرپە قىلسا تازا ياخشى بولىدىكەن.

— تۇفى! — دېدى جىيا ئانا كۇلۇپ، — كىشىلەر سېنى بىشىدىن كەچۈرمىگىنى، كۆرمىگىنى يوق دېيىشىۋاتاتتى، ھەتتا ئاشۇ شايىنىمۇ پەرق ئېتەلمەي تۇرۇپ، يەنە شۇ نەرسىلەردىن گەپ قىلىۋاتىسىنا!

— ئۇ ھەرقانچە كۆرگەن ـ كەچۈرگىنى كۆپ بولغان بىلەنمۇ ئۆزلىرىگە قانداق يېتەلىسۇن! — دېدى شۆ خاما كۇلۇپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا دەپ بەرسىلە، بىزمۇ ئاڭلايلى.

— جېنىم خان ئانا، ئۇنى ماڭا دەپ بەرسىلىچۇ، — دېدى فېڭجيې كۇلۇپ.

جىيا ئانا شۆ خاما بىلەن بۇ يەردىكىلەرگە قاراپ:

— بۇ شايىلارنىڭ يېشى سىلەرنىڭ يېشىڭلاردىنمۇ چوڭ!

ئۇنى تومۇزغا قانىتىدەك شايى دېدى، دەپ ئەيىب ئەتكىلى بولمايدۇ، دېمىسىمۇ ئۇ تومۇزغا قانىتىغا بىر ئاز ئوخشاپ كېتىدۇ. بىلمىگەنلەر ئۇنى تومۇزغا قانىتى شايى دەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىي نامى «توْتوْن شايى».

— بۇمۇ چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، — دېدى فېڭجيې، — مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە شايى - ھىلھىلىلەرنىڭ بىر قانچە يۈز خىلىنى كۆرگەن بولسامۇ، مۇنداق نامدىكىسىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇلارنى كۆرگۈدەك قانچە ياشقا كىرگەنىدىڭ سەن؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — شايىلارنىڭ قانچە خىلىنى كۆرگەنسەن؟ تېخى ماختىنىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ. توْتوْن شايى پەقەت تۆت خىل رەڭدىلا بولىدۇ: بىر خىلى يامغۇردىن كېيىنكى ئوچۇق ئاسماندەك زەڭگەر رەڭ، يەنە بىر خىلى زەپىران، يەنە بىر خىلى يېشىل ئارچا رەڭ، تۆتىنچى بىر خىلى ئاچ قىزىل رەڭ، ئۇنىڭدىن پەردە قىلىنسا ياكى دېرىزىگە چاپلانسا، يىراقتىن توْتوْن ياكى توْمانغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «توْتوْن شايى» دېيىلىدۇ. ئاق قىزىلى بولسا، «شەپەق شايى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر ئوردىدا ئىشلىتىلىۋاتقان خانلىق شايىلارمۇ ئۇنچىلىك سىپتا ۋە پىششىق ئەمەس.

— فېڭجيې قىزنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مەنمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى شۆ خامما كۈلۈپ.

فېڭجيې پاراڭ ئەسناسىدا ھېلىقى رەختتىن بىر توپىنى ئەكەلدۈردى.

— مەن دېگەن رەخت مانا مۇشۇ! — دېدى جيا ئانا، — ئىلگىرى بۇ رەختتىن دېرىزە يەملەيتتۇق. كېيىنرەك تۆشەك ياپقۇچ، پەردە قىلىپ كۆرسەك، بۇمۇ ياخشى بولىدىكەن، ئەتە بىر نەچچە توپنى تېپىپ چىقىپ، ئاچ قىزىل رەڭدىكىسىدىن ئۇنىڭ دېرىزىسىنى چاپلاپ بېرىڭلار.

فېڭجيې ماقۇللۇق بىلدۈردى. ھەممەيلەن بۇ رەختنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

ماختىنىشىپلا كەتتى. ليۇ مومايمۇ سىنچىلاپ قاراپ، ئاغزىدىن سۇبهانالللانى چۇشۇرمەي:

— بىز بۇ رەختتىن كىيىم تىكتۇرۇشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۇرەلمەيدىغان يەردە، دېرىزىگە چاپلانسا زايە كەتمەمدۇ؟ — دېدى.

— كىيىم تىكتۇرسە ياراشمايدۇ، — دېدى جيا ئانا.

فېڭجيې دەرهال ئۇچىسىدىكى توق قىزىل تاۋار چاپىنىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ كۆرسىتىپ، جيا ئانا بىلەن شۆ هامىمغا:

— مېنىڭ مۇنۇ چاپىنىمنى كۆرۈپ بېقىشسىلا، — دېدى.

— بۇمۇ ناهايىتى ئېسىل ئىكەن، — دېيىشتى جيا ئانا بىلەن شۆ هاما تەڭلا، — بۇ رەخت هازىر ئوردىغا خاس خانلىق كارخانىدا توقۇلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

— بۇ نېپىز رەختنى ئوردىغا خاس خانلىق كارخانىدا توقۇلىدۇ دېگەن بىلەن، هەتتا ئادەتتىكى ئەمەلدارلار ئىشلىتىدىغانلىرىغىمۇ يەتمەيدىكەن، — دېدى فېڭجيې.

— قايتا ئىزدەپ باق، بۇنىڭدىن يەنە بولۇشى مۇمكىن، — دېدى جيا ئانا، — بولسا هەممىنى ئاچىقىن، ليۇ تۇغقىنىمىزغا ئىككى توپ بەرگىن. زەڭگەر رەڭدىكىسىدىن بولسا، مەن چىمىلدىق قىلىپ تارتىۋالاي. ئاشقىنىنى ئەستەرلىك جىلىتكە تىكتۇرۇپ چۆرە قىزلارغا بەر، كىيىشسۇن، بىكار توپا بېسىپ ياتسا چىرىپ تۈگەيدۇ.

فېڭجيې دەرهال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، خىزمەتكارلارنى ئۇ رەختلەرنى ئاچىقىپ تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— بۇ ئۆي تارچىلىق ئىكەن، باشقا جايلارنىمۇ چۆرگۈلەپ باقايلى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— كىشىلەر: «چوڭ ئادەملەر چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىدۇ» دېيىشەتتى، — دەپ گەپ باشلاپ قالدى ليۇ موماي كۈلۈمسىرەپ، — تۇنۇگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ ئۆيىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆيدىكى چوڭ ساندۇق، چوڭ جاۋەنلەر، چوڭ شىرە، چوڭ

كارىۋاتلار ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ئىكەن. بىر جاۋەننىڭ ئۆزى بىزنىڭ بىر ئېغىز ئۆيدىن چوڭ ھەم ئېگىزمۇ نېمە. قارىسام، ئارقا ھويلىدا بىر شوتا تۇرۇپتۇ، ئۆگزىگە كىر يايغىلى چىقمىسا، بۇ شوتىنى نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم. كېيىن ئويلىسام، جاۋەننىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىدىن نەرسە ئېلىش ئۇچۇن ياسىتىلغان ئوخشايدۇ. دەرۋەقە، شوتا بولمىسا جاۋەنگە قانداق چىققىلى بولسۇن؟ بۇگۇن يەنە بۇ كىچىك ئۆينى كۆرسەم، چوڭ ئۆيگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەپچىل، سەرەمجان ئىكەن. ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىرايلىق، بىراق بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ نەرسىلەرگە قارىغانسېرى بۇ يەردىن كەتكۇم كەلمەي قېلىۋاتىدۇ!

— بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق جايلار بار، مەن سىزنى باشلاپ يۇرۇپ ھەممىسىنى كۆرسىتىمەن، — دېدى فېڭجيې.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار بامبۇكزار سارايدىن چىقىشتى. كۆلدە بىر توپ كىشىلەرنىڭ قېيىق ھەيدەپ يۇرۇۋاتقانلىقى يىراقتىن كۆرۇنۇپ تۇراتتى.

— ئۇلار قېيىق تەييارلاپ قويغاندىن كېيىن، بىزمۇ بىردەم قېيىقتا تاماشا قىلايلى، — دېدى جيا ئانا.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار سۇ ياقىسىدىكى ئارىلى بىلەن چاكاندىزار تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى. ئۇلار كۆلگە يېتىپ بارماستىنلا، بىرقانچە خىزمەتكار ئايال نەقىشلىرىگە ئالتۇن قويۇلغان رەڭگارەڭ گۇللۇك تاماق قۇتىلىرىنى كۆتۇرۇپ كېلىشتى. فېڭجيې دەرھال ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىدى:

— ناشتىلىق داستىخاننى نەگە تەييارلىساق بولاركىن؟

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ باق، قەيەرگە بۇيرۇسا، داستىخاننى شۇ يەرگە سالايلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جيا ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قايرىلىپ:

— ئۇچىنچى سىڭلىڭنىڭ ئۆيى تۇزۇكرەك، خىزمەتكارلارنى باشلاپ بېرىپ داستىخاننى شۇ يەرگە راسلاتقىن، بىز بۇ يەردىن

www.uyghurkitap.com

قېيىققا چۈشۈپ بارىمىز، ـــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن فېڭجىيې ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، لى ۋەن، تەنچۈن، يۈەنياڭ، خۇپولار بىلەن تاماق كۆتۈرگەن ئاياللارنى «كۆز نەسىمى» قىرائەتخانىسىغا يېقىن يول بىلەن باشلاپ كەلدى. داستىخان روشەن زۇمرەتخانىغا راسلاندى.

ـــ بىز ھەر كۈنى تاشقىرىدىكى بەگ ـ غوجاملارنى ھاراق ـ شاراب ئىچىپ، زىياپەت يەپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ، دەپ ئۇلاردىن كۈلۈپ يۈرەتتۇق، ـــ دېدى يۈەنياڭ، ـــ بۈگۈن مانا بىزنىڭكىگىمۇ بىر ئايال مېھمان بولۇپ كەلدى.

لى ۋەن كۆڭلى تۈز ئايال بولغاچقا، يۈەنياڭنىڭ نېمىگە كىنايە قىلىپ ئېيتقانلىقىنى ئۇقمىدى. ئەمما، فېڭجىيې بۇ گەپنىڭ ليۇ مومايغا قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ـ دە:

ـــ بۈگۈن بىز ئۇنى بىر كۈلكىگە قويايلى، ـــ دەپ كۈلدى ۋە ئىككىسى شۇنداق مەسلىھەتلىشىۋالدى.

ـــ سىلەردىنىزە، زادىلا ياخشى ئىش چىقمايدىكەن ! ـــ دېدى لى ۋەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ـــ سىلەر كىچىك بالا بولمىساڭلار يەنە شۇنداق شوخلۇق قىلىدىكەنسىلەر، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كايىشىدىن پەخەس بولۇڭلار جۇمۇ !

ـــ خېنىم، ئۆزلىرىنى بۇنىڭغا زادىلا چېتىۋالمايمىز، مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، ـــ دېدى يۈەنياڭ كۈلۈپ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا جيا ئانا ۋە باشقىلار يېتىپ كېلىشتى. ھەركىم ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئورۇندا ئولتۇرۇشتى. دېدەك بىر ـ بىرلەپ چاي سۇندى، چايدىن كېيىن فېڭجىيې قولىدىكى پەرەڭ ياغلىقىغا ئورالغان ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسىلىپ ئۈچى كۈمۈشتە قاپلىنىپ، بېشىغا ۋە بېلىگە نەقىش چىقىرىلغان بىر باغلام چوكىنى داستىخانغا بىر جۈپتىن تىزىپ قويدى.

ـــ كىنان ياغىچىدىن ياسالغان ئاۋۇ شىرەنى ئەكېلىڭلار، ليۇ تۇغقىنىمىز مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرسۇن، ـــ دېدى جيا ئانا.

خىزمەتكارلار دەرھال شىرەنى ئەكېلىشتى. فېڭجيې يۈەنياڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇۋىدى، يۈەنياڭ دەرھال ليۇ موماينى تالاغا ئاچىقىپ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى ۋە:

— بىزنىڭ ئائىلىنىڭ قائىدىسى شۇنداق، مۇبادا خاتا ئىش قىلىپ قويسىڭىز زاڭلىق قىلىمىز جۇمۇ.

ئۇ شۇنداق تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ھامما ناشتا قىلىپ كەلگەنىدى، شۇڭا بىر نەرسە يېمەي بىر چەتتە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. باۋيۈي، شياڭيۈن، دەييۈي ۋە باۋچەيلەر جيا ئانا بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇشتى. يىڭچۇن قاتارلىق ئۈچ ھەمشىرە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىر شىرەدە، ليۇ موماي جيا ئانىنىڭ يېنىدىكى ئايرىم بىر شىرەدە ئولتۇردى. جيا ئانا ئادەتتە تاماق يېگەندە، دېدەك قىزلار بىر چەتتە چىلاپچا، چىۋىن قورۇغۇچ، لۆڭگە تۇتۇشۇپ تۇراتتى، بۇنداق ئىشلارنى قىلىش ھازىر يۈەنياڭنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇگۈن ئۇ ئەتەي قولىغا چىۋىن قورۇغۇچنى ئېلىۋالدى، دېدەكلەر ئۇنىڭ ليۇ موماينى ئوينىتماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى، يۈەنياڭ جيا ئانىنى كۈتكەن بولۇپ، ليۇ مومايغا كۆز ئىشارىتى قىلغانىدى، ليۇ موماي بۇنى چۈشىنىپ:

— خېنىم، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى.

ئاندىن ليۇ موماي جايىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، چوكىنى ئالغانىدى، چوكا ئېغىر بولغاچقا قولىغا ھېچ ئەپلىشىپ بەرمىدى. ئەسلىدە فېڭجيې بىلەن يۈەنياڭ مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تۆت قىرلىق كونا دەندان چوكىنى ئەتەي ليۇ مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغانىدى.

— مۇنۇ ئارىنىڭ سېپى بىزنىڭ يېزىدىكى كۈرەكتىنمۇ ئېغىر ئىكەن، — دېدى ليۇ موماي، — ئۇنى مەن قانداق تۇتالايمەن؟

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىر

ئايال بىر تاماقداننى كۆتۈرۈپ كېلىپ شۇ يەردە تۇرغانىدى، بىر دېدەك ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئىچىدە ئىككى قاچا سەي بار ئىكەن، لى ۋەن بىر قاچىسىنى ئېلىپ جيا ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى، فېڭجيې ئەتەي كەپتەر تۇخۇمى سېلىنغان قاچىنى ئېلىپ ليۇ موماينىڭ ئالدىغا قويدى.

جيا ئانا يېنىدا تۇرۇپ «قېنى باقايلى» دەپ تەكلىپ قىلغانىدى، ليۇ موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ:

— هاي ليۇ موماي، ليۇ قېرى، ئىنەكچە ئىشتەي بار سەندە، يەپ قويىسەن مېكىجىننىمۇ باش كۆتۈرمەي بىردەمدە! — دېدى-دە، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە زۇۋان سۈرمەي شۈك تۇردى. باشتا كىشىلەر بۇنىڭدىن هەيران بولۇشتى، كېيىن ئويلىنىپ بېقىپ، ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شياڭيۈن كۈلكىسىنى توختىتالماي، ئاغزىدىكى چاينى پۈركۈۋەتتى، دەييۈي كۈلگىنىدىن بىقىنىغا يەل تۇرۇپ قېلىپ ئېڭىشكىنىچە «ۋايجان» دەۋەتتى. باۋيۈي جيا ئانىنىڭ قۇچىقىغا دومىلاپ كەتتى، جيا ئانىمۇ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە «جىگىرىم» لا دېيەلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ فېڭجيېنى قولى بىلەن كۆرسەتكىنىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي كۈلۈۋەردى. شۆ هامىممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاغزىدىكى چاينى تەنچۈننىڭ ئېتىكىگە پۈركۈپ تاشلىدى. تەنچۈننىڭ قولىدىكى پىيالە يىڭچۈننىڭ ئۈچىسىغا تېگىپ كەتتى. شىچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئېمىكئانىسىنى تارتىپ «ۋاي، ئۈچىيىم ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. تۆۋەندىكى خىزمەتكارلار ئىچىدە كۈلكىدىن مۈكچەيمىگەن بىرسىمۇ قالمىدى، بەزىلىرى ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ زوڭزايغىنىچە كۈلۈشەتتى، بەزىلىرى كۈلكىسىگە هاي بېرىپ، ئۆزى كۈتىدىغان هەمشىرىلەرنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىشىۋاتاتتى. پەقەت فېڭجيې بىلەن يۈەنياڭ ئىككىسىلا ئۆزلىرىنى سالماق تۇتۇشۇپ، ليۇ مومايغا هە، هە دەپ

بېرىشىۋاتاتتى.

ليۇ موماي چوكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، چوكا ئۇنىڭغا بوي بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە:

— بۇ يەرنىڭ توخۇسىمۇ ئېسىل ئىكەن، تۇخۇمىنىمۇ شۇنداق ئەپچىل ئۈگىلەك تۇغىدىكەن، مەنمۇ بىرنى تېتىپ باقايلا! — دېدى.

كۆپچىلىك ئەمدىلا كۈلكىدىن توختاپ تۇرۇشىغا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە كۈلۈشتى. جيا ئانا كۈلىۋېرىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى، كۈلكىدىن ئۆزىنى زادىلا توختىتالمىدى. خۇپو جيا ئانىنىڭ دۈمبىسىگە پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ تۇراتتى.

— بۇ چوقۇم جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان فېڭجيې قىزنىڭ تاپقان ئويۇنى! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — بولدى، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگىن.

ليۇ موماي تۇخۇمنى چاققان، ئەپچىل ئىكەن دەپ ماختاپ تۇرۇشىغا، فېڭجيې كۈلۈپ:

— بۇ تۇخۇمنىڭ بىر دانىسى بىر سەر كۈمۈشكە كېلىدۇ! قېنى تېزرەك تېتىپ بېقىڭ، سوۋۇپ قالسا تەمى كېتىپ قالىدۇ، — دەپ ئالدىراتتى.

ليۇ موماي چوكا بىلەن قىسىپ ئالماقچى بولۇۋىدى، يەنە ئالالمىدى، ئۇ چىنىنى قوچۇپ تۇرۇپ ناھايىتى تەستە بىرنى قىستى ـ دە، بوينىنى سوزۇپ ئاغزىغا سالاي دېگۈچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال چوكىنى قويۇپ، ئېڭىشىپ تۇخۇمنى قولى بىلەن يەردىن ئالماقچى بولۇۋىدى، تۆۋەندىكى خىزمەتكارلاردىن بىرسى تۇخۇمنى ئاللىقاچان ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ۋاي ئىسىت! — دېدى ليۇ موماي بىر ئۇھ تارتىپ، — بىر سەر كۈمۈش جىرىڭلاپمۇ قويماي كۆزدىن غايىب بولدى!

ھەممەيلەن مومايغا قاراپ كۈلۈشكىنىچە، تاماق يېگۈسى كەلمەي قالدى.

— مېھمان چاقىرىپ چوڭ زىياپەت قىلمىغان تۇرساق، بۇ چوكىنى مۇشۇنداق چاغدا كىم ئاچىققان بولغىيدى؟ — دېدى جىيا ئانا ئاخىر، — بۇنىڭ ھەممىسى فېڭجيې قىزنىڭ ئىشى! يەنە ئالماشتۇرۇۋەتمەي تۇرسىلەرغۇ!

بۇ دەندان چوكىنى ئەسلىدە خىزمەتكارلار تىزمىغان، فېڭجيې بىلەن يۇەنياڭ ئەكەلدۇرگەنىدى. جىيا ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇ چوكىنى ئېلىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاش ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسىلىپ، ئۇستىگە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بىر جۈپ چوكىنى قويىدى.

— ئالتۇن چوكىنى ئېلىۋېتىپ، كۈمۈش چوكىنى قويغان بىلەنمۇ، بىزدەك كىشىلەرنىڭ قول بىلەن تۇتۇپ يېگىنىمىزگە يەتمەيدىكەن، — دېدى لىيۇ موماي.

— سەينىڭ ئىچىدە زەھەر بولۇپ قالسا، كۈمۈش چوكا بىلەن بىلىنىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى فېڭجيې.

— بۇ سەيلەردە زەھەر بولىدىغان بولسا، بىز يەۋاتقان تاماقنىڭ ھەممىسىنى مەرگىمۇش دېسە بولغۇدەك! — دېدى لىيۇ موماي — زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قالسامۇ مەيلى، ھەممىسىنى يەۋېتەيلا.

جىيا ئانا لىيۇ مومايىنىڭ تاماقنى شۇنچىلىك ئىشتىھا بىلەن ھۇزۇر قىلىپ يەۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سەينىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. ئاندىن خىزمەتكار مومايىنى چاقىرىپ، بەنئېرنىڭ قاچىسىغىمۇ ھەر خىل سەيلەردىن ئۇستۇرۇپ بەردى.

غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن، جىيا ئانا بىلەن قالغانلار تەنچۇننىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ پاراڭلاشقىلى مېڭىشتى. بۇ يەردە قالغان - قاتقان غىزا يىغىشتۇرۇلۇپ، باشقا بىر شىرە قويۇلدى. لىيۇ موماي لى ۋەن بىلەن فېڭجيېنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جوزىدا ئولتۇرۇپ غىزا يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— باشقىسىنى قويۇپ، مەن ھەربىرلىرىنىڭ مۇشۇ

ئىشلىرىنىلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم! «ئەدەپ ـ قائىدە چوڭ ئائىلىلەردىن چىقىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، — دېدى.

— سىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بايا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى ئېچىلسۇن دەپلا شۇنداق قىلغانىدۇق.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، يۈەنياڭ كىرىپ:

— موما، خاپا بولماڭ، مەن سىز ئانىكامغا ناماقۇل بولاي، — دېدى كۈلۈپ.

— خېنىم، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — بىز قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان تۇرساق، نېمىدىن خاپا بولاتتىم! سىلەر ماڭا تاپىلىغان چاغدىلا ھەممىنى ئۇققانىدىم، شۇڭا ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈشكە تىرىشتىم. ئەگەر ئاچچىقىم كەلگەن بولسا گەپ قىلماي ئولتۇرغان بولاتتىم شۇ.

يۈەنياڭ خىزمەتكارلارغا كايىدى:

— نېمىشقا مومايغا چاي ئەكەلمەيسىلەر!

— بايا مۇنۇ يەڭگەم چاي قۇيۇپ بەرگەن، ئىچىپ بولدۇم، — دېدى ليۇ موماي دەرھاللا، — خېنىم، ئۆزلىرىمۇ تاماققا باقسىلا.

فېڭجيې يۈەنياڭنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— كەل، بىز بىلەن بىللە تاماق يەۋال، كېيىن يەنە قېيداپ يۈرمىگىن، — دېدى.

يۈەنياڭ داستىخانغا ئولتۇردى، خىزمەتكار ئاياللار يەنە چىنە ـ چوكا قويدى. بۇ ئۇچەيلەنمۇ غىزالىنىپ بولدى.

— قارىسام، ھەربىرلىرى تاماقنى ئازراقلا يەپ بولدى قىلىشىدىكەنلا، تۇۋا، قورساقلىرىمۇ ئاچمامدىغاندۇ! شامال ئۇچۇرتۇپ كەتمىگىنىگە ھەيرانمەن!

— بۈگۈن تاماق جىق ئېشىپ قالدى، خىزمەتكارلار نەگە كېتىشكەندۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەنياڭ.

— ھېچكىم كەتكىنى يوق، ئۇلار قالغان تاماقنى تارقىتىپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خىزمەتكار

ئايالار.

— ئۇلار مۇنچىلىك تاماقنى يەپ كېتەلەمدۇ، — دېدى يۈەنياڭ، — كېلىن ئاغىچىنىڭ ئۆيىدىكى پېڭئېرگە ئىككى چىنە تاماق ئاپىرىپ بېرىڭلار.

— ئۇ ئاللىقاچان تاماق يەپ بولدى، تاماق ئاپىرىشنىڭ هاجىتى يوق، — دېدى فېڭجىيې.

— يەپ بولالمىسا مۈشۈكلىرى يېسۇن، — دېدى يۈەنياڭ.

بىر ئايال دەرهال ئىككى خىل سەينى تاماقدانغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

— سۈيۈن نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى يۈەنياڭ.

— ئۇلارمۇ شۇ يەردە بىللە تاماق يەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى لى ۋەن، — ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدى يۈەنياڭ.

— شىرەن بۇ يەردە يوق، — دېدى فېڭجىيې، — شۇڭلاشقا ئىككى خىل سەي ئەۋەتكۈزۈپ بەرسەڭ بولاتتى.

يۈەنياڭ شۇ ئاندىلا تاماق ئاپىرىشقا كىشى بۇيرۇدى، ئاندىن خىزمەتكار ئاياللاردىن:

— قايتىپ كەلگەندە شاراب ئىچىش ئۈچۈن كېرەكلىك كۆك - كېزەكنى تاماقدانغا قاچىلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىردەمدىن كېيىن تەييار بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى بىر ئايال.

— ئالدىرىتىپ قويۇڭلار، — دېدى يۈەنياڭ.

ئاياللار خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

فېڭجىيېلەر تەنچۇننىڭ ئۆيىگە كېلىشىدى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئانىلىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. تەنچۇن ئادەتتە كەڭتاشا، ئازادىلىكنى ياخشى كۆرگەچكە، بۇ ئۈچ ئېغىز ئۆي بۆلۈۋېتىلمەي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان ئامۇت گۈللۈك مەرمەر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە مەشهۇر خەتتاتلارنىڭ هۆسنىخەتلىرى، نەچچە ئونلىغان ئېسىل سىياهدانلار، هەر خىل

قەلەمدانلار تىزىلغانىدى. قەلەمدانلارغا سانجىلغان قەلەملەر خۇددى ئورماندەك كۆرۈنەتتى، بىر چەتتە، رۇجۇدا ئىشلەنگەن ۋە ھەممە يېنى تۆشۈكلۈك ناھايىتى چوڭ جانان لوڭقىغا بىللۇر توپچىدەك ئاق جۇخار گۈلى لىقمۇلىق قىستۇرۇلغانىدى. غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا مى شياڭياڭنىڭ «تۇتەكلىك يامغۇر» ناملىق رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. رەسىمنىڭ ئوڭ - سولىغا يەن لۇگۇڭنىڭ ئۆز① قەلىمى بىلەن يېزىلغان مۇنۇ بېيىتى ئېسىلغانىدى:

بۇغ - شەپەق يايدى قۇچاق ئۆز مەيلىچە تارام - تارام،
تاغ - بۇلاق بەرگەي ئۆمۈرگە دالىدەك ھۇزۇر ئارام.

شىرەگە يوغان بىر داڭقان قويۇلغان، چەپ تەرەپتىكى سۆسۈن سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان جاۋەندە داگۈەن خۇمدىنىدا ئىشلەنگەن يوغان تاۋاق بولۇپ، تاۋاقتا سارغىيىپ پىشقان بىرقانچە ئون دانە چىرايلىق بەرغەمۇت تىزىلغان؛ ئوڭ تەرەپتىكى پەرەڭ سىرى بىلەن سىرلانغان جاۋەنگە ئاق قاشتاشتىن ياسالغان بېلىق شەكلىدىكى بىر قىرپاچ جاڭ ئېسىپ قويۇلغان ۋە بۇنىڭ يېنىغا چالىدىغان چوكىسى ئېسىقلىق ئىدى.

بەنئېر ئەمدى بۇ يەرگە خېلىلا كۆنۈپ قالغاچقا، ھېلىقى جاڭنى چالىمەن دەپ چوكىسىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، دېدەكلەر يول قويمىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بەرغەمۇتقا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى يېگۈسى كېلىپ كەتتى. تەنچۈن ئۇنىڭغا بىر تالنى ئېلىپ بېرىپ:

— مە، ئوينا، بۇنى يېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ، — دېدى.

① مى شياڭيىڭ — سۇڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام مى فۇ، ئۇ شياڭياڭلىق بولغاچقا، مى شياڭياڭ دەپ ئاتالغان؛ يەن لۇگۇڭ — تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر خەتتات يەن جېنچىڭ، لۇ ئەمىرى دەپ ئۇنۋان بېرىلگەچكە، «يەن لۇگۇڭ» دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ يادنامىلىرى ئىنتايىن قەدىرلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۆيىنى زىننەتلەشتە دۆلەتمەنلىكنى شۇلار بىلەن ئىپادىلىشەتتى.

www.uyghurkitap.com

شەرق تەرەپتە ئېگىز بىر كارىۋات بولۇپ، ئالدىغا پىياز كۆكى شايىغا جۇپ ـ جۇپ غۇنچىلار كەشتىلەنگەن چىملدىق تۇتۇلغانىدى، بەنئېر چىملدىقنىڭ قېشىغا يۇگۇرۇپ كېلىپ:

— ماۋۇ كەركى، ئاۋۇ چېكەتكە، — دەپ جاۋىلداشقا باشلىدى.

لىيۇ موماي ئۇنىڭ يۈزىگە تارسلا قىلىپ بىر تەستەك سالدى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— ھەي پەسەندە شۇم، تەپ تارتماي غەلۋە قىلغىلى تۇردۇڭغۇ ! سېنى بۇ يەرنى كۆرسۇن دەپ كىرگۈزۇپ قويسا، بەتقىلىقلىق قىلىۋاتىسنا !

بەنئېر يىغلاشقا باشلىۋىدى، باشقىلار دەرھال ئۇنى بەزلەپ، يىغىسىنى پەس قىلدى.

جيا ئانا شايى كۆزنەكلىك دېرىزىدىن ھويلىغا بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ:

— ئارقا پېشايۋان تۈۋىدىكى چىنار ئەي بوپتۇ، ئەمما ئىنچىكىرەك ئىكەن، — دېدى.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، داپ ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— كىمنىڭكىدە توي بولدىكىنە؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا، — بۇ يەر كوچىغا بەك يېقىن ئىكەن.

— كوچىدىكىنى ئاڭلىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ، — بىزنىڭ ئويۇنچى قىزلىرىمىز مەشىق قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى چاقىرساق، مۇشۇ يەردە مەشىق قىلسا بولامدۇ؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئۇلارمۇ ئويۇننى ئويناۋەرسە، بىزمۇ كۆڭۈل ئاچساق ئوبدان ئەمەسمۇ؟

فېڭجيې دەرھال ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى، ئارقىدىنلا شىرە راسلاش ۋە قىزىل كىگىز سېلىشنى تاپىلىدى.

— نېلۇپەر سەيناسىدىكى شىپاڭغا سورۇن راسلانسۇن، — دېدى جيا ئانا، — نەغمە سۇ بويىدا تېخىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ.

كېيىن زەرەپشان راۋىقى تۈۋىدە شاراب ئىچەيلى، شۇ يەر ئازادىرەك ھەم نەغمە ئاڭلاشقىمۇ يېقىن.

ھەممەيلەن «ئوبدان» دەپ قوشۇلۇشتى. جيا ئانا شۆ ھامىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يۇرسىلە، بىز كەتتۇق، ھەمشىرىلەر ئۆيىگە كىشى كەلگەننى ئانچە ياقتۇرمايدۇ، ئۆينى پاسكىنا قىلىۋېتىدۇ، دەپ قورقسا كېرەك. بىز ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنمەيلى. توغرىسى، بىردەم قېيىقتا ئۈزۈپ، ئاندىن شاراب ئىچكىلى بارارمىز، — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، تەنچۈن كۈلۈپ:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، چوڭ ئانا؟ مەن تېخى ئۆزلىرىنى ھاممام ۋە خان ئانامنى بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپمۇ ئەكېلەلمەيمەن دەۋاتسام! — دېدى.

— مېنىڭ بۇ ئۈچىنچى قىز نەۋرەم بەك ياخشى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — ھېلىقى باۋيۈي بىلەن دەييۈي دېگەن ئىككى نەۋرەملا ئەسكى. كېيىن ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان چېغىمىزدا، ئەتەي شۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ غەلۋە قىلايلى!

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئۆيدىن بىللە چىقىشتى. ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، سۇ چېچەكلىرى جەزىرىسىگە يېتىپ كېلىشتى. گۇسۇدىن ئالايىتەن تاللاپ ئەكەلگەن بىرنەچچە قېيىقچى ئاياللار ياۋا نەشپۈت ياغىچىدىن ياسالغان ئىككى قېيىقنى ئاللىقاچان تەخ قىلىپ قويغانىدى. خىزمەتكارلار جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ ھاما، ليۇ موماي، يۈەنياڭ، يۈيچۈەرلەرنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ بىر قېيىققا چىقاردى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لى ۋەن چىقتى. فېڭجيېمۇ چىقىپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇقىدا ئۆرە تۇرۇپ قېيىقنى ئۆزى ھەيدىمەكچى بولدى. جيا ئانا قېيىق قازنىقىدا تۇرۇپ:

— ھەي، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس! بۇ دەريانىڭ

ئىچى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا خېلى چوڭقۇر، چاپسان بۇ يەرگە كىرگىن، — دېدى.

— نېمە قورقۇش! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — مەندىن خاتىرجەم بولسىلا، خان ئانا.

فېڭجيې خادىنى تىرەپ قېيىقنى ئورنىدىن قىمىرلاتتى، قېيىق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدى. قېيىق كىچىك، ئادەم كۆپ بولغاچقا، فېڭجيې قېيىقنى ئۇڭشىيالماي تەمتىرەپ قېلىپ، خادىنى دەرھال قېيىقچى ئايالغا بەردى، ئۆزى زوڭ ئولتۇرۇۋالدى.

ئاندىن كېيىن يەنە بىر قېيىقتا يىڭچۈن قاتارلىق ھەمشىرىلەر ۋە باۋيۈي چۈشۈپ ئارقىدىن ئۈزۈپ ماڭدى. قالغان خىزمەتكار ئاياللار، دېدەكلەر قىرغاق بويلاپ ئەگىشىپ ماڭدى.

— كىشىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ، ماۋۇ سېسىپ كەتكەن نىلۇپەر يوپۇرماقلىرىنى نېمىشقا يۇلدۇرۇۋەتمىگەندۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە بۇ باغدا بىردەممۇ ئارامچىلىق بولماي، ھەر كۈنى سەيلە - تاماشا بولۇۋاتسا، بۇلارنى يىغدۇرۇۋېتىدىغانغا نەدىكى چولا دەيسىز؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— مەن لى يىشەننىڭ شېئىرىنى زادىلا ياقتۇرمايمەن، — دېدى دەييۈي، — لېكىن ئۇنىڭ «نىلۇپەر ياپرىقى بولسا، ئاڭلىنار يامغۇر ئۈنى» دېگەن بىر مىسرا شېئىرىنىلا ياخشى كۆرىمەن. سىلەر قۇرۇپ قالغان نىلۇپەرنى ئەتەي يىغدۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر.

— بۇ مىسرا ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن! — دېدى باۋيۈي، — بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يۇلدۇرۇۋەتمەيلى.

شۇ ئەسنادا ئۇلار چېچەك قايناملىق شىۋاقزار شاخاپچىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىشتى. بۇ يەر ئىنتايىن سۆرۈن بولۇپ، ئىككى قاسناقتا قۇرۇپ قالغان گىياھلار كۈز مەنزىرىسىنى تېخىمۇ



www.uyghurkitap.com

ئەكس ئەتكۈزۈپ تۇراتتى. جيا ئانا قىرغاقتىكى ئازادە بىنانى كۆرۈپ:

— بۇ باۋچەي قىزنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، شۇنداق، — دەپ جاۋابنى بېرىشتى كۆپچىلىك.

جيا ئانا شۇ زامان قىرغاقتا توختاشقا بۇيرۇدى ـ دە، تاش پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ، ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئاسارۇنزار ھويلىغا كىردى. ئۇ يەرگە كىرىشىگە، ئۆزگىچە خۇش پۇراق گۇپپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلدى. ئاجايىپ گىياھلار، خىسلەتلىك چىڭگىلىكلەر سالقىن چۈشكەنسېرى تېخىمۇ كۆكىرىپ ئۇرۇق تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇرۇقلىرى خۇددى مارجاندەك، پۇرچاقتەك كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۆي خۇددى غاردەك سۆرۈن ۋە بوش بولۇپ، ھەتتا ئۇششاق ـ چۈششەك ئويۇنچۇقتىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. شىرەدە پەقەت بىر دانە قوپالراق دىڭجۇ لوڭقىسى① قويۇلغان، لوڭقىغا بىرنەچچە تال جۇخار گۈلى چىلانغان، لوڭقىنىڭ قېشىدا ئىككى دانە كىتاب، چاي قۇتىسى، پىيالىلەر تىزىقلىق ئىدى. كارىۋاتقا قارامتۇل شايى چىمىلدىق تۇتۇلغان بولۇپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى.

— بۇ بالا بەك ياۋاش! — دېدى جيا ئانا بىرنى تىنىپ قويۇپ، — ئۆيۈڭنى بېزەيدىغان جاھازلىرىڭ بولمىسا، نېمىشقا ھاماڭدىن سوراپ ئالدۇرمىدىڭ؟ مەنمۇ سۈرۈشتۈرمەپتىمەن، ئويلاپمۇ قويماپتىمەن. دېمىسىمۇ، سىلەر نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى ئۆيۈڭلەردە قويۇپ كەلگەنىدىڭلار.

شۇ گەپ بىلەن جيا ئانا يۈەنياڭنى قەدىمكى زىنەت بۇيۇملىرىدىن ئەكېلىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن فېڭجېيگە كايىدى:

— سىڭلىڭغا ئويۇنچۇقلاردىن ئەكەلدۈرۈپ بەرمەي، شۇنچىمۇ

① دىڭجۇ لوڭقىسى — قەدىمكى دەۋردە دىڭجۇدىكى چىنە خۇمدانلىرىدا ئىشلەنگەن لوڭقا. ئۇ «سىپتا»، «قوپال» دەپ ئىككى خىل بولاتتى.

پىخسىقلىق قىلامسەن !

ۋالڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې تەڭلا كۈلۈپ:

ــــ ئۇ ئۆزى ئالغىلى ئۇنىمىسا ! بىز ئەۋەتكەن، ھەممە نېمىنى قايتۇرۇۋەتتى، ــــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ــــ ئۇ ئۆيدە چاغدىمۇ بۇنداق نەرسىلەر بىلەن ئانچە ئېيتىشمايتتى، كارى يوق ئىدى، ــــ دېدى شۆ ھاممىمۇ كۈلۈمسىرەپ.

ــــ بۇ ئىشى بولماپتۇ ! ــــ دېدى جيا ئانا بېشىنى چايقاپ، ــــ ئۇ ئۆزىغۇ ئاۋارىچىلىكتىن قاچىدىكەن، ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەتچىلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ياش قىزلار ئۆيىنى بۇنداق ئاددىي ـ ساددا تۇتۇشتىنمۇ ھەزەر ئەيلىسە بولىدۇ. بولمىسا، بىزدەك موماي‌لار ئات ئېغىلىدا تۇرساق بولىدۇ شۇ ! سىلەر كىتابلاردىن، ئويۇنلاردىن دېيىلگەن خېنىملارنىڭ ھوجرىلىرىنىڭ قالتىس كۆركەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىسىلەرغۇ ! بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى ئۇنداق خېنىملارغا سېلىشتۇرغىلىغۇ بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتسەڭلار بولمايدۇ ـ دە. تەييار تۇرغان نەرسىلەرنى نېمىشقا تىزىپ قويمايسىلەر؟ ئەگەر ئاددىي ـ ساددىلىقنى بەك ياخشى كۆرسە، بىرقانچە خىلنى كەمرەك تىزسىمۇ بولىۋېرىدىغان ئىش. مەن ئىلگىرى ئۆي تۇزەشنى كارامەت بىلەتتىم، ھازىر قېرىپ قالغان چېغىمدا بۇنداق ئىشلارغا ھەپسىلەم قالمىدى، بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ ئۆيئىچىنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغىنى ياخشى. بولمىسا، چاكىنىلىق قىلىپ ئوبدان نەرسىلەرنىمۇ سەت تىزىپ قويىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمچە، ئۇلار چاكىنىلاردىن ئەمەس. قاراپ تۇر، بۇ ئۆينى ئۆزۈم تۇزەشتۇرۇپ بېرىدىغان بولسام، ھۆددىگە ئازادە ھەم ئاددىي ـ ساددا بولۇپ چىقىدۇ. مېنىڭدە شۇ كەمگىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىككى نەرسە بار، باۋيۈيگە كۆرسەتمىگەن. ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا نابۇت قىلىۋېتەتتى.

شۇ گەپ بىلەن جىيا ئانا يۈەنياڭنى چاقىرىپ تاپىلاپ قويدى:

— تاشتىن ياسالغان تەشتەك مەنزىرىسىنى، شايى شىرمەلىنى، قارا بۇلۇت رەڭگىدىكى تاش داڭقاننى ئەكەلگىن. ئاشۇ ئۈچ نەرسىنى مۇنۇ شىرەگە تىزىپ قويسا كۇپايە قىلىدۇ. ئاندىن ھېلىقى سىياھ بىلەن خەت پۈتۈلگەن سۈرەتلىك ئاق دارايى چىمىلدىقنى ئەكېلىپ مۇنۇ چىمىلدىققا يەڭگۈشلىۋەتكىن.

يۈەنياڭ خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇ نەرسىلەر شەرقىي بالىخانىدىكى قايسى ساندۇقتىكىن، ئالدىرىماي ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەتە ئەكېلىپ بەرسەكمۇ بولار، — دېدى.

— ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە ئەكېلىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇنتۇپ قالمىغىن، — دېدى جىيا ئانا.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار يەنە بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، بۇ ئۆيدىن چىقىپلا زەرەپشان راۋاققا كېلىپ قېلىشتى، بۇ يەردە ۋېنگۈەن قاتارلىق ئويۇنچى قىزلار ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى. ئاندىن قايسى ناخشىنى ئورۇنلىساقكىن، دەپ سوراشتى.

— ئۆزۈڭلار پىششىق ئۆگەنگىنىڭلاردىن بىرنەچچىنى ئويناپ باقمامسىلەر، — دېدى جىيا ئانا.

ۋېنگۈەنلەر بۇ يەردىن چىقىپ نېلۇپەر سەيناسىغا كېلىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

بۇ يەردە فېڭجېيې خىزمەتكارلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ ھەممىنى تەلتۆكۈس راسلاپ قويغانىدى. تۆرنىڭ ئوڭ ۋە سول يانلىرىغا ئىككى ئۇزۇن كات قويۇلۇپ، ئۈستىگە كىمخاب كۆرپە، نېلۇپەر گۈللۈك بامبۇك بورا سېلىنىدى، ھەربىر كاتنىڭ ئالدىغا ئىككىدىن سىرلانغان نەقىشلىك شىرە قويۇلدى، بۇ شىرەلەرنىڭ بەزىسىگە يەسمەن ياكى مېيخۇا، بەزىسىگە نېلۇپەر يوپۇرمىقى ياكى ئاپتاپپەرەس نەقىش قىلىنغان بولۇپ، شەكىللىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بەزىسى چاسا، بەزىسى يۇمىلاق ئىدى، ھەربىر

شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر يۇرۇشتىن ئىسرىق جابدۇقى[1]، بىردىن تاماق قۇتىسى قويۇلدى. تۆردىكى ئىككى كات بىلەن تۆت شىرە جىيا ئانا بىلەن شۆ هامىغا، ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر ئورۇندۇق بىلەن ئىككى شىرە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا راسلاندى، قالغانلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئورۇندۇق، بىردىن شىرە قويۇلدى. شەرق تەرەپتە لىۋ مومايغا، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئورۇن راسلاندى. غەرب تەرەپتە ئاۋۋال شياڭيۈن، ئىككىنچىسى باۋچەي، ئۈچىنچىسى دەييۈي، تۆتىنچىسى يىڭچۈن، ئاندىن تەنچۈن ۋە شىچۈنلەرگە ئۆز قاتارى بويىچە، باۋيۈيگە بولسا ھەممىنىڭ ئايىغىدا ئورۇن راسلاندى. لى ۋەن بىلەن فېڭجيېنىڭ شىرەسى ئۈچىنچى سالاسۇنىنىڭ ئىچىگە ۋە شايى پەردىلىك ئىككىنچى جاۋەننىڭ تېشىغا قويۇلدى. تاماق قۇتىلىرىمۇ شىرەنىڭ شەكلىگە قاراپ قويۇلدى. ھەربىر كىشىگە بىردىن قارا كۈمۈشتىن ياسالغان نەقىشلىك پەرەڭ شارابدان بىلەن بىردىن رەڭدار ئېماللىق قەدەھ قويۇلدى.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، جىيا ئانا كۈلۈپ:

— ئالدى بىلەن ئىككى قەدەھتىن شاراب ئىچەيلى، بۈگۈنمۇ شاراب تېپىشمىقى بىلەن ئىچسەك كۆڭۈللۈك بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم شاراب تېپىشمىقى ئېيتىشقا ئۇستا تۇرسا، بىز نېمىنى بىلەتتۇق! — دېدى شۆ هاما كۈلۈپ، — چوقۇم بىزنى مەست قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇ باھانىدە بىزگە بىر — ئىككى قەدەھنى ئوشۇق ئىچۈرۈۋېتىدىغان بولدى — دە.

— بۈگۈن سىلى بەك كەمتەرلىك قىلىۋاتىلا، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — مېنى قېرى دەپ مەندىن بىزار بولغان ئوخشايلا.

— يوقسۇ، كەمتەرلىك قىلغىنىم يوق، — دېدى شۆ ھاما

[1] ئىسرىق جابدۇقى — ئىسرىقدان، كۆجە قۇتىسى، كۆجىگە كېرەكلىك چوكا — كۈرەك سالىدىغان لوڭقا قاتارلىق بۇ بىر يۈرۈش نەرسىلەر ئىسرىق جابدۇقى دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆلۈمسىرەپ، — جاۋابنى ئەپلەشتۈرەلمىسەم كۆلكىگە قالارمەنمىكىن، دېگىنىم ئىدى.
— ئەگەر سۆز تاپالماي قالسىڭىز بىر قەدەھنى ئارتۇقراق ئىچىۋېتىسىز شۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سۆزگە ئارىلىشىپ، — مەست بولۇپ قالسىڭىز بېرىپ ئۇخلايسىز، ئۇ چاغدا كىممۇ بىزنى زاڭلىق قىلاتتى؟
— ماقۇل، بۇيرۇققا بويسۇنىمەن، — دېدى شۆ هامما بېشىنى لىڭشىتقان هالدا كۈلۈپ، — قېنى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى بىر قەدەھ ئىچىپ ئويۇننى باشلاپ بېرەرلا.
— بۇغۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ! — دېدى جىيا ئانا ۋە شۇ زامانلا بىر قەدەھ ئىچىۋەتتى.
فېڭجيې ئىلدام جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— شاراب تېپىشمىقى ئوينايدىغان بولساق، يەنىلا يۈەنياڭ ئاچامنىڭ ئېلان قىلغىنى ياخشى، — دېدى.
ھەممەيلەن جىيا ئانا ئېيتىدىغان شاراب تېپىشمىقىنى يۈەنياڭ دەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە:
— توغرا، — دەپ ماقۇللاشتى.
فېڭجيې يۈەنياڭنى تارتىپ قېشىغا ئەكېلىۋالدى.
— ئويۇنغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ئارقىسىغا قايرىلىپ بىر چۆرە قىزنى بۇيرۇدى، — بىر ئورۇندۇق ئەكېلىپ كېلىن ئاغىچاڭلارنىڭ سورۇنىغا قويۇپ بەرگىن.
يۈەنياڭ بىردەم تۇزۇت قىلىپ ھەشقالللا بىلدۈردى - دە، بىر قەدەھ ئىچتى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:
— شاراب تېپىشمىقىدىكى بۇيرۇق ھەربىي بۇيرۇق بىلەن باراۋەر، يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئولتۇرماستىن، پەقەت مەنلا باش بولىمەن. كىمكى سۆزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا جازاغا ئۇچرايدۇ، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، تېزرەك دېگىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ.

يۈەنياڭ ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، لىۇ موماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— مېنى مۇنداق ئوينىتىشمىسىلا! مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كېتەي، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

يۈەنياڭ چۆرە قىزلارنى قىچقىرىپ:

— ئۇنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

قىزلار كۈلۈشۈپ، مومايىنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى.

— ماڭا رەھىم قىلىڭلار! — دېدى لىۇ موماي يالۋۇرۇپ.

— تولا گەپ قىلىسىڭىز، بىر چەينەك شاراب جەرىمانە قويىمەن! — دېدى يۈەنياڭ پوپوزا قىلىپ.

لىۇ موماي شۇنىڭدىن كېيىنلا جىمىدى.

— ھازىر مەن ئۈستىخان كوزىرىنىڭ بىر يۈرۈش چېكىتلىرىنى ئېلان قىلىمەن، — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن باشلىنىپ، نۆۋەت بويىچە داۋاملىشىپ لىۇ مومامدا ئاياغلىشىدۇ. مەسىلەن، مەن بىر يۈرۈش چېكىتنى دېگەندە، ئۇچ كوزىرنى ئېچىپ، ئاۋۋال بىرىنچىسىنى، ئاندىن ئىككىنچىسىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچىنچىسىنى ئېيتىمەن، بۇلار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى قوشۇلۇپ بۇنىڭدىن بىر يۈرۈش چېكىتلەرنىڭ ئىسمى تەركىب تاپىدۇ. مەيلى شېئىر بىلەن بولسۇن، بېيىت - قوشاق بىلەن بولسۇن ياكى ماقال - تەمسىل بىلەن بولسۇن، دېيىلگەن جۈملىگە قاراپ قاپىيەلىك جاۋاب بېرىش كېرەك. خاتالاشقان كىشى جەرىمانىسىگە بىر قەدەھ ئىچىدۇ.

— مۇشۇ ئوبدان ئىكەن، قېنى تېزرەك ئېيتقىن، —



www.uygurkitap.com

دېيىشتى كۆپچىلىك قوشۇلۇپ.

— ئۇنداق بولسا دەسلەپكى بىر يۇرۇشنى دەيمەن، — دېدى يۇەنياڭ، — سول ياندىكى كوزىرنى «ئاسمان» دەيدىكەن.

— ئۇستۇمدە كۆك گۇمبەزلىك ئاسمان بار ئىكەن، — دېدى جيا ئانا.

— ياخشى ! — دېيىشتى ھەممەيلەن ماختاپ.

— ئوتتۇردىكى كوزىردا بەش ـ ئالتە كەلدى، — دېدى يۇەنياڭ.

— ئالتە سالا مېيخۇا ھىدى سۆڭەككە يەتتى، — دېدى جيا ئانا جاۋاب بېرىپ.

— قالدى يەنە بىر كوزىر ئالتە بىر قوشلاش، — دېدى يۇەنياڭ.

— چىقتى بۇلۇت ئارىسىدىن قىپقىزىل قۇياش، — دېدى جيا ئانا.

— قوشۇلۇپ بولدى يەنە بىر «پاخما باش جىن»، — دېدى يۇەنياڭ.

— بۇ جىن جۇڭ كۇي پۇتىنى قۇچاقلاپتۇ چىڭ، — دېدى جيا ئانا.

سۆز ئاياغلاشقاندا ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ باركاللا ئېيتىشتى. جيا ئانا بىر قەدەھ ئىچتى.

— يەنە بىر يۇرۇشنى دەيمەن، — دېدى يۇەنياڭ، — سول ياندىكى كوزىردا «چوڭ ئۇزۇنچاق بەش».

— ئويناپتۇ مېيخۇا ئۇسسۇل شامالدا ئېگىپ باش، — دېدى شۆ ھاما جاۋاب بېرىپ.

— ئوڭ ياندىكى كوزىردا «چوڭ بەش سوزۇنچاق»، — دېدى يۇەنياڭ.

— ئونىنچى ئايدا مېيخۇا تاغدا چاچار خۇش پۇراق، — دېدى شۆ ھاما.

— ئوتتۇردىكى كوزىردا «ئىككى ـ بەش» يەتتە، — دېدى

www.uyghurkitap.com

يۈەنياڭ.

— يەتتىنچى ئايدا قىز ـ يىگىت بولدى ئۆلپەتتە[1]، — دېدى شۆ هاما.

— قوشۇلۇپ «ئېرلاڭ بەش تاغدا قىلدى ساياهەت[2]، — دېدى يۈەنياڭ.

— ئادەمزات كۆرەلمەس پەرىدەك راهەت، — دېدى شۆ هاما.

بۇ بىر يۇرۇش ئېيتىلىپ بولۇش بىلەنلا هەممەيلەن شۆ هامىنى ماختاشتى. شۆ هاما بىر قەدەھ ئىچتى.

يۈەنياڭ داۋام قىلدۇردى:

— يەنە بىر يۇرۇشنى دەيمەن: سولدا «ئۇزۇن بىر» نى ئىككى قىلىپتۇ چاقناق.

— يورۇتۇپتۇ ئالەمنى كۈن ئاي بولۇپ قوشماق، — دېدى شياڭيۈن جاۋاب بېرىپ.

— ئوڭدا ئىككى بەردى نۇر «ئۇزۇنچاق بىر» گە، — دېدى يۈەنياڭ.

— گۈل بەرگىلىرى تىزۋىشسىز چۇشۇپتۇ يەرگە، — دېدى شياڭيۈن.

— ئوتتۇرىدا «بىر بىلەن تۆت» ياندىشىپ كەلگەن، — دېدى يۈەنياڭ.

— كۈن يېنى بۇلۇتقا يانداپ ئۆرۈك تىكلەنگەن، — دېدى شياڭيۈن.

— قوشۇلغاندا «گىلاس توققۇز قېتىم پىشىپتۇ» ، — دېدى يۈەنياڭ.

---

① قىز ـ يىگىت ـ ئاسماندىكى باپكار قىز (پەرىزات) بىلەن پادىچى يىگىتنىڭ كونىچە يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى كەچتە دىدار كۆرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت كۆزدە تۇتۇلغان.

② ئېرلاڭ — ئىككىنچى يىگىت، يەنى مەبۇدكە ئايلانغان ئىككىنچى يىگىتنىڭ بەش تاغ (ئوتتۇرىدىكى سۇڭشەن، شەرقتىكى تەيشەن، غەربتىكى خۇاشەن، جەنۇبتىكى خېڭشەن، شىمالدىكى خېنشەن) نى كېزىپ يۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت.

— خانلىق باغدا ئۈنى قۇشقاچ چوقۇپ تېشىپتۇ، — دېدى شياڭيۇن.

سۆز ئاخىرلاشقاندا شياڭيۇن بىر قەدەھ ئىچتى.

— يەنە بىر يۇرۇشنى دەيمەن، — دېدى يۈەنياڭ، — سول كوزىردا «ئۇزۇنچاق ئۈچ» تۇرار چىمىرلاپ.

— قارلىغاچلار جۈپ - جۈپ تۇرار لىمدا ۋىچىرلاپ، — دېدى باۋچەي جاۋاب بېرىپ.

— ئوڭ كوزىردا «ئۈچ ئۇزۇنچاق» يەنە سەپ تۈزدى، — دېدى يۈەنياڭ.

— سۇ چېچىكى كۆك لېنتىدەك شامالدا ئۈزدى، — دېدى باۋ چەي.

— ئوتتۇرىسىدا «ئۈچ - ئالتە» بولدى توققۇز دان، — دېدى يۈەنياڭ.

— ئۈچ تاغ نىسپىي كۆك ئاسمان سىرتىغا چىققان، — دېدى باۋ چەي.

— قوشۇلۇپ «يالغۇز قېيىق زەنجىرگە چۈشتى»، — دېدى يۈەنياڭ.

— ھەممە يەرنى داۋالغۇش، دەرد - ئەلەم قۇچتى، — دېدى باۋ چەي. ئاندىن سۆز تۈگەش بىلەن بىر قەدەھ ئىچتى.

يۈەنياڭ داۋام قىلدى:

— سول ياندىكى كوزىردا «ئاسمان» بىپايان.

— قۇتلۇق چاغ مەنزىرىدە، قالدى كۆك قايان، — دەپ جاۋاب بەردى دەييۈي.

باۋ چەي بۇنى ئاڭلاپ دەييۈيگە قايرىلىپ قاراپ قويدى. دەييۈي، ماڭا جەرىمانە قويۇپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن بولۇپ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

— ئوتتۇرىسىدا «كىمخاب شىرمەل» رەڭگى كۆركەم زەر، — دېدى يۈەنياڭ.

— شايى روجەكتىن بولمىدى خۇشنىياڭدىن ئەسەر، — دېدى

www.uyghurkitap.com

دەيىيۇي.

— قالدىسى «ئىككى - ئالتە» سەككىز بولدى تەڭ، — دېدى يۈەنياڭ.

— بارگاھتا خانغا ئىككى باقىقان كەم بولدى، — دېدى دەيىيۇي.

— قوشۇلۇپ بولدى «سىۋەت» گۈل ئۈزۈشكە باب، — دېدى يۈەنياڭ.

— كېلۇر پەرى چوغلۇقنى ھاسىغا ئاسقىلاپ، — دېدى دەيىيۇي. سۆز تۈگەش بىلەنلا ئۇ بىر قەدەھ ئىچىۋەتتى.

— سول كوزىردا «تۆت - بەش» جەمئىي توققۇز گۈل بولدى، — دېدى يۈەنياڭ ئېلان قىلىپ.

— شاپتۇل چېچىكى يامغۇردەك قويۇق، — دېدى يىڭچۈن جاۋاب بېرىپ.

— جەرىمانە قويۇش كېرەك! قاپىيەسى توغرا ئەمەس، مەزمۇنىمۇ قاملاشمىدى، — دەپ كۈلۈشتى كۆپچىلىك.

يىڭچۈن كۈلۈپ شارابتىن بىر ئوتلام ئىچتى.

ئەسلىدە فېڭجيې بىلەن يۈەنياڭ لىيۇ مومايغا نۆۋەت بالدۇرراق كەلسە ئۇنىڭ كۈلكىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز دېيىشىپ، ئەتەي يىڭچۈننى خاتا سۆزلەتكۈزگەنىدى. نۆۋەت ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كەلگەندە بىرنىلا ئېيتىپ، بولدى قىلدى. ئەمدى نۆۋەت لىيۇ مومايغا كەلگەنىدى.

— بىز سەھرالىقلارمۇ بىكار قالغان چاغلىرىمىزدا يىغىلىپ مۇشۇنداق ئويۇنلارنى پات - پات ئويناپ تۇرىمىز، — دېدى لىيۇ موماي. لېكىن، بۇنىڭدەك ئوبدان ئەمەس. بوپتۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر سىناپ باقايلا.

— بۇ ئوڭاي، بىلگەنلىرىڭىزنى دەۋېرىڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ.

يۈەنياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ باشلىدى:

— سول يان كوزىردا «چوڭ تۆت» بولدى بىر «ئادەم».

لیۇ موماي بىرھازا ئويلىغاندىن كېيىن:
— تايىن سەھرالىق ئادەمدۇ ! — دېدى.
ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئۆيىنى بىر ئالدى.
— قاملاشتۇرۇپ دېدىڭ، شۇنداق دەۋەرگىن، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.
— بىز سەھرالىقلارنىڭ تۇرغان تۇرقىمىز مۇشۇ، خان قىزلار، خېنىملار، كۈلۈشمىسىلە، — دېدى لیۇ موماي ئۆزىمۇ كۈلۈپ.
— ئوتتۇرىسىدا «ئۇچ ـ تۆت» يېشىل رەڭ قىزىلغا ماس، — دېدى يۈەنياڭ.
— چوڭ يانغىندا يېشىل قۇرت ھېچ ئامان قالماس، — دېدى لیۇ موماي.
— ھە، ئۇنداق ئىشلار بولىدۇ، ئۆز پەدىڭىزدە سۆزلىدىڭىز، — دېدى ھەممىسى كۈلۈشۈپ.
— ئوڭ كوزىردا «بىر ـ تۆت» ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، — دېدى يۈەنياڭ كۈلۈپ.
— بىر باش تۇرۇپ، بىر باش سامساق يېيىشلىك ئىكەن، — دېدى لیۇ موماي.
كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.
— ئۇچى قوشۇلغاندا «بىر تال گۈل» بوپتۇ، — دېدى يۈەنياڭ.
لیۇ موماي قول چېنى قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۈلمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن كۈلكىسىگە ھاي بېرىپ:
— چېچەك تۆكۈلۈپ يوغان كاۋا چۈشۈپتۇ، — دېدى.
كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.
شۇ پەيتتە تاشقىرىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق بىرىنچى باب

## جيا باۋيۈيىنىڭ يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدا چاي تەمىنى تېتىپ باققانلىقى
## لىيۇ موماينىڭ مەست بولۇپ قېلىپ ئارامبەخش ھويلىدا ئۇخلاپ قالغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، لىيۇ موماي قول چېنى بىلەن كۆرسىتىپ:

— چېچەك تۆكۈلۈپ يوغان كاۋا چۈشۈپتۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئۆينى بېشىغا كىيىپ كۈلۈشتى. لىيۇ موماي ئالدىدىكى قەدەھنى ئىچىپ بولۇپ، يەنىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

— شۇ تاپتا راستىنى ئېيتسام، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — پوت - قوللىرىم كالانپاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاراب ئىچىپ قويدۇم، قوللىرىم قولاشماي، بۇ چىنە قەدەھنى سۇندۇرۇپ قويارمەنمىكىن. ماڭا ياغاچ كاسا بولغان بولسا، قولۇمدىن يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچ نەرسە بولماس ئىدى.

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى. فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا كۈلۈپ:

— راستلا ياغاچ كاسا كېرەك بولسا مەن ئەكەلدۈرۈپ بېرەي. ئەمما، ئاۋۋال شۇنى دەپ قويايكى، ياغاچ كاسىنى چىنە قەدەھكە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، ياغاچ كاسىنىڭ ئۆزى بىر يۈرۈش بولىدۇ، بىر يۈرۈش كاسىنىڭ ھەممىسىدە ئىچكەندىلا، ئىچكەنگە ھېساب بولىدۇ، — دېدى.

لىيۇ موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئويلاشقا باشلىدى: «مەن

بايا قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ چاقچاق قىلىپ ئېيتقانىدىم. بۇلارنىڭكىدە راستلا ياغاچ كاسا بارلىقىنى كىم بىلسۇن، مەنمۇ يېزا ئاقساقاللىرىنىڭكىدە پات - پات زىياپەتكە قاتنىشىپ قالاتتىم، ئۇ يەردىغۇ ئالتۇن - كۈمۈش قەدەھلەرنى كۆرگەن، ئەمما ياغاچ قەدەھنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن. ھە، تاپتىم! بۇ بەلكىم كىچىك باللار ئىشلىتىدىغان چۆچەك بولسا كېرەك. تايىنلىق ئۇلار گوللاپ ماڭا بىر - ئىككى چۆچەك شارابنى ئوشۇق ئىچۈرمەكچىغۇ. بوپتىلا، بۇ شارابىمىغۇ ھەسەلدەك تاتلىق ئىكەن، كۆپرەك ئىچىۋەتسەم ھېچ ۋەقەسى بولماس.» شۇ خىيال بىلەن ئۇ:

— بوپتۇ، ئەكەلدۈرسىلە، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، — دېدى.

فېڭجيې فېڭئېرگە قاراپ:

— ئالدىنقى قاتاردىكى ئىچكىرىكى ئۆيدە كىتاب جاۋىنىنىڭ ئۈستىدە بامبۇك يىلتىزىدىن ياسالغان بىر يۈرۈش ئون قەدەھ بار، شۇنى ئەكەل، — دەپ بۇيرۇدى.

فېڭئېر بۇنى ئاڭلاپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، يۈەنياڭ كۈلۈپ:

— مەن بىلىمەن، سىلەرنىڭكىدىكى ئۇ قەدەھلەر كىچىك، يەنە كېلىپ سىز ياغاچ كاسا دەپ تۇرۇۋقلۇق بامبۇك قەدەھنى ئەكەلدۈرسەڭ ياخشى بولماس، ئۇنىڭدىن كۆرە، بىزنىڭكىدىكى سېرىق تېرەك يىلتىزىدىن پۈتۈن پېتىچە ئويۇپ ياسالغان ئون دانە بىر يۈرۈش كاسا بار، شۇ كاسىلارنى ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئون كاسىدا بىراقلا ئىچۈرەيلى، — دېدى.

— بۇ تېخىمۇ ياخشى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

يۈەنياڭ كاسىلارنى ئەكەلدۈردى. لىيۇ موماي كۆرۈش بىلەنلا ھەم قورقتى ھەم خۇشال بولدى. قورققان يېرى: بۇلار بىر - بىرىدىن چوڭ، قاتارىسىغا ئون كاسا بولۇپ، ئەڭ چوڭى كىچىك تەڭنىدەك، ئەڭ كىچىكى قولىدىكى قەدەھتىن ئىككى باراۋەر

چوڭ ئىدى؛ خۇشال بولغان يېرى: بۇ قەدەھلەر ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلىك بولۇپ، بىر خىل رەڭدە تاغ ـ دەريا، دەرەخ ـ ئورمان، ئادەم ۋە هايۋاناتلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن، يازما خەت ۋە تامغا ئىزلىرىمۇ بار ئىدى.

— ئاشۇ كىچىكىمۇ بولغۇدەك، — دېدى موماي ئالدىراپ.

— بۇ قەدەھلەردە شاراب ئىچىشكە چامىسى يېتىدىغانلار بولمىغاچقا، هېچكىم ئۇنىڭدا ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئانىكا، سىز سورىتىپ قالغىنىڭىز ئۇچۇنلا مانىڭ تەسلىكتە تاپتۇرۇپ ئەكەلدۇق، بىر ـ بىرلەپ بۇلارنىڭ هەممىسىدە ئىچىپ چىقىسىڭىز، ئاندىن توغرا كېلىدۇ.

— ياق، بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى ليۇ موماي قورققانلىقتىن يالۋۇرۇپ، — ئوبدان خېنىم، ماڭا رەهىم قىلسىلا!

جيا ئانا، شۆ هاما ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قاراپ، بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن دەپ ئويلاپ، دەرهاللا كۈلۈشۈپ:

— گەپ دېگەن گەپ، چاقچاق دېگەن چاقچاق، كۆپ ئىچسە بولماس. دەسلەپكى بىر كاسىنى ئىچىپ بولدى قىلسۇن، — دېيىشتى.

— خۇداغا شۈكۈر! — دېدى ليۇ موماي، — مەن كىچىكىدە ئىچەي، چوڭ كاسىنى ئۆيگە ئالغاچ كېتىپ ئاستا ـ ئاستا ئىچەي.

بۇ گەپ بىلەن يەنە هەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

يۈەنياڭ نائىلاج بىر چوڭ كاسىنى لىق توشتۇردى، ليۇ موماي كاسىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى. جيا ئانا بىلەن شۆ هاما تەڭلا:

— ئالدىرىمايراق ئىچ، گېلىڭدا تۇرۇپ قالمىسۇن، — دېيىشتى.

ئاندىن شۆ هاما فېڭجيېنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سەي سېلىپ

قويۇشقا بۇيرۇدى.

— ئانىڭا نېمە يەيسىز، ئىسمىنى دەپ بېرىڭ، ئاغزىڭىزغا سېلىپ قويىمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— مەن ئىسمىنى قانداق بىلەي! — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — بۇ تاماقلار بىر - بىرىدىن ئوبدان ئىكەن.

— قۇرۇق چەيزىدىن قىسىپ ئاغزىغا سېلىپ قوي، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

فېڭجيې جيا ئانىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قۇرۇق چەيزىدىن چوكا بىلەن قىسىپ ليۇ مومايىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ:

— سىلەرغۇ ھەر كۈنى چەيزە يەپ تۇرىسىلەر، بىزنىڭ چەيزىدىنىمۇ يەپ بېقىڭ، ئاغزىڭىزغا تېتامدىكىن - تېتىمامدىكىن، — دېدى كۈلۈپ.

— مېنى ئالدىمىسىلا، — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — چەيزىگە نەدىن كېلىپ قالغان تەم ئىكەن بۇ! چەيزە دېگەن مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا بىز ئاشلىق تېرىماي چەيزىلا تېرىغان بولاتتۇق!

— بۇ راستلا چەيزە، سىزنى ئالدىمايمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈپ.

— راست چەيزىمۇ؟ — دېدى ليۇ موماي ھەيران بولۇپ، — باياتىن تەمىنى بىلمەي يەۋېرىپتىمەن. خېنىم، ئاغزىمغا يەنە بىر چوكا سېلىپ قويغان بولسىلا، ئوبدانراق چايناپ تەمىنى تېتىپ باقاي.

فېڭجيې ئۇنىڭ ئاغزىغا يەنە بىر چوكا سېلىپ قويدى. ليۇ موماي خېلىغىچە چايناپ، ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئانچە - مۇنچە چەيزە تەمى بولسىمۇ، ھېچ چەيزىگە ئوخشىمايدىغۇ، خېنىم؟ قانداق پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى دەپ بەرسىلە، مەنمۇ شۇنداق پىشۇرۇپ يەپ باقاي، — دېدى.

— بۇ ئۇنچىۋالا تەسمۇ ئەمەس، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئاۋۋال يېڭى ئۈزۈلگەن چەيزىنىڭ پوستىنى سويۇپ تاشلاپ،

www.uyghurkitap.com

ئېتىنى ئۇششاق قەلەمچە قىلىپ توخۇ يېغى بىلەن قورۇيدۇ، ئاندىن قورۇتۇلغان توخۇ گۆشىگە خۇش پۇراق زەمبۇرۇغ، يېڭى چىققان بامبۇك نوتىسى، موگۇ، دورا ـ دەرمەك قوشۇلغان دۇفۇ ۋە ھەر خىل قورۇق يېمىشلەرنى قوشۇپ، بۇلارنى يەنە ئۇششاق توغراپ، توخۇ شورپىسى بىلەن تاكى قورۇغىچە ئاستا پىشۇرىدۇ، ئۈستىگە كۈنجۈت يېغى چاچىدۇ، ئاندىن جياڭيۇ قۇيۇپ، جانان كوزىغا سېلىپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىدۇ. يەيدىغان چاغدا توخۇنىڭ قورۇلغان پاچاق گۆشى بىلەن قوشۇپ يەيدۇ، شۇ.

ليۇ موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ، تىلىنى چىقاردى ـ دە:

— ۋاي خۇدايىمەي! بۇنىڭغا قانچىلىك توخۇ كەتكەن بولغىيدى، شۇڭا تەملىك ئىكەن ـ دە! — دېدى كۈلۈپ، ئاندىن شارابنى ئاستا ـ ئاستا ئىچىپ تۈگىتىپ، كاسىنى ئويناپ ئولتۇردى.

— تېخى ۋايىڭىزگە يەتمەپسىز! يەنە بىر كاسا ئىچمەمسىز؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— يوقسۇ، ئېشىپ كېتىدۇ! مەست بولۇپ تۈگىشىپ كېتىمەن! — دېدى موماي دەرھاللا، — مەن بۇ كاسىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىقلىقىغا ھەۋىسىم كېلىپ، بۇنى قانداق ياسىغاندۇ، دەپ قاراپ قاپتىمەن!

— شارابىڭىزنى ئىچىپ بولدىڭىز، — دېدى يۈەنياڭ كۈلۈپ، — بۇ كاسا زادى قانداق ياغاچتىن ياسالغان، بىلەمسىز؟

— ۋاي خېنىم، سىلىنىڭ بۇنى بىلمەسلىكلىرىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ، — ھەرقايسىلىرى مۇنداق ياسىداق ھويلا ـ ئارانلاردا تۇرۇشۇۋاتسىلا، ياغاچنىڭ تۈرىنى پەرق ئېتىشەلەمتىلە؟ بىز دائىم دەرەخلىك بىلەن قوشنىدارچىلىق قىلىمىز، ئۇيقۇمىز كەلسە، دەرەخكە بېشىمىزنى قويۇپ ئۇخلايمىز، ھېرىپ كەتسەك، دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرىمىز، قەھەتچىلىك يىللىرى ئاچ قالساق، تېخى دەرەخنىڭ

قوۋزىقىنى يەيمىز. كۆزىمىزگە ھەر كۈنى شۇ كۆرۈنىدۇ، قۇلىقىمىزغا ھەر كۈنى شۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاغزىمىزدىن ھەر كۈنى شۇ چۈشمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى، جىڭ ـ جاسىنى پەرق ئېتەلەيمىز. قېنى، مەن بىر پەرق ئېتىپ باقايچۇ، ـــ ئۇ بىر ھازاغىچە كاسىغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرىدا سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ ھەرقايسىلىرىدەك كىشىلەر ئۇنداق ئەرزان نەرسىلەرنى ھەرگىز تۇتۇشمايلا، ھېلىقىدەك ئاسان تېپىلىدىغان ياغاچ بۇيۇملىرىنىمۇ ئىشلىتىشمەيلا، دەڭسەپ باقسام، بۇ خېلىلا ئېغىر ئىكەن، تېرەكتىن ياسالغان بولمىسا، تايىنلىق سېرىق قارىغايدىن ياسالغان نېمە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ ئۆينى بىر ئالدى. شۇ پەيتتە بىر ئايال خىزمەتكار كىرىپ جيا ئانىغا مۇراجىئەت قىلىپ سورىدى:

ـــ ئويۇنچى قىزلار نېلۇپەر سەيناسىغا كېلىشىپ بولدى، يولىيورۇق بەرگەن بولسىلا، ئۇلار ئويۇننى باشلاۋېرەمدۇ ياكى بىردەم كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

ـــ ئەجەبمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەنغۇ، ـــ دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، ـــ ھازىر باشلاۋەرسۇن.

ھېلىقى ئايال خوش دەپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي يىراقتىن لەرزان يالغۇزەك ـ بالامان ئاۋازى ئىشىتىلدى، ئۇنىڭغا نەي ـ نېپىر ئاۋازى جور بولدى. راسا مەيىن شامال چىقىپ تۇرغان سالقىن پەيتتە، دەرەخزارلىقتىن ئۆتۈپ كۆل ئارقىلىق كېلىۋاتقان بۇ نەغمە ساداسى تەبىئىي يوسۇندا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھوزۇرلاندۇراتتى. باۋيۈي ئاۋۋال ئۆزىنى تۇتالماي قېلىپ چەينەكتىن بىر قەدەھ شاراب قۇيدى ـ دە، گۇپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر قەدەھ تولدۇرۇپ ئىچەي دەپ تۇرۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ ئىچكۈسى كېلىپ، ئىسسىتىلغان شارابقا كىشى بۇيرۇغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قولىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ لېۋىگە

يېقىن ئاپارغانىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭدىن ئىككى ئوتلام ئىچتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئىسسىتىلغان شاراب كەلتۈرۈلدى، بۇنى كۆرۈپ باۋيۈي ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شارابدان①نى ئېلىپ داستىخاندىن تۇردى، قالغانلارمۇ جايىدىن تۇرۇشتى، شۆ ھاممىمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، جيا ئانا شۇ زامان لى ۋەن بىلەن فېڭجېيىنى شارابداننى ئېلىشقا بۇيرۇپ:

— ھاماڭلار ئولتۇرسۇن، ئۇلار ئولتۇرسا ھەممەيلەن بەھۇزۇر ئولتۇرالايدۇ، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپ بىلەن شارابداننى فېڭجېيىگە بېرىپ، ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

جيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەممەيلەن ئىككى قەدەھتىن ئىچەيلى، بۇگۈن خويمۇ كۆڭۈلسىز ئىچىلىپ قالدى، — دېدى - دە، قولىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈپ شۆ ھاممىنى تەكلىپ قىلدى. ئاندىن شياڭيۈن بىلەن باۋچەيگە قاراپ، — سىلەر ئاچا - سىڭىل ئىككىڭلارمۇ بىر قەدەھتىن ئىچىڭلار، لىن دەييۈي سىڭلىڭلارغۇ ئانچە ئىچمەيتتى، ئۇنىمۇ كەچۈرمەڭلار، — دەپ، ئۆزىمۇ ئىچىپ تۈگەتتى. شياڭيۈن، باۋچەي، دەييۈيمۇ ئىچىشتى.

لىۋ موماي چېلىنىۋاتقان نەغمىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شارابنىڭ تەسىرى بىلەن بارغانسېرى كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، پۇت - قوللىرىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. باۋيۈي جايىدىن تۇرۇپ، دەييۈينىڭ قېشىغا كەلدى - دە، كۈلۈپ:

— لىۋ مومايىنىڭ ئەپتىگە قاراڭ، — دېدى.

— ئۆز زامانىسىدا، مۇقەددەس ساز② چېلىنغان ھامان بارچە

① شارابدان — شاراب ئىسسىتىلىدىغان چۆگۈن، ئىچىگە قايناق سۇ قۇيۇلۇپ ئوتتۇرىسىغا شاراب چەينىكى قويۇلىدۇ.

② مۇقەددەس ساز — رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى خاقان شۈن زامانىسىدا، كۈي ئىشلىمەك بىر سازەندە بولۇپ، ئۇ ساز چالسا پۈتۈن ھايۋانلارمۇ ئۇسسۇل ئوينايدىكەنمىش.

ھايۋان ئۇسسۇل ئوينىغانىكەن، ھازىر ئاران بىر كالا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ! — دېدى دەيىۋى كۈلۈپ.

ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى.

بىردەمدىن كېيىن نەغمە توختىدى. شۆ ھاما كۈلۈپ:

— ھەممەيلەن شارابنىمۇ خېلى ئىچتۇق، ئەمدى چىقىپ بىر ئايلىنىپ كىرىپ، يەنە ئولتۇرمايلىمۇ، — دېدى.

جيا ئانىنىڭمۇ ئايلانغۇسى بار ئىدى، شۇڭا ھەممەيلەن داستىخاندىن تۇرۇشۇپ جيا ئانىغا ئەگىشىپ تاماشىغا چىقىشتى، جيا ئانا ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇپ، ليۇ مومايىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالدى. ئۇلار تاغ ئېتىكىدىكى دەرەخ تۈۋىدە خېلى ۋاقىتقىچە تۇرۇپ قېلىشتى، مومايغا بۇ پالانى دەرەخ، ئاۋۇ پۇستانى تاش، ماۋۇ پوكۇنى گۈل دەپ چۈشەندۈرۈپمۇ قويدى. ليۇ موماي زېھىن قويۇپ بىلىۋېلىشقا تىرىشتى.

— شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىلا ئېسىل بولۇپ قالماي، ھەتتا قۇشقاچلىرىمۇ ئېسىل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىكەنمەن، — دېدى ليۇ موماي جيا ئانىغا، — بۇ قۇشقاچ ھەربىرلىرى تۇرۇۋاتقان بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن ئۇمۇ گۈزەللىشىپ، ھەتتا سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ.

— قايسى قۇشقاچ گۈزەللىشىپ، سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاپتۇ؟ — دەپ سوراشتى قېشىدىكىلەر چۈشەنمەي.

— ئاۋۇ پېشايۋاندىكى ئالتۇن قونداقتا تۇرغان ئۆزى يېشىل، تۇمشۇقى قىزىل تۇتى قۇشچۇ، — دېدى ليۇ موماي، — ئۇ ماڭا تونۇش. ماۋۇ قەپەسنىڭ ئىچىدىكى قېرى قارا قاغىنىڭمۇ بېشىغا تاج ئۈنۈپتۇ[1]، تېخى ئۇ سۆزلەشنىمۇ بىلىدىكەن!

ئۇلار بۇ سۆزلەرگە يەنە كۈلۈشتى.

بىردەمدىن كېيىن، چۆرە قىزلار كېلىپ تاتلىق

---

① تاج ئۈنۈپتۇ — بۇ يەردە ليۇ مومايىنىڭ جىگدىچى (پەيلىرى قارا، بېشىدا تاجى بار، بويىنى يېشىل، پۇتى سېرىق قۇش، كىشىنى دوراپ سۆزلىيەلەيدۇ، بۇنى «زاكچى» دەپمۇ ئاتايدۇ) قۇشنى تونۇمىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

يېمەكلىكلەردىن تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئىككى قەدەھ شاراب ئىچىۋالدىم، قورسىقىم ئاچقاندەكمۇ ئەمەس، — دېدى جيا ئانا، — مەيلى، مۇشۇ يەرگە ئەكېلىنگەنلەر، خالىغانلار ئىختىيارىچە يەۋەرسۇن.

چۆرە قىزلار ئىككى چاي شىرەسى ۋە ئىككى تاماقدان ئېلىپ كېلىشتى. تاماقداننى ئېچىپ قارىغانىدى، بىر تاماقداندا ئىككى خىل هورنان، نېلۇپەر تالقىنى بىلەن دالچىن چېچەكىدىن ياسالغان شېكەرلىك تورمەل، پىستە مېغىزى سېلىپ غاز يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان يۇتازا، يەنە بىر تاماقداندا ياغدا ئىككى خىل پىشۇرۇلغان تاماق بولۇپ، بىر خىلى چوڭلۇقى بىر سۇڭ كېلىدىغان جۇۋاۋا ئىكەن.

— بۇنىڭ قىيمىسى قانداق؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— قىيمىسى قىسقۇچپاقا گۆشىدىن قىلىنغان، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خىزمەتكار ئاياللار.

— شۇ تاپتا بۇنداق ياغلىق نېمىنى كىمنىڭ يېگۈسى كېلىدۇ! — دېدى جيا ئانا قاپىقىنى تۈرۈپ.

يەنە بىر خىلى سېرىق ياغدا پىشۇرۇلغان ئۇششاق بوغۇرساق ئىدى، بۇمۇ جيا ئانىغا ياقماي، شۆ خانىمنى يەپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. شۆ خانىما تۈرمەلدىن بىرلا پارچە ئالدى، جيا ئانا يۇتازىدىن بىرنى ئېلىپ تېتىپ بېقىپلا، قالغىنىنى چۆرە قىزغا بېرىۋەتتى.

ليۇ موماي هېلىقى ئۇششاق بوغۇرساقلارنىڭ خىلمۇخىل گۈل چىقىرىلىپ ناهايىتى چىرايلىق ئېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مودەنگۈل نۇسخىسىدىكىدىن بىرنى ئالدى ـ دە، كۈلۈپ:

— بىزنىڭ يېزىدا ئەڭ ماهىر قىزلار قەغەزدىنمۇ قايچا بىلەن بۇنچىلىك قىيىپ چىقىرالمايدۇ! مېنىڭ بۇنى يېگۈم كېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يېيىشكە كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇنى ماڭا بەرسەڭلار، ئۆيۈمگە ئاز راق ئالغاچ كېتىپ، ئۇلارغا گۈل نۇسخىسى قىلىش ئۈچۈن بەرسەم بولغۇدەك، — دېدى.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— ئۆيۈڭگە قايتىشىڭدا بىر جانان كورىغا قاچىلىتىپ بېرىمەن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ھازىر ئىسسىقتا يەۋالغىن.

باشقىلارمۇ ئۆزى يارىتىپ يەيدىغانلىرىدىن بىر - ئىككى خىلىنى ئېلىپلا بولدى قىلىشتى. ليۇ موماي بۇنداق نەرسىلەرنى يەپ باقمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئەپچىل، چىرايلىق ئېتىلگەچكە، ئىلغاپ ئولتۇرماستىن، بەئەينى بىلەن ئىككىسى ھەر خىلىدىن يەپ كۆرۈپ، بىردەمدىلا تەخسىنىڭ يېرىمىنى قۇرۇقداپ قويدى. قېلىپ قالغانلىرىنى فېڭجيې ئىككى تەخسە قىلىپ، ئۇنى بىر تاماقدانغا سالدۇرۇپ، ۋېنگۈەن قاتارلىق ئويۇنچى قىزلارغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

شۇ ئەسنادا، ئېمىكئانا داجيېرنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ھەممەيلەن بۇ قىزچاقنى بىردەم ئەركىلىتىشتى. داجيېر يۇزى①نى تۇتۇپ ئويناپ تۇراتتى. ئۇ بەنئېرنىڭ قولىدىكى بەرغەمۇتنى كۆرۈپ قېلىپ تالاشتى. دېدەكلەر ئالداپ بەنئېردىن ئېلىپ بەرگۈچە داجيېر تاقەت قىلالماي يىغلىۋەتتى. بۇ يەردىكىلەر دەرھال يۇزىنى بەنئېرگە بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بەرغەمۇتنى ئالداپ ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن توختىدى. بەنئېر بەرغەمۇتنى خېلى ئۇزاق ئوينىغاچقا، خۇش پۇراق ھەم يۇمىلاق يۇزىنى كۆرۈپ، ئۇبدان ئويۇنچۇق ئىكەن دەپ شۇنىڭغا قىزىقىپ، بەرغەمۇتتىن ۋاز كېچىپ يۇزىنى تېپىپ ئويناشقا كىرىشتى.

جيا ئانا چاي ئىچىپ بولۇپ، ليۇ مومايىنى باشلاپ يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا كەلدى. بۇلارنى مياۋيۈي ئالدىغا چىقىپ باشلاپ كىردى. ھەممەيلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، گۈللەر بىلەن دەرەخلەر تازا باراقسان بولۇپ

① يۇزى — غازاڭ بولمايدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى، جۇزىدىن چوڭراق، سۇلۇق، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ، «ۋېندەن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

www.uyghurkitap.com

كېتىپتۇ.

— بۇلارنىڭ زاھىدلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا، دەرەخلەرنى دائىم پۇتاپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرغاچقا، باشقا جايلارغا قارىغاندا بۇ يەر تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ قاپتۇ.

شۇ گەپ بىلەن، جىيا ئانا ئۇدۇل شەرق تەرەپتىكى ئېتىكاپخانىغا قاراپ ماڭدى. مياۋيۈي ئۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلغانىدى، جىيا ئانا:

— بىز يېڭىلا شاراب ئىچىپ، گۆش يەپ قويغانىدۇق، سېنىڭ بۇ خاناڭدا بۇدساتۋا بار، ئىچكىرى كىرسەك گۇناھ بولىدۇ، بىز مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى. ئوبدان چېيىڭدىن ئەكەلسەڭ، بىر پىيالە ئىچىپ كەتسەكلا بولدى، — دېدى.

باۋيۈي مياۋيۈينىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ تۇردى. مياۋيۈي يەسمەن نەقىش قىلىنىپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن «بۇلۇتتا پەرۋاز قىلغۇچى ئەجدىھا ئۇزۇن ئۆمۈر بېغىشلىغاي» دېگەن كىچىك خونچىغا چېڭخۇا زامانىسىدا[1] ئىشلەنگەن كىچىك قاپقاقلىق رەڭدار پىيالىنى قويۇپ، جىيا ئانىغا ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتتى.

— مەن ليۇئەن[2] چېيىنى ئىچمەيمەن، — دېدى جىيا ئانا.

— بىلىمەن، — دېدى مياۋيۈي كۈلۈپ، — بۇ پېشۋا قېشى[3] دېگەن چاي.

— سۈيى قانداق؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا پىيالىنى قولىغا

---

[1] چېڭخۇا زامانىسى — مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا يىللىرى (1465 — 1487) خانلىق خۇمداندا ئىشلەنگەن جانان چىنە.

[2] ليۇئەن — ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى بىر ناھىيەنىڭ ئىسمى، كۆك چېيى بىلەن مەشھۇر.

[3] «پېشۋا قېشى» — پەمىل چاينىڭ نامى، كۆرۈنۈشىدىن ليۇئەندىن چىقىدىغان ئۇشنىگە ئوخشايدۇ، ئۇزۇن قاشتەك بولىدۇ. «پېشۋا قېشى» دېگەن ئىبارىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دېگەن مەنە بار (ئېيتىلىشىچە، پېشۋا لاۋزى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن، قاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىمۋولى ئىكەن).

ئېلىپ.
— كوزىدا دۈملەپ تىندۇرۇلغان بولتۇرقى يامغۇر سۈيى، — دېدى مياۋيۈي.
جيا ئانا يېرىم پىيالە ئىچىپ، قالغىنىنى ليۇ مومايغا سۇندى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— سەنمۇ بۇ چاينى ئىچىپ تېتىپ باق، — دېدى.
ليۇ موماي بىر ئوتلاپلا ئىچىپ تۈگىتىۋەتتى، ئاندىن كۈلۈپ:
— ياخشىلىقىغۇ ياخشى ئىكەن، ئەمما سۇسراق دەملىنىپ قاپتۇ ! قېنىقراق دەملەنگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن، — دېدى.
جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن قالغانلارمۇ خانلىق خۇمدان[①]دا ئىشلەنگەن سىلىق قاپارتما توپچا گۈللۈك، قاپقاقلىق ئاق چىنىلەردە چاي ئىچىشتى.
مياۋيۈي باۋچەي بىلەن دەييۈينىڭ ئېتەكلىرىنى تارتىپ قويۇۋىدى، بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاشقىرىغا چىقتى. باۋيۈي تۇيدۇرماستىن بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. قارىسا، مياۋيۈي بۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ يان ئۆيىگە باشلاپ كىردى. باۋچەي كاتقا ئولتۇردى، دەييۈي ئادەتتە مياۋيۈي ئۆزى ئولتۇرىدىغان يۇمىلاق مىسىل تۆشەككە ئولتۇردى. مياۋيۈي ئۆزى يەل ئوچاقتا سۇ قاينىتىپ، ئايرىم بىر چەينەك چاي دەملەپ كەلدى. باۋيۈي ئاستا كىرىپ:
— سىلەرزە ئۆزىگە خاس چايدىن ئىچمەكچى بوپسىلەر - دە ! — دېدى كۈلۈپ.
— سىزمۇ چايدىن قۇرۇق قالماي دەپ كىرىپسىز - دە، — دېدى باۋچەي بىلەن دەييۈي ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ، — بۇ يەردە

① خانلىق خۇمدان — شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە بېيەنجۇ (خېنەن ئۆلكىسىدىكى كەيفېڭ) دا، جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە خاڭجۇدا قۇرۇلغان خانلىق خۇمدانلار. بۇ يەردە ئېيتىلغىنى ئېھتىمال چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى زامانىسىدىكى خۇمدان بولسا كېرەك.

سىز ئىچىدىغان چاي يوق.

مياۋيۈي پىيالە ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر راھىبە خېنىملار چاي ئىچىشكەن بايىقى پىيالىلەرنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. مياۋيۈي دەرھال:

— ھېلىقى چېڭخۇا پىيالىسىنى ئەكىرمە، تاشقىرىدا قويۇپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى.

باۋيۈي پىيالىدە لىيۇ موماي چاي ئىچكەنلىكىدىن، مىياۋيۈي ئۇنى مەينەت بولۇپ قالدى دەپ ئالغۇسى كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن مياۋيۈي باشقا ئىككى پىيالە ئېلىپ كەلدى، بىرى قۇلاقلىق، ئۇستىگە ئاددىي نۇسخىدا «قاپاق جام»① دېگەن خەت ئويۇلغانىدى، ئارقا تەرىپىدە رەسمىي يازما نۇسخىدا ئۇششاق قىلىپ «ۋاڭ كەي②نىڭ ئېسىل ئويۇنچۇقى» دېگەن خەت، ئاندىن يەنە «سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭ بەشىنچى يىلى تۆتىنچى ئايدا مېيشەنلىك سۇشى بۇ جامنى ھۇمايۇن كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن»③ دېگەن ئۇششاق خەتلەر پۈتۈلگەنىدى. مياۋيۈي بۇ جامغا چاي قۇيۇپ باۋچەيگە تۇتتى. يەنە بىرى پاترا④ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك پىيالە بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئاسما ئۇنچىدەك كونىچە يازما نۇسخىدا «چېكىتلىك كەركىدان ئاياغ»⑤ دېگەن خەت ئويۇلغانىدى. مياۋيۈي

---

① قاپاق جام — قاپاق چۈشۈۋاتقاندا قەدىمكى جام شەكلىدىكى قېلىپنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، جام شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن قاپاق.

② ۋاڭ كەي — جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇڭخەي (ھازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى تەنچېڭ) لىق ئاتاقلىق بىر باي.

③ يۈەنفېڭ — سۇڭ سۇلالىسىدىن شېنزۇڭ خانىنىڭ يىل نامى: يۈەنفېڭ 5 - يىلى مىلادىيەنىڭ 1082 - يىلى؛ سۇشى — يەنى سۇدۇڭپو (1036 — 1101) سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى مېيشەن دېگەن يەردىن بولۇپ، كۇڭزى - مېڭزى يولىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان مۇتەئەسسىپ؛ ھۇمايۇن كۇتۇپخانىسى — دۆلەتنىڭ كىتاب - يادىكارلىقلارنى ساقلايدىغان ئورگىنى.

④ پاترا — قەدىمكى دەۋردە راھىبلار غىزا يەيدىغان تېگى تۈز، ئاغزى كىچىكرەك يېيسى ئاياق.

⑤ «چېكىتلىك كەركىدان ئاياغ» — كەركىدان مۈڭگۈزىدىن ياسالغان پىيالە، كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ توغرا كېسىك يۈزىدە ئاق چېكىتلىرى بولىدۇ.

بۇ ئاياغقا چاي قۇيۇپ دەييۇيگە تۇتتى. ئاندىن ئادەتتە ئۆزى چاي ئىچىدىغان يېشىل قاشتاش پىيالىگە چاي قۇيۇپ باۋيۇيگە تۇتتى.

— ئادەتتە «بۇددا قانۇنىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېيىلىدۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — بۇ ئىككىسى قەدىمكى ئاجايىپ ئېسىل جاملاردا چاي ئىچسە، مەن ئادەتتىكى قاچىدا ئىچىدىكەنمەن ـ دە!

— بۇ ئادەتتىكى قاچىمىكەن؟ — دېدى مياۋيۇي، — سىلەرنىڭ خانىدانىڭلاردىمۇ مانا مۇشۇنىڭدەك ئادەتتىكى قاچا تېپىلماس دېسەم يوغان گەپ قىلغان بولمايمەن!

— بىر ماقالىدا «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دەپتىكەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — سىزنىڭ خانىڭىزغا كەلگەندىن كېيىن، مۇنداق ئالتۇن ـ گۆھەردەك نەرسىلەرنىمۇ پۇتۇنلەي ئادەتتىكى قاچىلار قاتارىدا كۆرىمەن ـ دە.

مياۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئاندىن توققۇز چەمبىرەك بولۇپ تۇگۈلۈپ ياتقان بىر يۇز يىگىرمە بوغۇملۇق ئەجدىھا سۈرىتى سىيلىنىپ، بامبۇك يىلتىزىدىن ئويۇلغان چوڭ ئاياقنى ئالدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ بىرسىلا قاپتۇ، بۇ بىر ئاپقۇرنى ئىچىپ كېتەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىچەلەيمەن، — دېدى دەرھال باۋيۇي خۇشال بولۇپ.

— ئىچەلەيمەن دېگىنىڭىز بىلەن، سىز زايە قىلىدىغانغا ئۇنچىلىك چايمۇ يوق، — دېدى مياۋيۇي كۈلۈپ، — «بىر پىيالە ئىچمەك پەزىلەت، ئىككى پىيالە ئىچمەك ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ھاماقەتلىك، ئۈچ پىيالە ئىچمەك ئېشەك سۇغارغانلىق» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇ؟ سىز بۇ ئاپقۇردا ئىچىپ نېمە بولاي دەيسىز؟

بۇ گەپ بىلەن باۋچەي، دەييۇي، باۋيۇي ئۈچى تەڭ كۈلۈشتى. مياۋيۇي چەينەكنى ئېلىپ، ئاپقۇرغا پەقەت بىر پىيالىچە چاي قۇيۇپ بەردى. باۋيۇي ئاز ـ ئازدىن ئوتلاپ ئىچىپ، بۇ چايدىن ھەقىقەتەن چەكسىز ھۇزۇرلىنىپ مەززە قىلدى ـ دە، ئاغزى ـ

www.uyghurkitap.com

ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. مياۋيۈي سىپايىلىك بىلەن:

— سىز بۇ چاينى مۇنۇ ئىككىيلەننىڭ شاراپىتىدىن ئىچىپ قالدىڭىز، ئەگەر يالغۇز كەلگەن بولسىڭىز، سىزگە قۇيۇپ بەرمىگەن بولاتتىم، — دېدى.

— بۇنى ئوبدان بىلىمەن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەنمۇ سىزدىن مىننەتدار بولماي، مۇشۇ ئىككىسىگىلا رەھمەت ئېيتسام بولدى.

— بۇمۇ چۈشىنىشلىك، — دەپلا قويدى مياۋيۈي.

— بۇ چايمۇ بۇلتۇرقى يامغۇر سۈيىدىن قاينىتىلغانمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى دەيۈي.

مياۋيۈي سوغۇققىنا كۈلۈپ:

— سىز مۇشۇنداق ئېسىلزادە قىز تۇرۇقلۇق، ھەتتا سۇنىمۇ تېتىپ پەرق ئېتەلمەيدىغان چاكىنىلاردىن بولۇپ قالغىنىڭىزنى قاراڭ! مەن بەش يىل بۇرۇن شۈەنمۇ تېغى①دىكى پەنشياڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرغان چېغىمدا، مېيخۇا گۈللىرىگە چۈشكەن قارلارنى يىغىپ، ئاران قارا گۈللۈك كوزىدا لىق سۇ يىغقان. بۇنى ئىچىشكە كۆزۈم قىيماي، كوزىنى يەرگە كۆمۈپ قويغانىدىم، بۇ يىل يازدىلا ئاچتىم. مەن پەقەت بىر قېتىملا ئىچتىم، بۇ ئىككىنچى قېتىمقىسى. نېمىشقىمۇ تەمىنى بىلەلمىگەنسىز؟ بۇلتۇرقى تىندۇرۇلغان يامغۇر سۈيى مۇشۇنداق سۈزۈك، ساپ بولامدۇ؟ ئۇنى قانداقمۇ ئىچكىلى بولسۇن!

باۋچەي مياۋيۈينىڭ مىجەزى غەلىتە ئىكەنلىكىنى، كۆپ سۆزنى خالىمايدىغانلىقىنى، مېھمانلار ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالسا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا چاينى ئىچىپ بولۇپلا دەيۈيگە ئىشارەت قىلدى ـ دە، چىقىپ كېتىشتى. شۇ ئارىدا باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ مياۋيۈيگە قاراپ:

① شۈەنمۇ — سۈجۇدىكى بىر تاغ، بۇنى دېڭۋېي تېغى دەپمۇ ئاتايدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شەرقىي جىن دەۋرىدىكى يۈي تەيشۈەن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، شۈەنمۇ تېغى (تەيشۈەن قەبرىسى) دەپ ئاتالغانىكەن.

— بايىقى پىيالە مەينەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسىڭىز زايە كەتمەمدۇ؟ مېنىڭچە، بايىقى كەمبەغەل ئائىلىگە بەرسەڭ، ئۇ سېتىپ كۆنىنى ئۆتكۈزسىمۇ بولىۋېرەتتى. قانداق دەيسىز؟

مىياۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرئاز ئويلاندى - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بۇمۇ بولىدۇ. خەيرىيەت، ئۇ پىيالىدە چاي ئىچمىگەنىدىم، ئەگەر چاي ئىچىپ قويغان بولسام ئۇنىڭغا بەرمەي چېقىۋەتكەن بولاتتىم. سىز بەرمەكچى بولسىڭىز مەيلى، ئۆزىڭىز ئاپىرىپ بېرىڭ، تېزرەك ئەكېتىڭ، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — سىز ئۇ موماي بىلەن سۆزلىشىپ يۈرەتتىڭىزمۇ؟ بولمىسا سىزگە مەينەتچىلىك يۇقۇپ قالىدۇ - دە. ئۇنىڭدىن ماڭىلا تاپشۇرغىنىڭىز بولدى.

مىياۋيۈي چىنىنى ئەكەلدۈرۈپ باۋيۈيگە بەردى. باۋيۈي ئېلىپ يەنە:

— بىز قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە مالاي بالىنى بۇيرۇسام، دەريادىن بىرنەچچە سوغا سۇ ئەكېلىپ، بۇ ئۆينىڭ تېگىنى يۇيۇپ بەرسە قانداق؟ — دېدى.

— بۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى مىياۋيۈي كۈلۈپ، — سىز ئۇلارغا تاپىلاپ قويۇڭ، سۇنى ئەكېلىپ دەرۋازا تېشىدىكى تامنىڭ تۈۋىدە قويۇپ قويسۇن، دەرۋازىدىن كىرگۈچى بولمىسۇن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە، — دېدى باۋيۈي، ئاندىن ھېلىقى پىيالىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە ئۇنى جيا ئانىنىڭ ئۆيىدىكى بىر چۆرە قىزغا بېرىپ:

— ئەتە لىيۇ موماي ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا شۇنىڭغا بەرگىن، ئۆيىگە ئەكېتىپ ئىشلەتسۇن، — دېدى.

ئېنىق جېكىلەپ بولۇپ تۇرۇشىغا، جيا ئانىمۇ بۇ يەردىن

چىقىپ كېتىشكە ھازىرلانغانىدى. مياۋىيۈيىنىڭ ئۈنى تۈتۈپ قالغۇسى كەلمەي، دەرۋازىغىچە ئۈزۈلمەي قويۇپ قايتىپ كىردى ـ ده، دەرۋازىنى تاقىدى. بۇ سۆز شۇ يەردە قالسۇن.

جيا ئانا ئۆزىدە ھارغىنلىق سېزىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يىڭچۈن ۋە ئۈنىڭ ھەمشىرىلىرىنى شۇ ھامما بىلەن ئۇلپەت بولۇپ شاراب ئىچىشىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى خۇشبۇي شالزارلىقتا بېرىپ ئارام ئالماقچى بولدى. فېڭجيې دەرھال بامبۇكتىن ياسالغان ئورۇندۇقسىمان كىچىك تەختىراۋاننى ئەكەلدۈردى، جيا ئانا بۇنىڭغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى خىزمەتكار ئايال كۆتۈرۈپ ماڭدى. فېڭجيې، لى ۋەن ۋە بىر توپ دېدەك، ئايال خىزمەتكارلار ئەتراپىدا ئەگىشىپ ماڭدى. بۇ سۆز شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

بۇ چاغدا شۇ ھاممىمۇ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋېنگۈەن قاتارلىق ئويۇنچى قىزلارنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئاندىن تاماقدانىدىكى ئېشىپ قالغان تاماقلارنى دېدەكلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۆزىمۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ، بايا جيا ئانا ئولتۇرغان كاتقا قىڭغايدى، بىر دېدەكنى پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، پۇتىنى تۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن بۇ دېدەككە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالسا مېنى ئويغىتىپ قوي، — دەپ تاپىلاپ، شۇ قىڭغايغىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

باۋيۈي بىلەن شياڭيۈنلەر دېدەكلەرنىڭ تاماقداننى تاش تاغنىڭ ئېتىكىدە قويۇپ، بەزىسى تاش تاغنىڭ ئۈستىدە، بەزىسى چىمەنلىكتە، بەزىسى دەرەخكە يۆلىنىپ، بەزىسى سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنلىكىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. بىردەمدىن كېيىن يۈەنياڭمۇ كەلدى، ئۇ لىيۇ مومايىنى تاماشا قىلدۇرماقچى بولۇپ يېتىلىۋالغانىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ھەممەيلەن

كۇلكە ـ چاقچاق قىلىش ئۇچۇن ئەگىشىپ ماڭدى.
كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار مۇلاقاتگاھنىڭ پەيلۇسى تۈۋىگە كېلىپ قېلىشتى.
ــ ۋىيەي ! بۇ يەردىمۇ چوڭ بۇتخانا بار ئىكەنغۇ ! ــ دېدى ليۇ موماي ۋە شۇ زامانلا تىزلىنىپ يەرگە باش قويۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ تولغىنىپ كەتتى.
ــ نېمىگە كۇلىسىلەر؟ ــ دېدى ليۇ موماي، ــ مەن بۇ پەيلۇدىكى خەتلەرنى تونۇيمەن، بىزنىڭ يېزىدا بۇنداق بۇتخانىلار ناھايىتى كۆپ. ھەممىسىنىڭ مۇشۇنداق پەيلۇلىرى بار. ئۇ خەتلەر بۇتخانىنىڭ ئىسمى.
ــ بۇ قايسى بۇتخانا، بىلەمسىز؟ ــ دېدى ئۇلار كۇلۇشۇپ.
ليۇ موماي يۇقىرىغا قاراپ خەتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:
ــ بۇ «تەڭرى ئىگەم خانىقاسى» ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.
ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇنى يەنە كۇلكە قىلىشماقچى بولۇۋىدى، ليۇ موماي قورسىقىنىڭ غولدۇرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىر دېدەكنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، قەغەز سورىدى ۋە ئالدىراپ كۆڭلىكىنى قايرىپ ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، بۇ يەردىكىلەر يەنە كۇلۇپ:
ــ بۇ يەر بولمايدۇ ! ــ دەپ ۋارقىرىشىپ، دەرھال بىر خىزمەتكار ئايالنى بۇيرۇدى. ئۇ ليۇ مومايىنى باغنىڭ شەرقىي شىمال بۇلۇڭىغا باشلاپ ماڭدى. ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزى ئارام ئېلىش ئۇچۇن غىپپىدە تىكىۋەتتى.
ليۇ موماي ئازراق شاراب ئىچىپ قويغاچقا، مىجەزىگە سىرىق ھاراق ياقماي قالغانىدى، يەنە كېلىپ بىرمۇنچە ياغلىق غىزا يەۋەتكەچكە، ئۇسساپ كېتىپ بىرنەچچە چىنە چاينى ئارتۇق ئىچىۋەتكەنىدى، شۇڭا ئىچى سۇرۇپ كەتتى. ئۇ خېلىغىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىچىنى بوشىتىپ بولدى. ھاجەتخانىدىن چىقىشىغا شامال تېگىپ كەيپىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ ياشىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالغاچقا، ئۇزاق زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرغانلىقتىن، كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى قېيىپ يولنى ئىلغا قىلالمىدى، ئەتراپىغا قارىسا، ھەممە يەردە دەل ـ دەرەخ، سۇئىيى تاغلار، راۋاقلار، ھۇجرا ـ ئايۋانلار كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېلىقى يەرگە قايسى يول بىلەن بارىدىغانلىقىنى بىلەلمەستىن، تەۋەككۇل قىلىپ شېغىل يېيىتىلغان يول بىلەن ئاستا كېتىۋەردى. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىكنى تاپالماي، بىر ھازاغىچە ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىردىنلا بامبۇك قاشاغا كۆزى چۈشتى، كۆڭلىدە: «بۇ يەردىمۇ پۇرچاق بارىكى بار ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلاپ، گۈل ياماشقان قاشانى بويلاپ مېڭىۋېرىپ، كېمىر بىر ئىشىكنى تاپتى. ئىچكىرى كىرىشى بىلەنلا يەتتە ـ سەككىز چى كەڭلىكتىكى كۆلگە توغرا كېلىپ قالدى. كۆلنىڭ قىرغىقى تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۈيى ئۆركەشلەپ تۇراتتى، ئۇستىگە كۆۋرۈك ئۇچۇن ئاق مەرمەر تاش ئارتىلدۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ليۇ موماي تاشتىن ئۆتۈپ شېغىللىق كۆتۈرمە يول بىلەن ماڭدى. ئۇ ئىككى بۇرىلىشتىن ئايلىنىپ يەنە بىر ئۆينى كۆردى. ئىشىكتىن كىرىشكە ئالدىغا بىر قىز بالا تەبەسسۇم بىلەن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ليۇ موماي دەرھاللا كۈلۈمسىرەپ:

— خان قىزلار مېنى تاشلاپ كېتىشتى، مەن دوقۇرۇپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دېدى. قارىسا، قىز ھېچ جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋىدى، تاختاي تامغا «دۈك» قىلىپ ئۇسۇۋېلىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. موماي سىنچىلاپ قارىسا، بۇ رەسىم ئىكەن. ليۇ موماي ئىچىدە: «رەسىممۇ مۇشۇنداق بۆرتۈپ چىقىدىكەن ـ ھە» دەپ ئويلىنىپ قېلىپ، يەنە سەپسېلىپ قاراپ، قولى بىلەن سىلاپ بېقىۋىدى، ناھايىتى سىلىق ئىكەن، موماي بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر كىچىك ئىشىك تۇرۇپتۇ، ئىشىككە ياپپېشىل چاچما گۈللۈك نېپىز پەردە تارتىلغانىكەن.

ليۇ موماي پەردىنى قايرىپ ئىچكىرى كىرىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. تۆت تامنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ نەقىشلەنگەن بولۇپ، قالۇن، خەنجەر، لوڭقا، ئاتەشدانلار تامغا چاپلاپ قويغاندەك تۇراتتى. ئۆيئىچى تاۋار - دۇردۇن بىلەن قاپلىنىپ، ئالتۇن - گۆھەردەك چاقناپ تۇراتتى، ھەتتا يەرگە ياتقۇزۇلغان يېشىل سىرلىق كاھىشلارمۇ گۈللۈك نەقىشلىرى بىلەن ۋاللىداپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن مومايىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتەي دەپ ئىشىكنى ئىزدىدى. بۇ ھالدا ئۇ ئىشىكنى تاپالامتى؟ سول تەرەپتە كىتاب جاۋىنى، ئوڭ تەرەپتە شىرمەل تۇراتتى. شىرمەلنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئىشىكنى ئەمدىلا تېپىۋىدى، قارىسا، بىر قېرى موماي تاشقىرىدىن ئۇدۇل كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. ليۇ موماي ھەيران قېلىپ: بۇ كېلىۋاتقان ئانام بولمىغاي؟ دېگەن ئوي بىلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— سەنمۇ كەلگەنمۇ! — دەپ سورىدى ئۇ، — بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مېنى ئۆيگە قايتمىدى دېگەن چېغىڭ بار. مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭنى قارىمامدىغان بۇنىڭ! سېنى قايسى خان قىز باشلاپ كىردى؟

ليۇ موماي ھېلىقى قېرى ئايالنىڭ بېشىغا قىسىۋالغان گۈللەرنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى:

— سەن ھېچ ئىش كۆرمىگەن نېمە ئىكەنسەن! بۇ يەردىكى گۈللەرنى چىرايلىق كۆرۈپ بىر بېشىڭغا شۇنچىۋالا قىسىۋاپسەن - دە! — ئۇ ئايال جاۋاب بەرمەستىن كۈلۈپلا تۇراتتى. ليۇ موماي ئىزا تارتقۇزۇش ئۈچۈن قولىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇزارتقانىدى، ئۇمۇ قولىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئاخىر ليۇ موماي قولى بىلەن سىيپاپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ يۈزى مۇزدەك ھەم قاتتىق بىلىندى. ليۇ موماي قورققىنىدىن ئارقىسىغا داجىدى ۋە شۇئانلا كاللىسىغا: «باي - ئېسىلزادىلەرنىڭ ئۆيىدە كىيىم كىيگەندە

www.uyghurkitap.com

قارايدىغان بىر خىل ئەينەكنى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ ئەينەكتىكى مەن ئۆزۈم بولۇپ چىقماي يەنە؟» دېگەن پىكىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى يەنە ئۇزىتىپ سىلاپ بېقىپ يەنە سىنچىلاپ قارىۋىدى، بۇ تۆت تەرىپى نەقىش قىلىپ ئويۇلغان تاختاي تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلگەن ئەينەك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ليۇ موماي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ، ئۆزىگە ئۆزى:

— ئەمدى بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتەرمەن؟ — دېدى.

ئۇ قولى بىلەن تامنى يەنە سىيپىلىغانىدى، تۇيۇقسىز «تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يەنە قورقىنىدىن كۆزلىرى ئىختىيارسىز چەكچىيىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ئەينەككە ئۆزى ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان پەنەرلىك پەرەڭ قۇلۇپى ئورنىتىلغانىدى، ليۇ موماي ئوڭ - تەتۈر سىلاۋەرگەچكە، قولى تېگىپ كېتىپ، ھېلىقى پەنەرلىك قۇلۇپ داڭ ئۇرۇپ ئېچىلدى - دە، ئەينەك يېپىلىپ، ئىشىك كۆرۈندى.

ليۇ موماي چۆچۈپ كېتىپ، كېيىن يەنە خۇشال بولدى. ئىشىكتىن چىقىشىغا، ناھايىتى ئېسىل چىمىلدىق تۇتقان بىر كارىۋات كۆرۈندى. شۇ تاپتا خېلىلا مەست ھەم مېڭىۋېرىپ ھېرىپ كەتكەچكە، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالاي دېگەنىدى، لېكىن ھېچ مادارى قالمىغانلىقتىن، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى - دە، قىڭغىيىشى بىلەنلا كارىۋاتقا يىقىلىپ ئۇخلاپ قالدى.

خىزمەتكارلار شۇنچە كۈتسىمۇ ئۇ يېنىپ كەلمىدى، بەنئېر چوڭ ئانىسىنى يوقىتىپ قويغاچقا، قورقۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۇ ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە؟ — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن، — بىر كىمنى ئەۋەتەيلى، قاراپ كەلسۇن.

ئىككى خىزمەتكار ئايال ئىزدەشكە ئەۋەتىلگەنىدى، ئۇلار بىر دەمدىن كېيىن «يوق» دەپ قايتىپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن دىققەت بولۇشتى، شىرېنىنىڭ خىيالىغا كېچىپ:

— ئۇ چوقۇم مەست بولۇپ قېلىپ يولدىن ئېزىپ قالغان - دە، مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋېرىپ، بىزنىڭ ئارقا هويلىغا كىرىپ قالغان گەپ. گۈللۈك قېشىدىن ئۆتۈپ ئارقا ئىشىكتىن كىرگەن بولسىغۇ، بىزنىڭ چۆرە قىزلارغا ئۇچرىغان بولاتتى، مۇبادا ئۇ يەردىن ئۆتمەي، غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كېتىۋەرگەن بولسا، ئۇ چاغدا شۇ يەرنى چۆرگۈلەپ يۈرىۋېرىدۇ. مەن بېرىپ قاراپ باقاي، — دەپ قويۇپلا ئارامبەخش هويلىغا يېتىپ كەلدى. هويلىغا كىرىپ خىزمەتكارلارنى چاقىرسا، هېچكىم يوق. چۆرە قىزلار ئويۇنغىلى غىپپىدىلا چىقىپ كېتىشكەن ئوخشايدۇ.

شىرىن ئۆيگە كىرىپ نەقىشلىك دەرپەردىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشىگە، هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك خورەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ دەرهال ئىچكىرى كىرىۋىدى، ئۆينىڭ ئىچى هاراقنىڭ پۇرىقى ۋە ئوسۇرۇقنىڭ سېسىقى بىلەن بىخسىپ كېتىپتۇ، قارىسا، ليۇ موماي كارىۋاتتا پۇت - قوللىرىنى ئالچاڭ - بۇلچاڭ قىلىپ ئۇخلىسىغا يېتىپتۇ. شىرىن بۇ هالدىن خېلىلا چۆچۈپ، دەرهال كېلىپ ئۇنى جان - جەهلى بىلەن سىلكىپ ئويغىتىشقا باشلىدى. ليۇ موماي چۆچۈپ ئويغىنىپ، شىرىننى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆمىلەپ قوپۇپ:

— خېنىم، مەن ئۆلەي! هەرنېمە بولسىمۇ، كارىۋاتنى مەينەت قىلىپ قويماپتىمەن! — دېدى ۋە قولى بىلەن كارىۋاتنى قېقىپ تازىلاشقا باشلىدى. شىرىن باۋيۈي بىلىپ قالسا بىئارام بولمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن، قولىنى چايقاپ، مومايغا گەپ قىلماسلىقنى ئۇقتۇردى. ئاندىن شۇ يەردە تۇرغان چوڭ داڭقانغا ئۈچ - تۆت تال خۇشبۇي كۆجىنى سېلىپ، قاپقىقىنى يېپىپ قويدى. شىرىن ئۇنىڭ قۇسۇۋەتمىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى، شۇڭا ئاستا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— هېچقىسى يوق، مانا مەن بار. يۈرۈڭ، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، — دېدى.

ليۇ موماي خوش دەپ شىرىنگە ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار چۆرە

قىزلارنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن، شىرىن لىۇ موماينى ئولتۇرغۇزۇپ:

— قايتىپ بارغاندا «مەستلىكتە تاغ ئېتىكىدىكى تاشتا يېتىپ قېلىپ ئازراق ئۇخلاپ قاپتىمەن» دېسىڭىز ئىش تۈگەيدۇ، — دەپ گەپ ئۆگىتىپ قويدى.

— ئوبدان، — دېدى لىۇ موماي ماقۇل بولۇپ.

ئاندىن مومايغا ئىككى پىيالە چاي ئىچۈرۈۋىدى، مەستلىكى خېلىلا يېشىلىپ، سورىدى:

— بايىقى ھۇجرا قايسى خېنىمنىڭ ھۇجرىسى؟ ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەن! مەن جەننەتكە كىرىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم.

شىرىن پىسسىڭىدە كۈلۈپ:

— ئۇچۇ، باۋيۈي غوجامنىڭ ھۇجرىسى! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىۇ موماي قورقىنىدىن زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. شىرىن ئۇنى باشلاپ ئالدى تەرەپ بىلەن ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردىكىلەرگە:

— ئوتلاقنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قاپتىكەن، شۇ يەردىن ئەكەلدىم، — دېدى.

كۆپچىلىك ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەي، بوپتۇ قىلىشتى.

بىردەمدىن كېيىن جيا ئانا ئويغاندى. خۇشبۇي شالزارلىقتا كەچكى تاماق تارتىلدى. جيا ئانا ھېرىقىپ ئېرىنىپ قالغانلىقتىن، تاماقمۇ يېمەي، بامبۇكتىن ياسالغان ئورۇندۇقسىمان كىچىك تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ شۇ يەردە ئارام ئالماقچى بولدى، فېڭجيېگە سىلەر تاماقىڭلارنى يەۋېرىڭلار دەپ بۇيرۇدى. فېڭجيې ۋە باشقا ھەمشىرىلەر ئاندىن باغقا قايتىپ كىرىشتى. ئەمدى نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

# قىرىق ئىككىنچى باب

## ئاسارون بانۇنىڭ دىلكەش سۆزلەر بىلەن شۈبھىلىك تۈگۈننى يەشكەنلىكى
## بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ خۇشخۇي چاقچاق بىلەن گەپنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرگەنلىكى

جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەتكەندىن كېيىن، ھەمشىرىلەر يەنە باغقا قايتىپ كىرىپ تاماققا ئولتۇرۇشتى. لىيۇ موماي بەنئېرنى يېتىلەپ ئاۋۋال فېڭجېيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەتە ئەتىگەندە ئۆيۈمگە قايتىپ كېتەي دەيمەن. بۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرغان بولسامۇ، بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتمۈشۈمدىن تارتىپ شۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردۈم، يەپ باقمىغان نەرسىلەرنى يېدىم، ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچام، خان قىزلار، ھەتتا ھەرقايسى ئۆيلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان قىزلارمۇ مەندەك بىر كەمبەغەل قېرى مەزلۇمغا قەۋەتلا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ مەندىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. بۇ دورەم قايتىپ بارغىنىمدا، ھەربىرلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا باشقا جەھەتتىن جاۋاب ياندۇرالىغۇچىلىكىم يوق، پەقەت ئېسىل كۈجىدىن بىر ئاز سېتىۋېلىپ، ھەركۈنى دېگۈدەك ھەربىرلىرىنىڭ ھەققىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، بۇددا ئىگەمدىن ھەربىرلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشىنى تىلەپ تۇرسام، مانا شۇ مېنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرگىنىم بولۇپ قالار.

— بۇنچىلىكمۇ خۇشال بولۇپ كەتمەڭ، — دېدى فېڭجېيى

www.uyghurkitap.com

كۆلۈپ، ــــ سىزنى دەپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ شامالداپ ئاغرىپ قالدى، بىئارام بولۇپ ۋايساپ ياتىدۇ. مېنىڭ داجىيېر قىزىمغىمۇ سوغۇق تېگىپ بويى قىزىپ كېتىپتۇ.

ليۇ موماي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىچىگە تىنىدى ـ دە:

ــــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ياشىنىپ قالغاچقا، تولىمۇ چارچاپ كەتسە ئېغىر كېلىدۇ ـ دە، ــــ دېدى.

ــــ ئۇ كىشى ھېچقاچان تۈنۈگۈنكىدەك خۇشال بولمىغان بولغىيدى، ــــ دېدى فېڭجيې، ــــ بالدۇرمىغۇ باغقا پات ـ پات كىرىپ تاماشا قىلىپ تۇراتتى، ناھايىتى شۇ بىر ـ ئىككى جايغا بېرىپلا ئولتۇرۇپ بېقىپ يېنىپ چىقاتتى. تۈنۈگۈن سىزنى بار دەپ، ھەممە يەلەننى سەيلە قىلدۇرۇپ، ئۆزىمۇ باغنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئايلىنىپ چىقتى. مەن سىزنى ئىزدىگىلى كەتكەن چاغدا، ئاغىچا خېنىم داجيېرگە بىر تال تۇرمەل بەرگەنىكەن، شامال تېگىدىغان جايدا يەپ تەپ بولۇپ قاپتۇ.

ــــ قىزچاقلىرى باغقا ئانچە كۆپ كىرمەيدىغان ئوخشايدۇ، ــــ دېدى ليۇ موماي، ــــ بىزنىڭ باللىرىمىزغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ باللىرىمىز ئايىغى چىققىشى بىلەنلا چېپىپ يۈرۈپ، ئايلانمىغان قەبرىستانلىق قالمايدۇ. شامالدارىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، مۇھىمى، قىزچاقنىڭ بويى پاكىز، كۆزى روشەن بولغاچقا، بەلكىم كۆزىگە جىن ـ ئەرۋاھ كۆرۈنىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ قىزچاققا ئازايىمخانلىق رىسالىسى[1]نى باقتۇرۇپ باقسىلا بولارمىكىن، جىن چاپلىشىۋالغان بولمىغاي.

بۇ گەپ فېڭجيېنىڭ خۇدىنى ئاچتى ـ دە، شۇئاندىلا پىڭئېرگە «قاشتاش قۇتلىق رەتنامە»[2]نى ئاچقۇزۇپ سەيمىڭگە ئوقۇتتى. سەيمىڭ كىتابنى بىردەم ۋاراقلاپ كېلىپ

---

[1] ئازايىمخانلىق رىسالىسى ــــ جىن ـ ئەرۋاھ، ئادەملەرنىڭ يۇلتۇزى، بالا ـ قازا، نەسلىك، ياخشىلىق توغرىسىدا بايان قىلىدىغان خۇراپىي كىتاب.

[2] «قاشتاش قۇتلىق رەتنامە» ــــ بۇمۇ يۇقىرىقىدەك خۇراپىي كىتابلارنىڭ بىرى.

ئوقۇشقا باشلىدى: «سەككىزىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ئاغرىغان كىشىگە كېسەل شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن كېلىپ تېگىدۇ، تۇغقانلىرى ئىچىدە ئېسىلىپ ئۆلگەن قىزنىڭ جېنى چېپىلىدۇ ھەمدە گۈل - گىياھ مۇئەككىلى يولۇقىدۇ. بەش رەڭلىك قەغەز تەڭگىدىن قىرىق تاختىنى قىرىق قەدەم شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ئاپىرىپ كۆيدۈرسە چوڭ ياخشىلىق كېلىدۇ.»

— راست شۇنداق، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بىزنىڭ باغدا گۈل - گىياھ مۇئەككىلى بار ئەمەسمۇ! بەلكىم ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىممۇ شۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغاندۇ.

شۇ گەپ بىلەن، فېڭجيې دەرھال كىشى بۇيرۇپ ئىككى بۆلەك قەغەز تەڭگە ئەكەلدۈرۈپ، شۇ ھامان ئىككى خىزمەتكار ئايالدىن بىرىنى جيا ئانىغا، بىرسىنى داجيېرگە بېغىشلاپ ئەرۋاھلارنىڭ ھەققىگە ئاشۇ قەغەز تەڭگىلەرنى كۆيدۈرۈشكە جورۇدى.

دېگەندەك، كۆپ ئۆتمەي داجيېر ئارام تېپىپ جىملا ئۇخلاپ قالدى.

— سىلەردەك ياشانغانلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى كۆپ بولىدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈمسىرەپ، — نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، بىزنىڭ داجيېر پات - پاتلا ئاغرىپ قالىدۇ.

— بۇمۇ بار ئىش، — دېدى ليۇ موماي، — باي - ئېسىلزادىلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە تۇغۇلغان باللار بەك نازۇك كېلىدۇ، شۇڭا ئازراقلا ئازار يەپ قالسا كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى كىچىك بالا، ھەددىدىن ئارتۇق ئەتىۋارلاپ كەتسىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خېنىم، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچ كۆيدۈرۈپ كەتمىگەنلىرى ياخشى.

— بۇمۇ بار گەپ، — دېدى فېڭجيې، — ھە، ئېسىمگە كەلدى، قىزىمغا تېخىچە ئىسىم قويۇلمىدى. سىز ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ بەرسىڭىز، سىزدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن. سىلەر دېھقانچىلىق قىلىدىغان خەق، كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەۋېرەي، قانداقلا دېگەنبىلەن سىلەر موھتاجلىقتا ئۆتىسىلەر، سىلەردەك

www.uyghurkitap.com

كەمبەغەللەر قىزىمغا ئىسىم قويۇپ بەرسە نەسلىكتىن خالىي بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ليۇ موماي بىردەم ئويلىنىپ كېتىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ فېڭجيېدىن سورىدى:

— قىزلىرى قايسى كۈنى تۇغۇلغانكىن؟

— راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ياخشى ئەمەس، — دېدى فېڭجيې، — دەل يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى① تۇغۇلغان.

— ياخشى ئىكەنغۇ، — دېدى ليۇ موماي دەرھاللا كۈلۈپ، — ئۇنىڭ ئېتىنى چياۋجيېر قويساق بولغۇدەك. بۇ «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش، ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈش» دېگەندەك بىر چارە بولىدۇ. خېنىم، مېنىڭچە، قىزلىرى بۇ ئىسىم بىلەن چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ بولۇپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدۇ. بەزى چاغلاردا كۆڭۈلگە پىسەن كەلمەيدىغان ئىشلار بولۇپ قالغاندا، بىتەلەيچىلىكنى بەخت ـ تەلەيگە، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ھەممىسى «چياۋ»② سۆزىگە باغلىق.

فېڭجيې بۇ گەپتىن بەك خۇشال بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى:

— ئىلاھىم، قىزىمنىڭ بېشى ئامان بولۇپ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى ۋە پىڭئېرنى چاقىرىپ تاپىلىدى، — ئەتە بىزنىڭ ئىشىمىز بار، چولىمىز تەگمەسمىكىن دەيمەن. سەن ھازىر بىكار، شۇڭا موماينغا بېرىدىغان سوۋغاتنى تەخ قىلىپ قوي، ئۇنىڭ ئەتە سەھەردە مېڭىشىغا تەييار تۇرسۇن.

— يوقسۇ، ھەربىرلىرىنى بەك جوۋتالمايمەن، — دېدى ليۇ

---

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى باپكار قىزنىڭ پادىچى يىگىت بىلەن ئۇچراشقان كۈنى.

② «چياۋ»(巧) — بىرەر ۋەقەگە ئۇدۇل كەلمەك، مەلۇم پۇرسەتكە توغرا كەلمەك دېگەن مەنىدىكى گەپ.

موماي، — بىرنەچچە كۈن ئاۋارە قىلىۋەتتىم، يەنە ئۈستىلەپ بىر نەرسە ئېلىپ ماڭسام تېخىمۇ سەت ئىش قىلغان بولىمەن.

— دېگۈدەكمۇ بىرنېمە يوق، ئادەتتىكى نەرسىلەر، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ھەر ھالدا ئالغاچ كېتىڭ. قوشنا - قولۇملىرىڭلار كۆرسىمۇ، قىزىقسىنىپ شەھەرگە كىرىپ چىققاندەك بولۇشۇپ قالار.

بىر چاغدا پىڭئېر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— موما، بۇياققا ئۆتۈپ كۆرۈپ باقامسىز، — دېدى.

ليۇ موماي شۇ زامان پىڭئېرگە ئەگىشىپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ، كاڭنىڭ يېرىمىغا دۆۋىلەپ قويغان نەرسىلەرنى كۆردى. پىڭئېر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— مانا تۈنۈگۈن سىز سورىغان بىر توپ تۈتۈن شايى، كېلىن ئاغىچا بۇنىڭغا يەنە بىر پارچە تېگى پىششىق ئاق شايىنى ئەستەرلىك ئۈچۈن قوشۇپ بەردى. مۇنۇ ئىككى پارچە چەكمەن شايى، بۇنىڭدا پەشمەت بىلەن بەل كۆڭلەك تىكسە قاملىشىدۇ. مۇنۇ بوغچىدا ئىككى توپ پاڭچۇ بار، يىلنىڭ ئاخىرىدا كىيىم تىكتۈرۈپ كىيەرسىز. مۇنۇ قۇتىدىكىسى ئوردىدا تەييارلانغان ھەرخىل پېچىنە، توقاچلار، يەپ باقانلىرىڭىزمۇ بار، يېمىگەنلىرىڭىزمۇ بار، ئالغاچ كېتىپ تەخسىلەرگە تىزىپ مېھمانىنىڭ ئالدىغا قويارسىز، بازارنىڭكىدىن ياخشى. مۇنۇ ئىككى تاغار قايسى كۈنى سىز كاۋا - قاپاق، ئوتياش قاچىلاپ كەلگەن تاغارلار، بىرسىگە بۈگۈن پادىشاھلىق ئېتىزدىن كىرگەن ئىككى كۈرە خاسە گۈرۈچ قاچىلاپ قويدۇق، بۇنداق گۈرۈچتە تاماق ئېتىش ھەركىمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. يەنە بىرسىدە بېغىمىزدىن چىققان مېۋىلەر بىلەن ھەرخىل قۇرۇتۇلغان يەل - يېمىشلەر بار. مۇنۇ بىر تۈگۈنچەكتە سەككىز سەر كۈمۈش بار، بۇ بىزنىڭ كېلىن ئاغىچا خېنىمىنىڭ ھەدىيەسى، مۇنۇ ئىككى تۈگۈنچەكنىڭ ھەربىرىدە ئەللىك سەردىن جەمئىي يۈز سەر كۈمۈش بار. بۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھەدىيەسى، سىزنى ئالغاچ

www.uyghurkitap.com

كېتىپ سودىگەرچىلىك قىلار ياكى بىر نەچچە مو يەر سېتىۋالار، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - دوستلىرىدىن يەنە ياردەم سوراپ يۈرمەس، دېدى، — شۇ گەپتىن كېيىن يەنە كۈلۈمسىرەپ ئاستا قوشۇپ قويدى، — مۇنۇ ئىككى پەشمەت بىلەن ئىككى بەل كۆڭلەك، يەنە تۆت دانە رومال، بىر كاللەك يۇڭ يىپ مېنىڭ سىزگە سوۋغىتىم، بۇ كىيىملەر كونا بولسىمۇ، ئۇنى ئانچە كۆپ كىيمىگەنىدىم، ياراتمىسىڭىز، ئېلىڭ دېيەلمەيمەن.

پىڭئېر ھەربىر نەرسىنىڭ ئېتىنى ئېيتقاندا، لىيۇ موماي بىر قېتىم توۋا دەپ، ئالاھازەل نەچچە مىڭ قېتىم توۋا دەۋەتتى. ئەمدى پىڭئېرنىڭمۇ شۇنچە نەرسىنى سوۋغات قىلغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شۇنچە كەمتەرلىكىنى كۆرۈپ، دەرھاللا كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز ئاچتى:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، خېنىم؟ شۇنداق ئوبدان نەرسىلەرنى مەن ياراتمامدىم! مېنىڭ پۇلۇم بولغان بولسىمۇ، بۇنداق نەرسىلەرنى نەدىن سېتىۋالاتتىم؟ لېكىن، بىر نەرسىدىن خىجىل بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ئالاي دېسەم سەت بولىدۇ، ئالماي دېسەم كۆڭۈللىرىگە كېلىدۇ.

— بۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قىلماڭ، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — بىز ھەممىمىز ئۆز بولغاچقا شۇنداق قىلىۋاتىمەن، خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭ. مېنىڭ تېخى سىزدىن ئالىدىغان نەرسىلىرىممۇ بار. يىلنىڭ ئاخىرىدا بىزگە ھېلىقى سىلەر ئاپتاپتا قۇرۇتقان بۇداچ، جاڭدۇ، يېسى پۇرچاق، چەيزە قېقى، كاۋا قېقى دېگەندەك ھەر خىل قۇرۇتۇلغان سەيلەردىن ئالغاچ كەلسىڭىز بولىدى. بۇ يەردە يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممىسى شۇنداق سەيلەرگە ئامراق. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس، باشقا نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەك.

لىيۇ موماي ئۇست - ئۇستىگە ھەشقاللا ئېيتىپ ماقۇللۇق

بىلدۈردى.

— ئەمدى چىقىپ ئۈيقۇڭىزنى ئۇخلاۋېرىڭ، — دېدى پىڭئېر، — مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى تەخ قىلىپ مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويىمەن، ئەتە ئەتىگەندە چاكارلار مەپە كىرا قىلىپ بېسىپ بېرىدۇ، سىز قىلچە غەم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ليۇ موماي تېخىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، بۇ يانغا ئۆتۈپ، يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ ھەشقاللا ئېيتىپ فېڭجيې بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قالدى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ خوشلاشماقچى بولغانىدى، جيا ئانا بىتاپ بولۇپ قالغانلىقتىن، ھەممەيلەن كىرىپ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. تېۋىپقا ئادەم ئەۋەتىشتى، بىردەمدىن كېيىن بىر خىزمەتكار ئايال كىرىپ:

— تېۋىپ كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

بىر ئېمىكئانا جيا ئانىنى چىمىلدىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. جيا ئانا:

— مەن قېرىپ قالدىم، بالامدەك بىرنېمىلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ نېمە قىلاي؟ ئۇنىڭدىن قورۇنۇپ قالامتىم! چىمىلدىقنى چۈشۈرمەڭلار، مۇشۇنداق كۆرۈۋەرسۇن، — دېدى.

خىزمەتكار ئاياللار بۇ گەپ بىلەن بىر كىچىك شىرە ئەكېلىپ، ئۈستىگە كىچىك ياستۇقتىن بىرنى قويۇپ بەردى. ئاندىن تېۋىپنى تەكلىپ قىلىشقا كىشى بۇيرۇدى.

بىردەمدىن كېيىن جيا جېن، جيا ليەن، جيا رۇڭلار ئوردا تېۋىپى ۋاڭ ھېكىمنى باشلاپ كىرىشتى. ۋاڭ ھېكىم كۆتۈرمە يول بىلەن مېڭىشقا پېتىنالماي، يولنىڭ قىرى بىلەن مېڭىپ، جيا جېننىڭ ئارقىسىدىن پەلەمپەيگە چىقتى. خېلىدىن بېرى ئىككى ئايال ئىككى تەرەپتە مىلەڭزىنى قايرىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى ئايال ئالدىدا يول باشلاپ كىردى، باۋيۈي بولارنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقانىكەن. جيا ئانا بۆرتمە كۆك تاۋار تاشلىق ئاق ئەلتېرە جۇۋا كىيگەن بولۇپ، كات ئۈستىدە رۇس ئولتۇراتتى. ئىككى

www.uyghurkitap.com

تەرىپىدە تېخى چاچ قويمىغان تۆت چۆرە قىز چىۋىن قورۇغۇچ، چىلاپچا قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ياشانغان ئېمىكئانىلاردىن بەش ـ ئالتىسى غاز قانات بولۇپ ئىككى ياندا تۇرۇشاتتى. يېشىل شايى شىرمەلىنىڭ ئارقىسىدا قىزىل ـ يېشىل كىيىنگەن ۋە باشلىرىغا ئالتۇن ـ مەرۋايىت جابدۇق تاقاشقان كىشىلەر غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋاڭ ھېكىم بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ پېتىنالماي، جيا ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، جيا ئانا ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ئالتىنچى دەرىجىلىك مەنسەپدار كىيىمىنى كۆرۈپ، ئوردا تېۋىپى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن:

— ئوردا شېرىپ ھېكىمى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — دېدى. ئاندىن جيا جېندىن، — بۇ ئوردا شېرىپ ھېكىمىنىڭ فامىلىسى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— فامىلىسى ۋاڭ، — دېدى جيا جېن دەرھاللا جاۋاب بېرىپ.

— ئۆز ۋاقتىدا ئوردا شىپاخانىسىدا ۋاڭ جۇنشياۋ دېگەن بىر باش ھېكىم بار ئىدى. تومۇر تۇتۇشقا بەك ئۇستا ئىدى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

ۋاڭ ھېكىم دەرھال ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، تەبەسسۇم بىلەن:

— ئۇ كىشى كەمىنىلىرىنىڭ تاغىسى بولىدۇ، — دېدى.

— ھە، شۇنداقمۇ، — دېدى جيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنداق بولسا قەدىناس چىقىپ قاپتۇق.

جيا ئانا قولىنى ئۇزارتىپ ياستۇقنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئېمىكئانىدىن بىرسى بىر ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ شىرەنىڭ ئالدىغا بۇرجەككىرەك قويۇپ بەردى. ۋاڭ ھېكىم بىر پۇتىنى چازانە قىلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى قىيسايتىۋېلىپ بىر ھازاغىچە تومۇر تۇتتى، ئاندىن جيا ئانىنىڭ يەنە بىر قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى. ئاندىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى ـ دە،

چىقىپ كەتتى.

— سىلىنى جوۋىتىپ قويدۇق، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن، — جىيا جېن غوجام بالام، سەن باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ ئوبدانراق كۈتكىن.

جىيا جېن بىلەن جىيا ليەن دەرھال «خوش، خوش» دېدى ـ دە، ۋاڭ ھېكىمنى تاشقىرىقى كۈتۈپخانىغا باشلاپ كىردى.

— ئۇلۇغ ئائىىچا خېنىمدا ھېچقانداق كېسەل يوق ئىكەن، — دېدى ۋاڭ ھېكىم، — ئازراق شامال تېگىپ قاپتۇ شۇ. دورا ئىچمىسىمۇ بولاتتى. ياغسىزراق تائام يەپ، ئۆزىنى ئىسسىقراق تۇتسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. مەن دورا يېزىپ بېرەي، ئىچكۈسى كەلسە، قەغەزدە يېزىلغىنى بويىچە بىر قېتىم قاينىتىپ ئىچىپ باقار، ئىچىشكە ئېرىنسە، ئىچمىسىمۇ بولىدۇ.

ۋاڭ ھېكىم چاي ئىچىپ بولۇپ، دورا قەغىزىنى يېزىپ بەردى. ئەمدىلا خوشلىشاي دەپ تۇرۇۋىدى، بىر ئېمىكئانا داجيېرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ:

— ۋاڭ بېگىم، بۇ قىزچاقنىمۇ كۆرۈپ قويغان بولسىلا، — دېدى.

ۋاڭ ھېكىم دەرھال ئېمىكئانىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، سول قولى بىلەن داجيېرنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولى بىلەن تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى، ئاندىن پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى ۋە تىلىنى چىقارغۇزۇپ قارىدى، ئاندىن كۈلۈپ:

— نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتسام، بۇ قىزچاق مېنى تىللاپ كېتەرمىكىن. ئىككى ۋاخ تاماق بەرمەي، قورسىقىنى راسا ئاچ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ. دورا قاينىتىپ ئىچىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئازراق كۇمىلاچ دورا ئەۋەتىپ بېرەي، ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا زەنجىۋىل سۈيى بىلەن ئېزىپ ئىچۈرۈپ قويسىلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن ۋاڭ ھېكىم خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. جىيا جېنلار دورا قەغىزىنى ئېلىپ جىيا ئانىغا تېۋىپنىڭ

ئېيتقانلىرىنى مەلۇم قىلدى، ئاندىن دورا قەغىزىنى شىرەگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ سۆز شۇ يەردە قالسۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، فېڭجيې، باۋچەي ۋە باشقا ھەمشىرىلەر تېۋىپ كەتكەندىن كېيىن، شىرمەلىنىڭ ئىچىدىن چىقىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئازراق ئولتۇرۇپلا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ليۇ موماي ئىشلارنىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، جيا ئانا بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئالدىغا كەلدى.

— قولۇڭ بوشىغاندا يەنە كېلەرسەن، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن يۈەنياڭنى بۇيرۇدى، — ليۇ ئانىكاڭنى ئوبدانراق ئۇزىتىپ قويۇڭلار، مېنىڭ ساقلىقىم بولمىغاچقا ئۇزىتىپ قويالمايمەن.

ليۇ موماي جيا ئانىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، يۈەنياڭ بىلەن ئۆيىدىن چىقتى، تاشقىرىقى ئۆيگە كەلگەندە، يۈەنياڭ كاڭدا تۇرغان بىر بوغچىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— بۇنىڭدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىرنەچچە قۇر كىيىمى بار. بۇ كىيىملەرنى كىشىلەر ئۆتكەن يىللاردا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەزەلدىنلا كىشىلەر تىكتۈرگەن كىيىمنى كىيمەيدۇ، بۇنى ساقلاپ قويسىمۇ زايە كېتىدىكەن، بولمىسا كىيىلمىگەندى، تۇنۇگۈن ماڭا ئىككى قۇرنى ئېلىپ سىزگە بېرىشنى ئېيتقان. ئالغاچ كېتىپ يا بىر كىمگە بېرەرسىز، ياكى ئۆيئىچىدە ئۆزىڭىز كىيەرسىز. مۇنۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە سىز سورىغان بوغۇرساق - توقاچلار بار. مۇنۇ بولاقتىكىسى ئالدىنقى كۈنى سىز دېگەن دورىلار. بۇنىڭ ئىچىدە ھەببى مېيخۇا سىقىللىسان، بىنەپشە زەربالىش، مادەتۇل ھايات، ھەببى تەۋەللۇد[1]

---

[1] ھەببى مېيخۇا سىقىللىسان — تىلغا سۇرتۇپ زەھەرنى قايتۇرىدىغان دورا؛ بىنەپشە زەربالىش — تەپنى ئالىدىغان دورا؛ مادەتۇل ھايات — قاننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قۇۋۋەت بېرىدىغان دورا؛ ھەببى تەۋەللۇد — تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدىغان دورا. بۇلار بىرقەدەر قىممەتلىك، ئۇنۇملۇك تەييار دورىلار.



www.uyghurkitap.com

دېگەنلەرمۇ بار. ھەربىرى ئايرىم بىر دورا قەغىزىگە ئورالغان، ھەممىسىنى بىر بولاق قىلىپ چىگىپ قويدۇم. مۇنۇ ئىككى ھەميان، ئالغاچ كېتىپ ئىشلىتەرسىز، — يۈەنياڭ ھەميانىنىڭ ئىزمىسىنى ئېچىپ، ئىككى دانە «دىلپىسەن بالىش» دېگەن چۆچۈرە يامبۇنى چىقىرىپ مومايغا كۆرسىتىپ، — ھەميانىنى سىز ئېلىڭ، مۇنۇنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

ليۇ موماي ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي خۇشال بولۇپ، نەچچە مىڭ قېتىم ياپىرىم ـ تووۋا دەپ كەتتى. يۈەنياڭنىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلاپلا:

— مەيلى، ئېلىپ قېلىڭلار، خېنىم، — دېدى.

يۈەنياڭ ئۇنىڭ چىنپۇتۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتتى ـ دە، يامبۇنى يەنە ھەميانغا سېلىپ:

— ئوينىشىپ دېدىم! مەندىمۇ بىرمۇنچىسى بار، ئالغاچ كېتىپ، يىلنىڭ ئاخىرىدا باللىرىڭىزغا بېرەرسىز، — دېدى.

شۇ پەيتتە بىر چۆرە قىز چېڭخۇا پىيالىسىنى ئەكېلىپ ليۇ مومايغا سۇنۇپ:

— بۇنى سىزگە باۋيۈي غوجام بەردى، — دېدى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۆمرۈمدە مەن بۇگۈنكىدەك ئامەتنى كۆرمىگەن؟ — دېدى ليۇ موماي ۋە پىيالىنى ئالدى.

يۈەنياڭ سۆزىنى داۋام ئەتكۈزۈپ:

— ئالدىنقى كۈنى مەن سىزنى يۇيۇنۇڭ دېگەندە، سىز يەڭگۈشلىۋالغان كىيىم مېنىڭكى ئىدى، ياراتماي قويمىسىڭىزلا، يەنە بىرنەچچە قۇر كىيىم بار، سىزگە بېرەي.

ليۇ موماي دەرھال رەھمەت ئېيىتتى. يۈەنياڭ دېگەندەك بىرنەچچە قۇر كىيىمنى ئەكېلىپ بوغچىلاپ بەردى. ليۇ موماي يەنە باغقا بېرىپ، باۋيۈي بىلەن ھەمشىرىلەرگە ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلارغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشماقچى بولغانىدى، يۈەنياڭ:

— بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار كىشىلەر بىلەن

كۆرۈشمەيدۇ. ئۇلارغا مەن دەپ قوياي، بوش ۋاقىت تاپقاندا يەنە كېلەرسىز، — دېدى.

يۈەنياڭ ئاندىن بىر خىزمەتكار ئايالغا تاپىلىدى:

— ئارا دەرۋازىدىن ئىككى چاكار بالا چاقىرىپ كەلگىن. مومايىنىڭ نەرسىلىرىنى ئاپىرىشىپ بەرسۇن.

بۇ ئايال خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، لىيۇ مومايىنى باشلاپ فېڭجيېنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇ يەردىن نەرسە - كېرەكلەرنى ئالدى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى يان ئىشىكتىكى ئىككى چاكار بالىغا كۆتۈرگۈزۈپ مەيىگە سالدى، ئاندىن لىيۇ مومايىنى مەيدە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ سۆز شۇ يەردە قالسۇن.

شۇ پەيتتە باۋچەي ۋە باشقا ھەمشىرىلەر ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ جيا ئانىدىن ئەھۋال سوراپ كېلىشتى. بۇلار باغقا قايتىپ ئاچا يولغا كەلگەندە، باۋچەي دەييۇينى توختىتىپ:

— قەلەم قاش، يۈرۈڭ مەن بىلەن، سىزدىن سورايدىغان گېپىم بار، — دېدى.

دەييۇي كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاسارۇنزار ھويلىغا كەلدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، باۋچەي ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالدىمدا تىز پۈكمەمسىز؟ سىزنى سوراققا تارتىمەن! — دېدى.

دەييۇي نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مانا كۆرۈڭ، باۋچەي قىز ساراڭ بولۇپ قالدىمىكىنە! مېنى نېمىشقا سوراققا تارتماقچى؟ — دېدى.

— تېخى ئېسىل خان قىزى ئىمىش! ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان قىز بالا ئىمىش! — دېدى باۋچەي سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ئاغزىڭىزدىن نېمە گەپلەر چىقىۋاتىدۇ؟ راستىنى ئېيتىڭ.

دەييۇي چۈشەنمەي، كۈلۈپلا تۇردى، لېكىن كۆڭلىگە گۇمان

چۈشتى ـ دە، ئاغزىغا شۇ گەپ كەلدى:

— مەن نېمە دەپتىمەن، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئۆزىڭىز سەۋەنلىك ئىيدۇرۇپ چىقارغانسىز، قېنى ئېيتىڭا، ئاڭلاپ باقاي.

— ئۇقماس بولۇۋالغىنىنى تېخى! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — تۈنۈگۈن شاراب تېپىشمىقى ئوينىغاندا نېمە دېدىڭىز؟ بۇ سۆزنى نەدىن تاپتىڭىزكىنتاڭ.

دەييۈي بىردەم ئويلىنىپ، تۈنۈگۈن بىخەستەلىك قىلىپ، «مودەنگۈل شىپاڭى» بىلەن «غەربىي ھۇجرا» دىكى بېيىتلەردىن ئىككى مىسرانى دەپ تاشلىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى ۋە شۇ زامان باۋچەيىنى قۇچاقلاپ ھىجايدى:

— جېنىم ئاچا! ئۇقماستىن ئاغزىمغا كەلگىنىنى دەۋېرىپتىمەن، مېنى نېمە دېسىڭىز دەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز دېمەيمەن!

— مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — گېپىڭىز ماڭا غەلىتە ئاڭلانغاچقا، سىزدىن ئۆگىنىۋالاي دېدىم.

— جېنىم ئاچا! — دېدى دەييۈي، — ھېچكىمگە دېمەڭ، بۇنداق سۆزنى ئىككىنچى قىلمايمەن.

باۋچەي ئۇنىڭ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يالۋۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە سوراۋەرگۈسى كەلمەي، ئۇنى تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئالدىغا چاي قويدى.

— مېنى كىم دەپ چاغلىغانسىز؟ — دېدى باۋچەي مېھرىبانلىق بىلەن، — مەنمۇ بەك شوخ قىز ئىدىم، يەتتە ـ سەككىز ياش چېغىمدىن تارتىپ كىشىلەرگە يامىشىۋېلىپ تويدۇرۇۋېتەتتىم. بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە ھېسابلىناتتى، چوڭ داداممۇ بەك كىتابخۇمار ئادەم ئىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا جان سانىمىز كۆپ بولۇپ، ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكىلار بىللە بىللە تۇراتتۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

ئاقايىتنامىلەر[1]نى ئوقۇشتىن قاچاتتى. ئاكا ـ ئۇكىلىرىمنىڭ بەزىسى شېئىرنى، بەزىسى بېيىتنى ياخشى كۆرەتتى. ئەنە شۇنداق «غەربىي ھۇجرا»، «ئۇد» ۋە «يۈەن دەۋرىنىڭ سەھنە ئويۇنلىرى»[2] دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بار ئىدى. ئۇلار بۇ كىتابلارنى بىزدىن ئوغرىلىقچە ئوقۇيتتى، بىزمۇ ئۇلاردىن ئوغرىلىقچە ئوقۇيتتۇق. كېيىن بۇ ئىشنى چوڭلار بىلىپ قېلىپ بەزىمىزنى ئۇردى، بەزىمىزنى تىللىدى، كىتابلاردىن كۆيدۈرگىنىنى كۆيدۈرۈپ، تاشلىغىنىنى تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قىزلارنىڭچۇ ساۋاتسىز بولغىنىمىز ياخشى ئىكەن، ئەرلەر كىتاب ئوقۇپ تۇرۇپ ھەق ئىشنى چۈشەنمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كۆرە پۈتۈنلەي كىتاب ئوقۇمىغىنى تۈزۈك. ئەمدى سىز بىلەن مەنچۇ؟ شېئىر توقۇش، خەت يېزىش دېگەندەك ئىشلارمۇ سىز بىلەن ماڭا نېسىپ بولغان ئىشلار ئەمەس. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندىغۇ ئۇنداق ئىشلار ئەرلەرگىمۇ نېسىپ بولغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەرلەر كىتاب ئوقۇپ ھەق يولنى چۈشىنىپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا دۆلەتكە ياردەم بەرسە، ئاندىن ياخشى بولاتتى، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. كىشىلەر كىتاب ئوقۇغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنى كىتاب بۇزۇۋاتقىنى يوق، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كىتابنى دەپسەندە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىرىقچىلىق قىلىش ياكى سودىگەرچىلىك قىلىشنىڭ ھېچقاندا زىيىنى يوق. سىز بىلەن ماڭا كەلسەك، يىڭنە ئىشىنى قىلساق ياكى يىپ ئېگىرسەك شۇ

① ئاقايىتنامىلەر ــ كۇڭزىچىلار ئەقىدە قىلىدىغان ئوتتۇز بىر خىل رەسمىي كىتاب.

② «ئۇد» ــ يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا گاۋزىچېڭ يازغان «ئۇدنامە» ساداقەت، ۋاپادارلىق تەرغىب قىلىنىدىغان سەھنە ئويۇنى؛ «يۈەن دەۋرىنىڭ سەھنە ئويۇنلىرى» ــ مىڭ دەۋرىدىكى ساڭ ماۋشۈن تۈزگەن «يۈەن غەزەللىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەر، ئۇنىڭغا يۈەن دەۋرىدىكىلەرنىڭ سەھنە ئويۇنلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

ياخشى ئىدى، لېكىن قىرىشقاندەك ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتلىق بولۇپ قاپتىمىز. شۇڭا، خەت تونۇغاندىكىن، ئاقايىتنامىلەرنى ئوقۇپ قويساق بولىدۇ. باشقا ھەر قىسىما كىتابلارنى ئوقۇشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بۇنداق كىتابلار كىشىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئاينىتىپ، قۇتۇلغۇسىز ئاقىۋەتكە ئاپىرىدۇ.

باۋچەينىڭ بۇ گەپلىرىگە دەيىيۈي بېشىنى ساڭگىلىتىپ چاي ئىچكەچ قۇلاق سېلىپ، كۆڭلىدە قايىل بولۇپ، سۆزلىرىنى «شۇنداق» دەپ ماقۇللاپ تۇردى. شۇ ئەسنادا سۈيۈن كىرىپ:

— بىزنىڭ كېلىن ئاغىچام ئىككىلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ. مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەكچى ئىكەن. ئىككىنچى خان قىز، ئۈچىنچى خان قىز، شياڭيۈن خېنىم، باۋيۈي غوجام ھەممەيلەن كۈتۈشۈپ قالدى، — دېدى.

— يەنە نېمە ئىش باركىنە؟ — دېدى باۋچەي.

— شۇ يەرگە بارغاندا بىلەرمىز، — دېدى دەيىيۈي.

دەيىيۈي باۋچەي بىلەن خۇشبۇي شالزارلىققا كەلدى. دېگەندەك ھەممەيلەن شۇ يەردە ئىكەن.

لى ۋەن بۇ ئىككىسى كىرىشى بىلەنلا:

— جەمئىيىتىمىز قۇرۇلا ـ قۇرۇلماستىنلا ئۆزىنى چەتكە تارتىدىغانلار چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. تۆتىنچى خان قىز شىچۈەن بىر يىللىق رۇخسەت بېرىڭلار دەيدۇ، — دېدى.

— بۇ، چوڭ ئانامنىڭ تۇنۇگۇنكى بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش، — دېدى دەيىيۈي كۈلۈپ، — ئۇنى باغنىڭ رەسىمىنى سىزغىن دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ رۇخسەت سورىغاندۇ.

— بۇ ئىشنى چوڭ ئانامدىنمۇ كۆرمەيلى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — بۇ ليۇ موماينىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بولغان ئىش.

— شۇنى دېمەمسىز! — دېدى دەيىيۈي ئۇنىڭ سۆزىگە دەرھاللا قوشۇلۇپ، — ھەممىسى شۇ قېرىنىڭ ئىشى. ئۇ قېرى

www.uyghurkitap.com

قايسى جەمەتتىن چىققان موماي بولغىيدى؟ ئۇنى توغرىسىغىلا «ئانا چېكەتكە» دېسەكمۇ بولىدۇ.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دۇنيادىكى بارلىق گەپقۇ ئوتتۇرانچى يەڭگەمنىڭ ئاغزىغا ئۆتسە چېكىگە يەتكەن بولاتتى، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ھېلىمۇ ياخشى ئوتتۇرانچى يەڭگەمنىڭ ساۋاتسىز، مەرىپەتتىن خەۋەرسىز بولغىنى. شۇڭا، ئۇ ئادەملەرنى پەقەت كوچا پاراڭلىرى بىلەن كۈلدۈرۈشنىلا بىلىدۇ، مۇنۇ قەلەم قاشنىڭ ئاغزى ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇ «چۈنچيۇ»① ئۇسۇلى بىلەن، كوچا ـ كويلىدىكى ھەر قىسما پاراڭلاردىن مېغىزىنى ئېلىپ، غەلىدى ـ غەشلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا گۈزەل تۈس بېرىپ تەمسىل قىلىدىغان بولسا، بىر ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىنىدۇ. بايىقى «ئانا چېكەتكە» دېگەن سۆز بىلەن تۈنۈگۈنكى مەنزىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق گەپلىرىنى شۇنداق تېز ئويلاپ تاپىدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ:

— سىزنىڭ بۇ ئىزاھاتىڭىزمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دېيىشتى.

— مەن سىلەرنى مەسلىھەت ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم، — دېدى لى ۋەن، — شىچۈن قىزغا قانچە كۈنلۈك رۇخسەت بېرىمىز؟ مەن بىر ئايلىق رۇخسەت بەرسەم ئاز كۆرۈۋاتىدۇ. قېنى سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى دەييۈي، — بىر يىلمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ. بۇ باغنى سالدۇرغاندا بىر يىل كەتكەنىدى. ئەمدى رەسىمىنى سىزماقچى بولسا، ئەلۋەتتە ئىككى يىل

① لۇ بەگلىكىنىڭ تارىخىغا ئاساسەن، كۇڭزى تۈزۈپ چىققان يىلنامە، بۇنىڭدا «يوپۇتۇپ ئەيىبلەش» ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يەردە باۋچەي ئاشۇ تەمسىل بىلەن دەيۈينىڭ كىشىنى گەپتە چېقىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

كېتىدۇ. سىياھ ئېرىش، موبىنى مىلەش، قەغەز راسلاش كېرەك، يەنە تېخى بوياقمۇ تاللاش كېرەك، يەنە ... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە دەيىۋي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلاپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — يەنە ياخشىسىغا قاراپ ئاستا سىزىش كېرەك، مۇنداق بولغاندا ئىككى يىل كەتمەمدۇ؟

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى چاۋاك چېلىپ قاتتىق كۈلۈشتى.

— تازىمۇ قىزىق گەپ قىلدى! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — «ئاستا سىزىش» دېگەن ئاخىرقى جۈملىسى راسا جايىدا بولدى. ئۇ رەسىم سىزىمەن دېمىگەن بولسا بۇ سۆزلەر چىقاتتىمۇ؟ تۈنۈگۈنكى ھېلىقى چاقچاق سۆزلەر كۈلكىلىك بولسىمۇ، ئويلاپ كۆرسەك، ئۇنىڭ ھېچ قىزىقى يوق ئىكەن. سىلەر ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭلار، قەلەم قاشنىڭ بۇ گەپلىرىدە قارىماققا ئۆزگىچە بىرنەرسە يوقتەك قىلسىمۇ، قايتا - قايتا ئويلاپ كۆرۈلسە، ئالاھىدە قىزىقى بار. مېنى كۈلكە قىستاپ تۇرالماي كېتىۋاتىمەن!

— باۋچەي ئاچام ماختاپ بەرگەچكە، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى مېنىمۇ زاڭلىق قىلغىلى تۇردى، — دېدى شىچۈن.

دەيىۋي دەرھال ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزدىن سورىماقچىدىم، يالغۇز باغنىلا سىزامسىز ياكى بىزنىمۇ قوشۇپ سىزامسىز؟ — دېدى.

— ئەسلىدە باغنىلا سىزماقچىدىم، — دېدى شىچۈن، — تۈنۈگۈن چوڭ ئانام «يالغۇز باغنىلا سىزساڭ، ئىمارەتنىڭلا نۇسخىسى بولۇپ قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزغىن، خۇددى سەيلە - تاماشىچىلارنىڭ رەسىمىدەك بولغىنى ياخشى» دەپ جورۇدى. مەن بۇنداق نەپىس ئايۋان - سارايلارنى سىزىشنى ئۇقمايمەن، كىشىلەرنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزالمايمەن، لېكىن ياق دېيىشنى ئەپ كۆرمىدىم. مۇشۇنداق تەڭلىك ئىچىدە قالدىم.

— ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىشقۇ ئاسان، — دېدى دەيىۋي، —

www.uyghurkitap.com

ئوت ـ چۆپلەردىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى سىزىش قولىڭىزدىن كەلمەسمىكىن.

ــ يەنە قاملاشمىغان گەپنى قىلىۋاتىسىز، ــ دېدى لى ۋەن، ــ بۇ رەسىمگە ئوت ـ چۆپلەردىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى سىزىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ پەر ـ ماموقلاردىن بىر ـ ئىككىنى چۈشۈرۈپ قويسىلا بولدى.

ــ باشقا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى سىزمىسىمۇ مەيلى، ــ دېدى دەييۈي كۈلۈپ، ــ ئەمما تۈنۈگۈنكى «ئانا چېكەتكە»نى سىزمايدىغان بولسا مۇھىم بىر تېپ كەم بولۇپ قالامدۇ؟

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى، دەييۈي كۈلۈۋېرىپ ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ تېزرەك سىزىلىڭ، مەن ھەتتا رەسىمنىڭ ماۋزۇسىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم. رەسىمگە ئىسىم قويۇش توغرا كەلسە، «مالاچلاپ يەۋاتقان چېكەتكىنىڭ رەسىمى» دېسە بولىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن قىيقاس كۆتۈرۈپ، شۇنداق قاتتىق كۈلۈشتىكى، ئېگىلىپ ـ پۈكلىشىپلا كېتىشتى. شۇ پەيتتە «گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، نېمە يىقىلغاندۇ دەپ ھەممەيلەن دەرھال شۇ تەرەپكە قاراشتى. ئەسلىدە شياڭيۈن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان، ئورۇندۇق پۇختا قويۇلمىغانىكەن، پۈتۈن سالمىقىنى يۆلەنچۈككە سېلىپ قاتتىق كۈلگەنلىكى، يەنە كېلىپ ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۆلەنچۈكىنىڭ تۆۋەنكى ئىككى ئۇگۈچىكى ئاجراپ كېتىپ، بىر تەرەپكە قىيسايغان، ئاندىن شياڭيۈن بىلەن بىللىلا يىقىلىپ كەتكەنىكەن. بەختىگە يارىشا تاختاي تام توسۇپ قېلىپ يەرگە يىقىلماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن تېخىمۇ توختىماي كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋيۈي يۈگۈرۈپ بېرىپ يۆلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كۈلكە ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى.

باۋيۈي دەييۈيگە كۆز ئىشارىتى قىلغانىدى، دەيۈي بۇنى چۈشىنىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىردى ـ دە، ئەينەكنىڭ پەردىسىنى

ئېچىپ ئەينەككە قارىغانىدى، چېكە چاچلىرى ئازراق چۇۋۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال لى ۋەننىڭ پەرداز قۇتىسىنى ئېچىپ چاچ چوتكىسىنى ئالدى ـ دە، ئەينەككە قاراپ چېچىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن پەرداز قۇتىسىنى بالدۇرقىدەك يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ چىقىپ لى ۋەنگە:

— سىزنى بۇ يەردە بىزگە يېڭىنە ئىشى قىلىشقا باشلامچى بولسۇن ياكى قائىدە ـ يوسۇن ئۆگەتسۇن دېسەك، ئەكسىچە سىز راسا ئويناپ ـ كۈلۈشكە چاقىرغانىكەنسىز، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى قاراڭلار، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — ئۆزى قىيىقاس ـ چۇقانغا باشلامچىلىق قىلىپ كىشىنى كۈلدۈرۈپ، ئەمدى ماڭا ئارتىپ قويماقچى! ماڭا راستلا ئۆچ ئىكەن بۇ! ئىلاھىم، ئەتە ـ ئۆگۈن يامان قېيىنئانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، ئۇنى ئاز دەپ تېخى ئازازۇل بىرنەچچە قېيىنئېگىچە ـ سىڭىللىرىڭىزمۇ بولسا، شۇ چاغدا مۇشۇنداق ئۇستاتلىق قىلالىغىنىڭىزنى بىر كۆرسەم ئىدى!

دەيىۋي قىزىپ كەتتى ـ دە، باۋچەينىڭ يېنىدىن تارتىپ:

— ئۇنىڭغا بىر يىللىق رۇخسەت بېرەيلىچۇ، — دېدى.

— مېنىڭ بىر ئېغىز خالىس سۆزۈم بار، ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى باۋچەي، — «نېلۇپەر» قىز رەسىم سىزىشنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ سىزغىنى ناھايىتى شۇ بىرقانچە ئاددىي ھالەت تەسۋىرلىرىلا ئىدى. ئەمدى بۇ باغنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولۇۋېتىپتۇ، قورساقتا شۇنىڭغا لايىق ئۇمچى بولمىسا قانداق سىزالايدۇ؟ بۇ باغنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى بىر رەسىمگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىكى سۇنئىي تاغلارنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، راۋاق ـ بىنالار ۋە ھەرەم ـ ھۇجرىلارنى، يىراق ـ يېقىنلىقى، شالاڭ ـ زىچلىقى جەھەتتە كۆپمۇ قىلىۋەتمەي، ئازمۇ قىلىپ قويماي، دەل جايىدا قىلىپ سىزىش كېرەك. ئۇلارنى ئۆز ئىسكەتى بويىچىلا قەغەزگە سىزىپ قويسا، ئەلۋەتتە ياخشى چىقمايدۇ. قەغەزگە چۈشۈرگەندە، قانچىلىك ئارىلىق قالدۇرۇلىدىغانلىقىغا قاراش، ئاساسىي

ئورۇندىكىسى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندىكىسىنى پەرقلەندۈرۈش، قوشۇپ سىزىشقا توغرا كەلسە قوشۇش، ئېلىپ تاشلاشقا توغرا كەلگەنلىرىنى ئېلىۋېتىش، يوشۇرىدىغان يەرلىرىنى يوشۇرۇش، كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىرىنى كۆرسىتىش لازىم. ئەنە شۇنداق سىزىپ دەسلەپكى نۇسخا تەييار بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ئوبدان پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئاندىن رەسىمنىڭ لايىھەسى پۈتۈپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاشۇ راۋاق - پېشايۋانلار، ھۇجرا - بىنالارنىڭ تىك سىزىق بويىچە نىسبىتىنى ئوبدان مۆلچەرلەش لازىم. ئازراقلا دىققەتسىزلىك قىلىنسا، سالاسۇنلىرى ئەگرى - بۈگرى، تۈۋرۈكلىرى قىڭغىر - قىيسىق، ئىشىك - دېرىزىلىرىمۇ يانتۇ - مايماق، پەلەمپەيلىرىمۇ ئاجرىلىپ چاك كەتكەندەك، ھەتتا شىرە - ئورۇندۇقلار تامغا كىرگۈزۈلۈۋەتكەندەك، گۈل تەشتەكلىرى پەردىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغاندەك بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئۇ بىر كۈلكىلىك نەرسە بولۇپ قالامدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنى قىستۇرۇپ سىزىشقا توغرا كەلگەندە، زىچ - شالاڭلىقى، ئېگىز - پەسلىكىمۇ مۇۋاپىق بولسۇن، كىيىملەرنىڭ پۈرمە - بەلباغلىرىنى، كىشىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىنى سىزغاندا بەك دىققەت قىلىش كېرەك. قەلەم تارتقاندا سەللا دىققەت قىلىنمىسا، قوللىرى دىقماق ياكى پۇتلىرى ئاقساق بولۇپ چىقىدۇ. يۈز - كۆزىنى بوياشقۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. مېنىڭچە، بۇنداق رەسىمنى سىزىش بەك تەس. بىر يىللىق رۇخسەت بەرسەك بەك كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، بىر ئايلىق رۇخسەت ئاز بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا يېرىم يىللىق رۇخسەت بەرسەك، باۋيۈي ئۇكامنى ياردەم بېرىشكە تەيىنلىسەك. لېكىن، بۇ باۋيۈي ئۇكامنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ رەسىم سىزدۇرۇشنى بىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئۇنداق بولغاندا ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويىدۇ. بۇ پەقەت بىلمەي قالغان يەرلىرىنى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇش تەس كەلگەنلىرىنى باۋيۈي ئۇكام بېرىپ، ئۇستا رەسساملاردىن سوراپ ئىش ئاسانلىشىدۇ،

دېگەنلىك.

باۋيوي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

— بۇ گەپ ناھايىتى توغرا. جەن زىلىڭ راۋاق ـ پېشايۋانلارنى كارامەت ياخشى سىزىدۇ، چېڭ رىشىڭ ساھىبجامال نازىنىنلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشتا تەڭدىشى يوق ماھارەت ئىگىسى. مەن بۇگۈنلا بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ كېلىمەن، — دېدى.

— مەن سىزنى «بىكارچى ئالدىراڭغۇ» دېگەنىدىم، — دېدى باۋچەي، — بىر ئىشنى باشلا ـ باشلىمايلا سورىغىلى بارامسىز! مەسلىھەتىمىز بىر يەرگە توختىغاندىن كېيىن بارسىڭىزمۇ ئۇ رەسىمنى نېمە بىلەن سىزىدۇ، شۇنى دېيىشەيلى.

— بىزنىڭ ئۆيدە ئاپپاق خەسە قەغەز بار، — دېدى باۋيوي، — ئۆزى چوڭ قەغەز، ئۇنىڭغا سىياھ يېيىلمايدۇ.

— سىز ھېچنېمە بىلمەيدىكەنسىز! — دېدى باۋچەي سوغۇققىنا كۈلۈپ، — خەسە قەغەز پەقەت خەت يېزىشقا، ئاددىي ھالەت تەسۋىرلىرىنى سىزىشقا ياكى تاغ ـ سۇ مەنزىرىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ جەنۇب ئۇسلۇبى[1] بويىچە تاغ ـ سۇ مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا يارايدۇ، سىياھ يېيىلمايدۇ، قايتا ـ قايتا تۇجۇپىلەپ بوياق بېرىشكىمۇ چىدايدۇ. بۇ باغنى ئۇنىڭغا سىزىدىغان بولسا، بوياقمۇ ئاچمايدۇ، گەۋدىلەندۈرمەكمۇ تەس بولىدۇ، رەسىممۇ ياخشى چىقمايدۇ، قەغەزمۇ زايە كېتىدۇ. مەن سىزگە بىر ئامال كۆرسىتەي، بۇ باغنى ياساتقاندا تەپسىلىي لايىھەسى سىزىلغان، ئۇنى نەققاشچى ئۇستىلار سىزغان بولسىمۇ، ئارىلىق يۆنىلىشلىرى توغرا سىزىلغان. سىز شۇ لايىھەنى ئۇلۇغ ئانىچا خېنىمدىن سوراپ ئېلىڭ، شۇنىڭ قەغىزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆلچەرلەپ، فېڭجيې ئاچامدىن بىر پارچە تېگى

① جەنۇب ئۇسلۇبى — تاڭ دەۋرىدە مەنزىرە رەسىملىرى شىمال ئۇسلۇب ۋە جەنۇب ئۇسلۇب دەپ ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنەتتى. جەنۇب ئۇسلۇب بويىچە ئەركىنرەك، بوياق كۆپرەك بېرىلىپ، ئاددىي، ئىخچامراق سىزىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

قېلىن دۇردۇن ئېلىپ، سىرتتىكى ئاشۇ جانابلارغا ئاپىرىپ بېرىڭ، ئۇلار ھېلىقى لايىھە بويىچە قىسقارتىدىغىنىنى قىسقارتىپ، قوشۇدىغىنىنى قوشۇپ نۇسخا سىزىپ بەرسە، ئاندىن ئادەملەرنى قوشۇپ سىزىپ چىقىسىڭىزلا بولدى. بۇنىڭغا باب كېلىدىغان كۆك ــ يېشىل بوياق، ئالتۇن ياكى كۇمۇش ھەل بېرىشنىمۇ شۇلار قىلسۇن. سىلەرمۇ ئايرىم يەل ئۇچاق قويۇپ، يار يېلىم ئېرىتىپ بېرىشكە تەييارلاپ قويۇڭلار، موبىنى يۇيۇشقا ياردەملىشىڭلار. ئاندىن چوڭراق بىر بوياقچىلىق شىرەسى تېپىپ، ئۈستىگە كىگىز سېلىش كېرەك. سىلەرنىڭ تەخسىلىرىڭلارمۇ تەل ئەمەس، موبىلىرىڭلارمۇ يېتىشمەيدۇ، بۇلاردىن بىر يۈرۈشنى يېڭىباشتىن تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

— مەندە بۇنداق رەسساملىق بۇيۇملىرى نېمە قىلسۇن؟ — دېدى شىچۈن، — مەن پەقەت ئۇدۇل كەلگەن موبى بىلەنلا رەسىم سىزاتتىم. رەڭلەردىن مەندە پەقەت زاك، نىل، توخۇمەك ۋە ئەڭلىك — مۇشۇ تۆت خىللا بار. ئاندىن قالسا، بار ــ يوقى ئىككى تال موبى شۇ.

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭىز؟ — دېدى باۋچەي، — بۇ نەرسىلەر مەندىغۇ بار ئىدى، سىزنى ئىشلەتمەيدۇ، بەرگەن بىلەنمۇ بىكار تاشلاپ قويىدۇ، دەپ بەرمىگەنىدىم. ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى سىزگە ئاتاپ يىغىشتۇرۇپ قوياي، سىز ئىشلىتىدىغان چاغدا ئەۋەتىپ بېرەرمەن. يەلپۈگۈچكە رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئېلىپ قويىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇنداق چوڭ رەسىم سىزىشقا ئىشلەتسىمۇ زايە كېتىدۇ. بۈگۈن لازىملىق نەرسىلەرنىڭ تىزىمىنى يازدۇرۇپ بېرەي، تىزىم بويىچە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ ئالدۇرايلى. سىلەرنىڭمۇ تەلتۆكۈس بىلىپ كېتىشىڭلار تايىنلىق، مەن ئېيتىپ بېرەي، باۋيۈي ئۇكام يازسۇن.

باۋيۈي دەۋەت ــ قەلەم تەييارلاپ قويغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇتالماي قالارمەنمىكىن، يېزىش ئۈچۈن ئەستە

تۇتۇشۇم كېرەك دەپ ئەندىشە قىلغانىدى، باۋچەينىڭ بۇ سۆزى بىلەنلا خۇشال بولۇپ قولىغا قەلەم ئالدى ـ دە، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇردى.

ـــ خوش، بىرىنچى نومۇرلۇق چاتما موبى تۆت دانە، ـــ دېدى باۋچەي، ـــ ئىككىنچى نومۇرلۇق چاتما موبى تۆت دانە، ئۈچىنچى نومۇرلۇق چاتما موبى تۆت دانە، كىچىك بوياق موبىسى تۆت دانە، جەنۇب قىسقۇچپاقىسىنىڭ پەنجىسىدەك موبىنىڭ چوڭىدىن ئون دانە، كىچىكىدىن ئون دانە، ساقال، قاش سىزىدىغان موبىدىن ئون دانە، بوياق بېرىدىغان چوڭ موبىدىن يىگىرمە دانە، كىچىكىدىن يىگىرمە دانە، باشاق كىنەۋەر بوياق تۆت سەر، جەنۇب زاكى تۆت سەر، تاش سېرىق بوياق تۆت سەر، تاش كۆك بوياق تۆت سەر، تاش يېشىل بوياق تۆت سەر، نەيچە تۇخۇمەك تۆت سەر، گۇاڭدۇڭ نىلىدىن سەككىز سەر، ئۇيىسمان ئاق بوياق ئون تۆت قۇتا، ئەڭلىك ئون ئىككى توقاچ، قىزىل بوياق ئىككى يۈز توقاچ، كۆكۈچ ئالتۇن ھەل بوياق ئىككى يۈز توقاچ، تەكشى يېيىلىدىغان يار يېلىم تۆت سەر، ساپ زەمچە تۆت سەر، دۇردۇننى پەتلەيدىغان يېلىم زەمچە بۇ ھېسابىنىڭ تېشىدا، بۇلار بىلەن ئىشىمىز بولمىسۇن، دۇردۇننى تاپشۇرۇپ بەرسەكلا بولدى، ئۇلار ئۆزلىرى پەتلەيدۇ. بوياقنى ئادالاش، ئېزىپ سۈزۈلدۇرۇش، پۈۋلىۋېتىش، چايقاپ تىندۇرۇش ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بېرەيلى. بۇلار ئوينىسىڭىزمۇ، ئىشلەتسىڭىزمۇ سىزگە ئۆمۈر بويى يېتىدۇ. خوش، يەنە قېلىن ئەلگەك تۆت دانە، شالاڭ ئەلگەك ئىككى دانە، قەلەمدان تۆت دانە، چوڭ ـ كىچىك ھاۋانچا تۆت دانە، چوڭ چىنە يىگىرمە دانە، بەش سۆڭلۈق تەخسە ئون دانە، ئۈچ سۆڭلۈق سىيدام تەخسە يىگىرمە دانە، يەل ئوچاق ئىككى دانە، قۇم قازان چوڭ ـ كىچىك تۆت دانە، يېڭى جانان ئىدىش ئىككى دانە، يېڭى سۇ سوغىسى ئىككى دانە، بىر چى ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق خالتىدىن تۆت دانە، شاخار يىگىرمە جىڭ، سۆگەت كۆمۈرى بىر ـ ئىككى جىڭ، ئۈچ تارتمىلىق ياغاچ ساندۇق بىر دانە، چەكمەن شايى بىر

تاقا، خام زەنجىۋىل ئىككى سەر، چىڭجاڭ يېرىم جىڭ ...

— چويۈن قازان بىر دانە، تۆمۈر بەلچە بىر دانە! — دەپ قوشۇپ قويدى دەيىۋي كۈلۈپ.

— بۇنى نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى باۋچەي.

— سىز خام زەنجىۋىل بىلەن چىڭجاڭ دېگەن دورا - دەرمەكلەرنى دېدىڭىزغۇ، سىزگە چويۈن قازان ئالدۇرۇپ بەرسەم، بوياقنى قورۇپ يېيىشكە ئاسان بولمامدۇ، — دېدى دەيىۋي.

بۇ گەپكە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قەلەم قاش، سىز نېمىنى بىلەتتىڭىز! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — چىنە تەخسە ئوتقا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تېگىگە زەنجىۋىل سۈيى ۋە چىڭجاڭ سۈرتۈپ ئوتقا قاقلىۋالمىسا، ئوت تېگىشى بىلەنلا يېرىلىپ كېتىدۇ.

— توغرا، — دېيىشتى بۇ يەردىكىلەر.

دەيىۋي تىزىملىككە يەنە بىر قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، تەنچۈننى يېنىغا تارتتى - دە، قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— مانا قاراڭ، رەسىم سىزىش ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق ئىدىش، ساندۇق كېرەك قىلارىمىش. ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزىنىڭ توپلۇقىنىڭ تىزىملىكىنىمۇ يازدۇرۇپ قويدى.

تەنچۈن كۈلكىسىنى توختىتىۋالالماي:

— باۋچەي ئاچا، بۇنىڭ ئاغزىنى يىمىرىۋالامسىز؟ سىزنى نېمە دەپ زاڭلىق قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىدىن بىر سوراڭچۇ! — دېدى.

— سوراپ نېمە قىلاي، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — «ئىتنىڭ ئاغزىدا پىل چىشى بولاتتىمۇ؟»

شۇ گەپ بىلەن باۋچەي دەرھال كېلىپ دەيىۋينى كاڭغا باستى - دە، مەڭزىنى چىمدىماقچى بولدى. دەيىۋي كۈلۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم ئاچا! مېنى كەچۈرۈڭ! مەن قەلەم قېشىڭىز تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، ئاغزىمغا كەلگىنىنى سۆزلەۋېرىدىكەنمەن، گەپ

ياساشنى ئۇقمايدىكەنمەن. ئاچام بولغاندىن كېيىن ماڭا ئۆگىتىپ قويمامسىز، سىز ئاچام تۇرۇقلۇق كەچۇرمىسىڭىز، مەن كىمدىن ئۆتۈنەرمەن؟
باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ئۇقمايلا كۈلۈشۈپ:
— ۋاي، بىچارىنىڭ گەپلىرى! ھەتتا بىزنىمۇ ئېرىتىۋەتتى، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىسىڭىزچۇ! — دېيىشتى.
باۋچەي ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئوبىناشقانىدى، لېكىن ئۇ دەييۈينىڭ ھەر قىسما كىتابلارنى ئوقۇۋەرگەنلىكى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ بايىلا دېگەن گەپلىرىگە ئاپىرىپ تاقاۋاتقانلىقىنى پەملەپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئوينىشىشنى ئەپ كۆرمىدى ـ دە، ئۇنى قويۇۋەتتى. دەييۈي كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئاچا دېگەن ئاچا ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسام ھەرگىز كەچۇرمىگەن بولاتتىم! — دېدى.
باۋچەي كۈلۈپ، بارمىقى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سىزگە ئىچى كۆيىدۇ، باشقىلارمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. توۋا، مېنىڭمۇ ئەمدى سىزگە ئىچىم كۆيىدىغان بولۇپ قالدى. بېرى قاراڭ، چېچىڭىزنى تۈزەپ قوياي، — دېدى.
دەييۈي بۇرۇلۇپلا ئۇنىڭغا قارىدى، باۋچەي قولى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى تۈزەشكە باشلىدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان باۋيۈي ئېخىمۇ مەمنۇن بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «ئاپلا، بايا ئۇنىڭغا چېكە چېچىنى تۈزىۋال دېمىسەم بوپتىكەن، قويۇپ تۇرغان بولسا، مانا شۇ تاپتا باۋچەي ئاچام تۈزەپ قويار ئىكەن» دەپ پۇشايمان قىلدى.
باۋيۈي شۇ خىيالدا بولۇۋاتقاندا، باۋچەي ئۇنىڭغا گەپ تاپلاپ قالدى:
— يېزىپ بولغان بولسىڭىز، ئەتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىڭ. بۇ نەرسىلەر ئۆيدە بولسا مەيلى، ئەگەر بولمىسا،

www.uyghurkitap.com

ئازراق پۇل ئېلىپ بازاردىن سېتىۋالغۇزۇڭ، مەن سىلەرگە ياردەملىشىپ تەڭشەپ بېرىمەن.

باۋيۈي دەرھال تىزىملىكنى ئالدى. كۆپچىلىك يەنە بىردەم پاراڭلاشتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار يەنە يىغىلىپ، جيا ئانىنىڭ قېشىغا تىنچلىق سوراش ئۈچۈن بېرىشتى. جيا ئانا ئەسلىدە ئۇنچىلىكمۇ قاتتىق ئاغرىمىغانىدى، بىرئاز ھارغىنلىق يەتكەن، ئازراق شامالداپ قالغانىدى. ئۇ كۈنبويى ئۆزىنى ئىسسىق تۇتتى، بىر - ئىككى قېتىم دورا ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسسىتمىسى تارقاپ، كەچقۇرۇن پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى. ئەتىسى يەنە نېمە گەپ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## بىكارچىلىقتا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن تاسادىپىي پۇل يىغىش قىلىپ تۇغۇلغان كۈننى قۇتلىغانلىقى
## تۈگمەس ئىشتىياقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئاددىيغىنا كۈجە كۆيدۈرۈپ يادلىغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاشۇ كۈنى جىيا ئانىنىڭ نەزەر باغدا ئۆزىگە ئازراق سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقىنى، ئانچە چوڭ ئاغرىقمۇ ئەمەسلىكىنى، تېۋىپ چاقىرغۇزۇپ ئىككى قېتىم دورا ئىچىپلا ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، فېڭجيېنى چاقىرتتى ـ دە، جىيا جېڭغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەييارلاپ قويۇشنى تاپىلىدى. شۇ مەسلىھەت بولۇۋاتقاندا، جىيا ئانىدىن چاقىرغىلى كىشى كېلىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇ زامان فېڭجيېنى باشلاپ شۇ يەرگە كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىدىن:

— ئەمدى خېلى ئارام تېپىپ قالغانلا؟ — دەپ قايتا ئەھۋال سورىدى.

— تۈنۈگۈن ئوبدانلا بولۇپ قالدىم، — دېدى جىيا ئانا، — بايا سىزلەر ئەۋەتكەن قىرغاۋۇل چۆجىسىنىڭ شورپىسىدىن ئىچىپ باقتىم، بەك تەملىك بوپتۇ. گۆشىدىنمۇ ئىككى پارچە يېگەنىدىم، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— بۇ فېڭجيېي قىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ۋاپادارلىق كۆڭلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ، — ئۇ ئۆزلىرىگە بەك ئىخلاس

قىلىدۇ، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قىلغان ئىچ كۆيەرلىكلىرىنى يەردە قويمايدۇ.

— مەن ئۇنى كۆپ جوۋىتىپ قويۇپتىمەن، — دېدى جيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ، — شۇ گۆشتىن يەنە بولسا ئىككى پارچە قورۇتۇپ بەرگىن. تۇزى ئوبدانىراق تېتىسا، شوۋىگۇرۇچ قىلىپ ئىچكەندە تەملىك بولىدۇ. ئۇ شورپىغۇ ئوبدان بوپتۇ، شۇغىنىسى شوۋىگۇرۇچ قىلىنماپتۇ.

فېڭجيې بۇ گەپ بىلەن دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، چوڭ ئاشخانىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كىشى بۇيرۇدى.

جيا ئانا قايتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلەرنى چاقىرتىپ كېلىشىم باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس. ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى فېڭجيې قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۆتكەنكى ئىككى قېتىمدا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆزۈم ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم، ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، قېرىشقاندەك بۆلەك ئىشلار چىقىپ قېلىپ ئۆتۈپ كېتىپ قالدى. بۇ يىل ھەممىسى جەم بوپتۇق، ئويلىسام، باشقا ئىشمۇ يوق ئىكەن، شۇڭا بىر كۈن راسا كۆڭۈل ئاچايلى.

— مەنمۇ ئويلىغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەبەسسۇم بىلەن، — ئۆزلىرى لايىق كۆرگەندىن كېيىن، كېڭىشىپ بىر يەرگە توختىۋالساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— مېنىڭچە، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئۆتكەنكى يىللاردا كىمنىڭلا تۇغۇلغان كۈنى ئۆتكۈزۈلسە، ھەركىم ئۆز سوۋغا - سالىمىنى ئۆزى تۇتۇشتى. بۇنداقتا چاكىنا بولۇپ قالىدىكەن ھەم ياتسىراشقاندەك تۇيۇلىدىكەن. بۇ يىل مەن بىر يېڭى ئامال تاپتىم، ياتسىرىغاندەكمۇ بولمايدىكەن ھەم كۆڭۈللۈك بولىدىكەن.

— ئۆزلىرى قانداق ئويلىغان بولسىلا شۇنداق قىلساق بولىۋېرىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇئانلا.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم مۇنداق، — دېدى جيا ئانا سۆزىنى

داۋام قىلدۇرۇپ، — بىزمۇ كەمبەغەل خەقلەردىن ئۆگىنىپ ھەممىمىز يىغىش قىلايلى، قانچە پۇل يىغىلسا شۇ پۇل بىلەن ئۆتكۈزسەك، سىزنىڭچە قانداق؟

— تولىمۇ ياخشى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — لېكىن قايسى ئۇسۇل بىلەن يىغىش قىلساق بولاركىن؟

جيا ئانا بۇ جاۋابتىن بەك خۇشال بولۇپ، شۆ ھاما بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىمنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى، ئاندىن ھەممە خان قىزلارنى، باۋيۈينى، نېرىقى قەسىردىكى يۇشى خېنىمنى، لەي دانىڭ ئايالىنى ھەمدە يۈز ـ ئابرۇيى بار غوجىدار ئاياللارنىمۇ چاقىرغۇزدى. دېدەكلەر ۋە خىزمەتكار ئاياللار جيا ئانىنىڭ ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ خۇشال بولۇشتى، ئۆزىگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق بويىچە تەكلىپ قىلىشقا بارىدىغانلىرى تەكلىپ قىلىشقا، خەۋەر يەتكۈزىدىغانلىرى خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراشتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەستىنلا، ياشانغانلار، ياشلار، يۇقىرىدىكىلەر، تۆۋەندىكىلەر بولۇپ ھەممىسى كېلىپ بىر ئۆيگە سىغدىلىشتى. شۆ ھاما بىلەن جيا ئانا ئۇدۇل ئولتۇردى، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىشىك تۈۋىدىكى ئىككى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى، باۋچەي ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى قاتارلىق بەش ـ ئالتەيلەن كاڭغا ئولتۇرۇشتى، باۋيۈي جيا ئانىنىڭ ئالدىدىلا ئولتۇردى. تۆۋەندىكى خىزمەتكارلار پەگاھنى بىر ئېلىپ ئۆرە تۇرۇشتى. جيا ئانا دەرھال بىرنەچچە كىچىك بەندىڭ ئەكەلدۇرۇپ، لەي دانىڭ ئانىسى قاتارلىق ياشانغان، ئابرۇيلۇق بىرقانچە ئاياللار ۋە ئېمىكئانىلارغا قويدۇرۇپ بەردى. جيا قەسىرىدىكى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە، غوجايىنلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلىپ ئۆتكەن ياشانغان ئايال خىزمەتكارلار ياش غوجايىنلارغا قارىغاندا ئابرۇيلۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇشى خېنىم بىلەن فېڭجيې قاتارلىقلار پەگاھتا ئۆرە تۇرۇشتى، لەي دانىڭ ئانىسى قاتارلىق ئۈچ ـ تۆت قېرى ئاياللار بۇلاردىن

www.uyghurkitap.com

كەچۈرۈم سوراپ كىچىك بەندىڭلەردە ئولتۇرۇشتى. جىيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، بايا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن قىلىشقان سۆزىنى كۆپچىلىككە ئېيتتى. كۆپچىلىكتىن بۇنداق كۆڭۈل ئېچىشقا قىزىقمايدىغان كەم بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە فېڭجېيگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلىرىمۇ كۆپ - دە. قورققانلىقى ئۈچۈنلا، نائىلاج ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممەيلەن پۇل چىقارغۇچىلىكى بار كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، بۇ سۆز چىقىشى بىلەنلا ھەممەيلەن خۇشال ماقۇل بولۇشتى.

— مەن يىگىرمە سەر چىقىرىمەن، — دېدى جىيا ئانا بىرىنچى بولۇپ.

— مەنمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئوخشاش يىگىرمە سەر چىقىراي، — دېدى شۆ ھاما كۈلۈپ.

— بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن تەڭ بولۇشقا ھەددىمىز ئەمەس، — دېيىشتى كۈلۈپ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا، — بىز ئەلۋەتتە بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرۇپ، ھەربىرىمىز ئون ئالتە سەردىن چىقىرايلى.

— بىز تېخىمۇ تۆۋەن تۇرىمىز، ئون ئىككى سەردىن چىقىرايلى، — دېيىشتى يۇشى خېنىم بىلەن لى ۋەن كۈلۈمسىرەپ.

— سەن تايانچىڭ يوق تۇل ئايال تۇرساڭ، — دېدى جىيا ئانا لى ۋەنگە قاراپ، — سېنىمۇ پۇل چىقار دېگىلى بولامدۇ؟ سەن ئۈچۈن مەن بېرىپ قوياي.

— چوڭ ئانا، ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىسىلە، — دېدى فېڭجېيى كۈلۈپ، — ئاۋۋال ھېسابلاپ كۆرۈپ، ھېسابقا بېقىپ ئىش قىلايلى: ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدە ئىككى ئۈلۈش تۇرسا، شۇ تاپتا تېخى چوڭ يەڭگە ئۈچۈنمۇ ئون ئىككى سەر چىقارماقچى بولۇۋاتىدىلا، خۇشاللىقتا مەن بېرىمەن دەپ قويۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئويلاپ بېقىپ، پۇلغا ئىچلىرى ئاغرىپ قالارمىكىن !

ئاندىن «ئاشۇ فىڭجيې قىز ئۇچۇنلا پۇلۇم چىقىم بولۇپ كەتتى» دەيدىلا ـ دە، ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن، مېنىڭ ئۆزۈمگە ئۇچ ـ تۆت ھەسسە چىقارغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىنى يەڭ ئىچىدە تولۇۋالماقچى بولۇۋاتىدىلا. ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتمايمەن جۇمۇسىلا!

بۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەمىسە، سىڭىلچە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— تۇغۇلغان كۈنۈم تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، شۇ تاپتىلا بۇنداق قوشلاپ كەلگەن ئىلتىپاتنى كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتىمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئۆزۈم بىر داچەنمۇ چىقارماي شۇنچە كىشىنى ئاۋارە قىلىپ قويسام، ھەقىقەتەن بىئارام بولىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، چوڭ يەڭگىمىزنىڭ ئۇلۇشىنى ئۆزۈملا چىقىراي. مەن شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە كۆپرەك يەپ ـ ئىچىپ ھوزۇرلىنىۋالسام
لا بولىدى.

— ئۇ توغرا ئېيتتى، — دەپ قوشۇلۇشتى شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىككىسى تەڭلا. جيا ئانىمۇ بوپتۇ دەپ رۇخسەت قىلدى.

— مېنىڭ يەنە بىر ئېغىز گېپىم قاپتۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — مېنىڭچە، چوڭ ئانام ئۆزى ئۈچۈن يىگىرمە سەر چىقارسا، سىڭلىم دەييۈي بىلەن ئىنىم باۋيۈي ئۈچۈن يىگىرمە سەر، سىڭلىم باۋچەي ئۈچۈنمۇ بىر ئۇلۇش چىقىرىدۇ، مۇشۇنىڭدا ئادىل بولىدۇ. ئىككى ئاغىچا خېنىم ئون ئالتە سەردىن پۇل چىقىرىدىغان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ئازلىق قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، باشقىلار ئۈچۈن پۇل چىقارمىسا، بۇ بىرئاز ئادىللىق بولماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا چوڭ ئانا، سىلى زىيان تارتىپ قالىدىلا!

جيا ئانا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— فېڭجيې قىزىمزە، ھەممىشە ماڭا يان باسىدۇ، بۇ دېگىنى

www.uyghurkitap.com

ناهايىتى توغرا. سەن بولمىساڭ، ئۇلار كۆز بوياپ غىپىلا قىلىپ ئۆتتۈۋالاتتىكەن! — دېدى.

— چوڭ ئانا، ئىنىم باۋيۇي بىلەن سىڭلىم دەييۈي ئىككىسىنىڭ ئۇلۇشىنى ئىككى ئاغىچا خېنىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بىرسى بىردىن ئىلكىگە ئېلىپ، ھەربىرى يەنە بىر ئۇلۇشتىن چىقارسا بولىدۇ.

— بۇ تازا ئادىللىق بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، — دېدى جيا ئانا دەرھاللا.

لەي دانىڭ ئانىسى شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلگىنىچە سۆزگە ئارىلاشتى:

— بۇ قائىدىگە خىلاپ ئىش بولۇپ قالدى! مەن بۇ ئىككى ئاغىچا خېنىمنىڭ ئورنىدا خاپا بولغۇم كېلىۋاتىدۇ. بىرسىنىڭ كېلىنى، يەنە بىرسىنىڭ قىز جىيەنى تۇرۇقلۇق، ئۆز قېيىنئانىسى بىلەن ئۆز ھاممىسىغا يان باسماستىن باشقىلارغا يان بېسىۋاتىدۇ، بۇنداق بولغاندا، كېلىن ئەكسىچە يات ئادەم، «يېقىن» جىيەن «يىراق» جىيەن بولۇپ قالامدۇ!

بۇ گەپ بىلەن جيا ئانا ۋە باشقا ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ياش كېلىنلەر ئون ئىككى سەردىن چىقارسا، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرساق بولار؟ — دەپ سورىدى لەي دانىڭ ئانىسى.

— ياق بولمايدۇ، — دېدى جيا ئانا، — سىلەر ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىلەن، مەن سىلەرنىڭ بىرقانچىڭلارنىڭ باي ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن، ئورنۇڭلار تۆۋەن بولسىمۇ، پۇلۇڭلار ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش چىقارساڭلار بولىدۇ!

ئېمىكئانىلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال ماقۇل بولۇشتى.

— خان قىزلارمۇ قاتاردىن قالماي، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ بىر ئايلىقتىن مائاشىنى چىقارسا بولار، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن

ئارقىسىغا قايرىلىپ قىچقاردى، — يوەنياڭ بېرى كەل، سىلەرمۇ بىرقانچىڭلار قوشۇلۇپ، مەسلىھەت بىلەن يىغىش قىلىڭلار.
يوەنياڭ خوش دەپ چىقىپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەي، پىڭئېر، شىرېن، سەيشيانى ۋە باشقا بىرقانچە دېدەكلەرنى باشلاپ كىردى. بۇلارنىڭ بەزىسى ئىككى سەردىن، بەزىسى بىر سەردىن چىقارماقچى بولۇشتى. جيا ئانا پىڭئېرگە قاراپ:
— سەن ئۆز غوجايىنىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەمتىڭ؟ ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۆزۈمنىڭ ئايرىمچە تەييارلىغىنىم بار، — دېدى پىڭئېر، — بۇ كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا چىقىرىشقا تېگىشلىك ئۇلۇش.
— مانا بۇ ئوبدان بالا ئىكەن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.
— يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۇگىدى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئەمدى ئىككى كىچىك ئاپا قېلىپ قالدى. ئۇلار پۇل چىقىرامدۇ، چىقارمامدۇ، ھەرھالدا بىر سوراپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئۇلارغىمۇ ئۆز كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈپ قويغىنىمىز يوللۇق، بولمىسا، ئۇلار بىزنى كەمسىتىپتۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن.
— شۇنى دېگىنە! — دېدى جيا ئانا دەرھاللا، — ئۇلارنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمىز؟ ئۇلارنىڭ قولى بىكار ئەمەسمىكىنتاڭ، دېدەكلەردىن بىرسى بېرىپ سوراپ باقسۇن.
دېدەكتىن بىرسى ئاللىقاچان سورىغىلى كەتكەنىدى، خېلىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:
— ھەربىرى ئىككى سەردىن چىقىرىدىكەن، — دەپ خەۋىرىنى بەردى.
جيا ئانا خۇشال بولۇپ:
— ئەمدى دۇۋەت - قەلەم ئېلىپ ھېسابلاپ بېقىڭلار، ھەممىسى قانچە بولىدىكەن، — دېدى.
شۇ ئارىدا يۇشى خېنىم فېڭجيېنى ئاستا تىللاشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com

— سەن نەپسى تويماس جۇۋاينىمەكنى قارا! شۇنچە قېيىنئانا، خان ئاچىلىرىڭ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قىلىش ئۈچۈن پۇل يىغىش قىلسا، بۇنى ئاز دەپ، يەنە ئۇ ئىككى بىچارىنىمۇ شىلماقچى بولۇۋاتىسەن!

— تولا ۋالاقشىما! — دېدى فېڭجيېمۇ ئاستا كۈلۈپ، — بىر دەمدىن كېيىن بۇ يەردىن نېرى بولغاندا سەن بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بولسام! ئۇلار ئىككىسى قانداق بىچارە بولسۇن؟ قولىغا پۇل كىرسە، بىكاردىن - بىكار قەرزدارلەك بېرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، يۇلۇۋېلىپ ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلايلى.

ئۇلار مۇشۇ پاراڭ بىلەن بولۇۋاتقاندا، پۇلمۇ ھېسابلاپ بولۇندى. جەمئىي بىر يۈز ئەللىك سەر نەچچە داچەن بوپتۇ.

— بۇ پۇل بىر كۈنلۈك ئويۇن بىلەن زىياپەتكە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ، — دېدى جيا ئانا.

— مېھمان چاقىرىلمىغاندىن كېيىن، زىياپەتكىمۇ ئانچە كۆپ كەتمەيدۇ، — دېدى يۇشى خېنىم، — ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك چىقىمىغىمۇ يېتىدۇ. سەھنە ئويۇنىغا پۇل كەتمەيدۇ، شۇنىڭدىن ئازراق تېجىلىپ قالىدۇ تېخى.

— فېڭجيې قىز قايسى ئويۇنچىلارنى ياخشى دېسە شۇ ئويۇنچىلارنى چاقىرىڭلار، — دېدى جيا ئانا.

— ئۆز ئويۇنچىلىرىمىزنىڭكىنى تولا ئاڭلاپ كەتتۇق، — دېدى فېڭجيې، — بىرئاز پۇل خەجلەپ، سىرتتىن ئويۇنچىلارنى چاقىرايلىچۇ.

— بۇ ئىشنى مەن جيا جېن غوجام بالامنىڭ ئاغىچىسىغا تاپشۇرىمەن، — دېدى جيا ئانا، — ئەمدى فېڭجيې قىزنى بىئارام قىلىپ ئاۋارىچىلىككە سالمايلى، ئۇ بىر كۈن يايرىۋالسۇنلا.

يۇشى خېنىم خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. بۇ يەردىكىلەر يەنە بىر دەم پاراڭ سېلىشتى - دە، جيا ئانىنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىشتى.

يۈشى خېنىم شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئۈزىتىپ قويۇپ، فېڭجيېنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى.

— بۇنى مەندىن سورىمايلا قوي، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلساڭ بولىدى، — دېدى فېڭجيې.

— سەن بايقۇشنىڭمۇ بىر ئامىتىڭ كېلىپ قالىدى - دە! — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — بىزنى نېمىشقا چاقىرتقاندۇ، دەپ قاپتىكەنمەن، بايا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىكەن! پۇل چىقارغاننىڭ ئۈستىگە، تېخى مېنى ئاۋارىچىلىككە سالىدىغان بولدى. ماڭا قانداق رەھمەت ئېيتىسەن؟

— كاپشىمىغىنا! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — سېنى مەن چاقىرتمىسام مەن ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتاتتىم! سەن ئاۋارىچىلىكتىن قورقساڭ، هازىرلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بېرىپ ئېيت، باشقا بىرىنى تەيىنلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— خۇشاللىقىدا بۇنىڭ تايىتاڭلاپ كەتكىنىنى قارا! — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — ئۆزۈڭنى سەل يىغىشتۇرۇۋالساڭ بولارمىكىن، تولا ئېشىپ كەتسە، تېشىپ كېتىدۇ جۇمۇ.

ئىككىيلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن تارقاشتى.

ئەتىسى نىڭگو قەسىرىگە پۇلنى ئاپىرىپ بېرىشكە باشلىدى. يۈشى خېنىم يېڭىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ - تارىنىۋاتاتتى.

— كىم ئەكەپتۇ؟ — دەپ سورىدى يۈشى خېنىم.

— لىن ئانا، — دەپ جاۋاب بېرىشتى چۆرە قىزلار.

— ئۇنى چاقىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى يۈشى خېنىم.

چۆرە قىزلار دالانغا چىقىپ لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى باشلاپ كىردى. يۈشى خېنىم ئۇنى دەسسىگۈچكە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئالدىراش چېچىنى تاراۋېتىپ سورىدى:

— بۇ بولاقتا قانچىلىك كۈمۈش بار؟

— بۇ بىز تۆۋەندىكىلەرنىڭ پۇلى، يىغىلغىنىنى ئەكەلگەچ تۇردۇم، — دەپ جاۋاب بەردى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئۇلۇغ

ئاغىچا خېنىمنىڭ پۇلىنى تېخى ئەكەلمىدىم.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا چوّرە قىزلار خەۋەر قىلىشتى:

— نېرىقى قەسىردىكى ھاما خېنىم ئوّز ئۇلۇشىنى ئەۋەتىپتۇ.

— جۇۋاينىمەكلەر ! — دەپ تىللاپ قويدى يۇشى خېنىم كۈلۈپ، — مۇشۇنداق ھېچقانچە كارايىتى يوق گەپلەرنىلا ئەستە تۇتۇشنى بىلىسىلەر ! تۇنۇگۇن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىردەملىك خۇشاللىقى تۇتۇپ كېتىپ، ئەتەي نەدىكى گادايلارنى دوراپ پۇل يىغىش قىلايلى دېسە، سىلەر بۇ سوّزنىڭ سايىقىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ چىنپۇتۇپ قاپسىلەر ـ دە، — ئۇ چوّرە قىزلارغا قاراپ، — قېنى تېزرەك تاپشۇرۇۋالمامسىلەر ! — دېدى.

چوّرە قىزلار كۈلۈشۈپ، دەرھال پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئېلىپ كىرىشتى. جەمئىي ئىككى پىچەت كۈمۈش بولۇپ، ئىچىدە باۋچەي بىلەن دەييۈينىڭ ئۇلۇشىمۇ بار ئىكەن.

— يەنە كىملەرنىڭ كەم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى يۇشى خېنىم.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئىككى ئاغىچا خېنىم، خان قىزلار ۋە بىزدىكى خىزمەتكار قىزلارنىڭ تېخى كەم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى.

— سىلەرنىڭ چوڭ كىلىن ئاغىچىنىڭ پۇلىچۇ؟ — دەپ سورىدى يۇشى خېنىم.

— خېنىم، ئوّزلىرى ئۇياقتا ئوّتكەندە، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئۇ پۇللارنى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ئوّز قولى بىلەن بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە پۇل جەم بولىدۇ.

گەپ قىلغاچ يۇشى خېنىم يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ مەپە قوشۇشقا كىشى بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن رۇڭگو قەسرىگە كېلىپلا فېڭجيېنىڭ قېشىغا كىردى. فېڭجيې قالغان پۇللارنى پېچەتلەپ بولۇپ ئەۋەتەي دەپ تۇرغانىكەن.

— ھەممىسى يىغىلىپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇشى



www.uyghurkitap.com

خېنىم.

— ھەئە! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — تېزرەك ئېلىپ كەت، يوقاپ كەتسە كارىم يوق!

— ساڭا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن، — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — پۇلنى ئالدىڭدا ساناپ ئالاي.

راستىلا پۇلنى سانىغانىدى، لى ۋەنىنىڭ بىر ئۈلۈشى كەم چىقتى.

— كۆز بوياماچىلىق قىلىسەن دېمىدىممۇ! — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — چوڭ يەڭگەڭنىڭ ئۈلۈشى قېنى؟

— شۇنچىۋالا پۇل ئازلىق قىلامتىمۇ؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بىر ئۈلۈش كەم بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، يەتمىسە مەن ساڭا تېپىپ بېرىمەن.

— تۈنۈگۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئادەمگەرچىلىكىڭ تۇتۇپ كېتىۋىدى، بۈگۈن ماڭا بىشەملىك قىلىۋاتىسەن، — دېدى يۈشى خېنىم، — بۇنىڭدا سېنىڭ رايىڭغا قارىيالمايمەن! بۇنى مەن بېرىپ ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىمدىن ئالىمەن.

— بەك يامان ئىكەنسەن جۇمۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئەتە ـ ئۆگۈن سېنىڭمۇ ئىشىڭ چىقىپ قالار، شۇ چاغدا مەنمۇ مىختەك تۇرىمەن، پۇڭ ـ سۇڭ ئۆتكۈزمەيمەن، سەنمۇ مەندىن ئاغرىنما.

— بۇ بىر ئۈلۈشنى بەرمىسەڭمۇ مەيلى، — دېدى يۈشى خېنىم، — ئادەتتە ماڭا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كەلگىنىڭنى دېمىسەم، مەن رايىڭغا باقامتىم؟

شۇ گەپ بىلەن پىڭئېرنىڭ بىر ئۈلۈشىنىمۇ پۇلنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ ئۇنى چاقىردى:

— پىڭئېر، بېرى كەل، ئۆز ئۈلۈشۈڭنى ئېلىۋال، يەتمەي قالسا سەن ئۈچۈن مەن قوشۇپ قوياي.

— خېنىم، ھازىرچە ئېلىپ تۇرسىلا، — دېدى پىڭئېر ئۇنىڭ كېيىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ئەگەر

ئېشىپ قالسا ماڭا ھەدىيە قىلىۋېتەرلا.

— غوجايىنىڭ ئەسكىلىك قىلسا بوپتۇ دەيدىكەنسەن، مەن ئادەمگەرچىلىك قىلاي دېسەم ئۇنىمامسەن؟ — دېدى يۇشى خېنىم كۈلۈپ.

پىڭئېر نائىلاج پۇلنى ئالدى.

— قارىسام، غوجايىنىڭ بەك پۇختا ئىكەن، — دېدى يۇشى خېنىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇنچىلا پۇلنى يىغىۋېلىپ نېمىگە ئىشلىتەركىن؟ ئىشلىتىپ بولالمىسا، ئەتە - ئۆگۈن گۆرىگە ئالغاچ كېتىپ ئىشلىتەر!

شۇ گەپ بىلەن يۇشى خېنىم بۇ يەردىن چىقىپ جىيا ئانىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاۋۋال تىنچلىق سوراپ، بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭلاشقان بولدى. ئاندىن يۈەنياڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى. يۈەنياڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچىلا ئىش قىلىنىدىغان بولسا، جىيا ئانىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ خۇشال قىلغىلى بولاتتى. ئىككىيلەن مەسلىھەتنى بىر يەرگە توختاتتى. يۇشى خېنىم كېتەر چاغدا يۈەنياڭ قوشقان ئىككى سەر كۈمۈشنىمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى:

— مۇشۇلارنىمۇ ئىشلىتىپ بولالمايمىز.

يۇشى خېنىم بۇ يەردىن چىقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كېلىپ بىردەم پاراڭلاشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىبادەتخانىغا كىرىپ كەتكەنىكەن، سەييۈننىڭ ئۈلۈشىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى. فېڭجيې يوق چاغدا، جۇ كىچىك ئاپا بىلەن جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ پۇللىرىنىمۇ ئۆز قولىغا بەردى. بۇ ئىككىسى ئېلىشقا پېتىنالمىغانىدى، يۇشى خېنىم:

— سىلەر بىچارىلەردە نەدە مۇنداق بىكار پۇل بولسۇن؟ فېڭجيې قىز بۇنى بىلىپ قالسا مەن ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، — دېدى.

ئۇ ئىككىسى بىرمۇنچە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىشىپ پۇلنى ئېلىشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە توققۇزىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ كېلىپ قالدى. باغدىكىلەر يۇشى خېنىمنىڭ تەييارلىقىنى ئىنتايىن قىزغىن، كۆڭۈللۈك ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى، سەھنە ئويۇنلىرى بولۇش بىلەن بىللە سىرك ئويۇنلىرى ۋە قارىغۇ ئايال مەدداھلارنىڭ ئويۇنلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن جابدۇنۇشتى. لى ۋەن ھەمشىرىلىرىگە قاراپ:

— بۈگۈن مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنىڭ يىغىلىشى بولىدىغان كۈنى، ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار. باۋيۈيمۇ كەلمەپتۇ، بىلمەي قالدىمىكىن ياكى باشقا بىر ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن، — دەپ، ئۇنى چاقىرىشقا بىر دېدەكنى بۇيرۇدى، — بېرىپ قاراپ باققىن، نېمە قىلىۋاتىدىكىن، تېزرەك تەكلىپ قىلىپ كەل.

دېدەك بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇچۇرىنى بەردى:

— شىرېن ئاچام، غوجام بۈگۈن ئەتىگەندىلا تالاغا چىقىپ كەتكەن، دەيدۇ.

بۇ يەردىكىلەر ھەيران بولۇشۇپ:

— تالاغا چىقىپ كېتىشى زادىلا ئورۇنسىز. بۇ دېدەك دۆت ئوخشايدۇ! — دېيىشتى. ئاندىن سۇيمونى ئەۋەتىشكەندى. ئۇمۇ قايتىپ كېلىپ:

— تالاغا چىقىپ كەتمەپتۇ! بىر ئاغىنەم ئۆلۈپ قاپتۇ دەپ، تەزىيە بىلدۇرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، — دېدى تەنچۈن، — ئۇنىڭ ھەرقانچە ئىشى بولسىمۇ، بۈگۈن تالاغا چىقىپ كېتىشى زادىلا ئورۇنسىز، ماڭ، شىرېننى چاقىرىپ كەل، ئۇنىڭدىن ئۆزۈم سورايمەن.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا شىرېن ئۆزى كېلىپ قالدى.

— بۈگۈن ئۇ ھەرقانداق ئىشى بولسىمۇ تالاغا چىقماسلىقى كېرەك ئىدى، — دېدى لى ۋەن ۋە باشقىلار، — بىرىنچىدىن،

بۈگۈن سىلەرنىڭ ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تۇرسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ ھەممەيلەن شۇنچە خۇشال ـ خۇرام بولۇۋاتسا، ئىككى قەسىردىكى يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممەيلەن جەم بولۇپ راسا قىزىيدىغان كۈن تۇرسا، ئەجەب ئۇ چىقىپ كېتىپتا؟ ئىككىنچىدىن، مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنىڭمۇ يىغىلىش كۈنى بۈگۈن تۇرسا، رۇخسەتمۇ سورىماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېتىپ قاپتۇغۇ!

— تۈنۈگۈن ئاخشام ماڭا، — دېدى شىرېن ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويۇپ، — بۈگۈن ئەتىگەنلىككە مۇھىم ئىشىم بار، بېيجىڭ ۋاڭنىڭ قەسرىگە بېرىپ ھايال بولماي ئۇلگۈرۈپ كېلىمەن، دېگەنىدى، مەن بارماڭ دەپ نەسىھەت قىلسام سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپلا ماتەم ئېگىنىنى ئالدۇرۇپ كىيدى. ئەتىمالىم، بېيجىڭ ۋاڭنىڭ قەسرىدە كاتتا كىشىلەردىن بىرەرسى ۋاپات قىلغانمىكىن، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

— ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا بېرىپ كېلىشكە تېگىشلىك ئىكەن، لېكىن ۋاقتىدا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى لى ۋەن.

— بىز شېئىرنى يېزىۋېرەيلى، ئۇ كەلگەندە جەرىمانە قويىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ.

شۇ پەيتتە جيا ئانا بۇلارنى چاقىرغىلى كىشى ئەۋەتكەچكە، ھەممەيلەن جيا ئانىنىڭ قېشىغا باردى. شىرېن باۋيۈيىنىڭ بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ئانا خاپا بولۇپ، ئۇنى ئەكېلىشكە كىشى بۇيرۇدى.

ئەسلىدە باۋيۈيىنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بىر ئىشى بار ئىدى، شۇڭا بىر كۈن بۇرۇنلا بېيمىڭغا تاپىلاپ:

— ئەتە ئەتىگەندىلا تالاغا چىقىپ كېتىمىز، سەن ئىككى ئاتنى تەييارلاپ ئارقا دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇر، ھېچكىمنى ئەگەشتۈرمە. لى گۈيگە مېنى بېيجىڭ ۋاڭنىڭ قەسرىگە باردى، دەپ ئېيتىپ قوي. مۇبادا بىر كىم ئىزدەپ ـ سوراپ قالسا، ئۇ،

ئىزدىمەي قويۇڭلار، بىيجىڭ ۋاڭ قەسرىدە تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قويسۇن، — دەپ قويغانىدى.

بىيمىڭمۇ ئىشنىڭ باش - ئايغىنى ئۇقالماي، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتىپ قويۇپ، بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئىككى ئاتنى توقۇپ باغنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدا كۇتۇپ تۇردى.

تاڭ يورۇشى بىلەنلا باۋيۇي ماتەم ئېگىنىنى كىيىپ، يان ئىشىكتىن چىقىپ، لام - جىم دېمەستىن ئاتقا ئىرغىپ مىندى - دە، ئېغىشكىنىچە كوچا بويلاپ ئېتىنى قاترىتىپ كېتىۋەردى. بىيمىڭمۇ ئېتىغا مىنىپ، ھە دەپ قامچىلاپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە باۋيۇينىڭ ئارقىسىدا كېتىۋېتىپ:

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يول بىلەن نەگە بارغىلى بولىدۇ؟ — دېدى باۋيۇي.

— بۇ شىمالىي دەرۋازىغا بارىدىغان يول، — دېدى بىيمىڭ، — بۇ دەرۋازىدىن چىقساق ھەممە يەر تىمتاس قاقاسچىلىق، تاماشا قىلغۇچىلىكى يوق.

— خۇددى شۇنداق تىمتاس يەرگە بارماقچىمەن، — دېدى باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئۇ شۇ گەپ بىلەن ئېتىنى كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم قامچىلىۋىدى، ئات ئىككى بۇرىلىشتىن ئايلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بىيمىڭ تېخىمۇ نائىلاج قېلىپ كەينىدىن مېڭىۋەردى. شۇ چىپپىشقىنىچە يەتتە - سەككىز چاقىرىم يول يۇرۇشتى. ئۆيلەر بارغانسېرى شالاڭلىشىپ قالغاندا، باۋيۇي ئېتىنى توختىتىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ بىيمىڭدىن:

— بۇ يەردە كۆجە ساتىدىغانلار بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆجىنىغۇ تاپقىلى بولار، لېكىن قاندىقى كېرەككىنتاڭ سىلىگە؟ — دېدى بىيمىڭ.

باۋيۇي خاموش بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىيمىڭ ئۇنىڭ بۇ

هالىتىنى كۆرۈپ سورىدى:

— كوجە نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟ غوجام، ئۆزلىرى يانلىرىدا دائىم ئېلىپ يۈرىدىغان ھەميانلىرىدا كوجە ئۇۋاقلىرى بار ئىدىغۇ، قاراپ باقسىلا بولمامدۇ؟

بېيمىڭ باۋيۈينىڭ ئېسىگە سالغانىدى، باۋيۈي ئېتىكىگە ئېسىقلىق ھەميانىنى ئاختۇرۇپ باقتى، راستلا ئىككى پارچە غارۇ - ئۇد① چىقتى. ئۇ كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ «ئەرزىگۈدەكتىن ئەمەس ئىكەن» دېسىمۇ، لېكىن «ئۆز يېنىمدا ئېلىپ كەلگىنىم ھەر ھالدا سېتىۋالغاندىن ياخشىراق» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، بېيمىڭدىن ئىسرىقدان تاپقىلى بولارمۇ، دەپ سورىدى.

— بەللى، — دېدى بېيمىڭ، — بۇ قاقاس دالادا ئىسرىقدان نېمە قىلسۇن؟ بۇ نەرسىلەرنى كېرەك قىلىدىغان ئىش بولسا، نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىلە، ئالغاچ كەلسەك ئاسان بولماتتى؟

— دۆت نېمە ئىكەنسەن! — دېدى باۋيۈي، — ئالغاچ كەلگىلى بولىدىغان بولسا، ھېچنېمىگە باقماي ئۇنداق چاپمىغان بولاتتۇق.

بېيمىڭ بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىر ئامال تاپتىم، كۆڭۈللىرىگە پەسەن كېلەرمىكىن. مېنىڭچە، ئۆزلىرىگە يالغۇز ئىسرىقدانلا ئەمەس، بەلكى باشقا نەرسىلەرمۇ كېرەكتۇ. بۇ ھېچقانچە ئىشمۇ ئەمەس. بىز يەنە ئىككى چاقىرىم يول يۈرسەك، شۇيشيەن ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ بارىمىز، — دېدى.

— شۇيشيەن ئىبادەتخانىسى مۇشۇ يەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي دەرھاللا، — ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى! شۇ يەرگە بارايلى.

شۇ گەپ بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ ئالغا قاراپ چاپتۇرۇپ كەتتى ۋە بېيمىڭغا قايرىلىپ:

---

① غارۇ - ئۇد — ئاقۇلە دەرىخىنىڭ غول ئۆزىكىنى ۋە يىلتىزىنى سۇغا چىلاشتىن ھاسىل قىلىنىدىغان «ئالوي - ئۇد» خۇشبۇي ماتېرىيالى.



www.uyghurkitap.com

— بۇ شۈيشيەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبەسى بىزنىڭكىگە پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئىسرىقدان سورىساق، ئۇ ئەلۋەتتە بېرىپ تۇرىدۇ.

— بىزنىڭ خاندانىنىڭ كۆجچى - چىراغچىلىرى بۇ ياقتا تۇرسۇن، — دېدى بېيىمىڭ، — بىزگە تونۇش بولمىغان بۇتخانىغا بېرىپ قېلىپ بىرنەرسە سورىساقمۇ ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. لېكىن، مېنىڭ بايقىشىمچە، غوجام، ئۆزلىرى شۈيشيەن ئىبادەتخانىسىنى بەك يامان كۆرەتتىلە، ھازىر نېمىشقا بۇنچىلىك خۇشال بولىدىلا؟

— مەن ئادەتتە چاكىنا ئادەملەرنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئۇقمايلا مەبۇد ئىكەن دەپ چوقۇنۇۋېرىشىنى، بۇتخانا سالدۇرۇۋېرىشىنى بەك يامان كۆرىمەن، — دېدى باۋيۈي، — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدىكى دۆلەتمەن ئاقساقاللار ۋە دۆلەتمەن ئەخمەق خوتۇنلارنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇلار بىر مەبۇدە بار ئىمىش دېگەننى ئاڭلاپ قالسىلا بۇتخانا سالدۇرۇپ، سەدىقە قىلىپ چوقۇنۇشىدۇ، ئۇ مەبۇدنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشمەيدۇ، ئەپقاچتى تارىخ - قىسسەلەردىكىنى ئاڭلىۋېلىپ شۇنىڭغا چىنپۇتۇپ قېلىشىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر شۈيشيەن ئىبادەتخانىسىدىكى لوشۈي مەبۇدىگە چوقۇنۇشىدۇ. ئۇ ئىبادەتخانا «شۈيشيەن» («سۇ پەرىسى») ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ مۇنداق لوشۈي دېگەن مەبۇدنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئەسلىدە ساۋزىجيەن[①]نىڭ ئويدۇرمىسى. كىم بىلسۇن، بۇ يەردىكى ئەخمەقلەر ئاشۇ سۇ پەرىسىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ تېۋىنىشقا باشلىغان، بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، شۇ ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ تۇراي دەۋاتىمەن.

---

① ساۋزىجيەن — ۋېي خانلىقىدىن ساۋجى (193 — 232 ). ئۇنىڭ «لوشۈي مەبۇ-دىسى ھەققىدە قەسىدە» دېگەن ئەسىرى بار، ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى لوشۈي مەبۇدىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

شۇ گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى. بىر قېرى راھىبە باۋيۇيىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، گويا كۇتۇلمىگەن بىر ئىش يۈز بەرگەندەك ياكى ئاسماندىن بىر ئەجدىھا چۈشۈپ قالغاندەك، دەرھال ئالدىغا كەلدى ـ دە، باۋيۇيدىن تىنچلىق سورىدى ۋە بىر قېرى دەرۋىشنى ئاتىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. باۋيۇي بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن لوشۈي مەبۇدىنىڭ ھەيكىلىگە چوقۇنۇپمۇ قويماستىن، مۇنداقلا بىر نەزەر سېلىپ قويدى. بۇ لايدىن ياسالغان ھەيكەل بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى شۇنداق ئىدىكى:

ئۇركۇپ ئۇچقان ياۋا غازدەك جىسمى ئۇنىڭ،
سۇدا ئۈزگەن ئەجدىھادەك تۇرقى ئويناق.
ئۆركەشلىگەن نىلۇپەردەك ھۆسنى ئۇنىڭ،
تاڭدا قۇياش ئۆرلىگەندەك چىھرىسى ئاق[1].

باۋيۇينىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىدى.

قېرى راھىبە چاي ئەكەلدى. باۋيۇي ئۇنىڭدىن ئىسرىقدان بېرىپ تۇرۇشنى سورىغانىدى، بۇ راھىبە بىر ھازاغىچە يوقاپ كېتىپ، ھەتتا كۆجە ـ شام، سۇرەتلىك قەغەزلەرگىچە تەييارلاپ چىقتى. باۋيۇي:

— باشقىسىنىڭ لازىمى يوق، — دېدى ـ دە، بېيمىڭغا ئىسرىقداننى ئېلىشنى بۇيرۇپ، ئارقىدىكى باغقا كىرىپ، پاكىزرەك جاي تاللىغانىدى، مۇۋاپىق جاي تاپالمىدى. ئاخىر بېيمىڭ:

— قۇدۇقنىڭ بېشى قانداق بولاركىن؟ — دېدى.

باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. ئۇلار قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئىسرىقداننى يەرگە قويدى. بېيمىڭ بىر چەتكە

① بۇ ساۋجىنىڭ «لوشۈي مەبۇدىسى ھەققىدە قەسىدە»سىدىن ئېلىنغان مىسرالار.

ئۆتۈپ تۇردى. باۋيۈي ھەمياندىن كۈجىنى چىقىرىپ ياندۇردى، كۆزىگە ياش ئېلىپ، يېرىم ـ يارتا تەزىم قىلىپ قويدى ـ دە، بېيمىڭغا قايرىلىپ ئىسرىقدانىنى يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. بېيمىڭ خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۇردى ـ يۇ، لېكىن يىغىشتۇرماستىن، شۇ زامان يۈكۈنۈپ بىرنەچچە قېتىم باش ئۇرۇپ تىلىكىنى بىلدۇردى:

— پېقىر بېيمىڭ، غوجامنىڭ خىزمىتىدە بولغىلى بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. غوجامنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىدىن مېنىڭ بىلمەيدىغىنىم يوق ئىدى، پەقەت بۈگۈنكى مۇشۇ نەزىر ـ چىراغنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىدى، مەنمۇ سوراشقا پېتىنالمىدىم. مۇشۇ نەزىر ـ چىراغنى قوبۇل قىلغۇچى ئەرۋاھ، مەن سېنىڭ ئىسمىڭنى بىلمىسەممۇ، پەمىمچە، ئۆز ۋاقتىدا ئادەمزات ئىچىدە يەككە ـ يېگانە، ئاسماندا تەڭدىشىڭ يوق، ئىنتايىن ئەقىللىك، مەسۇم ـ پاك بىرەر ھەمشىرە بولساڭ كېرەك. غوجام ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرىشى تەس. مەن غوجام ئۈچۈن ساڭا مەدھىيە ئېيتىمەنكى، ئەگەر سېنىڭ ئەرۋاھىڭ بار بولسا، بىزنىڭ غوجام سېنى مۇشۇنداق سېغىنىۋاتقاندىن كېيىن، سەنمۇ پات ـ پات كېلىپ غوجامنى يوقلاپ تۇرساڭ توغرا كەلمەيدىغان يېرى يوقتۇ؟ سەن ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ غوجامنىڭمۇ قىيامەتتە قىز بالىغا ئايلىنىپ تىرىلىشىگە مەدەتكار بولساڭ، ئۇ چاغدا سىلەر بىلەن بىللە ئوينىسا، ھەر ئىككىڭلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولمامدۇ؟

بېيمىڭ سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە بىرنەچچە قېتىم باش ئۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپتى.

باۋيۈي ئۇ سۆزىنى تۈگەتكۈچە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنى بىرنى تېپىپ:

— تولا ۋالاقشىما، كىشىلەر ئاڭلىسا كۈلۈپ زاڭلىق قىلمامدۇ، — دېدى.

بېيمىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسرىقدانىنى يىغىشتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

باۋيۇينىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ۋە:

— مەن راھىبەگە، غوجام تاماق يېمىدى، يەيدىغان نەرسە تەييارلاپ قوي، غوجام ئازراق بىر نەرسە يەۋالسۇن، دەپ قويغانىدىم. ماڭىمۇ مەلۇم، بۇگۈن باغدا كاتتا زىياپەت بار، كۆڭۈل ئېچىش ئادەتتىن تاشقىرى قىزىيدۇ. شۇڭا، سىلى ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىۋالدىلا. ھەر ھالدا بۇ يەردە بىر كۈن ئارام ئېلىۋالسىلىمۇ كۆڭۈللىرى ئوبدانلا ئېچىلىپ قالىدۇ. لېكىن، بىرنەرسە يېمەيدىغان بولسىلا پەقەت توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى.

— زىياپەت يېمىگەندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك غىزا يەپ قويغانغا ھېچ گەپ بولماس، — دېدى باۋيۇي.

— مانا بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى بېيمىڭ، — يەنە بىر گېپىم بار، بىز بۇ يەردە يۇرسەك بەزىلەر چوقۇم ئەنسىرەيدۇ. ھېچكىم ئەنسىرىمىگەن بولسىغۇ، شەھەرگە كەچرەك قايتساقمۇ ھېچ گەپ بولماس ئىدى! ئۇلار ئەنسىرەپ قالىدىغانلا بولسا، غوجام، شەھەرگە كىرىپ ئۆيگە قايتقانلىرى تۈزۈك. بىرىنچىدىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەپ - قائىدىمۇ ئادا قىلىنغان بولىدۇ. شۇنداق بولسۇنمىكىن. قايتقاندىمۇغۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيۈنغا، شارابقا كۆڭۈللىرى تارتىپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئاتا - ئانىنىڭ يېنىدا ۋاپادارلىق يۈزىسىدىن رەسمىيەت قىلىپ قويىدىلا شۇ. سىلى بۇ ئىشنى دەپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ، ۋاڭ خېنىمنىڭ تەشۋىشلىرىگە ئېتىبار قىلمايدىغان بولسىلا، باياتىن نەزىر - چىراغلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەرۋاھمۇ بىئارام بولارمىكىن، غوجام. ئويلاپ باقسىلا، بۇ سۆزۈم قانداق؟

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئۇقتۇم، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — ماڭا ئەگىشىپ سەنلا يالغۇز چىققانلىقىڭ ئۈچۈن، قايتىپ بارغاندا گۇناھ ماڭا ئارتىلىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىسەن، شۇڭا مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ماڭا نەسىھەت

قىلىۋاتسەن، مەن بۇ يەرگە پەقەت مۇشۇ ئەدەپ ـ قائىدىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم، ئەمدى قايتىپ كېتىپ شاراب ئىچىپ، ئويۇن كۆرسەممۇ بولىۋېرىدۇ، مەن ساڭا پۈتۈن بىر كۈن شەھەرگە قايتمايمىز دېگىنىم يوققۇ. مەن ئۆز خاھىشىمنى ئورۇنلاپ بولدۇم. ئەمدى شەھەرگە كىرىپ كېتىمىز، كۆڭلىڭ خاتىرجەم بولسا بولدىغۇ.

— بۇ تېخىمۇ ئوبدان، — دېدى بېيمىڭ.

شۇ گەپ بىلەن ئىككىيلەن ئېتىكاپخانىغا كىرگەنىدى، دېگەندەك ھېلىقى راھىبە بىر شىرەگە گۆشسىز سەي راسلاپ قويۇپتۇ.

باۋيۈي ئاندا ـ مۇندىلا ئېغىز تەگكۈزدى. بېيمىڭمۇ يېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن ئاتلىنىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتىشتى. بېيمىڭ ئارقىدا كېتىۋېتىپ:

— غوجام، ئاتتا ئوبدانراق ئولتۇرسىلا، بۇ ئانچە مىنىلمىگەن ئات، تىزگىنىنى مەھكەمرەك تۇتسىلا، — دەپ تاپىلاپ تۇراتتى.

ئۇلار گەپ ـ سۆز بىلەن بولۇپ بىردەمدىلا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئارقا دەرۋازا بىلەن باغقا كىرىپ، دەرھال ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. شىرېن ۋە باشقىلار ئۆيدە يوق ئىكەن، پەقەت بىرنەچچە خىزمەتكار ئايال ئۆيگە قاراش ئۈچۈن قېلىشقانىدى. باۋيۈي كىرىشىگە ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، مانا كەلدى ! — دېيىشتى ئۇلار، — شىرېن خېنىمنى جىلە قىلىپ ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدىلە ! خېنىملار زىياپەتكە ئەمدىلا ئولتۇرۇشتى، تېزرەك بارسىلا، غوجام.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ زامان ماتەم ئېگىنىنى سېلىۋېتىپ، مېھمانلىق رەڭدار ئېگىنىنى ئۆزى تېپىپ كىيدى. ئاندىن خىزمەتكارلاردىن:

— زىياپەت قەيەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— يېڭى سېلىنغان نەقىشلىك چوڭ مېھمانخانىدا، — دەپ جاۋاب بېرىشتى مومايلار.

باۋيۈي توپتوغرا شۇ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا نەي بىلەن بالىمان ۋە ناخشا سادالىرى لەرزان ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ دەھلىزگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، دالاندا ئۆزى يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرغان يۈيچۈەرنى كۆرۈپ قالدى، بۇمۇ باۋيۈينى كۆرۈشى بىلەنلا بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، تامىقىنى قىرىپ:

— ھەي ! مانا سۇمۇرغمۇ كېلىپ قالدى① ! تېزرەك كىرىڭ، يەنە ئازراقلا كېچىككەن بولسىڭىز، ھەممە نېمە ئۆڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كېتەتتى، — دېدى.

— دەپ باققىنا، مەن نەگە بارغاندىمەن؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ.

يۈيچۈەر لىككىدە قايرىلىپ، ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن كۆز يېشىنى ئېرتىش بىلەن بولدى. باۋيۈي نائىلاج تېز ـ تېز مېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ، جيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن خۇددى سۇمۇرغ كېلىپ قالغاندەك بولۇشۇپ كەتتى.

— نەگە باردىڭ؟ نېمىشقا مۇنداق كېچىكتىڭ؟ بېرىپ فېڭجيې ئاچاڭغا تەزىم قىلماي تۇرىسەنغۇ ! — دەپ سورىدى جيا ئانا ھەممىدىن بۇرۇن. ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ فېڭجيېگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — ئۇكاڭ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەيدۇ. ھەرقانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ تىنماستىن قويماستىن غىپپىدىلا قېچىپ كېتىپتۇ، بۇ قاملاشمىغان ئىش ! ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، قاراپ تۇر، ئاتاڭ قايتىپ كەلگەندە ئاتاڭغا دەپ ئۇردۇرمىسام !

— ماڭا تەزىم قىلىشقۇ چاغلىق ئىش، — دېدى فېڭجيې

---

① بۇ يەردە يۈيچۈەر پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ جيا باۋيۈينى تولىمۇ ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى ھەجۋ قىلىدۇ.

كۆلۈپ، — باۋيۈي ئۆكام بۇنىڭدىن كېيىن لام ـ جىم دېمەستىن، كەينىگە ئادەممۇ سالماستىن تالاغا چىقىپ كەتسە زادى بولمايدۇ. كوچىدا ئات ـ ئۇلاغ، هارۋىلار كۆپ، كىشىنى ئەنسىرىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، بىزدەك كىشىلەرنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىشى قائىدە ـ يوسۇنغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ.

جيا ئانا بىللە بارغۇچىنى كايىشقا باشلىدى.

— نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ؟ ئۇ نەگە بارىمىز دېسە، ئۇچۇر بېرىپ قويماستىن ماقۇل دەپ كېتىۋېرىشىپتۇ؟ — ئاندىن يەنە سورىدى، — ئۇ زادى نەگە بېرىپتۇ؟ بىرنەرسە يەپتىمۇ؟ قورقۇپ كېتىپتىمۇ؟

باۋيۈي ئۆزى جاۋاب بەردى:

— بېيجىڭ ۋاڭنىڭ بىر سۆيۈملۈك كىچىك خوتۇنى قازا تاپقانىكەن، بۈگۈن شۇنىڭكىگە پەتىگە بارغانىدىم. ئۇنىڭ زار ـ زار يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاشلاپ قايتىپ كېلىشكە ئوڭايسىزلاندىم. شۇڭا، ئۇزاقراق هايال بولۇپ قالدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىزگە دەپ قويماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تالاغا چىقىپ كېتىدىغان بولساڭ، — دېدى جيا ئانا، — چوقۇم ئاتاڭغا ئېيتىپ ئۇردۇرىمەن !

باۋيۈي ئالمان ـ تالمان خوش دەپ ۋەدە بەردى. جيا ئانا بىللە بارغان چاكار بالىنى ئۇردۇرماقچى بولۇۋىدى، كۆپچىلىك تەسەللى بېرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، خاپا بولمىسىلا، ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش تۈگىدۇرماي قايتىپ كەپتۇ. ئەمدى هەممەيلەن خاتىرجەم بولۇپ بىردەم كۆڭۈل ئاچايلى.

جيا ئانا باشتا ئەنسىرەپ ئىچى تىتىلداپ كېتىپ ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئەمدى باۋيۈينىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان تۇرسا، نەدە ئاچچىقى كەلسۇن؟ شۇڭا، قايتا

تەرگەپمۇ ئولتۇرمىدى. ئۇنى يەنە ئېغىر ئېلىپ كەتمىسۇن دېگەن ئەندىشە ۋە باشقا يەردە تاماق يېمىگەندۇ، يولدا قورقىقاندۇ دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى يەنە ئەركىلىتىپمۇ قويدى. شىرىن كېلىپ باۋېيۇينى كۆتۈشكە باشلىدى. كۆپچىلىك يەنە ئويۇن كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

بۇ كۈنى «چېتىن جىغا»① ناملىق سەھنە ئەسىرى ئوينالغانىدى. جيا ئانا شۆ هامما ۋە باشقىلار بۇ ئويۇننى كۆرۈپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىشتى. كۈلۈشكەنلەرمۇ، نەپرەتلەنگەنلەرمۇ، تىللاشقانلارمۇ بولدى. يەنە نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

① «چېتىن جىغا» — مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان جۇچۇەن تۈزگەن ئەسەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ، جۇدالىق ۋەقەسى بايان قىلىنغان. فېئوداللىق ئەخلاق تەرغىب قىلىنىدىغان ۋە فېئودال هۆكۈمرانلار ئەتىۋارلايدىغان سەھنە ئەسىرى.

# قىرىق تۆتىنچى باب

## تۇيۇقسىز ۋەقە بىلەن فېڭجىيېدە كۈنداشلىق پەيدا بولغانلىقى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بىلەن پىڭئېرنىڭ ئۆزىگە پەرداز قىلغانلىقى

باۋيۈي ھەمشىرىلەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىك قاتارىدا «چېتىن جىغا» ئويۇننى كۆرۈۋاتاتتى. دەييۈي «ئەرنىڭ نەزىر ئۆتكۈزۈشى»① دېگەن پەردىنى كۆرۈپ، باۋچەيگە مۇنداق دېدى:

— مۇشۇ ۋاڭ شىپېڭ دېگەنمۇ تازا پەمى يوق بىر نېمىكەن. نەزىر - چىراغ دېگەننى نەدىلا ئۆتكۈزسە بولىۋېرىدىغۇ، دەريا بويىغا بېرىپ نېمە قىلاتتىكىنە! «نەرسىنى كۆرگەندە ئىگىسى ئېسىگە كېلىدۇ» دېگەن بىر تەمسىل بار، ئالەمدىكى بارلىق سۇنىڭ مەنبەسى بىر. مەيلى ھەرقانداق يەردىكى سۇدىن بىر چىنە ئېلىپ، شۇنىڭغا قاراپ يىغلىسىمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان بولىۋېرىدۇغۇ.

باۋچەي جاۋاب بەرمىدى. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇچۇقۇپلا كەتتى.

جيا ئانا ئۆز كۆڭلىدە، بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر كۈن، فېڭجىيېنى بۈگۈن راسا خۇشال قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئەمما، ئۆزى داستىخان ئۈستىدە

---

① «ئەرنىڭ نەزىر ئۆتكۈزۈشى» — «چېتىن جىغا» نىڭ بىر پەردىسى، بۇنىڭدا ۋاڭ شىپېڭ خوتۇنى چيەن يۈيلىيەننى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ دەپ خاتا ئاڭلاپ، دەريا بويىدا يىغلاپ نەزىر قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇشقا ئېرىنىپ قالغانىدى، شۇڭا ئىچكىرىكى ئۆيدە كاتتا يانپاشلاپ، شۇ ھاما بىللە ئويۇن كۆردى. بۇلارنىڭ ئالدىغا كىچىك شىرە راسلىنىپ، كۆڭلى تارتقان تاماقلار قويۇلدى. ئىككىسى ئانچە - مۇنچە تاماق يېگەچ گەپلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى داستىخانغا ئولتۇرمىغان چوڭ - كىچىك دېدەكلەرگە ۋە خىزمەتكە ھازىر بولۇپ تۇرغان ئايالارغا ھەدىيە قىلىپ، ئۇلارنى دېرىزە ئالدىدىكى پېشايۋاندا تارتىنماي، كەڭتاشا ئولتۇرۇپ ئىختىيارى يەپ - ئىچىشكە بۇيرۇدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم پەگاھتىكى ئىگىز شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇرغانىدى. تاشقىرىدىكى شىرەلەردە ھەمشىرىلەر ئولتۇرۇشاتتى. جيا ئانا پات - پات يۇشى خېنىمغا تاپىلاپ:

— قېڭجيې قىز تۆردە ئولتۇرسۇن، سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا ساھىبخانا بولۇپ ئۇنى ياخشىراق كۈتۈڭلار. ئۇ يىل بويى جوۋاپ جاپا چەكتى، — دېدى.

يۇشى خېنىم خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇ، تۆردە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنمەپتىمەن، تۆردە ئولتۇرسام زادىلا قاملاشمايدىكەنمەن، دەيدۇ، ھەتتا شارابنىمۇ ئىچكۈسى كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

جيا ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلدى:

— سەن ئۇنى ئولتۇرغۇزۇشنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈم ئولتۇرغۇزاي ئەمىسە.

فېڭجيې شۇ زامان يېتىپ كىردى - دە، ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— چوڭ ئانا، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسىلە، مەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچمۇەتتىم، — دېدى.

جيا ئانا كۈلۈپ يۇشى خېنىمغا بۇيرۇدى:

— ئۇنى تارتىپ ئاچىقىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، ھەممىڭلار ئۇنىڭغا بىر قەدەھتىن شاراب تۇتۇڭلار، ئۇ

يەنە ئىچمەيدىغان بولسا، راستلا ئۆزۈم بېرىپ ئىچۈرىمەن.

يۈشى خېنىم بۇ گەپ بىلەن دەرھال فېڭجيېنى تارتىپ ئاچىقىپ جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. يوغان بىر جامنى ئالدۇرۇپ شاراب تولدۇردى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەن يىل بويى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ۋە ماڭا ۋاپادارلىق كۆرسىتىمەن دەپ جاپا چەكتىڭ. بۈگۈن ساڭا ئىچ كۆيەرلىكىمنى بىلدۈرگۈدەك ھېچنېمەم يوق، ئۆز قولۇم بىلەن شاراب قۇيدۇم. قوزام، مېنىڭ قولۇمدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ قوي، — دېدى.

— سەن ماڭا ئۆز كۆڭلۈڭدە ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولساڭ، تىزلىنىپ ئولتۇر، ئاندىن ئىچىمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— بۇ گەپنى كىمگە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، مىڭ تەسلىكتە بىر پۇرسەت كېلىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق بولۇۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغىن. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ساڭا ئىككى قەدەھ ئىچۈرىمەن!

فېڭجيې ياق دەپ قايتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەچكە، نائىلاج ئىككى قەدەھ ئىچتى. ئاندىن ھەمشىرىلەرمۇ كېلىپ بىر قەدەھتىن شاراب تۇتتى، فېڭجيې بۇلارنىڭ قولىدىنمۇ ئىككى يۇتۇمدىن ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. لەي ئانىكا بۇ ئىش جيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى كۆرۈپ، قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئېچىش ئۈچۈن، بىرنەچچە ئېمىكئانىلارنى باشلاپ كېلىپ شاراب تۇتتى. فېڭجيېمۇ ئۇلارنىڭ قولىنى قايتۇرالماي ئىككى يۇتۇم ئىچىپ قويدى. بۇنىڭ كەينىدىن يۈەنياڭ ۋە باشقىلارمۇ كېلىپ شاراب تۇتۇۋىدى، فېڭجيې راستلا ئىچەلمەي قېلىپ، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم ئاچىلار، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ئەتە ئىچەي.

— بۇ گەپچە، بىزنىڭ يۈزىمىز يوق ئىكەن-دە! — دېدى

www.uyghurkitap.com

يۇەنياڭ كۇلۇپ، — بىز ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بولساق، ئاغىچا خېنىممۇ بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلاتتى. بالدۇرغۇ خېلى يۈز - ئابرۇيۇم بار ئىدى. بۈگۈنزە، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا غوجايىنلىق كىبىرلىرىنى كۆرسەتتىلە - ھە. كەلمىسەم بوپتىكەن. ئىچمىسىلە، ھەممىمىز كېتىمىز !

شۇ گەپ بىلەن يۇەنياڭ راستلا كەتمەكچى بولۇۋىدى، فېڭجيې دەرھاللا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— جېنىم ئاچا، بوپتۇ ئىچەي، — دېدى كۇلۇپ.

شۇنىڭ بىلەن شارابنى ئېلىپ، لىق بىر قەدەھ توشتۇرۇپ يۇتۇنلەي ئىچىۋەتتى. يۇەنياڭ ۋە باشقىلار كۇلۇپ تارقىلىشتى.

ئاندىن كېيىن داستىخانغا ئولتۇرۇشتى. فېڭجيې شارابنىڭ ئەمدى تۇتۇۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ گۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ، ئۆز ئۆيىگە بېرىپ ئارام ئالماقچى بولۇۋىدى، شۇ پەيت سىركچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇشى خېنىمغا:

— ئىنئام قىلىدىغان پۇل تەييارلاپ قويى، مەن يۈز - كۆزۈمنى يۇغىلى بارىمەن، — دېدى.

يۇشى خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى، فېڭجيې كىشى كۆرمىگەن چاغدا داستىخاندىن تۇردى - دە، ئىشىك كەينىدىن پېشايۋان بىلەن يۇرۇپ كەتتى. پىڭئېر ئالايتەن كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرغاچقا، شۇ زامان ئارقىسىدىن چىقتى. فېڭجيې ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالدى. ئۇلار دالانغا كېلىشىگە ئۆز ئۆيىدىكى بىر چۆرە قىزنىڭ شۇ يەردە تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. قىز بۇلارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. فېڭجيېدە گۇمان پەيدا بولۇپ، شۇ زامان ئۇنى قىچقاردى، ھېلىقى چۆرە قىز ئاڭلىمىغانغا سېلىپ قېچىپ كېتىۋەردى، فېڭجيې ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىراپ قىچقىرىۋەرگەندى، قىز نائىلاج قايتىپ كەلدى.

فېڭجيېنىڭ گۇمانى بارغانسېرى كۈچەيدى، پىڭئېر بىلەن

دالانغا كىرىپ، ئۇ قىزنىمۇ چاقىرىپ كىردى. پەنجىرىنى ئاچۇرۇۋەتتى، فېڭجيې هويلىنىڭ پەلەمپىيىدىلا ئولتۇرۇپ قىزنى تىزلىنىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن پىڭئېرگە:

— ئارا دەرۋازىدىن ئىككى چاكار چاقىرىپ كەل، ئارغامچا ۋە قامچا ئالغاچ كېلىپ، ئۆز غوجايىنىنى كۆزگە ئىلمايدىغان مۇنۇ جۇۋايىنىمەكنى ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

قورققىنىدىن بۇ قىزنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى، يىغلىغان پېتى گۇناھىنى تىلەپ باش قويۇشقا باشلىدى.

— مەن جىن - ئالۋاستى ئەمەسقۇ، — دېدى فېڭجيې، — سەن مېنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەدەپ بىلەن ساقلاپ تۇرۇپ تۇراي دېمەستىن نېمىشقا قاچىسەن؟

— مەن ئۆزلىرىنى كۆرمەي قاپتىمەن، خېنىم، — دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۆيدە كىشى يوقلۇقى ئېسىمگە كېلىپ يۈگۈرگەنىدىم.

— ئۆيدە كىشى يوق بولسا، سېنى بۇ يەرگە كىم چاقىرىپ كەلدى؟ — دېدى فېڭجيې، — مېنى كۆرمەي قالغان بولساڭ، بىز پىڭئېر بىلەن ئارقاڭدىن ئون نەچچە قېتىم كانىيىمىز يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىساق، تېخىمۇ تېز يۈگۈردۈڭغۇ؟ ئارىلىق شۇنچە يېقىن تۇرسا نېمىشقا ئاڭلىمىدىڭ؟ گاس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ يەنە تېخى مەن بىلەن تاكاللىشىۋاتىسىنا !

فېڭجيې كېلىشتۇرۇپ يۈزىگە بىر كاچات سېلىۋىدى، ئۇ قىز كەينىگە دىرىڭڭىدە ئۈچۈپ كەتتى، بۇ يۈزىگە يەنە بىر كاچات سالغانىدى، شۇئاندىلا چۆرە قىزنىڭ ئىككى مەڭزى كۆكىرىپ ئىششىپ چىقتى. پىڭئېر دەرھال نەسىھەت قىلىپ:

— خېنىم، ئېھتىيات قىلسىلا، قوللىرى ئاغرىيدۇ، — دېدى.

— سەن ئۇر، نېمىشقا قاچقانلىقىنى سورا، — دېدى فېڭجيې، — ئېيتمايدىغان بولسا ئاغزىنى يىرتىۋەت !

قىز باشتا سۆز قايتۇرغان بولسىمۇ، كېيىن فېڭجېيىنىڭ دەزمالنى قىزىتىپ ئاغزىڭغا ياقىمەن، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئوتتۇرانچى بېگىم ئۆيدە ئىدى، مېنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇر، زىياپەتتىن قايتقاندا ماڭا خەۋەر قىلىپ قوي، دېگەن. خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ شۇ تاپتىلا كېلىپ قېلىشلىرىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ.

فېڭجيې ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ، يەنە سورىدى:

— سېنى ماڭا قاراتقۇزۇپ قويۇپ نېمە قىلماقچىكەن؟ ياكى مېنى ئۆيگە كىرگۈزمەمدىكەن؟ بۇنىڭدا چوقۇم باشقا سەۋەب بار. تېزرەك ئېيتىپ بەر، ئاندىن ساڭا رەھىم قىلىمەن. راستىنى ئېيتمايدىغان بولساڭ، ھېلى بىكار گۆشۈڭنى شىلىۋالىمەن.

شۇ گەپ بىلەن فېڭجيې بېشىدىن بىر دانە تۈرگۈچنى ئېلىپ، بايىقى قىزنىڭ يۈزىگە سانجىۋەردى، قورقۇپ كەتكەن قىز كەينىگە بىر قەدەم داجىدى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— خېنىم، ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي، مېنى دېدى دېمىسىلە.

پىڭئېر بىر ياقتىن نەسىھەت قىلىپ، بىر ياقتىن تېزرەك ئېيت دەپ ئالدىراتتى. قىز ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئوتتۇرانچى بېگىممۇ بايىراقتا كېلىپلا ساندۇقنى ئېچىپ ئىككى پارچە كۈمۈش، ئىككى دانە چاچ تۈرگۈچ، ئىككى توپ تاۋار ئېلىپ ، مېنى ئاستا باۋئېرنىڭ خوتۇنىغا ئاپىرىپ بەر، ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىپ قوي، دېگەنىدى. باۋئېرنىڭ خوتۇنى نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئاندىن بېگىم مېنى ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن، ئاچچىقىدا ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئۇ ئەمدىلا دەرۋازىغا يېتىپ كېلىشىگە، دەرۋازا ئالدىدا قاراپ تۇرغان يەنە بىر چۆرە

قىز فېڭجيېنى كۆرۈپلا بەدەر ئۆي تەرەپكە چاپتى. فېڭجيې ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، توختا، دەپ ۋارقىرىدى. بۇ قىز زېرەك بولغاچقا، كۆزدىن نېرى بولالماسلىقىنى پەملەپ، دەرھال فېڭجيېنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆزلىرىگە ئېيتىپ قويايى دەپ تۇرۇۋىدىم، خېنىم. ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا، — دېدى.

— ماڭا نېمىنى ئېيتماقچىدىڭ؟ — دېدى فېڭجيې.

— بېگىم ئۆيدە ... — بۇ قىزمۇ بايىقى گەپلەرنى بىر قۇر دەپ بەردى. فېڭجيې بىرنى تۈكۈردى - دە:

— بالدۇرراق نېمە قىلدىڭ؟ ئەمدىزە، مەن سېنى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىنلا ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچى بولۇۋاتامسەن - ھە ! — دېدى ۋە غۇلىچىنى كېرىپ تۇرۇپ ئۇنىمۇ كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىدى، چۆرە قىز ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى - دە، ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ تىكىۋەتتى.

فېڭجيې دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالغانىدى، ئۆيدىن كۈلكە - پاراڭ ئاڭلاندى:

— ئاشۇ ھازازۇل خوتۇنلىرى تېزرەك ئۆلسە ياخشى بولاتتى.

— ئۇ ئۆلسە، باشقا بىرنى ئالسام، ئۇمۇ مۇشۇنداق بولسا قانداق قىلىدىغان گەپ؟ — دېدى جيا ليەن.

— ئۇ ئۆلسە، پىڭئېرنى چوڭ خوتۇن قىلىۋالغان بولسىلا ھەرھالدا ياخشىراق ئىدى، — دېدى بىر ئايال كىشى.

— ئۇ ھەتتا پىڭئېرنىمۇ ماڭا يېقىن يولاتمايدۇ، — دېدى جيا ليەن، — پىڭئېر بىر تاغار قورساق كۆپۈكى بولسىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ. قانداق بولۇپ مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئۇ ئالۋاستىنىڭ «يۇلتۇز»ىغا توغرا كېلىپ قالغانكىنتاڭ !

بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن فېڭجيېنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى جاق - جاق تىترەك باستى. ئۇلارنىڭ پىڭئېرنى ماختىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھە، مەن يوق يەردە زارلىنىدىكەن - دە، دەپ پىڭئېردىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بايىقى شارابنىڭ كەيپى بارغانسېرى

كۆتۈرۈلۈپ، ئويلىنىپمۇ تۇرماستىن ئارقىسىغا قايرىلىدى ـ دە، پىڭئېرنى ئىككى تەستەك سالدى. ئاندىن ئىشىكنى بىر تېپىپ ئېچىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. ئەجىر ئىچىشقىمۇ يول قويماي، باۋئېرنىڭ خوتۇنىنى تۇتقان پېتى ئۇرىۋەردى. يەنە بىر تەرەپتىن جىيا لىيەننى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشىكنى توسۇپ باۋئېرنىڭ خوتۇنىنى تىللاشقا باشلىدى:

— پاسكىنا جالاپ! سەن ئېرىمنى تارتىۋالماقچى بولغانلىڭ ئۈستىگە، يەنە تېخى مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەيسىنا! پىڭئېر، بېرى كەل! سەن جالاپلار بىر پىلەكتە چۈشكەن خەمەكلەر، مېنى يامان كۆرۈشىسەن، سەنمۇ مېنى ئالداپ يۈرۈپسەن! — دەپلا پىڭئېرنى يەنە بىرنەچچىنى ئۇردى. بۇ ناھەق تاياق ئۈچۈن پىڭئېر دادلاشقا ئورۇن تاپالماي، ئاچچىقىدا يىغلىۋەتتى.

— بۇنداق يۈز كۆتۈرەلمەيدىغان ئىشنى ئۆزۈڭلار قىلىشىپ، بىكاردىن ـ بىكار نېمىشقا مېنى چىشلەپ تارتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ.

شۇ گەپ بىلەن بۇمۇ باۋئېرنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

جىيالىيەنمۇ ھاراقنى كۆپ ئىچكەن بولغاچقا، ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا كەيپى چاغ بولۇپ، ئىشنىڭ مەخپىي بولۇشى بىلەنمۇ كارى بولمىغانىدى. فېڭجيېنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشى بىلەن ئۇ گاڭگىراپ قالدى. ئەمما، پىڭئېرمۇ غەلۋە قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھاراقنىڭ كەيپىدە ئاچچىقى تۇتۇپ قالدى. فېڭجيې باۋئېرنىڭ خوتۇنىنى ئۇرغاندا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئىزا تارتىپ ئارىغا كىرەلمىگەنىدى، ئەمدى پىڭئېرنىڭمۇ ئۇنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگەن پېتى پىڭئېرنى بىرنى تېپىپ:

— ھوي جالاپ! سەنمۇ ئۇرۇۋاتىسەنغۇ! — دەپ تىللىدى.

پىڭئېر قورقۇنچاق بولغاچقا، ئۇرۇشتىن دەرھال توختاپ، نالە قىلىشقا باشلىدى:

— سىلەر نېمىشقا مېنى بۇ ئىشلارغا چېتىۋالىسىلەر؟

فېڭجيې پىڭئېرنىڭ جىيا لىيەندىن قورققانلىقىنى كۆرۈپ

تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ پىكئېرنى يەنە ئۇردى. ئاندىن باۋئېرنىڭ خوتۇنىنى ئۇر، دەپ ۋارقىرىدى. پىكئېر جىلە بولۇپ، ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن پىچاق ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. تاشقىرىدا خىزمەتكار ئاياللار ۋە چۆرە قىزلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ نەسىھەت قىلدى.

فېڭجيې پىكئېرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بېرىپ جيا ليەننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى نىقتاپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئۇلار گېپىنى بىر قىلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، مەن ھەممە گەپنى ئاڭلىۋالسام، تېخى مېنى قورقۇتماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ! مېنى سەنلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت!

جيا ليەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ تامدىن شەمشەرنى ئېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا قوي! راستلا جۇدۇنۇم تۇتۇۋاتىدۇ! ھەممىڭنى بىر يولى بوغۇزلىۋېتەي، مەنمۇ جېنىمدىن كەچتىم، ھەممىمىز تەڭلا قۇتۇلىشايلى.

جېدەلنىڭ ئايىغى چىقمايلا، يۈشى خېنىم بىر توپ ئاياللار بىلەن كىرىپ كېلىپ:

— نېمە گەپ بۇ؟ بايىلا تېخى بىر ئوبدان ئىدى، ئەمدى غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتىغۇ، — دېدى.

جياليەن ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ مەستلىككە سېلىپ، ھەيۋە قىلىپ، ئەتەي فېڭجيېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما، فېڭجيې كىشىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بايىقىدەك كۆكەرمىلىك قىلالماي، كۆپچىلىكنى قالدۇرۇپ، يىغلىغان پېتى جيا ئانىنىڭ قېشىغا چاپتى.

بۇ چاغدا ئويۇن يېڭىلا ئاياغلاشقانىدى. فېڭجيې جيا ئانىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى ـ دە، داد ئېيتىپ:

— چوڭ ئانا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا! جياليەن بېگىم مېنى

ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ! ـــ دېدى.

جىيا ئانا، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا:

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سوراشتى.

ـــ بايا مەن كىيىم يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ئۆيگە بارغانىدىم، ـــ دېدى فېڭجېي يىغلاپ تۇرۇپ، ـــ جىيالىەن بېگىمنىڭ ئۆيدە بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالماي، دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قۇلاق سالسام، باۋئېرنىڭ خوتۇنى ئىكەن. ئۇلار مېنى يامان دەپ، زەھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، پىڭئېرنى رەسمىي خوتۇنلۇققا ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ، ئېرىم بىلەن تاكاللىشىشقا پېتىنالماي، پىڭئېرنى بىر ـ ئىككىنى ئۇرۇۋەتتىم. مەن جىيالىەن بېگىمدىن نېمىشقا ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى.

جىيا ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممە گەپكە چىنپۈتۈپ ۋارقىرىدى:

ـــ قانداق گەپ بۇ ! بۇ ھارامزادىنى چاپسان تۇتۇپ كېلىڭلار !

گېپىنىڭ ئايىغى تېخى تۈگىمەيلا، جىيا لىەن شەمشەر كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئارقىدىن نۇرغۇن ئادەملەر كىرىشتى. جىيالىەن ئۆزىنى جىيا ئانىنىڭ ئادەتتە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېمات قىلىپ، ھەتتا ئانىسى بىلەن خان ئاچىسىنىمۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ دەپ، ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېسىپ كىرگەنىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ـ دە، تىللاشقا باشلىدى:

ـــ ھوي پەس ! تېخىمۇ قىلىپتىن چىقىپ كېتىپسەنغۇ ! بۇ يەردە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تۇرسا !

ـــ ئۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مۇشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغان، ـــ دېدى جىيالىەن كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ، ـــ شۇڭا

مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇ ھەتتا مېنىمۇ تىللىدى!

شاڭ ئاغىچا خېنىم ئاچچىقى بىلەن شەمشەرنى تارتىۋېلىپ:

— چىق بۇ يەردىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

جىيالىيەن يۈزىنى قېلىن قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقشىدى.

— سېنىڭ بىزنى نەزەر - گۈزىرىڭگە ئالمايدىغانلىقىڭنى بىلمەن! — دېدى جيا ئانا ئاچچىقلاپ، — ئاتىسىنى چاقىرتىپ كېلىڭلار، قېنى بۇ كېتەمدىكىن، كەتمەمدىكىن!

جىيالىيەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى. قورساق كۆپۈكىدە ئۆي تەرەپكە ئەمەس، تاشقىرىقى كۈتۈپخانىغا قاراپ ماڭدى.

شاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجېيېگە گەپ قىلىپ قويدى.

— ھېچقانچە كارايىتى يوق ئىش ئىكەن! — دېدى جيا ئانا، — بالىلار ياشلىق قىلىشىدۇ، بىزنى كۆرگەن ئاسلان جىم تۇرالمىغاندەك، ئۇلارنى توسۇپ قالغىلى بولامتى؟ كىچىكىدىنلا كىشىلەر شۇنداق بولىدۇ. ھەممە ئەيىب مەندە، ساڭا ئىككى يۇتۇم شارابنى ئارتۇقراق ئىچۈرۈپ قويۇپتىكەنمەن، سەن ئۇنى كۆنلىگىلى تۇرۇپسەن!

بۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. جيا ئانا يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— خاتىرجەم بول، ئەتە ئېرىڭنى ساڭا ناماقۇل دېگۈزىمەن. بۈگۈنچە بېرىپ ئۇنى ئىزا تارتقۇزماي، مۇشۇ يەردە تۇر، — ئاندىن پىڭئېرنى تىللىدى، — پىڭئېر دېگەن جۇۋاينىمەكنى ياخشى قىز دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئۇ يەڭ ئىچىدە مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ - دە!

— پىڭئېردا ئەيىب يوق، — دېدى يۈشى خېنىم كۈلۈپ، — فېڭجېي قىز ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن ئاپتۇ. ئەر - خوتۇن خاپا بولۇشۇپ قالسا ھەر ئىككىسى ئاچچىقىنى پىڭئېردىن ئالىدۇ. پىڭئېر خورسىنىپ ئادا بولۇپ كېتەي دەۋاتسا، ئۇلۇغ ئاغىچا

www.uyghurkitap.com

خېنىم يەنە ئۇنى تىللاۋاتىدىلا !

— شۇنى دېگىنە، — دېدى جىيا ئانا، — بۇ بالا ئۇنداق قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، دەيدىغانىدىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ بىچارە بىكارلا ئازار يەپتۇ، — ئاندىن خوپونى چاقىردى، — خوپو، بېرى كەل، — سەن بېرىپ مېنى دېدى دەپ پېڭئېرگە ئېيتىپ قوي، ئۇ ئازار يەپ قاپتۇ، ئەتە غوجايىنىنى ئۇنىڭغا ناماقۇل قىلدۇرىمەن. بۈگۈن ئۇنىڭ غوجايىنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، قېيداپ خاپا بولماي تۇرسۇن.

پېڭئېرنى لى ۋەن ئالىلقاچان نەزەر باغقا ئېلىپ كەتكەنىدى. پېڭئېر يىغلاۋېرىپ بوغۇلۇپ گەپ قىلالمايلا قالدى. باۋچەي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سەن ئەقىللىك قىز، سىلەرنىڭ خېنىمىڭلار ساڭا شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كېلەتتىغۇ؟ بۈگۈن بىر يۈتۈمنى ئارتۇق ئىچىپ قويۇپتۇ. ئاچچىقىنى سەندىن چىقارماي باشقا بىر كىمدىن چىقىرامتى؟ بولمىسا، باشقىلار ئۇنى يالغاندىن شۇنداق قىلدى دەپ زاڭلىق قىلىشىدۇ !

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا خوپو كىرىپ جىيا ئانىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پېڭئېر يۈزى يورۇق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى، ئالدىنقى ھويلىغىمۇ يېنىپ چىقمىدى.

باۋچەي بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، جىيا ئانا بىلەن فېڭجيېنىڭ قېشىغا كەلدى. باۋيۈي پېڭئېرنى ئارامبەخش ھويلىغا تەكلىپ قىلىۋىدى، شىرېنمۇ دەرھال ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى بالدۇرلا تەكلىپ قىلماقچىدىم، ئاڭغىچە چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن خان قىزلار تەكلىپ قىلىپ قالغاچقا، ماڭا ئېپى كەلمەي قالدى، — دېدى.

— رەھمەت ! — دېدى پېڭئېرمۇ كۈلۈپ. ئاندىن قوشۇپ

قويدى، — تۇۋا، بۇ ئىشقا نېمە دېسە بولاركىن ! ھېچ سەۋەبسىز بىكاردىن ـ بىكار ئازار يەپ قالدىما !
— كېلىن ئاغىچا ھەمىشە ساڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن، — دېدى شىرىن كۈلۈمسىرەپ، — بۇ پەقەت بىردەملىك خاپىچىلىقتىن بولغان ئىش !
— كېلىن ئاغىچىغا گەپ سىغمايدۇ، — دېدى پىڭئېر، — بۇ ھېلىقى جالاپنىڭ ماڭا تېپىپ بەرگەن ئىشى، تېخى مېنى ئويۇنچۇقى قىلىۋاپتۇ ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ ھېلىقى ئەخمەق غوجامىمۇ مېنى ئۇرۇۋاتامدۇ !
شۇ گەپ بىلەن ئۇ يەنە ئېسەدەپ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. باۋيۈي شۇئان تەسەللى بېرىپ:
— ئوبدان ئاچا، كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، بۇ ئىككىسى ئۈچۈن مەن ناماقۇل بولاي، — دېدى.
— سىلىنىڭ نېمە كارىڭلىرى؟ — دەپ كۈلۈپ تاشلىدى پىڭئېر.
— بىز ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ھەممىمىز بىر ئادەم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۇلار خەقنى رەنجىتىپ قويسا، ئۇلار ئۈچۈن مەن ناماقۇل بولساممۇ توغرا كېلىدۇ-يېرىدۇ، — ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى، — ئاپلا، مۇنۇ يېڭى چاپىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ ! سىڭلىڭ شىرېننىڭ كىيىمىنى كىيىپ تۇرغان بولساڭ، چاپىنىڭغا هاراق پۈركۈپ دەزمال سېلىپ بەرسەكمۇ بوپتىكەن. بېشىڭنى يېڭىباشتىن تارىۋالغىن، — ئاندىن ئۇ چۆرە قىزلارغا، — يۈز يۇيىدىغان سۇ ئەكېلىڭلار، دەزمالنى قىزىتىڭلار، — دەپ تاپىلىدى.
پىڭئېر ئادەتتە كىشىلەرنىڭ باۋيۈينى قىزلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئوبدانلا پەمى بار دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى. باۋيۈي ئادەتتە پىڭئېرنى، جيالىيەننىڭ ئامراق كىچىك خوتۇنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە فېڭجيېنىڭ سىردىشى دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا پېتىنالماي ۋە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلالماي

دائىم ئەپسۇسلىنىپ يۈرەتتى. پىڭئېر ھازىر باۋيۈينىڭ بۇنداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئىچىدە: «ئاڭلىغانلىرىم يالغان ئەمەس ئىكەن، ھەممە ئىشتا ئەتراپلىق ئويلايدىكەن» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى. شۇ ئارىدا شىرنىڭ ساندۇقنى ئېچىپ ئانچە كۆپ كىيىلمىگەن ئىككى دانە كىيىمنى ئېلىپ كەلدى. پىڭئېر دەرھال يۈز ـ كۆزىنى يۇدى، باۋيۈي بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئاچا، ئانچە ـ مۇنچە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈۋالساڭمۇ بوپتىكەن، بولمىسا فېڭجىيې ئاچامغا باتنىغاندەك كۆرۈنۈپ قالىدىكەنسەن، يەنە كېلىپ بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئانامۇ ساڭا ئالايىتەن كىشى ئەۋەتىپ كۆڭۈل ئېيتىپتۇ، — دېدى.

پىڭئېر باۋيۈينىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تېپىپ، ئۇپا ئىزدىگەندى، تاپالمىدى. باۋيۈي شۇئان پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شۈەندې زامانىسىدا[1] ئىشلەنگەن چىنە قۇتىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئون تال قاش يارماگۈل ئۇپا چوكىسى چىقىپ قالدى. باۋيۈي ئۇنىڭدىن بىر تال يېرىپ ئېلىپ پىڭئېرگە ئۇزارتتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ ھەپىرەڭگۈل ئۇرۇقىنى ئېزىپ، ئۇنىڭغا خۇشبۇي ئەشيا قوشۇپ ياسالغان ئۇپا، — دېدى.

پىڭئېر قولىغا ئېلىپ قارىسا، «يەڭگىل»، «ئاق»، «قىزىل»، «خۇش پۇراق» دېگەندەك تۆت خىل خۇسۇسىيەتلىك ئېسىل ئۇپا ئىكەن، يۈزگە سۈرسە ئاسانلا تەكشى يېيىلىدىكەن، يالتىرىتىدىكەن، باشقا ئۇپىلاردەك يۈزنىڭ تېرىسىنى قورۇپ قويمايدىكەن. ئاندىن ئۇ ئەڭلىكنى ئېلىپ قارىغانىدى، بۇمۇ تاختا ئەڭلىك بولماي، كىچىككىنە ئاق قاشتاش قۇتىغا قاچىلانغان بىر قۇتىچە بولۇپ، گۈل يېغىغا ئوخشايدىكەن. باۋيۈي

① شۈەندې — مىڭ سۇلالىسىدىن شۈەنزۇڭ خانىنىڭ يىل نامى (1426 — 1435).

كۆلۈپ تۇرۇپ:
— دۇكاندا سېتىلىۋاتقان ئەڭلىك تەكشى سىڭمەيدۇ، رەڭگىمۇ سۇس. بۇ ئەڭ ياخشى ئەڭلىكنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، چايقاپ، تىندۇرۇپ ئېرىغدىغاندىن كېيىن، گۈلاپ قوشۇپ هوردا دۈملەپ پىشۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن چاچ تۇرگۈچ بىلەن ئازراقلا ئېلىپ لەۋگە سۈرسە كۆپايە قىلىدۇ ياكى ئازغىنا سۇ قوشۇپ ئالىقاندا ئېزىپ يۈزگە سۈرسە بىمالال يېتىدۇ.
پىڭئېر باۋيۈي ئېيتقاندەك پەرداز قىلىۋىدى، دېگەندەك يۈزنى ئادەتتىن تاشقىرى كۆركەم قىلىۋەتتى ۋە ئىككى مەڭزىگە تاتلىق خۇشبۇي يېيىلدى. ئاندىن باۋيۈي تەشتەكتە يېڭى ئېچىلغان كۆزگى ئورخىدىيە گۈلىدىن بىر تالنى بامبۇك قايچا بىلەن كېسىپ پىڭئېرنىڭ چېكىسىگە قىسىپ قويغانىدى، بۆلەكچىلا هۆسن كىردى. شۇ پەيتتە لى ۋەن ئۇنى چاقىرتىپ بىر چۆرە قىزنى ئەۋەتكەنىدى، پىڭئېر ئىلداملا كېتىپ قالدى.
باۋيۈي ئۇزاقتىن بۇيان پىڭئېرنىڭ ئالدىدا ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلالماي يۈرگىنىگە بەك ئۆكۈنەتتى. چۈنكى، پىڭئېر ئىنتايىن ئەقىللىك، ئىنتايىن چىرايلىق، ئالدىنقى قاتاردىكى قىزلاردىن بولۇپ، ئۇنى ئۇنداق پالاكەت ـ دۆت نېمىلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. بۈگۈن چىنچۈەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، باۋيۈي كۈنبويى كەيپسىزلىنىپ يۈردى. كۈتۈلمىگەندە، بۇ جېدەل چىقىپ قېلىپ، باۋيۈي مۇشۇ باهانىدا پىڭئېرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى سەل ـ پەل ئىزهار قىلىۋالىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىمىغان بىر خۇشاللىق بولدى. باۋيۈي كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ شېرىن خىيالغا بېرىلىپ، خۇشاللىقىدىن جېنى يايراپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا تۇيۇقسىز كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كېلىپ قالدى: «جيالىيەن پەقەت شەهۋانىيلىق بىلەنلا كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى بىلىدۇ، ئاياللارغا تەربىيە قىلىشنى بىلمەيدۇ. پىڭئېرنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى يوق، يەككە ـ يېگانە بىر قىز. ئۇنى

جىيالىيەن بىلەن خوتۇنى ئىككىسى تەڭ ئىشلىتىدۇ. جىيالىيەن قوپاللىق قىلىسىمۇ، فېڭجېي ھەيۋە ـ دوق قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆز لايىقىدا ئوبدان خىزمەت قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ بۈگۈن يەنە ئازار يەپ رەنجىپ قالدى. تولىمۇ ناھايىتى شور پېشانە قىز ئىكەن!» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە باۋيۈيىنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، پىڭئېرنىڭ بايىقى كىيىمىگە پۈركەلگەن ھاراقنىڭ خېلى ئەكچىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەزماللاپ چىرايلىق قاتلاپ قويدى، ئاندىن پىڭئېر ئېسىدىن چىقىرىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ياغلىقتا كۆزى چۈشتى، ياغلىقتىكى ياش داغلىرىنى كۆرۈپ، ياغلىقنى داستا يۇيۇپ يېيىپ قويدى. ئۇ بۈگۈن ھەم خۇشال، ھەم غەمكىن ئىدى، بىردەم ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، خۇشبۇي شالزارلىققا كەلدى، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن خېلى ۋاقىت پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولغاندىلا قايتىپ كەتتى.

پىڭئېر بۇ كېچىنى لى ۋەننىڭكىدە ئۆتكۈزدى. فېڭجېي جىيا ئانىنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدى. جىيالىيەن ئۆيىگە بەك كەچ قايتىپ كەلدى. ئۆيىنىڭ ئىچى ئىمتاس، چۆلدەرەپ قالغانىدى، خوتۇنىنى قىچقارتىپ كېلىش ئوڭايسىز بولغانلىقتىن، كېچىنى نائىلاج يالغۇز ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. ئەتىسى مەستلىكى يېشىلىپ، تۈنۈگۈن بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ، خېلىلا خىجىل بولۇپ پۇشايمان قىلدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم جىيالىيەننىڭ تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەتىگەندىلا بۇيانغا ئۆتۈپ، جىيالىيەننى جىيا ئانىنىڭ قېشىغا چاقىرتتى. جىيالىيەن نائىلاج خىجالەت ئىچىدە جىيا ئانىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا ئۇنىڭدىن.

— تۈنۈگۈن ھاراق ئىچىپ قويغانىدىم، ئۆزلىرىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇپتىمەن. بۈگۈن ئۆزلىرىدىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، — دېدى جىيالىيەن ھىجىيىپ.

جىيا ئانا تۇفى! دەپ يەرنى تۈكۈردى ـ دە:

— ۋۇي پېسەندى ! سېرىق زەردابنى ئىچمۇالغاندىن كېيىن، سىڭگىنىگە شۇكۇر قىلىپ سۇنايلىنىپ ياتماي، يەنە تېخى خوتۇنۇڭنى ئۇرغىنىڭنى قارا سېنىڭ ! فېڭجيې قىز كۇنبويى ھېچكىمگە گەپ بەرمەي، خۇددى ھاكىم بەگدەك يۇرەتتى، تۇنۇگۇن قورقىنىدىن شۇمشىيىپلا كېتىپتۇ ! ئەگەر مەن بولماي، جېنىغا زامىن بولغان بولساڭ، شۇ تۇرقىدا نېمىلەر بولۇپ كېتەتتى؟ — دېدى.

جياليەن ھەرقانچە قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاقلاشقا پېتىنالماستىن، ئەيىب مەندە دېمەي بولمىدى. جيا ئانا يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ:

— فېڭجيې قىز بىلەن پىڭئېر ساھىبجامالاردىن ئەمەسمىكەن؟ بۇ ئىككىسى ساڭا ئازلىق قىلدىمۇ؟ كۇنبويى ئىتتەك تىمىسقىلاپ نەدىكى سېسىق بىرنېمىلەرنى ئۆيۈڭگە ئەكىرىۋېرىدىكەنسەن ! سەن ئاشۇنداق جالاپنى دەپ خوتۇنۇڭنى ئۇرساڭ، ئۆيۈڭدىكى كىشىنىمۇ ئۇرساڭ، ئىسىت، چوڭ خانىدانىڭ بەگزادىسى بولۇپ قالغانلىقىڭ ! ئۆزۈڭنى شەرمەندە قىلدىڭ شۇ ! ئەگەر مېنى كۆزۈڭگە ئىلىدىغان بولساڭ، ئورنۇڭدىن تۇر، مەن سېنى ئەپۇ قىلاي، ياخشىلىقچە خوتۇنۇڭغا ناماقۇل بولۇپ، ئۇنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەتسەڭ، مېنىڭ كۆڭلۇمنى خۇش قىلىسەن. ئۇنداق قىلمىساڭ، بۇ يەردىن دەرھال چىق، ئىككىنچى قاراڭنى كۆرگۈچى بولماي !

جياليەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر چەتتە تۇرغان فېڭجيېگە كۆز سېلىپ، تېخىچە ياسىنىپ ئۆزىنى تۈزەشتۇرمىگەنلىكىنى، يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئۇپا - ئەڭلىكمۇ سۇرتمىگەنلىكىنى، يۈزلىرى سارغىيىپ باشقا چاغلاردىكىدىن تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «بوپتىلا، ناماقۇل بولسام ئىككىمىز ئەپلىشىپ قالىدىكەنمىزغۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەنمەن» دېگەن ئويغا

www.uyghurkitap.com

كەلدى ـ دە، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سۆزىنى يىرىشقا ھەددىم ئەمەس، لېكىن ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتەرمىكىن، — دېدى.

— بىكار گەپ! — دېدى جىيا ئانا كۇلۇپ، — مەن ئۇنى بىلىمەن، بەك ئەدەپلىك، ئادەملەرگە بىھۇدە چېقىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى رەنجىتىپ قويسا، ئۆزۈم ئىگە بولۇپ ساڭا بويۇن ئەگدۈرۈپ بەرسەم بولدىغۇ.

جىيالىيەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، فېڭجېيگە ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلدى ـ دە، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك، خېنىم، خاپا بولمىغىن، — دېدى.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۇلۇشتى، جىيا ئانىمۇ كۇلۇپ:

— فېڭجېي قىز، تېرىكمىگىن، ئەمدى يەنە تېرىكىدىغان بولساڭ، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پىڭئېرنى چاقىرتىپ كېلىپ، فېڭجېي بىلەن جىيالىيەننى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىڭلار دەپ بۇيرۇدى. جىيالىيەن پىڭئېرنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ ئۇنىڭغا تارتتى. چۈنكى، «چوڭ خوتۇن كىچىك خوتۇنغا يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار ـ دە، شۇڭا جىيا ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇ دەرھال پىڭئېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خان قىز، تۇنۇگۇن رەنجىپ قالدىڭ، ھەممە ئىشتا مەن ئەيىبلىك. مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن خېنىممۇ سېنى رەنجىتىپ قويدى. مەن ئۆزۈم ئۇچۇن ئەپۇ سوراش بىلەن بىللە، خېنىمنىڭ ئۇچۇنمۇ ئەپۇ سورايمەن، — دېدى ۋە شۇ زامان بىر تەزىم قىلدى. بۇ ئىش جىيا ئانىنىڭ كۇلكىسىنى كەلتۈردى، فېڭجېيمۇ كۇلۇۋەتتى.

جىيا ئانا يەنە فېڭجېيگىمۇ پىڭئېرگە تەسەللى بەرگىن دەپ بۇيرۇۋىدى، ئاڭغىچە پىڭئېر ئۆزى فېڭجېينىڭ ئالدىغا كېلىپ باش ئۇرۇپ:

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ قۇتلۇق كۆڭلىرىدە ئاچچىقلىرىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ناماقۇل، — دېدى.

فېڭجېي تۇنۇگۇن كۆپرەك ئىچىپ قويغاچقا، ئادەتتىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ يېنىكلىك قىلىپ، خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ بىكاردىن - بىكار ئۇنىڭ يۈزىگە سەتچىلىك قىلىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ھەم ئۇيۇلۇپ كەتتى، ھەم ئىچى سىيرىلدى - دە، پىڭئېرنى دەرھاللا ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

— خېنىم، مەن ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقىلى قانچە يىللار بولۇپ قالدى، — دېدى پىڭئېر، — مېنى بۇ ۋاقىتقىچە تاك ئېتىپ بىرنى چەكمىگەنىدىلە، تۇنۇگۇن مېنى ئۇرۇپ قويغانلىقلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. ھەممە ئىش ھېلىقى جالاپنىڭ كاساپىتى بىلەن بولغان، سىلىنىڭ ئاچچىقلىرى كېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇ گەپتىن كېيىن پىڭئېرنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش تاراملاپ ئاقتى. جيا ئانا كىشى بۇيرۇپ:

— بۇ ئۈچەيلەننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، بىرەرسى بۇ ئىشنى يەنە تەرگەيدىغان بولسا، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، قايسىسى بولسۇن، ھاسام بىلەن سالىمەن، — دېدى.

بۇ ئۈچەيلەن يېڭىباشتىن جيا ئانىغا، شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا باش ئۇرۇشتى، ئېمىكئانىلار جيا ئانىنىڭ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، بۇ ئۈچەيلەننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى.

ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، فېڭجېي كىشى يوق چاغدا جيالىيەنگە:

— مەن قانداقسىغا ھازازۇل بىلەن يالماۋۇزغا ئوخشايدىكەنمەن؟ ھېلىقى جالاپ مېنى ئۆلسۇن دەپ قارغىسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ مېنى قارغاۋاتىسەن. مەن سەن بىلەن ھەمىشە يامان ئۆتمىگەندىمەن، ياخشى ئۆتكەن كۈنلىرىممۇ باردۇ؟

مەن بىچارىنىڭ ھەتتا ئاشۇ دۆيۈز جالاپچىلىك ئەتىۋارىم بولمىدىغۇ. بۈنىڭدىن كېيىن قايسى يۈزۈم بىلەن كۈن ئۆتكۈزەرمەن؟ — دېدى ـ دە، يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— سەن يەنىلا بولدى قىلمامسەن؟ — دېدى جيالىيەن، — سەن ياخشىراق ئويلاپ باق، تۈنۈگۈن كىمدىن كۆپرەك ئۆتۈپ كەتتى؟ بۈگۈن مەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۈرۈپ ناماقۇل بولدۇم، ئوشۇقۇڭمۇ ئالچا قويتى، يەنە ۋاتىلداۋېرەمسەن؟ مېنى ئۆزۈڭگە يەنە تىزلاندۇرماقچىمىدىڭيا؟ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتسەڭمۇ ياخشى بولماس!

بۇ گەپكە فېڭجيې لام ـ جىم دېيەلمىدى. پىڭئېر پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. جيالىيەنمۇ كۈلۈپ تۈرۈپ:

— بوپتىلا، راستىنى ئېيتقاندا ماڭىمۇ باشقا ئامال يوق ئىدى، — دېدى.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا بىر خىزمەتكار ئايال كىرىپ:

— باۋئېرنىڭ خوتۈنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

جيالىيەن بىلەن فېڭجيې چۆچۈپ كېتىشتى. لېكىن، فېڭجيې دەرھال تەرىنى تۈرۈپ، ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۆلسە ئۆلمەمدۇ! بۈنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار!

بىردەمدىن كېيىن لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كىرىپ فېڭجيېگە ئاستا:

— باۋئېرنىڭ خوتۈنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتىكەن، ئۈنىڭ ئۈرۈق ـ تۈغقانلىرى دەۋا قىلماقچى بولۇشۇپتۇ! — دېدى.

— بۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى فېڭجيې سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مەن تېخى ئەرز قىلماقچى بولۇپ تۈرۈۋىدىم.

— مەن ئۇلارغا بىر قۇر نەسىھەت قىلدىم، ھەتتا قورقۇتۇپمۇ قويدۇم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئاندىن بىرئاز پۇل بېرىشكە ۋەدە قىلىنىۋىدىم، ئۇلارمۇ كۆنۈپ قالدى.

— مېنىڭ بېرىدىغان بىر داچەن پۇلۇم يوق، — دېدى

فېڭجيې، — پۇلۇم بولسىمۇ ئۇنىڭغا بەرمەيمەن! نەگە بېرىپ ئەرز قىلسا قىلسۇن. نەسىھەت قىلىشنىڭمۇ، قورقۇتۇشنىڭمۇ هاجىتى يوق. ئەرز قىلسا قىلىۋەرسۇن! ئەرزى بەربىر ئاقمايدۇ، مەن ئۇلارغا «مۇردا بىلەن پوپوزا» قىلماقچىمۇ سىلەر، دەيمەن!

لى جىشياۋنىڭ ئايالى تەڭلىكتە قالدى، لېكىن جيالىيەنىنىڭ ئۆزىگە كۆز ئىشارىتى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنىسىگە چۈشەندى - دە، ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كۈتۈپ تۇردى. جيالىيەن فېڭجيېگە:

— مەن چىقىپ قاراپ باقاي، نېمە بولۇۋاتىدىكىن، — دېدى.

— پۇل بەرمەيمىز جۇمۇ! — دېدى فېڭجيې.

جيالىيەن ئۇدۇل چىقىپ لى جىشياۋ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، هەر هالدا ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ئەۋەتىپ بېرەيلى دېگەن قارارغا كەلدى - دە، كىشى بۇيرۇدى. جيالىيەن بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ مەھەللە ئاقساقاللىرىغىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا كىشى ئەۋەتتى. دورغىلاردىن ۋۇ زورېن باشلىق بىرقانچەيلەننى چاقىرتىپ، دەپنە ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ كىشىلەر ئەھۋالنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلماي تۇرالمىدى، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىغانلىرىمۇ دېمىنى چىقىرالماي قېلىشتى.

جيالىيەن لىن جىشياۋغا ئۇ ئىككى يۈز سەر كۈمۈشنى ئاقما هېساباتقا كىرگۈزۈپ، ئورنىنى ئايرىمچە تولۇقلاپ چىقىمىم قىلىۋەتكىن، دەپ تاپشۇردى. ئاندىن ئۆز پۇلىدىن باۋئېرگە بىرنەچچە سەر كۈمۈش بېرىپ:

— كېيىنچە ساڭا ياخشى خوتۇن تېپىپ بېرىمەن، — دەپ تەسەللى بەردى.

باۋئېر بۇنداق ئابرۇيغا ئىگە بولۇۋاتسا، يەنە تېخى پۇلمۇ ئالغان تۇرسا قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن؟ ئەكسىچە بۇرۇنقىدەكلا جيالىيەنگە خۇشامەت قىلىپ يۈرۈۋەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى فېگجىيېگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولغان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ھېچنېمىنى ئۇقمىغان كىشىگە سېلىپ يۈرۈۋەردى، ئۆيدە ئادەم يوق چاغدا پىگئېرگە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇنۇگۇن بىر يۇتۇم ئارتۇقراق ئىچىۋېتىپتىمەن، رەنجىمىگىن. نەرىگگە ئۇرۇپتىمەن، ئەكېلە، قاراپ باقاي! — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن پىگئېرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىگەندى، لېكىن يەنە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— يوقسۇ، ئۇرمىدىلا، — دېدى.

شۇ پەيتتە تاشقىرىدىن بىر كىمنىڭ:

— كېلىن ئاغىچام ۋە خان قىزلار كەلدى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاندىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئۇقۇۋغايسىز.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبىكتى

# قىرىق بەشىنچى باب

## چىقىشقاقلىق بىلەن ئۆزئارا يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلغانلىقى يامغۇرلۇق ئاخشىمى دىمىقىپ يامغۇر ھەققىدە نەزم يازغانلىقى

فېڭجيې پېڭئېرگە تەسەللى بېرىۋاتقاندا ھەمشىرىلەر كىرىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، پېڭئېر چاي قۇيۇپ كەلدى.

— بۈگۈن مەن سىلەرگە باغاق تارقاتقاندەك بىر توپ بولۇپ كېلىشىپسىلەرغۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— بىز ئىككى ئىش بىلەن كەلدۇق، — دېدى ئالدى بىلەن تەنچۈن كۈلۈپ، — بىرسى، مېنىڭ ئىشىم؛ يەنە بىرسى، تۆتىنچى سىڭلىمىزنىڭ ئىشى. بۇنىڭدا يەنە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىمۇ بار.

— شۇنچە زۆرۈر قانداق ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— بىز مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرغانىدۇق، دەسلەپكى ئولتۇرۇشقا ئەزالار تۈگەل قاتناشمىدى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — ھەممەيلەن كۆڭۈلچەك بولغاچقا، رەسمىيەت بۇزۇلۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، سىز جەمئىيىتىمىزنىڭ باش نازىرى بولۇپ، يۈز - خاتىر قىلمايدىغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. يەنە بىر ئىش، سىڭلىمىز شىچۈن باغنىڭ رەسىمىنى سىزماقچىدى، لازىملىق نەرسىلەر تولۇق ئەمەس ئىكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىۋىدۇق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم: «ئارقا بالىخانىنىڭ تېگىدە بالدۇرقىلىرىدىن ئېشىپ قالغانلىرى باردۇ، ئىزدەشتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

باقسۇن. بولسا، ئاچىقىپ بەرسۇن، بولمىسا، بازاردىن سېتىۋېلىپ بەرسۇن» دېدى.

— مەن ئۇنداق شېئىر - پېئىر دېگەن نېمىنى يېزىشنى بىلمىسەم، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — تاماق يە دېسەڭلار، يېيىشنى بىلىمەن.

— سىز يېزىشنى بىلمەيسىز، سىزگىمۇ يازدۇرمايمىز، — دېدى تەنچۇن كۈلۈپ، — نازارەتچىلىك قىلىپ، ئارىمىزدىكى خىرامانلىق، ھۇرۇنلۇق قىلىۋاتقانلارغا تېگىشلىك جازا بېرىپ تۇرسىڭىزلا بولىدى.

— سىلەر مېنى ئالدىماڭلار، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — مەقسىتىڭلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇم. مېنىڭچە، سىلەر «باش نازىر» بولۇشقا تەكلىپ قىلامسىلەر؟ ئوپئوچۇق تۇرۇپتىغۇ، مېنى پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان «سەرراپ» بولۇپ بەر، دېمەكچى. سىلەر جەمئىيەت قۇردۇق دەپ، نۆۋەت بىلەن ساھىبخانىلىق قىلىشماقچىغۇ؟ پۇلۇڭلار يېتىشمەي قالغاچقا، مۇشۇ چارە بىلەن مېنى ئىلىندۇرۇۋېلىپ، مەندىن پۇل ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپسىلەر - دە، قانداق، غەرىزىڭلارنى بىلىۋاپتىمەنمۇ؟

— بىلىۋاپسىز! — دېدى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ.

— سىززە، راستلا، كۆڭلىڭىز ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەينەك - دە، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

— ئىسىت، سىزنىڭ چوڭ كىلىن بولۇپ قالغىنىڭىزغا! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — خان قىزلار ئەسلىدە سىزنى كىتاب ئوقۇشقا، ئەدەپ - قائىدە ۋە يىڭنە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلامچىلىق قىلسۇن، دېگەن بولغىيدى! مانا ئەمدى مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرۇپسىز! قانچىلىك پۇل كېتەتتى؟ پۇلغا كەلگەندە كارىڭىز بولماپتۇ! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغۇ مەيلى، ئۇلار پوچۇك خېنىملار، سىز بىر ئايدا ئون سەر كۈمۈش ئايلىق ئالىسىز. بۇ بىزنىڭ ئالغىنىمىزدىن ئىككى ھەسسە كۆپ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم سىزنى ھېچنېمىسى

يوق تۇل ئايال، بىچارە، پۇلى يېتىشمەيدۇ، دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ! يەنە تېخى بىر ئوغلى بار دەپ ئون سەر كۆمۈش قوشۇپمۇ بەردى. دېمەك، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ۋالى ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوخشاش ئايلىق ئالىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، سىزگە باغدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەن، ئىجارىسىنى ئالىسىز، يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆسۈم بۆلۈشكەندە، سىزگە يەنە ئوبدانلا ئۇلۇش تېگىدۇ. سىز ئانا ـ بالا غوجايىنلار بىلەن قول ـ دېدەكلەر قوشۇلۇپ بار ـ يوقۇڭلار ئاران ئون جان، يېمەك ـ ئىچمىكىڭلار، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭلار ئاۋۋالقىدەكلا خەزىنە ھېسابىدا، ھەممىنى ھېسابلىغاندا تۆت ـ بەش يۈز كۆمۈشكە بېرىپ قالىدۇ. شۇ تۇرقىدا ھەر يىلى بىر ـ ئىككى يۈز سەر كۆمۈش چىقىرىپ، ھەمشىرىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسىغا خىراجەت قىلىپ بەرسىڭىز نېمىڭىز كېتەتتى، ناھايىتى بۇ بىر قانچە يىللىقلا ئىشقۇ! بۇلار ئەتە ـ ئۆگۈن ياتلىق قىلىنسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭ بۇنداق پۇل چىقىرىشىڭىزغا ئورۇن قالامتى؟ شۇ تاپتا سىز پۇل خەجلەشتىن قورقۇپ، ئۇلارنى ماڭا كۆشكۆرتۈپ قويۇپسىز. مەنزە، خۇشالچىلىقتا قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولىدىكەنمەن ـ دە، بۇنى مەن ئۇقمامتىم!

— قاراڭلار، ئۇنىڭ سۆزىنى، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — مەن بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويسام، نەچچە تاغار قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ! يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە ھېسابلاپ، قىلنى قىرىق يارىدىغان راسا يالاڭ تۆش ئۆكتەم ئىكەن بۇ. ئىسىت، سىزدەك نېمىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق مەنسەپدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان خان قىز بولۇپ قالغىنىڭىز، يەنە كېلىپ ئوبدان يەرگە ياتلىق قىلىنغىنىڭىز! ئەگەر گاداي ـ نامراتلارنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ دېدەك بولۇپ قالغان بولسىڭىز قانچە پەسلىك قىلاتتىڭىزكىنتاڭ! سىز ئالەمدىكى ھەممە كىشىلەرنى تۇزاققا چۈشۈرسەم دەيسىز! تۈنۈگۈن پىڭئېرنى ئۇردىڭىز. ئىزا تارتماستىن ئاشۇنىڭغا قول ئۇزارتقىنىڭىزنى قاراڭ! تۈنۈگۈن

ئىچكەن سېرىق زەرداب ئىتنىڭ قورسىقىغا قۇيۇلغانمىدىكىنە ! شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، پىڭئېر ئۇچۇن بۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقاي دېۋىدىم، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر سىز قۇيرۇقى بىلەن تۇغۇلغان كۇچۇكنىڭ لەنىتىنى كۇنىگىزنى دەپ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماي دەپ، ئۇنداق قىلمىدىم، ئەمما ئاچچىقىم تېخىچە بېسىلغىنى يوق. ئەمدى كېلىپ ماڭا چېقىلىۋاتىسىز ! سىز پىڭئېرنىڭ كەشىگە پېتەكمۇ بولالمايسىز ! ئىككىڭلارنىڭ ئورنى تېگىشىلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى.

— ھە، ئۇقتۇم ! — دەپ كۇلدى فېڭجيې دەرھال، — سىلەرچۇ، مېنىڭ ئالدىمغا شېئىر بىلەن رەسىم ئۇچۇن ئەمەس، پىڭئېرنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن كەپسىلەر. پىڭئېرنىڭ سىزدەك تىرەك بولۇپ بېرىدىغان كىشىسى بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن. قولۇمغا جىن چاپلىشىۋالغاندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمىغۇدەكمەن. پىڭئېر خېنىم، بېرى كەلسىلە، مەن چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن خان قىزلارنىڭ ئالدىدا سىلىگە ناماقۇل بولاي، ھاراق ئىچىپ بەتقىلىق قىلىپ قويغانلىقىم ئۇچۇن مېنى كەچۇرسىلە !

بۇ گەپ بىلەن يەنە ھەممەيلەن كۇلۇشتى. لى ۋەن كۇلكە ئارىسىدا پىڭئېرگە:

— قانداق؟ مەن يۇزۇڭنى يورۇق قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ دېمىگەنمىدىم؟ — دېدى.

— ھەربىرلىرىگە چاقچاق قىلىشىۋاتىدىلا، لېكىن مەن بۇنى كۆتۇرەلمەيمەن ! — دېدى پىڭئېر كۇلۇپ.

— «كۆتۇرىمەن»، «كۆتۇرەلمەيمەن» دېگىنىڭ نېمىسى؟ مانا مەن بار ! — دېدى لى ۋەن، — ئاچقۇچنى تېزرەك ئېلىپ بەرگىن، غوجايىنىڭ بالىخانىنى ئېچىپ بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ بەرسۇن.

— جېنىم يەڭگە! — دېدى فېڭجيې كولوپ، — سىز هازىرچە هەمشىرىلەر بىلەن باغقا بېرىپ تۇرۇڭ، مەن مۇنۇ كىشىلەر بىلەن گۇرۇچنىڭ هېسابىنى قىلىۋېتەي دەپ تۇرۇۋىدىم، ئاڭغىچە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى چاقىرتىپتۇ، نېمە گېپى باركىن، شۇ ياققا بارمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر يېڭى يىلدا كىيىدىغان كىيىملەرنى بۇيرۇتماقچىدىم.

— بۇ ئىشلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى لى ۋەن كولوپ، — مېنىڭ ئىشىمنى تۈگىتىپ بەرسىڭىز، ئاندىن مەن بېرىپ ئارام ئالالايمەن، مۇنۇ خان قىزلارنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىشىدىنمۇ قۇتۇلىمەن.

— جېنىم يەڭگە! ماڭا بىرئاز ۋاقىت بەرسىڭىزچۇ، — دېدى فېڭجيې دەرھال كولوپ، — سىز ماڭا بەك كۆيۈنەتتىڭىز، بۈگۈن نېمىشقا پىكىرنى دەپ ماڭا كۆيۈنمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ ماڭا دائىم: «ئىش كۆپ بولسىمۇ ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئىلاجىڭ بار بوش ۋاقىت چىقىرىپ ئارام ئېلىۋالغىن» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇراتتىڭىز، ئەمدى هازىر مېنى تازا قىستىغىلى تۇردىڭىزغۇ! يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ يېڭى يىللىق كىيىملىرى بولسىغۇ مەيلى ئىدى، هەمشىرىلەرنىڭ كىيىمىنى كېچىكتۈرىدىغان بولساق، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى سىزگە چۈشىدۇ جۇمۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىزنىڭ يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمايدىغانلىقىدىن، ھەتتا تەييار تۇرغان گەپنىمۇ دېمەيدىغانلىقىڭىزدىن ئەجەبسىنمەيدۇ. مەن ھەممىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازىمەنكى، سىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، قالتىس سۆزلەيدۇ - ھە! بۇنىڭ گەپكە ئۇستىلىقىنى دېمەمدىغان، — دېدى لى ۋەن كولوپ، — مەن سىزدىن سوراپچۇ: سىز زادى بىزنىڭ مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزگە قارىشامسىز، يوق؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدى فېڭجيې كولوپ، — مەن

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتلەرگە قاتنىشىپ پۇل خەجلەپ بەرمەيدىغان بولسام، نەزەرباغدىكى ئاسىي بولۇپ قالمامدىمەن؟ مەنمۇ يەۋاتقان ئېشىمدىن قۇرۇق قالماسلىقنى ئويلايدىغاندىمەن! ئەتە ئەتىگەندىلا خىزمىتىمگە بارىمەن ـ دە، ئىززىتىمنى بىلىپ، ئالدى بىلەن ئەللىك سەر كۆمۈش چىقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا ساھىبخانلىق قىلىپ بېرىمەن. مەن ھېچقانداق شېئىر ـ ماقالە يېزىشنىمۇ بىلمەيمەن، كەتكەن بىر قارا قورساق تومپايمەن، مەيلى «نازىر» بولاي، مەيلى بولماي، بۇنىڭ كارى چاغلىق، لېكىن پۇلنى ئېلىۋېلىپلا مېنى قوغلىۋېتەرسىلەرمىكىنتاڭ!

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ بىردەمدىن كېيىن بالىخاننى ئېچىپ بېرەي. لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقسۇن، كۆرۈپ بېقىڭلار، ــ دېدى فېڭجيې سۆزىنى داۋام ئەتكۈزۈپ، ــ كېرەكلىك نەرسىلەر چىقىپ قالسا، ئېلىڭلار، يوقلىرىنى تىزىملىك بويىچە بازاردىن ئالدۇرۇپ بېرىمەن. باغنىڭ خەرىتىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، ئۇ نېرىقى تەرەپتىكى جيا جېن بېگىمنىڭ قولىدا، سىلەرنى ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن دەپ بۇنى ئېيتىپ قويغىنىم. مەن ئۆزۈم ئەكەلدۇرۇپ، دوردۇن بىلەن قوشۇپلا سىرتقا چىقىرىپ بەرسەك، مىرزىلار پەتلەپ بەرسۇن، بولامدۇ؟

ــ سىزنى ئاۋارە قىلمىدىغان بولدۇق، ــ دېدى لى ۋەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ، ــ دەرۋەقە شۇنداق قىلساق بولغۇدەك. ئۇنداق بولسا بىز كېتىپ تۇرايلى. ئەگەر ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەرمەيدىغان بولسا، يەنە كېلىپ بۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىمىز.

شۇ گەپ بىلەن لى ۋەن ھەمشىرىلەرنى باشلاپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋىدى، فېڭجيې ئۇلارغا قاراپ:

ــ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقا كىشى ئەمەس، باۋيۈي ئويلاپ چىقارغان، ــ دېدى.

لى ۋەن بۇ گەپ بىلەن دەرھال ئارقىسىغا قايرىلىپ:

— ھە راست، باۋيۇي توغرۇلۇقمۇ كەلگەنىدۇق، بۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن! ئۇ مۇشائىرە جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئولتۇرۇشىغا كېچىكىپ كەلدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا بىزنىڭ يۈزىمىز چىدىمىدى، سىزچە، ئۇنىڭغا قانداق جازا بەرسەك بولار؟ — دېدى كۈلۈپ.

فېڭجيې بىر ئاز ئويلىنىپ:

— باشقا چارە يوق، ئۇنىڭغا ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر قۇردىن سۈپۈرۈپ چىقىش جازاسىنى بەرسەڭلا بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ گەپ جايىدا بولدى، — دېدى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشىكتىن ئەمدى چىقايلى دەپ تۇرۇۋىدى، بىر چۆرە قىز لەي ئانىكامنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ كىرىپ كەلدى. فېڭجيې ۋە باشقىلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئانىكا، ئولتۇرسىلا، — دېدى - دە، ھەممەيلەن ئۇنى مۇبارەكلەشتى. لەي ئانىكا كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ خۇش، غوجايىنلىرىمىزمۇ خۇش. غوجايىنلىرىمنىڭ مېھىر - شەپقىتى بولمىغاندا ماڭا بۇ خۇشاللىق نەدىن كېلەتتى؟ كېلىن خېنىم، تۈنۈگۈن ئۆزلىرى سەي غوجىكامدىن نەرسە - كېرەك ئىنئام قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەنلا، نەۋرەم ئىشىك ئالدىدىلا سىلىنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى، — دېدى.

— نەۋرىلىرى ئۆز خىزمىتىگە قاچان بارىدىغان بولدى؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن كۈلۈپ:

— مېنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە كارىم؟ ئۆزلىرى بىر نىشۋەرمەمدۇ! — دېدى لەي ئانىكا بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئۈلۈشكۈن ئۆيدە ماڭا ئۇ باش ئۇرغانىدى، مېنىڭمۇ دەيدىغان تۈزۈك گېپىم بولمىدى، پەقەت شۇنىلا دېدىم: «بالام، مەنسەپدار بولدۇم دەپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرمە! بۇ يىل ئوتتۇز

www.uyghurkitap.com

ياشقا كىردىڭ، سەن خەقنىڭ بىر چاكىرى بولساڭمۇ، ئاناڭنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈش بىلەنلا، غوجايىنلار مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىپ، سېنى چاكارلىقتىن ئازاد قىلغان، يۇقىرىدا غوجايىنلارنىڭ بەخت ـ دۆلىتى شاراپىتىدىن، تۆۋەندە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھىمايىسىدە، خۇددى بەگزادىدەك ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگەندىڭ. سېنىمۇ دېدەكلەر، خىزمەتكار ئاياللار، ئېمىكئانىلار سۈمۈرگەدەك ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ، مۇشۇنداق چوڭ بولدۇڭ. سەن «چاكار» دېگەن سۆزنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيسەن، راھەت ـ ھالاۋەتنىلا بىلىسەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىمۇ بىلمەيسەن. ئىككى ـ ئۈچ ئەۋلادقىچە جاپا چېكىپ، مىڭ تەسلىكتە ساڭا ئۈلىشىپتىمىز، كىچىككىدىن تارتىپ ساڭا مىڭبىر بالادا شۇنچىلىك كۆمۈش سەرپ قىلدۇقكى، بۇنى قۇيدۇرغان بولساق بويۇڭ بىلەن تەڭ بىر كۆمۈش ئادەم پۈتۈپ چىققان بولاتتى. سەن يىگىرمىگە كىرگەندە، غوجايىنلىرىڭ يەنە ئىلتىپات قىلىپ، ئەمەلدارلىق ئورۇن سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدى، ئېسىلزادىلەردىن كېلىپ چىققان قانچىلىغان كىشىلەر ئاچ ـ يالىڭاچلىق دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟ چاكارنىڭ پۇشتى، پەخەس بول، رىزقىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن ! ئون يىل راھەت كۆرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە قانداق ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتىڭكىنتاڭ، غوجايىنىڭغا يالۋۇرۇپتىكەنسەن، يەنە بۇ مەنسەپكە تەيىنلىنىپسەن. ئامباللىق كىچىك مەنسەپ بولسىمۇ، ئىشى چوڭ مەنسەپ، قەيەرنىڭ ئامبىلى بولساڭ، شۇ يەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھېسابلىنىسەن. ئەگەر ئۆز نېسىۋەڭگە شۈكۈر قىلمىساڭ، دۆلەتكە ساداقەت كۆرسىتىپ جان پىدالىق قىلمىساڭ، غوجايىنلىرىڭغا ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسەتمىسەڭ، تەڭرىمۇ سېنى كەچۈرمەيدۇ !»

لى ۋەن بىلەن فېڭجىي كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىلى تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ كېتىپتىلا، — دېدى لى ۋەن

ئۇنىڭغا، — بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇ ياخشى يىگىت. ئىلگىرىكى يىللاردا بىزنىڭكىگە بىر - ئىككى قېتىم كەلگەن، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كەلمەي قويدى. بىز پەقەت يېڭى يىل ھارپىسىدا، تۇغۇلغان كۈنلەردىلا ئۇنىڭ ئىسمىنى تەبرىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكىدە كۆرۈپ قالىمىز. قايسى كۈنى ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا باش ئۇرۇش ئۈچۈن كەپتىكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھويلىسىدا كۆرگەندۇق. يېڭى ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيىۋاپتۇ، خېلى سالاپەت كىرىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەمرىپ قاپتۇ. ھازىر نەۋرىلىرى بۇ مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇنىڭغا خۇشال بولۇشلىرى كېرەك ئىدى، ئەكسىچە قايغۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ! ئۇ ئەسكىلىك قىلسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بار، شۇلار نەسىھەت قىلىدۇ. سىلى ئۆز نېسىۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولسىلا بولىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن قەغەز ئوينىسىلا ياكى مۇڭداشسىلا، كىم تەپ تارتماي سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتالايدۇ؟ ئۆيلىرىگە بارسىلىمۇ كاتتا بالىخانا، ئايۋان - سارايدا تۇرىدىلا، ھېچكىم بىھۆرمەتلىك قىلماي، خۇددى چوڭ پۇجۇڭ خېنىمدەك ئۆتۈۋاتىدىلا.

يىڭئېر لەي ئانىكامغا چاي قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى، لەي ئانىكام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خان قىز بۇنداق قىلمىغىن، ئۆزۈڭ ئاۋارە بولماي ئاۋۇ قىزچاقلارغا قۇيدۇرسا بولاتتى، — دېدى ۋە چاي ئىچىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتكۈزدى، — كېلىن خېنىم، سىلى بىلمەيلا، ياش بالىلارنى قاتتىقراق تۇتمىسا بولمايدۇ. ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان بولسا، پۇرسەت تاپسىلا جېدەل چىقىرىپ كىشىنى پاراكەندە قىلىدۇ. بىلىدىغان كىشىلەرغۇ بۇنى ياشلاردا بولىدىغان شوخلۇق دەر، بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇل - كۈچىگە تايىنىپ خەقنى بوزەك قىلدى، دەيدۇ، ئاندىن بۇ گەپ

غوجايىنلارنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرىدۇ. مەنمۇ كۆيۈپ ـ پىشىپ، ھېچ ئامال قىلالمىغاندا، پات ـ پات ئاتىسىنى چاقىرىپ بىر قۇر تىللاپ قويسام، بىرئاز تۈزىلىپ قالىدۇ، ــ موماي ئاندىن باۋيۈينى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى، ــ مېنى يامان كۆرسىڭىزمۇ مەيلى، بېگىم، سىزنى ئانچە ـ مۇنچە قاتتىق تۇتۇپ قويسىلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىزگە دالدا بولۇۋالىدۇ. چوڭ بېگىم كىچىك ۋاقتىدا بوۋىڭىز ئۇنى شۇنداق ئۇراتتىكى، ئۇنداق ئۇرۇشنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس! چوڭ بېگىم كىچىك ۋاقتىدا نەدە سىزگە ئوخشاش مۇنداق ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كەپسىز بولسۇن، نېرىقى ھويلىدىكى چوڭ بېگىمنى ئالساق، ئۇ كىشى كەپسىز بولسىمۇ، سىزدەك ئۇۋىسىغا كىرىۋالىدىغان سىياقتا ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھەر كۈنى تاياق يەپ تۇراتتى. ئاندىن شەرقىي قەسىردىكى جىيا جېن ئاكىڭىزنىڭ بوۋىسىنى ئالساق، ئۇ كىشىنىڭ مىجەزى ئوتقا ياغ چاچقاندەك چاچراپلا تۇراتتى. غىرىڭ ـ پىرىڭ دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئوغۇل ـ پوغۇل دېمەي، خۇددى ئوغرىنى سوراق قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى! ھازىرمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپتىمەن، جىيا جېن بېگىممۇ ئۆز ئوغلىنى باشقۇرۇشتا بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئۆز ۋاقتىدا تۇتقان يولنى تۇتۇۋاتىدۇ. بىراق، تۇتۇرۇقى يوق. ئۇ كىشى ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كارى بولمىغان يەردە، ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، دەپ بۇ قېرىنداش جىيەنلىرىدىن ئاغرىنغىلى بولامدۇ؟ سىز غەرەز ئۇقسىڭىز، سۆزۈم سىزگە ياقىدۇ، غەرەز ئۇقمىسىڭىز، ئاغزىڭىزدا بىر نەرسە دېيىشكە خىجىل بولىسىز ـ دە، ئىچىڭىزدە مېنى نېمىلەرنى دەپ تىللايسىز!

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، لەي دانىڭ ئايالى كەلدى، ئارقىدىن جۇرۇينىڭ ئايالى بىلەن جاڭ سەينىڭ ئايالى كىرىپ كېلىپ، ئۆز ئىشلىرىدىن مەلۇمات بەردى. فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ كېلىن قېيىنئانىسىنى ئالغىلى كەپتۇ، ــ دېدى.

— يوقسۇ، ئانامنى ئالغىلى كەلمىدىم، — دېدى لەي دانىڭ ئايالى كۈلۈپ، — كېلىن خېنىم بىلەن خان قىزلار بىزنىڭكىگە ئىلتىپات قىلامدىكىن، بىلىپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم.

— مەن ئالجىپ قاپتىمەن! — دېدى كۈلۈپ لەي ئانىكا، — دەيدىغان گەپنى دېمەي، نەدىكى «قۇيرۇقىنى قۇم باسقان كونا قۇرۇمساق» گەپلەرنى دەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھېلىقى نەۋرەم مەنسەپكە تەيىنلەنگەچكە، بەلكىم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز، دوست - بۇرادەرلىرىمىز ئۇنى تەبرىكلىشەر. شۇڭا، زىياپەت ئۆتكۈزمىسەك بولماس، بىر كۈن زىياپەت قىلىپ بۇنى چاقىرىپ، ئۇنى چاقىرمىساق يەنە بولمايدىكەن. ئويلىنىپ كۆرۈپ، غوجايىنلىرىمىزنىڭ بەخت - دۆلەتنى شاراپىتىدىن مۇشۇنداق كۆتۈلمىگەن شان - شەرەپكە ئىگە بولۇۋاتساق، بۇنداق بىر زىياپەت بىلەن ئائىلىمىز ۋەيران بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، بۇنىڭغا مەن رازى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئۈدا ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىشنى تاپىلىغانىدىم. بىرىنچى كۈنى ۋەيرانە بېغىمىزدا بىرنەچچە جوزا راسلايمىز، بىر ئويۇن سەھنىسى قۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى، ئاغىچا خېنىملارنى، كېلىن ئاغىچىلارنى، خان قىزلارنى بىر كۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىمىز. تاشقىرىقى چوڭ مېھمانخانىغا يەنە بىر سەھنە قۇرۇپ، بىرنەچچە جوزا راسلاپ، بېگىملەرنى، غوجاملارنى تەكلىپ قىلىپ، شان ئۈستىگە شۆھرەت قىلساق دەيمىز. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئۇرۇق - تۇغقانلارنى، دوست - ئاغىنىلەرنى چاقىرىمىز. ئۈچىنچى كۈنى ئىككى قەسىردىكى بىللە ئىشلەۋاتقان شېرىكلىرىمىزنى چاقىرىمىز، شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈن راسا قايناپ، غوجايىنلىرىمىزنىڭ بەخت - دۆلەتنى شاراپىتىدىن يەنە بىر شۆھرەت تاپساق دەيمىز.

لى ۋەن بىلەن فېڭجيې كۈلۈشۈپ:

— قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى؟ بىز چوقۇم بارىمىز. لېكىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بېرىشقا كۆڭلى تارتارمىكىن،

بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

— ئون تۆتىنچى كۈننى تاللىدۇق، — دېدى لەي دانىڭ ئايالى دەرھال، — قېرى - سال ئانىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىشارلا.

— باشقىلارنى ئۇقمىدىم، مەن ئۆزۈم چوقۇم بارىمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئالدىن شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەن ھېچقانداق سوۋغا - سالام ئاپارمايمەن، ئىنئام قىلىشنىمۇ بىلمەيمەن. تاماق يەپلا قايتىپ كېلىمەن، شۇنداق قىلسام مېنى زاڭلىق قىلماڭلار.

— كېلىن خېنىم، نەدىكى گەپنى قىلىلا؟ — دەپ كۈلدى لەي دانىڭ ئايالى، — ئۆزلىرىنىڭ بىردەم خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ بەرگەنلىرى بىزگە نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش تارتۇق قىلغانلىرىدىن ئەۋزەل!

— بايا مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى چىللاپ بارغانىدىم، — دېدى لەي ئانىكا كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ بارىمەن دېدى. ھەرھالدا مېنىڭ يۈزۈم بار ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن لەي ئانىكا بىرقۇر جېكىلەپ قويۇپ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇۋىدى، جورۇيىنىڭ ئايالىغا كۆزى چۈشۈپ، بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالدى - دە:

— كېلىن خېنىمدىن سورايدىغان يەنە بىر ئېغىز سۆزۈم قېلىپ قاپتۇ. مۇنۇ جۇ يەڭگەمنىڭ ئوغلى قانداق ناماقۇلچىلىق ئۆتكۈزۈپ قويدىكىن، ئىشتىن ھەيدىۋېتىپتۇدەككۇ؟ — دېدى.

— مەن بۈنى كېلىنلىرىگە دەپ بەرمەكچىدىم، ئىشىم كۆپ بولغانلىقتىن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — لەي يەڭگە بېرىپ ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭ، بۇنىڭ ئوغلىنى ئىككى قەسىردە ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلمايمىز، ئۇ نەگە بارسا بارسۇن.

لەي دانىڭ ئايالى ماقۇل دېمەي بولمىدى، ئەمما جورۇيىنىڭ ئايالى دەرھال تىزلىنىپ يېلىنىشقا باشلىدى. لەي ئانىكا شۇئان:

— نېمە ئىش؟ ماڭا دەپ بەرسىلە، بىرەر مەسلىھەت بېرەرمەن، — دېدى.

— قايسى كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئۆتكۈزۈلگەندە، — دېدى فېڭجىيې، — ئىچكىرىدە تېخى ھېچكىم هاراق ئىچمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ بالىسى مەست بولۇۋاپتۇ، ئاناملارنىڭكىدىن سوۋغات ئەۋەتسە، تاشقىرىقى هويلىدا قوبۇل قىلىپ ئالماي، ئولتۇرغان پېتى سوۋغات ئەكەلگەن كىشىلەرنى تىللاپتۇ، سوۋغاتلارنىمۇ ئىچكىرىگە ئەكىرمەپتۇ. ئىككى ئايال كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن چاكار بالا بىلەن سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. چاكارلار ھەممىسىنى ساق - سالامەت ئوبدان ئەكىرىشسە، ئۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر تاماقدان قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى هورنانلار چېچىلىپ هويلىغا بىر كەپتۇ. كىشىلەر كەتكەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويسۇن دەپ سەيمىڭنى ئەۋەتسەم، سەيمىڭنى تىللاپتۇ. مۇنداق بەڭباش هارامزادىنى قوغلىۋەتمەي نېمە قىلىدۇ؟

— نېمە ئىشكىن دېسەم، مۇشۇ گەپ ئىكەن - دە ! — دېدى لەي ئانىكا، — كېلىن خېنىم، ماڭا قۇلاق سالسىلا، ئۇ ناماقۇلچىلىق ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ يۇرۇپ، قىلىقىنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ، ھەيدىۋەتسەك زادىلا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇ مۇشۇ خانىداندا تۇغۇلغان چاكار بالىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بولسا ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتىغىسىنىڭ ئوغلى. سىلى ئۇنى قوغلىۋېتىدىغان بولسىلا، ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ. مېنىڭچە، خېنىم، ئۇنى بىرنەچچە تاياق ئۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا تەزىرىنى بېرىپ ئېلىپ قويغانلىرى تۈزۈكمىكىن. ئانىسىنىڭ يۈزىنى قىلمىسىلىمۇ، ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى قىلسىلا.

فېڭجىيې بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەي دانىڭ ئايالىغا قاراپ:

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئەتە چاقىرىپ كېلىڭلار، قىرىق

www.uyghurkitap.com

كالتەك ئۇرۇلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھاراق ئىچمىسۇن! — دېدى.

لەي دانىڭ ئايالى خۇش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. جۇرۇينىڭ ئايالى باش ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن لەي ئانىكىغىمۇ باش ئۇرماقچىدى، ئەمما لەي دانىڭ ئايالى دەرھال ئۇنى چەتكە تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچەيلەن چىقىپ كېتىشتى. لى ۋەن ۋە باشقا ھەمشىرىلەرمۇ باغقا قايتىشتى.

كەچقۇرۇن، دېگەندەك فېڭجيې خىزمەتكار ئاياللارغا رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئىلگىرى ئېلىپ قويۇلغان بىرمۇنچە بوياقلارنى ئىزدەپ تاپتۇرۇپ باغقا ئەۋەتىپ بەردى. باۋچەيلەر ئۇلارنى بىر قۇر تاللاپ چىقتى. بۇ خىلمۇخىل بوياقلارنىڭ پەقەت يېرىمىلا ئىشقا يارايدىكەن، قالغان كەم نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ، بازاردىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن فېڭجيېگە تاپشۇرۇشتى. بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

بىر كۈنى تاشقىرىدىكىلەر دۇردۇننى پەتلەپ، لايىھە نۇسخىسىنى سىزىپ كىرگۈزۈپ بەردى. باۋيۈي ھەر كۈنى شىچۈننىڭ قېشىدا ياردەملىشىپ تۇردى، بەزىدە تەنچۈن، لى ۋەن، يىڭچۈن، باۋچەيلەرمۇ بىر تەرەپتىن، رەسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، دىدار كۆرۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ، بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېتىشەتتى.

باۋچەي ھاۋا بارغانسېرى سالقىنلىشىپ، تۈن ئۇزىراشقا باشلىغانلىقتىن، كەچقۇرۇنلىرى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مەسلىھەتلىشىپ يىڭنە ئىشى تەييارلايتتى. كۈندۈزى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئىككى قېتىم يوقلاپ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا بېقىپ خۇشامەت قىلىپ قويۇپ كېتەتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا بولسا باغدا ھەمشىرىلەرنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىلىپ بىردەم ـ يېرىمدەم چاقچاقلىشاتتى. ئىشقىلىپ، كۈندۈزى ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەيتتى، ھەر ئاخشىمى چىراغ تۈۋىدە يىڭنە

ئىشى قىلىپ، ئۇچىنچى جىسەك ۋاقىتىدا ئاندىن يېتىپ ئۇخلايتتى.

دەيىۋىگە كەلسەك، ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدىكى كۆن توختاش مەزگىللىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل كۈزدە جيا ئائىلىسىدىكى خۇشاللىقتىن دۇچ كېلىپ، بىر - ئىككى قېتىم ئارتۇقراق سەيلە - تاماشا قىلىپ قويغاچقا، ھەددىدىن تاشقىرى چارچاپ ھالى قالمىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان يۆتىلى قوزغىلىپ، ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پەقەتلا تالاغا چىقماي، ئۆز ھۇجرىسىدا داۋالاندى. بەزىدە ئىچى پۇشۇپ قالسا، ھەمشىرىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، چاقچاق قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ قويۇشنى تۈزۈت كۆز بىلەن كۆتەتتى، لېكىن، باۋچەي ۋە باشقا ھەمشىرىلىرى يوقلاپ كېلىپ، تۈزۈك تۈت - بەش ئېغىز پاراڭ قىلىشا - قىلىشمايلا بولاردىنمۇ بىزەتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئۇ بەدىنى ئاجىز، ئانچە - مۇنچە ئازارىنمۇ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇبدان كۈتەلمەي، ئەدەپ - قائىدىگە ئېتىبار قىلماي قويسىمۇ ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمەيتتى.

بۈگۈن باۋچەي ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كېسىلى توغرۇلۇق سۆز بولۇپ قالغاندا، باۋچەي:

— بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن دورىلىرى سىزگە ھېچ مەنپەئەت قىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستىراق بىر تېۋىپ چاقىرىپ كەلسەك، كۆرۈپ - داۋالاپ باقسا قانداق؟ ھەر يىلى ياز بويى مۇشۇنداق بولىۋەرسىڭىز، سىز يا قېرى ئادەم، ياكى كىچىك بالا بولمىسىڭىز، مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، بۇمۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى.

— كار قىلمايدۇ، — دېدى دەيىۋي، — كېسەللىمنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن، ئاغرىغان ۋاقىتىمنى

قويۇپ تۇرۇپ، ساق تۇرغان چاغلىرىمدىمۇ ئەھۋالىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن ئاشۇ نەرسە مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى باۋچەي بېشىنى لىڭشىتىپ، — قەدىمكى كىشىلەر: «غىزا يېگەن ئادەم ئۆرە تۇرالايدۇ» دەپتىكەن. سىزنىڭ ئادەتتە يەيدىغان نەرسىلىرىڭىز ماغدۇر كىرگۈزەلمەيدۇ، بۇمۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

— «ھايات ـ ماماتلىق تەقدىردىن بولىدۇ، باي ـ ئېسىلزادىلىك تەڭرىدىن»، — دېدى دەييۈي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — بۇنىڭغا ئىنساننىڭ چامى يەتمەيدۇ. بۇ يىل مېنىڭ ئەھۋالىم ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

دەييۈي سۆز ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم يۆتەلدى.

— تۈنۈگۈن دورا قەغىزىڭىزگە قارىسام، — دېدى باۋچەي، — ئۇنىڭدا رېنسىن بىلەن گۈلدارچىن بەك كۆپ ئىكەن، بۇ دورىلارنى پايدىلىق، دەردكە داۋا، دېيىشىدۇ، لېكىن بەك ئىسسىق كېلىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە، جىگەردىكى سەپرانى تەڭشەپ، مەيدىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش زۆرۈر. جىگەردىكى سەپرا تەڭشەلسە سەۋدانى بېسىپ مەيدىدە كېسەل قالمايدۇ، ئاندىن ئوزۇقلۇقمۇ بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىرى تۇرۇپ، ئالىي دەرىجىلىك قارلىغاچ چاڭگىسىدىن بىر سەر، ناۋاتتىن بەش مىسقالنى كۈمۈش چۆگۈندە قاينىتىپ، بۇنى ئىچىشكە ئۆگىنىپ كەتسىڭىز، ھەرقانداق دورىدىنمۇ ياخشىراق پايدا قىلىدۇ ھەم ناھايىتى ئوبدان قۇۋۋەت بېرىدۇ.

— سىز ئادەتتە كىشىلەرگە بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىسىز، — دېدى دەييۈي ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويۇپ، — لېكىن مەن تولىمۇ گۇمانخور بولغاچقا، سىزنى نىيىتى يامان دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمەن. قايسى كۈنى ماڭا ھەر قىسما كىتابلارنى ئوقۇش ياخشى ئەمەس، دەپ نەسىھەت قىلىپ بىرمۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلىۋىدىڭىز، سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم. ئىلگىرى خاتالىق

مەندىن ئۆتۈپ، تا ھازىرغىچە يېڭىلىشىپ يۈرۈپتىمەن. ياخشىراق ئويلاپ كۆرسەم، ئانام ئالەمدىن ئۆتكەندە، يا ئېگىچە ـ سىڭلىم، يا ئاكا ـ ئۇكىلىرىم يوق ئىدى. بۇ يىل ئون بەشكە كىردىم. شۇ كەمگىچە ھېچكىم ماڭا ئاشۇ كۈنى سىز قىلغانغا ئوخشاش نەسىھەت قىلىپ باقمىغان. شياڭيۈن قىزنىڭمۇ سىزنى ياخشى دەپ ئېيتقىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. ئىلگىرى ئۇ سىزنى ماختىسا غەشلىكىم كېلەتتى. تۈنۈگۈن ياخشىلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاندىن بىلدىم. مەسىلەن، سىز بىرەر سۆزنى قىلىسىڭىز، شۇ زامان سۆزىڭىزنىڭ شېخىغا ئۆرۈۋېتەتتىم، شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئېغىر ئالماستىن، ماڭا ياخشى گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلاتتىڭىز. دېمەك، مەن يېڭىلىشىپتىمەن. ئەگەر قايسى كۈندىكى ياخشىلىقىڭىزنى كۆرمىگەن بولسام، بۈگۈن بۇ سۆزلەرنى سىزگە دېمىگەن بولاتتىم. بايا سىز قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسىنى ئىچىپ تۇرغىن، دېدىڭىز، قارلىغاچ چاڭگىسىنى تېپىش ئاسان بولسىمۇ، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي، كېسىلىم ھەر يىلى قوزغىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ھېچقانچە پايدىسى بولماسلىقىن دەيمەن. ھېلىمۇ تېۋىپ چاقىرتىپ، دورا قاينىتىپ، گۈلدارچىنىدىن دورا تەييارلاتقۇزۇپ، پۈتۈن ئۆينى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىۋاتىمەن. ئەمدى يەنە يېڭىدىن ئىش چىقىرىپ قارلىغاچ چاڭگىسى قاينىتىشقا كىرىشسەم، چوڭ ئانام، ھاممام ۋە فېڭجيې ئاچامغۇ ھېچنېمە دېمەس، لېكىن تۆۋەندىكى خىزمەتكار ئاياللار ۋە دېدەكلەر مېنى ئەجەبمۇ چاتىقى تولا بىر نېمىكەن دەپ يامان كۆرۈپ قالار. ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، بۇ يەردىكىلەر چوڭ ئانامنىڭ باۋيۈي بىلەن فېڭجيې ئاچامغا بەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ ئىككىسىنى خۇددى يولۋاستەك كۆرۈشىدۇ، ئەمما كەينىدىن ھەرنېمىلەرنى دېيىشىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى ئۇلار نېمىمۇ دېمەس؟ يەنە كېلىپ، مەن بۇ يەردە غوجايىنلار قاتارىدىكى كىشى ئەمەس. ئەسلىدە مېنىڭ ھېچقانداق

يار ـ يۆلكىم بولمىغاچقا، بۇ يەرنى پاناھ تارتىپ كېلىپ قالغان. مەن ھازىر بۇ خىزمەتكارلارنىڭ كۆزىگە بەك سەت كۆرۈنۈپ قالدىم. شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان يەردە، ئۇلارنىڭ قارغىشىغا قېلىپ نېمە قىلاي؟

— ئۇنداق دېسىڭىز، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، — دېدى باۋچەي.

— سىز قانداق ماڭا ئوخشايسىز؟ — دېدى دەييۈي، — سىزنىڭ ئانىڭىز بار، ئاكىڭىز بار، بۇ يەردە سودا ئورۇنلىرىڭىزلار بار، ئۆز ئائىلىڭىزلەرگە قاراشلىق ئۆي ـ جاي، يەر ـ زېمىنلىرىڭىزلار بار. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ مېھرىبانچىلىقىدىلا بۇ يەردە بىكار تۇرۇۋاتىسىزلەر. چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا بىر يارماققىمۇ ھاجىتىڭىزلەر چۈشمەيدۇ. كېتىمەن دېسىڭىز، كېتىۋېرىسىز. مېنىڭ بولسا ھېچنېمەم يوق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، خەجلىرىمدىن تارتىپ بىر تال ئوت ـ خەشەك چاغلىق نەرسىلەرگىچە بۇلارنىڭ خاندانىدىكىلەرگە ئوخشاش تەمىنلىنىمەن. بۇنداق تۇرسام، ھېلىقى تېگى پەسلەر مېنى يامان كۆرمەي قالامدۇ؟

— كەلگۈسىدىمۇ، ناھايىتى كەلسە بىر قۇر تويلۇق ئۇچۇن پۇل خىراجەت قىلىشار، ھازىرچە بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

دەييۈي بۇنى ئاڭلاپ ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنى راۋرۇس ئادەم دەپ ئىچىمدىكى دەردىمنى تۆكۈپ بەرسەم، ماڭا چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ! — دېدى.

— بۇ سۆزۈم چاقچاق بولسىمۇ، چىن سۆز، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ يەردە بىر كۈن بولىدىكەنمەن، سىزنى بىر كۈنمۇ تاشلىماي بىللە بولىمەن.

ھەرقانداق دىلئازارلىق، خاپىلىق تارتسىڭىز ماڭىلا دەڭ، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغانلىرىنى مەن ئەلۋەتتە ھەل قىلىپ بېرىمەن. مېنىڭ بىر تۇغقان ئاكام بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىزمۇ بىلىسىز. سىزدىن ئارتۇقراق يېرىم ناھايىتى شۇ بىرلا ئانام بار، بىز ئۆزىمىزنى ھەمدەرد دېسەكمۇ بولىدۇ. سىز غەرەز ئۇقۇپ تۇرۇپ، خۇددى «سىمانيۇنىڭ ھەسرىتى»①دەك ھەسرەت چېكىپ نېمە قىلاتتىڭىز. بايا دېگەنلىرىڭىز توغرا، چۈنكى ئىلاج بار ئىشنى ئازايتىپ، كىشىلەرگە مالاللىق يەتكۈزمىگەن ياخشى. مەن ئەتە ئۆيگە بېرىپ ئانامغا ئېيتاي، بەلكىم بىزنىڭ ئۆيدە قارلىغاچ چاڭگىسى باردۇ، بولسا بىرنەچچە سەر ئەۋەتىپ بېرەي، ھەر كۈنى دېدەكلىرىڭىز قايناتىپ بەرسۇن. شۇنداق قىلساق ئوڭاي بولىدۇ، باشقىلارغىمۇ ئاۋارىچىلىك كەلمەيدۇ.

— بۇغۇ ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن سىزنىڭ مۇنداق غەمخورلۇقىڭىز تېپىلغۇسىز - دە، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— بۇ ھېچقانچە ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش! — دېدى باۋچەي، — مەن ھەمىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى تەكشى ئالالمىغانلىقىمدىن غەم يەيمەن. ئەمدى ھېرىپمۇ قالغانسىز، مەن كېتەي.

— كەچقۇرۇن يەنە كېلىپ مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشارسىز، — دېدى دەييۈي.

باۋچەي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. بۇ سۆز شۇ يەردە قالسۇن.

دەييۈي بىرنەچچە يۇتۇم شوۋىگۈرۈچ ئىچىپ، يەنە كارىۋاتقا قىڭغايدى. كۈن تېخى ئولتۇرماستىنلا تۇيۇقسىز ھاۋا

---

① سىمانيۇنىڭ ھەسرىتى — كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرسى بولغان سىمانيۇ، ماڭا ياردەملىشىدىغان ئاكا - ئۇكام يوق، دەپ ھەسرەت چېكىدىكەن، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بۇشاڭ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىدىكەن. بۇ تەمسىل شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىپ، بارا ـ بارا يامغۇر تامچىلىغىلى باشلىدى. بۇ كۈزنىڭ بۇ كۈنلىرىدە ھاۋانىڭ ئوچۇق ياكى تۇتۇقلۇقىنىڭ قارارى بولمىغاچقا، بۈگۈن ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىشى بىلەن تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر بامبۇك شاخلىرىغا تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلاپ، دەييۈي تېخىمۇ غېرىبسىندى، ئۇ باۋچەيىنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۈدۈل كەلگەن بىر كىتابنى قولىغا ئالدى. بۇ «نەغمە ـ غەزەل توغرىسىدا ھەرخىل خاتىرىلەر» ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ھەرەم قىزىنىڭ كۈزگى قايغۇسى»، «ھىجران ئەلىمى» دېگەن نەزمىلەرمۇ بار ئىدى. دەييۈي بىردىنلا ئىلھاملىنىپ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە مىسرالارنى تۈزۈشكە باشلىدى، «باھارنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدە دەريادىكى گۈللەر» دېگەن ئۇسلۇبقا تەقلىد قىلىپ، بارا ـ بارا «ئىقتىباس ھىجران» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ـ دە، بۇ نەزمىگە «كۈزگى پەنجىرە ئالدىدىكى يامغۇرلۇق ئاخشام» دەپ نام قويدى. نەزم مۇنداق ئىدى:

سولدى پۈتكۈل كۈزگى گۈللەر، بار گىياھ بولدى خازان،
ياندى پىلپىل كۈز چىراغى، تۈن ئۇزارماقتا ھامان.
كۈزگى پەنجىر سىرتىدا كۈز مەنزىرى پۈتمەي تۇرۇپ،
چۆلسىرەپ قالدى، يېغىپ بۇ ئۈستىلەپ يامغۇر ـ بوران!
بەل ـ يېغىن كېلەرمۇ مۇنداق كۈزگە تېز ھەمدەم بولۇپ؟
كۈزگى پەنجىرىدە چۆچۈتتى كۈزگى چۈشۈمنى بۇزۇپ:
قالمىدى ئۇخلاشقا ھالىم قايغۇرۇپ كۈز ئىشقىدا،
پەرلىدىم شام ياشىنى مەن كۈزگى شىرمەلدە تۇرۇپ.
ياش تۆكۈپ لەپ ـ لەپ، پاكار شامدانىنى كۆيدۈرگۈسى شام،
قوزغىدى ھەسرەت ـ ئەلەمنى، قىلدى ھىجران بىئارام؛
قايسى ھويلا بۇ شامالدىن خالىي بولغان كۈز كۈنى؟
خالىي بوپتۇ قايسى پەنجىر كۈزدە يامغۇردىن تامام؟
شايى يوتقان كۈز شامالىغا بولالمىدى پاناھ،

سۇردى سۇ سائىتى كۆزنى تېزلىدى يامغۇر مانا؛
تۇن بويىچە ھېچ توختىماي سىم ـ سىم يېغىن، غۇر ـ غۇر شامال،
ئىگرىدى غېرىب ـ مۇساپىر شامدا جور بولۇپ ئاڭا.
بىر كۆرۈمسىز بولدى ھويلام، ئۈستىنى باسقاچ تۇمان،
سېر① قومۇش، غۇربەت دېرىزەمگە تامار يامغۇر ھامان؛
بىلمىدىم، توختار قاچاندا، بۇ سوغۇق يامغۇر ـ شامال،
كۆز يېشىمدىن شايى پەردەم بولدى نەم ئاللىقاچان.

دەيىۋى قەلەمنى قويۇپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇۋىدى، بىر دېدەك:
— باۋيۇي غوجام كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلىپ كىردى.
شۇ گەپ بىلەنلا باۋيۇي بېشىغا چوڭ مىسىل قالپاق كىيگەن، ئۈستىگە پىچان يامغۇرلۇق يېپىنىۋالغان ھالدا كىرىپ كەلدى.
— نەدىن كەلگەندۇ مۇنۇ بېلىقچى بوۋاي؟ — دېدى دەيىيۇي ئىختىيارسىز كۈلۈپ.
— بۈگۈن ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي دەرھاللا، — دورا ئىچتىڭىزمۇ؟ بۈگۈن قانچىلىك غىزا يېدىڭىز؟
شۇ گەپ بىلەن باۋيۇي مىسىل قالپاقنى بېشىدىن ئالدى، يامغۇرلۇقنى سېلىپ قويدى، ئاندىن بىر قولى بىلەن چىراغنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن چىراغنى دالدا قىلىپ دەيىيۇينىڭ يۈزىنى يورۇتتى ـ دە، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بۈگۈن رەڭگىرويىڭىز خېلى ياخشى كۆرۈنىدۇ، — دېدى.
باۋيۇي يامغۇرلۇقنى سېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، دەيىيۇي ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا قارىدى، ئۇ ئىچىگە نىمكەش قىزىل دارايى كالتە كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە يېشىل پوتا باغلىۋالغانىدى، سايىۋەن گۈللۈك يېشىل پاكچۇ ئىشتان تىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پۇتىغا كالاۋۇتۇن بىلەن تۇتاش كەشتە تىكىلگەن شايى

① سېرا — «سېرە» (شالاڭ) سۆزىنىڭ قىسقارتىلغىنى.

پايپاق ۋە گۈلگە قونغان كېپىنەك سۈرىتى سىزىلغان خەي كىيىۋالغانىدى.

— ئۈستىڭىز يامغۇردىن قورقسا، ئايىغىڭىزدىكى بۇ خەي پايپاق يامغۇردىن قورقمامدۇ؟ — دەپ سورىدى دەيىۋى، — پاكىز تۇرۇپتۇ تېخى.

— مېنىڭ بۇ نېمەمنىڭ ھەممىسى تەل، ياۋا نەشپۈت ياغىچىدىن ياسالغان باشماق كىيىپ كەلگەنىدىم، ئۇنى دەھلىزگە سېلىپ قويدۇم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

دەيىۋى ئۇنىڭ يامغۇرلۇقى بىلەن مىسىل قالپىقىنىڭ ئادەتتە بازاردىن تاپقىلى بولمايدىغان ۋە ئىنتايىن سىپتا ۋە ئەپلىك توقۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، باۋيۈيدىن:

— بۇ قانداق ئوتتىن توقۇلغاندۇ؟ توۋا، بۇنى كىيىۋالسىڭىز كىرپىدەك كۆرۈنمەي قالىدىكەنسىز، — دېدى.

— بۇ ئۈچ خىل كىيىمنى ماڭا بېيجىڭ ۋاڭ سوۋغا قىلغان، — دېدى باۋيۈي، — ئۆزىمۇ ئادەتتە يامغۇر ياغقان چاغلاردا، ئائىلىسىدە مۇشۇنداق كىيىدىكەن. سىز بۇلارنى ياقتۇرسىڭىز، مەنمۇ سىزگە بىر يۈرۈش ئەكېلىپ بېرەي. باشقىسى بىر نۆرى، مۇنۇ مىسىل قالپاقنىڭ قىزىققۇچىلىكى بار ئىكەن، توپىسىدىكى مۇنۇ قۇببىسى بوش تۇرىدۇ، قىش كۈنلىرى قار ياغقاندا، قۇلاقچا بىلەن كىيىشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭ بامبۇك تومىكىنى چىقىرىۋېتىپ قۇببىسىنى ئېلىۋەتسە مۇنۇ كىزىكىلا قالىدۇ. قار ياغقاندا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىيسە بولىۋېرىدۇ. مەن سىزگە بىرنى بېرەي، قىش كۈنلىرى قار ياغقاندا كىيەرسىز.

— ماڭا لازىمى يوق! — دېدى دەيىۋى كۈلۈپ، — ئۇنى كىيسەم خۇددى رەسىمدىكى ياكى ئويۇندىكى بېلىقچى مومايغا ئوخشاپ قالارمەن.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ، بۇ گەپنىڭ بايا باۋيۈيگە ئۆزى ئېيتقان گەپ بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، بەك پۇشايمان قىلدى ـ دە، ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە

شىرەگە بېشىنى قويۇۋېلىپ توختىماي يۆتىلىشكە باشلىدى.
باۋيۇي ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى شېئىرغا كۆزى چۈشۈپ، قولىغا ئېلىپ بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتى. دەييۈي بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شېئىرنى تارتىۋېلىپ چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
ـــ ئۇنى ئوبدان يادلىۋالدىم، ـــ دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.
ـــ مەن ئارام ئالاي، مەرھەمەت قىلىپ كەتسىڭىزچۇ، ئەتە يەنە كېلەرسىز، ـــ دېدى دەييۈي.
باۋيۇي قوينىغا قولىنى سېلىپ، ياڭاقچىلىك ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ قارىۋىدى، يىڭنىسى شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، دەرھال سائەتنى قوينىغا سېلىپ:
ـــ راست، ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن، سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، ـــ دېدى ـ دە، شۇ گەپ بىلەن يامغۇرلۇقىنى يېپىنىپ، مىسىل قالپىقىنى كىيىپ چىقىپ كەتكەنىدى، يەنە كەينىگە يېنىپ كىرىپ:
ـــ نېمە يېگۈڭىز كېلىدۇ؟ ماڭا ئېيتىڭ، ئەتە ئەتىگەندىلا چوڭ ئانامغا ئۆزۈم مەلۇم قىلسام، بۇ يەردىكى قېرى ئايالларنىڭ بېرىپ دېگىنىدىن چۈشىنىشلىك بولمامدۇ؟ ـــ دېدى.
ـــ ماقۇل، كېچىچە ئويلاپ قوياي، ئەتە ئەتىگەندە سىزگە ئېيتارمەن، ـــ دېدى دەييۈي كۈلۈپ، ـــ ئاڭلاۋاتامسىز، يامغۇر تازا چۈشكىلى تۇردى. تېزرەك كېتىڭ، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشى بارمۇ؟
ئىككى خىزمەتكار ئايالنىڭ جاۋابى ئاڭلاندى:
ـــ بار، تاشقىرىدا كۈنلۈك تەييارلاپ، پانۇسنى يېقىپ قويدۇق.
ـــ مۇشۇنداق يامغۇر ياغقان كۈنىمۇ پانۇس ياقامدىكەن؟ ـــ دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق، قوچقار مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، يامغۇردىن قورقمايدۇ، — دېدى باۋيۈي.

دەييۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كىتاب جاۋىنى ئۈستىدىن يۇمىلاق ئەينەك پانۇسنى ئالدى ـ دە، بىر تال كىچىك شام ياقتۇرۇپ باۋيۈيگە سۇندى ۋە:

— مۇنۇ پانۇس ئۇنىڭدىن يورۇقراق، دەل يامغۇردا ياقىدىغان پانۇس، — دېدى.

— مەندىمۇ مۇشۇنداقتىن بىرسى بار، — دېدى باۋيۈي، — خىزمەتكارلار تېيىلىپ كەتسە چېقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ياققۇزمىغانىدىم.

— پانۇس ئەتىۋارمۇ، ئادەممۇ؟ — دېدى دەييۈي، — ياغاچ باشماق كىيىشكە تازا ئۆگەنمەپسىز ـ دە. ئۇلار پانۇسنى ئالدىڭىزدا كۆتۈرۈپ ماڭسۇن، مۇنۇ پانۇس ئەپچىل ھەم يورۇقراق، ئەسلىدە يامغۇر ياغقاندا ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ماڭاتتىم. بۇنى ئۆزىڭىز كۆتۈرۈپ ماڭسىڭىز ياخشى بولمامدۇ؟ ئەتە ئەۋەتىپ بېرەرسىز. قولىڭىزدىن چۈشۈپ كەتسىمۇ كارى چاغلىق. نېمانداق سىزدە بىردىنلا «جان كەتسە كەتسۇن، مال كەتمىسۇن» دەيدىغان خۇي پەيدا بولۇپ قالغاندۇ!

باۋيۈي ئۇن چىقماستىن پانۇسنى ئالدى. ئالدىدا ئىككى ئايال كۈنلۈك بىلەن ھېلىقى «قوچقار مۈڭگۈزى» پانۇسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئارقىسىدا يەنە ئىككى چۆرە قىز كۈنلۈك تۇتۇپ ماڭدى. باۋيۈي دەييۈي بەرگەن پانۇسنى چۆرە قىزغا بېرىپ، ئۆزى شۇ قىزنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۆيدىن چىقىشتى.

ئۇلار كېتىش بىلەنلا، دەييۈينىڭ ئۆيىگە ئاسارۇنزار ھويلىدىن ئىككى خىزمەتكار ئايال كەلدى. بۇلارنىڭ قولىدىمۇ كۈنلۈك بىلەن پانۇس بار ئىدى. ئۇلار يوغان بىر بولاق قارلىغاچ چاڭگىسى بىلەن بىر بولاق ئاپپاق ھەپىرەڭ بەرگىدەك پەرەڭ شېكىرى ئېلىپ كەلگەنىدى.

— بۇ بازاردىن سېتىۋالغاندىن ياخشى، — دېدى ئۇلار، —

باۋچەي خېنىم ئۆزلىرىنى ھازىرچە بۇنى ئىچىپ تۇرغاي، تۇگىگەندە يەنە ئەۋەتىپ بېرىمەن دېدى.
دەييۇي ئۇلارغا جاۋابەن:
— ئاۋارە بوپتۇ، رەھمەت، — دېدى، ئاندىن ئۇلارغا تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.
— چاي ئىچمەيمىز، يەنە ئىشلىرىمىز بار، — دېدى ئاياللار كۈلۈمسىرەپ.
— سىلەرنىڭ ئالدىراشلىقىڭلارنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ، — ھازىر ھاۋا سالقىنلاپ قالدى، تۈنمۇ ئۇزاردى، تايىن كېچىلىك سورۇن تۈزۈپ، بىر - ئىككى دو قەغەز ئويناشقا ئالدىراۋاتقانسىلەر.
— راستىنى ئېيتسام، خېنىم، بۇ يىل ئامىتىم كېلىپ قالدى، — دېدى ئىككى ئايالنىڭ بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بەرىبىر ھەر كېچىسى بىرنەچچىمىز جېسەكچىلىك قىلىدىكەنمىز، ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويساق ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، كەچلىك سورۇن تۈزۈپ، جېسەكچىلىك قىلغاچ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىمىز. بۈگۈن مېنىڭ تۇجالىغىم ئىدى. بۇ چاغقىچە باغنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ بولغاندۇ، سورۇنغا ئۈلگۈرۈپ بارسام بولاتتى.
— سىلەرنى جوۋتىپ، پۇل تېپىشىڭلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇپتىمەن، بۇ نەرسىلەرنى يامغۇرغا قارىماي ئېلىپ كەپسىلەر، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ. ئاندىن خىزمەتكارىغا بۇيرۇدى، — ئۇلارغا بىرنەچچە يۈز داچەن بەرگىن، شاراب ئېلىپ ئىچىپ، يامغۇردا كېچىككىنە قىزىۋالسۇن.
— خېنىم، شاراب پۇلى ئىنئام قىلىمەن دەپ پۇل چىقىم قىلىمىسىلا بولاتتى، — دېدى ئىككى ئايال تەڭلا كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن تەزىم قىلىپ باش ئۇرۇشتى. تاشقىرىغا چىقىپ پۇلنى ئېلىپ، كۈنلۈكنى ئېچىپ قايتىپ كېتىشتى.
زىجۈەن قارلىغاچ چاڭگىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،

چىراغنى باشقا يەرگە يۆتكەپ، پەردىنى چۈشۈرۈپ دەيىۋىنى ياتقۇزۇپ قويدى. دەيىۋي ياستۇقتا باش قويۇش بىلەن باۋچەينى ئەسلىدى، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئاكىسى بارلىقىغا ھەۋىسى كەلدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە باۋيۈينىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە ئىناقلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دېرىزە ئالدىدىكى بامبۇك شاخلىرى ۋە بانان يوپۇرماقلىرىغا شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پەردىدىن ئۆتۈۋاتقان سوغۇقنى سېزىپ، يەنە غېرىبسىنىشقا باشلاپ، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش تامچىلىدى. تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدىلا ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى. ھازىرچە باشقا گەپ يوق، يەنە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى باب

## لاۋزا ئادەمنىڭ لاۋزا ئىش قىلىشتىن خالىي بولمىغانلىقى يۈەنياڭ قىزنىڭ قوشماق ئۆردەكتەك جۈپ بولۇشىنى رەت قىلغانلىقى

دېيىۋى تۆتىنچى جىسەك ۋاقتى ئۆتكەندە، ئاستا - ئاستا ئۈيقۇغا كەتتى. بۇ توغرىدا ھازىرچە باشقا گەپ يوق.

ئەمدى فېڭجېيگە كەلسەك، ئۇ شىڭ ئاغىچا خېنىم چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ھاپىلا - شاپىلا باشقىدىن ئۈستىبېشىنى بىر قۇر يەڭگۈشلەپلا مەپىگە چۈشۈپ بۇ يانغا ئۆتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيدىكى كىشىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، فېڭجېيگە كۇسۇرلاشقا باشلىدى:

— سېنى چاقىرتىشىم باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، كىشىنى تەڭلىككە سالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى، بۇ ئىشنى بېگىم ماڭا تاپشۇرغان. مەن ئامال تاپالماي بېشىم قېتىپ، ئاۋۋال سەن بىلەن مەسلىھەتلىشەي دېگەن يەرگە كەلدىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيدىكى يۈەنياڭغا بېگىمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنى ئۆي كىشىسى قىلىمەن، سەن بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ، شۇنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭ، دەيدۇ. مېنىڭچە بولسا، بۇغۇ ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بىراق ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بەرمەسمىكىن دەيمەن، بۇ ئىشقا سېنىڭ بىرەر ئامالىڭ بارمىدۇ؟

فېڭجېيي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ پىكرىمچە بولغاندا، بۇنداق تامغا ئۇسمىسەكمىكىن

دەيمەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم يۈەنياڭدىن ئايرىلىپ قالسا گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدۇ، بۇنداق تۇرسا ئۇنى بېرىشكە كۆزى قىيامدۇ؟ ئادەتتە پاراڭلىشىپ قالغان چاغلاردىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم دائىم: « ئەمدى يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئوڭ يېنىدا بىر، سول يېنىدا بىر دېگەندەك، ئۆيدە توقالنى كۆپەيتىپ نېمە قىلىدۇ؟ بىرىنچىدىن، خەقنىڭ قىز بالىۋاقىسىغا كاشىلا بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىمايدۇ، مەنسەپنىمۇ ئوبدان ئۆتمەيدۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە توقاللار بىلەن ھاراق ـ شارابلا ئىچىدۇ» دەپ قوياتتى. خېنىم، بۇ گەپتىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ بېگىمىز بىلەن ئىنتايىن خۇشى يوق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمامدۇ؟ ئەمدى قويۇپ بۇنداق قىلسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بېگىم ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان يەر تاپالماي قالارمىكىن. ئۇ چاغدا «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ» دېگەندەك بولۇپ قالامدۇ؟ خېنىم، سىلى خاپا بولمىسىلا، مەن بۇ ئىشقا پېتىنالمايمەن. بۇ ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدۇ. چوڭ بېگىم ياشىنىپ قالدى، بەزى ئىشلاردا ئازراق گالۋاڭلىق قىلىپ قويىدۇ، ئۆزلىرى نەسىھەت قىلغانلىرى تۈزۈكمىكىن. ياشلار ئۈچۈن بۇ چاغلىق ئىش، ئەمما بېگىم ئۇلارنى دورىسا بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بىرمۇنچە ئىنى، جىيەن، ئوغۇل، نەۋرىلىرى بار تۇرۇقلۇق، يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟

— چوڭ خانداندىكىلەردىن ئۈچ ـ تۆتلەپ كىچىك خوتۇن ئالغانلىرىمۇ كۆپقۇ، بۇنداق قىلىش بىزگىلا توغرا كەلمەيدىكەن؟ — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مەن نەسىھەت قىلغىنىم بىلەنمۇ بەربىر كۆنمەيدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇ دېدىكىگە بەك ئامراق بولسىمۇ، ئۇنى ساقلى ئاقارغان ۋە مەنسەپ تۇتقان چوڭ ئوغلى ئېلىپ ئۆي كىشىسى قىلاي دېسە، ياق دەپ

رەت قىلالماس دەيمەن. سېنى مۇنداقلا بىر مەسلىھەتلىشىپ باقايلى دەپ چاقىرتىشىم ئىدى. سەن بىرمۇنچە يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن! سېنى دەپ باق دېگىنىمنىڭمۇ يولى باردۇ؟ ئەمىسە، ئۆزۈم بارسام بولغۇدەك، سەن تېخى مېنى نەسىھەت قىلمىدىڭ دەۋاتىسەن! سەن بېگىمنىڭ مىجەزىنى تېخى بىلمەيسەن! نەسىھەت كار قىلمىغاچقا، ئاۋۋال ماڭا قورساق كۆپۈكى قىلدى.

فېڭجيېنىڭ بىلىشىچە، شاڭ ئاغىچا خېنىم بىجىنبوش ئىدى، جيا شېغا خۇشامەت قىلىش يولى بىلەن ئۆزىنى ساقلاشنىلا بىلەتتى. ئاندىن قالسا، ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇل - دۇنيا توپلاپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەتتى، ئائىلىدىكى ھەرقانداق ئىشنى جيا شېنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرەتتى، كىرىم - چىقىم قىلىنىدىغان پۇللار ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئىنتايىن پىخسىقلىق قىلاتتى، جيا شېنى ئىسراپخور دېگەن ئاتاقتا چىقىرىپ، «ئارىدا مەنلا تېجەپ قالغاندا ئاندىن كېيىنكى تولدۇرغىلى بولىدۇ» دەيتتى. ئوغۇل - قىزلىرى ۋە غالچا - دېدەكلىرىنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئىشەنمەيتتى، بىرەر گېپىگىمۇ قۇلاق سالمايتتى. بايا بۇ گەپنى قىلىۋىدى، فېڭجيې ئۇنىڭ يەنە تەرسالىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئالمان - تالمان كۈلۈمسىرەپ سۆز باشلىدى:

— خېنىم، بۇ گەپلىرى ناھايىتى توغرا كەلدى. مېنىڭ يېشىممۇ چاغلىقلا تۇرسا، مەن نېمىنى بىلەتتىم؟ ھەربىرلىرى ئاتا - ئانا تۇرسىلا، ھېلىغۇ بىر دېدەك ئىكەن، ھەرقانچە چوڭ تىرىك گۆھەر بولسىمۇ بېگىمگە بەرمەي كىمگە بېرەتتى؟ كەينىدە قىلىنغان گەپ - سۆزلەرگە ئىشەنگىلى بولامتى؟ مەنمۇ راسا ئەخمەق ئىكەنمەن! بىزنىڭ ئوتتۇرانچى غوجامنى ئالساق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناماقۇل ئىش قىلىپ قويسا، بېگىم، خېنىم، ھەربىرلىرى ئۇنىڭدىن شۇنداق نەپرەتلىنىشلاكى، دەرھال تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

كىلىپ تاياق ئاستىدا ئۆلتۈرۈۋەتكۈلىرى كېلىشىدۇ، لېكىن ئالدىلىرىغا كەلسە، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ، بوپتىلا دېيىشىلا، تېخى ھەربىرلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىشىلا. ئەمدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ بىگىمگە ئەلۋەتتە شۇنداق مۇئامىلە قىلۇر، دەيمەن. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۈگۈن كۆڭلى خۇش، سورىنىدىغان ئىش بولسا بۈگۈنلا سورانساق، مەن ئاۋۋال بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى گەپكە تۇتۇپ تۇراي، خېنىم ئۆزلىرى ئۇيانغا ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ نېرى بولاي، ئۆيدىكى كىشىلەرنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتەي. ئاندىن ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىمالال سۆزلەشسىلە. بەرسە تېخى ياخشى، بەرمىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، باشقىلارمۇ ئۇقماي قالىدۇ.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گەپلىرىدىن يەنە كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا بۇنداق دەپ ئۇقتۇرۇپ قويدى:

— مېنىڭ غەرىزىمنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بىلدۈرمەي تۇرغىن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ياق دەپ قالسا، بۇ ئىش چورتلا تۈگىگەن بولۇپ قالىدۇ. ئۆز كۆڭلۈمدە ئاستا يۈەنياڭنىڭ ئۆزىگە دەپ باقايمىكىن دەيمەن. ئۇغۇ ئىزا تارتىدۇ. ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئۇقتۇرسام، ئۇ لام - جىم دېمىسە ئىش ئەپلەشكەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەيمىز. ئۇ چاغدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كۆنمىسە كۆنمەۋەرسۇن، ئۇنىڭ رايىغا قاراپ تۇرمايمىز. «كېتىمەن دېگەننى قوغلاشقىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. دەرۋەقە، مۇشۇنداق قىلساق ئەپلەشكۈدەك.

— خېنىم، يەنىلا ئۆزلىرى تەدبىرلىك ئىكەنلا، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — شۇنداق بولسا بەك ئەپلىشىدىكەن، ھېلىغۇ يۈەنياڭ ئىكەن، مەيلى كىم بولسا بولسۇن، قېنى قايسىبىرى كىم يۇقىرىغا ئۆرلەشنى، ياخشى كۈن كۆرۈشنى خالىمايدىكەن؟ يېرىم - يارتا غوجا خېنىم قىلاي دېسە ئۇنىماي دېيەلەك بولۇشنى خالىغىنى بىلەنمۇ، بەربىر كەلگۈسىدە بىرەر سايىقىقا قوشۇپ

قويسا تۇگىشىدۇ شۇ !

— شۇنى دېگىنە، — دېدى شىلى ئاغىچا خېنىمىمۇ كۈلۈپ، — ھېلىغۇ يېڭىنىڭ ئىكەن، غوجىدارلىق قىلىشاتقان چوڭ دېدەكلەردىمۇ قايسىبىرى شۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ؟ سەن كېتىپ تۇرغىن، ئەمما بۇ ئىشنى بىلىندۇرۇپ قويما، كەچلىك غىزادىن كېيىن مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتىمەن.

فېڭجيې ئۆز كۆڭلىدە: «يېڭىنىڭ بەك ئىچى كۆچلۈك، زەردىلىك دېدەك، بىز بۇنداقمۇ دەۋاتىمىز، ھەي، ئۇنىڭ رازى بولۇشى ناتايىن. مەن ئالدىدا بېرىپ، قېيىنئانام كەينىمدىن بارسا، ئۇنى سۆزگە كۆندۈرەلىسىغۇ ھېچ گەپ يوق، كۆنمەي قالسا، بۇ قېيىنئانام تولىمۇ گۇمانخور ئايال، بىلىندۇرۇپ قويۇپسەن دەپ مەندىن گۇمانلىنىپ ، سىپايىگەرچىلىك قىلغىلى تۇرارمىكىن، ئۇ چاغدا سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپتىمەن دەپ، خىجىل بولغىنىدىن جۇدۇنى ئۆرلەپ ئاچچىقىنى مەندىن ئالسا، ماڭا سەتچىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇيانغا بىللىلا ئۆتەيلى، مەيلى ئۇ كۆنسۇن ـ كۆنمىسۇن، مەندىن گۇمانلانمايدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، كۈلدى ـ دە:

— بايا مەن كېلىشىمدە تاغاملارنىڭكىدىن ئىككى قەپەس كەكلىك ئەۋەتىپتىكەن، خىزمەتكارلارغا قورۇپ قويۇڭلار دەپ تاپىلاپ قويغان، ئۆزلىرىگە كەچلىك غىزا ۋاقتىدا سۇنۇپ بەرمەكچىدىم. ھېلى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقىنىمدا، مۇلازىملار «خېنىمنىڭ مەپىسىگە چاك كېتىپتۇ، ياساتقىلى ئەكېتىۋاتىمىز» دەپ مەپىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ تاپتىلا، مېنىڭ مەپەمگە چۈشۈپ بىللە ئۆتسەك بولغۇدەك، — دېدى.

شىلى ئاغىچا خېنىم بۇ گەپ بىلەن، ئېگىنلىرىنى ئالدۇرۇپ يەڭگۈشلىۋالدى، فېڭجيې پايپاسلاپ بىردەم خىزمىتىنى قىلغاندىن كېيىن، قېيىنئانىسى بىلەن مەپىگە چۈشۈپ بۇ تەرەپكە ئۆتتى.

— خېنىم، ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا

كىرگەندە، — دېدى فېڭجيې يەنە، — مەنمۇ سوۋغىدىشىپلا ماڭسام، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى نېمىشقا كەلدىڭ دەپ سوراپ قالسا ئانچە ئوبدان بولمىغۇدەك، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزلىرى كىرگەچ تۇرسىلا، مەن ئېگىنىمنى يەڭگۈشلىۋېتىپ ئاندىن كىرەي.

شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئورۇنلۇق تېپىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ، ئورنىدىن قوپتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن دەپ قويۇپ ئارقا ئىشىكتىن چىقتى - دە، يۈەنياڭنىڭ ياتىقى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يۈەنياڭنىڭ ئۆيدە يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى، ئۇمۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى شىڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ ۋە يېنىغا كېلىپ قولىدىكى يىڭنە ئىشىنى قولىغا ئالدى، — تىكىۋاتقان كەشتەڭنى كۆرۈپ باقايچۇ، — كەشتىنى كۆرۈپ بېقىپ، يەنە، — بارغانسېرى ئۇستا بولۇپ كېتىۋېتىپسەن، — دېدى.

ئاندىن يىڭنە ئىشىنى قويۇپ، يۈەنياڭغا باشتىن - ئاياغقىچە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى، يۈەنياڭ سۇس بىنەپشە رەڭ دارايىدىن نىمكەش چاپان، پۇرمە جىيەكلىك كۆك تاۋار جىلىتكە، سۇس يېشىل بەل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ بېلى ھەرىنىڭ بېلىدەك ئىنچىكە، غولى تۈز، مەڭزى ئۆردەك تۇخۇمىدەك، چاچلىرى قاپقارا، قاڭشارى ئېگىز، ئىككى مەڭزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس بىرنەچچە تال سەپكۈنى بار ئىدى.

يۈەنياڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇنداق سەپسېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى - دە، ئىچىدە ھەيران بولدى. شۇڭا، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خېنىم، ئەجەب بىر ئەمەسلا چاغدا كېلىپ قاپتىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، سوڭدىشىپ كەلگەنلەر چىقىپ كېتىشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئولتۇرۇپ يۈەنياڭنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— مەن ئالايىتەن سېنى مۇبارەكلىگىلى كەلدىم، — دېدى كۈلۈپ.

يۈەنياڭ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىر ئاز پەملەپ قېلىپ، ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى، بېشىنى ساڭگىلىتىپ لام - جىم دېمىدى.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — چوڭ بېگىمنىڭ يېنىدا ئىشەنچلىك بىرەر ئادەم يوق، كۆڭلىدە يەنە بىرەرنى سېتىۋالايمۇ دەيدۇ، لېكىن دەللالنىڭ قولىدىن ئۆتكەنلەرنى پاكىز دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇي - پەيلىنى بىلمىگەندىن كېيىن، سېتىۋالغان بىلەنمۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا شېتىلىلىك قىلىپ ئالۋاستىنى ئۇسسۇلغا سالغىلى باشلايدۇ. پۈتۈن قەسىردىكى ئەۋلادىي چاكارلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرنى تاللايلى دېسەك، تۈزۈكرەكى يوق ئىكەن. ئۇنىسى يارىسا، بۇنىسى يارىمايدىكەن، شۇڭا خېلىدىن بېرى ساڭا كۆزىمىزنىڭ قىرىنى سېلىپ كەلدۇق. بۇ قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يارامىلىقى سەن ئىكەنسەن، چىراي - تۇرقۇڭ، ئىش قىلىشلىرىڭ، ئادەمگەرچىلىكىڭ بولسۇن، ھەممە جەھەتتە مۇلايىم - ئىشەنچلىك ئىكەنسەن. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ سېنى ئۆي كىشىسى قىلىپ قويساق، دەيمىز. سېنى سىرتتىن سېتىۋالغانلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، بۇدا ئۆيگە كىرىشىڭدە يۈزۈڭنى ئېچىپ، ساڭا كىچىك خېنىم دەپ ئۇنۋان بېرىمىز، يۈز - ئابرۇيلۇق ھەم ئىززەتلىك بولىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭمۇ ئوبدانلا دىتىڭ بار قىز. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەگەر بىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، بېگىمنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغان ئوخشايسەن! مۇشۇنداق بولغاندا، سېنىڭمۇ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ،

ئاندىن سېنى يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ. يۇرە، بىللە كىرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلايلى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭماقچى بولدى.

يۈەنياڭ قىزىرىپ، قولىنى تارتىۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ئىزا تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يەنە سۆز قىستۇرۇپ قويدى:

— بۇنىڭ ئىزا تارتىدىغان نېمىسى بار؟ سېنىڭ گەپ قىلىشىڭنىڭ هاجىتى يوق، ماڭا سوڭدىشىپ كىرسەڭلا بولدى.

يۈەنياڭ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ يەنە گەپ باشلىدى:

— سەن تېخى ماقۇل دېمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ راستىلا ماقۇل دېمەيدىغان بولساڭ، راسا ئەخمەق قىز ئىكەنسەن جۇمۇ. غوجا خېنىم قىلاي دېسە ئۇنىماي دېدەك بولۇشقا رازى بولامدىكىنە! ئىككى ــ ئۈچ يىلدىن كېيىن بىرەر ساياققا قوشۇپ قويسا، يەنىلا غالچا ــ دېدەك بولۇپ قېلىۋېرىسەن، بىزنىڭ كەينىمىزگە كىرگىن، ئۆزۈڭمۇ مېنى بىلىسەن، مېنىڭ مىجەزىم ئوبدان. مەن يۈز قارىمايدىغانلاردىنمۇ ئەمەس، بېگىممۇ سىلەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ. بىرەر يېرىم يىلدىن كېيىن بىرەر ئوغۇلىمۇ ياكى قىزىمۇ تۇغۇپ قالساڭ، سەنمۇ مەن بىلەن بىر قاتاردا تۇرىسەن. ئۆيدىكى خىزمەتكارلاردىن قايسىسىنى ئىشلەتكۈڭ كەلسە كىم ياق دېيەلەيدۇ؟ تەييار تۇرغان غوجايىنلىقنى قىلماي، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ كېيىن پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تېپىلمايدۇ!

يۈەنياڭ يەنىلا ئۈن دېمەي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرىۋەردى.

— شۇنچە چۇس ــ چېچەن قىز ئىدىڭ، نېماداق گومۇش بولۇپ قالدىڭ؟ ــ دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، ــ دىتىڭغا



www.uyghurkitap.com

ياقمايدىغان يېرى بولسا دەۋەرگەن، مەن ھۆددىگە كۆڭلۈڭدىكىدەك قىلىپ بېرىمەن.

يۈەنياڭ گەپ قىلماي تۇرىۋەردى.

— تايىنلىق، ئاتا - ئانام بار دەپ، ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگۈڭ كەلمەي، خىجىل بولۇپ، شۇلاردىن سوراپ باقسۇن دېمەكچىسەنغۇ؟ — دېدى شىاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ، — بۇمۇ بار گەپ. ئۇلاردىن مەن ئۆزۈم سوراي. ئۇلار كېلىپ سەندىن سورىغاندا، گېپىڭ بولسا شۇلارغا دەرسەن.

شىاڭ ئاغىچا خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ فېڭجيېنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

فېڭجيې ئالىلقاچان ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلىۋالغانىدى، ئۆيدە باشقا كىشى بولمىغانلىقتىن، بايىقى گەپلەرنى پىڭئېرغا دەپ بەرگەنىدى.

— مېنىڭ قارىشىمچە، — دېدى پىڭئېرمۇ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ، — بۇ ئىش زادىلا ئەپلەشمەيدۇ، ئادەتتە بىزمۇ كەينىدىن گەپ - سۆز قىلىشقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئۇنىمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قېنى ئۆزىگە دەپ باقسۇنلا.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇ ئۆيگە مەسلىھەتكە كېلىشى تۇرغان گەپ، — دېدى فېڭجيې، — يۈەنياڭ كۆنىسىغۇ مەيلى، كۆنمەي قالسا بىكاردىن - بىكار خېنىمنىڭ يۈزىگە سەت بولمامدۇ؟ سەن بېرىپ خىزمەتكارلارغا ئېيتىپ قوي، كەكلىكلەرنى قورۇسۇن، باشقا نەرسىلەردىنمۇ بىرقانچە خىل قوشۇپ غىزاغا تەييارلىق قىلسۇن، سەن باشقا يەرگە بېرىپ ئويناپ تۇر، ئاغىچا خېنىمنىڭ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن يېنىپ كەلگىن.

پىڭئېر ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى خىزمەتكار ئاياللارغا ئۆز ئەينى يەتكۈزۈپ قويۇپ، باغقا قاراپ بەخىرامان ماڭدى.

يۈەنياڭ شىاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم فېڭجيېنىڭكىگە بېرىپ مەسلىھەتلىشىدۇ، ئاندىن بىركىم كېلىپ مەندىن گەپ سورايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆزىدىن نېرىراق

بولۇپ تۇرايلا، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، بېرىپ خۇيۇنى تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى سوراپ قالسا، ئاغرىپ قاپتۇ، ئەتىگەنلىك غىزانىمۇ يېمىدى، دەپ قويغىن، باغقا بېرىپ چۆرگۈلەپ كېلىمەن، — دېدى.

خۇپو ماقۇل دېدى. يۈەنياڭ باغقا كىرىپ، ئۇيەر ـ بۇيەرنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى، پىڭئېر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، پىڭئېر:

— يېڭى كىچىك خېنىم كېلىپ قاپتۇغۇ! — دەپ كۈلدى.

— ھە، سىلەرزە تىلىڭلارنى بىر قىلىپ مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپتىكەنسىلەر ـ دە! قاراپ تۇر، مەن سېنىڭ غوجايىنىڭنى تويدۇرۇپ قويمايدىغان بولسام!

پىڭئېر ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزى يېنىكلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئېرەن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە باشلاپ كېلىپ تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى، ئاندىن بايا فېڭجىيې نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ھەممە گەپنى بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. يۈەنياڭ قىزىرىپ كېتىپ، پىڭئېرغا قاراپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— بىز ئوبدان ئۆتۈشكەنىدۇق دەپ ئويلاپتىكەنمەن. مەسىلەن، شىرېن، خۇپو، زىجۈەن، سەيشيا، يۈيچۈەر، شېيۆ، سۇيمو، شياڭيۈن قىزغا بېرىلگەن سۇيلۇ، ئۆلۈپ كەتكەن كېرېن بىلەن جىڭچۈەن، چىقىرىۋېتىلگەن چيەنشۆ، سەن بىلەن مەن قوشۇلۇپ، ئون نەچچەيلەن كىچىكىمىزدىن تارتىپ قانداق گەپلەرنى دېيىشمەيدىغان، نېمە ئىشلارنى قىلىشمىغانىدۇق؟ بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز چوڭ بولدۇق، ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. مەن كۆڭلۈمدە بالدۇرقىدەكلا ئويلاپ، ھەرقانداق گەپ ـ سۆزۈم، نېمە ئىشىم بولسا سىلەردىن يوشۇرمىدىم، سەن مېنىڭ مۇنۇ گېپىمنى ئىچىڭدە چىڭ ساقلا،

ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغىمۇ دېمىگىن: چوڭ بېگىمگە كىچىك خوتۇن بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئاغىچا خېنىم شۇ تاپتا ئۆلۈپ قېلىپ، مېنى چوڭ خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن سوچىلارنى مىڭ ئىشقا سالغىنى بىلەنمۇ ھەرگىز ئۇنىمايمەن!

پىڭئېر ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، سۇنئىي تاغنىڭ كەينىدىن قاقاھلىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋۇي، يۈزى يوق قىز، قورقماستىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىنى قارا بۇنىڭ!

پىڭئېر بىلەن يۈەنياڭ چۆچۈپ كېتىپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تاغنىڭ كەينىنى ئىزدىۋىدى، ئۇ باشقا بىر كىم ئەمەس شىرېن ئىكەن. ئۇ كۈلۈپ تاغنىڭ كەينىدىن چىقتى:

— نېمە ئىش بولدى؟ ماڭىمۇ دەپ بېرىڭلار.

ئۈچەيلەن تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. پىڭئېر باياتىن بولغان گەپلەرنى دەپ بەردى، شىرېن ئاڭلاپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

— توغرىسى، بۇ گەپنى بىزگە دېمەسلىكى كېرەك ئىدى، چوڭ بېگىممۇ راستىلا پەسكەشلىك قىپتۇ! كىمنىڭ چىراي - تۇرقى سەل جايىدا بولسىلا شۇنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيدۇ.

— سەن رازى بولمىساڭ، مەن ساڭا بىر ئامال كۆرسىتەي، — دېدى پىڭئېر.

— نېمە ئامال ئۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەنياڭ.

— سەن ئۇدۇل بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتقىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سېنى جيا ليەن غوجامغا بېرىۋەتتىم دېسە، چوڭ بېگىم ئاغزىنى تۇتۇپلا قالىدۇ.

— قانداق نېمە سەن؟ — دېدى يۈەنياڭ يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، — دەۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ! قايسى كۈنى سېنىڭ غوجايىن خېنىمىڭمۇ شۇنداق دەپ كاپشىغانىدىغۇ؟ مانا ئەمدى سەنمۇ قوپۇپ شۇ گەپنى قىلىۋاتىسەن.

— بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۇنداق قىلىشقا رازى ئەمەس، مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەيلى، ئۇلۇغ ئاغىچا

www.uyghurkitap.com

خېنىم سېنى باۋىيۋى غوجامغا ماقۇل كېلىپ قويغان دېسە، ئۇ چاغدا چوڭ بېگىممۇ ئۇ نىيىتىدىن يانىدۇ، — دېدى شېرىن كۈلۈپ.

يۈەنياڭ تېخىمۇ خاپا بولۇپ، ئىزا تارتقىنىدىن ئىچى تىتىلداپ كېتىپ ئۇلارنى تىللاپ كەتتى:

— ۋۇي جۇۋاينىمەكلەر، بېشىنى يېگۈرلەر ! خەق تەڭلىكتە قېلىپ، سىلەرنى راۋرۇس ئادەملەر دەپ دەردىنى ئېيتىپ، تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويارمىكىن دېسە، كارىڭلار بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە تېخى زاڭلىق قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرزە، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ ئىشىمىز پۇتۇپ قالدى، كەلگۈسىدە كىچىك خېنىم بولىمىز دەپ چاغلايدىكەنسىلەر - دە ! مېنىڭ قارىشىمچە، ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ جۇمۇ ! ئۆزۈڭلارنى سەل يىغىشتۇرۇۋالساڭلار بولارمىكىن، تولا ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار !

ئىككىسى ئۇنىڭ جىلە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كۈلۈمسىرەشتى:

— جېنىم ئاچا، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن ! بىز كىچىكىمىزدىنلا بىر تۇغقان ھەمشىرىلەردەك بولۇپ كەلگەن تۇرساق، ناھايىتى كەلسە خالىي جايدا چاقچاق قىلىپ قويغىنىمىز بۇ. سەن غەرىزىڭنى بىزگە دەپ بەرسەڭ، بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز تىنسۇن.

— نېمە غەرىزىم بولاتتى ! ياق دېسەملا تۈگەيدۇ شۇ، — دېدى يۈەنياڭ.

— سەن ياق دېيىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ، — دېدى پىڭئېر بېشىنى چايقاپ، — چوڭ بېگىمنىڭ مىجەزىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. سەنغۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى كىشى، شۇڭا سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئەمما سەن ئۆمۈرۋايەت ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەينىدە يۈرەمتىڭ؟ ياتلىق بولۇشقا توغرا كېلەر. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ ياخشى بولمايدۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىر كۈن ئۆمۈر كۆرسە ، مەن بىر

كۆنمۇ بۇ يەردىن نېرى كەتمەيمەن، — دېدى يۈەنياڭ سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مۇبادا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ قالسا، ئۇ چوڭ ئوغلى بولغاندىن كېيىن، بەرىبىر ئۈچ يىل قارىسىنى تۇتىدۇ، ئانىسى ئۇياقتىن ئۆلۈشىگىلا بۇياقتىن كىچىك خوتۇن ئالىمەن دېمەس! ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار. شۇ چاغدىمۇ يەنە مۇشۇنداق تەڭقىسلىقتا قالسام، چېچىمنى كېسىۋېتىپ راھىبە بولۇپ كېتىمەن، يا بولمىسا ئۆلىمەن شۇ. ئۆمۈرۋايەت ئەرگە تەگمىسەم نېمە بولىدىكەن؟ ئۇ چاغدا تېخىمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتىمەن!

— راستلا يۈزى يوق شەرمەندە ئىكەن بۇ، — دېيىشتى پىڭئېر بىلەن شىرېن كۈلۈشۈپ، — ئىچ سىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى!

— ئىشنىڭ بولۇشى بولدى، ئىزا تارتىدىغان نېمىسى قالدى؟ — دېدى يۈەنياڭ، — ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ باقارسىلەر! شىڭ ئاغىچا خېنىم بايىراقتا ماڭا ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، ئۇلارنى نەنجىڭغا بارسا تاپىدۇ!

— ئاتا - ئاناڭ نەنجىڭدا ئۆي - جايغا قارايدۇ، — دېدى پىڭئېر، — بۇ يەرگە كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر ئۇلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكاڭ بىلەن يەڭگەڭ مۇشۇ يەردە. ھەي ئىسىت، سەن تېخى ئەۋلادىي چاكارنىڭ قىزى، بۇ يەردە يەككە - يېگانە تۇرۇۋاتقان بىز ئىككىمىزگە ئوخشىمايسەن.

— ئەۋلادىي چاكارنىڭ قىزى بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى يۈەنياڭ، — «كالا سۇ ئىچمىسە زورلاپ بېشىنى سۇغا چۆكۈرەمدىكەن؟» مەن رازى بولمىسام ئاتا - ئانامنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتەلمەس!

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا، يۈەنياڭنىڭ يەڭگىسى ئۇياقتىن كېلىپ قالدى.

— ئۇلار دەماللىققا ئاتا - ئاناڭ بىلەن سۆزلىشەلمىگەچكە،

تايىن يەڭگەڭگە گەپ قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى شىرىن.

— بۇ جالاپ، — دېدى يۈەنياڭ تىللاپ، — خۇددى «چار بازارچى تېجىمەل» نىڭ ئۆزى، بۇ گەپنى ئاڭلىسا خۇشامەت قىلماي قالامدۇ؟

شۇ ئاردا، ئۇنىڭ يەڭگىسىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، كۇلۇپ قويۇپ:

— ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىم، بۇ قىز بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ يۈرۈڭ مەن بىلەن، سىزگە گېپىم بار، — دېدى.

پىڭئېر بىلەن شىرىن دەرھال ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قىزلار، ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مېنىڭ بۇ سىڭلىمغا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى ئۇنىڭ يەڭگىسى.

— نېمە گەپ؟ نېمانچە ئالدىراش؟ بىز بۇ يەردە تېپىشماق ئويناۋاتاتتۇق، ئۇ تېپىپ بولغاندىن كېيىن بارسۇن، — دېيىشتى كۇلۇشۇپ ئۇ ئىككىسى.

— نېمە گەپ؟ دەۋېرىڭ؟ — دېدى يۈەنياڭ.

— يۈرسىڭىزچۇ مەن بىلەن، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ دەپ بېرەي، ھەرھالدا ياخشى گەپ بار، — دېدى يەڭگىسى كۇلۇپ.

— ئاغىچا خېنىم سىزگە دېگەن گەپتۇ؟ — دېدى يۈەنياڭ.

— سىڭلىم، ئۆزىڭىزمۇ بىلىپسىز، ماڭا ئامال قانچە؟ يۈرۈڭ چاپسان! سىزگە بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرەي، ئالەمچە چوڭ خۇشاللىق بۇ جۇمۇ!

يۈەنياڭ بۇ گەپ بىلەن، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، يەڭگىسىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى ـ دە، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ تىللاپ كەتتى:

— ۋۇي كىس ئېغىز، تولا كاپشىماي ئاغزىڭنى يۇم! ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتى يوق ئىشقا ئارىلاشماي يولۇڭغا ماڭ! نېمە «ياخشى گەپ» بولاتتى؟ نەدىكى «خۇشاللىق» ئىكەن ئۇ؟ سىلەر خەقنىڭ

قىزى كىچىك خوتۇن بوپتىكەن، بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك خوتۇن بولۇپ كەتكەندەك، شۇنىڭ سايىسىدا جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرۈپتۇ دەپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە شۇنىڭغا ئىچىڭلارنى قىزىتىپ يۈرگىنىڭلار بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! ئەمدى كۆزۈڭلار قىزىرىپ مېنىمۇ شۇ ئوتقا ئىتتىرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر. يۈز ـ ئابروي تېپىپ قالسامغۇ سىلەر تالا ـ تۈزدە جاھاننى بېشىڭلارغا كىيىپ، ئۆزۈڭلارنى قېيىنبويان غوجا قىلىۋالىسىلەر، ئابروي تاپالماي نابۇت بولسام ناكەس بېشىڭلارنى ئىچىڭلارغا تىقىۋېلىپ، ئۆلۈش ـ تىرىلىشىم بىلەن كارىڭلار بولماس!

يەنىياڭ تىللاپمۇ تۇراتتى، يىغلاپمۇ تۇراتتى. پىڭئېر، شىرېنلەر ئۇنىڭغا ھە دەپ ھاي بېرىشەتتى.

— رازى بولمىسىڭىزمۇ، ئۇنداق يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن خەقنى چىشلەپ تارتماي، تۈزۈك گەپ قىلىڭ، — دېدى ئۇنىڭ يەڭگىسى ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قېلىپ، — كونىلار: «قوشنىڭ قارىغۇ بولسا، كۆزۈڭنى قىس» دەپتىكەن. سىڭلىم، سىز مېنى تىللىسىڭىزمۇ مەن جاۋاب ياندۇرالمايمەن. مۇنۇ ئىككى قىزمۇ سىزنىڭ چىشىڭىزغا تەگكىنى يوققۇ. «كىچىك خوتۇن» مۇنداق، «كىچىك خوتۇن» ئۇنداق دەۋەرسىڭىز، خەقنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، — دېدى شىرېن بىلەن پىڭئېر شۇ زامانلا، — بۇمۇ بىزنى دەۋاتمايدۇ، سىز ئۇنداق چىشلەپ تارتماڭ. قېنى دەپ بېقىڭا، قايسى ئاغىچا خېنىم، قايسى بېگىم بىزگە كىچىك خوتۇن دەپ نام بېرىپتۇ؟ بىز ئىككىيلەننىڭ بۇ خانىداندا بىزگە تايىنىپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان ئاتىمىزمۇ، ئاكىمىزمۇ، بىر تۇغقانلىرىمىزمۇ يوق. ئۇنىڭ كىمنى تىللىغۇسى كەلسە تىللاۋەرسۇن، ئۇ تىللىسا نېمىدەپ بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە كېلەتتى.

— مەن بۇنى تىللىسام، ئىزا تارتىپ، يۈزىنى كۆتۈرەلمەي،

سىلەر ئىككىڭلارنى دەيدەيگە سېلىۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، سىلەرنىڭ ئوڭلۇق بولغىنىڭلار، مەن جىلە بولغىنىمدىن نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي دەۋرگەچكە، بۇ ئارىغا قىستۇرۇۋېلىپ گەپ تاپتىلىق قىلىۋاتىدۇ، ـــ دېدى يۈەنياڭ.

ئۇنىڭ يەڭگىسى ئوساللىشىپ قالغانلىقتىن، قېيداپ كېتىپ قالدى.

يۈەنياڭ ئاچچىقىدا يەنە تىللاۋەردى. پىڭئېر بىلەن شىرېن بىردەم هاي بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن بېسىلدى.

ـــ سەن ئۇ يەرگە مۆكۈۋېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ بىزمۇ كۆرمەي قاپتۇق، ـــ دەپ پىڭئېر شىرېندىن سورىدى.

ـــ تۆتىنچى خان قىزنىڭ ئۆيىگە باۋيۈي غوجامنى ئىزدەپ بارغانىدىم، ـــ دېدى شىرېن، ـــ بىرقەدەم كېچىكىپ قاپتىمەن، ئۇنى ئۆيگە كەتتى، دېدى. نېمىشقا ئۇچرىمىغاندۇ دېگەن گۇمان بىلەن، دەيىيۈي قىزنىڭكىگە بېرىپ باقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، دەيىيۈي قىزنىڭ خىزمەتكارى ئۇچراپ قالدى، سورىسام، ئۇ يەرگىمۇ بارماپتۇ. مەن بۇ يەردە ئۇنى باغدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ تۇراتتىم، سەن ئۇياقتىن كېلىپ قالدىڭ. مەن غىپلا قىلىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم، سەنمۇ كۆرمەي قالدىڭ، كېيىن مۇنۇمۇ كەلدى، مەن ماۋۇ دەرەخنىڭ كەينى بىلەن سۇئىيي تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدىم، قارىسام، ئىككىڭلار گەپلىشىۋاتىسىلەر. تۆت كۆزۈڭلار بىلەنمۇ كۆرمەي قالدىڭلارغۇتاڭ مېنى!

ـــ سېنى تۆت كۆزمۇ كۆرمەي قاپتىمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىلەرنىڭ ئالتە كۆزۈڭلار تۇرۇقلۇقمۇ مېنى كۆرمىدىڭلارغۇ!

ئۇچى چۆچۈپ كەتتى، كىم ئىكەن دەپ بۇرىلىپ قارىۋىدى، باۋيۈي ئىكەن.

ـــ ئەجەبمۇ ئىزدەتتىڭىز! ـــ دېدى كۈلۈپ شىرېن ئالدى بىلەن، ـــ نەدىن كېلىشىڭىز؟

ـــ تۆتىنچى سىڭلىمنىڭكىدىن كېلىۋاتاتتىم، قارىسام، ئالدىمدىن كېلىۋاتىسەن، ـــ دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، ـــ ھەرقاچان

مېنى ئىزدەپ يۈرىدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن، مۆكۈۋېلىپ سېنى گوللىماقچى بولدۇم. قاراپ تۇرسام گىدەيگىنىڭچە ئۆتۈپ كەتتىڭ، هويلىغا كىرىپلا يەنە يېنىپ چىقتىڭ، كىم ئۇچرىسا شۇنىڭدىن سوراپ باقتىڭ، مەن تۇرغان يېرىمدە راسا كۈلدۈم. ئالدىمغا كەلگىنىڭدە بىر قورقۇتاي دەپ تۇراتتىم، كېيىن سەنمۇ مۆكۈۋالدىڭ. هە، بۇمۇ بىركىمنى گوللىماقچىكەن ـ دە، دېگەن ئويغا كېلىپ بوينۇمنى سوزۇپ نېرىسىغىراق قاراپ باقسام مۇنۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپتۇ، مەنمۇ ئەگىپ سېنىڭ كەينىڭگە كېلىۋالدىم. سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەن مۆكۈۋالغان يەرگە مەن مۆكۈۋالدىم.

— كەينىمىزنى يەنە بىر ئىزدەشتۇرۇپ باقايلى، يەنە بىر ـ ئىككىسى چىقىپ قالمىسۇن يەنە، — دەپ كۈلدى پىڭئېر.

— ئەمدى چىقمايدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

يۈەنياڭ بايىقى گەپلەرنى باۋيۈينىڭ ئاڭلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇخلىغان بولۇپ تاشقا دۈم يېتىۋالدى.

— تاش سوغۇق، ئۆيگە بېرىپ ئۇخلىساڭ ئوبدان بولارمىكىن؟ — دەپ باۋيۈي ئۇنى قىمىرلاتتى ۋە تارتتى.

ئاندىن ئۇ پىڭئېرنى ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ چىقىڭ دەپ تەكلىپ قىلىپ قويدى، شىرېن بىلەن ئىككىسى يۈەنياڭنى، يۈر ئۆيگە، دەپ كۆڭلىنى ياسىغانىدى، يۈەنياڭمۇ ئورنىدىن تۇردى. تۆتى بىللە ئارامبەخش هويلىغا كېلىشتى. باۋيۈي بايا ئۇلار قىلىشقان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ قالغاچقا، يۈەنياڭ ئۇچۇن كۆڭلى غەش بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كاتقا قىڭغايدى. دالاندا قالغان ئۈچى ئىختىيارىچە كۈلۈپ، گەپلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇياقتا فېڭجيېدىن يۈەنياڭنىڭ ئاتىسىنى سورىغاندا، فېڭجيې:

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى جىن سەي، خوتۇنى بىلەن

نەنجىڭدا ئۆي - جايلىرىمىزغا قارايدۇ، بۇ يەرگە ئانچە كەلمەيدۇ. يۈەنياڭنىڭ ئاكىسى ۋېنشياڭ ھازىر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ، يەڭگىسىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيىدىغانلارنىڭ چوڭى، — دەپ بەرگەندى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈەنياڭنىڭ يەڭگىسىنى، يەنى جىن ۋېنشياڭنىڭ خوتۇنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ دەپ بېرىۋىدى، بۇ خوتۇن خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىشنى ئەپلەشتۈرىمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن پالاقشىپ يۈەنياڭنى ئىزدەپ ماڭغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن يۈەنياڭدىن بىكارلا دەشنەم يېدى، بۇنى ئاز دەپ، ئۇنىڭغا شىرېن بىلەن پىڭئېرمۇ بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىۋالدى. ئۇ ئاشۇنداق ئىزا - ئاھانەتكە قېلىپ قايتىپ كېلىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— ئىش قاملاشمىدى، ئۇ مېنى بىرمۇنچە تىللىۋالدى، — دېدى.

فېڭجيې شۇ يەردە بولغاچقا، ئۇ پىڭئېرنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشقا پېتىنالماي:

— شىرېنمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ ماڭا دەشنەم بەردى، ماڭا بىرمۇنچە يامان گەپ قىلىۋالدى، بۇ گەپلەرنى ئۆزلىرىگە دېگىلى بولمايدۇ. خېنىم، ئۆزلىرى بېگىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باشقا بىرىنى سېتىۋالسىلا بولغۇدەك. ئۇ جۈۋاينىمەكنىڭ مۇنداق چوڭ بەختتىن تەلىيى يوق ئىكەن، بىزگىمۇ مۇنداق چوڭ ئامەت نېسىپ بولمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— شىرېننىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە چاتىقى بار ئىكەن؟ ئۇلار نەدىن بىلىۋاپتۇ؟ — دەپ سورىدى شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — يېنىدا يەنە كىملەر بار ئىكەن؟

— پىڭئېر قىزمۇ بار، — دېدى ۋېنشياڭنىڭ خوتۇنى.



www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرغىنىڭچە مۇشۇ يەرگە سۆرەپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟ — دېدى دەرھال فېڭجيې، — مەن ئىشىكتىنمۇ چىقىپتىمەن. ئۇ ئويىنىغىلى كېتىپتۇ، ئۆيگە يېنىپ كەلسەم ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى! ئۇمۇ تايىنلىق بىرنېمىلەر دېيىشىپ بەرگەندۇ؟

— پېڭئېر قىز ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىكەن، يىراقتىن كۆرۈنگەندەك قىلدى، بەلكىم ئۇ ئەمەستۇ، مەن شۇمىكىن دەپ ئويلاپ قالغاندىمەن.

— ئۇنى چاپسان چاقىرىپ كەل! — دەپ كىشى بۇيرۇدى فېڭجيې، — مېنى يېنىپ كەلدى، ئاغىچا خېنىممۇ مۇشۇ يەردە دەپ ئېيت، تېزرەك يېنىپ كەلسۇن!

— لىن دەيىيۈي خېنىم ئۇنى چاقىرتىپ كىشى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇچ - تۆت قېتىم چاقىرتقاندىن كېيىن، ئۇ شۇ يەرگە كەتكەن، — دەپ دەرھال مەلۇم قىلدى فېڭئېر، — خېنىم، ئۆزلىرى كېلىشلىرى بىلەنلا ئۇنى قىچقارغىلى بارغانىدىم، دەيىيۈي خېنىم: «كېلىن ئاغىچىغا دەپ قويغىن، ئۇنى ئازراق جوۋتىدىغان ئىشىم بار» دېدى.

فېڭجيې شۇ گەپ بىلەن بولدى قىلىپ، ئەتەي گەپ قىستۇرۇپ قويدى:

— ھەر كۈنى ئۇنى جوۋتىدىغان نېمە ئىش باردۇ؟

شىڭ ئاغىچا خېنىم نائىلاج، غىزا يەپ بولۇپ ئۆيىگە ياندى. بولغان ئىشلارنى ئاخشىمى جياشېغا دەپ بەردى. جياشې بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، دەرھال جيا ليەننى چاقىرغۇزدى:

— نەنجىڭدىكى ئۆي - جايغا قارايدىغانلار بىرلا ئائىلە ئەمەس، باشقىلارمۇ بارغۇ، دەرھال جىن سەينى چاقىرتىپ كەل.

— ئۆتكەن قېتىم نەنجىڭدىن خەت كەلدى، — دېدى جيا ليەن، — جىن سەي دەم كوتا كېسىلى بىلەن يېتىپ قاپتىكەن، ئۇياقتا ئۇنىڭ ئۆلۈملۈكى ئۇچۇنمۇ پۇل ئىنئام قىلىنغان. ھازىر ئۆلۈك - تىرىكلىكى مەلۇم ئەمەس. تىرىك بولغان تەقدىردىمۇ

www.uyghurkitap.com

خۇدىنى يوقاتقان تۇرسا، چاقىرتىپ كەلگەن بىلەن پايدىسى يوق، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ گاس.

جياشې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى:

— مۇتتەھەم! ھارامدىن بولغان خۇنپەر! ئۇلارنى شۇنچە ئېنىق بىلىدىكەنسەن — ھە! كۆزۈمدىن نېرى بولماي نېمە قىلىسەن بۇ يەردە!

جياليەن قورقىنىدىن شوخشىپ چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن جىن ۋېنشياڭنى چاقىرغۇزدى. جياليەن تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا خىزمەتكە تەييار بولۇپ، ئۆيىگىمۇ كېتەلمەي، ئاتىسىغا كۆرۈنۈشمۇ قىلالماي، نائىلاج قولاق سېلىپ تۇردى.

بىر دەمدىن كېيىن جىن ۋېنشياڭ يېتىپ كەلدى، ئۇنى بالا مۇلازىملار باشلاپ ئارا ئىشىكتىن ئەكىرىپ قويدى. ئۇ تۆت — بەش ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېنىپ چىقتى. جياليەن ھازىرچە تىڭتىڭلاپ بېقىشقا پېتىنالماي، بىر دەم تۇرۇپ بېقىپ، جياشېنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئۆيىگە ياندى. ئاخشىمى فېڭجيې ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇقتى.

يۈەنياڭ كېچىچە ئۇخلىمىدى، ئەتىسى ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ تاماشا قىلدۇرۇپ كېلەي دەپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ئانا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. يۈەنياڭنىڭ بارغۇسى يوق ئىدى، لېكىن جيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالارمىكىن دەپ نائىلاج ئۆيىگە باردى. ئاكىسى بايا جيا شېنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى، ئۇنداق ئابرۇي تاپسەن، كىچىك خېنىم بولۇپ مۇنداق غوجايىنلىق قىلىسەن، دەپ جاۋىلداپلا كەتتى. يۈەنياڭ چىشىنى چىشلىگىنىچە ياق دەپ تۇرۇۋالدى. ئاكىسى ھېچ ئامال تاپالماي، بېرىپ جياشېغا مەلۇم قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. جياشې ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقلاندىكى:

— ساڭا شۇنى دەپ قوياي، خوتۇنۇڭ بېرىپ مېنى دېدى دەپ ئۇنىڭغا دېسۇن، ئۇزە «قەدىمدىن تارتىپ پەرىزات قىز ياش يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن» دەيدىغان ئوخشايدۇ، مېنى قېرى دەپ ياراتمىسا كېرەك. بەلكىم ئۇ ياش غوجاملارغا ئاشىق بولۇپ قالغاندۇ، تولاراق باۋيۇينى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، بەلكىم شۇ قاتاردا جيالىيەنمۇ بولسا كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق نىيىتى بولىدىغان بولسا، بۇ نىيىتىدىن بالدۇرراق يانسۇن. مەن ئالىمەن دېسەم، ئۇ ئۇنىماي قويغان تۇرسا، كېيىن قېنى كىم ئۇنى ئالالايدىكىن؟ بۇ بىر گەپ. يەنە بىرسى، ئۇ تېخى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ماڭا كۆيۈنىدۇ، كەلگۈسىدە تالا - تۈزدىن بىرەر بويتاققا بەرسە، ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىمەن دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇ كاللىسىنى سىلكىۋەتسۇن، مەيلى ئۇ كىمگە تەگسۇن، مېنىڭ ئالىقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مۇبادا ئۇ ئۆلسە ياكى ئۆمۈر بويى ئەرگە تەگمىسە، مەن ئۇنىڭغا خەير بوپتۇ دەيمەن ! ئۇنداق قىلمايمەن دېسە، بالدۇرراق نىيىتىدىن يانسۇن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئاز - تولا نەپ تېگىدۇ.

جياشېنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە جىن ۋېنشياڭ «خوش» دەپ تۇردى.

— مېنى ئالدىغۇچى بولما، — دېدى جياشې يەنە، — ئەتە ئاغىچا خېنىمنى يۈەنياڭدىن يەنە بىر سوراپ بېقىشقا ئەۋەتىمەن. سىلەر شۇنچە گەپ قىلساڭلارمۇ ئۇ ئۇنىمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەيىب سىلەردە بولمايدۇ، بىز سورىغاندا ئۇ ئۇناپ قالسا، ئۇ چاغدا كالالاڭلارغا پەخەس بولۇڭلار !

جىن ۋېنشياڭ ئالمان - تالمان يېنىشلاپ ماقۇل دېگىنىچە شوخشىپ چىقىپ ئۆيىگە كەلدى - دە، خوتۇنى ئارقىلىق دېيىشكىنىمۇ قاراپ تۇرماي، ئۆزىلا بايىقى گەپلەرنى يۈەنياڭغا يۈزتۇرا قىلىۋىدى، يۈەنياڭ ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ، دەرھال جاۋاب تاپالماي قالدى. بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ:

— مەن رازى بولغىنىم بىلەنمۇ، سىلەر مېنى باشلاپ بېرىپ

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىشقا توغرا كېلەر، — دېدى.
ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ئۇنى ئەقلىگە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قەۋەتلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى، يەڭگىسى شۇ زامان ئۇنى باشلاپ جىيا ئانىنىڭ قېشىغا كەلدى.
ئېپى كېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ هامما، لى ۋەن، فېڭجيې، باۋچەي باشلىق ھەمشىرىلەر ۋە سىرتتا غوجىدارلىق قىلىدىغان يۈزلۈك ئاياللار جىيا ئانىنىڭ يېنىدا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. يۈەنياڭ بۇلارنى كۆرۈپلا، يەڭگىسىنى يېڭىدىن تارتقىنىچە جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى، يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، باغدا يەڭگىسى نېمە دېگەنلىكىنى، بۈگۈن ئاكىسى يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ:
— مەن ئۇنىمىسام، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى يۈەنياڭ، — بايا چوڭ بېگىم تېخى ماڭا گەپ ئېيتقۇزۇپ مېنى «باۋيۈيگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ» ياكى بولمىسا تالا ـ تۈزدىكى بىرىگە ياتلىق بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسىمۇ ئۆمۈرۋايەت مېنىڭ ئالقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاخىر ئۆچۈمنى ئالىمەن، دەپتۇ. مەن شۇ نىيەتكە كېلىپ قويدۇم، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ئالدىدا دەپ قويايكى، «ئېسىل قاشتاش» باۋيۈي تۇگۇل، «ئېسىل ئالتۇن»، «ئېسىل كۈمۈش»، «پادشاھى ئالەم»، «خاقانى جاھان»لارغىمۇ ئۆمۈر بويى تەگمەيمەن دېدىمىمۇ زادى تەگمەيمەن! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم زورلاپ كاللامنى ئېلىۋەتسىمۇ بويسۇنمايمەن! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغۇچە خىزمىتىنى قىلىمەن، شۇ چاغدىمۇ ئاتا ـ ئانام، ئاكاملارنىڭكىگە كەتمەيمەن، ياكى ئۆلۈۋالىمەن، يا بولمىسا، چېچىمنى كېسىۋېتىپ راھىبە بولۇپ كېتىمەن! بۇ راست گېپى ئەمەس، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان گېپىمىكىن دېيىشىپ قالمىسىلا، ئاسمان ـ زېمىندىكى جىمى مالائىكىلەر، ئەرۋاھلار،

كۈن بىلەن ئاي ھەممىسى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ! يالغان گەپ قىلغان بولسام كانىيىمغا مەرەز ئۈنۈپ چىقسۇن!

يۇەنياڭ بۇ يەرگە كىرەر چېغىدىلا يېڭىگە قايچا تىقىۋالغانىدى، بايىقى گەپلەرنى قىلىۋېتىپ چاچلىرىنى چۇۋۇدى ــ دە، قىرقىشقا باشلىدى. خىزمەتكار ئاياللار، دېدەكلەر بۇ ھالنى كۆرۈپلا ئۇنى توسۇۋالدى، ئاڭغىچە چېچىدىن بىر تۇتامنى كېسىپ تاشلىدى. ئۇ ناھايىتى چاچلىق بولغاچقا، ھەرنېمە بولسا، تۇۋۇنگىچە قىرقىپ تاشلىيالمىغانىكەن، ھەممەيلەن دەرھال ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ كۆڭۈل ئېيتتى.

جيا ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا غال ــ غال تىترەپ كەتتى، ئاغزىغا ئاران:

ــ مېنىڭ بار ــ يوقى مۇشۇ بىرلا ئىشەنچلىك ئادىمىم قېلىۋىدى، ئۇلار بۇنىمۇ پېيىغا چۈشۈپتۇ ــ دە، ــ دېگەن گەپلا كەلدى.

جيا ئانا يېنىدا ئولتۇرغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

ــ سىلەر مېنى گوللاپ كەلگەنىكەنسىلەر بايا! كۆرۈنۈشتە ۋاپادارلىق قىلغان بولۇپ، يەڭ ئىچىدە مېنى پايلاپ يۈرۈپسىلەر! ئوبدانراق بىرنەرسەم بولسا شۇنىمۇ ئېلىۋالماقچى بولىسىلەر، ئوبدانراق خىزمەتكارىمنىمۇ تارتىۋالماقچى بولىسىلەر، يېنىمدا مۇشۇ بىر تاللا دېدەك قىزىم قېلىۋىدى، شۇنىڭغىمۇ كۆزۈڭلار چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئوبدان قارىغىنىمغا ئىچ تارلىقىڭلار كېلىپ، ئۇنى مەندىن ئايرىۋېتىپ مېنى كولدۇرلاتماقچى بوپسىلەر!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال ئورنىدىن تۇردى، بىرەر ئېغىز جاۋاب ياندۇرۇشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۆ ھامما ھەتتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ ئەيىبدار قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تەسەللى بېرىشكە ئوڭايسىزلاندى. لى ۋەن يۇەنياڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا ھەمشىرىلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتكەنىدى. تەنچۈن دىتى بار قىز بولغاچقا ئويلىنىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئازار يېگەن

بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاقلاشقا قانداق ھەددى بولغاي. شۈ ھامما ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى تۇرسا، ئۇنىڭمۇ ئارىغا كىرىپ ئۇنى ئاقلىشى ئوڭايسىز. باۋچەيىنىڭمۇ ئۆز ھاممىسى ئۇچۇن بىرنەرسە دېيىشى ئەپسىز، لى ۋەن، فېڭجيې، باۋيۈيلەرغۇ ئاقلاشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ، قىزلاردىن بىرەرسى راسا كېرەك بولغان چاغ. يىڭچۇن ياۋاش، شىچۇن كىچىك، شۇڭلاشقا تەنچۇن دېرىزە سىرتىدا بىردەم ئاڭلاپ تۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر ئۆيگە كىردى ـ دە، جيا ئانىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشنىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ چوڭ ئانا، ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا، قېيىنئاغىنىڭ ئىشىنى كىچىك خان ئاچا نەدە يۇرۇپ بىلسۇن؟

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا جيا ئانا كۈلۈپ كەتتى:

— قېرىغاندا كاللام ئېلىشىپ قاپتۇ! ھامما خېنىم مەندىن كۈلمىسىلە! سىلىنىڭ بۇ ئاچىلىرى بەك ۋاپادار، مېنىڭ چوڭ كېلىنىمگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. چوڭ كېلىنىم ئېرىدىنمۇ قورقىدۇ، مېنىڭ ئالدىمدا بولسا ئەپلەپ ـ سەپلەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ھەي ... مەن ئاچىلىرىغا ئازار بېرىپ قويۇپتىمەن.

— خوش، — دېدى شۈ ھامما، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كېلىنلەرنى بىر كۆزدە كۆرمەيدىكەنلا، كىچىك كېلىنگە بەكرەك كۆيۈنىدىغان ئىشقۇ بار.

— بىر كۆزدە كۆرمىگىنىم ئەمەس، — دېدى جيا ئانا، — باۋيۈي، ئاناڭغا ناھەق كايىپ قويۇپتىمەن، ئاناڭغا ئازار بەرگەنلىكىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايسەن؟

— ئانامغا يان بېسىپ، چوڭ دادام، چوڭ ئاپام توغرىسىدا گەپ قىلسام بولامتى؟ — دېدى باۋيۈي، — ئىشقىلىپ، ئارىدا بىرسى ناماقۇلچىلىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. بۇنى مېنىڭ ئانام ئىلىك ئالمىسا، كىمگە ئارتىدىغان گەپ؟ ناماقۇلچىلىق مەندىن ئۆتتى

دەپ مەن ئىلىك ئالاي دېسەم، چوڭ ئانا، سىلى بۇنىڭغا ئىشەنمەيلا !

— بۇمۇ ئورۇنلۇق گەپ بولدى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ماڭ، چاپسان يۇكۇنگىن؛ خان ئانا، خورسىنماڭ، چوڭ ئانام ياشىنىپ قالغان، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ، دېگىن.

باۋيۈي دەرھال يۈكۈنۈپ گەپ قىلاي دېۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى تارتتى:

— تۇر ئورنۇڭدىن، بۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىم ئۇچۇن ماڭا ناماقۇل بولساڭ توغرا كېلەمدۇ؟

باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— فېڭجيېمۇ ماڭا گەپ قىلماپتۇ؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— مەن تېخى ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىمنى ناماقۇل ئىش قىلدىلا دېمەكتە يوق، ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىم ماڭا ئارتىپ قويۇۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

جيا ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن بىلەن تەڭلا كۈلۈپ كەتتى:

— مانا بۇ ئەجەب گەپ بولدى ! قېنى ئاشۇ «ناماقۇلچىلىق» نى بىر ئاڭلاپ باقايلا، — دېدى جيا ئانا.

— ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنى كىم كىشىلەرنى باشلىسۇن دەپتۇ؟ — دېدى فېڭجيې، — باشلاۋېرىپ، كىشىنى سۇ پىيىزىدەك ئۆستۈرۈپ قويۇپ، ئەمدى خەق ئۇنى ئېلىۋالماقچى بولدى دەپ ئاغرىنغانلىرى نېمىسى؟ ھېلىمۇ ياخشى، مېنىڭ نەۋرە كېلىنلىرى بولۇپ قالغىنىم، مۇبادا نەۋرە ئوغۇللىرى بولۇپ قالغان بولسام، مۇشۇ ھالەتكە يەتكۈچە قاراپ تۇرماي ئۇنى ئالىۋالغان ئېلىپ كەتكەن بولاتتىم !

— ئەمىسە، ناماقۇلچىلىق مەندىن ئۆتۈپتۇ ـ دە؟ — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا.

— شۇنداق، ناماقۇلچىلىق ئۆزلىرىدىن ئۆتتى، — دېدى

فېڭجيېمۇ كۈلۈپ.

— ئەمىسە، بۇنداق بولسۇن، يۈەنياڭنى مەنمۇ ئالماي، سەن ئېلىپ كەتكىن، — دېدى جيا ئانا.

— مەن ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولۇپ، ئۇ دۇنيادا ئېرەكتە بولۇپ تۆرەلگىنىمدە، ئاندىن ئالاي، — دېدى فېڭجيې.

— سەن ئاپىرىپ جيالىيەن بالامغا ئۆي كىشىسى قىلىپ بەرگىن، شۇ چاغدىمۇ سېنىڭ ھېلىقى يۈزسىز قېيىنئاناڭ ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن دەمدىكىن قېنى، قاراپ باقايلى! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— جيالىيەن غوجام ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس. غوجامغىچۇ، مەن بىلەن پىڭئېردەك «كۆيۈپ چىگىرتەك بولۇپ قالغان» بىر جۈپ ئاياللا لايىق كېلىمىز، ئۇنىڭ بىلەن بىزلا ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈشسەك بولىدى.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— چوڭ ئاغىچا خېنىم كەلدى، — دەپ چۆرە قىز مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇ زامان ئالدىغا چىقتى، ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق يەتتىنچى باب

## ئۆكتەمنىڭ پوخورلۇق قىلىپ قاتتىق تاياق يېگەنلىكى بىپەرۋا يىگىتنىڭ بالادىن قېچىپ ياقا يۇرتقا كەتكەنلىكى

شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئالدىغا چىقتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم يۈەنياڭ توغرىسىدىكى ئىشتىن جىيا ئانىنىڭ خەۋەر تاپقانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. شۇڭا بىرەر خەۋەر تىڭتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى، دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا، خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا كۇسۇرلاپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن خەۋەر تاپتى. يېنىپ كېتەي دېسە، ئىچكىرى ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئۇقۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئالدىغا چىققانىدى، شۇڭا ئەمدى كىرمەي بولمىدى. ئۇ كىرىپ ئاۋۋال جىيا ئانىدىن تىنچلىق سورىدى، جىيا ئانا زۇۋان سۈرمىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۆزىمۇ بەك خىجىل بولدى. فېڭجيې بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئاللىقاچان ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى، يۈەنياڭمۇ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ خاپا ئولتۇراتتى. شۇ ھامما، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى ئاياپ، بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم چىقىپ كېتىشكە پېتىنالماي قالدى. جىيا ئانا ئۆيدە ھېچكىم قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆز باشلىدى:

— ئاڭلىشىمچە، بېگىڭىز ئۈچۈن سوچىلىق قىلىپ يۈرۈپسىز ! سىزغۇ، «ئۈچ ئىتائەت، تۆت پەزىلەت»[1]نى ئوبدان

① «ئۈچ ئىتائەت: «ياتلىق بولمىغاندا ئاتىغا ئىتائەت قىلىش، ياتلىق بولغاندا ئەرگە ئىتائەت قىلىش، ئېرى ئۆلگەندە ئوغلىغا ئىتائەت قىلىش»؛ تۆت پەزىلەت: «ئاياللارنىڭ ئەخلاقى، ئاياللارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، ئاياللارنىڭ چىراي ھەم پەردازى، ئاياللارنىڭ خىزمىتى».

بىلىسىز. ئەمما، سىز نادانلىقتا تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتىپسىز! بۈگۈنكى كۈندە بالىچاقىلار كۆز ئالدىڭلاردا تولۇپ ــ ئېشىپ يۈرسىمۇ، يەنىلا ئېرىڭىزنىڭ مىجەزىنىڭ قوداڭشىشىدىن قورقىدىكەنسىز. سىزنىڭمۇ ئېرىڭىزنىڭ مىجەزىگە بېقىپ غەلۋە قىلىپ بەرگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم.

ــ شۈنچە نەسىھەت قىلساممۇ گېپىمگە قۇلاق سالمىدى، ــ دېدى شىلىڭ ئاغىچا خېنىم ھۆپپىدە قىزىرىپ، ــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى بىلمەيدىغان يەنە نېمە ئىش بولاتتى؟ مېنىڭمۇ ئامالىم بولمىدى.

ــ سىزنى ئۇ ئادەم ئۆلتۈر دېسە ئۆلتۈرەمتىڭىز؟ ــ دېدى جىيا ئانا، ــ ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ ــ دە. قېيىنئىنىڭىزنىڭ خوتۇنى ئەزەلدىن ياۋاش، تېخى كېسەلچان ئايال، شۇنداق تۈرۈۋۈلۈق، يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە بولىدىغان قايسىبىر ئىشنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ دەيسىز ئۇنى؟ سىزنىڭ بىر كېلىنىڭىز ئۇنىڭغا قارىشىپ بەرگىنى بىلەنمۇ، «سۆپۈرگىنى قويسا، كۆرەكنى ئېلىپ» دېگەندەك، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئالدىرىغىنى ئالدىرىغان. ھازىر مەن نۇرغۇن ئىشلاردىن يەڭگىپ قالدىم، ئۇ ئىككىسى يېتىشەلمىگەن يەرلىرىگە يۈەنياڭ قىز بىرئاز كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئىش ــ كۈشلىرىمنى ئۇ ئانچە ــ مۇنچە غەملەپ بېرىدۇ. ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى شۇ ئېلىپ كېلىدۇ. نېمە كەم بولسا ۋاقتىنى تېپىپ ئۇلارغا دەپ تولدۇرغۇزىدۇ. يۈەنياڭ ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، ئىچكىرى ــ تاشقىرىقى ھويلىلاردىكى چوڭ ــ كىچىك ئىشلاردىن ئۇ ئىككىسى كۆڭۈل بۆلەلمىگەن بىرەر ــ يېرىم ئىش بولماي قالامتى؟ ئەمدى ئۇ ئىشلارنىڭ غېمىنى ئۆزۈم يېيىشىم كېرەكمۇ؟ ھەر كۈنىزە، ئۇ كېرەك، بۇ كېرەك دەپ باش قاتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۆزۈم ئالسام بولىدىكەن ــ دە؟ مېنىڭ بۇ ئۆيۈمدە بار ــ يوقى مۇشۇ بىرلا ئادەم قالدى، يېشىمۇ چوڭراق، ئىش ــ پىش توغرىسىدىكى خۇي ــ پەيلىمنى ئانچە ــ مۇنچە پەملىيەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ

غوجايىنلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، مېنى ھىمات قىلىپ، ھېچقايسى ئاغىچا خېنىمدىن كىيىم - كېچەك ياكى ھېچقايسى كېلىن ئاغىچىدىن پۇل - مۇل سورىمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىرەر ئىش چىقىپ قالغاندا ئۇ نېمە دېسە، سىزنىڭ ئەپىيەڭگىز ۋە كېلىنىڭىزدىن تارتىپ خانداندىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۇتمەي قالمايدۇ. بۇ قىز ماڭىلا يۆلەنچۈك بولۇپ قالماي، ھەتتا ئەپىيەڭگىز بىلەن كېلىنىڭىزنىمۇ خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ كەلدى. يېنىمدا مۇشۇنداق بىر ئادىمىم بولغانلىقتىن، بەزى ئىشلار كېلىنلىرىمنىڭ، نەۋرە كېلىنلىرىمنىڭ خىيالىغا كەلمەي قالسىمۇ، يۈەنياڭ مېنىڭ ھېچ نەرسەمنى ئۆكسۈتمىگەچكە، خاپىلىق تارتماي ئۆتۈۋاتىمەن. ئەمدى ئۇ بۇ يەردىن كېتىپ قالسا، مېنىڭ خىزمىتىمگە قانداقراق ئادەمنى تېپىپ بېرەرسىلەر؟ ئاشۇنىڭغا ئوخشايدىغان گۆھەردەك ئادەم ئەكېلىپ بەرگىنىڭلار بىلەنمۇ، گەپ قىلىشنى بىلمىسە كارغا يارىمايدۇ. مەن تېخى ئېرىڭىزگە بىركىمدىن گەپ ئېيتىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم. ئۇنىڭغا قانداق ئادەم كېرەك ئىكەن، مېنىڭدە پۇل دېسە بار، بەش - ئون مىڭ سەر كۇمۇش كەتسىمۇ يارىغىنىنى سېتىۋالسىلا بولىدىغۇ؟ بۇ قىزنى ئالىمەن دېسە بولمايدۇ! ئېرىڭىز كېچە - كۈندۈزلەپ خىزمىتىمنى قىلىپ ئوغۇللۇق قەرزىنى ئادا قىلغانىنىڭ ئورنىدا يۈەنياڭنى يەنە بىرنەچچە يىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىلى قويسۇن، سىزمۇ ۋاقتىدا كەپسىز، ئۆزىڭىز بېرىپ دېسىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ، — جيا ئانا دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ چۆرە قىزلاردىن بىرنى بۇيرۇدى، — ھامما خېنىم بىلەن خان قىزلارنى قىچقىرىپ قوي، بايا بىر ئوبدان پاراڭ سېلىشىۋاتاتتۇق. نېمىشقا ئۇلار تارقىلىپ كېتىشتىكىنە!

چۆرە قىز خوش دەپ ئۇلارنى قىچقارغىلى چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن شۇ زامان يەنە كېلىشتى. پەقەت شۆ ھامىلا ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

چۆره قىزغا:

ــ ھېلىلا يېنىپ كەلسەم، يەنە نېمىدەپ بارىمەن؟ مېنى ئۇخلاپ قاپتۇ دەپ قويغىن، ــ دېدى.

ــ ئوبدان خېنىم، تاتلىق ھاما ئاغىچام، ئۇلۇغ ھاما ئانام! ــ دەپ يالۋۇردى چۆره قىز، ــ ئۆزلىرى بارمىسىلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم خاپا بولىدۇ! بىزمۇ تەڭلىكتە قېلىپ شاپاشلاپ كېتىمىز. بىزگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن! مېڭىشنى ئېغىر كۆرسىلە، مەن ئۆزلىرىنى ھاپاش قىلىپ ئاپىراي.

ــ ھەي شەيتان! ــ دېدى شۆ ھاما كۈلۈپ، ــ نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويىدۇ شۇ.

شۆ ھاما ئاخىر بۇ چۆره قىز بىلەن كەلمەي بولمىدى، جيا ئانا ئۇنى دەرھال تۆرگە تەكلىپ قىلدى:

ــ قەغەز ئوينىساق قانداق دەيلا؟ ھاما خېنىممۇ قەغەزگە خامراق، شۇنداق بولسىمۇ بىز بىر يەردە ئولتۇرايلى، فېڭجيې قىز بىزنى بابلاپ كەتمىسۇن.

ــ شۇنى دېسىلە! ــ دېدى شۆ ھامىمۇ كۈلۈپ، ــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنىڭ قولۇمغىمۇ قاراپ ـ قاراپ قويسىلا، بىز ئانا ـ بالا تۆتىمىزلا ئوينامدۇق ياكى بىر ـ ئىككى كىشىنى قوشۇۋالامدۇق؟

ــ تۆتلا ئادەم ئويناي‌دىغۇ، ــ دېدى كۈلۈپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــ يەنە بىركىم قوشۇلسا ئويۇن قىزىيدۇ، ــ دېدى فېڭجيې.

ــ يۈەنياڭنى چىقىرىڭلار، ــ دېدى جيا ئانا، ــ ئۇ مېنىڭ تۆۋىنىمدە ئولتۇرسۇن. ھاما خېنىمىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغان، ئىككىمىزنىڭ قەغىزىگە ئۇ كۆز سېلىپ قويسۇن.

فېڭجيې پاراققىدە كۈلۈۋېتىپ تەنچۈنگە قارىدى:

ــ سىلەرچۇ، كىتاب ـ قەلەمنىلا بىلىدىغان موللا خېنىملار، پال بېقىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويماپسىلەر ـ ھە؟

ــ توۋا، بۇ قىزىق گەپ بولدى، ــ دېدى تەنچۈن، ــ شۇ

تاپتا سىز سەل زېھنىڭىزنى توپلاپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن بىرنەچچە يارماق ئۇتۇۋېلىشنىڭ كويىدا بولماي، پال باقماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— بۇگۈن قانچىلىك پۇل ئۇتتۇرىدىغانلىقىمنى پال ئېچىپ بىلىپ باقماقچىمەن، مەن ئۇتۇشنىڭ كويىدا بولالامدىم؟ — دېدى فېڭجىيې، — كۆرمىدىڭىزمۇ، سورۇنغا چۈشمەي تۇرۇپلا ئوڭ - سول يانلىرىمغا ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى.

بۇ گەپكە جيا ئانا، شۆ هامملار كۈلۈشۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، يۈەنياڭ كىرىپ جيا ئانىنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇردى. يۈەنياڭنىڭ يېنىدا فېڭجىيې ئولتۇردى. قىزىل كىگىز سېلىنىپ، قەغەز شىلاندى، تۇجالىق ئايرىلدى، بەشى قەغەز ئېلىشىپ بىر نۆۋەت ئويناشتى. يۈەنياڭ جيا ئانىنىڭ قەغىزى توشاي دەپ، ئىككى چېكىتلىك بىر تال قەغەزگىلا قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، فېڭجىيېگە ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈپ قويدى. قەغەز چۈشۈش فېڭجىيېنىڭ نۆۋىتى ئىدى، ئۇ بىر هازاغىچە ئەتەي ئارىسالدى بولغان بولۇپ كۈلدى:

— مېنىڭ مۇنۇ قەغىزىمنىڭ جۈپتىنى هەرقاچان هاممام تۇتۇپ قالدى، چۈشمەي دېسەم تېخى، — دېدى.

— مېنىڭ قولۇمدا سىزنىڭكىگە جۈپ كېلىدىغان قەغەز يوق، — دېدى شۆ هاما.

— كېيىن مەن تەكشۈرۈپ باقىمەنغۇ، — دېدى فېڭجىيې.

— مەيلى تەكشۈرۈڭ. چۈشۈپ باقمامسىز، قانداق قەغەز چۈشىسىزكىن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى شۆ هاما.

فېڭجىيې چۈشىدىغان قەغەزنى شۆ هاممىنىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى، شۆ هاما قارىسا، ئىككى چېكىتلىك قەغەز ئىكەن.

— بۇنىڭ بىلەن خۇشۇم يوق، — دېدى شۆ هاما كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قەغىزى توشۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

— ئاپلا، مەن خاتا چۈشۈپ قويۇپتىمەن! — دېدى كۈلۈپ فېڭجىيې.

www.uyghurkitap.com

— قېنى، ئېلىۋېلىپ باقە ! — دېدى جيا ئانا كۈلگىنىچە قەغەزلەرنى تاشلاپ، — كىم سېنى خاتا چۈش دەپتۇ؟

— ھەتتىگىنەي، پال بېقىپ چۈشسەم بوپتىكەن ! — دېدى فېڭجيې، — ئۆزۈم چۈشكەن تۇرسام بۇنى كىمدىنمۇ كۆرەتتىم!

— ئۆزۈڭنىڭ ئاغزىغا ئۆزۈڭ ئۇرۇپ ئۆزۈڭدىن سوراپ باق ! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ. ئاندىن شۆ ھاممىغا قاراپ، — مەنغۇ پۇل ئۇتۇشقىلا خۇشتار بولىدىغان بېخىل ئەمەس، مۇشۇ بىر دورەم ماڭا ئامەت كېلىپ قاپتۇغۇ تاڭ.

— بىزمۇ شۇنى دەۋاتمايمىزمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ شۆ ھامما، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى پۇلغا خۇشتار دەيدىغان نەدە ئۇنداق ھاماقەت بار ئىكەن؟

فېڭجيې پۇل ساناۋاتاتتى، بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا داچەنلەرنى يېڭىباشتىن يىپقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كۈلگىنىچە ھەممەيلەنگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ گەپ ماڭا يېتەرلىك بولدى ! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم پۇل ئۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، دورىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئويناپتىكەن بايا. مەن پىخسىق ئىكەنمەن، ئۇتتۇرۇۋەتسەملا پۇل سانايدىكەنمەن. بولدى، قەغەزنى چاپسانراق يىغىشتۇرغىنا.

جيا ئانىنىڭ ئادىتى بويىچە، يۈەنياڭ قەغەز شىلاپ بېرەتتى، شۇڭا جيا ئانا شۆ ھامما بىلەن پاراڭ سېلىشىۋەردى. يۈەنياڭنىڭ قىمىرلىماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، جيا ئانا:

— نېمىگە خۇيۇڭ تۇتۇپ قالدى، مەن ئۈچۈن قەغەزنىمۇ شىلىماي ئولتۇرىسەنغۇ؟ — دېدى.

— كېلىن ئاغىچا پۇلنى بەرمەيۋاتسا ! — دېدى كۈلۈپ يۈەنياڭ قەغەزنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— پۇلنى بەرمىسە پېشانىسىدىن كۆرسۇن ! — دېدى جيا ئانا ۋە چۆرە قىزنى بۇيرۇدى، — ئۇنىڭ ئاۋۇ بىر تىزىق داچىنىنى بۇياققا ئېلىپ قوي !

چۆرە قىز راستىلا پۇلنى ئېلىپ جيا ئانىنىڭ يېنىغا قويۇپ

قويدى.

— ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلىچۇ! تېگىشلىكىنى بەرسەملا بولىدىغۇ، — دېدى كۇلۇپ فېڭجيې.

— فېڭجيې راستىلا پىخسىق ئىكەن، بۇ ناھايىتى بىر ئويناشقان ئىشقۇ، — دېدى شۆ ھامما كۇلۇپ.

فېڭجيې بۇ گەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، شۆ ھاممىنىڭ يېنىدىن تارتىپ كەينىگە قارىدى ۋە جيا ئانىنىڭ ئادەتتە پۇل قويىدىغان غەللىسىنى كۆرسىتىپ كۇلدى:

— ھامما، قاراپ باقسىلا، مۇشۇنداق ئويناۋېرىپ ئاۋۇنىڭ ئىچىگە قانچىلىك پۇلۇم كىرىپ كەتتىكىنتاڭ! مۇنۇ بىر تىزىق داچەن يېرىم سائەت ئويناشقىمۇ يەتمەيدۇ، ئاۋۇنىڭ ئىچىدىكى پۇللار ھەدەپ ئۇنى بۇ يەرگە كەل دەپ قىچقىرىۋاتىدۇ. بۇ بىر تىزىق پۇلنىمۇ يېنىغا ئەكىرىۋالسا قەغەزمۇ ئوينىيالمايدۇ، ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جۇدۇنىمۇ بېسىلىدۇ ـ دە، ئاندىن مېنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا جورۇۋېتىدۇ.

ئۇ گېپىنى تېخى تۈگەتمەيلا، جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەننى ئىختىيارسىز كۇلدۇرۇۋەتتى. ئۇ گەپ قىلىۋاتقان چاغدا پىڭئېر پۇل يېتىشمەي قالارمىكىن، دەپ، يەنە بىر تىزىق داچەن ئەكەلگەنىدى.

— مېنىڭ ئالدىمغا قويما، — دېدى فېڭجيې، — بۇنىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغىراق قويۇپ قوي، غەللىسىدىكى پۇللار بىر يولىلا قىچقىرىپ ئەكىرىۋالسا ئىش ئاسانلىشىدۇ، بىر ئىشنى ئىككى قىلمايلى، غەللىدىكى پۇللارمۇ بۇنى قىچقىرىپ ئاۋارە قىلمىسۇن.

جيا ئانا كۇلۇۋېرىپ، قولىدىكى قەغەزلەر شىرەگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇ يۈەنياڭنى بىقىندىغىنىچە:

— ماڭ، ئۇنىڭ ئاغزىنى يىرتىۋەت! — دېدى.

پىڭئېر فېڭجيېنىڭ گېپى بويىچە پۇلنى قويۇپ، بىر پەس كۇلۇپ كېتىپ تالاغا ماڭدى. ھويلا دەرۋازىسىغا كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

جىيالىيەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ ئانام شۇ يەردىمۇ؟ بەگ ئاتام قىچقىرىپ كەل، دېگەنىدى.

ــ شۇ چاغقىچە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا قىمىرلىماي ئولتۇرىدۇ، ــ دېدى پىڭئېر دەرھال كۈلۈمسىرەپ، ــ سىلىمۇ بالدۇرراق نېرى تۇرسىلا بولارمىكىن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىرھازاغىچە ئاچچىقلاپ كەتتى. كېلىن ئاغىچا بىرمۇنچە قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى ئەمدى بىرئاز ئېچىلىپ قالدى.

ــ مەن كىرىۋېرىمەن، ــ دېدى جىيالىيەن، ــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئون تۆتىنچى كۈنى لەي دانىڭ ئۆيىگە بارامدىكىن، شۇنى سوراپ باقىمەن، بارسا، تەختىراۋان تەييارلىتىپ قويىدىغان ئىش. شۇ باھانىدە ئانامنى چاقىرىۋالسام، ئۇلار تېخىمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرسا ئوبدان بولمامدۇ.

ــ مېنىڭچە بولسىغۇ كىرمىگەنلىرى تۈزۈك ئىدى، ــ دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، ــ پۈتۈن بىر ئۆيلۈك، ھەتتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋيۈيمۇ ناماقۇل بولدى. ئەمدى سىلى كىرسىلە بىكاردىن ـ بىكار گەپ ئىشىتىۋالىلا.

ــ بولغان ئىش بولدى، ماڭا تەگكەن بىلەن ئورنىغا كېلەمتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوق. ئىككىنچىدىن، بەگ ئاتام مېنى ئاناڭنى قىچقىرىپ كەل، دەپ جورۇدى، شۇ تاپتا ئۆزۈم كىرمەي كىشى كىرگۈزسەم، بۇنى بىلىپ قالسا بېشىمغا بالا بولمامدۇ. بۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئانام ئاچچىقىنى مەندىن ئالىدۇ شۇ، ــ جىيالىيەن شۇنداق دەپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىۋەردى.

پىڭئېر ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ، ئۇمۇ جىيالىيەنگە سوڭدىشىپ ماڭدى. جىيالىيەن مېھمانخانىغا كەلگەندە، شىپ ـ شىپ دەسسەپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە بوينىنى سوزۇپ قارىۋىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم تېخىچە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. فېڭجيېنىڭ كۆزى ئىتتىك بولغاچقا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، كىرمە

دەپ كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى، ئاندىن شىلىڭ ئاغىچىا خېنىمغىمۇ كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويدى. شىلىڭ ئاغىچا خېنىم چىقىپ كېتىشكە ئۇنىمايىسىزلىنىپ، نائىلاج بىر پىيالە چاي قۇيدى ـ دە، جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى، جىيا ئانا ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغانىدى، جىيالىيەن بىخەستەلىكتە ئۆزىنى دالدىغا ئالالماي قېلىپ جىيا ئانا ئۇنى كۆرۈپ قالدى:

ـــ تاشقىرىقى ئۆيدىكى كىم ئۇ؟ بىرسى بويىنىنى سوزۇپ قارىغاندەك قىلىدۇغۇ.

ـــ ماڭىمۇ بىركىمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى، ـــ دەپ فېڭجىي ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدى.

جىيالىيەن دەرھال ئىچكىرىگە كىرىپ كۈلۈمسىرىدى:

ـــ خان ئانا، ئۆزلىرىنى ئۇن تۆتىنچى كۈنى تالاغا چىقامدىكىن، چىقسا تەختىراۋان تەييارلاپ قويساق، دەپ ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن كېلىشۋىدىم.

ـــ ئۇنداق بولسا نېمىشقا كىرمەستىن ئۇ يەردە تىمىسقىلاپ تۇرىسەن؟ ـــ دېدى جىيا ئانا.

ـــ ئۆزلىرى قەغەز ئويناۋېتىپتىكەنلا، بىسەرەمجان قىلىشقا پېتىنالماي، كېلىنلىرىنى قىچقىرىپ سوراپ باقاي دېگەنىدىم، ـــ دېدى كۈلۈمسىرەپ جىيالىيەن.

ـــ ھازىر ئۇنىڭغا نېمانچە ئالدىراپتىڭ ! ـــ دېدى جىيا ئانا، ـــ ئۆيۈڭگە بارغانىدا، ئۇنىڭدىن قانچىلىك سورىغۇڭ كەلسە، شۇنچىلىك سورىۋالمامسەن؟ قاچانلاردا سېنىڭ مۇشۇنداق ئېھتىيات بىلەن كىرگەن يېرىڭ بار ئىدى؟ كىم بىلىدۇ، سەن تېخى قۇلاقچى گۆش بولۇپ كەلدىڭمۇ ياكى تىڭتىڭلاپ كەلدىڭمۇ تېخى ! ئوغرى مۇشۇكتەك قىلىپ مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭ، نېمىدېگەن يامان ھارامزادا سەن ! خوتۇنۇڭ مەن بىلەن قەغەز ئويناۋاتىدۇ، ساڭا يېرىم كۈنلۈك پۇرسەت چىقتى، ئۆيۈڭگە بېرىپ خوتۇنۇڭنى كۆزۈڭدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھېلىقى جاۋئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغىن، ماڭ !

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— باۋئېرنىڭ خوتۇنى دېسلە! — دېدى يۇەنياڭ كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم يەنىلا جاۋئېرنىڭ ئايالى بىلەن ئىلەشتۇرۇپ قويدى.

— شۇنى دېمەمسەن؟ — دېدى جيا ئانىمۇ كۈلۈپ، — ۋايتاڭەي، «باۋ» دەمدۇ، «بېي»① دەمدۇ، ئۇنى نەدىن بىلەي! بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا، ئاچچىقىم تۇتۇپ قالىدۇ. مەن بۇ ئائىلىگە ئەۋرە كېلىن بولۇپ كەلگەن، شۇ كەلگىنىمدىن تارتىپ ھېسابلىسام ئەللىك تۆت يىل بوپتۇ، بۇ ئۆمرۈمدە نى - نى خەتەرلەرنى، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرگەنىدىم، لېكىن سەن قىلغاندەك ئىشنى كۆرمەپتىكەنمەن! كۆزۈمدىن نېرى بولماي، يەنە نېمە قىلىپ تۇرىسەن بۇ يەردە!

جيالىيەن غىدىڭ - پىدىڭ قىلالماي، دەرھال شوخشۇپ چىقىپ كەتتى. پىڭئېر دېرىزە سىرتىدا تۇراتتى.

— مەن دېسەم ئاڭلىمىدىلا، قاراپ تۇرۇپ تورغا چۈشۈپ قالدىلا، — دېدى پىڭئېر ئاستا كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا شىڭ ئاغىچا خېنىممۇ يېنىپ چىقتى.

— بۇنىڭ ھەممىسى ئاتامنىڭ قىلغان ئىشى. ئەمدى كېلىپ مەن بىلەن سىزگە ئارتىلىپ قېلىۋاتىدۇ! — دېدى جيالىيەن.

— ھوي، ۋاپاسىز بەتبەخت! — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — خەق ئۆز ئاتىسىنى دەپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ، ساڭا ئانچىكى بىر گەپ قىلىپ قويسا ھەممىدىن ئاغرىنىپ كېتىسەن. ساڭا ياخشىلىق يوق جۇمۇ! نەچچە كۈن بولدى، ئاتاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. پەخەس بول، سېنى ئۇچۇقلاپ قويمىسۇن.

— ئانا، تېزرەك بېرىڭ، مېنىڭ قىچقارغىنى كەلگىنىمگىمۇ

① «باۋ» «بېي» — جيا ئانا بۇ يەردە «باۋئېر» نىڭ فامىلىسى «باۋ»غا ئاھاڭداش بولغان «باۋ» (抱 قۇچاقلاش) سۆزى بىلەن سۆز ئەگىتىپ، يەنە «بېي» (背ھا- پاشلاش) دېگەن سۆزنى قىلىپ گەپتە چېقىۋالىدۇ.

خېلى ۋاقىت بولدى، — دېدى جىيالىيەن ۋە ئانىسىنى نېرىقى ھويلىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم بايا جىيا ئانا دېگەن گەپلەرنى ئۆيەردىن - بۇيەردىنلا دەپ بەرگەنىدى، جىياشې ئىلاجىسىز قېلىپ، نومۇس كۆچىدە، ئاغرىپ قالدىم دېگەن باھانە بىلەن جىيا ئانىغا كۆرۈنۈشكىمۇ پېتىنالمىدى. پەقەت شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن جىيالىيەن ئارقىلىق ھەركۈنى جىيا ئانىدىن ئېسەن - ئامانلىق سوراتىپ تۇردى. ئاندىن ئۇيەر - بۇيەرگە ئادەم ئەۋەتىپ كىچىك خوتۇنلۇققا قىز ئىزدەشتۇردى، ئاخىر بەش يۈز سەر كۆمۈش خەجلەپ ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزنى سېتىۋېلىپ، يەنخۇڭ دەپ ئات قويۇپ ئۆزىگە ئۆي كىشىسى قىلىۋالدى. بۇ گەپ ئەمدى شۇ يەردە قالغاي.

جىيا ئانىنىڭ ئۆيىدە قەغەز ئويۇننى يېرىم كۈنگىچە ئويناپ، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا بولدى قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر - ئىككى كۈنگىچە باشقا گەپ بولمىدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئون تۆتىنچى كۈنىمۇ كېلىپ قالدى. تاڭ سەھەردىلا لەي دانىڭ خوتۇنى يەنە چىللاپ كەلدى. جىيا ئانىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ ھامما باۋيۈي ۋە ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىنى ئېلىپ لەي دانىڭكىگە كېلىپ يېرىم كۈن مېھمان بولدى، لەي دانىڭ بېغى نەزەر باغچىلىك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ناھايىتى رەتلىك ھەم ئازادە بولۇپ، بۇلاق، تاغ، دەل - دەرەخلىرى، راۋاق - شىپاڭ، سەينالىرىدىن بىرقانچە جايلار كىشىنى خېلى زوقلاندۇرارلىق ئىدى. تاشقىرىقى چوڭ مېھمانخانىغا شۆپەن، جىياجېن، جىيالىيەن، جىيارۇڭ ۋە بىرقانچە يېقىن - يورۇقلار يىغىلىشتى. لەي دانىڭ ئائىلىسى ۋەزىپىسى بولغان ئەمەلدارلاردىن بىرقانچىسىنى ۋە بىرقانچە چوڭ خانىدانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۇلپەتچىلىككە چىللاپ قويغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ليۇشياڭلىيەن دېگەن بىر

www.uygurkitap.com

يىگىت بار ئىدى، شۆپەن قايسىبىر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن بۇيان، ئۇنى هامان ئەسلەپ تۇراتتى، ئۇ يىگىتنىڭ چاقچىلە ئويناشقا بەك خۇشتار ئىكەنلىكىنى سۇرۇشتۇرۇپ بىلىۋالغانىدى، لىۇ شياڭلىيەن كۆپىنچە قىز – يىگىت رولىدا چىقىپ، هاۋايى – هەۋەس ئويۇنلىرىنى ئويناتتى، شۇڭا شۆپەن ئۇنى سەتەڭ يىگىت ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلغۇسى كەلسىمۇ، قولغا چۈشۈرۈشكە هېچ پەيت تاپالماي يۈرگەنىدى. بۈگۈن مانا ئېپى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قېلىپ، خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي كەتتى. جياجېن ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قىزىقىپ يۈرۈشەتتى، شاراب تۆپەيلىدىن پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىر – ئىككى نومۇر ئويۇن كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىشىپ تۇرۇۋالدى. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن لىۇشياڭلىيەننىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇيەردىن – بۇيەردىن، ئۇزۇن – قىسقا پاراڭلارنى سېلىپ ئولتۇرۇشتى.

لىۇ شياڭلىيەن ئەجدادىدىن مەنسەپدار بولۇپ ئۆتكەن خانىدانىڭ ئوغلى ئىدى، ئوقۇشتىن نەتىجە چىقىرالمىغان، ئاتا – ئانىسىدىن ئاللىقاچان يېتىم قالغان، مىجەزى تۈز، ئۆزى مەرد، ئۇششاق – چۈششەك ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان، نەيزە – قىلىچۋازلىققا هېرىس، قىمار ئويناپ شاراب ئىچىپلا يۈرىدىغان، شۇنىڭدەك باغ – بوستانلاردا تونەپ قالىدىغان، نەغمە – ناۋانىمۇ بىلىدىغان، ئىشقىلىپ، هەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدىغان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ياش هەم چىرايلىق يىگىت بولغاچقا، ئۇنىڭ نام – ئەمىلىنى بىلمىگەن ئادەم ئۇنى چاقچىلىكەشلەردىن بىرسى ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى. لەي دانىڭ ئوغلى لەي شاڭرۇڭ ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ يۈرگەچكە، ئۇنىمۇ ئۇلپەت بولۇپ بېرىشكە چىللىغانىدى. شاراب ئىچكەندىن كېيىن، باشقىلار بىر نۆرى، پەقەت شۆپەننىڭلا كونا كېسىلى

قوزغىلىپ قالدى. شۇڭا، لىۇ شياڭلىيەننىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، بۇ يەردىن كېتىپلا تۈگمىشەيلا، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. لەي شاڭرۇڭ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— بايا باۋيۈي غوجام ماڭا يەنە تاپىلاپ قويدى، ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا كۆرۈشكەن بولساقمۇ، ئادەم كۆپ بولغاچقا سۆزلىشەلمىدۇق. سەن بىرىپ ئېيتىپ قوي، مېھمان تارقالغاندا ئۇ كەتمىسۇن، دەيدۇ، ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى بار ئىكەن. سىز زادى كەتمەكچى بولسىڭىز، مەن باۋيۈي غوجامنى چاقىرىپ چىققۇچە تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كەتسىڭىز، ئاندىن مېنىڭ كارىم بولمايدۇ، — ئاندىن ئۇ ياش مۇلازىملىرىدىن بىرىنى بۇيرۇدى، — ئىچكىرىگە كىرىپ خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرىگە ئاستا دېگىن، باۋيۈي غوجامنى چاقىرىپ قويسۇن.

بۇ مۇلازىم كىرىپ كېتىپ بىر پىيالە چاي ئىچكۈچىلىك ۋاقىت ئۆتمەيلا باۋيۈي چىقىپ كەلدى.

— جېنىم تاغا، — دېدى لەي شاڭرۇڭ باۋيۈيگە، — بۇنى سىلىگە تاپشۇردۇم، مەن مېھمانلارنىڭ خىزمىتىگە باراي.

لەي شاڭرۇڭ كىرىپ كەتتى. باۋيۈي لىۇ شياڭلىيەننى باشلاپ، مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى كۇتۇپخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— بىرقانچە كۈندىن بۇيان چىن جوڭنىڭ قەبرىسىگە بارغانسىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— نېمىشقا بارمايدىكەنمەن؟ — دېدى لىۇشياڭلىيەن، — قايسى كۈنى بىرقانچەيلەن قارچۇغا بىلەن شىكارغا چىققانىدۇق، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئىككى چاقىرىمچە كېلىدىغان يەرگە بېرىپ قاپتۇق. ئويلىسام، بۇ يىل يازدا يامغۇر تولا ياغدى، ئۇنىڭ قەبرىسى يېغىنغا پايلىماي قالدىمىكىن دەپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي بېرىپ قاراپ باقتىم، ئانچە - مۇنچە بۇزۇلغان يەرلىرى بار ئىكەن، تۈزەشتۈرۈپ قويدۇم. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بىرنەچچە يۈز داچەن پۇل جايلاپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئادەم ياللاپ قەبرىسىنى ئوبدان ياستىتىپ قويدۇم.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — دېدى باۋيوي، — ئۆتكەن ئايدا بىزنىڭ نەزەرباغدىكى كۆلدە نىلۇپەر ئېچىلغانىدى، مەن ئۇنى تالنى ئۈزۈپ، بېيمىڭنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە سانجىپ قويۇپ كەل دەپ جورۇغانىدىم. ئۇ يېنىپ كەلگەندە «يامغۇر بۇزۇۋەتمىگەندۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «يامغۇر بۇزۇۋېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، بالدۇرقىدىنمۇ يېڭىلىنىپ قاپتۇ» دېدى. مەن ھەرقاچان دوستلاردىن بىرقانچىسى ياستىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بايا بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئىكەن ـ دە. مەن ھەركۈنى ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرىمەن، ئەركىم زادىلا ئۆز ئىلكىمدە ئەمەس، قىمىرلاپلا قويسام خەق بىلىپ قالىدۇ. يا ئۇ توسۇيدۇ، يا بۇ نەسىھەت قىلىدۇ، گەپ قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىدۇ، قىمىرلاشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. پۇل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن خەجلىيەلمەيمەن.

— بۇ ئىشتىن غەم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن، — بۇنداق ئىش ئۈچۈن سىرتتا مەن بار. ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن چىقارمىسىڭىزلا بولدى. ئونىنچى ئاينىڭ بىرى كېلىپ قالاي دېدى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كىرىش ئۈچۈن پۇلنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن، سىزگىمۇ مەلۇم، مەن نامراتلىشىپ قالدىم، ئۆيدىمۇ يىغقان ـ تۈگكەنلىرىم قالمىدى، قولۇمغا بىرقانچە يارماق پۇل كىرسىلا خەجلىۋېتىمەن. ئەمدى ۋاقتى كەلگەندە قولۇم قىسقىلىق قىلىپ قالمىسۇن دەپ، پەيت تاپقاندا ئانچە ـ مۇنچە ئېشىنىپ قالدۇرمىسام بولمىغۇدەك.

— مەنمۇ شۇ ئىشنى دەپ سىزنى ئىزدىتىپ بېيمىڭنى ئەۋەتكەنىدىم، سىزمۇ ئۆيىڭىزدە ئانچە تۇرمايدىكەنسىز، تۇراقلىق جايىڭىزنىڭ تايىنى يوق ئىكەن، ھەر كۈنى ئۇيەردە ـ بۇيەردە يۈرىدىكەنسىز.

— سىزمۇ ئىزدەتمەيلا قويۇڭ، — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن، — بۇ ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئادا قىلسا بولىۋېرىدىغان ئىش.

تېز ئارىدا سەپەرگە چىقىپ ئايلانماقچى بولۇۋاتىمەن، ياقا يۇرتلاردا تۆت - بەش يىل يۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي دەرھال.

— مېنىڭ سىرىمنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىز، — دېدى ليۇ شياڭلىيەن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مەن شۇ تاپتىلا سىز بىلەن خوشلىشىۋالاي.

— مىڭ تەسلىكتە ئۇچراشقان تۇرساق، كەچتە مېھماندارچىلىقتىن بىللە يانساق ئوبدان ئەمەسمۇ؟ — دېدى باۋيۇي.

— سىزنىڭ ھېلىقى ئىككى تۇغقان ئاكىڭىز يەنىلا شۇنداق تېتىقسىزلىق قىلىۋاتىدۇ، يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ قالسام چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە كەتكىنىم ياخشى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭدىن داجىغىنىڭىز تۈزۈك، — دېدى باۋيۇي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — راستىلا يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولسىڭىز، مېڭىشتىن بۇرۇن ماڭا تىنىپ قويۇڭ، ھەرگىز غىپىلا قىلىپ كېتىپ قالماڭ.

بۇ گەپ بىلەن باۋيۇي كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئەلۋەتتە سىز بىلەن خوشلاشقىلى كېلىمەن، باشقا ئادەملەرگە دەپ قويمىسىڭىزلا بولىدى، — دېدى ليۇ شياڭلىيەن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇپ، — سىز كىرىپ كېتىڭ، مېنى ئۇزاتمايلا قويۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن ليۇ شياڭلىيەن كۇتۇپخانىدىن چىقىپ، چوڭ دەرۋازىغا ئەمدىلا كېلىۋىدى، شۆپەن ئۇ يەردە ئېگىز - پەس تووۋلاۋېتىپتۇ:

— شياۋ ... ليۇنى كىم كەتكۇزۇۋەتتى؟

بۇنى ئاڭلاپلا ليۇشياڭلىيەننىڭ غۇززىدە ئاچچىقى تۇتتى - دە، ئۇنى بىرلا مۇشت بىلەن ئۆلتۇرۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، شارابتىن كېيىن مۇشت كۆتۈرسەم، لەي شاڭرۇڭنىڭ يۇزىگە سەتچىلىك بولۇپ قالمىسۇن دەپ، نائىلاج ئاچچىقىنى

ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. شۆپەن ئۇنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى ـ دە، دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا كاپلا قىلىپ ئېسىلغان پېتى ھىجايدى.

— بۇرادەر، نەگە بارىسەن؟

— سىرتقا چىقىپ چۆرگۈلەپ كېلىمەن، — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن.

— سەن كەتسەڭ ئولتۇرۇشنىڭ مەززىسى قالمايدۇ، نېمىلا بولمىسۇن، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسەڭ ماڭا كۆيۈنگىنىڭ بولاتتى ! ھەرقانچە زۆرۈر ئىشىڭ بولسا، مانا مەندەك ئاكاڭغا تاپشۇر! ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلما، مەندەك ئاكاڭ تۇرغان يەردە، ئەمەلدار بولۇپ پۇل تېپىشىڭمۇ ئوڭاي گەپ.

ئۇنىڭ بۇنداق لاۋزىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، لىيۇ شياڭلىيەننىڭ شۇنداق غەزىپى كەلدىكى، دەرھال كۆڭلىگە بىر خىيال كەچتى ـ دە، ئۇنى خالىيراق جايغا ئەكەلدى:

— مەن بىلەن ئوبدان ئۆتۈشنى چىن كۆڭلۈڭدىن خالامسەن ياكى يالغان ـ ياۋىداقتىنمۇ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ.

شۆپەننىڭ بۇ گەپتىن يۈرەكلىرى ئويناپ، كۆزلىرى سۈزۈلۈپ كەتتى.

— جېنىم بۇرادەر ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — مەندىن ئەجەب بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ ئەگەر يالغاندىن مۇشۇنداق قىلغان بولسام، كۆز ئالدىڭدىلا جېنىم چىقسۇن !

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەر بىئەپ، — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن، — ھازىر قايتىپ كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرايلى، كېيىنىرەك ئالدىڭدا مەن چىقىپ كېتەي، سەن كەينىمدىن چىقىپ، مەن بارىدىغان يەرگە كەلگىن، بىز كېچىچە شاراب ئىچىشەيلى. مەن بارىدىغان يەردە كېلىشكەن ئىككى بالا بار، تالا ـ تۈزنى كۆرمىگەن بالىلار[1]، لېكىن كەينىڭگە ئادەم ئەگەشتۈرمەيسەن، ئۇيەرگە بارغاندىن

① «تالا ـ تۈزنى كۆرمىگەن بالىلار» — تېخى مېھمان قوبۇل قىلىپ باقمىغان بەچچىلەر دېمەكچى.

كېيىن كۆتكۈچىلەر تەييار.

شۆپەننىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن خۇشاللىقىدا مەستلىكى خېلىلا يېشىلىپ:

— راست شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن، — مەن ساڭا چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتسام ئىشەنمەيۋاتسەنغۇ!

— مەن دۆت ئەمەس، نېمىشقا ئىشەنمەيدىكەنمەن؟ — دېدى شۆپەن ئالمان - تالمان ھىجىيىپ، — ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن سېنىڭ بارار يېرىڭنى بىلمەيمەن. سەن بۇرۇن كېتىپ قالساڭ سېنى مەن نەدىن تاپىمەن؟

— مېنىڭ بارىدىغان يېرىم شىمالىي قوۋۇقنىڭ تېشىدا، — دېدى لىيۇ شياڭلىيەن، — سەن ئۆيۈڭنى تاشلاپ شەھەر تېشىدا بىر كېچە قونۇپ قالالامسەن؟

— سەن بولغاندىن كېيىن ماڭا ئۆيىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— ئۇنداق بولسا، مەن شىمالىي قوۋۇقنىڭ تېشىدىكى كۆۋرۈكتە سېنى ساقلاپ تۇرىمەن. بىز ھازىرچە داستىخان ئۈستىگە قايتىپ كىرىپ شاراب ئىچىپ تۇرايلى. مېنىڭ ماڭغىنىمنى كۆرگىنىڭدىن كېيىن، سەنمۇ كەينىمدىن ماڭ، باشقىلار تۇيماي قالىدۇ.

— ماقۇل، — دەپ شۆپەن رازى بولدى.

ئىككىسى قايتىدىن داستىخان ئۈستىگە قايتىپ كىرىپ بىردەم شاراب ئىچىشتى. شۆپەن تاقەتسىزلىنىپ، ھامان شياڭلىيەندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ھېچكىمگىمۇ تۇزۇت قىلماي، بىردەم ئۇ چەينەكتىن، بىردەم بۇ چەينەكتىن قۇيۇپ، ئۇست - ئۇستىلەپ ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ قالاي دېدى.

شياڭلىيەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، كىشىلەرگە تۇيدۇرمايلا دەرۋازىدىن چىقتى.

— سەن ئۆيگە كېتىپ تۇر. مەن شەھەر تېشىغا چىقىپلا

قايتىپ كېلىمەن، — دەپ بالا مۇلازىمى شىڭنۇغا بۇيرۇق قىلدى ئۇ.

ئاندىن ئۇ ئېتىغا مىندى ـ دە ئۇدۇل شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ، كۆۋرۈكتە شۆپەننى ساقلاپ تۇردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۆپەننىڭ ئاتلىق كېلىۋاتقانلىقى يىراقتىن كۆرۈندى. شۆپەن ئاغزى ھاڭ قالغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن، بېشى توك ـ توكىياڭدەك چايقالغان ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۇگۇرتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يان ـ يېنىغا سەپسالماستىن، يىراقتا قارىغىنىچە شياڭلىيەننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شياڭلىيەن ئۇنىڭدىن كۈلدى ۋە نەپرەتلەندى. ئۇمۇ ئېتىنى قامچىلاپ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ماڭدى. شۆپەن ئالدىغا قارىغىنىچە مېڭىۋەردى. بىر چاغدا بارا ـ بارا ئۆي ـ تۇتۇنلەر شالاڭلىشىپ قالغاچقا، قورقىنىمۇ، ئېتىنى كەينىگە ياندۇردى ۋە شۇ ئارىلىقتا شياڭلىيەننى كۆرۈپ قېلىپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولۇپ، كۈلدى:

— دېگىنىڭدەك، گېپىڭدە تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنسەن.

— چاپسانراق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى، كەينىمىزگە بىر كىم بىرىۋالسا ياخشى بولمايدۇ! — دەپ كۈلگىنىچە شياڭلىيەن ئېتىنى قامچىلاپ ئالدىدا ماڭدى. شۆپەنمۇ كەينىدىن قالماي بىللە كەتتى.

شياڭلىيەن ئالدىدا كېتىۋېتىپ، ئادەمسىز جايغا كەلگەنلىكىنى بايقاپ، قومۇشلۇق كۆل ياقىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئېتىنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئاندىن شۆپەنگە:

— چۈشە ئاتتىن، — دېدى كۈلۈپ، — ئاۋۋال بىز قەسەم ئىچىشەيلى، كېيىنكى كۈنلەردە نىيىتىمىز ئاينىپ بىر كىمگە دەپ قويۇشىمىز مۇمكىن، شۇڭا قەسەم قىلىشساق بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭ ئورۇنلۇق، — دېدى شۆپەنمۇ كۈلۈپ. ئاندىن دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنى دەرەخكە باغلىدى ـ دە، يۈكۈندى:

— كېيىن كۆنلەر ئۆتكەنسېرى نىيىتىم ئايىنىپ بىركىمگە دەپ قويسام، تۆپەمدىن ئاسمان ئۆرسۈن، يەر يۇتسۇن ... — تېخى شۇ پەيتنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا، «گۇم» لا قىلىپ قالدى - دە، كەينىدىن خۇددى بازغان ئۇرغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، قاراڭغۇلۇق باسقاندەك تۇيۇلدى، ئۆزىنى باشقۇرالماي، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلدى. شياڭلىيەن كېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ باقتى ۋە ئۇنىڭ بۇرۇن تاياق يەپ باقمىغانلىقىنى بايقاپ، ئازراقلا كۆچىنىپ يۈزىگە بىرقانچە شاپىلاق سېلىۋىدى، شۇئان يۈز - كۆزى «باققالنىڭ دۇكىنىدىكى ئالىيېشىلچىلىقتەك» كۆك - قىزىل بولۇپ كەتتى. شۆپەن ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرمىشىپ باققانىدى، شياڭلىيەن پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن تەپكىلەپ قويۇۋىدى، يەنە يىقىلىپ چۈشتى.

— ئىككىمىزنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغانىدىغۇ! ئۇنىمىساڭ گېپىڭنى قىلساڭ بولاتتى، نېمىشقا مېنى گوللاپ ئاچىقىپ ئۇرىسەن؟ — دېدى شۆپەن ئودۇڭشىپ ۋە ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاۋەردى.

— سەن قارىغۇ، — دېدى شياڭلىيەن، — مەندەك لىيۇ غوجاڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ قوي! ماڭا يالۋۇرماقتا يوق، يەنە تېخى مېنى ھاقارەتلەۋاتىسىنا! سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ بەرىبىر پايدىسى يوق، ساڭا ئوبدان تېتىتىپ قويساملا بولدى!

شياڭلىيەن قامچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچىسىدىن تارتىپ پاچىقىغىچە ئوتتۇز - قىرىق قامچا سالدى.

شۆپەننىڭ مەستلىكى خېلىلا يېشىلىپ، ئاغرىققا چىديالماي، ئىختىيارسىز «ۋايجان!» دەپ توۋلىۋەتتى.

— ئەھۋالىڭ شۇنچىلىك ئىكەنغۇ! — دېدى شياڭلىيەن سوغۇققىنا كۈلۈپ، — سېنى تېخى مەن تاياقتىن قورقماسمىكىن دەپتىكەنمەن.

يەنە ئۇنىڭ سول پۇتىدىن سۆرىگىنىچە قومۇشلۇقتىكى

پاتقاقتا بىرنەچچە قەدەم سۈرەپ كىردى، شۆپەننىڭ پۇتۇن ئۇستىبېشى لايدا بۇلغاندى.

— ئەمدىغۇ مېنى تونۇپ قويغانسەن؟ — دەپ سورىدى شياڭلىيەن قامچىسىنى چۆرۈۋېتىپ. ئۇنىڭ بېلىگە، بىقىنىغا يەنە بىرنەچچە مۇشت سالدى. شۆپەن دومىلىغىنىچە ئاغىل - تاغىل تووۋلاپ كەتتى:

— ۋاي، قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋەتتىڭ! ئەمدى بىلدىم، سەن راۋرۇس ئادەم ئىكەنسەن، مەن باشقىلاردىن خاتا ئاڭلىۋاپتىكەنمەن!

— باشقىلارنىڭ گېپىنى قوي، شۇ تاپتا ئۆزۈڭنىڭ دەيدىغان گېپىڭنى قىل.

— هازىر دەيدىغانمۇ هېچقانداق گېپىم يوق! سەن راۋرۇس ئادەم ئىكەنسەن، مەن خاتا قىپتىمەن!

— يەنە سىلىقراق گەپ قىل، ئاندىن گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن.

— جېنىم بۇرادەر ... — دەپلا غىڭشىپ قويدى شۆپەن.

شياڭلىيەن يەنە بىر مۇشت سېلىۋىدى، شۆپەن «ۋايجان» دەپ تووۋلاپ:

— جېنىم ئاكا ... — دېدى.

شياڭلىيەن يەنە ئىككى مۇشت سالدى.

— ۋايجان! — شۆپەن ئالمان - تالمان يەنە تووۋلاپ كەتتى، — ئوبدان غوجام! مەندەك كۆزى يوق قارىغۇنى كەچۈرۈڭ! بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى هۆرمەتلەيمەن، سىزدىن قورقىمەن.

— ماۋۇ سۆزدىن ئىككى ئوتلىغىن! — دەپ بۇيرۇدى شياڭلىيەن.

— بۇ سۆ بەك مەينەت تۇرسا، قانداق ئىچكىلى بولىدۇ! — دەپ قاپىقىنى تۈردى شۆپەن.

شياڭلىيەن يەنە مۇشتىنى كۆتۈرۈۋىدى، شۆپەن دەرهال:

— بولدى ئىچەي ... مەن ئىچەي ... — دېگىنىچە بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ، قومۇش يىلتىزىنىڭ تۈۋىدىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچكەندەك قىلدى، تېخى كانىيىدىن ئۆتە - ئۆتمەيلا «هۆ» قىلىپ،

بايا يېگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋەتتى.

— ھەي ئىپلاس! — دېدى شياڭلىيەن، چاپسانراق ئىچ، شۇ چاغدا سېنى كەچۈرىمەن.

شۆپەن كەينى ـ كەينىدىن باش قويۇپ يالۋۇردى:

— ئۇ دۇنيالىقىڭىز ئۈچۈن ساۋاب بولار، گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ! ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بۇ سۇنى ئىچەلمەيمەن.

— نېمىدېگەن سېسىقچىلىق بۇ، كۆڭلۈمنى ئاينىتىۋەتتى، — دېدى شياڭلىيەن.

ئۇ شۆپەننى تاشلاپ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئىلدى ـ دە، يولىغا كېتىۋەردى.

شۆپەن ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ، كىشىلەرنى خاتا چۈشەنمەسلىكىم كېرەك ئىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدى. تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، پۈتۈن ئەزايى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ چىديالماي قالدى.

جيا جېن ۋە باشقىلار داستىخان تۆپىسىدە شياڭلىيەن بىلەن شۆپەننىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ قېلىپ، ئۇيان ـ بۇيانىنى ئىزدەشتۈرۈپ ئۇلارنى تاپالمىدى.

— شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ كەتكەندەك قىلىشتى، — دەپ خەۋەر قىلدى بىركىم.

شۆپەننىڭ بالا مۇلازىمى ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى، شۆپەن ئۇنىڭغا كەينىمدىن ماڭما دەپ جېكىلەپ قويغان تۇرسا، ئۇ ئىزدەپ چىقالامتى؟ كېيىن جيا جېن ئەنسىرەپ، جيا رۇڭنى مۇلازىملارنى باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۇدۇل شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئىككى چاقىرىمدىن كۆپرەك يول ماڭغاندا، شۆپەننىڭ ئېتىنىڭ قومۇشلۇق كۆلنىڭ بويىدا باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— مانا بۇ ياخشى بولدى! ئات بار يەردە ئەلۋەتتە ئىگىسىمۇ

بولدۇ ! — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇلار تەڭلا ئاتنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، قومۇشلۇقتىن بىر كىمنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن ھاپىلا - شاپىلا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، شۆپەن كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز - كۆزى يېرىلىپ ئىششىپ كەتكەن، ئىچىدىن تېشىغىچە ئۇستىبېشى لايغا مىلىنىپ، خۇددى پاتقاقتا ياتقان مېكىجىندەك يېتىپتۇ.

جيا رۇڭ كۆڭلىدە ئىشىنىڭ تېگىگە خېلىلا يەتتى - دە، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، شۆپەننى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا كىشىلەرنى جورۇدى.

— شۇ تاغا ! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ھەر كۈنى كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىۋېرىپ، مانا بۈگۈن كۆڭۈل سىزنى قومۇش ئازگىلىغا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. ئېھتىمال لۇڭۋاڭ غوجام سىزنىڭ نوچىلىقىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۆزىگە گورگان① قىلىۋالاي دېگەن بولسا، سىز ئەجدىھانىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇسسۇۋالغان ئوخشايسىز - دە !

شۆپەن نومۇس قىلىپ يەرگە كىرىپ كېتەي دەۋاتسا ئاتقا يامىشىپ چىقالامتى؟ جيا رۇڭ كىشى بۇيرۇپ گۈزەردىن كىچىك بىر تەختىراۋان كىرا قىلدۇرۇپ كەلدى، شۆپەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يېنىپ كىردى. جيا رۇڭ ئۇنى يەنە لەي دانىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى، شۆپەن بەك يېلىنىپ، ئۇنىڭغا بىركىمگە ئېيتىپ قويما، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، جيا رۇڭ ماقۇل بولۇپ ئۇنى ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدى، جيا رۇڭ يەنە لەي دانىڭ ئۆيىگە كېلىپ جيا جېنغا بايىقى ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. جيا جېنمۇ ئۇنى لىيۇ شياڭليەننىڭ ئۇرغانلىقىنى بىلىپ:

— ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر ئەدىپىنى يېگىنى ئوبدان بوپتۇ ! —

---

① گورگان — خاننىڭ كۈيۇ ئوغلى.



www.uyghurkitap.com

دەپ كۆلۈپ قويدى.

ئۇلار ئاخشىمى مېھماندىن يېنىپ شۆپەندىن ھال سوراپ كەلدى. شۆپەن ياتىقىدا ئارام ئېلىۋاتاتتى، مىجەزىم يوق دەپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەي قويدى.

جيا ئانا ۋە باشقىلار مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۆ ھامما بىلەن باۋچەي ئۆيدە شياڭلىڭنىڭ يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سوراپ بىلىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا شۆپەننى كۆرگىلى كىرىشتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن تارتىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنىڭ بىرمۇ ساق يېرى قالمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا سۆڭەك ـ سىڭىرلىرى زەخىملەنمىگەنىكەن. شۆ ھامىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئاغرىدى، ئاچچىقىمۇ كەلدى، شۆپەننى بىر قۇر تىللاپ بولۇپ، ئاندىن شياڭلىيەننىمۇ تىللاپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتىپ، ليۇشياڭلىيەننى تۇتقۇزۇپ كەلمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، باۋچەي:

— بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس، ئۇلار بىللە شاراب ئىچىشىپ، شارابتىن كېيىن يۈز قارىماي قىزىرىشىپ قالغاندۇ، كىم مەست بولۇپ قالسا، شۇ كۆپرەك تاياق يەۋالىدىغان ئىشمۇ بار. بىزنىڭ ئائىلىدىكى قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن بۇ بەڭباشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئانا، سىز بۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن شۇنداق دەيسىز. ئاچچىقىمىزنى چىقىرىۋالماق ئاسان گەپ. تۆت ـ بەش كۈن ئۆتسۇن، ئاكامىمۇ ساقىيىپ تالا ـ تۈزگە چىقالايدىغان بولغاندا، ئۇ قاتتىكى جيا جېن بېگىم بىلەن جيا ليەن بېگىمدەك كىشىلەرمۇ ھېچقاچان قاراپ تۇرماس، ئۇلار ساھىبخانا بولۇپ مېھمان چىللاپ، ھېلىقى ئادەمنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا گۇناھىنى تونۇتۇپ، ئاكامغا ناماقۇل قىلىسىلا بولدى. ئانا، شۇ تۇرقىدا ئىشنى يوغىنىتىپ، خەلقئالەمگە يايسىڭىز، ئۆزىڭىز ئاكامغا تولىمۇ ئامراقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇشىغا يول قويۇپ بەرگەندەك كۆرۈنۈپ قالىسىز. بۇگۈنكى ئۇشتۇمتۇت بىر قېتىم

ئەدەپ يەپ قاپتۇ، ئانا، بۇنىڭغا شۇنچە ئالەمنى مالەم قىلىپ كەتسىڭىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ، ئاددىي بىر ئادەمنى بوزەك ئەتكەن بولۇپمۇ قالىسىز.

— ۋاي قىزىم! — دېدى شۆ ھاما ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — يەنىلا سەن ھەممىنى ئويلاپ يېتىپسەن، بىردەملىك ئاچچىقىمدا بېشىم ئايلىنىپ قاپتۇ.

— مانا بۇ ئوبدان بولدى، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ئاكام سىزدىنمۇ تەپ تارتماي ياكى خەقنىڭ نەسىھەتىگىمۇ قۇلاق سالماي كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا مۇشۇنداق ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئەدىپىنى يېمەيمۇ بولمايدۇ.

شۆپەن كاڭدا ئۇخلاۋاتاتتى، شياڭلىيەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تىللايتتى، مولازىملىرىنى ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. شۆ ھاما مولازىملارنى ۋارقىراپ توختىتىۋالدى:

— شياڭلىيەن بىردەملىك مەستچىلىكتە بېشەملىك قىلىپ قويۇپتۇ، ئەمدى مەستلىكى يېشىلگەن بولسا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، گۇناھىدىن قورقۇپ قېچىپمۇ كەتكەندۇ!

شۆپەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئۇقۇۋغايسىز.

# قىرىق سەككىزىنچى باب

## ھەۋەسكە بېرىلگەن يىگىتنىڭ ھەۋەس كاساپىتىدىن سەيلە - سەپەرنى ئىختىيار قىلغانلىقى
## نازاكەتكە مەپتۇن ئايالنىڭ نازاكەت تويلاپ شېئىر كۆيلەشكە ئىجتىھات قىلغانلىقى

ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شۆپەننىڭ ئاچچىقى بارا - بارا بېسىلىپ قالدى. تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ئاغرىقى ساقايغان بولسىمۇ، يارا ئىزلىرى تۈزۈلۈپ كېتەلمىگەچكە، ئۆزىنى كېسەلمەنلىككە سېلىپ ئۆيىدىن چىقمىدى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ نومۇس قىلدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئونىنچى ئاي كېلىپ قالدى. شۆپەننىڭ دۇكانلىرىدىكى خىزمەتكارلىرىدىن يىللىق ھېساب - كىتابنى تۈگىتىپ، ئۆيلىرىمىزگە بېرىپ كەلسەك دېگۈچىلەر بولغاچقا، شۆپەن ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدە مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا جاڭ دېخۇي دېگەن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ شۆپەنلەرنىڭ گۆرۈخانىسىدا باش چورۇقچىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئائىلىسىدە ئىككى - ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈشلۈك ۋەجى بار ئىدى. ئۇمۇ بۇ يىل ئۆيىگە قايتىپ كېلەر يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كەلمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇنداق دەپ مەسلىھەت بەردى:

بۇ يىل ھەر خىل قەغەز، خۇشبۇي نەرسىلەر كەمچىل بولدى، كېلەر يىلى باھاسى ئەلۋەتتە ئۆرلەيدۇ، يىل ئۆرۈلۈشىگىلا گۆرۈخانىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا چوڭ ئوغلۇمنى بالدۇرراق

ئەۋەتىمەن. ئۆزۈم يول بويى ھەر خىل قەغەز، خۇشبۇي نەرسىلەر، يەلپۈگۈچ سېتىۋېلىپ، تاڭزۇڭزا چاغىنىغىچە ئۆلگۈرۈپ كەلسەم، قورۇل ـ ئۆتكەللەردە تۆلىنىدىغان باج ـ سېلىق چىقىملىرىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، بۇ نەرسىلەردىن نەچچە قەۋەتلەپ ھايان ئالغىلى بولىدۇ.

شۆپەن خىيال سۈرۈپ قالدى: «مەن تاياق يەۋالدىم، شۇ تۇرقىدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشكىمۇ ئۇيىلىۋاتىمەن! بىرەر ـ يېرىم يىل نېرىراق كېتەي دېسەم، يا بارار يېرىمنىڭ تايىنى يوق، كۈندە مەن ئاغرىق دەپ يېتىۋېرىشمۇ ئامال ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىم شۇنچىگە كېلىپ تۇرۇقلۇق، يا قەلەمدىن، يا ئەلەمدىن خەۋىرىم يوق، مېنى سودىگەرچىلىك قىلىدۇ دېگىنى بىلەن، شۇ چاغقىچە تارازا ـ سەنپەننى قولۇمغىمۇ ئېلىپ باقمىدىم. ھەر يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، يىراق ـ يېقىننى تېخىچە بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئازراق دەسمايە جايلاپ، جاڭ دېخۇي بىلەن بىرەر يىل ئايلىنىپ كېلەيلا. خاھى پۇل تاپاي، خاھى تاپالماي، ئىشقىلىپ، ئىزا ـ ئاھانەتتىن نېرىراق تۇرساملا بولىدىغۇ. ئىككىنچىدىن، جاھان كېزىپ سەيلە قىلغىنىم تۇزۇكتەك قىلىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، زىياپەتتىن كېيىن، بۇ خىيالىنى جاڭ دېخۇيغا سىلىق ـ يۇمشاق ئېيتىپ بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرغىن، بىللە يولغا چىقايلى، دەپ جېكىلىدى.

كەچتە شۆپەن ئۆز خىيالىنى ئانىسىغا ئېيتتى، شۆ ھامما ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇش بولغان بولسىمۇ، دەسمايىسىنى خەجلىۋېتىشىغىمۇ چاغلىق ئىش، لېكىن ياقا يۇرتلاردا چاتاق چىقىرىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئۇنى بارماسلىققا ئۈندەپ:

ـــ ھەرقانداق بولساڭمۇ ئالدىمدا تۇرساڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولىدىكەن. خەجمىز ئاشۇ بىرنەچچە يۈز سەر كۈمۈشكە قاراشلىق بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنداق سودىگەرچىلىكنى

قىلمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى.
شۆپەن ئالىلىقاچان شۇ قارارغا كېلىپ بولغان تۇرسا، ئۇنىڭغا ئۇنامتى؟
— ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىز مېنى جاھاندارچىلىقنى ئۇقمايسەن، ئۇنى بىلمەيسەن، بۇنى ئۆگەنمەيسەنلا دەيسىز، ئەمدى مەن ئۇنداق ھەر قىسما ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، بىرەر توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئادەم بولاي، سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنەي، دېگەن نىيەتكە كەلسەم، ئۇنىڭغىمۇ يول قويمايسىز. زادى مېنى قانداق قىل دېمەكچىسىز؟ يا مەن قىز بالا بولمىسام، ئۆيدىن تالاغا چىقارمايدىغانغا! بۇ ئەھۋالدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ دېخۇيمۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بىللە ئۆتكەن ئادەملەر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسام، قانداقمۇ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن؟ مۇبادا بىرەر ـ يېرىم قەدەمنى خاتا بېسىپ قويسام، ئۇ ئەلۋەتتە ماڭا نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ. نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ نەرخ ـ ھاۋاسىنىمۇ ئۇ بىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭدىن سوراپ تۇرىمەن، ئىش مۇشۇنداق ئوڭدىن كېلىۋاتسا، مېنى يەنە بارما دەۋاتىسىز! بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە ئېيتمايلا، ئۆزۈمچە يول جابدۇقىنى قىلىپ يولغا چىقىپ كېتىۋېرىمەن، ياندۇرقى يىلى پۇل تېپىپ كەلگىنىمدە، ئاندىن بىلىپ قالارسىز! — ئۇ شۇنداق دەپلا، قېيداپ ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى.
شۆ ھامما شۆپەننىڭ قارارىنى ئاخىر باۋچەيگە مەسلىھەت سالدى.
— ئاكامنىڭ راۋرۇس بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىناي دېگەن يەرگە كەلگىنىغۇ توغرا بوپتۇ، — دېدى باۋچەي، — بىراق، ئۆيدە چىرايلىق گەپ قىلىپ، تالا ـ تۈزدە كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالسا، ئۇنى يوگەنلەش تەس بولارمىكىن ... بوپتىلا، ئانچە غەم يەپ كەتمىسەكمۇ بولغۇدەك. ئۇ راستىلا خويىنى

ئۆزگەرتسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بەختى، ئۆزگەرتمىسە، ئانا، بۇنىڭغا سىزنىڭمۇ باشقا ئامالىڭىز يوق. ھەر ئىش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشىشىغا، ئاندىن تەڭرىنىڭ يازمىشىغا باغلىق. ئاكامۇ چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالدى، تېخىچە ئۇنى جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپلا تۇرىدىكەنمىز، دەرۋازىدىن نېرى ئاتلىماي، بىرەر تۈزۈك ئىش بىلەن شۇغۇللانماي ئۆتىۋەرسە، بۇ يىل ئۆيدىن تالاغا چىقارتمىساق، كېلەر يىلىمۇ مۇشۇنداق بولىۋېرىدۇ. ئۇغۇ نام - ئەمەلىگە يارىشا خېلى ئوڭلۇق گەپ قىپتۇ. ئانا، بىرەر مىڭ سەر كۈمۈشتىن كېچىپ، ئۇنى بىر سىناپ بېقىڭ. بەربىر ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان ھەمراھ قوشۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ھەمراھىنى ئالداشقا ئەلۋەتتە خىجىلمۇ بولار. ئىككىنچىدىن، سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە خوش - خوش دېيىشىپ بېرىدىغان گۇپپاڭچىلىرى ياكى ھىمات قىلىدىغان ئادىمىمۇ بولمايدۇ. ياقا يۇرت دېگەندە كىمدىن كىم قورقاتتى؟ بولسا يەپ - ئىچىدۇ، بولمىسا ئاچ - توق قالىدۇ، قارىسا، تاياپچىسى يوق، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئۆيدىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى سەل يىغىشتۇرۇۋالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— ئويلىسام، سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا ئىكەن، — دېدى شۇ ھامما بىر ھازاغىچە ئويلانغاندىن كېيىن، — ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ، ئەقلىنى تېپىپ كېلىدىغانلا ئىش بولسا، بىرئاز پۇل خەجلىنىۋەتسەكمۇ ئەرزىگۇدەك.

ئىككىسى شۇ مەسلىھەتكە كېلىشتى، كېچىچە باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى شۇ ھامما جاڭ دېخۇينى چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى، شۆپەننى كۇتۇپخانىغا داستىخان تەييارلاشقا جورۇدى. ئۆزى ئارقا دەھلىزنىڭ دېرىزىسى كەينىدە ئولتۇرۇپ، جاڭ دېخۇيغا ئوغلىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى يېنىش - يېنىشلاپ تاپىلىدى. جاڭ دېخۇي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، خوش - خوش

دەپ ۋەدە بەردى، جاڭ دېخۇي خوشلىنىشىپ داستىخاندىن يانار چاغدا:

— ئون تۆتىنچى كۈنى سەپەرگە چىقىدىغان قۇتلۇق كۈن. غوجائاكىمىز، ئۆزلىرى سەپەر جابدۇقىنى قىلىپ قويسىلا، قېچىر كىرا قىلىپ، ئون تۆتىنچى كۈنى سەھەردە يولغا چىقىپ كەتسەك، — دېدى.

شۆپەن ئىچ - ئىچىگە پاتماي خۇشال بولۇپ كەتتى، جاڭ دېخۇيىنىڭ بۇ گېپىنى شۆ هامىغا مەلۇم قىلىپ قويدى.

شۆ هاما بىلەن باۋچەي، شياڭلىڭلار ۋە ياشانغان ئىككى خىزمەتكار ئايال كېچىچە يول جابدۇقىنى تەييارلاشتى؛ شۆپەننىڭ ئېمىكئانىسىنىڭ ئېرى چاكار بوۋاينى، ئۆز ۋاقتىدىن تارتىپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان كونا مالايلاردىن ئىككىنى، شۆپەن تالا - تۈزدە ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان مۇلازىم باللاردىن ئىككىنى بىللە بېرىشقا تەيىنلىدى، غوجايىن - مالاي بولۇپ جەمئىي ئالتە كىشى بولدى، يۈك - تاق، نەرسە - كېرەكلەر ئۈچۈنلا ئۈچ هارۋا، ئۇزاق سەپەر ئۈچۈن يەنە تۆت قېچىر ياللىدى. شۆپەن ئۆيدە باققان قارا يورغا قېچىرغا مىنىدىغان بولدى، بۇنىڭ تاشايىدا يەنە بىر ئاتمۇ ئېلىۋالىدىغان بولدى، ئىش - كۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن، شۆهاما، باۋچەيلەرنىڭ كېچىچە دېگۈدەك ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئون ئۈچىنچى كۈنى شۆپەن ئاۋۋال بېرىپ ئانا جەمەت تاغىلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن جيا جەمەتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى. جيا جېن ۋە باشقىلارمۇ، تايىنلىق، يولغا ئۇزىتىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلىشتى، بۇلارنىمۇ بىر - بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. ئون تۆتىنچى كۈنى سەھەردە، شۆ هاما، باۋچەيلەر شۆپەننى مۇراسىم دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسى شۆپەندىن كۆزلىرىنى ئۈزۈشمەي، تاكى ئۇ ئاتلىنىپ مېڭىپ كەتكەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىنلا يېنىپ كىرىشتى.

شۆ هامما پايتەختتىكە كېلەر چاغدا ئۆزى بىلەن تۆت ـ بەش چاكار، ئىككى ـ ئۈچ خىزمەتكار ئايال ۋە بىر چۆرە قىزنىلا ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى شۆپەن بىلەن سەپەرگە كېتىپ، تالانىڭ ئىشىنى قىلىدىغانغا بىر ـ ئىككىلا ئېرەكتە قالدى. شۇڭا، شۆ هامما شۇ كۈنىلا كۇتۇپخانىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆي ـ جابدۇق، سەرەمجاندىن تارتىپ پەردە ـ چىمىلدىقچە هەممە نەرسە ـ كېرەكنى يىغىشتۇرغۇزۇۋەتتى، شۆپەن بىلەن بىللە كەتكەن ئىككى چاكارنىڭ خوتۇنلىرىنى ئىچكىرىگە كۆچۈپ كىرىپ ئۆزى بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپۇشقا بۇيرۇدى. شياڭلىڭغىمۇ ئۆز هۇجرىسىنى پۇختا يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلەپ:

— ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاخشىمى مەن بىلەن يات، — دەپ بۇيرۇدى.

— ئانا، سىزگە هەمراھ بولىدىغان شۇنچە كىشى بولغاندىن كېيىن، شياڭلىڭ ئاچام ماڭا هەمراھ بولسىمۇ بولاتتى! — دېدى باۋچەي، — بىزنىڭ باغمۇ كەڭ ـ كۇشادە، هازىر تۈن ئۇزاق، كېچىلىرى يىڭنە ئىشى قىلسام، يېنىمدا بىرەر كىشى ئارتۇقراق بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولامدۇ؟

— شۇنى دېگىنە، — دېدى شۆ هامما كۈلۈپ، — مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ، شياڭلىڭنىڭ ئەلۋەتتە سەن بىلەن بىللە تۇرغىنى تۈزۈك. قايسى كۈنى ئاكاڭغىمۇ: ۋېنشىڭ تېخى كىچىك، ئىشلارنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، يىگىتېرمۇ يالغۇز، هەممىگە تەڭ يېتىشەلمەيدۇ. ئۆزۈڭگە بىر چۆرە قىز سېتىۋالغىن دېگەنىدىم.

— سېتىۋالاي دېگىنى بىلەن، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئالدىنىپ قالارمىزمىكىن، — دېدى باۋچەي، — ئۇنىڭغا كەتكەن پۇلىنىڭمۇ كارى چاغلىق، لېكىن

كەپسىز بولۇپ چىقسا ياخشى ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا ئۇقۇشۇپ، بارغان ـ كەلگەن يەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن سېتىۋالساقمۇ بولىدۇ.

باۋچەي شياڭلىڭنى ئورۇن ـ كۆرپە، بېزەك جابدۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا جورۇدى، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاسارۇنزار هويلىغا ئاپىرىشقا بىر خىزمەتكار موماي بىلەن جېنئېرنى بۇيرۇدى، ئاندىن باۋچەي بىلەن شياڭلىڭ باغقا يېنىپ كېلىشتى.

— مەن ئەسلىدە ئاغىچا خېنىمغا، غوجام كەتكەندىن كېيىن خان قىزغا هەمراھ بولسام، دەپ ئېيتىپ باقاي دېۋىدىم، — دېدى شياڭلىڭ باۋچەيگە، — ئاغىچا خېنىم مېنى باغقا كىرىپ ئوينىغۇسى كېلىپ قاپتۇ دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالارمىكىن دەپ دېمىگەن، بۇ گەپنى سىز دەپ قالدىڭىز!

— ماڭىمۇ مەلۇم، سېنىڭ بۇياقتا هەۋەسىڭنىڭ كېلىپ قالغانلىقى بىر ـ ئىككى كۈندىلا بولغان ئىش ئەمەس، پەقەت ئۇنى دېيىشكە چولاڭ تەگمەي كېلىۋاتاتتى، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — كۈندە بىرەر قېتىم كەلسەڭمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپلا كېلىپ ـ كەتكەچكە، هۇزۇر ئالالماي يۈرەتتىڭ، ئەمدى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىرەر يىل تۇرساڭ، ماڭىمۇ هەمراھ بولغۇچى كۆپىيىدۇ، سەنمۇ مۇرادىڭغا يەتكەن بولىسەن.

— ئوبدان خېنىم، — دېدى كۈلۈپ شياڭلىڭ، — مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا شېئىر يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىزچۇ!

— سەنزە، ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېمەي تۇرۇپلا غازنىڭ پېيىگە چۈشۈپسەن ـ دە، — دەپ كۈلدى باۋچەي، — بۇ ئىشنى سەل كەينىگە تارتساڭ بولارمىكىن، بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگىنىڭنىڭ بىرىنچى كۈنى بولغاچقا، ئاۋۋال باغنىڭ شەرقىي بۇلۇڭىدىكى ئىشىكىدىن چىقىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن باشلاپ، هەرقايسى خانىلارغا كىرىپ كۆرۈنۈش قىلىپ سالام

www.uygurkitap.com

بەرگىن، ئۇلارغا باغقا كۆچۈپ كىردىم دەپ ئالايىتەن ئۇقتۇرۇپ
ئۆتمىسەڭمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىرەرسى سوراپ ـ تارتىپ قالسا،
مېنى ھەمراھ بولۇشۇپ بەر دەپ كۆچۈرۈپ كىردى، دەپلا قويساڭ
بولىدى. باغقا يېنىپ كىرگەندىن كېيىن، خان قىزلارنىڭ
ئۆيلىرىگە بېرىپ كەلگىن.

شياڭلىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، پىڭئېر
ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىرىپ كەلدى، شياڭلىڭ دەرھال تىنچلىق
سورىدى، پىڭئېرمۇ كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سورىدى.

— بۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن بوگۈن ئېلىپ
كىردىم. سىلەرنىڭ كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلىپ قوياي دەپ
تۇراتتىم، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ پىڭئېرغا.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، خان قىز؟ — دېدى كۈلۈپ پىڭئېر، —
بۇ گېپىڭىزگە نېمە دېسەم بولار.

— ئىشنىڭ يولى شۇنداق كېلىدۇ، — دېدى باۋچەي، —
«سارايىنىڭ غوجىسى، ئىبادەتخانىنىڭ مۇتىۋەللىسى بولىدۇ»
دېگەنمۇ گەپ بارغۇ. بۇ چاغلىق بىر ئىش بولسىمۇ، ھەرھالدا
ئېيتىپ قويغىنىمىز ئوبدان، ھېچبولمىغاندا، باغدا كېچىسى
جېسەكچىلىك قىلىدىغانلارمۇ بىر ـ ئىككى ئادەم
قوشۇلغانلىقىنى بىلىپ، ئىشىك باقىقانلىرىدا خەۋەردار بولۇپ
قالىدۇ. سەن قايتىپ بارغىنىڭدا دەپ قويارسەن، مەن ئادەم
ئەۋەتمىسەممۇ بولار.

پىڭئېر خوش دېدى ۋە شياڭلىڭدىن سوراپ قالدى:

— بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، قوشنىلىرىڭنى يوقلاپ
كەلمەمسەن؟

— ئۇنى بېرىپ كەلگىن دەپ تۇراتتىم، — دېدى باۋچەي
كۈلۈپ.

— بىزنىڭكىگە بارمىساڭمۇ بولىدۇ، جياليەن غوجام ئۆيدە
ئاغرىپ ياتىدۇ، — دېدى پىڭئېر.

شياڭلىڭ ماقۇل دەپ، ئاۋۋال جيا ئانىنىڭكىگە كەتتى. بۇ گەپ

شۇ يەردە قالغاي.

شىياڭلىك كەتكەندىن كېيىن، پىڭئېر باۋچەينىڭ يېڭىدىن تارتىپ كۆسۈرلىدى.

— خان قىز، بىزنىڭ توغرىمىزدىكى يېڭى گەپنى ئاڭلىغانسىز؟

— يېڭى گەپ ئاڭلىمىدىم، — دېدى باۋچەي، — بىرنەچچە كۈن بولدى، ئاكامنى يولغا سالىمىز دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىمىغان، شۇڭا سىلەر تەرەپتە بولغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋىرىم يوق، ئىككى كۈندىن بۇيان ھەتتا ھەمشىرىلەرنىمۇ كۆرمىدىم.

— چوڭ بېگىم جيالىيەن غوجامنى ئۇرۇپ قىمىرلىغۇچىلىكىنى قويمىدى، ئەجەب بۇنى ئاڭلىماي قاپسىزا خېنىم؟ — دېدى پىڭئېر.

— تېخى ئەتىگەندىلا قۇلىقىمغا شۇنداقراق بىر گەپ كىرگەندەك قىلىۋىدى، ئۇنىڭغا چىنپۈتۈپمۇ كەتمەپتىمەن، — دېدى باۋچەي، — كېلىن ئاغىچا بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ تۇراتتىم، سەن كېلىپ قالدىڭ. نېمىشقا ئۇرۇپتۇ؟

— ھەممىسى ھېلىقى جيا يۈيسۈن دېگەن بىرنېمىنىڭ كاساپىتىدىن بولمامدۇ، — دېدى پىڭئېر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۆلۈم كەلمىگەن ئۇ ھارامزادە نەدە يۈرۈپ ئارىغا قىسىلىۋالغانكىنتاڭ ! تونۇشقىلى ئون يىل بولا ـ بولمايلا بىرمۇنچە چاتاق تېرىپ بەردى ! بۇ يىل ئەتىيازدا چوڭ بېگىم نەدىدۇ بىر يەردە بىرقانچە دانە كونا يەلپۈگۈچنى كۆرۈپ قاپتىكەن، ئۆيگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزى يىغىپ يۈرگەن شۇنچە ئېسىل يەلپۈگۈچلەر ئۇنىڭغا يارىماي قېلىپ، دەرھال ئۇيان ـ بۇيانغا يەلپۈگۈچ ئىزدىتىپ ئادەم جورۇپتۇ. ئۆلۈمدىن خەۋىرى بولمىغان بىر جۇۋاينىمەك بار ئىكەن، ئۇنىڭ لەقىمى دۈگىنا تاشۋاي ئىكەن، كەمبەغەلچىلىكتە ھەتتا يەيدىغان نەرسىسىمۇ يوق بىرنېمىكەن. قېرىشقاندەك، شۇنىڭكىدە يىگىرمە

دانە كونا يەلپۈگۈچ بار ئىكەن. ئۇ بۇ يەلپۈگۈچلىرىنى، ئۆلسەممۇ ئىشىكتىن چىقارمايمەن، دەپ ھېچكىمگە بەرمەيدىكەن. جىيالىيەن غوجام ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەمگەرچىلىك قىپتۇ، شۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى دەپتۇ. ئاخىر ئۇ ئادەم جىيالىيەن غوجامنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ يەلپۈگۈچلىرىنى بىر قۇر كۆرسىتىپتۇ. جىيالىيەن غوجامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەلپۈگۈچلەر شىياڭفېي قومۇشى، پالما قومۇشى، كېيىك قومۇشى، يۇپىڭ قومۇشىدىن ياسالغان، ھەممىسىگە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ خۇشخەتلىرى يېزىلغان ۋە ئاجايىپ رەسىملەر سىزىلغان تېپىلغۇسىز يەلپۈگۈچلەر ئىكەن. غوجام يېنىپ كېلىپ بېگىمگە دەپتىكەن، بېگىم سەن بېرىپ قانچە پۇل سورىسا شۇنچە پۇل بېرىپ سېتىۋېلىپ كەل دەپ بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى دۇگىنا تاشۋاي: «ئاچلىقتىن، ياكى سوغۇقتىن ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، بىر دانىسىگە مىڭ سەر كۈمۈش بەرسىڭىزمۇ ساتمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بېگىم بۇنىڭغا ھېچ چارە تاپالماي، ھەر كۈنى جىيا لىيەن غوجامنى قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ تىللاۋېرىپتۇ. غوجام ئۇنىڭغا بەش يۈز سەر كۈمۈش بېرەي، ئاۋۋال كۈمۈشنى ئەكېلىپ بېرىپ ئاندىن يەلپۈگۈچلەرنى ئالاي دېسىمۇ ئۇنىماپتۇ. ئۇ: «يەلپۈگۈچنى ئالار بولساڭلار، ئاۋۋال مېنىڭ جېنىمنى ئېلىڭلار!» دەپتۇ. خېنىم، ئويلاپ بېقىڭا، بۇنىڭغا نېمە چارە بار دەيسىز؟ بايىقى جىيا يۈيسۈن دېگەن خۇنپەر بۇنى نەدىن ئاڭلاپ قالغانكىن، بىر پەتىۋا تېپىپ، دۇگىنا تاشۋايىنى خانلىققا تۆلەيدىغان قەرزىگىنى كېچىكتۈرۈپسەن، دېگەن بوھتان بىلەن يامۇلغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا: «خانلىققا تۆلەيدىغان قەرزىڭ ئۈچۈن، ئۆيىۋاقىڭ سېتىلىپ تۆلەمگە تۇتۇپ بېرىلىدۇ» دەپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ يەلپۈگۈچلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، تەكسە بويىچە باھاغا سۇندۇرۇپ بېگىمگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى دۇگىنا تاشۋاينىڭ ئۆلۈك ــ تىرىكلىكى مەلۇم ئەمەس، بېگىم غوجامدىن: «خەق ئەجەب ئالالاپتۇغۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، غوجام: «ئاشۇنچىلىك



www.uyghurkitap.com

ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈنمۇ خەقنى خانىۋەيران قىلىۋەتسە، بۇنى قولىدىن ئىش كەلگەنلىك دېگىلى بولماس» دەپ تاشلاپتىكەن، ماڭا گەپ ياندۇردۇڭ دەپ بېگىمنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپتۇ. بۇ بىر ئىش. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىرقانچە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۆتكەن ئوخشايدۇ، مېنىڭمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ غوجامنى تاياق ئاستىغا ئاپتۇ. غوجامنى ياكى ياتقۇزۇپ دەررە سالماپتۇ، يا كالتەك ئىشلەتمەپتۇ، نېمە بىلەن ئۇرغانتىكىنتاڭ، بىرلا ئۇرغانىكەن، غوجامنىڭ يۈزىدىن ئىككى يەرنى يېرىۋېتىپتۇ. ھاما خېنىمنىڭكىدە تاياق يارىسىغا سۈرىدىغان بىر خىل دورا بار دەپ ئاڭلىغانىدۇق، خان قىز، شۇ دورىدىن ماڭا بىر كۈملاچ تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز.

باۋچەي ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىڭئېرنى شۇ زامان جورۇپ، دورىدىن ئىككى كۈملاچنى پىڭئېرغا تاپتۇرۇپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا، مەندىن سالام ئېيتىپ قويغىن. مەن بارمايلا قوياي، — دېدى باۋچەي.

پىڭئېر باۋچەيگە خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

شياڭلىڭ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، كەچلىك غىزا يېيىلىپ بولغاندا، باۋچەيلەر جيا ئانىنىڭ يېنىغا كەتتى، شياڭلىڭ بامبۇكزار سارايغا كەلدى. شۇ كۈنلەردە دەيىۈي خېلىلا ساقىيىپ قالغانىدى، شياڭلىڭنىڭمۇ باغقا كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇ بەك خۇشال بولدى.

— بۇ يەرگىمۇ كۆچۈپ كىردىم، چولىڭىز تېگىپ قالسا ماڭا شېئىر يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىزغۇ تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەن بولاتتى، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈپ.

— شېئىر يېزىشنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ، مېنى ئۇستاز

تۇتساڭ بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ دەييۇي، — ئۆزۈمنىڭغۇ ئانچىمۇ ياخشى يازالمايمەن، شۇنداقتىمۇ ساڭا ئانچە - مۇنچە ئۆگىتىپ قويۇش قولۇمدىن كېلىدۇ.

— شۇنداق قىلىدىغانلا بولسىڭىز سىزنى ئۇستاز تۇتىمەن، بىراق مەندىن بىزار بولمىسىڭىزلا بولدى.

— ئۆگىنەلمىگۇدەك ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس! شېئىر دېگەندە مۇقەددىمە، بايان، ئەگىتمە، خاتىمە① دېگەن تەركىبلەر بولىدۇ شۇ. بۇلاردىن بايان بىلەن ئەگىتمە ئىككى جۈپ بېيىت شەكلىنى ئالىدۇ، تەكشى ئاھاڭدىكى ئۇرغۇلار قېتىشما ئاھاڭدىكى ئۇرغۇلارغا، ياردەمچى مەنىلىك سۆزلەر مۇستەقىل مەنىلىك سۆزلەرگە، مۇستەقىل مەنىلىك سۆزلەر ياردەمچى مەنىلىك سۆزلەرگە تەڭكەش بولۇپ كېلىدۇ. مۇبادا، ئاجايىپ بىرەر مىسرا ۋۇجۇدقا كېلىپ قالغۇدەك بولسا، تەكشى ئاھاڭدىكىسى بىلەن قېتىشما ئاھاڭدىكىسىنى ۋە ياردەمچى ياكى مۇستەقىل مەنىلىك سۆزلەرنى تەڭكەش قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— كونا شېئىر كىتابلىرىدىن بىرەرىنى ئېلىپ چولام تەگكەندە ئاراپ ئوقۇپ باقسام، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈمسىرەپ، — ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەڭكەش قىلىپ كەلتۈرۈلگەنلىرىمۇ، تەڭكەش قىلىنمىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاندىن يەنە: «بىر، ئۈچ، بەشىنىڭ كارى چاغلىق، ئىككى، تۆت، ئالتىسى بولسۇن ئېنىق»② دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىغانىدىم.

---

① بۇلار كۆپىنچە كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنىڭ قاتمۇقات تۈزۈلۈشى: مۇقەددىمە — ماۋزۇ تاللاپ باشلاش؛ بايان — مەقسەتنى تۈگىتىپ قويماي، باش - ئايىغىنى ئۇلاپ ئانچە - مۇنچە جارى قىلىش؛ ئەگىتمە — گەپنى يۆتكەپ يېڭى چۈشەنچە بېرىش؛ خاتىمە — كىتابخانىغا ئويلاش ئۈچۈن ئىمكان قالدۇرىدىغان چوڭقۇر مەنىنى ئىخچاملاپ بېرىش.

② مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە، كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرىيەتچىلىكتە ھەر بىر خەت (سۆز) نىڭ تونال - ئۇرغۇلىرىنىڭ مەلۇم قائىدىسى بولىدۇ. لېكىن، ئادەتتە، بىرىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى خەت (سۆز) لەرنىڭ ئۇرغۇلىرى خاتا بولۇپ قالسىمۇ كارى چاغلىق، ئىككىنچى، تۆتىنچى، ئالتىنچى خەت (سۆز) لەردە ئۇرغۇ خاتا بولمىسىلا بولدى دەپ قارىلاتتى.

قەدىمكىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇسام، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئوڭۇشلۇق چىققانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىككى، تۆت، ئالتىنچىلەردە خاتا قىلغانلىرىمۇ بار ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ قايمۇقۇپلا يۈرەتتىم. بۈگۈن سىز دەپ بېرىۋىدىڭىز چۈشىنىۋالدىم. ئەسلىدە ئۇنداق قائىدىلەرگە بېرىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن، يېڭى ۋە ئاجايىپ سۆز - ئىبارىلەردىن تۈزۈلگەن مىسرالارلا ياخشى بولۇپ چىقىدىكەن.

— ھەببەللى، يولى شۇ، — دېدى دەييۈي، — سۆز - ئىبارىلەرمۇ ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى پىكىر - مەنە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، پىكىر - مەيل چىن - ھەقىقىي بولسا، سۆز - ئىبارىلەرنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرمىسىمۇ، ئۆزىلا ياخشى مىسرا بولۇپ شەكىللىنىۋېرىدۇ. بۇنى «مەنىگە سۆزلەر بىلەن نۇقسان يەتكۈزۈلمىگەي» دەپ ئاتايدۇ.

— ماڭچۇ، لۇ فاڭۋېڭنىڭ① «ئاچمىسا پەردىنى قات - قات ساقلىنۇر خۇشبۇي ئەبەد، توپلىنىپتۇ شۇنچە سىياھ، بولسىمۇ تېپىز دۇۋەت» دېگەن مىسرالىرى يارايدۇ، بۇنىڭدا پىكىر چىن ۋە قىزىقارلىق بايان قىلىنغان، — دېدى شياڭلىڭ.

— بۇنداق شېئىرلارنى زادىلا ئوقۇماسلىق كېرەك، — دېدى دەييۈي، — سىلەر شېئىرنى ئوقۇمىغاچقا، مۇشۇنداق ئاددىي شېئىرلارنى كۆرسەڭلار يارىتىپ قالىدىكەنسىلەر. ئادەم مۇنداق قېلىپقا كىرىپ قالسا ھېچنېمىنى ئۆگىنىپ چىققىلى بولمايدۇ. ماڭا قۇلاق سالغىن، چىن كۆڭلۈڭدىن ئۆگەنمەكچى بولساڭ، مېنىڭدە «ۋاڭ موجيې دىۋانى»② بار. ئۇنىڭ بەش سۆزلۈكلىرىدىن

① لۇفاڭۋېڭ — يەنى لۇيۇ (1122 — 1210)، لەقىمى ۋۇگۇەن، تەخەللۇسى فاڭۋېڭ، يۇيجۇ (جېجياڭ) شەنيىڭ (شاۋشىڭ) لىق كىشى، سۇڭ دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىر.

② ۋاڭ موجيې — يەنى ۋاڭ ۋېي (689 — 760)، تاڭ دەۋرىدىكى شائىر، شۇەنزۇڭ خان زامانىسىدا باش مىرزىبەگ بولغان، «ۋاڭ موجيې دىۋانى» ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى.

www.uyghurkitap.com

يۇز شېئىرنى پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن مەنىسىگە يېتىپ پىششىق ئۆگىنىپ چىققىن. ئاندىن دۇ ئاقساقالنىڭ① يەتتە سۆزلۈكلىرىدىن بىر يۈز يىگىرمە شېئىرنى ئوقۇغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن لى چىڭلىيەننىڭ② يەتتە سۆزلۈكلىرىدىن بىر يۈز يىگىرمە شېئىرنى ئوقۇپ چىق. قورسىقىڭدا مۇشۇ ئۈچ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى خېمىرتۇرۇچ قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن تاۋيۈەنمىڭ، يىڭ، ليۇ، شيې، رۈەن، يۈي، باۋلارنىڭ③ شېئىرلىرىنىمۇ كۆرۈپ باققىن. سەن ئۆزۈڭمۇ ئەقىللىك، چېچەن قىز، بىر يىلغا قالمايلا سېنىڭ مەن شائىر ئەمەس دەپ قايغۇرۇشۇڭغا ئورۇن قالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈپ كېتىپ، — ئوبدان خېنىم، ھېلىقى سىز دېگەن كىتابنى ئېلىپ بەرسىڭىز، ئالغاچ كېتىپ، كېچىچە بىرقانچە شېئىرنى ئوقۇپ چىقسام ياخشى بولاتتى.

دەييۈي ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە، زىجۈەننى ۋاڭ موجيېنىڭ بەش سۆزلۈك شېئىرلىرى دىۋانىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى، كىتابنى شياڭلىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— قىزىل دۆڭگىلەك قويۇلغانلىرىنىلا ئوقۇغىن، ئۇلارنى مەن

---

① دۇ ئاقساقال — تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر دۇفۇ، يەنە بىر دۇمۇ دېگەن شائىردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «دۇ ئاقساقال» دەپ ئاتىغان.

② لى چىڭلىيەن — يەنى لى بەي (701 — 762)، تەخەللۇسى تەيبەي. ياشلىقىدا سىچۈەن ئۆلكىسى جاڭمىڭ ناھىيەسىنىڭ چىڭلىيەن يېزىسىدا تۇرغانلىقتىن، ئۆزىگە چىڭلىيەنلىك زاھىت دەپ نام قويۇۋالغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى لى چىڭلىيەن دەپ ئاتاشقان.

③ تاۋيۈەنمىڭ — تاۋچيەن؛ يىڭ — يىڭ ياڭ (? — 217)، تەخەللۇسى دېليەن، ۋېي خانلىقى دەۋرىدىكى رۇنەنلىك شائىر؛ ليۇليۇجېن ( ?— 217) - ۋېي خانلىقى دەۋرىدىكى دۇڭپىڭلىق شائىر، تەخەللۇسى گۇڭگەن؛ شيې — شيې لىڭيۈن (385 — 433) جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى شائىر؛ رۈەن — رۈەن جى (210 — 263)، خېنەن ئۆلكىسىدىكى چېنلۇلۇق شائىر؛ يۈي — يۈي شىن (513 — 581)، تەخەللۇسى زىدشەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدىكى شائىر؛ باۋباۋجاۋ (321 — ?465) — تەخەللۇسى مىڭيۈەن، جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى شائىر.

تاللاپ قويغان، — دېدى دەييۈي، — شۈلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىققىن. چۈشەنمىگەنلىرىڭنى سىلەرنىڭ خان قىزدىن سورا ياكى مېنى ئۈچرىتىپ قالغىنىڭدا مەن دەپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

شياڭلىڭ دىۋاننى ئېلىپ ئاساۋنزار هويلىغا يېنىپ كەلدى. هېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولماستىن، چىراغ تۈۋىدە شېئىرلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. باۋچەي ئۇنى ئۇخلا دەپ نەچچە سۆيلەپ كەتسىمۇ ئۇخلىمىدى، باۋچەي ئۇنىڭ بۇنداق قېتىرقىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى.

بىر كۈنى دەييۈي ئەمدىلا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، شياڭلىڭ كۈلۈمسىرىگەن پېتى كىتابنى ئەكېلىپ بەردى ۋە دۇفۇنىڭ شېئىرلىرىنى سورىدى.

— جەمئىي قانچىلىك شېئىرنى ئەسلىۋالالىدىڭ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ دەييۈي.

— قىزىل دۈگىلەك قويۇلغانلا شېئىرنى قويماي ئوقۇپ چىقتىم، — دېدى شياڭلىڭ.

— چۈشىنەلىدىڭمۇ؟

— ئانچە - مۇنچە چۈشەنگەندەك قىلدىم، لېكىن توغرا چۈشەندىممۇ، بۇنى بىلمەيمەن، مەن سىزگە دەپ بېرىپ باقاي.

— مانا مۇشۇنداق مۇهاكىمە قىلىشقاندىلا يۈكسەلگىلى بولىدۇ. قېنى ئېيتىپ باق، قۇلىقىم سەندە.

— مېنىڭ قارىشىمچە، شېئىرنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تىل بىلەن ئىزهار قىلغۇسىز مەنە بولىدىكەن، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈمسىرەپ، — بىر ئويلىسام، راستتەكلا تۇيۇلىدۇ. ئورۇنسىزدەكمۇ بىلىنىدۇ، بىر ئويلىسام، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپمۇ كۆرۈنىدۇ.

— بۇ گېپىڭ خېلى مەنىلىك گەپ بولدى. لېكىن، بۇ

چۈشەنچىنى نەدىن ھاسىل قىلدىڭكىنتاڭ !

— مەن ئۇنىڭ «قورۇلغا»① دېگەن شېئىرىنى ئوقۇسام، ئۇنىڭدا «چۆلدە يالغۇز ئۆرلىدى تىك ئىس ـ تۈتۈن، ئۇزۇن دەرياغا پاتتى دۈگىلەك كۈن» دېگەن بېيىت بار ئىكەن. ئويلاپ باقسام، كۈنغۇ دۈگىلەك بولىدۇ، ئىس ـ تۈتۈن قانداقسىغا تىك ـ ئۇدۇل بولسۇن؟ «تىك ـ ئۇدۇل» دېگەن سۆزى ئورۇنسىز كەلگەن. «دۈگىلەك» دېگەن سۆز تولىمۇ چاكىنا ئىكەن، كىتابنى يېپىپ قويۇپ خىيال سۈرۈپ باقسام، ئاشۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىدىم. ئاندىن ئىككى سۆزنى باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتەي دېۋىدىم، ھېچلا مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم. ئاندىن يەنە: «پاتسا كۈن ئاقىرىدۇ كۆل ۋە ئېقىن، كۆپسە سۇ كۆكىرىدۇ ئاسمان ـ زېمىن» دېگەن مىسرالىرىدىكى «ئاقىرىدۇ» «كۆكىرىدۇ» دېگەن سۆزلىرىمۇ ماڭا ئورۇنسىزدەك بىلىندى. كېيىن ئويلاپ قارىسام، مەنزىرىنى پەقەت ئاشۇ ئىككى سۆزلا تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىكەن. يادقا قايتا ئوقۇپ كۆرسەم، گويا بىرقانچە مىڭ جىڭ كېلىدىغان زەيتۇن دەرىخىدەك ۋەزمىن بولۇپ تۇيۇلدى. يەنە: «قالدى شولا كۈن پېتىپ ئۆتكەل سايىدا، ئۆرلىمەكتە يەككە ئىس مەلە ـ جايىدا» دېگەن مىسرالىرىدىكى «قالدى شولا» «ئۆرلىمەكتە» دېگەن سۆزلەرنى ئۇ قانداق ئويلاپ تاپتىكىنتاڭ ! بىز قايسى يىلى پايتەختكە كېلەشىمىزدە، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كېمىنى ئۆتكەل بويىغا قايرىپ قىرغاققا چىقتۇق. ئۇ يەردە ئادەمدىن ئەسەر يوق، پەقەت بىرنەچچە تۈپ دەرەخلا كۆرۈندى، يىراقتا بىرقانچە ئۆيلۈك كەچلىك غىزا ئېتىۋاتسا كېرەك، ئۇلارنىڭ مورىلىرىدىن چىققان تۈتۈن زەڭگەرسىمان بۇلۇتقا قوشۇلۇپ باراتتى، ئاخشام بۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇغىنىمدا، گويا مەن ئۆزۈمنى يەنە شۇ جايغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

---

① «قورۇلغا» — ۋاڭ ۋېينىڭ «قورۇلغا ھەيدىلىش» دېگەن شېئىرى.



www.uyghurkitap.com

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، باۋيوي بىلەن تەنچۈن كىرىپ قېلىپ، ئۇلارمۇ شياڭلىڭنىڭ شېئىر توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتى.

— بۇنچىلىك بولغاندىن كېيىن، شېئىر كىتابلىرىنى ئوقۇشنىڭمۇ هاجىتى قالماپتۇ، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — «بىلمەك ئۈچۈن يىراقتىن ئىزدەنمە» دەپتىكەن، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭدىن «سامادى»①غا يېتىشكەنلىكىڭ مەلۇم بولۇپ قالدى.

— سەن ئۇنىڭ «ئۆرلىمەكتە يەككە ئىس» دېگەن ئىبارىسى ياخشى ئىكەن دەيسەن، لېكىن بۇ ئىبارىنى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرنىڭكىگە تەقلىد قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن. ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي ھەم تەييار ئىبارىدىنلا ئىبارەت بولغان مۇنۇ ئىككى مىسرانى كۆرسىتەي، — دەيىيوي كۈلۈمسىرىگىنىچە، تاۋيۈەنمىڭنىڭ «غىل - پال قىلۇر يىراقتا خەقنىڭ مەلىسى، ئاستاغىنا كۆككە ئۆرلەپتۇ مەلىنىڭ ئىسى» دېگەن مىسرالىرىنى ۋاراقلاپ تېپىپ شياڭلىڭغا كۆرسەتتى. شياڭلىڭ ئوقۇپ چىقىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ماختىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە:

— «ئۆرلىمەك» دېگەن سۆز «ئاستاغىنا كۆككە ئۆرلەپتۇ» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققانىكەن - دە! — دېدى كۈلۈپ.

— راستىلا يېتىشىپسەن! — دېدى قاقاھلاپ كۈلۈپ باۋيوي، — بولدى، سۆزلىمەيلا قوي، يەنە سۆزلەۋەرسەڭ ئۆگىنىشتىن چەتلەپ كېتىسەن. ئەمدى ئۆزۈڭ يازدىغان بولساڭ چوقۇم ياخشى يازىسەن.

— ئەتە سېنى جەمئىيىتىمىزگە تەكلىپ قىلىپ باغاق ئەۋەتسەم بولغۇدەك، — دېدى كۈلۈپ تەنچۈن.

— خېنىم، مېنى زاڭلىق قىلماڭچۇ! — دېدى شياڭلىڭ، — كۆڭلۈمدە قىزىقسىنىپ، بۇ ئويۇن - ئەرمەكنى ئۆگىنىۋالاي دېگەنىدىم شۇ.

---

① «سامادى» — بۇددا ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدا «ھېكمەت» «سىرىغا يەتمەك» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

— كىم بۇنى ئويۇن ـ ئەرمەك قىلماپتۇ؟ — دېيىشتى تەنچۇن بىلەن دەيىۋي تەڭلا كۇلۇشۇپ، — سېنىڭچە، بىز ئىخلاس بىلەن شېئىر يېزىۋېتىپتۇق ـ دە ! بىزنى راستلا شېئىر يازىدىكەن دېگەن گەپ باغدىن سىرتقا تارايدىغان بولسا، كىشىلەر كۇلۇپ قېتىپ قالار !

— بۇ ئۆزىمىزنى بەك كەمسىتكەنلىك بولۇپ قالدى، — دېدى باۋيۈي، — قايسى كۈنى مەن سىرتتا مىرزا موللامىلار بىلەن رەسىم توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقىنىمدا، ئۇلار بىزنىڭ مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قېلىپ، قول يازمىلارنى بىزگە كۆرسىتىپ باقسىڭىز، دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى، مەن بىرقانچە شېئىرنى بولۇشىغىلا يېزىپ كۆرسىتىۋىدىم، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇلار ئويۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆچۈرۈۋېلىشتى تېخى.

— بۇ راست گەپمۇ؟ — دەپ سوراشتى تەنچۇن بىلەن دەيىۋي تەڭلا.

— يالغان ئېيتىدىغىنى ئاۋۇ قونداقتىكى شاتۇتى، — دېدى كۇلۇپ باۋيۈي.

— خىيالىڭىزغا كەلگىنىنى قىلىدىكەنسىز ! — دېيىشتى دەيىۋي بىلەن تەنچۇن، — يازغانلىرىمىزنىڭغۇ شېئىر دېگۈچىلىكى يوق، شېئىر ئىكەن دېگەندىمۇ، بىزنىڭ پۈتۈكلىرىمىز تالا ـ تۈزگە تارالماسلىقى كېرەك ئىدى !

— نېمىدىن قورقىسىلەر ! — دېدى باۋيۈي، — قەدىمكى ھەرەمخانىدىكىلەرنىڭ پۈتۈكلىرى سىرتقا تارالمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ھېچكىم بىلمىگەن بولاتتى.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ تۇرۇشىغا شىچۈن ئەۋەتكەن رۇيخۇا كېلىپ باۋيۈينى تەكلىپ قىلدى. باۋيۈي چىقىپ كەتتى. شياڭلىڭ دۇفۇنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىپ تۇرۇڭ دەپ تۇرۇۋالدى، ئاندىن دەيىۋي بىلەن تەنچۇنگە:

— ماۋزۇ ئېيتىپ بەرسىڭىزلار شېئىر توقۇپ باقسام، توقۇپ

چىققىنىمنى تۇزىتىپ بەرسىڭىزلار، ــــ دەپ يالۋۇردى.

ــــ ئاخشام ئاي شۇنداق چىرايلىق چىقىپتۇكى، بىر شېئىر توقۇي دەپ توقۇيالماي قالدىم، ــــ دېدى دەيىۇي، ــــ سەن بىر پارچە شېئىر يېزىپ باققىن، «ئون تۆتىنچى» قاپىيەدە بولسۇن، ئۆزۈڭ خالىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىۋەرگىن.

شياڭلىڭ خۇشال بولۇپ، دۇفۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئېلىپ يېنىپ كەلدى. بىردەم باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ، ئىككى مىسرا يېزىپ باقتى. دۇفۇ شېئىرلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، ئۇنىڭدىن ئىككى شېئىر ئوقۇدى. ئاشۇنداق قىلىپ، غىزاغىمۇ كۆڭلى تارتماي، بىرەر يەردىمۇ ئولتۇرالمايلا قالدى.

ــــ نېمانچە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئاۋارە قىلىدىغانسەن؟ ــــ دېدى باۋچەي، ــــ بۇنىڭ ھەممىسى قەلەم قاشنىڭ تاپقان ئىشى. خەپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بولسام. سەن بىر گومۇش ئىدىڭ، ئەمدى بۇ قىلىقنى چىقىرىپ تېخىمۇ گالۋاڭ بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ!

ــــ جېنىم خېنىم! مېنى ئىلەشتۇرمىسىڭىزچۇ! ــــ دەپ قويۇپ، شياڭلىڭ كۈلگىنىچە بىر پارچە شېئىرنى يېزىپ چىقىپ، ئاۋۋال باۋچەيگە كۆرسەتتى. باۋچەي كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى.

ــــ بۇ ياخشى يېزىلماپتۇ، بۇنداق يازمايدۇ، ــــ دېدى ئۇ، ــــ سەن ئىزا تارتماي، دەيىۇي قىزغا كۆرسىتىپ باق، قېنى ئۇ نېمە دەيدىكىن.

شياڭلىڭ شۇنىڭ بىلەن شېئىرنى ئېلىپ دەيىۇينىڭ يېنىغا كەتتى. دەيىۇي شېئىرنى ئوقۇدى، ئۇ مۇنداق يېزىلغانىكەن:

ئايدىكى دالچىندا تۇننىڭ قارىيىپتۇ رەڭ ـ تۈسى،
ئاپپاق ـ ئاپپاق نۇر ئىچىدە تۇرۇلۇپتۇ سايىسى.
شەۋقى ئاشقان شۇ شائىرنىڭ ئوينىماق يادى ـ ئېسى،
تاقىتى قالماي قاراشقا ئاشتى غېرىب قايغۇسى.

لېۋىگە زۇمرەت راۋاقنىڭ ئېسىلىپتۇ قاش ئەينەك،
ئىلىنىپتۇ ئۇنچە پەردە ئېشىغا مۇز تۇنكىسى[1].
شۇنچە ئايدىڭ كېچە تۇرسا نېمە ھاجەت شام ـ چىراغ،
جىلۋە ئەيلەر گۈل شادىدا رەڭمۇرەڭ نۇر ـ شولىسى.

— مەنىسىغۇ بار ئىكەن. لېكىن، سۆز ـ ئىبارىلىرى پاساھەتلىك بولماپتۇ، — دېدى دەيىۋى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئوقۇغان شېئىرلىرىڭ تېخى ئازلىق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ شېئىرلار سېنى چىرمىۋاپتۇ. بۇ شېئىرنى چۆرۈۋېتىپ، باشقىدىن بىرنى يېزىپ چىققىن. قورۇنماي تېخىمۇ يۈرەكلىك يېزىۋەرگىن.

شياڭلىڭ ئۈن چىقماستىن يېنىپ كەلدى، ھەتتا ئۆيگىمۇ كىرمەستىن، كۆل بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە، بىردەم تاش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ باقتى، بىردەمدىن كېيىن زوڭزىيىپ يەرنى تاتىلاپ ئولتۇردى، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇنىڭغا ھەيران قېلىشتى. لى ۋەن، باۋچەي، تەنچۈن، باۋيۈيلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىراقتىكى قاپتالدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كۈلۈشەتتى. قارىسا، ئۇنىڭ بىردەم قوشۇمىسى تۈرۈلەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۆزىچە كۈلۈپ قوياتتى.

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — كېچىچە گۇدۇڭشىلاپلا چىقتى. بەشىنچى جىڭ قېقىلغاندىلا ئۇخلىغاندى، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا تاڭ ئاتتى. قۇلاق سالسام، ئۇ قوپۇپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ بېشىنى تاراپلا قەلەم قاشنىڭ يېنىغا كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يېنىپ كېلىپ كەچكىچە گاڭگىراپ يۈردى، بىر شېئىر يېزىپتىكەن، ياخشى چىقماپتۇ، شۇ تاپتا باشقىدىن يېزىۋاتسا كېرەك.

— «ياخشى جايدىن ئېسىل ئادەم چىقىدۇ» دېگەننىڭ ئۆزى

---

① «قاش ئەينەك»، «مۇز تۇنكا» — ئاينى كۆرسىتىدۇ. «قاش ئەينەك» (قاشتاش ئەينەك) ئاي يورۇقىنىڭ تەسۋىرى، «مۇز تۇنكا» (مۇز لېگەن، مۇز تاۋاق) ئاينىڭ مۇزدەك سوغۇقلۇقىنىڭ تەسۋىرى.

شۇ ـ دە ! ـــ دېدى باۋيۇي، ـــ تەڭرى ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا ھېسسىياتنى بىكارلا بەخش قىلمىغان. بىز ئەتىدىن ـ كەچكىچە: ئىسىت، ئۇ ئەجەبمۇ شۇنچە قارىپاي بولۇپ قاپتىكەن، دەپ يۈرۈشەتتۇق ! ئۇنىڭ بوگۇنكى بۇ ئەھۋالىنى كىم ئويلاپتۇ ! دېمەك، ئالەمنى ياراتقۇچى بەك ئادىل ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋچەي كۈلۈۋەتتى:

ـــ سىزمۇ شۇنىڭدەك قېتىرقىنىدىغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. ئۆگىنىمەن دېسە ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدىغان ئىش يوققۇ؟ ـــ دېدى.

باۋيۇي بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى. شياڭلىڭ خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن يەنە دەييۇينىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ـــ بىزمۇ كەينىدىن بارايلى، قېنى ئۇنىڭدىن نېمە قىزىقچىلىق چىقاركىن، ـــ دېدى تەنچۈن كۈلۈپ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار بامبۇكزار سارايغا ماڭدى. دەييۇي قولىدا شياڭيۇن يازغان شېئىر، شياڭلىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ـــ قانداقراق يېزىپتۇ؟ ـــ دەپ سوراشتى ئۇلار.

ـــ دەرۋەقە ئۇنى قىيناپ قويۇپتۇق، يەنىلا ياخشى يازالماپتۇ، ـــ دېدى دەييۇي، ـــ بۇ شېئىردا تولىمۇ زورۇقۇپ كېتىپتۇ، باشقىدىن يازمىسا بولمايدىكەن.

كۆپچىلىك شېئىرنى ئېلىپ كۆرۈشتى. شېئىر مۇنداق يېزىلغانىدى:

جىلۋە قىلۇر سۇ ئەمەس ياكى كۇمۇش، پەنجىر ئارا،
ئورىۋاپتۇ قاش تاۋاقنى كۆك پەلەك زەڭگەر ئارا.
زەپ خۇنۇك مېيخۇا ئاڭا بەرمەكچىمۇ يا خۇش پۇراق،
كۆز غولى كۆرۈندى تالنىڭ يىپ چىۋىق ـ زەنجىر ئارا.
ئۇپا ـ ئەڭلىك قالدۇقى يۇققانمىكىن زەر تەكچىگە،
ئانچە قىروۋ قاش سالاسۇنغا سۇۋالغانمۇ گويا.

غەربىي راۋاقتا ئويغانسام يوق كىشىدىن ھېچ ئەسەر،
بولدى پەردىدىن كۆرۈنگەندەك ئۇنىڭ يۈزى قىيا.

— ئاينى كۆيلىگەندەك بولماپتۇ، — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، — ئاي دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «شولا» سۆزىنى قوشۇپ قويسا توغرا كەلگۈدەك. قارىغىنا، ھەربىر مىسراسى ئاينىڭ شولىسىنى ئەكس ئەتكۈزگەندەك قىلىدۇ ... بوپتىلا، ئەسلىگۇ شېئىر ھەرقىسما سۆزلەۋەرگەندىن كېيىن چىقىدۇ. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ياخشى يازىدىغان بولىسەن.

شياڭلىڭ بۇ شېئىرىم قالتىس ئوبدان چىقتى دەپ ئويلىغانىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلى سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىشتىن قول ئۈزمەي يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھەمشىرىلەرنىڭ زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماي، پەلەمپەي تۈۋىدىكى بامبۇك ئالدىغا ئۆزى يالغۇز كېلىپ، باشقا ھېچقانداق نېمىگە قۇلاقمۇ سالماي، قاراپمۇ قويماي، پۈتۈن پىكرى ـ زىكرى بىلەن خىيالغا چۆمۈپ كەتتى. بىر چاغدا تەنچۈن دېرىزىدە تۇرۇپ:

— شياڭلىڭ خېنىم، ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— «ئارام» سۆزى «ئون بەشىنچى قاپىيەلەر» تۈركۈمىگە كىرىدۇ، بۇ يەردە قاپىيەگە چۈشمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شياڭلىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

باشقىلار بۇ گەپكە ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۇ راستىلا شېئىرنىڭ شەيداسى بولۇپ قاپتۇ! بۇنىڭ ھەممىسى قەلەم قاشىنىڭ تاپقان ئىشى! — دېدى باۋچەي.

— پەيغەمبەر: «ھارماي ـ تالماي ئۆگەت» دەپتىكەن، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — شۇڭا ئۇ مەندىن سوراپ كەلسە، مەن دەپ بەرمىسەم بولماس!

— بىز ئۇنى تۆتىنچى خان قىزنىڭكىگە باشلاپ بارايلى، — دېدى لى ۋەن، — شىچۈن قىزنىڭ سىزغان رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇ

سەل خۇدىنى يىغىۋالار بەلكىم.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە نېلۇپەر سەيناسىغا قاراپ مېڭىپ، ئىللىق بوي توسۇققا كېلىشتى. شىچۇن ھېرىپ كېتىپ، كاتتا قىڭغايغىنىچە چۇشلۇك ئۇيقۇغا كەتكەندى، تام ئارىلىقىدا رەسىم يۆلەكلىك بولۇپ، ئۇستىگە شايى يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇلار شىچۇننى ئويغىتىۋېتىشتى، شايىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئون شىپاڭدىن ئاران ئۇچى سىزىلىپ بوپتۇ. رەسىمدە بىرقانچە گۈزەل قىزلارنىڭ سۈرەتلىرىمۇ تۇراتتى. ئۇلار شياڭلىڭغا:

— شېئىر يازالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ رەسىمگە چۈشۈرۈلىدۇ، يېزىشنى چاپسانراق ئۆگىنىۋال، — دېدى.

ئۇلار بىردەم ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى. شياڭلىڭنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى يەنىلا شېئىردا ئىدى. ئۇ كەچتە چىراغقا قاراپ بىر پەس خىيال سۈردى، ئۇچىنچى جىڭ قېقىلغاندىن كېيىن كاتقا چىقىپ ياتتى، لېكىن كىرپىك قاقماي چىقتى، تاكى بەشىنچى جىڭ قېقىلغاندىلا خىرە ـ شىرە ئۇيقۇغا كەتتى.

بىردەمدىن كېيىنلا تاڭ يورۇدى. باۋچەي ئويغىنىپ قۇلاق سېلىپ باقتى، شياڭلىڭنىڭ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆز كۆڭلىدە: «ئۇ كېچىچە ئېغىناپ چىقتى، شېئىر يازالىدىمىكىن؟ شۇ تاپتا ھېرىپمۇ كەتكەندۇ، ئۇنى ئويغاتمايلا قوياي» دەپ ئويلاپ تۇراتتى، شياڭلىڭ كۈلگىنىچە: «ھە، ئەمدى بولغاندۇ ! بۇ شېئىرىمغۇ يامان ئەمەستۇ؟» دەپ چۇشەكىدى. باۋچەي بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى، بىر تۇرۇپ كۈلگۈسىمۇ كەلدى.

— نېمە تېپىۋالدىڭ؟ — دەپ ئويغاتتى شياڭلىڭنى ئۇ، — سېنىڭ مۇنداق ئىخلاسمەنلىكىڭ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىمۇ تەسىرلەندۇرۇۋەتكەندۇ ... شېئىر يېزىشنى ئۆگىنەلمەي ئۆزۈڭگە كېسەل تېپىۋالمىغىن يەنە !

باۋچەي يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ، ھەمشىرىلىرى بىلەن جىيا ئانىنىڭ يېنىغا كەتتى.

شياڭلىڭ شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىشكە قاتتىق بەل باغلىغانىدى، ئەمما پۈتۈن پەم ـ پاراسىتىنى توپلاپ، شۇنچە ئېتىشسىمۇ كۈندۈزلىرى ھېچ قاملاشتۇرالماي كېلىۋاتاتتى، بىردىنلا چۈشىدە سەككىز مىسرانى تاپتى ـ دە، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپلا قەغەزگە يېزىپ، ئەترەپشان شىپاڭغا كەلدى. لى ۋەن بىلەن باشقا ھەمشىرىلەر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن يېنىپ كەلگەندە، باۋچەي ئۇلارغا شياڭلىڭنىڭ چۈشىدە شېئىر يازغانلىقى ۋە چۈشەكىنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانىكەن. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ تۇرۇشىغا شياڭلىڭ كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىنى كۆرۈشكە ھەممىسى تەڭلا ئېتىلدى. ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتا ئوقۇغايسىز.

# قىرىق توققۇزىنچى باب

## بىللۇر دۇنياسىدا قىزىل مېيخۇانىڭ ئاق قاردا جىلۋىلەنگەنلىكى ئۈپا - ئەڭلىك سۈرتكەن خۇشبۇي قىزلارنىڭ بەتبۇي گۆش يېگەنلىكى

شياڭلىڭ ئۇلارنىڭ زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئالدىغا باردى - دە، كۈلۈپ دېدى:

— ماۋۇ شېئىرنى كۆرۈپ بېقىڭلار، سىلەرگە ياراپ قالسا يەنە ئۆگىنىۋېرىمەن. بۇمۇ ياخشى بولمىسا، شېئىر يېزىش نىيىتىدىن يېنىپ ئىككىنچى شېئىر يازمايمەن.

ئۇ شېئىرنى دەييۈي بىلەن باشقىلارغا ئۇزارتتى. ئۇلار شېئىرنى ئوقۇپ كۆردى:

بولمىغاي ياپقىلى ئايىنى، تولدى رەڭدار جىلۋىسى،
سايىسى ئاندىن چىرايلىق، سۈپسۈزۈك مۇز چېھرىسى،
يورۇغاچ جاھان شۇنىڭدىن قوپتى پاقىلداق ھامان①،
چىلىلىدى توخۇ، تاڭ ئاتتى، سۇندى ئايىنىڭ شولىسى،
كۈزگى ئايدىڭدا قېيىقتىن ياڭرىدى نەي ئەسلىتىپ②،
تايىنىپ شادىغا ئويلار قىز راۋاقتا كېچىسى.

① «قوپتى پاقىلداق ھامان» — ئاي تۇغۇپ، زېمىننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەچكە، سۇ بويىدا پاقىلدىتىپ كىر يۇغان ئاۋازلار پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرماقتا، دېمەكچى.

② «... نەي ئەسلىتىپ» — كۈز كۈنىدىكى ئايدىڭ كېچىدە، لەيلەپ يۈرگەن قېيىقتىكى پىچان يامغۇرلۇق كىيگەن يىگىت چالغان نەي ئۆچرىشالمىغان يارنى ئەسلەتتى، دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ ئاي تولۇن بولالماس نېمە چۈن تېپىپ ۋىسال؟ —
تۈپ سەۋەبكار — ئۆزگە قويغاي سوئال ئاي پەرىسى[①].

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆپچىلىك:
— بۇ شېئىر ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاجايىپ كۆركەم ھەم قىزىقارلىق بوپتۇ. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن ماقال توغرا ئېيتىلغانىكەن. مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزگە سىنى چوقۇم تەكلىپ قىلىمىز! — دېدى كۈلۈشۈپ.
شىياڭلىڭ بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇلار مېنى گۇللاۋاتىدۇ دەپ، دەيىۋي ۋە باۋچەيلەردىن يەنە سوراپ تۇرۇۋالدى.
شۇ ئەسنادا، بىرقانچە چۆرە قىزلار ۋە خىزمەتكار مومايلار ھاپىلا-شاپىلا كىرىپ خەۋەر قىلىشتى:
— بىرمۇنچە خان قىزلار، كېلىن ئاغىچىلار كەلدى، ئۇلارنى بىز تونۇمايدىكەنمىز. خانىلىرىم، ھەربىرلىرى تېزرەك چىقىپ تونۇشۇشقايلا.
— بۇ نېمە گەپتۇ! — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — ئېنىقراق دېمەمسىلەر، كىمنىڭ تۇغقانلىرى ئىكەن؟
— كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى سىڭىللىرىمۇ كەپتۇ، — دېدى ھېلىقى خىزمەتكار موماي ۋە چۆرە قىزلار، — يەنە بىر خان قىز بار ئىكەن، ئۇنى باۋچەي خېنىمنىڭ سىڭلىسى دېيىشىدۇ. يەنە بىر ئوجام بار، شۆيەن بېگىمنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەن. مەن شۇ تاپتا ھاما خېنىمنى تەكلىپ قىلغىلى بارىمەن! خانىلىرىم، ھەربىرلىرى بارغاچ تۇرۇشسىلا!

---

① «ئاي پەرىسى» — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئايدىكى پەرى ئەسلىدە يەر يۈزىدە بولۇپ، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئوغرىلاپ يەۋېلىپ، ئادەمزاتتىن ۋىدالىشىپ ئايغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەنىكەن. شىياڭلىڭ بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ ھىجرانلىق كەچۈرمىشىنى بايان قىلغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن قوشۇلالمىغانلىقىغا سەۋەب نېمە دەپ، سوئال قويىدۇ.

موماي بىلەن چۆرە قىزلار چىقىپ كېتىشتى.
— بىزنىڭ شۆكې سىڭلىسى بىلەن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.
— مېنىڭ كىچىك ئانام پايتەختكە كېلىپ قالغان بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى لى ۋەن، — ئۇلار قانداق قىلىپ بىللە كەلگەندۇ؟ بۇ قىزىق ئىش.
بۇلار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر ئۆينى بىر ئېلىپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يەڭگىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ قىزى شيۇيەننى ئېلىپ پايتەختكە شىڭ ئاغىچا خېنىمنى پاناھ تارتىپ كەلمەكچى بولۇۋاتقاندا، فېڭجيېنىڭ ئاكىسى ۋاڭ رېنمۇ پايتەختكە ماڭماقچىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بىللە كېلىشكەنىكەن. يېرىم يولدا كېمە توختىغاندا، ئۇلار لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇ ئايالمۇ ئىككى قىزىنى ئېلىپ — چوڭىنىڭ ئىسمى لى ۋېن، كىچىكىنىڭ ئىسمى لى جى — پايتەختكە ماڭغانىكەن، ئۇلار پاراڭ سېلىشقاندا بىر - بىرى بىلەن تۇغقان چىقىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئائىلە ھەمسەپەر بولۇپ كېلىشىپتۇ. كېيىن شۆپەننىڭ ئىككى تۇغقان ئىنىسى شۆكې ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى پايتەختتە چېغىدا، بىر تۇغقان سىڭلىسى شۆ باۋچىننى دۇۋان مىرزىبېگى مېيىنىڭ ئوغلىغا چاي ئىچۈرۈپ قويغاچقا، پايتەختكە كېلىپ سىڭلىسىنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن، ۋاڭ رېننىڭ پايتەختكە ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ سىڭلىسىنى ئېلىپ يېتىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇلار يىغىلىشىپ، ئۆز تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىشكەنىكەن.
ھەممەيلەن ئېسەن - ئامانلىق سوراشتى، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىنتايىن خۇشال بولدى.
— ئاخشام چىراغ چېچەكلەپ پاراسلاپلا كەتكەنىدى، پەرلەپ تۇرسا چېچەكلەپلا تۇردى، بۈگۈنكى مۇشۇ دىدار كۆرۈشۈشنىڭ

بېشارىتى ئىكەن بايا، — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

جيا ئانا ئادەتتىكى پاراڭلارنى سىلىقشاچ، ئۇلار ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى زىياپەتكە ئېلىپ قالدى. قىزچىيې توغرىسىدا گەپ لازىم ئەمەس، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپلا كەتتى. لى ۋەن، باۋچەيلەرمۇ كىچىك ئانىسى ۋە سىڭىللىرى بىلەن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مۇڭداشتى. دەييۈي بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، خۇش بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بارلىقىنى، ئۆزىلا ئىگە - چاقىسىز يېتىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، يەنە يىغلاپ تاشلىدى. باۋيۈي ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەچكە، كۆيۈپ - پىششىپ بىر قۇر تەسەللىي ئېيتقاندىن كېيىن، يىغىسى بېسىلدى.

ئاندىن باۋيۈي ھاپىلا - شاپىلا ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ، شېرىن، شېيۆ، چىڭۋېنلارغا شۇنداق دېدى:

— چاپسانراق بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلمەي قاراپ تۇرىسىلەرغۇ! باۋچەي ئاچىمىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بولسا ھېلىقىدەك، ئىككى تۇغقان ئاكىسىنىڭ تەق - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە ئىكەن. ئۇنى باۋچەي ئاچامنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسىنىڭ ئۆزى دېسىمۇ بولىدىكەن. سىلەر ئەتىدىن - كەچكىچە باۋچەي ئاچامنىلا ئىنتايىن كېلىشكەن قىز دەپ ھەيران بولۇپ يۈرۈشەتتىڭلار. ئەمدى سىلەر ئۇنىڭ كەلگەن بۇ سىڭلىسىنى، ئاندىن چوڭ يەڭگەمنىڭ ئىككى سىڭلىسىنى كۆرۈپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلىنى دەپ بېرىشكە مېنىڭ تىلىم يەتمەيدۇ. ئەي، خۇدا، سېنىڭ مۇشۇنداق ئېسىلزادىلەرنىڭ ئېسىلىنى يارىتىدىغان شۇنچە كۆپ قۇدرىتىڭ، كارامىتىڭ بار ئىكەن - ھە! دېمەك. مەن بولسام ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇ كۆز ئالدىمدىكى بىرقانچەيلەننىلا بىردىنبىر ئېسىللار دەپ بىلىدىغان «قۇدۇقتىكى پاقا» ئىكەنمەن. يىراقتىكىنى قويۇپ، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى گۈزەللەر بىلەن سېلىشتۇرسىلا



www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنى بىپسىپ چۈشىدۇ ئۇلار. ماڭا ئەمدى يەنە بىر قات بىلىم قوشۇلدى، مۇشۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچىسى زادى تېپىلارمۇ؟ — باۋيۇي گەپ قىلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى.

شىرېن باۋيۇينىڭ سەل شەيدا بولغانلىقىنى پەملەپ، ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىشكە كۆڭلى تارتمىدى، چىڭۋېنلار ئاللىقاچان بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار شىرېنگە:

— چاپسانراق بېرىپ كۆرۈپ كەل! چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىر جىيەن قىزى، باۋچەي خېنىمنىڭ بىر سىڭلىسى، چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىككى سىڭلىسى بىر شاختا چىققان تۆت گۈلنىڭ ئۆزى ئىكەن! — دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرى تۈگىمەيلا، تەنچۈنمۇ كۈلگەن پېتى كىرىپ باۋيۇيگە:

— بىزنىڭ مۇشائىرە جەمئىيىتىمىز ياشنايدىغان بولدى، — دېدى.

— شۇنى دېگىنە، — دېدى باۋيۇيمۇ كۈلۈپ، — خۇشلۇقىمىز تۇتۇپ كېتىپ مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرۇشىمىز بىلەنلا ئەرۋاھلار قوللاپ بۇ كىشىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. بىراق، بۇلار شېئىر يېزىشنى ئۆگەنگەنمىكىن؟

— بايا مەن سوراپ باقتىم، — دېدى تەنچۈن، — ئۇلارغۇ كەمتەرلىك قىلىشتى، تۇرقىدىن قارىغاندا، بىلمەيدىغىنى يوقتەك قىلىدۇ. بىلمىسىمۇ، بۇ ئۇلار ئۇچۇن ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس، قارا، شياڭلىڭمۇ بىلىۋالدىغۇ.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باۋچەي خېنىمنىڭ سىڭلىسى ھەممىدىن ئېسىل ئىكەن، قانداق دەيلا، تەنچۈن خېنىم؟ — دەپ كۈلدى چىڭۋېن.

— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدى تەنچۈن، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئاچىسى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا زادىلا يېتەلمەيدۇ.

شىرېن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، كۈلۈپ كەتتى:

— توۋا، ئۇنداق بولسا بۇلاردىنمۇ ئارتۇقلىرىنى نەدىنمۇ

ئىزدەپ يۈرەرمەن؟ مەن بىر بېرىپ كۆرەيچۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋچىنىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى، — دېدى تەنچۈن، — ئاغىچا خېنىمنى ئۇنى ئۆزىڭىزگە قىز قىلىۋېلىڭ دەپ قىستىدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنى بېقىۋالىمىز دېگەچكە، شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ تايىن تاپتى.

— بۇ راست گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى خۇشاللىقىدا باۋيۈي.

— مەن قاچان يالغان ئېيتىپتىمەن؟ — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇنداق ئوبدان قىز نەۋرىسىنى كۆرۈپلا سەندەك ئوغۇل نەۋرىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، — قىز بالىغا كۆپرەك كۆيۈنگىنى توغرا. ئەتە ئاينىڭ ئون ئالتىسى، جەمئىيىتىمىزنىڭ يىغىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— دەيىيۈي قىز ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغۇدەك بولدى. يىڭچۈن ئاچام يەنە ئاغرىپ قالدى، ھېچ كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى تەنچۈن.

— يىڭچۈن ئاچام شېئىرنى ئانچە يېزىپىمۇ كەتمەيدۇ، ئۇ بولمىغانلىغا نېمە بولاتتى؟ — دېدى باۋيۈي.

— بولدىلا، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرايلى، — دېدى تەنچۈن — يېڭى كەلگەنلەر بىز بىلەن ئوبدان ئېلىشكەندىن كېيىن تەكلىپ قىلساق ئوبدان بولمامدۇ؟ شۇ تاپتا، چوڭ يەڭگىمىز بىلەن باۋچەي ئاچامنىڭ كۆڭلى ئەلۋەتتە شېئىرنى تارتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شياڭيۈنمۇ كەلمىدى، قەلەم قاش يېڭىلا ساقايدى، كىشىلەرگىمۇ ئەپ كەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، شياڭيۈن قىزمۇ كەلسۇن، يېڭى كەلگەنلەرمۇ ئوبدان تونۇشۇۋالسۇن، قەلەم قاشمۇ ئوبدان ساقايسۇن، چوڭ يەڭگىمىز بىلەن باۋچەي ئاچامنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپسۇن، ئاڭغىچە شياڭلىڭمۇ شېئىردا خېلى يېتىلىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا جەمئىيىتىمىزنىڭ يىغىلىشىنى ھەممە تەل بولۇپ ئۆتكۈزسەك ياخشى بولمامدۇ؟

ئىككىمىز شۇ تۇرقىدىلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە بېرىپ تىڭتىڭلاپ باقايلى، باۋچەي ئاچامنىڭ سىڭلىسىغۇ چوقۇم بىزنىڭكىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇچەيلەن بىزنىڭكىدە تۇرمايدىغان بولسا، بىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئۇلارنى ئېلىپ قالايلى، دەپ يالۋۇرساق، ئۇلارمۇ باغدا تۇرۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزگە بىرقانچە ئادەم قوشۇلىدۇ ـ دە، تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن باۋيۈينىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— زادى سەنلا ئەقىللىق ئىكەنسەن، مەنزە، يەنىلا شۇنداق دىتى يوق كالۋا ئىكەنمەن، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق خۇشال بولۇشنىلا بىلىپتىمەن، بۇنىڭغا مېنىڭ كاللام ئىشلىمەپتۇ.

ئاندىن ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بىللە جيا ئانىنىڭ قېشىغا كېلىشتى. راست دېگەندەك، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇ باۋچىنىنى ئۆزىگە قىز قىلىۋالىدىغان بوپتۇ، جيا ئانا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۇنى باغدا تۇرۇشقىمۇ بۇيرۇماي، ئاخشاملىققا ئۆزى بىلەن بىللە قوندۇرىدىغان بوپتۇ. شۆكې بولسا شۆپەننىڭ قىرائەتخانىسىدا تۇرىدىغان بوپتۇ.

— سىزنىڭ جيەن قىزىڭىزمۇ ئۆيگە كەتمەي تۇرسۇن، باغدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، — دېدى جيا ئانا شىڭ ئاغىچا خېنىمغا.

شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يەڭگىسى ئۆز ئائىلىسىدە مۇشكۇلچىلىكتە قالغاچقا، شىڭ ئاغىچا خېنىمنى ئۆي ئىچىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، خىراجىتىمىزگە قارىشارمىكىن دەپ پاناھ تارتىپ پايتەختكە كېلىشى ئىدى. جيا ئانا بايىقىدەك دېگەچكە، ئۇمۇ ياق دېيەلمىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شىڭ شيۇيەننى فېڭجيېگە تاپشۇردى. فېڭجيې باغدا ھەمشىرىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، مىجەزلىرىنىڭمۇ بىر خىل ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالدى. شۆيەننى ئۇلاردىن ئايرىپ بۆلەك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئەپ كۆرمىدى. ئاخىر، يىڭچۈن بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

تۇرسا بولغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدى. بۇنداق بولغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە شىڭ شىيۇيەننىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بەزى ئىشلار بولۇپ قېلىپ، بۇنى شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ فېڭجيېگە گەپ كەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىيۇيەننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە كەتكەن كۈنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ نەزەرباغدا بىرەر ئايدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ قالسا، فېڭجيې يىڭچۇڭگە بېرىلىدىغان مائاش بويىچە شىڭ شىيۇيەنگىمۇ بىر ئۇلۇش بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. فېڭجيې شىيۇيەننىڭ مىجەز - خۇلقىغا نېرىدىن نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ شىڭ ئاغىچا خېنىمغا ۋە ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشىمايدىغان ئىنتايىن مۇلايىم ۋە كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك قىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. شۇڭا، فېڭجيې ئۇنىڭ يوقسۇل - يوپۇن ئائىلىدە جاپا تارتىپ قالغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا باشقا ھەمشىرىلەردىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان بولدى. شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولمىدى.

جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئادەتتە لى ۋەننىڭ بەك ئىخلاسمەن، ياش تۇرۇپمۇ ئەقىدە - ئىپپىتىنى ساقلاپ ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۇل قالغان كىچىك ئانىسى كەلگەندىن كېيىن، كىچىك ئانىسىنىڭ تاشقىرىدا تۇرۇشىنى خالىمىدى. لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسىمۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا زادىلا ئۇنىمىغانىدى، لېكىن جىيا ئانىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىغا قاراپ، قىزلىرى لى ۋېن ۋە لى چى بىلەن خۇشبۇي شالزاردا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇلار جايلىشىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، ساداقەتلىك خۇ① شى دىڭ چەت ئۆلكىگە مەنسەپكە يۆتكىلىدىغان بولۇپ، تېز ئارىدا ئائىلىسىنى ئېلىپ ۋەزىپىسىگە بارماقچى بولۇپ قالدى. جىيا ئانا

---

① خۇ — فېئودال - ئېسىلزادىلەنىڭ بەشىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسى.

شياڭيۇننىڭ بىللە كېتىشىگە كۆزى قىيماي، ئۇنى ئېلىپ قېلىپ ئۆز يېنىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. فېڭجيېنى شياڭيۇنگە تۇرۇش ئۇچۇن ئايرىم ئورۇن تەييارلاپ بېرىشكە بۇيرۇغانىدى، شى شياڭيۇن ئۇنىڭغا ئۇنىماي، باۋچەي بىلەن بىللە تۇرىمەن دېگەچكە، ئاخىر ئۇنىڭ رايىغا باردى.

شۇ كەملەردە نەزەرباغ بالدۇرقىدىن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى: لى ۋەن باشچىلىقىدا، يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن، باۋچەي، دەييۈي، شياڭيۇن، لى ۋېن، لى جى، باۋچىن، شىاڭ شيۈيەن، بولارغا فېڭجيې بىلەن باۋيۈي قوشۇلۇپ، جەمئىي ئون ئۈچ كىشى بولدى. ياش قۇرامى جەھەتتىن لى ۋەن چوڭراق ئىدى، فېڭجيې ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، قالغانلىرى ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردا بولۇپ، تولىسى بىر يىل ئىچىدە تۇغۇلغانلار ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ كىمنىڭ چوڭ، كىمنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ئائىلىدىكى خىزمەتكار ئاياللارمۇ ئېنىق پەرق ئېتەلمەيتتى. بىر ـ بىرىنى «ئاچا»، «سىڭىل»، «ئاكا»، «ئۇكا» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ قىچقىرىشىۋېرەتتى.

شۇ كۈنلەردە شياڭلىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى بىلەن شېئىر يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى، لېكىن يەنە باۋچەينى ئۆزىدىن بىزار قىلىۋېتىشكىمۇ پېتىنالماي تۇراتتى، دەل شۇ پەيتتە شى شياڭيۇن كېلىپ قالدى، شى شياڭيۇن بەك پاراڭچى بولغىنى ئۈچۈن، شياڭلىڭ شېئىر توغرىسىدا گەپ قىلىپ بېرىڭ دېسە، ئۇ ياق دەمتى؟ شياڭلىڭ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن قىزىق پاراڭ سېلىشىدىغان بولدى.

— سىلەرنىڭ بۇ چاقىلداشلىرىڭلارغا راستلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپ كۈلدى باۋچەي، — قىز بالا دېگەن شېئىر يېزىشنى ئۆزىگە رەسمىي ئىش قىلىۋېلىپ، شۇ توغرىدىلا گەپلىشىدىغان بولۇپ كەتسە، ئۇنداق ئادەمنى بىلىم

www.uyghurkitap.com

ئەھلى ئاڭلاپ قالسا، ئۆز نىسىۋىسىگە يارىشا ئىش قىلماپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. شياڭلىڭنىڭ غەلۋىسىنى ئاز دەپ، ئۇنىڭغا سەن ۋالاقتەگكۇر قوشۇلدۇڭ. ئەتىدىن - كەچكىچە «ئىنشائات دىۋانىنىڭ چۆپدار بېگى دۇ شېئىرلىرىدىكى مۇڭ - زار، سۇجۇ مۇپەتتىشى ۋېي شېئىرلىرىدىكى سادىدا - بەدىئىيلىك»، «ۋېن چاققاننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېسىل كىنايىلەر، لى يىشەن شېئىرلىرىدىكى ئىستىئارە»① دېگەندەك گەپلەرنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن. ئەقلىڭدىن ئېزىپ ئالجىپ قالغاندەك، سىلەر ئىككىڭلارنىڭ نەرىڭلار قىز بالىغا ئوخشىسۇن؟

بۇ گەپتىن شياڭيۈن بىلەن شياڭلىڭ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا باۋچىن كىرىپ كەلدى، ئۇ خۇددى زەر زۇمرەتتەك يالت - يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان قانداقتۇر بىر رەختتىن تىكىلگەن يېپىنچا ئارتىۋالغانىدى.

— نەدىن تاپقان نېمە بۇ؟ — دەپ سورىدى باۋچەي.

— قار ئۇچقۇنلىغاچقا، بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ماڭا تاپتۇرۇپ بەردى، — دېدى كۈلۈپ باۋچىن.

— نېمىدېگەن چىرايلىق بۇ، — دېدى شياڭلىڭ كېلىپ قاراپ بېقىپ، — ھە، توز پەيلىرىدىن توقۇلغانىكەن ئەمەسمۇ.

— نەدە توز پەيلىرىدىن بولسۇن؟ — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — ياۋا ئۆردەك پۆپۈكلىرىدىن توقۇلغانىكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم

---

① ئىنشائات دىۋانىنىڭ چۆپدار بېگى دۇ — دۇفۇ؛ سۇجۇ مۇپەتتىشى ۋېي — ۋېي يىڭۋۇ (737 — 786)، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن (شىئەن) لىك شائىر، جياڭجۇ، سۇجۇلاردا باش مۇپەتتىش بولغان؛ ۋېن چاققان — ئىككىنچى بابتا ئېيتىلغان ۋېن فېيچىڭ، يەنى ۋېن تىڭجۇن (812 — 870)، تەيیۈەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى ياڭچۈي) لىك كىشى، تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن شائىر. ئۇ قولنى سەككىز قېتىم كىرىشتۈرۈپ بولغانىنىڭ ئارىلىقىدا بىر شېئىر يېزىپ چىقىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ۋېن چاققان دەپ ئاتاشقان؛ لى يىشەن — يەنى لى شاڭيىن (813 — 858)، خۇەيجۇ ۋىلايىتى خېنېي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى چىنشيەن) لىك كىشى، تاڭ دەۋرىدە كۈڭزىچىلىققا قارشى تۇرۇپ قانۇنچىلىققا سىغىنىش خاھىشى بولغان شائىر.

سىزگە ئامراق بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ، باۋيۇيگە شۇنچە ئىچى كۆيسىمۇ ئۇنىڭغا بەرمەپتىكەن.

— «ھەركىمنىڭ ئۆز نېسىۋىسى بولىدۇ» دېگەن ماقال توغرا ئېيتىلغانىكەن، — دېدى باۋچەي، — بۇ قىزنىڭ كېلىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. بۇ يەرگە كېلىشى بىلەنلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئويلاپ باقمىغان.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىرمىگەن چاغلاردا باغدا بولىسىز. ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئىككى جايدا ئويناپ ـ كۈلۈپ، يەپ ـ ئىچىپ يۈرۈۋېرىسىز، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈمسىرەپ، — ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئاغىچا خېنىم ئۆيىدە بولۇپ قالسا، ئاغىچا خېنىم بىلەن پاراڭ سېلىشىپ، بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ قالسىڭىزمۇ ھېچ گەپ بولمايدۇ. ئاغىچا خېنىم ئۆيىدە بولماي قالسا ئۇ يەرگە كىرمەڭ، ئۇ ئۆيدە ئادەممۇ تولا، ئۇلارنىڭ نىيىتىمۇ يامان، ھەممىسى بىزنى ئويناتماقچى بولۇشىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن باۋچەي، باۋچىن، شياڭلىڭ، يىڭئېرلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سېنى دىتى يوقمىكىن دېسە، خېلى دىتىڭ بار ئىكەن — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، — دىتىڭ بولسىمۇ، لېكىن گېپىڭ تۈپتۈزلا. بىزنىڭ باۋچىننى بۇگۇندىن باشلاپ ئۆزۈڭگە بىر تۇغقان سىڭىل قىلىۋالساڭ بولغۇدەك.

— مۇنۇ كىيىم مۇشۇنىڭغىلا يارىشىدىكەن، باشقىلارغا زادىلا ياراشمىغۇدەك، — دېدى شياڭيۈن باۋچىنگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ.

گەپ ئۈستىگە خۇيو كىرىپ كېلىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم: باۋچەي خېنىم باۋچىن قىزنى تولىمۇ قاتتىق تۇتۇپ كەتمىسۇن، ئۇ تېخى كىچىك، نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىۋەرسۇن، نېمە كېرەك بولسا شۇنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىۋەرسۇن، غەم تارتىپ قالمىسۇن، دەيدۇ، ــ دېدى.

باۋچەي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە باۋچىننى نوقۇپ قويدى:

ــ بۇ ئامەتنىڭ ساڭا نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەسسەن! ماڭ، كەت نېرى، بىكار بىز سېنى رەنجىتىپ قويمايلى! ۋايتاڭەي، مېنىڭ نەرىم سەندىن قېلىشىدىكەن؟

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا باۋيۈي بىلەن دەييۈي كىرىپ كەلدى، باۋچەي چاقچىقىنى داۋام قىلدۇرىۋەردى.

ــ باۋچەي ئاچا، ــ دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، ــ بۇ گېپىڭ چاقچاق بولسىمۇ، لېكىن چىن كۆڭلىدە شۇنداق دەپ ئويلايدىغانلارمۇ بار.

ــ بۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم چىن كۆڭلىدىن تېرىكمەيدۇ، پەقەت مۇشۇلا تېرىكىدۇ، ــ دېدى خۇيپو باۋيۈينى كۆرسىتىپ.

ــ بۇ ئۇنداق كىشىلەردىن ئەمەس، ــ دەپ كۈلدى باۋچەي دەيیۈينى كۆرسىتىپ.

شياڭيۈن ئۈن چىقمىدى.

ــ ئۇ تېخىمۇ ئەمەس، ــ دېدى باۋچەي كۈلۈپ، ــ مېنىڭ سىڭلىم ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ سىڭلىسى، ئۇ تېخى بۇنى مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ قانداقسىغا تېرىكسۇن؟ سەنچۇ، شياڭيۈننىڭ كەلسە ـ كەلمەس گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالىدىكەنسەن! ئۇنىڭ ئاغزىدىن نەدە بىر تۈزۈك گەپ چىققان ۋاقتى بار!

باۋيۈي ئىلگىرى دەيیۈينىڭ ئانچە ـ مۇنچە غەلىتە خۇيى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن يېقىندىن بۇيان دەييۈي بىلەن باۋچەينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى تېخى بىلمەيتتى. باۋيۈي جيا ئانىنىڭ باۋچىنغە ئىچى كۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەيیۈينىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدىمىكىن دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. بۈگۈن ئەمدى شياڭيۈن ئۇنىڭغا ئۇنداق دېسە، باۋچەي

مـۇنداق دەپ جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەيىۇينىڭ چىرايىغا يەنە بىر سەپسېلىپ باقتى، قارىسا، ئۆتكەن كۈنلەردىكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، باۋچەيىنىڭ دېگىنىگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، باۋيۇي ھېچ چۈشىنەلمىدى. شۇڭا، ئۇ: «بۇ ئىككىسى ئادەتتە بۇنداق ئەمەس ئىدى، ئەمدى قارىسام، بىر ـ بىرىگە قەۋەتلا يېقىن بولۇپ كېتىشىپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى. بىردەمدىن كېيىن قارىسا، لىن دەيىۇي باۋچىننىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى دېمەي، خۇددى بىر تۇغقان ھەمشىرىلەردەك، ئۇنى «سىڭلىم» دەپ قىچقىرىۋاتىدۇ. باۋچىننىڭ يېشى كىچىك، كۆڭلى ئوتتەك، تەبىئىتىدىن زېرەك بولۇپ، كىچىكىدىلا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانىدى. ئەمدى جيا قەسرىدە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا ھەممە ئادەمنى دېگۈدەك بىلىۋالدى. ھەمشىرىلەرنىڭ ئۇنداق يەڭگىلتەك، ئاق ـ نازۇكلاردىن ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاچىسى بىلەنمۇ ئىناق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لىن دەيىۇينىڭ ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپ، دەيىۇيگە باشقىلاردىنمۇ ئارتۇقراق ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بولدى. باۋيۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن ھەيران قالدى.

كۆپ ئۆتمەي، باۋچەي سىڭلىسىنى باشلاپ شۆ ھامىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، شياڭيۈن جيا ئانىنىڭ يېنىغا ماڭدى. لىن دەيىۇي ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، باۋيۇي دەيىۇينىڭ كەينىدىن كىردى.

— مەن «غەربىي ھۇجرا» نى ئوقۇپ، ئۆزۈم چۈشەنگەن بىرقانچە مىسرانى ئېيتىپ سىزگە چاقچاق قىلسام، سىز تېرىككەنىدىڭىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئەمدى ئويلىسام، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر مىسرانى چۈشەنمەپتىكەنمەن، شۇنى ئوقۇپ باقاي، سىز ماڭا سۆزلەپ بەرسىڭىز.

www.uygurkitap.com

دەييۇي بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ كۈلدى:

— قېنى، ئوقۇڭ، ئاڭلاپ باقاي.

— ئۇنىڭ «مەكتەپ ماجىراسى» دېگەن پەردىسىدە: «مېڭ گۇاڭ قاچان ئالغاندۇ لياڭ خۇڭدىن خونچىنى»[1] دېيىلگەن ئاجايىپ ئوبدان بىر مىسرا بار. بۇغۇ ھەممىگە ئايان بولغان تەمسىل. لېكىن، ئۇنىڭ «قاچان» دېگەن ياردەمچى سۆز بىلەن سورىغىنى قىزىق، قاچان ئالغان بولغىيدى؟ شۇنى دەپ بېرىڭا.

دەيىۇي ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى:

— ئەسلىدىمۇ جايىدا سوراپتىكەن. ئۇمۇ جايىدا سورىغان، سىزمۇ جايىدا سورىدىڭىز.

— بالدۇر مەندىنلا گۇمان قىلاتتىڭىز، ئەمدى سىزمۇ گەپ تاپالماي قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ، ئادەتتە مەن ئۇنى ئالىسى ئىچىدە دەپ يۈرەتتىم، — دەپ كۈلدى دەيىۇي.

دەيىۇي ئاندىن شاراب تېپىشمىقىدا خاتا سۆزلەپ قويغاندا، باۋچەيىنىڭ نېمەدەپ نەسىھەت قىلغانلىقىنى، ھەتتا قارلىغاچ

---

① «مېڭ گۇاڭ قاچان ئالغاندۇ لياڭ خۇڭدىن خونچىنى» — ئەسلىدە بۇ خەن دەۋرىدىكى بىر ھېكايە. مېڭ گۇاڭ مەزە قويۇلغان كىچىك «خونچا»نى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېرى لياڭ خۇڭغا تۇتىدۇ، بۇ ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تەمسىل. «غەربىي ھۇجرا»دا يىڭيىڭ بىلەن چاڭ شېڭنىڭ بىر - بىرىگە مۇھەببەت باغلىشىغا خۇڭنياڭ چىن كۆڭلىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ، لېكىن يىڭيىڭ خۇڭنياڭنىڭ ئالدىدا يالغاندىن جاڭ شېڭنى رەت قىلغان بولىدۇ. كېيىن خۇڭنياڭ يىڭيىڭنىڭ يوشۇرۇنچە جاڭ شېڭ بىلەن ۋەدىلەشكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ھەيران قالىدۇ. شۇڭا، بۇ مىسرا ھەزىل قىلىپ كۈيلەنگەن مىسرا. باۋيۈي ئەسلىدە دەيىۇي بىلەن باۋچەيىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويماقچى بولغان. ھازىر ئۇلارنىڭ چىقىشىۋال-غانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى خۇڭنياڭنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغاندەك سېزىپ، بۇ مىسرا ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. كېيىنكى «توسقىلى بولمايدۇ ھەرگىز كىچىك بالىنىڭ ئاغزىنى» دېگەن مىسرامۇ «غەربىي ھۇجرا»دىكى مىسرا، بۇنىڭدا باۋيۈي دەيىۇينىڭ شاراب تېپىشمىقىدا خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى ھەزىل قىلىدۇ.

چاڭگىسى ئەكېلىپ بەرگەنلىكىدىن تارتىپ، ئاغرىپ قالغىنىدا گەپلەشكەنلىرىگىچە بىر ـ بىرلەپ باۋيۈيگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، باۋيۈي ئاندىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — «مېڭ گۇاڭ قاچان ئالغاندۇ لياڭ خۇڭدىن خونچىنى» دەپ ئىچىم پۇشۇپ يۈرەتتى، ئەسلىدە «توسقىلى بولمايدۇ ھەرگىز كىچىك بالىنىڭ ئاغزىنى» دېگەن ۋاستە بىلەن خونچىنى ئاپتىكەن ـ دە.

دەييۈي يەنە باۋچىنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ سىڭلىسى يوقلۇقى ئېسىگە كەلدى ـ دە، يىغلاپ تاشلىدى.

— ئىچ پۇشۇقىنى ئۆزىڭىز تاپىدىكەنسىز، — دەپ بەزلىدى باۋيۈي ئۇنى، — قاراپ بېقىڭا، بۇ يىل بۇلتۇرقىدىن تېخىمۇ جۇدەپ كەتتىڭىز. يا ئۆزىڭىزنى ئاسرىمايدىكەنسىز، بىر ئوبدان تۇرۇپمۇ ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلىپ، ھەر كۈنى يىغلاۋېرىدىكەنسىز، كۈنىڭىز يىغا بىلەنلا ئۆتىدىكەن.

— يېقىندىن بۇيان يۈرىكىم سىقىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن كۆز يېشىم بالدۇرقىدىن خېلىلا ئازىيىپ قالدى، — دېدى دەييۈي كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، — يۈرىكىم شۇنچە سىقىلسىمۇ، كۆزۈمگە ئانچە ياش كەلمەيدىغان بولدى.

— سىز يىغلاۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىڭىزدىن شۇنداق بولىدۇ. كۆڭلىگە گۇمان چۈشسە، كۆز يېشى ئازىيىپ قالىدۇ! — دېدى باۋيۈي.

شۇ گەپ ئۈستىگە باۋيۈينىڭ ئۆيىدىكى چۆرە قىز قىزىل موت يېپىنچىنى ئېلىپ كەلدى.

— چوڭ كېلىن ئاغىچام بايا كىشى ئەۋەتىپتىكەن، — دېدى چۆرە قىز، — قار ياغدى، ئەتە كىشىلەرنى چىللاپ شېئىر يېزىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىمىز دەپتۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا لى ۋەننىڭ دېدەكى كېلىپ دەييۈينى تەكلىپ قىلدى. باۋيۈي دەييۈيگە خۇشبۇي شالزارغا بارايلى، دېدى. دەييۈي پۇتىغا زەر بىلەن بىخى سېلىنغان ئويما بۇلۇت

گۈللۈك قىزىل قىرىم ئۆتۈك، ئۇچىسىغا پەي ـ مامۇق بۆرتمىلىك قىزىل تاۋاردا تاشلانغان ئاق تۇلكە كۆرمە كىيىپ، بېلىگە سەۋزە رەڭ ئارىسىدىن زەر يېشىل چاقناپ تۇرغان مەشۇتتىن قوشماق ھالقا چىقىرىپ مۇتكە شەكلىدە ئۆرۈلگەن پۆپۈكلۈك قۇر چىگىۋالدى، بېشىغا قارلىق قالپاق كىيدى. باۋيۈي بىلەن ئىككىسى قار دەسسەپ كېلىشتى. ئۇ يەرگە ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىشىپ بولغانىكەن. ئۇلار ھەممىسى بىر خىل يەنى توق قىزىل موت تاشلىق ۋە پەي ـ مامۇق تاۋار ئەستەرلىك يېپىنچا يېپىنىۋالغان، يالغۇز لى ۋەنلا ئالدى ئوچۇق يۇڭ چەكمەن كۆرمە كىيگەن، شۆ باۋچەي قۇراق گۈللۈك ئوچۇق كۆك كىمخابقا پەرەڭ يىپى بىلەن زەرلىك گۈل چېكىلگەن كۆرمە كىيگەنىدى. شىڭ شيۇيەن بولسا ئۆي ئىچىلىك نىمكەش ئېگىن كىيىۋالغان، ئۇنىڭ يامغۇرلۇقىمۇ يوق ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن شياڭيۈن كەلدى، ئۇ جيا ئانا بەرگەن بۇلغۇننىڭ قويقۇ تېرىسىدىن تاشلىنىپ، ئۇزۇن مويلۇق قارا تىيىندىن ئەستەر قىلىنغان جۇۋا كىيگەن؛ بېشىغا ئويما بۇلۇت گۈللۈك قاداقلىق، توق قىزىل موت ئەستەرلىك جاۋجۈن خېنىم تەلپىكىنى كىيىپ، بوينىغا بۇلغۇن ياقىلىق ئورىۋالغانىدى.

— قاراڭلار مانا، — دېدى دەيىيۈي كۈلۈپ، — سۇن ۋۇكۇڭ كېلىپ قاپتۇ. ئادەتتە ئۇ كالتە كۆرمە كىيەتتى، بۈگۈن ئەتەي، ئەنسىز تاتار يىگىتىدەك[1] ياسىنىۋاپتۇ.

— ئىچىمگە كىيگىنىمگە قاراڭلار، — شياڭيۈن كۈلۈپ جۇۋىسىنى سېلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئىچىگە ياقا ـ يەڭلىرىگە تەڭكەش رەڭلەردە ئۈچ قۇر جىيەك تۇتۇلغان، تۈگۈلۈپ ياتقان ئەجدىھا زەر بىلەن كەشتىلەنگەن قىزغۇچ تاۋاردا تاشلانغان، خىپچا بەللىك ئەرس جۇيازا كىيگەن، ئۇنىڭ ئىچىگە تۇلكە تامىقىدىن ئىچلىك قىلىنىپ ئاچ قىزىل تاۋاردا تاشلانغان كەمزۇل

① بۇ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى موڭغۇللارغا قويغان ھاقارەتلىك نام، مىڭ دەۋرىدە شەرقىي موڭغۇللارنى «تاتار» دەپ ئاتايتتى.

كىيىپ، بىلىگە ئوردىغا خاس ئىشلەنگەن كېپىنەك گۈللۈك ئۈزۈن پۆپۈكلىك رەڭدار قۇرنى چىڭ باغلىۋالغان، پۈتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن چاقغان ئۆتۈك كىيگەندى. بۇ كىيىملەر بىلەن ئۇ ھەرە بەل، تۇرنا قامەتلىك، يىڭنىچۇك سۇپەتلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— بۇچۇ، ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋېلىشقا بەك ئامراق، ئاشۇنداق قىلسا قىز بالىچە ياسانغاندىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن.

— شېئىر يېزىش توغرىسىدا چاپسانراق مەسلىھەتلىشەيلى! — دېدى شياڭيۈن، — قېنى، قايسىڭلار ساھىبخان بولىسىلەر؟

— مېنىڭ پىكرىم مۇنداق، — دېدى لى ۋەن، — تۈنۈگۈن يىغىلىدىغان كۈنىمىز ئىدى، ئۆزىمىز ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، يەنە بىر يىغىلىدىغان كۈنىمىزگە خېلى بار. بەختىمىزگە قار يېغىپ قالدى، شۇڭا ھەممىمىز يىغىلىشىپ بىر قىزىتىۋېتەيلى، شۇنداق قىلساق، يىڭى كەلگەنلەرنىمۇ مېھمان قىلىۋالىدىكەنمىز، شېئىرمۇ يازىدىكەنمىز. سىلەرچە قانداق؟

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى ھەممىدىن ئاۋۋال باۋيۈي، — بىراق بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى. ئەتە ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ يەنە قىزىقى بولمايدۇ.

— قار توختاپ ھاۋانىڭ ئېچىلىشى ناتايىن، ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە، بۈگۈن كېچە ياغقان قارمۇ بىزنىڭ ھۇزۇرلىنىشىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ، — دېيىشتى باشقىلار.

— مېنىڭ بۇ ئويۇمغۇ مۇۋاپىق كېلەتتى، لېكىن قومۇشلۇق قورۇغا يەتمەيدۇ، — دېدى لى ۋەن، — كاڭغا ئوت قالاشقا كىشى بۇيرۇدۇم، بىز ئوچاقنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شېئىر يازايلى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەيپى چاغ بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ غورىگىل مېھماندارچىلىقىمىزنى فېڭجيې قىزغىلا بىلدۈرۈپ قويساق بولدى. ھەربىرىڭلار بىر سەردىن كۈمۈش چىقارساڭلار يېتىدۇ، پۇلنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭلار، — ئاندىن

ئۇ شىياڭلىڭ، باۋچىن، لى ۋېن ، لى جى، شىيۇيەنلەرنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بەشىنى ھېسابقا ئالمايمىز، ئارىمىزدىن ئىككىنچى خان قىز ئاغرىپ قالغاچقا، ئۇنىمۇ ھېسابلىمايمىز، تۆتىنچى خان قىزمۇ رۇخسەت سورىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىمۇ ھېسابقا ئالمايمىز، سىلەر تۆتىڭلار ئۆز ئۇلۇشۇڭلارنى ئەكېلىپ بەرسەڭلار، بەش - ئالتە سەر كۈمۈشنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالسام يېتىپ ئاشىدۇ.

باۋچەي ۋە باشقىلار بۇ تەكلىپكە بىردەك قوشۇلدى. ماۋزۇ چىقىرىش ۋە قاپىيە تاللاش توغرىسىدا، لى ۋەن:

— بۇ ھەقتە مېنىڭ ئاللىقاچان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغىنىم بار، ئەتە ۋاقتى كەلگەندە بەرىبىر بىلىسىلەر، — دېدى.

كۆپچىلىك بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، جيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىشتى، بۈگۈن باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى قاق سەھەردە، باۋيۈي كېچىچە بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقارمىغاچقا تۈزۈك ئۇخلىيالماي، تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن قوپۇپ، چىملىدىقنى قايرىپ تالاغا قارىدى، ئىشىك - دېرىزىلەر چىڭ تاقاقلىق بولسىمۇ، دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇق كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىققان ئوخشايدۇ دەپ ئۆكۈندى، دەرھال بېرىپ دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى قايرىپ ، ئەينەكتىن تالاغا قارىغاندى، پارقىرىغىنى ئاپتاپ ئەمەس، كېچىچە ياغقان قار ئىكەن، ئىككى غېرىچچە قار يېغىپتۇ، ئاسمان يەنىلا توزغاق قاپلىغاندەك ئاپپاق تۇرۇپتۇ.

باۋيۈي ئىنتايىن خۇشال بولدى - دە، خىزمەتكارلىرىنى ئويغىتىپ يۈز - كۆزىنى يۇدى، ناۋات رەڭ موتىتا تاشلانغان تۈلكە جۇۋا، ئۈستىگە قارچىغىنىڭ پەيلىرىدەك كەمچەت كۆرمە كىيىپ، بېلىنى باغلاپ، يۇرۇن پىچان يامغۇرلۇقنى يېپىندى، بېشىغا زەر مىسىل قالپاق، پۇتىغا ياۋا نەشپۈت ياغىچىدىن ياسالغان باشماقنى كىيدى، ئاندىن ئالدىرىغان ھالدا قومۇشلۇق

قورۇغا ماڭدى. ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپلا ئەتراپقا نەزەر سالدى. ھەممە يەر ئاپپاقچىلىق بولۇپ، يىراقتىن كۆك قوچۇر، زۇمرەت بامبۇكلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى خۇددى شىشە قاچىغا سولىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. مېڭىپ قاپتالدىن چۇشتى، تاغ ئېتىكىنى بويلاپ بۇرىلىشى بىلەنلا، دىمىقىغا سۆرۈن خۇشبۇي كېلىپ ئۇرۇلدى. قايرىلىپ قارىغاندى، مياۋيۇي تۇرىدىغان يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدا ئون نەچچە تال قىزىل مېيخۇاگۈل قاردا خۇددى ئەڭلىكتەك ئەكس ئېتىپ، كىشىنى ئاجايىپ ھەۋەسلەندۇرۇپ، كارامەت جىلۋە قىلىپ تۇرۇپتۇ.

باۋيۇي قەدىمىنى توختىتىپ، گۈلنى بىردەم تاماشا قىلىۋېلىپ ماڭدى. بىركىم كۇنلۇك تۇتۇپ ھەرە بەل كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى، بۇ قېڭجيېنى چاقىرىش ئۈچۈن لى ۋەن ئەۋەتكەن كىشى ئىدى. باۋيۇي قومۇشلۇق قورۇغا كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە چۆرە قىزلار، خىزمەتكار ئاياللار قار سۈپۈرۈپ يول ئېچىۋېتىپتۇ. قومۇشلۇق قورۇ تاغ ئېتىكىدىكى سۇ بويىغا سېلىنغانىدى، قورۇدا تاملىرى كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، قومۇشتىن پېشايۋان چىقىرىلغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ توغرا بۇرجەكلىك بامبۇك پەنجىرىلىرى بار ئىدى، پەنجىرىنى ئىتتىرىۋەتسە قىيا ئېسىلىپ قالاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى قومۇش قاپلىۋالغان، قورۇدا چىغىر يول بولۇپ، قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، نىلۇپەر سەيناسىنىڭ كۆۋرۈكىگە تۇتىشاتتى. چۆرە قىزلار، خىزمەتكار ئاياللار باۋيۇينىڭ پىچان يامغۇرلۇق ۋە مىسىل قالپاق كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بىز بايىلا بۇ يەردە بېلىقچى بوۋاي كەملىك قىلىۋاتىدۇ دېيىشكەنىدۇق، ئەمدى بۇمۇ تەل بولدى، خان قىزلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ، سىلى تولىمۇ ئالدىراپ كېتىپتىلا، — دەپ كۈلۈشتى.

باۋيۇي نائىلاج ئۆيگە ياندى. ئەترەپشان شىپاڭغا كېلىشىگە تەنچۇن كۆز نەسىمى قىرائەتخانىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل كېلىۋاتاتتى. ئۇ توق قىزىل موت يېپىنچا يېپىنىپ، بېشىغا مەبۇدە قالپىقى① كىيىۋالغان، چۆرە قىزغا تايانغان، كەينىدە خىزمەتكار ئايال مايلىق قارا پاڭچۇ كۇنلۇك تۇتقان ھالدا كېلىۋاتاتتى. باۋيۇي ئۇنىڭ جيا ئانىنىڭ يېنىغا ماڭغانلىقىنى بىلىپ شىپاڭ تۇۋىدە كۈتۈپ تۇردى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئىككىسى بىللە باغدىن چىقتى.

باۋچىن ئېچكىرىكى ئۆيدە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ئېگىن يەڭگۈشلەۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەمشىرىلەر يىغىلىپ بولۇشتى. باۋيۇي قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، دەپ غىزا ئەكېلىشكە ئالدىرىتىۋەردى. شىرەگە غىزا كەلتۈرۈپ بولغۇچە ئاران چىدىدى، دەسلەپتە سۈت بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇلغان قوزا② ئەكېلىشتى.

— بۇ بىزدەك ياشانغانلارنىڭ دورىسى، — دېدى جيا ئانا، — يورۇق دۇنيانى كۆرمىگەن نەرسىنى سىلەردەك بالىلار يېسە بولمايدۇ، بۈگۈن سىلەرگە يېڭى سويۇلغان بۇغا گۆشى ئەكېلىدۇ، بىردەم تۇرۇپ شۇنى يەڭلار.

باشقىلار خوپ دېيىشتى، باۋيۇي تاقەت قىلالماي، بىر چىنە گاڭپەنگە چاي قۇيۇپ، قىرغاۋۇل گۆشىدىن قىلىنغان قىيما سەي بىلەن شالاپ ـ شۇلۇپ قىلىپلا يەۋەتتى.

— دېسەم ـ دېمىسەم، سىلەرنىڭ بۈگۈن يەنە ئىشىڭلار بار، شۇڭا غىزاغىمۇ قاراپ تۇرالمايۋاتىسەن، — دېدى جيا ئانا، — كەچتە يېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇغا گۆشىدىن ئېلىپ قويۇڭلار.

— يەنە بار تېخى، داستىخاندىن قالغىنىنى ئېلىپ قويمىساقمۇ يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى دەرھال

① مەبۇدە قالپىقى — بۇددا دىنىدىكى شاپائەت مۇئەككىلى ئاۋالوكىتسۋارا كىيىدىغان قالپاققا ئوخشاش كەڭ لەپىلىمىلىك قالپاق.

② قوزا — بۇ يەردە تۇغۇلمىغان قوزا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

فىكجىي.

شياڭيۇن باۋيۇيگە پىچىرلىدى:

— يېڭى بۇغا گۆشى بار ئىكەن، بىر پارچە سوراپ ئېلىپ، باغقا ئاپىرىپ ئۆزىمىز پىشۇرۇپ، ئويناپ - كۈلۈپ يەيلى.

باۋيۇي شۇ گەپ بىلەن فىكجىيېدىن بىر پارچە گۆش سوراپ ئېلىپ، خىزمەتكار ئايالدىن باغقا ئەۋەتتۇەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشتى، باغقا كىرىپ قومۇشلۇق قورۇغا يىغىلىپ، لى ۋەننىڭ ماۋزۇ كۆرسىتىشى ۋە قاپىيە بەلگىلىشىگە قۇلاق سالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شياڭيۇن بىلەن باۋيۇي ئىككىسىلا كۆرۈنمىدى.

— بۇلار ئىككىسى زادىلا بىللە بولمىسا بولغۇدەك، — دېدى دەييۈي، — بىللە بولۇپ قالدى بارمۇ، ئىش تېپىپلا تۇرۇشىدۇ. شۇ تاپتا ئۇلار ھەرقاچان ھېلىقى بۇغا گۆشى بىلەن ھەپىلىشىۋاتىدۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسىمۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرىپ كەلدى - دە، لى ۋەندىن سورىدى:

— ھېلىقى قاشتېشى بار غوجام بىلەن ئالتۇن بوبرا كېيىك ئېسىۋالغان خېنىم شۇنچە پاكىز تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئۆكسۈپ قالمىسا، ئىككىسى ئاۋۇ يەردە خام گۆش يەيمىز دەپ، بىر - بىرىگە گەپ بېرىشمەي مەسلىھەتلىشىۋاتىدىغۇ تاڭ، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى، گۆشنىمۇ خام يەمدىكەن؟

ھەممەيلەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بولماپتۇ ! يۈرۈڭلار، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەيلى، — دەپ كۈلۈشتى.

— بۇ شياڭيۇن قىزنىڭ تاپقان ئىشى، — دەپ كۈلدى دەييۈي، — مەن ئاچقان پال توغرا چىقتى.

لى ۋەن شۇ زامان چىقىپ ئۇ ئىككىسىنى ئىزدەپ تاپتى:

— ئىككىڭلار خام گۆش يېمەكچىمۇ؟ مېنىڭلار، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇ يەردە يەڭلار، بىر بۇغىنى خام يەۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، ئۇ چاغدا ئاغرىپ قالساڭلار ماڭا گەپ كەلمەيدۇ. قار شۇنچە قېلىن، ھاۋامۇ بەك سوغۇق، يۇرۇڭلار، بېرىپ شېئىر يېزىڭلار.

— ئۇنداق ئىش يوق، پىشۇرۇپ يەيمىز، — دېدى دەرھال باۋيۈي كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدى لى ۋەن.

خىزمەتكار مومايلار كاۋاپدان، زىخ، سىم تورنى ئېلىپ كېلىشتى.

— پەخەس بولۇڭلار، قولۇڭلارنى كېسىۋېلىپ يىغلاپ يۈرمەڭلار يەنە! — دەپ قويۇپ لى ۋەن كىرىپ كەتتى.

فېڭجيې، كېلەلمەيمەن، يىللىق مائاشنى تارقىتىش ئىشى بىلەن ئالدىراشمەن، دەپ پىڭئېردىن ئۇچۇر بېرىپتۇ. شياڭيۈن پىڭئېرنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى قويۇۋەتمەمتى؟ پىڭئېرمۇ ئويۇنچى ئىدى، ئادەتتە فېڭجيې بىلەن ئويناشمايدىغان كۈنى يوق ئىدى. پىڭئېر شياڭيۈن بىلەن باۋيۈينىڭ ئىشىغا قىزىقىپ، قولىدىكى بىلەزۈكنى ئېلىۋەتتى - دە، ئۇچەيلەن كاۋاپدانغا ئولاشتى. پىڭئېر ھەممىدىن بۇرۇن ئۈچ توغرام گۆشنى پىشۇرۇپ يېدى. باۋچەي بىلەن دەييۈي بۇنداق ئىشنى تولا كۆرگەچكە ئانچە ھەيران قېلىشمىدى. لېكىن، بۇ ئىش باۋچىنلەرگە ۋە لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسىغا بەك غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. تەنچۈن، لى ۋەنلەر ماۋزۇ بىلەن قاپىيە توغرىسىدا بىر مەسلىھەتكە كېلىۋېلىشتى.

— يۇراپ بېقىڭلارچۇ، مەززىلىك يۇراق مۇشۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى، مەنمۇ بېرىپ يەي، — دەپلا تەنچۈن باۋيۈيلەرنىڭ قېشىغا كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن لى ۋەنمۇ كەلدى:

— مېھمانلار كېلىپ بولدى، تېخىچە يەپ تويمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— بۇنى يېسەم شاراب ئىچكۈم كېلىپ قالدى، شاراب ئىچسەم شېئىر يازالايمەن، — دېدى شياڭيۇن كاۋاپ يەۋېتىپ، — بۈگۈن بۇ بۇغا گۆشى بولمىغان بولسا چوقۇم شېئىر يازالمايتتىم.

ماۋۇق جۇۋا يېپىنىۋالغان باۋچىن نېرىسىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھۇي، گالۋاڭ قىز، سىزمۇ كېلىپ تېتىپ بېقىڭ! — دېدى شياڭيۇن كۈلۈپ.

— ئۇنداق بېزەپ نېمىنىمۇ تېتىپ باقامدىغان! — دېدى كۈلۈپ باۋچىن.

— بېرىپ تېتىپ باققىن، ئۇچۇ بەك مەززىلىك! — دېدى باۋچەي، — دەيىۋي ئاچاڭ ئاغرىقچان، بۇنى يېسە سىڭۇرەلمەيدۇ، بولمىسا ئۇمۇ ئامراق ئىدى.

باۋچىن شۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر توغرام تېتىپ بېقىپ، مەززىلىك بولغاچقا ئۇمۇ يېيىشكە باشلىدى.

شۇ ئارىدا، فېڭجيې پىڭئېرنى قىچقىرىپ كەل دەپ، چۆرە قىزنى ئەۋەتىپتۇ.

— شياڭيۇن قىز مېنى قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ، سەن كېتىپ تۇرغىن، — دېدى پىڭئېر.

چۆرە قىز كەتتى. بىردەمدىن كېيىن فېڭجيې يېپىنچا ئارتىپ ئۆزى يېتىپ كەلدى:

— شۇنداق ئوبدان نېمىنى يېگەن چېغىڭلاردا ماڭا دەپمۇ قويماپسىلەر - ھە!

شۇ گەپ بىلەن ئۇمۇ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كاۋاپ يېيىشكە باشلىدى.

— مۇنۇ قەلەندەرلەر نەدىنمۇ كېلىپ قالغاندۇ! — دېدى دەيىۋي كۈلۈپ، — بولدى ئەمدى! بۈگۈن قومۇشلۇق قورۇنى نەس باستى، بۇ يەرنى قاراپ تۇرۇپ شياڭيۇن قىز بۇلغىۋەتتى. بۇ قورۇ ئۈچۈن ھۆڭگىرەپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! — دېدى شياڭيۇن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — «چىن داڭدارلار قورۇنىماس زاتلاردىن

www.uyghurkitap.com

چىقىدۇ»، سىلەر بولساڭلار ساختا نازاكەتچىلەر، سىلەردىن بەك تويدۇم. شۇ تاپتىچۇ، بىز بەتبۇي ـ بۇرۇس نەرسىنى تەمشىپ يېگىنىمىز بىلەن، ئۆيگە كىرگەندە ئىلھامىمىز كېلىپ ئاغزىمىزدىن ھەسەل تامىدۇ.

ــ قايتىپ كىرگىنىڭدە ئوبدان يازالمايدىغان بولساڭ، يېگەن گۆشلىرىڭنى قۇستۇرۇپ، قار باسقان قومۇشنى ئاغزىڭغا تىقىمىز ـ دە، نەسلىكنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىمىز! ــ دېدى كۈلۈپ باۋچەي.

ئۇلار كاۋاپنى يەپ بولۇپ قوللىرىنى يۇيۇشتى. پىڭئېر بىلەزۈكنى قولىغا سالاي دەپ قارىسا، بىر پېيى يوق، ئۇيان ـ بۇيانلىرىنى ئىزدەپ باقتى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن ھەيران بولدى.

ــ بۇ بىلەزۈكنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى مەن بىلىمەن، سىلەر بېرىپ شېئىرىڭلارنى يېزىۋېرىڭلار. بىزمۇ بىلەزۈكنى ئىزدىمەيلا ئويۇنغا بارايلى، ئۈچ كۈنگە قالماي چوقۇم تېپىلىدۇ، ــ دېدى فېڭجيې، ــ بۈگۈن قانداق شېئىر يازماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېيىشىچە، يىل ئۆرۈلۈشكە ئاز قالدى، يىل كىرىشى بىلەنلا يەنە پانۇس تېپىشمىقى تېپىشىپ ئوينايدىكەنمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشتى:

ــ شۇنى دەڭا، بىز ئۇنتۇپلا كېتىپتۇق، بۈگۈنلا ئوبدان تېپىشماقتىن بىرنەچچىنى تۈزۈپ، يېڭى ئايدا ئېيتىششقا تەييارلاپ قويايلى.

ئاندىن ئۇلار ماندۇ ئوچاقلىق ئۆيگە تەڭلا كىرىشتى. ئۇ يەردە قەدەھلەر، تەخسىلەردە مېۋە ۋە سەيلەر تەييارلاپ قويۇلغان، تامغا شېئىرنىڭ ماۋزۇلىرى، قاپىيەلىرى، شەكلى يېزىپ چاپلانغانىكەن. باۋيۈي بىلەن شياڭيۈن دەرھال بېرىپ ئوقۇغاندى، شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «مەنزىرە ھەققىدە هازىر جاۋاب بېيىتلەر» ئىكەن، مىسرالىرى بەش سۆزلۈكتىن بولۇپ،

«ئىككىنچى تۆركۆمدىكى شياۋ» قاپىيەسى بىلەن يېزىلىشى كېرەك ئىكەن، ئەمما كەينىدە ھەركىمنىڭ نۆۋىتى كۆرسىتىلمەپتۇ.

— مەن شېئىر يېزىشنى ئانچە بىلمەيمەن، — دېدى لى ۋەن، — ئۈچ مىسرانىلا باشلاپ بېرەي، ئاندىن كىمنىڭ ئىلھامى كەلسە شۇ ئۇلاپلا ئېيتىۋەرسۇن.

— زادى نۆۋەتنى بەلگىلەپ قويۇش كېرەك، — دېدى باۋچەي. ئاندىن قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەللىكىنچى باب

## قومۇشلۇق قورۇدا مەنزىرە توغرۇلۇق ھازىر جاۋاب بېيىت ئېيتىلغانلىقى
## ئىللىق خۇشبۇي توسۇقتا چاغانلىق پانۇس تېپىشمىقى توقۇلغانلىقى

ــ زادى نۆۋەتنى بەلگىلەپ قويۇش كېرەك، مەن يېزىپ چىقاي، ــ دېدى باۋچەي، ئاندىن ھەممەيلەننى چەك ئېلىشقا بۇيرۇدى. خۇددى بىلگەندەك، لى ۋەن بىرىنچى بولۇپ چىقتى. قالغانلار چەكتە چىققان نۆۋەتنى بويىچە تىزىملاندى.

ــ ئۇنداق بولسا، ھەممىدىن ئىلگىرى مەن بىر مىسرا ئېيتىۋالاي، ــ دېدى فېڭجيې.

ــ بۇ تېخىمۇ ياخشى بولدى، ــ دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن. باۋچەي «شالچى دېھقان»نىڭ بېشىغا «فېڭ» دەپ قوشۇپ قويدى، لى ۋەن ئۇنىڭغا شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى ئېيتىپ بەردى. فېڭجيې خېلىغىچە ئويلانغاندىن كېيىن كۈلدى:

ــ مېنى زاڭلىق قىلماڭلار، ئاددىي بولسىمۇ بەش سۆزلۈك مىسرادىن ئاران بىرنى ئويلاپ تاپتىم، قالغىنىنى ئۇقمايمەن.

ــ قانچە ئاددىي بولسا شۇنچە ياخشى، ــ دەپ كۈلۈشتى كۆپچىلىك، ــ سىز ئېيتىپ بولۇپ ئۆز ئىشىڭىزغا كېتىۋېرىڭ.

ــ ئويلاپ باقسام، ــ دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، ــ قار ياغقاندا چوقۇم شىمالدىن شامال سوقىدىكەن، كېچىچە شىمال شاملى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئويۇمغا بىر مىسرا كېلىپ قالدى. بۇ مىسرا مۇنداق: «شامال چىقتى شىمالدىن كېچىچە تىنماي»، بۇ

يارامدۇ، يارىمامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق.

باشقىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى:

— بۇ مىسرا ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. بېيىت ئېيتىش ئۈچۈن راسا ئوبدان باشلانما بولىدۇ. بۇ مىسرا ياخشى بولۇپلا قالماي، تېخى باشقىلارغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىمكانىيەت بەرگەن. بېيىتنى مۇشۇ مىسرادىن باشلايلى، «شالچى دېھقان» دەرھال يېزىپ قويۇپ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرسۇن.

فېڭجيې، لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى ۋە پېڭئېرلەر يەنە ئىككى قەدەھتىن شاراب ئىچىپ چىقىپ كېتىشتى. لى ۋەن بايىقى مىسرانى يازدى:

شامال چىقتى شىمالدىن كېچىچە تىنماي،

ئاندىن ئۆزى داۋامىنى توقۇدى:

ئېچىپ باقسام ئىشىكنى قارلار ئۇچۇپتۇ.
بۇلغىنىپتۇ ئاپپاق قار مىلىنىپ لايغا،

شياڭلىڭ: ئۇششاق ئۇنچە قاشتاشلار يەرنى قۇچۇپتۇ.
سولغان گۈلنى بېزەشكە مەيلى يوق ئۇنىڭ،
تەنچۈن: قاقشال گىياھ كۆكلىسۇن دەپ قار ئويلاپتۇ.
يېزىدا مەي ئېچىپتۇ نەرخى ئۆرلەپ،
لى جى: مول ھوسۇلدىن ئامبارلار ئاشقا تولۇپتۇ.
تۇچ نەيچىدىن توزۇپتۇ قومۇشنىڭ كۈلى①،

① تۇچ نەيچە ... — قەدىمكى كىشىلەر قومۇش كۈلىنى ئون ئىككى دانە تۇچ نەيچە (ياكى قاشتاش نەيچە)گە قاچىلاپ، ئۇچ قات ئىچكىرى ئۆيگە قوياتتى، قايسى نەيچىدىكى كۈل توزۇپ كەتسە قايسى مەزگىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى. بۇ يەردە تۇچ قوڭغۇراق نەيچىسىدىكى كۈلنىڭ توزۇغانلىقى قىشتا كۈن توختىغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لى ۋەن: يۇلتۇز سېپى چۆرگۈلەپ كۈنمۇ يېنىپتۇ[①].
سوغۇق چۈشۈپ تاغلاردىن كېتىپتۇ زۇمرەت،
شيۇيەن: مۇزلار تۈتۈپ قىرغاقتا كەلكۈن تىنىپتۇ.
ئېگىلىپتۇ قاردا تال ـ سۆگەت شاخلىرى،
شياڭيۈن: خازان بانان ياپرىقىدىن قارلار تېيىپتۇ.
ئېپار سىياھ ئېرىتىپ داڭقان ئوچاقتا،
باۋچىن: تاۋار كەمزۇل ئۇستىگە بۇلغۇن كىيىپتۇ.
جىلۋىسىدىن سۇنۇپتۇ كۆزنەكتىكى نۇر،
دەييۈي: تامغا سىڭگەن مۇچ ئۇپا خۇشبۇي چېچىپتۇ.
قىيپاش شامال ئۇرۇپتۇ توختىماي غۇر ـ غۇر،
باۋيۈي: ئېنىق كۆرگەن چۈش شۈڭا ئەستىن قېچىپتۇ.
نەيگە سالغاندۇ نەدە مېيخۇا كۈيىنى،
باۋچەي: قاش چېكىلگەن بالماننى كىملەر چېلىپتۇ.
زېمىن گۈمران بولۇر دەپ تاشپاقا غەمدە،

ــ سىلەرگە ئىللىتقان شارابقا قاراپ كىرەي، ــ لى ۋەن كۈلۈپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي باۋچىننى داۋام قىلدۇر، دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە شياڭيۈن داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

ئەجدەر يېڭىپ بۇلۇتنى قارمۇ تىنىپتۇ.
كەلدى قايتىپ قىرغاققا يېيىقتا قېيىق،

باۋچىنمۇ قېلىشماي ئايغىنى ئۇلىدى:

ئۇزاتقاندا باچياۋدا ئىلھام قايناپتۇ[②].

[①] يۇلتۇز سېپى ... ــ يەتتە تىكەن يۇلتۇزنىڭ چۆمۈچ ساپىقىغا ئوخشاش قىسمىدا ئۈچ يۇلتۇز بولىدۇ، ساپاقنىڭ كۆرسەتكەن ئورنى ئۆزگىرىپ، ئۇدۇل شىمالنى كۆرسەتسە، قىشقى كۈن توختاش يېنىپ كۈن ئۇزىراشقا باشلايدۇ.
[②] باچياۋ ــ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەننىڭ شەرقىدىكى كۆۋرۈك. ئۇ زاماندا كىشىلەر كۆپىنچە مۇشۇ يەردە بىر ـ بىرىنى ئۇزىتىشاتتى. بۇ مىسرادا ئۇ يەردىكى قار مەنزىرىسى شېئىر ئىلھامىغا ياردەم بېرەتتى، دېگەن مەنە بىلدۈرۈلگەن.

سەركەردىنى ئەسلەپ خان يوللاپتۇ جۇۋا،

شياڭيۇن كىشىگە يول قويامتى؟ باشقىلار ئۇنىڭدەك سۆزگە چىچەن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كىرىلىپ - يىپىلىپ شېئىر ئوقۇشىغا يول قويدى.

شياڭيۇن: پاختا قىلىن بولسۇن دەپ ئەسكەر ئويلاپتۇ.
ئويمان - چوڭقۇر يول تايغاق پەخەس بولۇڭلار،

باۋچەي بۇ مىسرانى يېنىش - يېنىشلاپ ماختاپ، ئۆزىمۇ بېيىتقا قوشۇلدى:

چۇشۇپ كەتمىگەي قار دەپ شاخلار پايلاپتۇ.
يېنىك دەسسەپ ئاپپاق قار ئوينىدى ئۇسسۇل،

دەييۇي دەرھال ئۇنىڭغا ئۇلىدى:

داجىپ يەلنىڭ تىغىدىن ساما سىلىپتۇ.
ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن كىرگەچ يېڭى تەم،

ئۇ بۇ بېيىتنى دەپ بولۇپلا، باۋيۈينى سەنمۇ قوشۇل دېگەننى قىلىپ نوقۇپ قويدى. باۋيۇي باۋچىن، باۋچەي، دەييۇي ئۈچى بىر بولۇپ شياڭيۇن بىلەن تۇتۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداق قىزىقىپ كەتكەنىدىكى، بۇ ھالدا ئۇلارغا قوشۇلۇپ بېيىت ئېيتىش ئۇنىڭ خىيالىغا كېلەمتى؟ دەييۇي نوقۇغانلىقى ئۈچۈنلا بېيىتقا قوشۇلدى.

باۋيۇي: يالغۇز قۇچۇر ئانتىنى ئەسكە ئېلىپتۇ.
قار ئۇۋىتكەن لايغا ئىز سىلىپتۇ غازلار،
باۋچىن: پالتا ئۇنى جاڭگالدىن پات - پات كېلىپتۇ.

مىڭلىغان پىل ياتقاندەك كۆرۈندى تاغلار،
شياڭيۈەن: يىلان باغرى چىغىر يول يىراق كېتىپتۇ.
چېچەكلەپتۇ سوغۇقتا قارلار ئۇچقۇنلاپ،
باۋچەي ۋە باشقىلار بۇ مىسرالارنى ماختاشتى. تەنچۈن بېيتىنىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇردى:

قار چېچىكى گىياھدىن ئۆزگە تۇرۇپتۇ①.
قاردىن قۇشقاچ قورقۇپتۇ توڭلاپ ھويلىدا،

شياڭيۈن ئۇسساپ كېتىپ، ئالمان - تالمان چاي قۇيۇپ ئىچىۋاتقىنىدا، شيۈيەن بېيتنى تارتىۋالدى.

شيۈيەن: شۇم قۇش تاغدا ئاچلىقتىن ئىڭراپ يۈرۈپتۇ.
پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە قارلار سىيرىلدى،

شياڭيۈن دەرھال چاينى قويۇپلا بېيتنى ئىلىپ كەتتى:

كۆلگە چۈشۈپ سۇ بويلاپ لەيلەپ ئېقىپتۇ.
تاڭ سەھەردە باشلانغان پار - پار قىلىپ قار،

دەييۈي: تەك تۈنگىچە توختىماي لەپ - لەپ يېغىپتۇ.
ئەل تىلىسە كۆڭلىدە ئۈچ چى ياغسۇن دەپ،

شياڭيۈن كۈلگىنىچە دەرھال جور بولدى:

غېمى تۈگەپ خاقانمۇ بەرىكەت تىلەپتۇ.
كىم سوراپتۇ غېرىبلار ئۈلسە سوغۇقتا،

① قار چېچىكى ... — قار چېچىكىنىڭ رەڭگى ئوت - گىياھلاردىن ئۆزگىچە، ئۇ قىرووۋنى كۆرۈش بىلەنلا گىياھدەك سولمايدۇ، دېمەكچى.

باۋچىنمۇ كۈلۈۋېتىپ، شۇئان قوشۇلدى:

قاردا يايراپ غوجاملار مەشرەپ ئويناپتۇ.
باپكار قىزنىڭ شايىسى چۈشكەچكە ئەنلەپ[1]،

شياڭيۈن دەرھال بېيتىنىڭ ئايىغىنى ئۇلىدى:
سەراپ سۇنۇپ جىلۋىسى رەڭدىن كېتىپتۇ[2].

دەييۈي ئۇنىڭغا يول قويماي، ئايىغىنى ئۇلاپ كەتتى:

قار قاپلىسا شىپاڭدا جىمجىتلىق ئىكەن،

شياڭيۈن: بۇردا نان، يۇتۇم سۇدىن نامرات غەم يەپتۇ.

باۋچىنمۇ يۈز قاراپ تۇرماي، دەرھال جور بولدى:

ئاستا ـ ئاستا ئۆرلىمەكتە ئوچاقتا سىنچاي،

شياڭيۈن مۇشۇنداق ئېيتىشىشقا تېخىمۇ قىزىقىسىنىپ، كۈلگەن پېتى دەرھال ئايىغىنى ئۇلىدى:

ھۆل ياپراقتا ئىللىتماق مەينى تەس كەپتۇ.

دەيىيۈيمۇ كۈلگىنىچە يەنە قوشۇلدى:

قاردا قاپتۇ تاغدىكى راھىب يامدىقى،

---

① باپكار قىز ... ـــ ئاسماندىكى باپكار قىز. بۇ مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، ئاپپاق قار خۇددى ئاسماندىكى باپكار قىز توقۇغان ئاق شايى ئەنلەپ چۈشكەندەك.

② سەراپ ... ـــ چۆلدە نۇردىن ھاسىل بولىدىغان ھادىسە، بۇ مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، قار ئىنتايىن ئاپپاق ۋە چاقناق بولغانلىقتىن، ھەتتا سەراپنىڭ نۇر ـ جىلۋىسىنىمۇ سۇندۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

باۋچىنمۇ كۈلگىنىچە ئايىغىنى چۈشۈردى:

گۆدەك ئاسقان قالۇننى ھەم قار بېسىپتۇ①.

شياڭيۇن كۈلۈۋېرىپ ئىككى يۈكۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئالدىراپراق بىر مىسرا ئېيتىۋىدى، كۆپچىلىك چۈشىنەلمەي:
— نېمە دەۋاتىدىغانسەن زادى؟ — دەپ سوراشتى. شياڭيۇن قايتا دەپ بەردى:

تاش راۋاقتا مۈگدەپتۇ بىكارچى تورنا.

دەييۈي مەيدىسىنى تۇتقىنىچە كۈلۈۋېرىپ ۋارقىراپراق قوشۇلدى:

مۈشۈك كىمخاب زىلچىدا ئىسسىق يېتىپتۇ.

باۋچىنمۇ كۈلۈپ دەرھال قوشۇلدى:

ئاي قەسرىدە ئوقچۇپتۇ كۈمۈش دولقۇنى.

شياڭيۇن دەرھال جور بولدى:

شەپەق قورغان كۆمۈلۈپ بەلگە يېتىپتۇ②،

دەييۈي كۈلگىنىچە يەنە بىيىت باشلىدى:

---

① گۆدەك ... — گۆدەك يۈدۈۋالغان قاشتاشلىق قالۇننىڭ ئۈچىنىمۇ قار بېسىپ كېتىپتۇ.

② شەپەق قورغان ... — قىزىل قورغان (چىچېڭ) دېگەن تاغ، جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى تيەنتەي ناھىيەسىنىڭ شىمالىدا، تۆپىسى قىزىل بولۇپ، خۇددى سېپىل قورغاندەك كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان. قىزىل شەپەقتەك تاغنى قېلىن قار بېسىۋالغاچقا، ئۇنىڭ قىزىللىق بەلگىسى كۆرۈنمەي كەتكەن، دېمەكچى.

سىڭىپ مېيىخۇا پۇرىقى چاڭقىدى تېتىپ،

باۋچەي «قالتىس مىسرا بولدى!» دەپ كۈلۈپ ئۆزىمۇ قوشۇلدى:

بامبۇك نەمدە مەست بولۇپ كۈيگە چۆشۈپتۇ.

باۋچىنمۇ دەرھال ئايغىنى ئۇلىدى:

قوشماق ئۆردەكلىك كىمخاب پوتا نەم بولدى،

شياڭيۈن شۇئان قوشۇپ قويدى:

زۇمرەت ئۈكە گاھىدا ئۈيۈپ ئۇششۇپتۇ①.

دەييۈي يەنە باشلىدى:

شامالسىز ھەم ئۇچماقتا قارلار ئېسەكەپ،

باۋچىن كۈلۈۋېتىپ، دەرھال ئايغىنى چۈشۈردى:

يامغۇر ئەمەس سىمىلداپ قار ئۇچقۇنلاپتۇ.

شياڭيۈن دومىلىغىنىچە كۈلە ـ كۈلە تېلىقىپ قالدى. باشقىلارمۇ ئۇ ئۇچەيلەننىڭ بىر ـ بىرىدىن تارتىۋېلىپ بېيىت ئېيتىشۋاتقانلىقىغا قاراپ قېلىپ، خىيالىغا بېيىت ئېيتىشمۇ كەلمەي كۈلۈشۈپ كەتتى. دەييۈي يەنە شياڭيۈننى داۋاملاشتۇر

① زۇمرەت ئۈكە ... ــ زۇمرەت قۇشنىڭ قۇيرۇقىدىن قىلىنغان، ئېسىلزادە قىزلار بېشىغا تاقايدىغان ئۈكە ـ تاج، قار ئۇچقۇنلىرى قىزنىڭ بېشىدىكى زۇمرەت ئۈكىدە ئۈيۈپ قاپتۇ، دېمەكچى.

دېگەننى قىلىپ نوقۇپ قويدى:
— سېنىڭمۇ كاركىراپ قالىدىغان ۋاقتىڭ بولىدىكەن! قېنى دېگىنە، تىلىڭنى يەنە قانچىلىك چايناليسەنكىن؟
شياڭيۈن ئۆزىنى باۋچەينىڭ قۇچىقىغا ئاتقىنىچە، توختىماي كۈلۈۋەردى. باۋچەي ئۇنى ئىتتىرىپ تۇرغۇزۇپ:
— بىڭىسىڭ بولسا، «ئىككىنچى تۇركۇمدىكى شياۋ» قاپىيەلىرىدىن بىرىنى قويماي ئىشلىتىپ بولغىنىڭدا، ئاندىن ساڭا قايىل بولىمەن، — دېدى.
— مەنغۇ بېيىت ئېيتاي دېمىدىم ، جېنىمنى قۇتقۇزدۇم! — دېدى شياڭيۈن قەددىنى رۇسلاپ.
— ئۆزۈڭنىڭ شۇنداق دەۋالغىنىڭدۇ بۇ ! — دەپ كۈلۈشتى كۆپچىلىك.
تەنچۈن ئۆزىنىڭ بېيىت قوشۇشىغا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭكىنى يېزىپ بولۇپ:
— تېخى ئايىغى چىقمىدى، — دېدى.
بۇ گەپ بىلەن لى ۋەن بېيىتنىڭ ئايىغىنى ئۇلاپ، يەنە بىر مىسرا ئېيتتى:

ئەسلىگەيمىز بۈگۈنكى خۇشال زامانىنى،

لى جى مۇنداق مىسرا بىلەن ئايىغىنى چۈشۈردى:

شېئىرىمىز ياۋ، شۇندەك خاننى قۇتلاپتۇ.

— بولدى، بولدى ! — دېدى لى ۋەن، — قاپىيەلەرغۇ تېخى تۈگىمىدى، قاپىيە قوغلىشىپ غەلىتە سۆزلەرنى ئىشلىتىۋېرىشمۇ ياخشى ئەمەس.
شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ باھالاپ چىقىۋىدى، شياڭيۈننىڭ ئېيتقان بېيتى ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ

چىقتى.
— بۇ بايىقى بۇغا گۆشىنىڭ كۈچى، — دەپ خۇشال كۈلۈشتى باشقىلار.
— ھەربىر مىسرا بويىچە باھالاشنىڭ بىردەمدىلا تۈگىتىۋەتتۇق، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — لېكىن باۋيۈي يەنە ھەممىنىڭ كەينىدە قالدى.
— مەن ئەسلىدە بېيت ئېيتىشنى ئۇقمايتتىم، مېنى كەچۈرسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دەپ كۈلدى باۋيۈي.
— ھەر قېتىمدىلا كەچۈرۈۋەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى لى ۋەن كۈلۈمسىرەپ، — بىردەم «قاپىيەسى تەس» ئىكەن دەيسەن، بىردەم خاتا قىلىپ قويدۇم دەيسەن، ئەمدى يەنە «بېيت ئېيتىشنى ئۇقمايتتىم» دەيسەن! بۈگۈن زادى ساڭا جەرىمانە قويۇش كېرەك. بايا مەن يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى قىزىل مېيخۇانى كۆرۈپ شۇنداق ھەۋەسىم كەلدىكى، بىر تالنى ئۈزۈۋېلىپ لوڭقىغا چىلاپ قويغۇم كەلدى. مياۋيۈي دېگەن نېمىنى يامان كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كەتتىم. ئەمدى سەن بىر تالنى ئۈزۈپ كېلىپ بەرسەڭ، مەن قىسىۋالاي، ساڭا قويۇلىدىغان جەرىمانە شۇ بولسۇن.
— بۇ راسا قاملاشقان ھەم قىزىق جەرىمانە بولدى ! — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن.
باۋيۈيمۇ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ، مېيخۇا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى. شياڭيۈن بىلەن دەييۈي تەڭلا:
— تالا سوغۇق، ئىسسىق شارابتىن بىر قەدەھ ئىچىۋېلىپ مېڭىڭ، — دېدى. شياڭيۈن ئىسسىتىلغان شاراب چەينىكىنى ئېلىپ كەلدى، دەييۈي بىر قەدەھ سۇنۇۋىدى، شياڭيۈن تولدۇرۇپ قۇيۇپ:
— قولىمىزدىن بۇ شارابنى ئىچىپ قويۇپ گۈلنى ئەكېلەلمەيدىغان بولساڭ قوشلاپ جەرىمانە قويىمىز! — دەپ كۈلدى.

www.uyghurkitap.com

باۋيۇي بىر قەدەھ ئىچىپ، قار يېغىۋاتقىنىغىمۇ قارىماي، ئىبادەتخانىغا ماڭدى. لى ۋەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ بىللە بېرىشقا كىشى جورۇغانىدى، دەيىۇي دەرھال ئۇنى ياندۇرۇپ:

— ياق، بىركىم بىللە بارسا ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

— توغرا، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى لى ۋەن، ئاندىن جانان قىز لوڭقىسىنى① ئەكېلىپ، مېيخۇا چىلاش ئۇچۇن سۇ قۇيۇپ تەييارلاپ قوي، دەپ دېدەكنى بۇيرۇدى. ئاندىن، — باۋيۇي قايتىپ كەلگەندە مېيخۇانى كۆيلەپ شېئىر ئېيتىدۇ، — دېدى.

— ھەممىدىن ئاۋۋال مەن بىرنى يازىمەن، — دېدى شياڭيۈن.

— بۈگۈن ساڭا شېئىر يېزىشقا رۇخسەت قىلمايمىز! — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، — ھەممىنى سەن تارتىۋالساڭ، باشقىلار بىكار قالسا قىزىقى بولمايدۇ. باۋيۇي قايتىپ كەلگەندە شۇنىڭغا جەرىمانە قويىمىز. ئۇ بېيىت ئېيتىشنى ئۇقمايمەن دېگەندىكىن، ئەمدى ئۇ ئۆزى يالغۇز شېئىر يازسۇن.

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى دەيىيۈيمۇ كۈلۈپ، — مېنىڭ مۇنداق بىر پىكرىم بار، بايا بېيىت ئېيتىشقاندا ھەممەيلەن تەڭ قاتنىشالمىدى، بېيىتنى كىم ئاز ئېيتقان بولسا، شۇ قىزىل مېيخۇا توغرىسىدا شېئىر يازسۇن.

— بۇ تېخىمۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، — بايا شيۇيەن، لى ۋېن، لى جى ئۈچى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مېھمان، باۋچىن بىلەن قەلەم قاش، شياڭيۈن ئۈچى تارتىۋېلىپ تولىسىنى ئۆزلىرى ئېيتىشتى، ئەمدى ھېچقايسىمىز يازماي، شېئىرنى پەقەت ئاشۇ ئۈچ مېھمانلا يازسا توغرا بولىدۇ.

---

① جانان قىز لوڭقىسى — ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدە تىزىپ قويۇلىدىغان گۈلدان، ئۇنىڭ بوينى قىسقا، يەلكىسى تەكشى، قورسىقىنىڭ تۆۋىنى ئۇچلۇق بولىدۇ.

— جـىـئىبرمـۇ ئـانچە يـازالـمـايـدۇ، بـاۋچـىن سـىڭـلـىـمـىـز يازسۇنمىكىن، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.
باۋچەي بۇنىڭغا ياق دېيەلمىدى.
— «قـىـزىـل مـېـيـخـۇا گـۈلـى» دېـگـەن ئۈچ سـۆز قـاپـىـيـەگـە كەلتۈرۈلـسۇن، — دېدى باۋچـەي، — ھەركـىـم يـەتتە سـۆزلـۈك ۋەزىنده بىردىن شېئىر يازسۇن، سىڭلىم شيۇيـەن «قـىزىل» نـى، سىلەرنىڭ لى ۋېن قىز «مېيـخـۇاغا ھەۋەس» نـى، باۋچىن «گـۈل» نى قاپىيەگە كەلتۈرسۇن.
— باۋيۈينى بۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە مەن رازى ئەمەس، — دېدى لى ۋەن.
— ئۇنىڭغا ئوبدان بىر ماۋزۇ بار، شۇ ماۋزۇدا يازدۇرايلى، — دېدى دەرھال شياڭيۈن.
— قانداق ماۋزۇ ! — دەپ سوراشتى باشقىلار.
— ئۇنىڭغا «قىزىل مېيخۇا تىلەپ مياۋيۈينى يوقلىدىم» دېگەن ماۋزۇدا يازدۇرساق قىزىق بولمامدۇ؟ — دېدى شياڭيۈن.
— راست، قىزىق بولىدىكەن ! — دېيىشتى ھەممەيلەن.
شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، باۋيۈي ھېجايغىنىچە بىر تال قىزىل مېيخۇاگۈلىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. دېدەكلەر يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن گۈلنى ئېلىپ لوڭقىغا چىلاپ قويۇشتى. ھەممەيلەن كېلىپ گۈلنى تاماشا قىلىشتى.
— سىلەرگۇ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىسىلەر، لېكىن بۇنى ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك كاللا ئىشلەتكەنلىكىمنى بىلمەيسىلەر - دە! — دېدى باۋيۈي.
تەنچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق شارابتىن بىر قەدەھ تۇتتى. دېدەكلەر ئۇنىڭ يېچان يامغۇرلۇقى بىلەن مىسىل قالپىقىنى ئېلىپ قارلىرىنى قېقىۋەتتى. ھەركىمنىڭ ئۆز دېدىكى ئۆيلىرىدىن قوشلاپ كىيىم ئەكېلىشتى. شىرېنمۇ باۋيۈينىڭ تۈلكە قولتۇقىدىن تىكىلگەن نىمكەش جۇۋىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. لى ۋەن قاسقاندا پىشۇرۇلغان يوغان ياڭيۇلاردىن بىر تەخسە

ئۇستۇرۇپ، قىزىل جۇيزى، سېرىق ئاپىلسىن، زەيتۇن مېۋىلىرىدىن ئىككى تەخسىگە تىزدۇرۇپ شىرىنگە ئاپىرىپ بېرىشكە كىشى جورۇدى. شياڭيۇن بايىقى شېئىر ماۋزۇسىنى باۋيۇيگە ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنى تېزرەك ياز دەپ ئالدىراتتى.

— جېنىم ھەمشىرىلىرىم، قاپىيە بىلەن چەكلىمەي، قاپىيەدە ئۆز ئىختىيارىمىزغا قويۇپ بەرسەڭلار، — دەپ يالۋۇردى باۋيۇي.

— بوپتۇ، خالىغىنىڭچە يېزىۋەر، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئۇلار گەپ قىلىشقاچ مېيخۇا گۈلىنى تاماشا قىلىشتى. بۇ گۈلنىڭ شېخى تۆت غېرىچچە بولۇپ، يېنىدىن ئۇزۇنىسىغا تۆت ـ بەش غېرىچچە يەنە بىر تال شاخ چاتاقلاپ چىققان، ئارىلىقلىرىدا يەنە بىرقانچە تال شۇمبىلىرى بار ئىدى. شاخلىرى خۇددى تولغانغان ئەجدىھادەك، ياكى قاتقان سازاڭدەك، ياكى ئۇچلانغان قەلەمدەك، ياكى قويۇق جاڭگالدەك كۆرۈنەتتى. گۈلى بەئەينى ئەڭلىككە ئوخشىسا، پۇرىقى كۆك چېچەكلىك رەيھاندەك چاڭقاپ تۇراتتى، ھەممەيلەن بۇ گۈلنى ماختاشتى. شۇ ئەسنادا شيۇيەن، لى ۋېن، باۋچىن ئۈچى گۈلنى كۈيلەپ شېئىر يېزىپ بولۇشتى. باشقىلار بۇ شېئىرلارنى «قىزىل»، «مېيخۇا»، «گۈل» دېگەن تەرتىپ بويىچە ئوقۇشقا باشلىدى.

## قىزىل مېيخۇا گۈلى ھەققىدە نەزم

تېخى شاپتۇل پۇرىماي، ئۆرۈكمۇ ھەم بولماي قىزىل،
شەرق شامىلىغا چىراي ئاچتىڭ بولۇپ قىشتا دېدىل.
ئۈچتى يۇيلىڭغا خىيالىم، بىلمىدىم قىشمۇ باھار[1]،

---

① يۇيلىڭ — گۇاڭدۇڭ بىلەن جياڭشى ئارىلىقىدىكى تاغ، مېيخۇا گۈلى بىلەن مەشھۇر جاي. بۇ مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، ئېچىلغان قىزىل مېيخۇا گۈلىنى كۆرۈپ خىيالىم يۇيلىڭ تېغىغا كەتتى، سوغۇقتا ئېچىلغان مېيخۇا قىشقا باھار تۈسىنى بەرگەچكە، قىش بىلەن باھارنى پەرق ئېتەلمىدىم.



www.uyghurkitap.com

باستى لوفۇنى شەپەق، چۈشتىكىنى تارتمىدى دىل①.
چاقىندىلىڭ يېشىل چاناقتا قىپقىزىل شامدەك يېنىپ،
ئاق پەرى بولۇپتۇ مەست ، قىلغاچقا سەن ئالنى خىجىل②.
قىشتا قورقماي خوي ئېچىلدىڭ، ئۆزگىچە ھۆسنۈڭمۇ خوپ،
مەيلى سۈس ياكى قېنىق ھېچ بولمىدىڭ رەڭگە ئېجىل.
شىڭ شيۈيەن

## يەنە شۇ ماۋزۇدا

نەزم قىلدىم ئال مېيخۋانى، ئېقىغا قىلماي ھەۋەس،
بارچە گۈلدىن تېز ئېچىلغاچ قىلدى ھۆسنۈڭ مېنى مەست.
توڭدا يېرىلغان يۈزۈڭدىن تەپچىدى قان ياش دېگى،
چېچىكىم چۈچۈك مېنىڭ دەپ بۇزمىغىن كۆڭلۈڭنى، بەس.
ئال نايابنى يەپ قويۇپ سەن بوپتۇ تۇرقۇڭمۇ قىزىل③،
قاش بۇلاقتىن يەرگە چۈشكەن پەرى سەن تاشلاپ قەپەس④.
پارلىدى كۆكلەم كەبى شىمال - جەنۇب سەن گۈللىگەچ،
ئۇرما كىپىنەك ئۆزۈڭنى، چۈنكى ئۇ ئەينۇل ئەمەس.
لى ۋېن

---

① لوفۇ ... — گۇاڭدۇڭدىكى تاغ. بۇ مىسرانىڭ مەنىسى شۇكى، جياۋشىشيۇڭ دېگەن بىر ئادەم چۈشىدە مېيخۋا پەرىسىنى كۆرگەنىمىش، تاڭدا ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزى يوغان مېيخۋا تۈۋىدە ياتارمىش. بۇ مىسرا، بۇنداق چۈش كۆرۈشكە مەيلىم يوق، چۈنكى كۆز ئالدىمدىلا قىزىل مېيخۋا چاقناپ تۇرۇپتۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② ئاق پەرى ... — بۇ قارىغا ئىشارەت: «بولۇپتۇ مەست» — مېيخۋانىڭ قىزىللىقىدىن قارمۇ قىزىرىپتۇ دېگەن مەنىدە؛ «ئالنى خىجىل» — قىزىل تۈسنى خىجىل قىلدى، يەنى قالدۇق ھەسەن - ھۈسەننىڭ تۈسىنى بېسىپ چۈشتى، دېمەكچى.

③ ئال نايابپ ... — قىزىل ناياب، يەنى خىسلەتلىك قىزىل كۈمىلاچ، مېيخۋا ئاشۇ دورىنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن قىزىل تۈسكە كىرىپ قالغان، دېمەكچى.

④ قاش بۇلاق ... — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شى ۋاڭمۇ (كۈنپېتىشتىكى خان ئانا) تۇرغان قاشتاش بۇلاق. بۇ مىسرادا قىزىل مېيخۋا گۈلى قاشتاش بۇلاقتىكى پەرىزاتلىق قىياپىتىدىن چىقىپ، ئەش - قەپەسنى تاشلاپ، يەر يۈزىگە (ئادەمزات ئارىسىغا) يوشۇرۇنچە چۈشۈۋالغان، دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەنە شۇ ماۋزۇدا

شاخلىرى سېرەك ـ شالاڭ، چوغدەك قىزىل چاقناپتۇ گۈل،
بەلكى كۆكلەم قىزىدىن ئۇ تالىشۇر بىزەك ـ پۈزۈل.
هويلا تىمتاس، ئەگىمەچ قاشادا يوق قاردىن ئەسەر①،
سۇ ئوقچۇغان كەڭ جىلغىدا قىزىل شەپەق ئوينار ئۇسسۇل②.
كۈيلىدى نەيدە قىزىل يەڭلىك كىشى، چۈشۈمدە پاھ③ ،
قىزىرىپ سامانيولى ئوينار پەرى سالدا ئۇدۇل④.
تۆرلىنىپ قاش تەكچىدە ئەسلىڭ ئەزەل ئاددىي ئەمەس،
تەڭلىشەر مودەنگە تۇرقۇڭ، هېچ كىشى بولماس ئۇمۇل.
باۋچىن

هەممەيلەن كۈلۈشكىنىچە، شېئىرلارنى بىر قۇر ماختىشىپ ئاخىرقى شېئىر هەممىدىن ياخشى ئىكەن، دەپ باھالاشتى. باۋيۈيگە باۋچىن يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي زېرەك بولۇپ كۆرۈندى. دەييۈي بىلەن شياڭيۈن ئىككىسى كىچىك قەدەھنى تولدۇرۇپ باۋچىننى قۇتلاشتى.

— ئۈچ شېئىرنىڭ هەربىرىدە ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق بار، — دەپ كۈلدى باۋچەي، — سىلەر ئىككىڭلار هەركۈنى مېنى ئەخمەق ئېتىپ ئويناتتىڭلار، ئەمدى بۈنىمۇ ئەخمەق ئېتىۋاتىسىلەر.

— سېنىڭمۇ تەييار بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن

① قار — ئاق مېيخۇا گۈلى.
② شەپەق — قىزىل مېيخۇا گۈلى.
③ كۈيلىدى ··· — قىزىل مېيخۇانى تاماشا قىلغانلىقىمدىن چۈشۈمدە گويا قىزىل يەڭلىك كىيگەن بىركىم «مېيخۇا چۈشى» كۈيىنى نەيدە چالغاندەك بولدى، دېمەكچى.
④ قىزىرىپ سامانيولى ... — قەدىمكى دەۋردىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، سامانيولىنىڭ يېنىغىمۇ قىزىل مېيخۇا تىكىلگەنلىكتىن، سامانيولىدا قىزىللىق ئەكس ئەتكەن ۋە ئۇ يەردە پەرىزات سالدا ئۈزۈپ مېيخۇا ھىدىدىن ھۇزۇرلانغانىكەن.

باۋيۇيدىن.

— تەييار بولۇشىغۇ بولىغان، — دېدى باۋيۇي، — لېكىن بايىقى ئۈچ شېئىرنى كۆرۈپ ئېسىم ئۇچۇپلا كەتتى، بىرئاز ئويلىنىۋالاي.

شۇ گەپ بىلەن شياڭيۈن بىر تال مەش چۇخچىلىغۇچنى ئېلىپ، قول ئوتدىنىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، كۈلدى:

— مەن ئوتدانىنى ئۇرىمەن، ئۇرۇش توختىغۇچە ئېيتىپ بولمىساڭ، يەنە جەرىمانە قويىمىز، — دېدى.

— تەييار بولدى، — دېدى باۋيۇي كۈلۈمسىرەپ.

— سىز ئوقۇڭ، مەن يازاي، — دەپ دەييۇي قولىغا قەلەم ئالدى.

شياڭيۈن «تاڭ» قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ:

— بىر ئۇرۇش تۈگىدى، — دەپ كۈلدى.

— بولدى. قېنى يېزىۋېرىڭ، — دېدى باۋيۇي.

كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى.

باۋيۇي:

بىر قەدەھ ئىچمەي شارابتىن بىر بېيىت تۈزمەي تۇرۇپ،

دەييۇي يېزىپ بولۇپ بېشىنى چايقاپ كۈلدى:

— باشلىنىشى ئاددىيلا بولۇپ قالدى، — دېدى.

— چاپسان بول ! — دېدى شياڭيۈن.

باۋيۇي:

هۆر ماكانىغا يۈگۈردۈم نۇر باھارغا تەلمۈرۈپ①.

دەييۇي بىلەن شياڭيۈن باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ:

---

① هۆر ماكانى — يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا؛ نۇر باھار — قىشتا ئېچىلىدىغان لامبى گۈلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدىكىسى بىر ئاز مەنىلىكرەك بولدى، — دېيىشتى.
باۋيوي يەنە داۋاملاشتۇردى:

كۆزلىمەي بۇت قولىدىن گۈلداندىكى شەربەتنى مەن[①]،
تىلىدىم هۆردىن قاشا سىرتىدىكى گۈلنى كۆرۈپ[②].

دەييۇي يېزىپ بولۇپ بېشىنى چايقىدى:
— قاملاشتى دېگۈچىلىكى يوق.
شياڭيۈن ئوتدانىنى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ قويدى.
باۋيوي كۈلۈمسىرەپ داۋاملاشتۇردى:

ئادەمزات ئارىسىدىن ئايرىلىپ كەستىم شەپەق[③]،
ئەرشتىن شەبنەم كېزىپ كەلدىم قىزىل قارنى يۇدۇپ[④].
ئايىماي ئۆشنەمنى ياندىم كۆتۈرۈپ شاخ ـ شۇمبىنى،
بۇتخانا موخ ـ چىمىدىن كىيىمگىمۇ داغ تەگدۈرۈپ.

دەيیۇي يېزىپ بولغاندىن كېيىن، شياڭيۈن ۋە باشقىلار ئەمدىلا باھا بېرىشكە باشلىغاندا، چۆرە قىزلار يۈگۈرۈپ كىرىپ:
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كەلدى! — دەپ مەلۇم قىلىشتى.
ھەممەيلەن ھاپىلا ـ شاپىلا ئالدىغا چىقىشىپ:

---

① بۇت ... — پەريادقا قۇلاق سالغۇچى بۇدساتۋا (ئاۋالوكىتېسۋار). رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ قولىدا لوڭقا (گۈلدان) بولۇپ، ئۇنىڭدا كەۋسەر سۈيى («شەربەت») گە بىر تال سۆگەت چىلانغانىكەن.

② هۆر — يەنى ئاي پەرىسى، مياۋيۈيگە تەمسىل قىلىنغان؛ قاشا سىرتى — مياۋيۈي ئۆزىنى «قاشا (بوسۇغا)سىرتىدىكى كىشى» دەپ سانايدۇ، بۇ يەردە مياۋيۈينىڭ تۇرغان جايى كۆزدە تۇتۇلغان.

③ ئادەمزات ئارىسى — كىشىلەر (ھەمشىرىلەر) تۇرغان جاي؛ شەپەق — قىزىل مېيخۇا گۈلىگە ئىشارەت.

④ ئەرش — مياۋيۈي تۇرغان جايغا ئىشارەت؛ قىزىل قار — قەدىمكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كوئېنلۇندا قىزىل شەبنەم بولۇرئىمىش، گۈل ـ گىياھ ۋە تاشلارغا سېپىلىپ، قىزىل قارغا ئوخشاپ قالار ئىمىش. بۇ يەردە بۇ قىزىل مېيخۇانىڭ ئوخشىتىلىشى.

— نېمانچە بۇنداق خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەندۇ! — دېيىشتى.

ئۇلار جىيا ئانىنىڭ چوڭ يېپىنچىغا يۆگىنىپ، تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن پوسما كىيىپ، بامبۇكتىن ياسالغان كىچىك تەختىراۋانغا چۈشۈپ، مايلانغان كۆك پاكىچۇ كۈنلۈك تۇتقان ھالدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يەنىلاڭ، خۇپو قاتارلىق بەش - ئالتە دېدەكمۇ بىردىن كۈنلۈك تۇتۇپ تەختىراۋاننى چۆرىدەپ كېلىشىۋاتاتتى. لى ۋەنلەر دەرھال ئالدىغا يۈگۈرۈشتى، جىيا ئانا ئۇلارنى شۇ يەردىلا توسۇپ تۇرۇشقا كىشى بۇيرۇپ:

— شۇ يەردە تۇرساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى .

جىيا ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، كۈلدى:

— مەن قېيىنئاناڭ بىلەن فېڭجېي قىزغا تۇيدۇرماي، قېلىن قاردا بۇنىڭغا چۈشۈپ كېلىۋەردىم. ئۇلارنى قاردا سوكۇلدىتىپ نېمە قىلاتتىم.

ھەممەيلەن ئالمان - تالمان ئالدىغا كېلىپ يېپىنچىنى ئالدى. جىيا ئانىنى قولتۇقلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە خوش - خوش دېيىشىپ ماڭدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن:

— قالتىس چىرايلىق مېيخۇا گۈلى ئىكەن بۇ! — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — سىلەرمۇ كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىدىكەنسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە كاشىلا قىلمايمەن!

شۇ ئەسنادا لى ۋەن بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن چوڭ كۆرپىنى ئەكەلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا سالدۇردى، جىيا ئانا كۆرپىگە ئولتۇردى:

— سىلەر يەنە ئاۋۋالقىدەكلا يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلىۋېرىڭلار. كۈن قىسقا بولغاچقا، چۈشتە ئۇخلىغۇم كەلمەي، بىر پەس قەغەز ئوينىدىم، سىلەر ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، مەنمۇ كۆڭۈل ئاچاي دەپ يېنىڭلارغا كەلدىم.

لى ۋەن قول ئوتدانىنى ئەكەلدى، تەنچۈن باشقىدىن بىر جۈپ چوكا ۋە قەدەھ ئېلىپ، ئىللىتقان شارابتىن ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ جىيا ئانىغا تۇتتى. جىيا ئانا شارابتىن بىرلا ئوتلاپ قويۇپ:

— ئاۋۇ تەخسىدىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ھەمشىرىلەر دەرھال تەخسىنى ئەكىلىپ:

ــ ھاراققا چىلانغان بۆدۆنە، ــ دەپ مەلۇم قىلىشتى.

ــ مانا بۇ بولىدىكەن، پاچىقىدىن يىرىپ بېرىڭلار، ــ دېدى جيا ئانا.

لى ۋەن دەرھال خوش دەپ، سۇ ئالدۇرۇپ قولىنى يۇدى ۋە ئۆزى يىرىپ ئەكىلىپ تۇتتى.

ــ سىلەر ئاۋۋالقىدەك ئولتۇرۇپ چاقچىقىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئاڭلاپ خۇش بولاي، ــ دېدى جيا ئانا لى ۋەنگە بۇيرۇدى، ــ سەنمۇ ئولتۇرغىن، مەن كەلمىگەندىكىدەك قىلساڭلار ئوبدان بولىدۇ، بولمىسا مەن كېتىمەن.

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى، پەقەت لى ۋەنلا چەتكىرەك سۇرۇلۇپ قويدى.

ــ سىلەر نېمە قىلىپ ئويناۋاتاتتىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى جيا ئانا.

ــ شېئىر يېزىشىۋاتاتتۇق، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

ــ شېئىرمىغۇ يېزىپسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە، پانۇس تېپىشمىقى تۈزگەن بولساڭلار، ھەممەيلەن چاغاندا قىزىقچىلىق قىلساق بولاتتى.

ھەمشىرىلەر خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

ــ بۇ يەر نەم ئىكەن، ــ دېدى جيا ئانا ئۇلار بىردەم چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، ــ ئۇزاق ئولتۇرماڭلار، سوغۇق تەگكۈزۈۋالىسىلەر. تۆتىنچى سىڭلىڭلارنىڭ ئۆيى ئىسسىقراق، شۇنىڭگە بېرىپ سىزىۋاتقان رەسىمىنى كۆرۈپ باقايلى، چاغانغىچە پۈتكۈزەلەمدىكىن.

ــ نەدە پۈرۈپ چاغانغىچە پۈتكۈزەلىسۇن! ــ دېيىشتى ئۇلار، ــ كېلەر يىلى ياڭزۇڭزا بايرىمىغىچە پۈتكۈزسە چوڭ گەپ.

ــ ئۇنداق قىلسا بولامدۇ! ئۇ زە، ئۇ رەسىمگە بۇ باغنى سالغاندىكىدىنمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ، ــ

جيا ئانا بايىقى تەختىراۋانغا ئولتۇردى، كۆپچىلىك چۆرىدەپ مېڭىپ، نېلۇپەر سەيناسىدىن ئۆتۈپ ئارىلىق يولغا چىقىشتى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كوچا ئىشىكلىرى بار ئىدى، ئىشىكلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ماڭلايلىرىغا تاش لەۋھەلەر پاتۇرۇلغانىدى. جيا ئانا ۋە باشقىلار كۆنپېتىشتىكى ئىشىكتىن كىرىشتى، ئىشىكنىڭ تاشقىرى ماڭلىيىدىكى لەۋھەگە «بۇلۇت تېشەر» دېگەن ئىككى سۆز، ئىچكىرىدىكى ماڭلىيىغا «ئايغا يېتەر» دېگەن ئىككى سۆز ئويۇلغانىدى. دەھلىزگە كېلىپ جەنۇبقا ئېچىلغان چوڭ ئىشىكتىن كىرگەندە، جيا ئانا تەختىراۋاندىن چۈشتى، شىچۈن ئالدىغا چىقتى. ئىچكىرىكى سەيلە ئايۋاندىن ئۆتۈپ شىچۈننىڭ ياتاقخانىسىغا كەلدى. ئۆينىڭ ماڭلىيىغا «ئىللىق توسۇق» دېگەن لەۋھە ئېسىلغان، بىرقانچەيلەن ئاللىقاچان كېلىپ، قىزىل موت پەردىنى قايرىپ تۇرۇشقانىدى، ئۆيدىن چىققان ئىسسىقلىق كېلىپ يۈزگە ئۇرۇلدى.

ھەممەيلەن ئۆيگە كىردى. جيا ئانا ئولتۇرماستىنلا شىچۈندىن سورىدى:

— رەسىمنى سىزىپ نەگىچە يەتكۈزدۈڭ؟

— كۈن سوغۇق بولۇپ قالدى، يېلىم بوياقلار سوغۇقتا ئۇيۇپ قالىدىكەن، سىزسام سەت بولۇپ قالارمىكىن دەپ، يىغىشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى شىچۈن.

— يىل ئايىغىدا ئۇ رەسىم ماڭا كېرەك بولىدۇ، ھورۇنلۇق قىلما، ئېلىپ چىقىپ ماڭا تېزرەك سىزىپ بەر! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، فېڭجېي سۆسۈن تىۋىت كۆرمە يېپىنچاقلاپ، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە سۆزلەپلا كەتتى:

— ئۇلۇغ ئانىمىز بۈگۈن ھېچكىمگىمۇ ئېيتماي، مەيلى كەلگەنلىرىچە بۇ يەرگە كېلىۋېلىپ، مېنى ئەجەبمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىۋەتتىلە!

جىيا ئانا ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى:

— سېنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ ساڭا ئېيتقۇزمىغانىدىم. سەنزە، راستىلا سەزگۈر شەيتان ئىكەنسەن، ئاخىر مېنى تېپىۋالدىڭ. ئەدەپ - قائىدە بويىچە ۋاپادارلىق كۆرسىتىشمۇ مۇنداق ئىشلاردا بولمايدۇ.

— نەدە مەن سىلىنى ۋاپادارلىق كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن ئىزدەپ كەپتىمەن! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئانا، ئۆزلىرىنىڭكىگە بارسام ئۇ يەر جىمجىتلىق، چۆرە قىزلاردىن سورىسام، ئۇلارمۇ مېنى باغقا كىرىپ ئىزدىگىلى قويمىدى. گۇمان قىلىپ تۇراتتىم، ئىككى راھىبە كېلىپ قالدى، ئۇلارنى كۆرۈپ گۇپپىدە كۆڭلۈمگە: دېسەم - دېمىسەم، بۇ راھىبەلەر چاغانلىق قۇتنامە سۇنغىلى ياكى يىللىق ئەجرى ۋە كۆجە ھەققى ئۆچۈن پۇل ئالغىلى كەلدى. ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ يىل ئايىغى بولغاندا ئىشىمۇ تولىلاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۆزىنى قەرزدىن قاچۇرغان نېمە، دېگەن خىيال كەچتى. ھېلىقى راھىبەدىن سوراپ باقسام، دېگىنىمدەك بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ يىللىق مائاشىنى بېرىپ بولغا سېلىۋەتتىم. ئەمدى سىلى قەرزدار بولۇپ قالغانلار كېتىشتى، يوشۇرۇنۇشىنىڭمۇ ئورنى قالمىدى. يۇمشاق قىرغاۋۇل گۆشى تەييارلىتىپ قويدۇم، بېرىپ كەچلىك غىزالىرىنى يەۋالسىلا، غىزا تۇرۇپ قالسا مەززىسى كېتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. فېڭجيې جىيا ئانىنىڭ گەپ قىلىشىنىمۇ كۈتۈپ تۇرماي، كىشى بۇيرۇپ تەختىراۋاننى ئەكەلدۈردى، جىيا ئانا كۈلگەن پېتى فېڭجيېنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەختىراۋانغا چۈشتى. كۆپچىلىكنى باشلاپ، كۈلكە - چاقچاق قىلىشقاچ، ئارىلىق يولنىڭ كۈنچىقىشتىكى ئىشىكىدىن چىقىشىغا، ئەتراپ خۇددى ئۈپپا سۈرتۈلگەندەك ئاپپاقچىلىق بولۇپ كۆرۈندى. باۋچىنىنىڭ مامۇق

جۇۋا يىپىنىپ قاپتالنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقى بىردىنلا كۆزگە چېلىقتى، ئۇنىڭ كەينىدە بىر لوڭقا قىزىل مېيخۇا گۈلىنى تۇتۇپ بىر دېدەك تۇراتتى.

— بۇ ئىككىسىنى يوق دېسەك، بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھە، مېيخۇا ئالغىلى كېتىپتىكەن - دە! — دەپ كۈلۈشتى كۆپچىلىك.

— قاراڭلار، — دەپ كۈلدى جيا ئانا، — ئاشۇ قار باسقان قاپتالدا، ئاشۇنداق بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشۇ كىيىمى بىلەن تۇرسا، كەينىدە تېخى مېيخۇا گۈلى تۇرسا، نېمىگە ئوخشايدۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكى چۇشىجۇ① سىزغان «چاقناق قار» دېگەن رەسىمگە ئوخشايدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ئۇ رەسىمدە نەدە مۇنداق كىيىم بولسۇن؟ — دەپ بېشىنى چايقىدى جيا ئانا، — ئۇنىڭدىكى ئادەممۇ مۇنداق چىرايلىق ئەمەس!

گەپنىڭ ئايغى چۇشە - چۇشمەيلا، باۋچىننىڭ كەينىدىن توق قىزىل موت ئېگىن كىيگەن بىرسى چىقىپ كەلدى.

— مۇنۇسى قايسى قىزدۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ھەممىمىز بۇ يەردە تۇرۇپتىمىزغۇ، ئۇ باۋيۇي، — دەپ كۈلۈشتى ھەمشىرىلەر.

— كۆزۈم تېخىمۇ تورلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

گەپ بىلەن بولۇپ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئۇلار باۋيۇي بىلەن باۋچىن ئىكەن. باۋيۇي باۋچەي بىلەن دەيیۇيگە قاراپ كۈلدى:

— مەن بايا يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا يەنە باردىم، مياۋيۇي ھەربىرىڭلارغا بىر تالدىن مېيخۇا گۈلى بەردى، گۈلنى

① چۇشىجۇ — مىڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام چۇيىڭ (16 - ئەسىردە)، لەقىمى شىپو، تەخەللۇسى شىجۇ. تولاراق تاغ - سۇ مەنزىرىلىرى، ئادەملەر، راۋاق - شىپاڭلارنى سىزىدىغان كەسپىي رەسسام.

www.uyghurkitap.com

خىزمەتچىلەردىن ئەۋەتتۈەتتىم.

— رەھمەت، بەك جوۋاپسىز، — دەپ كۈلۈشتى ھەمشىرىلەر.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار باغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. كۆپچىلىك تاماق يەپ بولۇپ بىر پەس كۈلكە-چاقچاق قىلىشتى. شۇ ئارىدا شۆ ھاما كىرىپ كەلدى.

— نېمانچە ياغقان قار بۇ، — دېدى شۆ ھاما، — بىر كۈن بولدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى يوقلاپ كېلەلمىدىم. بۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كەيپلىرى يوق ئەمەستۇ؟ راسا قار تاماشىسى قىلىدىغان كۈن بوپتۇ.

— قاچان بىر كەيپىم بولمىغان چېغىم بار! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — مۇنۇ ئاچا-سىڭىللارنىڭكىگە بېرىپ بىردەم ئويناپ كەلدىم.

— مەن تۈنۈگۈن ئاخشام ئويلاپ، — دېدى شۆ ھاما، — بۈگۈن خان ئاچامدىن باغنى بىر كۈنگە سوراپ ئېلىپ، غورىگىل بولسىمۇ ئىككى جوزا شاراب تەييارلاپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى قار تاماشىسىغا چىللاي دېگەنىدىم. قارىسام، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى بالدۇرلا ئارام ئېلىۋاپتىلا، باۋچەي ماڭا «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى ئانچە ئوچۇق ئەمەس» دېدى، شۇڭا بۈگۈنمۇ ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىشقا پېتىنالمىدىم. مۇنداقلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، چىللاۋەرسەم بوپتىكەن.

— ئونىنچى ئاي ئەمدىلا كىردى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — بۇ تېخى تۇنجى قار، بۇنىڭدىن كېيىن قار ياغىدىغان كۈنلەر كۆپ، شۇ چاغدا ھاما خېنىمنى جوۋاتساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— ئۇنداق بولسىغۇ ئۆزلىرىگە بولغان ئىخلاسىمنى كۆرسەتكەن بولاتتىم، — دېدى شۆ ھاما كۈلۈپ.

— ھاما، ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرمىسىلە يەنە! — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې، — بۈگۈنلا ئەللىك سەر كۈمۈشنى ئۆلچەپ ماڭا بەرسىلە. مەن ئېلىپ ساقلاپ قوياي. قار يېغىشى بىلەنلا شاراب داستىخىنى تەييارلاپ بېرىمەن، ئۆزلىرىمۇ غەم تارتمايلا،

ئۇنتۇپمۇ قالمايلا.
— بۇ گەپچە بولغاندا، — دەپ كۈلدى جيا ئانا، — هامما خېنىم ئۇنىڭغا ئەللىك سەر كۈمۈش بەرسىلە، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز يىگىرمە بەش سەردىن بۆلۈشۈۋالايلى، قار ياغقان كۈنى مەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق دەپ، ئۇ كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتەي، هامما خېنىممۇ غەم يەپ يۈرمىسۇن. مەن بىلەن فېڭجيې ئىككىمىز نەپ ئالغان بولايلى.
— بارىكاللا! خۇددى كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ بولدى، — دەپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كەتتى فېڭجيې.
باشقىلارمۇ كۈلۈشتى.
— تۇفى! ... يۈزى يوق، هە دەپ يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ بۇ! — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا، — سەن ئۇنداق دېگۈچە، هامما خېنىم بولسا مېھمان، بىزنىڭكىدە بۇ خېنىمغا ئۇۋال بولدى، بىز هامما خېنىمنى چىللىساق بولىدۇ، هامما خېنىمنى جوۋتىنىشقا توغرا كېلەمدىغان، دېمەمسەن؟ سەن بۇنداق دېمەكتە يوق، تېخى قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئەللىك سەر كۈمۈش ئالماقچىدىڭ؟ ئىزامۇ تارتمايدىكەنسەن!
— ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ كۆزىزە، بەك ئۆتكۈر جۇمۇ، — دېدى فېڭجيېمۇ كۈلۈپ، — ئۆزى هاممامنى ئاۋۋال سىناپ باقتى، هامام بوشراق كېلىپ ئەللىك سەر كۈمۈشنى چىقارسا، مەن بىلەن بۆلۈشۈۋالماقچىدى. بوش كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، گەپنى ئۆرۈپلا مېنى يامانغا چىقىرىپ، ئۆزىنى سېخىي قىلىپ كۆرسىتىپ ماۋۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى مەن هاممامدىن پۇلمۇ ئالماي، هامام ئۈچۈن مەن پۇل چىقىرىپ، شاراب داستىخىنى تەييارلاپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى چىللاي، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەللىك سەر كۈمۈشنى ئوراپ، ئۇلۇغ ئانىمىزغا ۋاپادارلىقىمنى كۆرسىتىپ تۇتاي، بۇ ماڭا بىكار ئىشقا چات كىرىۋالغانلىقىم ئۈچۈن جەرىمانە بولسۇن، مۇشۇنداق قىلسامغۇ بولار؟

گېپىنىڭ ئايغى تۈگىمەيلا، ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى، بەزىلەر كاڭغا دومىلاپ كەتتى.

جيا ئانا يەنە باۋچەينىڭ قاردا مېيخۇا گۈلى ئۈزگەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىپ، ئۇنى رەسىمدىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى، يۇلتۇزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى. شۆ ھامما جيا ئانىنىڭ غەرىزىنى پەملەپ، باۋچىنگە لايىق تاپماقچى بولسا كېرەك دېگەن يەرگە كەلدى. بۇ غەرىزى شۆ ھاممىنىڭ دىتىغا ياققان بولسىمۇ، لېكىن مېي ئائىلىسىگە ماقۇل كېلىشىپ قويغانلىقىنى جيا ئانىغا ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ توغرىدا ئۆزىمۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى ـ دە، ئاخىر جيا ئانىغا گەپنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ شۇنداق دېدى:

ــ ئىسىت، بۇ بالىنىڭ تەلىيى يوق ئىكەن! ئۆلۈش يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى قازا قىلىپ كەتتى. بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، ئاتىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ بارمىغان ـ كەزمىگەن يېرى قالمىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى تاماشىچى ئادەم ئىدى، جاي ـ جايلاردا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بولغىنى ئۈچۈن، بالىچاقىسىنى ئېلىپ بۇ ئۆلكىدە بىرەر يىل تاماشا قىلسا، ياندۇرقى يىلى يەنە بىر ئۆلكىدە بىرەر ـ يېرىم يىل سەيلە قىلاتتى. شۇڭا، ئالەمدە ئون ئۆتەك بولسا، ئۇنىڭدىن بەش ـ ئالتىسىنى كېزىپ چىققان. قايسى يىلى مۇشۇ يەردە باش مىرزا مېي بېگىمنىڭ ئوغلىغا چاي ئىچۈرۈپ قويغانىكەن. قېرىشقاندەك ئىككىنچى يىلى بۇنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىمۇ زىققە كېسەل بولۇپ قالدى …

فېڭجيې ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا، يەرنى تېپىپ قويۇپ:

ــ ھەتتىگىنەي! مەن سوچى بولاي دەپ تۇرسام، چاي ئىچۈرۈلۈپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ! ــ دېدى.

ــ كىمگە سوچى بولماقچىدىڭ؟ ــ دەپ كۈلدى جيا ئانا.

ــ ئۇلۇغ ئانا، ئۇنىڭ بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن، ــ دېدى

فېڭجيې كۆلۈپ، — ئۇنىڭ لايىقىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان، ئىككىسى بىر جۈپ بولاتتى. بىراق، باشقا ئادەم ئېغىز ئېچىپ قويۇپتۇ، ئەمدى گەپ قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق، گەپ قىلمايلا قويغان تۈزۈك.

جيا ئانىمۇ فېڭجيېنىڭ غەرىزىنى چۈشەندى، ئېغىز ئېچىپ قويغان ئادىمى بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ توغرىدا قايتا سۆز ئاچمىدى. كۆپچىلىك بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن تارقىلىشتى. كېچىچە باشقا ئىش بولمىدى.

ئەتىسى قار توختاپ، هاۋا ئېچىلدى. غىزادىن كېيىن جيا ئانا يەنە شىچۈنگە تاپىلاپ قويدى:

— ئىسسىق - سوغۇققا قارىماي سىزىۋەرگىن، يىلنىڭ ئايىغىغىچە زادىلا پۈتكۈزەلمەي قالساڭمۇ مەيلى. ئەڭ مۇھىمى، تۇنۇگۈنكى باۋچىن بىلەن چۆرە قىزنىڭ، مېيخۇانىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەينى بويىچە، بىر سىزىقنىمۇ نېرى - بېرى قىلماي قوشۇپ سىزغىن.

شىچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنداق قىلىش تەس بولسىمۇ، خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. بىردەمدىن كېيىن باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ رەسىم سىزىشىغا قاراپ تۇرۇشقانىدى، شىچۈننىڭ بېشى قاتتى.

— ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمايلى، — دېدى لى ۋەن باشقىلارغا، — بىز ئۆز گېپىمىزنى قىلىشايلى. تۈنۈگۈن ئۇلۇغ ئانىچا خېنىم پانۇس تېپىشمىقى توقۇپ چىقىڭلار، دېگەن، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن جىئېر، ۋېنئېرلار بىلەن هېچلا ئۇيقۇمىز كەلمىدى. مەن «تۆت كىتاب»تىن ئېلىپ ئىككى تېپىشماق تۈزدۇم، بۇ ئىككىسىمۇ ئىككىدىن تۈزدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — دېيىشتى باشقىلار كۈلۈشۈپ، — قېنى دەپ بېقىڭ، بىز تاپايلى.

— «ئاۋالوقى ياخشى، لېكىن نەسلى - نەسەبى بارمىكىن»، — دېدى لى ۋەن، — بۇنىڭغا «تۆت كىتاب»تىن بىر جۈملە جاۋاب

www.uyghurkitap.com

تېپىڭلار.

شياڭيۇن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا جاۋاب بەردى:

— «ياخشىلىق چىكىدە توختاپ قالغان.»

— سەنچۇ «نەسلى ـ نەسەبى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ بېقىپ، ئاندىن جاۋاب بەر، — دېدى كۇلۇپ باۋچەي.

— يەنە ئويلاپ باق، — دېدى لى ۋەن.

— مەن دەپ باقاي، — دېدى دەيىيۈي، — «ياخشىسىنى ئىسپاتلاش قىيىن» بولسا كېرەك!

— نەق شۇ جۈملە، — دېيىشتى باشقىلار.

— «پۈتۈن كۆلنى باسقان ئوتنىڭ نامى نېمىدۇر؟» — دېدى يەنە لى ۋەن.

— بۇ چوقۇم «يېكەن قومۇش» — دەپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى شياڭلىيەن، — شۇ بولماي نېمە ئەمىسە؟

— سېنىڭ بۇنى تېپىشىڭ تەس، — دېدى لى ۋەن، — ۋېنئېرنىڭ تېپىشمىقى مۇنداق: «سۇ ئېقىپ تاش بويىدىن چىقتى سوغۇق ئېقىن»، بۇنىڭغا قەدىمكى بىر كىشىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

— شەن تاۋمىكىن①؟ — دېدى تەنچۈن كۇلۇپ.

— توغرا، — دېدى لى ۋەن. ئاندىن لى جىنىڭ تېپىشمىقىنى ئېيتىپ بەردى، — «ئوت قوڭغۇزى»، بۇنىڭغا بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب تېپىڭلار.

كۆپچىلىك بىر هازاغىچە ئويلاپ بېقىشتى.

— بۇنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن، گۈل ـ گىياھ دېگەندىكى

① شەن تاۋ — جىنىڭ دەۋرىدە ياشىغان ئادەم (205 — 283)، جى كاڭ، رۇەن جىلەرنىڭ دوستى، «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە دانىشمەن» نىڭ بىرسى؛ شەنتاۋ (涛 山) تاش بويىدىن دېگىنى؛ تاغ (山) بويىدىن، «سوغۇق ئېقىن» دېگىنى «دولقۇن» (涛) دېگىنى.

«گۇل » دېگەن سۆزمىكىن دەيمەن ! ــ دېدى باۋچىن.

ــ دەل ئۆزى شۇ، ــ دېدى لى جى كۇلۇپ.

ــ ئوت قوڭغۇزى بىلەن گۇلنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ــ دېيىشتى باشقىلار.

ــ قالتىس تېپىشماق ئىكەن بۇ ! ــ دېدى دەييۈي كۇلۇپ، ــ ئوت قوڭغۇزى گۇل ـ گىياھتىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان ئەمەسمۇ① !

باشقىلار ئاندىن چۈشەندى ـ دە:

ــ راست، شۇنداق، ــ دەپ كۇلۇشتى.

ــ بۇ تېپىشماقلارغۇ ياخشى ئىكەن، لېكىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دىتىغا ياقماي قالارمىكىن، ــ دېدى باۋچەي، ــ ئۇنىڭدىن كۆرە، مەنىسى تېيىزراق بولغان كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسىلەردىن تېپىشماق تۈزسەك، مەرىپەتلىك ۋە مەرىپەتسىزلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ھۇزۇرلانسا ياخشى بولاتتى.

ــ مەنىسى تېيىزراق، ئاددىي نەرسىلەر توغرىسىدىكى تېپىشماقلارنىمۇ تۈزسەك ياخشى بولغۇدەك، ــ دېيىشتى باشقىلار.

شياڭيۈن بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن:

«لەۋلىرىگە ئال چېكىلگەن» دېگەن ۋەزىندە بىرنى توقۇدۇم. بۇ ئاددىي بىر نەرسە، ئويلاپ تېپىڭلار، ــ دېدى، ئاندىن تېپىشمىقىنى ئېيتتى:

ئېدىردىن ئۇ ئايرىلىپتۇ،
بازاردا ئويناپ ـ كېرىلىپتۇ.

---

① «ئەدەپنامە»نىڭ «ئاي ـ پەسىللەر» بابىدا، چىرىگەن گىياھ ئوت قوڭغۇزىغا ئايلىنىدۇ، دېيىلگەن. قەدىمكى كىشىلەر تىرىكلىك ئىلمى جەھەتتىكى ساۋاتىنىڭ كەملىكىدىن ئوت قوڭغۇزى چىرىگەن ئوت ـ چۆپلەردىن پەيدا بولغان، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان.

قىزىقمىكەن دەپتۇ؟
پايدا ـ نامدىن ئادا بوپتۇ.

بۇ تېپىشماقنى ھېچكىم چۈشىنەلمىدى. بەزىسى ئۇنى راھىب دېدى، بەزىسى دەرۋىش دەپ باقتى، بەزىسى قورچاقچى دەپمۇ باقتى.

— ھېچقايسىسى ئەمەس، — دېدى بىر ھازاغىچە كۈلۈپ كېتىپ باۋيۇي، — ھەرقاچان ئۇ ئوينىتىلىدىغان مايمۇن بولسا كېرەك.

— دەل شۇنىڭ ئۆزى، — دەپ كۈلدى شياڭيۈن.

— بېشى ياخشى ئىكەن. ئاخىرقى مىسراسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ — دېدى باشقىلار.

— ئوينىتىلىدىغان قايسى مايمۇننىڭ قۇيرۇقى كېسىپ تاشلانماپتىكەن؟ — دېدى شياڭيۈن.

كۆپچىلىك بۇ گەپتىن كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە:

— بۇنىڭچۇ توقۇغان تېپىشماقلىرىمۇ غەلىتىلا، — دەپ كۈلۈشتى.

— تۈنۈگۈن ھاممامنىڭ دېيىشىچە، باۋچىن سىڭلىم، سىزنىڭ كۆرگەن ئىشلىرىڭىزمۇ نۇرغۇن ئىكەن، كەزگەن يەرلىرىڭىزمۇ كۆپ ئىكەن، — دېدى لى ۋەن، — سىزمۇ بىر تېپىشماق تۈزۈپ چىقىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرنىمۇ ئوبدان يازىسىز، بىرنەچچە تېپىشماق توقۇسىڭىز، بىز تېپىپ باقساق بولمامدۇ؟

باۋچىن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئويلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا باۋچەي بىر تېپىشماق ئېيتتى:

تاراچلىنىپ بەقەم، چۆم قات ـ قات بولۇپتۇ،
تامچى ئۈستا تىزماستىن بىنا بولۇپتۇ؛

تىنىمسىمۇ چۈشكىچە شامال ۋە يامغۇر،
جاراڭلىماي قوڭغۇراق جىمجىت تۇرۇپتۇ[①]؟

باشقىلار بۇ تېپىشماقنى ئويلاۋاتقاندا، باۋيۇيمۇ بىرنى توقۇپ ئېيتىپ بەردى:

يەر ـ ئاسمان ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈندى،
قوۋۇرغىسى ئۆتكىنى كۆزگە ئىلىندى.
ئەنقا، تۇرنا تۇسىدىن قۇتلۇق بىلىندى،
ياڭرىتىپ كۆك قەرىنى پۇشتەك چېلىندى[②].

دەييۇيمۇ بىرنى تۈزۈپ چىقىپ ئوقۇپ بەردى:

نەدە تىزگىن كېرەك دەپتۇ تورۇق تۇلپار؟
خەندەك ـ سېپىل توسالمايدۇ، يەلدەك ئۇچار؛
شام خوجا كۆرسەتسە يول ئۇ قوزغىلار،
تاغ يۇدۇگەن تاشپاقىدەك يالغۇز تۇرار[③].

تەنچۇنمۇ بىرنى تۈزۈپ، ئۇنى ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، باۋچەن كىرىپ كەلدى.

— كىچىكىمدىن تارتىپ كەزگەن جايلاردا مەن كۆرگەن قەدىمكى يادىكارلىقلار ئاز ئەمەس، — دېدى ئۇ، — قەدىمكى

---

① بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى: قارىغاي مۇنار، بەقەم ۋە چۇملار قارىغايدەك بىر خىل پۇراقلىق دەرەخلەر، قارىغاي مۇنارىدەك قات ـ قات بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنى تامچى ئۇستىلار ياسىمىغان، تەبىئىي ھاسىل بولغان. بۇتخانا پەشتىقىدىكى قوڭغۇراق ھۆل ـ يېغىن بولسىمۇ جاراڭلىماي جىم تۇرۇپتۇ، دېمەكچى.

② بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى: لەگلەك. قوۋۇرغىسى: لەگلەكنىڭ گۇگۇسۇنلىرى؛ ئەنقا، تۇرنا تۇسى — لەگلەكنىڭ شەكىللىرى.

③ بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى: ئويۇنچى (ئايلانما) پانۇس. ئۇنىڭ قەغىزىگە ھەرخىل جاندارلارنىڭ قىيىلغان سۇرەتلىرى چاپلىنىپ، پىرىلدىغۇچ شام چۆرىسىدە چۆرگىلەيدۇ. بۇ يەردىكىسى تاغ يۇدۇپ تۇرغان تاشپاقا شەكلىدىكى پانۇس.

يادىكارلىقلىرى بولغان جايلاردىن ئون ئورۇننى تاللاپ، «قەدىمكىنى ئەسلەش» دېگەن ئون شېئىر يېزىپ باقتىم. شېئىرلىرىم قوپاللىراق بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭدا ئۆتكەن ئىشلار ئەسلەنگەن، شۇنىڭدەك ئون خىل ئاددىي نەرسە يوشۇرۇنغان، ئاچىلىرىم تېپىپ باقسا.

— بۇ قالتىس ئوخشايدۇ، قېنى يېزىپ بىزگە كۆرسەتمەمسىز؟ — دېيىشتى باشقىلار.

ئاندىن قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك بىرىنچى باب

## باۋچىن قىزچاقنىڭ قەدىمكىنى ئەسلەپ يېڭى شېئىر تۈزگەنلىكى هاماقەت تېۋىپنىڭ كۆچلۈك دورىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتكەنلىكى

گەپ ئارىلىقىدا باۋچىن كىرىپ، ئۆزى كېزىپ چىققان ئۆلكىلەردىكى قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تېما قىلىپ ئون قىتئە يازغانلىقىنى ۋە بۇ شېئىرلاردا ئون خىل نەرسە يوشۇرۇنغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن:

— دەرۋەقە بۇ يېڭىلىق ئىكەن! — دېيىشىپ، ھەممەيلەن تالىشىپ - تارتىشىپ كۆرۈپ بېقىشتى. شېئىرلار مۇنداق يېزىلغاندى:

### چىشبى توغرىسىدا ئەسلىمە

چۆكۈپ چىشبىدا قورال كۆپ، دەريا توسۇلدى،
بولۇپ ۋەيران كېمە شۇنداق قۇرۇق نام ئالدى،
سېلىپ چۇقان چېرىك ئوتلۇق ئوقلار زەربىدىن،
بولۇپ ئەرۋاھلار كۆپ سەرسان دەريادا قالدى[1].

① چىشبى — خۇبېي ئۆلكىسى جىيايۈي ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى. مىلادىيە 208 - يىلى ساۋساۋ 500 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ سۈن چۈەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سۈن چۈەن ليۇبېي بىلەن بىرلىشىپ، 30 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ساۋساۋ قوشۇنىدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقى، بۇ قوشۇننىڭ سۇدا جەڭ قىلالمايدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوتلۇق ئوقلار بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە، ساۋساۋنىڭ كېمىلىرى، قورال - ياراغلىرى سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ. دەريا تىنقىلىپ قالىدۇ، نۇرغۇن ئەسكىرى چىقىم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## جياۋچى توغرىسىدا ئەسلىمە

تىكىپ جىنچېڭدا مىس تۇۋرۇك نىزام ئورناتتى،
يېتىپ رۇڭ، چياڭغا بۇ شۆھرەت، نامى پۇر كەتتى.
قىلىپ سەركەردە مايۈەن جەڭ، خىزمەت كۆرسەتتى،
زىفاڭنى نەيدە كۈيلەشنى كىشى تەرك ئەتتى①.

## جۇڭشەن توغرىسىدا ئەسلىمە

قاچان جىسمىغا نام ـ پايدا ھەمراھ بولۇپتۇ،
ئېلىپ پەرمانىنى بىھۇدە يۇرتقا كېلىپتۇ.
يېنىپ كەينىگە، مەنپەئەتتىن ئۈزمىگەچ قولنى،
كىشى زاھىتنى شۈڭلاشقا زاڭلىق قىلىپتۇ②.

---

① جياۋچى ــ ھازىرقى ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى جاي. بۇ شېئىردا مايۈەنگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ۋەقە (جياۋچى، جىنچېڭ) بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور پەرق ئەتمەي قارىقويۇق مەدھىيىلەش پوزىتسىيەسىدە بولغان؛ جىنچېڭ ــ خەن دەۋرىدىكى ۋىلايەت، ھازىرقى گەنسۇنىڭ جەنۇبى ۋە چىڭخەينىڭ شىمال تەرىپىدىكى ۋىلايەت نامى. مايۈەن جەڭ قىلىپ جىنچېڭغا بارغاندا، ئۆز «خىزمىتى»نىڭ نامايەندىسى قىلىپ، مىس تۈۋرۈك ئورناتقان؛ رۇڭ ــ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەت؛ چياڭ ــ گەنسۇ بىلەن سىچۈەن تەرەپلەردە ياشىغان قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەت؛ زىفاڭ ــ خەن سەركەردىسى جاڭ لياڭ. ئۇ شياڭ يۈي قوشۇنىنى تارمار قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. بۇ شېئىردا، جاڭ لياڭغا قارىغاندا مايۈەن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، كىشىلەر زىفاڭنىڭ نەي چالدۇرۇپ دۈشمەننى يەڭگەن خىزمىتىنى تىلغا ئالماس بولدى، دېيىلگەن.

② جۇڭشەن ــ شىمالىي تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نەنجىڭ شەھىرىدە جۇڭشەن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى زىجىڭشەن. بۇ شېئىردا جەنۇبىي چى دەۋرىدىكى جۇيۇڭنىڭ ئىشى سۆزلەنگەن: جۇيۇڭ ئىلگىرى جۇڭشەندە زاھىت بولىدۇ، كېيىن خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەيىەنگە ھاكىم بولىدۇ. ئەمەلدارلىق ۋاقتى تۈگەپ، نەنجىڭغا كېلىپ، بالدۇر ئۆزى تۇرغان جۇڭشەندىن ئۆتمەكچى بولغاندا، كۇڭ جىگۈي دېگەن كىشى شېئىر يېزىپ، نام ـ مەنپەئەتنى ئاڭلاپ كەينىگە يېنىپ كەتكەن مۇنداق زاھىتلارنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

## خۇەيىيىن توغرىسىدا ئەسلىمە

كېتىپ ئىت جەبرىدىن باتۇر تۇردى بىر چەتتە،
بولۇپ چى يۇرتىغا ۋاڭ، ھەق ئايرىلۇر گۆردە.
سۆزۈمنى ئاڭلا، ئەي دەھرى ئۇنى كەم كۆرمە،
تۇتار نان بەرگۇچىنى ئۇ، ئۆلسىمۇ ئەستە①.

## گۇاڭلىن توغرىسىدا ئەسلىمە

ئۆتتى چىرىلداپ تومۇزغا، قاغا قىپ قاق ـ قاق،
بارمىدۇ شۇ مەنزىرە سۇي قىرىدا شۇنداق؟
تاپتى شۆھرەت سەيلىكار دەپ يېگانە ئۆزى،
قالدى گەپ ـ سۆزگە كېيىن ئۇ تاپمىدى روناق②.

## تاۋيې كېچىكى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئوت ـ چېچەك توزۇپ تۇسىنى تاپتى بۇلاقتا،
چۇشتى شاپتۇل ياپرىقى ھېچ قالمىدى شاختا.

---

① خۇەيىيىن — ناھىيە نامى، ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى خۇەيىيىن شەھىرى؛ باتۇر — خەن شىن، كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى، ليۇباڭغا قارشى چىقىپ بۆلگۈنچىلىك قىلغان، لۈي خۇ تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. كېيىن ئۇ چى يەرلىرىنى تىنچىتىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، چى يېرىگە ۋاڭ بولغان. شېئىردا ئۇنىڭ ئىشى گۆرگە كىرگەندە ئايرىلىپ، گۇناھ ـ ساۋابى مەلۇم بولىدۇ. ئەي، دىنىدىن تاشقىرى كىشىلەر، خەن شىننى بوش چاغلىماڭلار، ياش ۋاقتىدا «كىرچى موماي» ئۇنى باققان، ئۆلگەندىمۇ ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ، دېمەكچى.

② گۇاڭلىن — ۋىلايەت نامى، ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ شەھىرى. بۇ شېئىردا سۇي سۇلالىسىنىڭ ياڭ دى خان (ياڭ گۇاڭ) نىڭ قانال قېزىپ ياڭجۇنى سەيلە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شېئىرنىڭ مەنىسى شۇكى، سۇي ياڭدى ئاچقان قانال قىرىدىكى مەجنۇنتاللاردا تومۇزغىلار چىرىلداپ، قاغىلار قاقىلداپ تۇراتتى، شۇ مەنزىرە ھازىرمۇ بارمىدۇ؟ سۇي ياڭدى ئاشۇنداق سەيلە قىلغۇچى دەپ نام چىقارغاچقا، كېيىنكى ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچە سۆز ـ چۆچەكلىرىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتە خانىلىق ئۆي ـ راۋىقى كۆپ بولدى شۇنچە،
نازەنىن سۇرىتى قاپتۇ خەت پۈتۈك تاختا[①].

## چىڭجۇڭ قەبرىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

چەكسىز قارا سۇنى ھەرگىز توسالمىدى داد،
چىلىپ ئۇد تارىنى خان قىز چەكسىمۇ پەرياد.
تىلەپ خەن خانى ئامانلىق ئاچتى خۇش چىراي،
چۆلۈكتەك يارىماس مەڭگۈ بولدى ئارسىز زات[②].

## ماۋېي توغرىسىدا ئەسلىمە

ئۇپا ـ ئەڭلىك داغلىرىدىن پىراق چېكىپتۇ،
نازاكىتى تۈگەپ بىر كۈن جاندىن كېچىپتۇ.
قاپتۇ لېكىن شۆھرىتىدىن يادىكارلىق ئىز،

① تاۋېي كېچىكى ــ ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرىدىكى چىنخۇەي دەرياسىنىڭ بويىدا جىن دەۋرىدىكى زەردار ئەدىب ۋاڭ شيەنجىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى «تاۋېي» (شاپتۇل يوپۇرمىقى) دەپ ئاتايتتى، ۋاڭ شيەنجى كېچىكتىن ئۆتكىنىدە بۇ ئايالنى ماختاپ شېئىر ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، كېيىن بۇ كېچىكنى كىشىلەر «تاۋېي كېچىكى» دەپ ئاتىغان. ئاخىرقى مىسرادا، تاۋېينىڭ سۈرىتى سەيلە ـ تاماشا قىلغۇچى كىشىلەر خەت پۈتۈپ قويغان ناملارنىڭ تەكچە ـ تاقلىرى ئۈستىدە ئېسىلىپ قاپتۇ، دېمەكچى. ئومۇمەن، بۇ شېئىردا: باي ـ زەردار ئائىلىدىكى توقال خوتۇن تاۋېي تارىخىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە زاۋال تاپقان، ئۇنىڭ سۈرىتى كىشىلەر ئادەتتە سەيلە قىلىدىغان جايغا چۈشۈپ قالغان، خارابلىق مەنزىرىسى پەيدا بولغان، دېگەن مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

② چىڭجۇڭ ــ خەن دەۋرىدىكى مەلىكە ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قەبرىسى، ھازىر ئىچكى موڭغۇل كوخخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. شېئىردا: خەن سۇلالىسىدىن يۈەندى خان مەلىكە ۋاڭ جاۋجۈننى ھۇن پادىشاھىغا بېرىدۇ، ئۇ كېتەر چېغىدا ئاھ ئۇرۇپ، ئۇد چىلىپ مۇڭ ـ زار قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ پەريادلىرى قارا سۇ دەرياسىنى توسۇپ قالالمىغان. يۈەندى خان «چېگرادا ئۇزاققىچە ئۇرۇش بولمىسۇن» دېگەن غەرەز بىلەن ۋاڭ جاۋجۈننى بەرگەنىدى، يۈەندى خان ماتېرىيالغا يارىمايدىغان چۆلۈك ياغىچى ئىكەن، بۇ ئىشى بىلەن ئۇ مەڭگۈ نومۇسسىز زات بولۇپ قالغان، دېگەن مەزمۇن بار.

شۇڭا شۇ كۈن كېيىملىرى خۇشبۇي چېچىپتۇ①.

## پۇدۇڭ ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

قىز توشۇپتۇ خەت ئارىدا بولسىمۇ ئۇسال،
ئىككى ياشنى يوشۇرۇنچە تاپتۇرۇپ ۋىسال.
چوڭ خېنىم پالاقا تارتتى پاش بولۇپ بۇ سىر،
قوشۇلۇپ بولغاچ، خېنىم ھېچ تاپمىدى ئامال②.

## مېيخۇا خانىقاسى توغرىسىدا ئەسلىمە

تال بويىدا ياكى مېيخۇا بويىدا ياتتى،
بىلمىدى ئاي سۈرىتىنى كىم ئۇچۇن تاپتى.
تىرىلىپ بولغاندا جەم ئۇ، يوق ئىدى چۈەنشياڭ.
ئۆتتى ئالەمدىن باھاردا، كۈزدە ئۇ قايتتى③.

---

① ماۋېي ـــ ماۋېي كەنتى، ماۋېي قورغىنى دەپمۇ ئاتايدۇ. شەنشى ئۆلكىسى شىپىڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىدە. بۇ شېئىردا خانىش ياڭ گۈيفېينىڭ شۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدە «ئەن ـ شى توپىلىڭى» بولغاندا، تاڭ سۇلالىسىدىن مىڭخۇاڭ تيەنباۋ 15 ـ يىلى (يەنى 756 ـ يىلى) دا سىچۈەنگە قېچىپ كېتىۋېتىپ ماۋېي ئۆتىڭىگە كەلگەندە، ياڭ گۈيفېينى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

② پۇدۇڭ ئىبادەتخانىسى ـــ ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پۇجۇ شەھىرى. قىز ـــ خۇڭنياڭ، يەنى سۇي يىڭيىڭنىڭ دېدىكى. شېئىرنىڭ مەنىسى شۇكى، خۇڭنياڭ چوڭ ئاغىچا خېنىمدىن يوشۇرۇنچە جاڭ شېڭ بىلەن يىڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا خەت توشۇپ، ئۇلارنى ئۇچراشتۇرىدۇ. ئاغىچا خېنىم بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ خۇڭنياڭنى ئېسىپ ئۇرىدۇ، لېكىن جاڭ شېڭ بىلەن يىڭيىڭ ۋىسال تېپىپ بولغانلىقى ئۇچۇن، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئامالى قالمايدۇ. بۇ، «غەربىي ھۇجرا»دا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك.

③ مېيخۇا خانىقاسى ـــ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ دايۈيلىڭ تېغىدا، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، دۇلىنياڭنىڭ قەبرىسى شۇ يەردىمىش. بۇ شېئىردا «مودەن شىپاڭى» دىكى دۇلىنياڭ بىلەن ليۇمېڭمېينىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن. مەنىسى شۇكى، دۇلىنياڭ ليۇمېڭمېينى سېغىنىدۇ، دۇلىنياڭ ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قوشۇلىدۇ، بۇ چاغدا خانلىق ئوردىسى گۇۋاھلىقتا تارتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ دېدىكى چۈەنشياڭ سوراقتا يوق ئىدى. ئاخىرقى مىسرادا دۇلىنياڭ تىرىلىپ، قوشۇلۇپ جەم بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت كۆرسىتىلىدۇ.

شېئىرلار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن قالتىس ئىكەن، دەپ ماختاشتى.

— ئالدىنقى سەككىز شېئىرغا تارىخ كىتابلىرىدىن ئاساس تېپىلىدۇ، — دېدى باۋچەي ھەممىدىن ئاۋۋال، — ئاخىرقى ئىككى شېئىرنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ. بىزمۇ ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقىدىن ئىككى شېئىر يېزىپ چىقسا بولغۇدەك.

— مۇشۇ باۋچەي ئاچامۇچۇ، — دېدى دەييۈي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەرغىنۇننى خەرىكىگە قارىماي چېلىۋېرىپ قەستەن خۇيپەسەنلىك قىلىۋاتىدۇ. ئىككى شېئىر تارىخ كىتابلىرىدىن ئېنىقلانمىغان، بىزمۇ ئۇنداق غەيرىي تەزكىرىلەرنى كۆرمىگەن ۋە تېگى - تەكتىنى چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەتتا ئاشۇنچىلىك ئىككى پارچە سەھنە ئەسىرىنى ئوقۇمىغان بولغىيدۇقمۇ؟ ئۈچ ياشلىق بالىمۇ بىلىدىغان نېمىنى بىز بىلمەمدۇق؟

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى تەنچۈن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىز ئۇ جايلارغا بارغان، — دېدى لى ۋەن، — بۇ ئىككى ۋەقە كىتابتىن ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، قەدىمدىن ھازىرغىچە يېتىپ كېلىپ، خاتا پېتىچە تارقىلىۋەرگەن، چاتاقتىن پۇتاق تاپىدىغانلار ئەتەي شۇنداق يادىكارلىقلارنى ئويلاپ تېپىپ كىشىلەرنى كولدۇرلاتقان. قايسى يىلى پايتەختكە كېلىۋېتىپ، يول بويى ئۈچ - تۆت جايدا گۈەن فۇزىنىڭ① قەبرىسىنى ئۇچراتتىم. گۈەن فۇزىنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ئىشلىرىغىمۇ ئاساس تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن قانداقسىغا ئۇنىڭ بىرمۇنچە قەبرىلىرى بولۇپ قالغاندۇ؟ دەرۋەقە، كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پەزىلىتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ

---

① گۈەن فۇزى — گۈەن يۈينىڭ «ھۆرمەت نامى»، مىڭ ۋە چىڭ دەۋرلىرىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن گۈەن يۈينى پەردازلاپ، فېئوداللىق ئەخلاقنى تەرغىب قىلىدىغان قورچاق قىلىۋالغان.

ئاشۇنداق ھەرقىسما ئىشلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «كەڭ زېمىن خاتىرىلىرى①» گە قارىساق، گۈەن فۇزىنىڭلا بىرمۇنچە قەبرىلىرى بولۇپ قالماستىن، قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ خېلى كۆپ قەبرىلىرى بار ئىكەن، تارىختا ئاساس تاپقىلى بولمايدىغان يادىكارلىقلار تېخىمۇ كۆپ. ئەمدى بۇ ئىككى شېئىرغا ئاساس تاپقىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك ئومۇمەن ھېكايە ـ داستان، سەھنە ئويۇنى، ھەتتا پال ئاچىدىغان نۆكچىلەردىمۇ بار. ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئاياللار ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەي تەمسىل قىلىشىدۇ، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، سۆزلىشىدۇ. بىدئەت كىتابلارنى ئوقۇغان ئوخشايدۇ دەي دېسە، بۇ قىز «غەربىي ھۇجرا»، «مودەن شىپاڭى»نىڭ ناخشىلىرىنى كۆرگەنمۇ ئەمەس. بۇنىڭمۇ ھېچ كارايىتى يوق، بۇ شېئىرلارمۇ تۇرىۋەرسۇن.

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوپتۇ قىلدى، باشقىلار بۇ تېپىشماقلارغا بىر قۇر جاۋاب ئىزدىشىپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسىنى تاپالمىدى.

قىشتا كۈن قىسقا بولىدۇ، كەچلىك غىزا ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ھەممەيلەن تەڭلا ئالدى قورۇغا ئۆتۈپ، كەچلىك غىزالىرىنى يېيىشتى. بىر كىم كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— شىرېننىڭ ئاكىسى خۇا زىفاڭ ئانام ئاغرىپ قالغانىدى، قىزىمنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ، دەپ كەلگەنىكەن، تالادا تۇرىدۇ. ئۇ شىرېننى ئۆيگە ئاپىرىپ كەلسەم دەپ ئۆزلىرىدىن ئىلتىپات تىلەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇلار دېگەن ئانا ـ بالا تۇرسا، ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىغا بارمايسەن دېگىلى بولامدىكەن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن فېڭجيېنى چاقىرتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ، بۇ ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ بېجىرىشكە بۇيرۇدى.

① «كەڭ زېمىن خاتىرىلىرى» — مىڭ دەۋرىدە لۇيىڭياڭ يازغان جۇغراپىيە كىتابى.

www.uyghurkitap.com

فېڭجيې خوش دەپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇرۇينىڭ ئايالىنى شىرىنگە ئەھۋالنى بىلدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە:

— تالا ـ تۇزگە چىققاندا ھەمراھ بولىدىغان ئاياللاردىن يەنە بىرنى ئېلىۋال، ئىككىڭلار يەنە ئىككى چۆرە قىز ئېلىپ شىرىن بىلەن بىللە بېرىڭلار. ياشانغانلاردىن تۆت كىشى مەپە كەينىدىن ماڭسۇن، چوڭ مەپىدىن بىرنى ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا سىلەر بىللە بارىدىغانلار چۈشۈڭلار، كىچىك مەپىگە چۆرىلەر چۈشسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

جۇرۇينىڭ ئايالى خوش دەپ ماڭاي دېيىشىگە، فېڭجيې يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

— شىرىن بەك تېجەشلىك قىز، مېنى دېدى دەپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي: رەڭگى ئوبدانراق كىيىملىرىدىن كىيسۇن، يوغان بىر بوغچىدا كىيىم ـ كېچەك ئېلىۋالسۇن، تۈگىدىغان بوغچىسىمۇ ئوبدان بولسۇن، قول ئوتدىنىنىڭمۇ ئوبدىنىنى ئالسۇن. ماڭار چاغدا ئاۋۋال مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مەن كۆرۈپ باقىمەن.

جۇرۇينىڭ ئايالى خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، شىرىن ئىككى چۆرە قىز بىلەن جۇرۇينىڭ ئايالى، قول ئوتدىنى ۋە بوغچىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. شىرىننىڭ بېشىغا تاقىغان ئالتۇن جىغا، مەرۋايىتلىق تۈرگۈچلىرى پار ـ پۇر قىلىپ تۇراتتى؛ ئۇچىسىغا تېگى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك، گۈلى ئاق جىجەنىسىدىن تاشلانغان ئەرس جۇۋا، زەردە گۈل چېكىلگەن پىياز كۆكى كىمخاب بەل كۆڭلەك، تېشىغا كۆك تاۋار تاشلىق تىيىن كۆرمە كىيىۋالغانىدى. فېڭجيې كۆرۈپ كۈلدى:

— مۇنۇ ئۈچ قۇر كىيىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭغۇ، ساڭا ئىنئام قىلىپ ئوبدان بوپتۇ. لېكىن، مۇنۇ كۆرمە سىيدامىراق ئىكەن، بۇنى كىيگەن بىلەن سوغۇق ئۆتىدۇ، مويلۇقراق جۇۋا

كىيىۋال.
— بۇ تىيىن جۇۋىنى ئاغىچا خېنىم بەرگەن، يەنە بىر ئەرس جۇۋىمۇ بار، چاغانغىچە تېخى مويلۇق جۇۋىدىنمۇ بەرمەكچى، — دەپ كۈلدى شىرىن.
— مېنىڭدە مويلۇقىدىن بىرسى بار، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — چۆرىسىگە تۇتقان موينا زەيلىكىنى سەت كۆرۈپ ئۆكلىتاي دەۋاتاتتىم، شۇنى كىيىپ بارغىن، چاغانغىچە ئاغىچا خېنىم ساڭا تىكتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۆكلىتىۋالارمەن. ئۆزۈمنىڭكىنى شۇ پېتىچە بەرسەڭ بولىدۇ.
— كىيىن ئاغىچا مۇشۇنداق گەپنىمۇ دەيدىكەن، — دەپ كۈلۈشتى باشقىلار، — يىل بويى بەتخەجلىك قىلىپ، ئاغىچا خېنىمغا قانچە نەرسىلەرنى سەپلىۋەتتىلىكىنتاڭ. يېتىشمىگەن يەرلىرىگە نېمىلەرنى سەپلىگەنلىرىنى دەپ يۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئاغىچا خېنىم بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغىلى بولامتى؟ ئەمدى مۇشۇنداق پىخسىقلارنىڭ گېپىنى قىلىپ خەقنى كۈلدۈرگىلى تۇردىلا.
— بۇ ئىشلار نەدە يۈرۈپ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟ — دەپ كۈلدى فېڭجيې، — بۇلارمىغۇ چوڭ ئىشلار ئەمەس، كارىم بولمىسۇن دېسەم، يەنە شۇ ھەممىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قىلمىسام بولمايدىكەن. بوپتىلا، ئۆزۈم زىيان تارتساممۇ خەقلەرنى قائىدە ـ يوسۇنغا لايىق ياساپ ـ جابدۇپ تۇراي دېدىم، ياخشى ئاتاقتا ئىگە بولسىلا بولدى. بۇلار «كۆيۈپ كەتكەن قوتۇرماچتەك» بولۇپ تۇرسا، خەقلەر ئاۋۋال مېنى زاڭلىق قىلىدۇ، مېنى غوجىدارلىق قىلىپ يۈرۈپ خەقنى قەلەندەر قىلىۋېتىپتۇ، دەيدۇ.
كۆپچىلىك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ:
— ھېچكىم سىلىدەك دانىشمەن ئەمەس جۇمۇ! يۇقىرىدا ئاغىچا خېنىمنىڭ ھالىغا يېتىدىلا، تۆۋەندە بىزدەكلەرگە

كۆيۈندىلا، — دېيىشتى.

شۇ گەپلەردىن كېيىن، فېڭجېي پىڭئېرنى بۇيرۇپ، تۇنۇگۈنكى قۇلپى رەڭ، سەككىز غۇژمەك گۈللۈك، تامار سۇرەتلىك جىخەنسە جۇيازىنى ئاچقۇزۇپ شىرېنگە بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ بوغچىسىنى كۆرۈپ باقتى، تېشى تۇگمە گۈللۈك دارايىدىن، ئەستىرى سۇس قىزىل پاڭچۇدىن قىلىنغان بوغچا ئىكەن، بۇنىڭغا ئاران ئىككى قۇر نىمكەش پاختىلىق كەمزۇل بىلەن جۇيازىلا بوغجۇملىنىپتۇ. فېڭجېي يەنە پىڭئېرنى يورۇن پاڭچۇ ئەستەرلىك يۇڭ چەكمەن بوغچىنى ئاچقىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر دانە قارلىق كۆرمىنى بوغچىلاشقا بۇيرۇدى، پىڭئېر چىقىپ ئېلىپ كىردى، بىر دانىسى كونىراق قىزىل موت تاشلىق، بىر دانىسى نىمكەش قىزىل پەي تاۋار تاشلىق ئىدى.

بىرسى بولىسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى شىرېن.

— مۇنۇ موت تاشلىقنى ئالغىن، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — مۇنۇنى قولۇمغا چىقىپ قالغاچقا ئالغاچ كىردىم، شىڭ شيۇيەن قىزغا ئەۋەتىپ بەرگىن، تۈنۈگۈن شۇنداق قاتتىق قار يېغىۋاتقاندا، خەقلەر موتتا ياكى پەي تاۋاردا تاشلانغان جۇۋىلارنى كىيىۋاپتىكەن، ئۇن نەچچە قىزىل ئېگىن قاردا ئەكس ئېتىپ، شۇنچە يارىشىپ كېتىپتۇ ! يالغۇز ئاشۇ قىزلا كونا ئېگىن كىيىۋاپتىكەن، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ، دۈگدىيىپ، مانا مەن، دېگەندەك كۆرۈنۈپ قاپتۇ! مۇنۇنى شۇنىڭغا بېرەيلى.

— بۇ مېنىڭ نەرسەمنى خەققە ئۆز مەيلىچە بېرىۋېتىدۇ، — دەپ كۈلدى فېڭجېي، — مېنىڭ خەجلىگىنىمنى ئاز دەپ، سەنمۇ مۇنداق بېرىۋەرسەڭ تېخىمۇ ئوبدان بولغۇدەك!

— كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرى ھەمىشە ئاغىچا خېنىمغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، تۆۋەندىكىلەرگە كۆيۈنگەنلىكلىرىدىن مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېيىشتى باشقىلار كۈلۈشۈپ، — كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرى ئادەتتە بېخىللىق قىلىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى تىقىشتۇرۇپ قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان

بولسىلا، بۇ خېنىم مۇشۇنداق قىلىشقا پېتىنالامتى؟

— شۇڭا، مېنى بىلىدۇ، بىلگەندىمۇ ئانچە ـ مۇنچىلا بىلىدۇ، — دېدى فېڭجيې، ئاندىن شىرېنگە تاپىلىدى، — ئاناڭ ساقىيىپ قالسا ياخشى. قاچانىكى بولالماي قېلىپ ئۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان بولساڭ، كىشى ئەۋەتىپ ماڭا خەۋەر قىلىپ قوي، مەن ساڭا ئورۇن ـ كۆرپە ئەۋەتكۈزۈپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ ئورۇن ـ كۆرپە، باش تارايدىغان نېمىلىرىنى ئىشلىتىپ يۈرمە، — ئاندىن يەنە جۇرۇينىڭ ئايالىغا جېكىلىدى، — سىلەر ئەلۋەتتە بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى بىلىسىلەر، مەن تاپىلىمىساممۇ بولار.

— بىلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى جۇرۇينىڭ ئايالى، — بىز ئۇ يەرگە بارغاندا ئۇلارنى يولاتمايمىز. تۇرۇپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئايرىم بىر ـ ئىككى ئېغىز ھۇجرا راسلىتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن جۇرۇينىڭ ئايالى شىرېن بىلەن چىقىپ كەتتى، مۇلازىملارغا پانۇس ئېلىۋېلىشنى تاپىلاپ، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ مەپىلەرگە چۈشۈپ خۇازىفاڭنىڭ ئۆيىگە كېتىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

فېڭجيې ئارامبەخش ھويلىدىكى ئىنىگىلەردىن ئىككىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا جېكىلەپ قويدى:

— شىرېن يېنىپ كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. سىلەر ياخشى ـ يامانلىنى پەرق ئېتىدىغان دېدەكلەردىن تاللاپ، باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا كېچىسى نۆۋەتچىلىك قىلىشقا قويۇڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، باۋيۈي ئۆزى بىلگىنىچە كېلىش ـ يەخەشلىك قىلىپ يۈرمىسۇن.

ئىككى ئىنىگە خوش دەپ چىقىپ كېتىشتى، بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىشىپ:

— چىڭۋېن بىلەن شېيۈنى ھۇجرىغا قارايدىغانغا قويدۇق، بىز تۆتىمىز كېچىسى نۆۋەت بىلەن قاراپ چىقىمىز، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— باۋيۇينى ئاخشىمى بالدۇرراق يېتىشقا، ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇشقا سۆيلەپ تۇرۇڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

ئىنىڭلەر خوش دېيىشىپ باغقا يېنىپ كىرىشتى.

بىردەمدىن كېيىنلا، جۇرۇينىڭ ئايالى كېلىپ فېڭجيېگە ئۇچۇرىنى بەردى:

— شىرېننىڭ ئانىسى كۆزىنى يۇمدى، شىرېن قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولدى.

فېڭجيې بۇ ئەھۋالنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى، شىرېننىڭ ئورۇن - كۆرپە ۋە پەرداز جابدۇقلىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن نەزەرباغقا كىشىمۇ جورۇدى. باۋيۇي ئۇ نەرسىلەرنى چىڭۋېن بىلەن شېيۆ يىغىشتۇرۇپ تەخلەپ بەرگۈچە قاراپ تۇردى. نەرسىلەرنى ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن، چىڭۋېن بىلەن شېيۆ چالا قالغان بېزەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ كۆڭلەكلىرىنى يەڭگۈشلىۋالدى. چىڭۋېن ئوت ساندۇقىنىڭ① ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن ئۆزۈڭنى خان قىز قىلىۋالماي، مىدىرلىغاچ تۇرساڭ بولۇرمىكىن، — دەپ كۈلدى شېيۆ.

— سىلەر ھەممىڭلار كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن قىمىرلىساممۇ كېچىكمەيمەن، — دېدى چىڭۋېن، — سىلەر بىر كۈن بولساڭلار، مەن بىر كۈن بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالاي.

— جېنىم ئاچا، — دېدى شېيۆ كۈلۈپ، — مەن ئورۇن سالاي، سەن كىيىم ئەينىكىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۈستىدىكى باسۇرۇقنى باستۇرۇپ قوي، سېنىڭ بويۇڭ مېنىڭكىدىن ئېگىزرەك.

شېيۆ باۋيۇينىڭ ئورنىنى سېلىپ قويۇشقا كىرىپ كەتتى.

— ئو ... شتە، — دەپ قويۇپ كۈلدى چىڭۋېن، — ئەمدىلا

① ئوت ساندۇق — سەندەل (ئوتدان) ئۈستىگە قاپلاپ قويىدىغان ۋە ھاۋا يۇرۇشۇپ تۇرىدىغان قاسقانسىمان جابدۇق.



www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ ئىسسىناي دېسەم، سەن ئىش تاپقىلى تۇردۇڭ.

شۇ تاپتا باۋيۇي ئىچى پۇشۇپ، شىرىننىڭ ئانىسى نېمە بولدىكىن دەپ ئويلىنىپ ئولتۇراتتى، چىڭۋېننىڭ ھېلىقى گېپىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆزى چىقىپلا ئەينەكنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ باستۇرۇقنى تارتىپ قويدى. يېنىپ كىرىپ:

— سىلەر ئىسسىنىۋېرىڭلار، مەن باسۇرۇپ قويدۇم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— ھەمىشە مۇنداق ئىسسىنىۋەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ چىڭۋېن، — ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، قىزىق سۇدانىنى① تېخى ئېلىپ كىرمەپتۇ.

— ئەجەبمۇ ئۇنى ئەسلەپ قاپسەن! — دېدى شېيۆ، — غوجام ئادەتتە قىزىق سۇدانىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئاۋۇ ئوت ساندۇقىنىڭ ئۇستى ئىسسىق، ئۆيدىكى كاڭدەك سوغۇق ئەمەس، بۈگۈن ئىشلەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

— سىلەر ئىككىڭلار ئاشۇنىڭ ئۇستىدە ئۇخلاڭلار، — دېدى كۈلۈپ باۋيۇي، — ھۇجرامنىڭ تېشىدا ئادەم بولمىسا، مەن قورقۇپ كېچىچە ئۇخلىيالمايمەن.

— مەن مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغىنى، شېيۆ، سەن غوجامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلا، — دېدى چىڭۋېن.

بۇلار گەپ - سۆز بىلەن بولۇۋاتقاندا بىرىنچى جېسەك ئۇرۇلدى. شېيۆ پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، چىراغ - كۆجىلەرنى يۆتكىۋېتىپ، باۋيۇينى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىككىسى ئاندىن ئۇخلىدى. چىڭۋېن ئوت ساندۇقىنىڭ ئۇستىدە، شېيۆ ئىللىق ھۇجرىنىڭ يېنىدا ياتتى.

ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتىدىن كېيىن، باۋيۇي چۈشەكەپ شىرىننى قىچقاردى. ئىككى قېتىم ۋارقىرىدى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، ئۆزى ئويغىنىپ كېتىپ، شىرىننىڭ يوقلۇقى ئېسىگە

① قىزىق سۇدان — قىش كۈنى ئورۇن - كۆرپىنى ئىسسىتىدىغان، ئىچىگە قايناق سۇ ئېلىنىدىغان قىزىق سۇدان.

كەلدى ـ دە، كۈلۈشەتتى. چىڭۋېن ئويغىنىپ شيېۆنى قىچقاردى:

— مەن چېغىمدا ئويغىنىپ كەتتىم. يېنىمدا قوغداپ ياتقان ماۋۇنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەي مۈردىدەك يېتىۋەرگىنىنى!

شيېۆ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ بىر ئەسنەپ قويۇپ كۈلدى:

— ئۇ شىرىننى قىچقارغان تۇرسا، ماڭا نېمە ئالاقىسى بار ئىكەن! ھە نېمە قىلىلا؟

— چاي ئىچىمەن، — دېدى باۋيۈي.

شيېۆ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىسقا قىزىل پاڭچۇ چاپىنىنى كىيىپلا ماڭغانىدى، باۋيۈي:

— مىنىڭ جۇۋامنى يېپىنىۋال، سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى.

شيېۆ كەينىگە يېنىپلا باۋيۈي يېپىنىۋالغان بۇلغۇن تامىقىدىن تىكىلگەن يۆگەم پەشلىك جۇۋىنى ئېلىپ يېپىنىۋالدى. پەسكە چۈشۈپ داستا قولىنى يۇدى. ئاۋۋال بىر پىيالە ئىسسىق سۇ قۇيۇپ، يوغان تۈكۈرۈكدانىنى ئېلىپ كەلدى، باۋيۈي ئاغزىنى چايقىدى، ئاندىن شيېۆ چاي سوغىسىدىن پىيالە ئېلىپ ئىلمان سۇدا چايقىۋېتىپ، چايداندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيۇپ باۋيۈيگە بەردى، ئۆزىمۇ ئاغزىنى چايقىۋېتىپ يېرىم پىيالە قۇيۇپ ئىچتى.

— ئوبدان سىڭلىم، ماڭىمۇ بىر يۇتۇم بەرسەڭچۇ ! — دەپ كۈلدى چىڭۋېن.

— بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ! — دېدى شيېۆ كۈلۈپ.

— ئوبدان سىڭلىم، ئەتە ئاخشاملىققا سەن قىمىرلىماي يات، مەن كېچىچە سېنى كۈتۈپ چىقاي، بولامدۇ؟

شيېۆ نائىلاج ئۇنىڭغا ئېغىز چايقايدىغانغا سۇ بەردى، ئاندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى.

— ئىككىڭلار ئۇخلىماي گەپلىشىپ تۇرۇڭلار، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي، — دېدى شيېۆ.



www.uyghurkitap.com

— تالادا سېنى ساقلاپ تۇرغان جىن بار جۇمۇ، دەپ كۈلدى چىڭغۇېن.

— تالا راسا ئايدىڭ، بىز پاراڭلىشىپ تۇرىمىز، سەن چىقىپ كېتىۋەر، — دەپ باۋيۇي بىر - ئىككى يۆتىلىپ قويدى.

شېيۆ ئارقا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، كىگىز مىلەگزىنى قايرىپ قاراپ باقتى، تالا دەرۋەقە ئايدىڭ ئىكەن. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چىڭغۇېن ئۇنى بىر قورقۇتۇپ ئويناي دېگەن ئوي بىلەن، ئۆزىنىڭ ئادەتتە باشقىلاردىن غەيرەتلىكرەك ئىكەنلىكىگە تەمەننا قويۇپ، سوغۇققا پىسەنتمۇ قىلماي، كىيىمىنىمۇ يېپىنىۋالماي، قىسقا جۇيازىسى بىلەنلا ئوت ساندۇقىدىن چۈشۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەينىدىن ماڭدى.

— قويساڭچۇ، سوغۇقتىمۇ ئوينىشامدۇ، — دەپ هاي بەردى باۋيۇي.

چىڭغۇېن قولىنى سىلكىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى، تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، غۇرىرىدە شامال ئۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىگە سوغۇق ئۆتكەندەك بولدى - دە، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. كۆڭلىدە: «خەقلەر بەدەن قىزىپ تۇرغاندا سوغۇق شامالغا چىقماسلىق كېرەك دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، دەرۋەقە بۇ سوغۇق يامان ئىكەن» دېگەن ئوي بىلەن، شېيۆنى قورقۇتاي دەپ تۇرۇشىغا، باۋيۇي ئۆيدە ۋارقىرىدى:

— چىڭغۇېن كەينىڭدىن چىقىپ كەتتى!

چىڭغۇېن شۇ زامان يېنىپ كىرىپ:

— ئۇنى ئۆلگۈدەك قورقۇتۇۋېتەتتىمۇ؟ ئىچ ئاغرىتقاق مومايدەك كۆيۈپ - پىشىپلا كېتىدىكەنلا، — دېدى كۈلۈپ ئۇ.

— ئۇنى بەك قورقۇتۇۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگىنىم يوق، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — بىرىنچىدىن، سەن سوغۇقتا توڭلىساڭ ياخشى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ بىخەستە تۇرغاندا، ۋارقىرىۋەتسە باشقىلارنى ئويغىتىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا خەق بىزنى

ئوينىشىۋېتىپتۇ دېمەي، «شىرىن كېتە ـ كەتمەيلا شەيتانلىق قىلغىلى تۇرۇپسىلەر» دەيدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ يوتقاننىڭ ماۋۇ يېنىنى قىستۇرۇپ قوي.

چىڭۋېن كېلىپ يوتقاننى قىستۇرۇپ قويدى، قولىنى يوتقانغا تىقىپ ئىسسىتماقچى بولدى.

ــــ قولۇڭ نېمانداق سوغۇق ! توڭلاپ كېتىسەن دېمىگەنمىدىم ! ــــ دەپ كۈلدى باۋيۈي ۋە چىڭۋېننىڭ ئىككى مەڭزى ئەڭلىكتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىلاپ بېقىۋىدى، قولىغا مۇزدەك بىلىندى.

ــــ يوتقانغا كىرىپ ئىسسىنىۋال، ــــ دېدى باۋيۈي.

شۇنداق دېيىشىگىلا، ئىشىك «گۈپپىدە» قىلدى ـ دە، شېيۆ كۈلگىنىچە ھاپىلا ـ شاپىلا كىرىپ كەلدى:

ــــ ئەجەبمۇ قورقۇپ كەتتىم، ــــ دېدى ئۇ، ــــ قاراڭغۇدا، سۇنئىي قورام تاشنىڭ كەينىدە بىركىم زوڭ ئولتۇرغاندەك كۆرۈندى. ۋارقىراي دېگەنىدىم، بايا ئۇ قارىغان توخۇسى ئىكەن، مېنى كۆرۈشى بىلەنلا پۇررىدە ئۇچۇپ ئايدىڭغا چۈشتى، قارىسام، شۇ. تەنتەكلىك قىلىپ سورەن سالغان بولسام خەقلەرنى پاراكەندە قىلىۋېتىدىكەنمەن، ــــ ئاندىن ئۇ قولىنى يۇيۇۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــــ چىڭۋېننى چىقىپ كەتتى دېۋېدىلىغۇ؟ قېنى ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ھەرقاچان مېنى قورقۇتقىلى چىقىپ كەتكەن نېمە.

ــــ مانا بۇ ئەمەسمىكەن؟ ــــ دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، ــــ بۇ يەردە ئىسسىنىۋاتىدۇ ! مەن ھاي دەپ توۋلىمىغان بولسام سېنى راسا قورقۇتۇۋېتەتتى.

ــــ مەن قورقۇتمىساممۇ، بۇ جۇۋاينىمەك ئۆزىدىن ئۆزى قورقۇپ ـ پىسىپ كېتىپتۇ، ــــ دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ ۋە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا كەلدى.

ــــ سەن ئاشۇنداق بەيگىچىدەك كىيىنگەن پېتىڭ غىرمىيىپ تالاغا چىققان ئوخشىمامسەن؟ دېدى شېيۆ.

— شۇنى دېمەمسەن، مۇشۇ پېتىچە چىقىپ كەتتى! — دېدى باۋيوي كۈلۈپ.

— ھوي، ياخشى كۈن كۆرمەي ئۆلىدىغان! سەن چىقىپ بىردەم تۇرۇپ باققىنا، تېرەڭ توڭلاپ ئېتىلىپ كەتمىگىنىنى كۆرەي! — دېدى شېيۈ ۋە ئوتداننىڭ مىس قاپقىقىنى ئېچىپ، بەل كۈرەك بىلەن چوغنى كۆمۈپ قويۇپ، تېز كۆيىدىغان كۈجىدىن ئىككى تالنى سېلىپ قاپقاقنى ياپتى. شىرمەلىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، چىراغنى پەرلەپ قويۇپ ئۇخلاشقا ياتتى.

چىڭۋېن بايا توڭلاپ كېتىپ، ئەمدى بىردىنلا ئىسسىنىشى بىلەنلا بىر - ئىككى چۈشكۈرۈۋەتتى.

— قانداق ئىكەن! ئاخىر زۇكامداپ قالدىڭ مانا، — دېدى باۋيوي ئۇلۇغ تىنىپ قويۇپ.

— ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان مىجەزىم يوق دەپ غىڭشىپ يۈرەتتى، — دېدى شېيۈ كۈلۈپ، — بۈگۈن تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمىدى، — كۈتۈنەي دېمەستىن، تېخى خەقنى ئەخمەق ئېتىپ ئوينىماقچى بوپتۇ. ئەتە ئاغرىپ قالسا ئۆز ئۆۋالى ئۆزىگە.

— بېشىڭ قىزىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيوي.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى يۆتىلىپ كېتىپ چىڭۋېن، — ئانچىمۇ نازۇك ئەمەسمەن !

شۇ ئەسنادا تاشقىرىقى ئۆينىڭ تەكچىسىدىكى سائەت ئىككى قېتىم داڭ ئۇردى. تاشقىرىقى ئۆيدە كۆزەتچىلىك قىلىپ ياتقان ئىنىگە بىر - ئىككى يۆتىلىپ قويۇپ:

— قىزلار، ئۇخلاڭلار، كۈلكە - پاراڭنى ئەتە قىلىشساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— گەپ قىلمايلى، — دېدى باۋيوي ئاستا، — بولمىسا، ئۇلارنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇچىلىسى ئۇخلاشتى.

ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، دېگەندەك، چىڭۋېننىڭ دىمىقى پۈتۈپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ، بوشىشىپلا قوپتى.

www.uyghurkitap.com

— ئىگراپ شاۋقۇن كۆتۈرمە ! — دېدى باۋيۇي، — ئانام ئۇقۇپ قالسا كېسلىنى ئۆيدە باقسۇن دەپ ئەۋەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۆز ئۆيۈڭغۇ ياخشى، ھەر ھالدا بۇ يەرگە قارىغاندا سوغۇقراق. سەن ئىچكىرىكى ئۆيدە يات، مەن تېۋىپ چاقىرتاي، ئاستا ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ تومۇرۇڭنى تۇتۇپ باقسۇن.

— شۇنداقمۇ دەيلا، نېمىلا بولمىسۇن، چوڭ كېلىن ئاغىچىغا دەپ قويسىلا، — دېدى چىڭۋېن، — بولمىسا، بىر دەمدىن كېيىن تېۋىپ كەلگەندە سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

باۋيۇي بۇ گەپنى ئورۇنلۇق تېپىپ ئىنىكىلەردىن بىرىنى چاقىرىپ تاپىلىدى:

— سەن بېرىپ چوڭ كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلىپ قوي، چىڭۋېن ئۆزىگە ئازراق سوغۇق تەگكۈزۈۋاپتۇ، ھېچقانداق ئاغرىق دېگۈچىلىكى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىرېن ئۆيدە ئەمەس، چىڭۋېن كېسىلىنى داۋالايمەن دەپ ئۆيىگە كەتسە، بۇ يەردە ئادەم قالمايدۇ، تېۋىپ چاقىرتساق، ئارقا ئىشىكتىن ئاستىلا كىرىپ كۆرۈپ باقسا، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلمىساق، دېگىن.

ئىنىكە چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— چوڭ كېلىن ئاغىچا خەۋەر تېپىپ مۇنداق دېدى: ئىككى بولاق دورا ئىچىپ ساقىيىپ قالسا مەيلى، ساقىيالمىسا، ئۆيىگە كەتكىنى تۈزۈك. ھازىر ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، باشقىلارغا كېسەل يۇقسىمۇ چاغلىق ئىش، ھەممىدىن قىزلارنىڭ سالامەتلىكى مۇھىم.

چىڭۋېن ئىللىق ھۇجرىدا يېتىپ يۆتىلىۋەردى، بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ غۇززىدە ئاچچىقى تۇتتى ـ دە:

— ماڭا ۋابا كېسىلى تېگىپتىمۇ؟ خۇددى خەققە يۇقۇپ قالىدىغاندەك قىلىشىپ كېتىپتۇ! مەن بۇ يەردىن كەتسەم، قېنى كۆرەرمەن، سىلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى تارتمىغىنىڭلارنى ! — دەپلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، باۋيۇي

دەرھال ياتقۇزۇپ نەسىھەت قىلدى:

— خاپا بولما ! بۇ كېلىن ئاغىچىنىڭ جاۋابكارلىقىدىكى ئىش، ئاغىچا خېنىم ئۇقۇپ قالسا ماڭا كايىمدىكەن دەپ ئەنسىرەيدۇ، بۇمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ. ئادەتتىمۇ سەن بەك تېرىككەك، ھازىر تېخىمۇ سەپرايىڭ ئۆرلەپ كېتىپتۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا بىركىم كىرىپ:

— تېۋىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

باۋيۈي بۇيانغا ئۆتۈپ، كىتاب جاۋىنىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ئارقا ئىشىكنى باقىدىغان خىزمەتكار ئاياللاردىن ئىككى ـ ئۈچى تېۋىپنى باشلاپ كىردى. بۇ يەردىكى چوڭ قىزلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئۈچ ـ تۆت ئىنىكە ئىللىق ھۇجرىنىڭ كەشتىلىك قىزىل چىمىلدىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى، چىڭۋېن چىمىلدىقتىن قولىنىلا چىقىرىپ بەردى. تېۋىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇزۇن ئۆستۈرۈلگەن ئىككى تىرناقنى ۋە تىرناقتىكى خېنە ئىزلىرىنى كۆرۈپ كەينىگە قارىۋالدى. ئىنىكىلىرىدىن بىرسى دەرھال كېلىپ قولنى ياغلىق بىلەن يېپىپ قويدى. تېۋىپ بىر قۇر تومۇر تۇتقاندىن كېيىن، تاشقىرىقى ئۆيگە يېنىپ چىقىپ ئىنىكىلەرگە:

— خېنىم زۇكام تېگىپ قەۋزىيەت بولۇپ قاپتۇ، يېقىندىن بۇيان ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، ئازراق قىزىتمىسىمۇ باردەك قىلىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، خېنىم ئادەتتە غىزانى كەمرەك يەيدىكەن، سوغۇقمۇ ئانچە تەگمەپتۇ، ماغدۇرى كەم بولغانلىقتىن، تاسادىپىي ئازراق كېسەل يۇقتۇرۇۋاپتۇ، ئىككى بولاق دورا يەپ، ئىچى بوشىسا ئوڭلىنىپ قالىدۇ، — دېدى ـ دە، ئىنىكىلەر بىلەن چىقىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا لى ۋەن كىشى ئەۋەتىپ، ئارقا ئىشىكتىن ئۆتىدىغانلارغا ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى دېدەكلەرگە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرسۇن دەپ ئۇقتۇرۇپ قويغانىدى. تېۋىپ باغنىڭ مەنزىرىسىنى كۆردى ـ يۇ، بىرەرمۇ قىز ۋۇجۇدىنى ئۇچراتمىدى.

بىردەمدىن كېيىن باغ ئىشىكىدىن چىقىپ، باغنىڭ ئىشىكىنى باقىدىغان مۇلازىملارنىڭ نۆۋەتچىلىك ئۆيىگە كىرىپ، شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپلا دورا قەغىزى يېزىپ بەردى.

— بېگىم، كەتمەي تۇرسىلا، — دېدى ئىنىگە، — بىزنىڭ غوجام گېجىڭراق، بەلكىم سورايدىغان گېپى باردۇ.

— بايا كۆرگىنىم خېنىم ئەمەس، غوجام ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى تېۋىپ، — ئۇ ئۆي قىز ھۇجرىسىدەك قىلىدۇ، چىمىلدىقنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن كېسەل كۆردۈم، ئۇ قانداقسىغا غوجام بولسۇن؟

— ۋاي بېگىم، — دېدى ئىنىگە كۈلۈپ، — بايىلا تېخى چاكار بالا: «بۇگۈن يېڭى تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق» دېگەنىدى. ئۆزلىرى راستىلا بىزنىڭ خانىداندىكى ئىشلارنى بىلمەيدىكەنلا ـ دە! ئۇ ئۆي بىزنىڭ غوجامنىڭ ئۆيى، سىلى تومۇرىنى تۇتقان كىشى شۇ ئۆيدىكى دېدەك، دېمىسىمۇ ئۇ ھەممىدىن چوڭى. نەدە ئۇ خان قىز ھۇجرىسى بولسۇن؟ خان قىزلار ئاغرىپ قالسا، سىلى بۇنداق ئاسان كىرەلەمدىلا!

ئىنىگە گېپىنى تۈگىتىپ دورا قەغىزىنى ئېلىپ باغقا كىرىپ كەتتى.

باۋيۈي قەغەزنى كۆردى. قەغەزدە سۇزە، قارا بۇيا، كەمەك، چېتىن چېچەك قاتارلىق دورىلار، كەينىگە ياۋا موزا، چاكاندا يېزىلغانىكەن.

— ھەي ئۆلگۈر! ئۇ قىز بالىلارنىمۇ بىزنى داۋالىغاندەك داۋالامدىكەن، بۇنى قانداق ئىشلەتكىلى بولسۇن؟ — دېدى باۋيۈي، — قەۋزىيەت بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ياۋا موزا، چاكاندىنى ئۇ قانداق كۆتۈرەلەيدۇ؟ ئۇنى كىم چاقىرىپ كەلگەن؟ ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىڭلار! تونۇش تېۋىپلاردىن بىرىنى چاقىرىپ كېلىڭلار.

— قانداقراق دورىلارنى بۇيرۇغانلىقىنى بىز بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى ئىنىگە، — يەنە مۇلازىمنى ئەۋەتىپ ۋاڭ تېۋىپنى چاقىرتىپ

كېلىشقۇ ئاسان. مۇنۇ تېۋىپنى باش دەپتەردارغا ئېيتمايلا چاقىرتىپ كەلگەن، بۇنىڭغا قەدەم ھەققى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنىڭغا قانچە پۇل بېرىمىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئاز بەرسەك سەت بولار، بىر - ئىككى سەر كۈمۈش بەرسەك، بىزنىڭ خانىدانىمىزنىڭ يوسۇنىغا لايىق ئىش بولارمىكىن، — دېدى خىزمەتكار ئايال.

— ۋاڭ تېۋىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا قانچە پۇل بېرىلەتتى؟ — دېدى باۋيۈي.

— ۋاڭ تېۋىپ بىلەن جاڭ تېۋىپ ھەر قېتىم كەلگىنىدە پۇل بېرىلمەيتتى، — دېدى كۈلۈپ خىزمەتكار ئايال، — ھەر يىلى ھېيت - ئايەم، چاغان كۈنلىرى بولغاندا ئۇلگۈجىلا بىرمۇنچە سوۋغات ئەۋەتىلەتتى، بۇ قائىدە بولۇپ قالغان يىللىق مائاش. مۇنۇ ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى، بۇنىڭغا بىر - ئىككى سەر كۈمۈش بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

باۋيۈي دەرھال شېيۆنى كۈمۈش ئاچقىشقا بۇيرۇدى.

— شىرېن ئاچام پۇلنى نەگە قويدىكىنتاڭ ! — دېدى كۈلۈپ شېيۆ.

— ئاۋۇ سەدەپ بىلەن نەقىشلەنگەن كىچىك ئىشكاپتىن كۈمۈش ئالغانلىقىنى پات - پات كۆرۈپ قالاتتىم. يۈر، ئىككىمىز ئىزدەپ باقايلى، — دېدى باۋيۈي. ئاندىن شېيۆ بىلەن ئىككىسى شىرېن نەرسە - كېرەك دۆۋىلەپ قويغان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ھېلىقى ئىشكاپنى ئاچتى. ئۈستۈنكى قەۋىتىدە قەلەم - سىياھ، يەلپۈگۈچ، ئەتىرتوقاچ①، رەڭگارەڭ ھەميان، ئىشتانباغ قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن. ئاستىنقى قەۋىتىدە بىرنەچچە تىزىق داچەن تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تارتمىسىنى ئېچىۋىدى، كىچىك بىر بولاق چىقتى، ئىچىدە بىرنەچچە پارچە

① ئەتىرتوقاچ — خۇشبۇي ماتېرىياللاردىن ياسالغان توقاچ، بۇنى يانغا ئېسىۋا-لىدۇ ياكى كۆيدۈرسىمۇ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆمۈش ھەم تارازىمۇ بار ئىكەن. شىيۋ بىر پارچە كۆمۈشنى ئېلىپ تارازىغا سېلىپ:

— قايسى چېكىتتى بىر سەردۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەندىن سورىغىنىڭ قىزىق، — دېدى كۆلۈپ باۋيۈي، — سەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن ئادەممىدىڭ؟

شىيۋ كۆلۈپ كېتىپ، باشقىلاردىن سوراپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، باۋيۈي:

— يوغانراقىدىن بىر پارچە ئېلىپ بەرسەڭلا بولدىغۇ، سودىگەرچىلىك قىلمىغاندىن كېيىن، بۇنى ھېسابلاپ نېمە قىلاتتۇق ! — دېدى.

شىيۋ تارازىنى قويۇپ، كۆمۈشتىن بىر پارچىنى دەڭسەپ بېقىپ:

— بۇ بىر سەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى، — كۆپ كەتسە كېتىۋەرسۇنلا، بولمىسا، ئۇ گاداي بىزنىڭ تارازىنى ئۇقمايدىغانلىقىمىزنى دېمەي، بىزنى پىخسىق ئوخشايدۇ دەپ زاڭلىق قىلىپ يۈرمىسۇن.

ھېلىقى خىزمەتكار ئايال بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— ئۇ بەش سەرلىك تۆكچىنىڭ كېسىلگەن يېرىمى ئىكەن، كەم دېگەندە ئىككى سەر چىقىدۇ! ھازىر ئۇنى كېسىدىغانغا قايچىمۇ يوق، خېنىم، ئۇنى ئېلىپ قويۇپ، كىچىكرەكىدىن بىرنى ئېلىڭ، — دېدى.

شىيۋ ئاللىقاچان ئىشكاپنى ئېتىۋېتىپ يېنىپ چىقىۋاتاتتى.

— ئۇنى كىم ئىزدەپ يۈرەتتى، قانچە بولسا بولمامدۇ، ئاپىرىپ بەرسىڭىز ئىش تۈگەيدۇ، — دېدى ئۇ.

— سەن چاپسانراق بېيمىڭغا دېگىن، باشقا تېۋىپ چاقىرىپ كەلسۇن، — دېدى باۋيۈي.

خىزمەتكار ئايال كۆمۈشنى ئېلىپ ئۆز ئىشىغا چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بېيمىڭ ۋاڭ تېۋىپنى چاقىرىپ كەلدى.

بۇ تېۋىپ ئاۋۋال تومۇر تۇتۇپ ئاندىن كېسەلنى دەپ بەردى، بۇنىڭ دېگىنى ئاۋۋالقى تېۋىپنىڭكىدىن باشقىچە بولۇپ چىقتى. يازغان دورا قەغىزىدە ياۋا موزا، چاكاندا قاتارلىق دورىلار يوق، داڭگۈي، جۇزە شۆپۆكى، ئاق چوغلۇق قاتارلىق دورىلار بار ئىدى. مىقدارىمۇ ئاۋۋالقى دورىدىن ئازايتىلغانىدى.

— قىز بالىنىڭ دورىسى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي خۇشال بولۇپ، — ئىچىنى بوشاتقاندىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئۆتكەن يىلى مەن كېسەل بولۇپ قىزىتمام ئېشىپ قەۋزىيەت بولۇپ قاپتىكەنمەن، ۋاڭ تېۋىپ كۆرۈپ، مېنى چاكاندا، سىڭىرتاش، ياۋا موزا قاتارلىق كۈچلۈك دورىلارنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن. مەن ۋە سىلەر خۇددى بۇلتۇر كۈزدە جىيا يۈن ماڭا سوۋغات قىلىپ ئەكېلىپ بەرگەن يېڭى ئېچىلغان ئاق يەسمەنگە ئوخشايمىز. مەن كۆتۈرەلمىگەن دورىنى سىلەر كۆتۈرەلەمتىڭلار؟ مەسىلەن، خەقنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى يوغان تېرەكنى ئالساق، قارىسا، شاخ - شۇمبا، يوپۇرماقلىرى باراقسان كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئىچى پور بولىدۇ، بىز شۇنىڭغا ئوخشايمىز.

— دالادىكى قەبرىستاندا قارىغاي، ئارچا بولماي تېرەكلا بولامدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ شېيۆ، — تېرەك كىشىگە بەك سەت كۆرۈنىدۇ، شۇنچە يوغان تۇرۇپمۇ ئازلا يوپۇرمىقى بار، ئازراق شامالنى كۆرە - كۆرمەيلا شىلدىرلاۋېرىدۇ. ئەتەي شۇنىڭغا ئوخشىتىپ بىزنى تولا سەتلەشتۈرۈۋەتتىڭلە.

— ئۆزىمىزنى قارىغاي بىلەن ئارچىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ھەتتا كۇڭ فۇزىمۇ: «قاتتىق سوغۇق بولغاندىن كېيىن، قارىغاي بىلەن ئارچىنىڭ ئاندىن غازاڭ بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ» دەپتىكەن. دېمەك، بۇ ئىككى دەرەخ ئېسىل نەرسە، ئىزا تارتمايدىغان كىشى ئۆزىنى شۇنىڭغا كەلسە - كەلمەس ئوخشىتىدۇ.

شۇ ئەسنادا خىزمەتكار ئايال دورىنى ئېلىپ كەلدى. باۋيۈي

www.uyghurkitap.com

دورا قاينىتىدىغان كۈمۈش كورىنى تاپتۇرۇپ چىقىپ ئوتدانىدا قاينىتىشقا جورۇدى.

ــ ئۇنداق قىلماي، چايخانىدا قايناتسىمۇ بولىۋېرەتتى! ــ دېدى چىگۈېن، ــ بۇ يەردە قايناتساڭلار ئۆينىڭ ئىچى، ئۆيدە دورا پۇراپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

ــ دورىنىڭ پۇرىقى باشقا ھەرقانداق گۈلنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشبۇي بولىدۇ! ــ دېدى باۋيۇي، ــ مالائىكىلەر، پەرىزاتلار دورا يىغىپ پىشۇرۇشنى، ئەۋلىيالار بىلەن زاھىتلارمۇ دورا يىغىپ تەييارلاشنى ئەڭ ئېسىل ئىشلاردىن ھېسابلايدىكەن! بۇ ئۆيدە ھەر خىل نەرسىلەر تەلتۆكۈس بولسا، دەپ ئويلايتتىم، پەقەت دورىنىڭ خۇشبۇيىلا كەملىك قىلىۋاتاتتى، ئەمدى بۇمۇ تەل بولىدىغان بولدى.

شۇ گەپ بىلەن دورىنى ئوتقا قويدۇردى. ئاندىن شېيۆگە ئازراق نەرسە تەييارلاپ ئىنىگىدىن شىرىنگە ئەۋەتىپ بەرگىن، موماي بېرىپ شىرىنگە كۆپ يىغلىما دېسۇن، دەپ تاپىلىدى. بۇ ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ جايلاپ بولغاندىن كېيىن، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بېرىپ، غىزا يېيىش ئۈچۈن ئالدىنقى ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا فېڭجيې جيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن.

ــ كۈن قىسقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق، ــ دېدى فېڭجيې، ــ بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ يەڭگىمىز بىلەن خان قىزلار تاماقنى باغدا يېسە، كۈن ئىسسىغاندىن كېيىن كېلىپ ـ كېتىپ يۈرسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ــ بۇمۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ، ــ بوران چىقىپ، قار يېغىپ قالغان چاغلاردا ئۇلارغا تېخىمۇ ئەپلىك بولىدۇ. غىزا يەيمىز دەپ سوغۇق يەۋالسىمۇ ياخشى بولمايدۇ، ئاچ قورساق كېلىۋېتىپ، بىرمۇنچە سوغۇق يەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غىزا يېسە ئوبدان بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كۆرە، باغنىڭ ئارقا ئىشىكى يېنىدىكى بەش ئېغىز ئۆيدە بەربىر ئايالالار كىچىكچە نۆۋەتچىلىك قىلىشىدۇ، ئاشپەز ئاياللاردىن ئىككىسى شۇ يەردە ھەمشىرىلەرگە تاماق ئېتىپ بەرسۇن. يېڭى كۆكتاتلاردىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇلۇشلىرى بار، باش دەپتەرخانىدىن چىقىم قىلىپ بېرىدۇ، پۇل ئالسىمۇ ياكى نەرسە - كېرەك ئالسىمۇ بولىدۇ. قىرغاۋۇل، جەرەن، كېيىك دېگەندەك ھەرخىل ياۋا يېمەكلىكلەردىن ئۇلارغا ئايرىپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

— مەنمۇ شۇ خىيالدا ئىدىم، — دېدى جىيا ئانا، — بىراق، ئايرىم ئاشخانا قۇرسا ئىش غولداپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغان.

— غولداپ كەتمەيدۇ، — دېدى فېڭجىيې، — بېرىلىدىغان ئۇلۇش ئوخشاشلا، بۇ يەردە قوشۇلغىنى بىلەن ئۇ يەردە ئازىيىدۇ. ئانچە - مۇنچە ئاۋارىچىلىك بولغىنى بىلەن، خان قىزلار سوغۇق يەپ قالىدىغان بولسا، باشقىلارغۇ مەيلى، بىرىنچى بولۇپ دەييۇي سىڭلىمىز قانداق كۆتۈرىدۇ؟ ھەتتا باۋيۈي ئۇكاممۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ھەمشىرىلەرنىڭمۇ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس.

فېڭجىيېنىڭ بۇ گەپلىرىگە جىيا ئانىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئەللىك ئىككىنچى باب

## چىرايلىق پىڭئېرنىڭ بىلەزۈك ۋەقەسىنى كۆڭۈلچەكلىك بىلەن ياپقانلىقى
## جۇرئەتلىك چىڭۋېننىڭ كېسەل تۇرۇقلۇق تۇز يېپىنچىنى يامىغانلىقى

جىيا ئانا مۇنداق دېدى:

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم. ئۆتكەن دورەمدىلا سىلەرگە ئېيتاي دېگەن، قارىسام، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار كۆپ ئىكەن. بۇنى ئاز دەپ يەنە بۇ ئىشنى قوشۇپ قويسام، ئاغرىنىشقا ھەددىڭلار كەلمىسىمۇ، سىلەر مېنى ئاشۇ ئوغۇل نەۋرىسى ۋە قىز نەۋرىلىرىگىلا كۆيۈنىدۇ، بىزدەك غوجىدارلارنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، دېدىم. سېنىڭ بۇ دېگىنىڭ ئوبدان بولدى.

بۇ گەپ ئۈستىدە شۆ ھامما بىلەن لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسىمۇ بار ئىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە يۈشىلارمۇ سالامغا كېلىپ، تېخى قايتىشمىغانىدى. جىيا ئانا ھەممەيلەن بار يەردە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا يەنە شۇنىمۇ دەپ قويدى:

— بۇ گەپنى بۈگۈن دەۋاتىمەن، بۇرۇن فېڭجيې قىزنىڭ يۈزىگە ياخشى بولماسمىكىن، كۆپچىلىك كۆڭلىدە نارازى بولۇپ قالارمىكىن دەپ بۇ گەپنى دېمىگەنىدىم. بۈگۈن ھەممىڭلار بۇ يەرگە يىغىلىپسىلەر، سىلەر ئەپيەڭگە ۋە قېيىنئانا بولغانلار، قېنى، ئاراڭلاردا مۇشۇ فېڭجيې ئويلاپ يەتكەندەك ئويلايدىغىنىڭلار بارمىدۇ؟

شۈ ھامما، لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى، يۈشىلەر تەڭلا كۈلۈشۈپ:

— بار بولسىمۇ ئاز تېپىلىدۇ! باشقىلار ئەدەپ ـ يوسۇننى دەپلا يۈزىنى قىلسا، فېڭجيې قىز ھەقىقەتەن قېيىنسىڭىل ـ قېينئانىلىرىغا بەك كۆيۈنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ راستىلا ۋاپادارلىق كۆرسىتىدۇ، — دېيىشتى.

— مەنمۇ بۇنىڭغا كۆيۈنۈشنى كۆيۈنىمەن، لېكىن بۇنىڭ تولىمۇ زېرەكلىكىدىن ئەنسىرەيمەن، بەك زېرەكلىكمۇ ياخشى ئەمەس، — دەپ جيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— چوڭ ئانا، بۇ گەپلىرى توغرا بولمىدى، — دېدى شۈئانلا فېڭجيې كۈلۈپ، — ئەل ئارىسىدا: «تولىمۇ زېرەك بولغانلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ» دېگەن گەپمۇ بار ئىكەن، ئەل ـ يۇرتنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدىكەن، شۇنىڭغا ئىشىنىشىدىكەن. لېكىن، چوڭ ئانا، ئۆزلىرى ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇنىڭغا ئىشەنمىسىلە. چوڭ ئانا، سىلىچۇ زېرەكلىكتە مەندىن ئون ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىلا، ئۇنداق بولمىسا قانداق قىلىپ بۈگۈنكىدەك دۆلەت، بۈگۈنكىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيتتىلە؟ مەن تېخى ئەتە ـ ئۆگۈن چوڭ ئانامدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كېتەرمەنمىكىن. مەنچۇ مىڭ ياشقا كىرىپ، چوڭ ئانام ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئۆلىمەن.

— ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ، بىز ئىككى قېرى ئالۋاستى قېلىپ قالساق ئۇنىڭ نېمە قىزىقى بولاتتى! — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

باۋيۈي چىڭۋېننىڭ ئىشىدىن ئۈيەپ، باغقا بالدۇر قايتىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە كىرسە دورىنىڭ خۇش پۇرىقى ئۆيگە بىر كەپتۇ. ئۆيدە باشقا ھېچكىم يوق، كاڭدا چىڭۋېن يالغۇز يېتىپتۇ، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. باۋيۈي ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ

بېقىۋىدى، قولىغا ئوتتەك تەگدى. قولىنى ئوتتاندا ئىسسىتىپ، يوتقانغا تىقىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىمۇ سىلاپ بېقىۋىدى، بەدىنىمۇ ئوتتەك قىزىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن:

— باشقىلار چىقىپ كەتسىمىغۇ مەيلى، شېيۈ، چيۇۋېنلارمۇ مۇشۇنداق باغرى تاشلىق قىلىپ سېنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— چيۇۋېننى تاماق يېگىن دەپ مەن چىقىرىۋەتكەنىدىم، — دېدى چىڭۋېن، — شېيۈنى بايا پىڭئېر ئاچىقىپ كەتتى. ئىككىسى بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇلدىشىۋاتاتتى، نېمە دېيىشىۋاتقاندىكىنتاڭ، ھەرقاچان مېنى ئاغرىپ قالسىمۇ ئۆيىگە كەتمىدى، دېيىشىۋاتقاندۇ.

— پىڭئېر ئۇنداق دەيدىغانلاردىن ئەمەس، — دېدى باۋيۈي ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ سېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى بىلمىگەچكە ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەن ئەمەستۇ، بەلكىم شېيۈگە دەيدىغان گېپى بولغاچقا كەلگەندۇ، سېنىڭ ئاغرىپ ياتقانلىقىڭنى كۆرۈپ قېلىپ، سېنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدىم، دەپ قويغاندۇ. بۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كۆڭۈلنى ئاياش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. ئۆيۈڭگە كېتىش ـ كەتمەسلىك بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى؟ سىلەر ئادەتتە ئوبدان ئۆتۈشىسىلەرغۇ؟ ئۇ ھەرگىز مۇنداق ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان ئىش بىلەن كۆڭۈل رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى چىڭۋېن، — لېكىن نېمىشقا مەندىن يوشۇرىدىغاندۇ دەپ، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ قالدىم.

— مەن ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ، نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ كىرىپ ساڭا دەپ بېرەي، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي.

باۋيۈي ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، دېرىزە تۈۋىدە ئۇلارنىڭ گېپىگە ئاستا قۇلاق سالدى:

— ئۇنى قانداق تېپىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى كۇسۇلداپ

شېيۇ.
— قايسى كۈنى قولۇمنى يۇيۇۋاتقاندا يىتىپ كەتكەن، — دېدى پېگئېر، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا چۇقان كۆتۈرمە، دېدى. باغدىن چىقىشىدا، باغنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتكار ئاياللارغا دىققەت قىلىپ سۈرۈشتۈرۈڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇپ قويغان. بىز تېخى شىڭ شيۈەن خان قىزنىڭ چۆرە قىزى ئەسلىدە كەمبەغەل بولغاچقا، كىچىك بالا دېگەن كۆرۈپ باقمىغان نېمىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ ئالغاندۇ، دەپ شۇنىڭدىن گۇمان قىلغاندۇق، سىلەرنىڭ ئۆيدىكى چۆرە قىزدىن چىقىشىنى زادى ئويلىماپتىكەنمىز. ھېلىمۇ ياخشى، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ئۆيدە يوق ئىدى. سىلەرنىڭ ئۆيدىكى سۇڭ ئانىكا: بىلەزۈكنى كىچىك چۆرە قىز جۈيئېر ئوغرىلىۋاپتىكەن، مەن كۆرۈپ قېلىپ كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلغىلى كەلدىم، دەپ ئېلىپ كەپتۇ. مەن دەرھال بىلەزۈكنى ئېلىۋالدىم. ئەمدى نېمە قىلسام بولار دەپ ئويلىنىپ باقتىم: باۋيۈي سىلەرگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، سىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشۇڭلارنى خالايدۇ، قايسى يىلى لىياڭئېر دېگەن نېمە قاشتاشنى ئوغرىلىۋالغان. بۇ ئىشنىڭ بېسىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولدى، ھېلىمۇ بەزىلەر قولى بوشاپ قالغان چاغلاردا شۇ گەپنى تەرگەپ دېگەن ـ ئېيتمىغىنى قالمايدۇ. ئەمدى ئالتۇن ئوغرىلىغان بىرسى چىقتى، ئوغرىلىغاندىمۇ باشقا ئۆيدىكىلەرنىڭكىنى ئوغرىلاپتۇ. باۋيۈي شۇنچە قىلسىمۇ، قېرىشقاندەك شۇنىڭ ئادىمى سەتچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، شۇ زامان سۇڭ ئانىكىغا بۇ ئىشنى باۋيۈيگە دېمەڭ، باشقىلارغىمۇ زادى ئېغىز ئاچماڭ، بۇ ئىشنى ياپتى قىلىۋېتەيلى، دەپ جېكىلەپ قويدۇم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ، شىرېن بىلەن سىلەرگىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا: «چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭكىگە بېرىپ كېلىۋاتقىنىمدا، بىلەزۈكنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ

ئـوت ـ چۆپنـىـڭ ئارىسـىغا چۇشۇپ كـېتىپـتىكەن، قـار قىلىـن بولغاچقا تاپالمىغانىدىم. ئەمدى قـار ئېرىپ بـولغانىدىـن كـېيىـن، ئاپتاپتا ساپسېرىق ۋالىلـداپ تۇرۇپتۇ، شـۇ يەردىن تېـپىۋالدىـم» دەپ قويغانىدىـم، كېلىـن ئاغىچىمۇ بۇ گـەپكە ئىـشەندى، شۇڭـا سىـلەرگە ئېـيتىپ قـويـاي دەپ كېلىـشىم. بۇنىڭـدىـن كـېيىـن ئۇنىڭغا پەخەس بولۇڭلار، ئۇنى باشقا جايلارغا ئىشقا جورۇماڭـلار. شىرىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەر مەسلىھەتلىشىپ، بىـر باھانە بىلەن ئۇنى چىقىرىۋەتسەڭلار ئىش تۈگەيدۇ.

— بۇ شۇمتەك جالاپ خېلى نېمىلەرنى كـۆرگەن، كۆكسى ـ قـارنى توقتـەك كۆرۈنەتتـى، بىلەزۈكـنىڭگە قـانداق بولۇپ كـۆزى چۈشۈپ قالغاندۇ؟ — دېدى شېيۈ.

— بۇ بىلەزۈكىمغۇ ھېچقانچە قىممەتلىـك نەرسە ئەمـەس! — دېدى يىڭئېر، — ئوتتۇرانچى كېلىـن ئاغىچا بۇنى «راڭ بۇرۇتى بىلـەزۈك①» دەيدۇ دېگەن، قـىممەت دەپ مـۇنۇ مەرۋايىـتنى دېـسە بـولىدۇ، چىڭۋېن دېگەن جۇۋاينىـمەك ئۆتـۈپ كـەتكەن سـەپرا خـالتىسى، ئۇنىڭغا بۇ گەپنى دېسەڭ ئۆزىگە ھاي بېرەلمەيدۇ، غۇزژىدە ئاچچىقى كـېلىدۇ ـ دە، ئـۇرۇپ ـ تىللاپ ۋاڭ ـ چـۇڭ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ساڭىلا دەپ قويدۇم، سەن دىققەت قىلساڭلا بولدى.

يىڭئېر گېپىنى تۈگىتىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇشالمۇ بولدى، خاپىمۇ بولدى ۋە ئۇلـۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئاھ ئۇردى: يىڭئېر مېنىڭ ھالىمغا يېتەلەيدىكەن دەپ خۇشال بولدى، جۈيئېرنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىدىن خاپا بولدى. جۈيئېر شـۇنچە زېرەك قىـز تۇرۇقلـۇق مۇشۇنداق سـەت ئىشـنىمۇ قىلامدىغان دەپ ئاھ ئۇردى. ئۆيگە قايتىـپ كىرىـپ، يىڭئېرنىڭ گەپلىرىنى يېيىدىن ـ يىڭنىسىگىچە چىڭۋېنغا دەپ بېرىپ:

① «راڭ بۇرۇتى بىلەزۈك» — راكنىڭ بۇرۇتىدەك ئىنچىكە ئالتۇن بىلـەزۈكنى دېمەكچى.

— پىڭئېر سېنى چۈسراق، ھازىر ئاغرىپ قاپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىسا بىر ئاغرىقى ئىككى بولىدۇ، ساقايغاندىن كېيىن دېسەڭمۇ بولىدۇ دېدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چىڭۋېنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. شۇ زامان جۇيئېرنى چاقىرماقچى بولۇۋىدى. باۋيۈي ھاي بېرىپ:

— مۇنداق ۋارقىرىساڭ، پىڭئېرنىڭ مەن بىلەن ساڭا بولغان كۆڭلىنى يەردە قويغان بولمامسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، پىڭئېرنىڭ بۇ ئادەمگەرچىلىكىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، كېيىن بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن جۇيئېرنى چىقىرىۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ، — دېدى.

— شۇنداقمۇ دەيلا، مەن بۇ ئاچچىقتا قانداقمۇ سەۋر قىلىمەن؟ — دېدى چىڭۋېن.

— بۇنىڭ ئاچچىقلايدىغان نېمىسى بار؟ كېسىلىڭنى داۋالىساڭلا بولدى، — دېدى باۋيۈي.

چىڭۋېن دورىسىنى ئىچتى، ئاخشىمى يەنە ئىككىنچى قايناتمىسىنى ئىچتى، كېچىسى ئازراق تەرلىگەن بولسىمۇ، دورا يەنىلا مەنپەئەت بەرمەي بويى قىزىپ، بېشى ئاغرىپ، دىمىقى ۋە ئۇنى پۈتۈپ قالدى. ئەتىسى يەنە ۋاڭ تېۋىپ كېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، قايناتما دورىلارنى باشقىدىن تەڭشەپ يېزىپ بەردى، چىڭۋېننىڭ قىزىتمىسى بېسىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بېشىنىڭ ئاغرىقى توختىمىدى.

— بۇرۇن تاماكىسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى باۋيۈي شېيۆنى، — ئۇ تاماكىنى پۇراپ باقسۇن، راسا بىرنەچچە قېتىم چۈشكۈرۈۋەتسە ئوڭلىنىپ كېتىدۇ.

شېيۆ قوش زۆھرە يۇلتۇز نەقىش قىلىنىپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ياپىلاق شىشە قۇتىنى ئەكېلىپ باۋيۈيگە سۇندى. باۋيۈي قۇتىنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن چېچى سېرىق، بەدىنى قىزىل، ئىككى بىقىنىدا قانىتى بار پەرەڭ ئايالنىڭ سۈرىتى ئېماللانغان

بىر بولاق چىقتى. ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەلا سورتلۇق پەرەڭ تاماكىسى قاچىلانغانىدى. چىڭۋېن ئۇنىڭدىكى رەسىمگە قاراپلا قالدى.

— پۇراپ باق، پۇرىقى كېتىپ قالسا بولمايدۇ، — دېدى باۋيۈي.

چىڭۋېن دەرھال بىر چىمدىم ئېلىپ بۇرنىغا تارتىپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق تەسىرى بولمىدى. ئاندىن جىقراق ئېلىپ بۇرنىغا تارتىۋىدى، دىمىقى بىردىنلا ئېچىشقاندەك بولۇپ، تاماكىنىڭ ئاچچىقى لوقمىسىغا بېرىپ يەتتى ـ دە، كەينى ـ كەينىدىن بەش ـ ئالتە قېتىم چۈشكۈرۈۋەتتى، كۆزىدىن ياش چىقىپ، بۇرنىدىنمۇ تەڭلا سۇ كەلدى. چىڭۋېن قۇتىنى ئېلىپ قويۇپ:

— يائاللا، نېمىدېگەن ئاچچىق بۇ! قەغەز ئەكېلىپ بېرىڭلار! — دېدى.

چۆرە قىز بىر ئورام نېپىز قەغەز ئەكېلىپ بەردى، چىڭۋېن كەينى ـ كەينىدىن بۇرنىنى تازىلىدى.

— قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— خېلىلا ئارام بەردى، ئەمما چېكەم تېخىچىلا ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى چىڭۋېن.

— پەرەڭ دورىسى بىلەن كۆپرەك داۋالىساڭ تېز ساقىيىسەن، — دېدى باۋيۈي. ئاندىن شېيۆنى بۇيرۇدى، — كېلىن ئاغىچىمغا بېرىپ مېنى دېدى دېگىن: فېڭجيې ئاچامدا باش ئاغرىقىغا چاپلايدىغان «ئېرىنا» دېگەن پەرەڭ دورىسى بار، شۇنىڭدىن ماڭا ئازراق كېرەك.

شېيۆ خوش دەپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن يېرىم مەلھەمنى ئېلىپ كەلدى. بىر پارچە قىزىل تاۋار پۇرۇچنى تېپىپ كېلىپ، تىرناقچە يوغانلىقتا ئىككى دۈگىلەك كەستى، دورىنى ئوتتا ئېرىتىپ، دۈگىلەككە چاچ ـ تۇرگۇچ بىلەن تەكشى سۈرتتى. چىڭۋېن تۇتقۇسى بار ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ مەلھەمنى

ئىككى چېكىسىگە چاپلىشۋالدى.

— ئاغرىپ پاخما باش جىنىغا ئوخشاپ قالغانىدىڭ، دورىنى چاپلاپ ئازراق ئىسكەت كىرىپ قالدى! كېلىن ئاغىچا بۇنى دائىم چاپلاپ يۇرسىمۇ ئانچە كۆزگە چۈشمەيتتى، — دېدى شېيۇ كۈلۈپ. ئاندىن باۋيۈيگە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدۇردى، — كېلىن ئاغىچام دەيدۇ: ئەته بەگ تاغىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى بارسۇن دەپتۇ. ئەته قايسى كىيىمنى كىيىدىلا؟ بۈگۈن ئاخشام تەخ قىلىپ قويساق، ئەته ئەتىگەندە ئىزدەپ ئاۋارە بولمايمىز.

— قايسى ئېگىن قولغا چىقسا شۇنى كىيسەم بولىۋېرىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — يىل بويى تۇغۇلغان كۈنلەرنى قىلىۋېرىپ ئېلىشىپلا كەتتى كىشى!

باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپلا تالاغا چىقىپ، شىچۈننىڭ ئۆيىگە رەسىم كۆرگىلى ماڭدى. هويلا دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا، باۋچىننىڭ شياۋلۇ دېگەن چۆرە قىزى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئۈنىگدىن:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئىككىلا خان قىز دەييۈي خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئىدى، مەنمۇ شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن، — دېدى شياۋلۇ.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇرۇلۇپلا، بايىقى چۆرە قىز بىلەن بامبۇكزار سارايغا كەلدى. ئاچا - سىڭىل باۋچەي بىلەن باۋچىنمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ھەتتا شىڭ شيۇيەنمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. تۆتەيلەن ئوت ساندۇقىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ ئادەتتىكى پاراڭنى سېلىشىۋېتىپتۇ. زىجۈەن ئىللىق ھۇجرىدا، دېرىزە تۈۋىدە يىگنە ئىشى قىلىۋېتىپتۇ. قىزلار باۋيۈينىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ:

— يەنە بىرسى كەلدى! سىز ئولتۇرىدىغانغا ئورۇن يوق، — دېدى كۈلۈشۈپ.

— بەئەينى «قىشلىق ھۇجرىغا يىغىلغان گۈزەللەر سۈرىتى»

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆزى بوپسىلەرغۇ! — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، — بۇ ئۆي باشقا ئۆيلەردىن ئىسسىق، مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرساممۇ توڭلىمايمەن.

باۋيۈي كېپىنى تۇگىتىپ، دائىم دەييۈي ئولتۇرىدىغان جايدا — تېمىن تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تۆشەك سېلىنغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئىللىق ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سوزۇنچاق قاشتاش تاۋاقتا راسا شاخلاپ كەتكەن بىر تەشتەك يالاڭ قات نەرگىسگۈلى تۇراتتى. باۋيۈي بۇ گۈلنى كۆرۈپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى:

— پاھ، ئېسىل گۈل ئىكەن بۇ! بۇ ئۆي ئىسسىق بولغاچقا، بۇ گۈلمۇ شۇنچە خۇش پۇراق چېچىپتۇ. بۇ گۈل تۇنۇگۈن يوقتىغۇ؟

— بۇ ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئائىلىدىكى باش غوجىدار لەي دانىڭ ئايالى باۋچىن قىزغا تۇتقان ئىككى تەشتەك نەرگىس، ئىككى تەشتەك لامېيگۈلى ئىدى، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — ئۇ بىر تەشتەك نەرگىسنى ماڭا، بىر تەشتەك لامېيگۈلىنى شياڭيۈن قىزغا بەردى. مېنىڭ ئالغۇم يوق ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغۇم كەلمىدى. كېرەك بولسا سىزگە بەرسەم قانداق؟

— مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ ئىككى تەشتەك بار، بىراق بۇنىڭغا يەتمەيدۇ، — دېدى باۋيۈي، — باۋچىن سىڭلىم سىزگە بەرگەن تۇرسا، ئۇنى قانداقسىغا باشقا ئادەمگە بېرىۋېتىسىز، بۇ ئىشىڭىز زادىلا توغرا كەلمەيدۇ.

— مەن ئەتىدىن كەچكىچە دورا قاينىتىپ ئوتنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيمەن، — دېدى دەييۈي، — مەن بۇ يەردە دورا بىلەنلا ھەپىلىشىۋاتسام، بۇ گۈلنى نەگە قويۇپ پۇراپ يۈرەرمەن؟ بۇ گۈل بۇ يەردە بارغانچە سولىشىپ كېتىدۇ. ئۆيىنى بىر ئالغان دورا پۇراقلىرى بۇ گۈلنىڭ پۇرىقىنىمۇ بۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سىز ئېلىپ كەتسىڭىز، سىزنىڭكىدە باشقا پۇراقلار ئارىلىشىپ قالماي، گۈلنىڭ ئۆز پۇرىقى ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

— مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ ھازىر بىر كېسەل دورا قاينىتىۋاتىدۇ، —

دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — بۇنى سىز نەدىن بىلدىڭىز؟

— بۇ قىزىق گەپ بولدى، — دېدى دەييۈي، — مەن بۇنى مەقسەتسىزلا دېگەن گەپ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى ئىشنى كىم بىلىپتۇ؟ بالدۇرراق كېلىپ چۆچەك ئاڭلىماي، ئەمدى بولغاندا كېلىپ ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن خۇدۇكسىنىپ قاپسىز.

— جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەتىكى يىغىلىشىغا ماۋزۇ تېپىلدى، — دېدى كۈلۈپ باۋيوي، — نەرگىس بىلەن لامپىگۈلنى كۈيلەيلى.

— قويۇڭ ئۇ گەپنى! سىز شېئىر يازىمەن دېمەڭ! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — ھەر نۆۋەت شېئىر يازغاندا جەرىمانىگە ئۇچراۋېرىسىز، يا ئۇيالمايدىكەنسىز!

دەييۈي گەپنى قىلىپ بولۇپلا يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

— نېمە جاپا بۇ! — دېدى كۈلۈپ باۋيوي، — مېنى زاڭلىق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ مەن ئىزا تارتماقتا يوق، ئۆزىڭىز يۈزىڭىزنى توسۇۋالدىڭىزغۇ.

— كېيىنكى دورەمدە يىغىلىشنى مەن چاقىراي، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — شېئىر ماۋزۇسىدىن تۆتنى، نەسرىي نەزم ماۋزۇسىدىن تۆتنى چىقىرىمەن. ھەربىر ئادەم تۆت شېئىر، تۆت نەسرىي نەزم يازىدۇ. بىرىنچى شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «كائىناتنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى رەسىمنى كۈيلەيمەن» ①، «بىرىنچى شيەن» تۈركۈمىدىكى قاپىيەلەردە، بەش سۆزلۈك ۋەزىندە يېزىلىدۇ. «بىرىنچى شيەن» تۈركۈمىدىكى قاپىيەلەردىن بىرىنمۇ قالدۇرماي ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك.

— بۇ گەپچە، — دېدى كۈلۈپ باۋچىن، — ئاچام چىن كۆڭلىدىن مۇشائىرە يىغىلىشنى ئۆتكۈزمەكچى ئەمەس،

① «كائىناتنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى رەسىم» — سۇڭ دەۋرىدىكى پەيلاسوپ جۇدۇنيى ئىشلىگەن. «ھېكمەت» ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرقى چېكى، «ئاساس»، «مەنبە» سى. ئۇ بىرلەمچى، ماددا ئىككىلەمچى دەپ قارىلىدىغان رەسىملەر.

كىشىلەرنى ئاپئاشكارىلا قىيىنىماقچىكەن ـ دە. توغرىسىنى ئېيتقاندا، زورۇقۇپ يۈرۈپ يازغىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كېلىپ، «پالنامە»دىكى گەپلەرنى قىستۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭ نېمە قىزىقى بولىدۇ؟ سەككىز ياش چېغىمدا، ئانام غەربىي دېڭىز بويىغا پەرەڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا ماڭغاندا، مەنمۇ بىللە بارغانىدىم. ئۇ يەردە جېنجېن مەملىكىتىدىن كەلگەن بىر قىزنى ئۇچراتتۇق، ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەنىكەن، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى پەرەڭ سۈرەتلىرىدىكى گۈزەللەرگە ئوخشايدۇ، ساپسېرىق ئۆرۈمە چاچلىرى لەپىلدەپ تۇرىدۇ، بېشىغا ھېقىق، مارجان، مۈشۈككۆز ياقۇت، زۇمرەتلەرنى قادىۋاپتۇ، ئۇچىسىغا كالاۋاتۇندە ئۆرۈلگەن ساۋۇت ۋە پەرەڭ كىمخابتىن تىكىلگەن كەمزۇل كىيىۋاپتۇ. بېلىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىپ قاشتاش ئورنىتىلغان ياپون خەنجىرى ئېسىۋاپتۇ، ھەقىقەتەن سۈرەتلەردىكى گۈزەللەرمۇ ئۇنىڭدىن چىرايلىق ئەمەس. بىركىم ئۇنى جۇڭگونىڭ شېئىر كىتابلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بەش نامە»دىن سۆزلىيەلەيدۇ، شېئىر ـ نەزمىلەرنىمۇ يازالايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئاتام تىلماچقا يالۋۇرۇپ، بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ، ئۇ قىزدىن ئۆز شېئىرىنى يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ھەممەيلەن بۇ گەپكە ھەيران بولدى.

— ئوبدان سىڭلىم، شۇ شېئىرنى ئېلىپ بىزگە بىر كۆرسەتسىڭىزچۇ، — دېدى ئالدىراپ باۋيۈي.

— ئۇ شېئىر نەنجىڭدا قالسا، ھازىر ئۇنى مەن سىزگە قانداق كۆرسىتىمەن؟ — دېدى باۋچەن كۈلۈپ.

— ئاشۇنداق جاھاننى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن، ئىست! — دېدى باۋيۈي قاتتىق مەيۈسلىنىپ.

— بولدى، بىزنى ئالدىمايلا قويۇڭ، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ باۋچەننى تارتىپ، — بىلسەم ـ بىلمىسەم، بۇ يەرگە كېلىشىڭىزدە ئۇ نەرسىلىرىڭىزنى ئۆيدە قويۇپ قويماي چوقۇم ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدىڭىز، ھازىر ئالغاچ كەلمىدىم

دەپ يالغان ئېيتىۋاتىسىز. بۇلار ئىشەنسىمۇ، مەن ئىشەنمەيمەن.
باۋچىن قىزىرىپ كېتىپ، لام ـ جىم دېمەي كۆلۈمسىرىگىنىچە يەرگە قارىۋالدى.
ـــ مۇشۇ قەلەم قاشلا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، زېرەكلىكتە سىز تولىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كېتىپسىز، ـــ دېدى كۆلۈپ باۋچەي.
ـــ ئالغاچ كەلگەن بولسا بىزگە كۆرسىتىپ باقسىلا بولىدىغۇ، ـــ دېدى دەيیۈي كۆلۈپ.
ـــ ساندۇق ـ سېۋەتلىرى بىر دۆۋە تۇرۇپتۇ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تېخى رەتلەپ چىقمىغان تۇرسا، قايسى ساندۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلەمتى؟ بىرقانچە كۈن ئۆتسۇن، نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تېپىپ چىقاندىن كېيىن كۆرسەكمۇ بولار، ـــ دېدى باۋچەي. ئاندىن باۋچىنگە، ـــ ئېسىڭدە قالغان بولسا بىزگە ئوقۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ـــ دېدى.
ـــ ئۇ يازغان بەش سۆزلۈك ۋەزنىدىكى بىرلا شېئىر ئېسىمدە قاپتۇ، چەت ئەللىك بىر قىز ئۇچۇن مۇشۇنداق يېزىشىمۇ ئاسان ئەمەس، ـــ دېدى جاۋاب بېرىپ باۋچىن.
ـــ ئوقۇماي تۇرغىن، شياڭيۈننى چاقىرتاي، ئۇمۇ ئاڭلىسۇن، ـــ باۋچەي دەررۇلا شياۋلونى چاقىرتىپ ئۆيىگە چاپتۇردى، ـــ مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ شياڭيۈنگە، بىزنىڭ بۇ يەرگە چەت ئەللىك بىر گۈزەل كەپتۇ، شېئىرنى قالتىس ياخشى يازىدىكەن، سىز «شېئىر مەستانىسى»نى كېلىپ كۆرسۇن، بىزنىڭ ھېلىقى «شېئىر تەلۋىسى»نىمۇ ئالغاچ كەلسۇن دەيدۇ، دېگىن.
شياۋلو كۆلگىنىچە چىقىپ كەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شياڭيۈننىڭ كۆلكىسى ئاڭلاندى:
ـــ قايسى چەت ئەلنىڭ گۈزىلى كەپتۇ؟
شياڭيۈن گەپ قىلغىنىچە، شياڭلىن بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى.

— كۆرۈنمەي تېخى ئۆزى، يېتىپ كەلدى ئاۋازى، — دەپ كۇلۇشتى كۆپچىلىك.

باۋچىنلەر ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن باياتىن بولغان گەپلەرنى بىر قۇر دەپ بەردى.

— قېنى ئوقۇڭ، ئاڭلايلى، — دېدى كۇلۇپ شياڭيۈن.

باۋچىن شېئىرنى ئوقۇدى:

كېچىلا كۆردۈم شېرىن چۈش قىپقىزىل ئايۋاندا مەن،
كۈيلىدىم چەكسىز دېڭىزنى بۇ كېچە داستاندا مەن.
قوينىغا ئاپتۇ ئارالنىڭ بۇلۇتى ئۆركەش سۈنى،
قارىسام، كەزدى تۇمان ئېدىر ئارا ئورماندا، مەن.
كۆكتىكى ئاينىڭ قەدىمدىن پەرقى يوق شۇ كەمگىچە،
چۈنكى تۇيغۇ بىر ئەمەسكەن ئويلىسام ئىنساندا مەن.
خەن سۈيى جەنۇبىدا ياشنار گۈزەل باھار ئەبەد،
نە ئۈچۈن ئىنتىلمىگەيمەن شۇنى دىل تارتقاندا مەن؟

كۆپچىلىك شېئىرنى ئاڭلاپ:

— قىيىن قىز ئىكەن ھەي ! بىز جۇڭگولۇقلاردىنمۇ ئوبدان يازىدىكەن، — دېيىشىپ كەتتى.

گەپنىڭ ئايغى چۈشۈشىگىلا، شېيۆ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئاغىچا خېنىم كىشى ئەۋەتىپتۇ، باۋيۈي غوجامنى ئەتە ئەتىگەندە بەگ تاغىمىزنىڭكىگە بارسۇن، ئانامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا ئۆزى كېلەلمىدى، دەپ ئۆزرە ئېيتسۇن، دەپتۇ.

— خوپ، — دېدى باۋيۈي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن باۋچەي بىلەن باۋچىندىن سورىدى، — سىلەرمۇ بارارسىلەر؟

— بىز بارمايمىز، تۈنۈگۈن سوۋغات ئەۋەتىپ بەردۇق، — دېدى باۋچەي.

كۆپچىلىك بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن تارقىلىشتى.

باۋيۇي ھەمشىرىلىرىگە يول بېرىپ، ئۆزى كەينىدىن ماڭدى. دەيىۇي ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— شىرىن زادى قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەرقاچان، مېيىتنى ئۇزىتىپ بولۇپ كېلەرمىكىن، — دېدى باۋيۇي.

دەيىۇي يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالماي، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— بوپتۇ، كېتىۋېرىڭ، — دېدى.

باۋيۇينىڭمۇ كۆڭلىدە دەيىۇيگە دەيدىغان گېپى باردەك قىلسىمۇ، ئۇمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەتە گەپلىشەرمىز، — دەپلا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، يەرگە قارىغىنىچە ماڭماقچى بولۇپ، بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ سوراپ قالدى، — ھازىر تۈن ئۇزىراۋاتىدۇ، كېچىسى نەچچە قېتىم يۆتىلىسىز؟ نەچچە قېتىم ئويغىنىپ كېتىسىز؟

— تۈنۈگۈن كېچە بىرئاز ياخشى، ئىككى قېتىملا يۆتەلدىم، — دېدى دەيىۇي، — تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدىن بەشىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە ئازراقلا ئۇخلاپتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

— دەيدىغان زۆرۈر گېپىم بار ئىدى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دەپ كۈلدى باۋيۇي ۋە يېقىنراق كېلىپ كۇسۇلدىدى، — مېنىڭچە، باۋچەي ھەدەم سىزگە ئەۋەتكەن قارلىغاچ چاڭگىسى ...

شۇ ئەسنادا جاۋ كىچىك ئاپا دەيىۇينى يوقلاپ كېلىپ قېلىپ، باۋيۇينىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— خان قىز، نەچچە كۈندىن بۇيان خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانلا؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى جاۋ كىچىك ئاپا.

دەيىۇي ئۇنىڭ تەنچۇنىڭكىدىن كېلىۋېتىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكىلا، يول ئۆتە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدى ـ دە، دەرھال كۈلۈمسىرەپ ئۆيگە

تەكلىپ قىلدى:

— ياد ئەتكەنلىرىگە رەھمەت، شۇنداق سوغۇقتىمۇ ئۆزلىرى كەپتىلا، — دېدى ۋە چاي قۇيۇشقا كىشى بۇيرۇدى، ئاندىن باۋيۇيگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويدى. باۋيۇي چۈشىنىپ دەررۇ چىقىپ كەتتى. كەچلىك غىزا ۋاقتىدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۇيگە ئەتىگەنرەك بارغىن، دەپ يەنە جېكىلەپ قويدى. باۋيۇي ئۆيىگە قايتىپ، چىڭۋېنگە ئۆزى قاراپ تۇرۇپ دورا ئىچۈردى. باۋيۇي بۇ كېچە چىڭۋېننى ئىللىق ھۇجرىدىن يۆتكىلىشكە رۇخسەت قىلماي، ئۆزى چىڭۋېننىڭ يېنىدا قونماقچى بولدى. ئوت ساندۇقىنى ئىللىق ھۇجرىنىڭ ئالدىغا يۆتكەتتى، شېيۆ ئوت ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدى. كېچىچە باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتمايلا، چىڭۋېن شېيۆنى ئويغاتتى:

— ئويقۇڭنى ئاچساڭچۇ، قانماي ئۇخلاۋېرىدىكەنسەن! چىقىپ قىزلارغا ئېيتقىن، غوجامغا چاي تەييارلىسۇن، بۇنى مەن ئويغىتىپ قوياي.

— ئۇنىمۇ ئويغىتايلى، — دېدى شېيۆ كىيىمىنى سېپىۋېتىپ، — كىيىنىپ بولۇپ مۇنۇ ئوت ساندۇقىنى ئورنىغا ئاپىرىۋېتەيلى، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرايلى. ئىنىگىلەر غوجامنى بۇ ئۆيدە ياتمىسۇن، كېسەل يۇقۇپ قالىدۇ، دېگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بىزنىڭ بىر يەرگە قىسىلىشىۋالغانلىقىمىزنى كۆرسە كوتۇلداپ كېتىشىدۇ.

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن، — دېدى چىڭۋېن.

ئۇ ئىككىسى ئەمدىلا ئويغىنايلى دېيىشىگە، باۋيۇي ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپلا كىيىمىنى ئۇچىسىغا ساپتى، شېيۆ ئاۋۋال چۆرە قىزنى چاقىرىپ ئۆينى يىغىشتۇرغۇزۇۋەتتى، ئاندىن چيۇۋېنلارنى قىچقىرىپ كېلىپ باۋيۇينى تەڭ كۈتۈشتى. باۋيۇي يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، شېيۆ:

— ھاۋا يەنە تۇتۇق، قار ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ، بىر قۇر موت

كىيىم كىيىۋالسىلا، ـــ دېدى.
باۋيوي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، شۇ زامان كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەتكۈزدى. چۆرە قىزىل قۇجيەن نېلۇپەرى سېلىنغان بىر چىنە چىلان شورپىسىنى كىچىك خونچىدا كۆتۈرۈپ كىردى. باۋيوي بۇنىڭدىن ئىككىلا ئوتلاپ قويدى. شېيۆ مەخسۇس قىيام قىلىنغان زەنجىۋىلدىن بىر تەخسە ئەكىردى. باۋيوي ئۇنىڭدىن بىر پارچىلا يېدى. ئاندىن چىڭۋېنگە سۆز جېكىلەپ قويۇپ، دەرھال جيا ئانىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.
جيا ئانا تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى، باۋيوينىڭ تالاغا چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىشىكنى ئاچۇرۇپ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. باۋيوي جيا ئانىنىڭ كەينىدە باۋچىننىڭ يۈزىنى تامغا قىلىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، جيا ئانا باۋيوينىڭ ئۈچىسىدىكى قىزغۇچ سېرىق يۇڭ چەكمەندىن تىكىلگەن پەيكان يەڭلىك كەمزۇل، كالاۋۇتۇن كەشتىلىك قۇلپى رەڭ تاۋاردىن جىيەك تۇتۇپ قىزىل موتىدا تىكىلگەن قاتار پۆپۈكلۈك كۆرمىنى كۆرۈپ سورىدى:
ـــ قار يېغىۋاتامدۇ؟
ـــ ھاۋا تۇتۇق، تېخى قار ياغمىدى! ـــ دېدى باۋيوي.
ـــ تۇنۇگۇنكى توز پەيدىن توقۇلغان يېپىنچىنى ئاچىقىپ بەرگىن، ـــ دەپ، جيا ئانا يۈەنياڭنى بۇيرۇدى.
يۈەنياڭ خوش دەپ كىرىپ كېتىپ، يېپىنچىنى ئاچىقتى. باۋيوي قارىغۇدەك بولسا، بۇ يېپىنچىنىڭ ئالتۇندەك ماۋۇقلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ، ئاق تىۋىتلىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى، باۋچىن يېپىنىۋالغان ماۋۇق جۇۋىغىمۇ ئوخشىمايتتى.
ـــ بۇنى «توز زەرباب» دەيدۇ، ـــ دېدى كۈلۈپ جيا ئانا، ـــ رۇسىيەدە توز ماۋۇقىدىن ئېگىرىلگەن يىپتا توقۇلغان. قايسى كۈنكى ياۋا ئۆردەك ماۋۇقىدىن توقۇلغىنىنى كىچىك سىڭلىڭغا بەردىم، بۇنى ساڭا بېرەي.
باۋيوي بىر قېتىم باش ئۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى يېپىنىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋال ئاناڭغا كۆرسىتىپ، ئاندىن بارغىن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

باۋيۈي خوش دەپ چىقىپ كەتتى، يۈەنياڭ پەستە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. قايسى كۈنى يۈەنياڭ ياتلىق بولماسلىققا قەسەم قىلغاندىن بۇيان، باۋيۈي بىلەن سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ يۈرەتتى، باۋيۈيمۇ ئۇنىڭدىن كىچە ـ كۈندۈز ئەنسىرەيتتى. هازىرمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ:

— ئوبدان ئاچا، قارىغىنا، ماۋۇ كىيىۋالغىنىم يارىشىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۈەنياڭ قولىنى شىلتىپلا جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۈستىدىكى كىيىمنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆرسەتتى، ئاندىن يەنە باغقا قايتىپ كىرىپ، چىڭۋېن، شېيۆلەرگىمۇ كۆرسىتىپ بولۇپ، يەنە جيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ئانامغا كۆرسەتسەم ، ساڭا زايە كېتىپتۇ، ئاياپ كىيگىن، بېزەپ قىلىۋەتمە، دېدى.

— مۇشۇ بىر دانىسىلا قالغان، بېزەپ قىلىۋەتسەڭ بۇنىڭدىن باشقىسى يوق. هازىر ساڭا ئالاھىدە مۇشۇنداقتىن تىكتۈرۈپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى جيا ئانا ۋە يەنە تاپىلاپ قويدى، — شارابنى كۆپ ئىچمە، بالدۇرراق قايتىپ كەل.

باۋيۈي كەينى ـ كەينىدىن خوش، خوش دەپ تۇردى، ئاندىن ئىنىگە بىلەن مېھمانخانا ئالدىغا چىقتى. سىرتتا، ئاندىن باۋيۈينىڭ ئېمىلداش ئاكىسى لى گۈي، ۋاڭ رۇڭ بىلەن جاڭ روجىن، جاۋيېخۇا، چيەن شېڭ، جۇرۇي ئالتەيلەن بىلەن بېيمىڭ، بەنخې، چۇياۋ، ساۋخۇڭ قاتارلىق تۆت مۇلازىم بالىنىڭ، كىيىم بوغچىسىنى يۈدۈگەن، ئورۇندۇق تۆشكىنى كۆتۈرگەن، ئەقىشلىك ئېگەر توقۇلۇپ رەڭدار يۈگەن سېلىنغان بوز ئاتنى تۇتقان هالدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئىنىگە

ئۇلارغا يەنە بىر قۇر گەپ تاپىلىدى، ئالتەيلەن قايتا ـ قايتا «خوش، خوش» دېيىشىپ، دەرھال ئۆزەڭگىنى تۇتۇپ بېرىشتى، باۋيۈي ئاتقا ئالدىرىماي مىندى، لى گۈي بىلەن ۋاڭ رۇڭ جوجەي بېغىدىن تۇتۇپ، چيەن شېڭ بىلەن جۇرۇي ئىككىسى ئاتنىڭ ئالدىدا، جاڭ روجىن بىلەن جاۋ يېخۇا ئىككى ياندا باۋيۈيگە يېقىن مېڭىشتى. باۋيۈي ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— جۇرۇي ئاكا، چيەن شېڭ ئاكا، بىز ماۋۇ يان ئىشىك بىلەن ماڭايلى، بولمىسا ئاتامنىڭ كۇتۇپخانىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئاتتىن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

— بېگىم كۇتۇپخانىدا ئەمەس، ئۇ ئۆي ھەر كۈنى قۇلۇپلاقلىق، غوجام، ئاتتىن چۈشمىسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى جۇرۇي يېنىغا قايرىلىپ.

— قۇلۇپلاقلىق بولسىمۇ ئاتتىن چۈشۈش كېرەك بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ.

— غوجامنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى چيەن شېڭ بىلەن لى گۈي كۈلۈمسىرەپ، — غوجام ئاتتىن چۈشۈشكە ئېرىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا لەي دا بېگىم ئۇچراپ قالسا، غوجامغا بىرنېمە دېيەلمىسىمۇ، بىزگە بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماي قويمايدۇ، ئۇ چاغدا ھەممە ئەيىب بىزنىڭ گەدىنىمىزگە يۈكلىنىدۇ، بىزنى غوجامغا ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۆگەتمەپسىلەر، دەيدۇ.

جۇرۇي بىلەن چيەن شېڭ باۋيۈينى يان ئىشىككە ئۇدۇل باشلاپ مېڭىشتى. ئۇلار گەپ قىلىشىپ كېتىۋاتقاندا، راست دېگەندەك، ئالدىدىن لەي دا ئۇچراپ كەلدى. باۋيۈي دەرھال تىزگىنىنى تارتىپ ئاتتىن چۈشمەكچى بولۇۋىدى، لەي دا ئالمان ـ تالمان كېلىپ باۋيۈينىڭ پۇتىنى قۇچاقلىۋالدى. باۋيۈي ئۆزەڭگىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. شۇ ئارىدا مۇلازىم بالا قوللىرىدا سۈپۈرگە، بوجىلارنى تۇتقان يىگىرمە ـ ئوتتۇز

كىشىنى باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇلار باۋيۇينى كۆرۈشى بىلەنلا تام ياقىلاپ، قوللىرىنى سىلىشقان ھالدا تىك تۇرۇشتى، ئۇلارنى باشلاپ كىرگەن مۇلازىم بالا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ:

— غوجامغا ئېسەنلىك تىلەيمىز، — دەپ سالام بەردى.

باۋيۇي ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەچكە، كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ئات ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بايىقى مۇلازىم بالا ئادەملىرىنى باشلاپ كىرىپ كەتتى. باۋيۇيلەر يان ئىشىكتىن چىقىشتى. تالادا لى گۈي قاتارلىق ئالتەيلەننىڭ مۇلازىملىرى ۋە بىرقانچە ئات باقارلار ئون نەچچە ئاتنى تەييار قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. يان ئىشىكتىن چىقىپلا لى گۈيلەر ئاتلىنىپ، ئالدىدا يول باشلاپ قويۇندەك يۈرۈپ كېتىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

چىڭۋېن دورا ئىچسىمۇ كېسەللى ساقايمىغاچقا، جىلە بولۇپ:

— خەقنى ئالداپ پۇل ئېلىشنىلا بىلىدۇ، كىشىگە تۈزۈكرەكمۇ دورا بەرمەيدۇ، — دەپ تېۋىپنى كايىغىلى تۇردى.

— مىجەزىڭ تولىمۇ ئىتتىك سىڭلىم، — دەپ كۈلدى شېيۈ، — «كېسەل پىلدەك كېلىپ، قىلدەك كېتىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئۇ دېگەن ئەۋلىيالار پىرى ياسايدىغان ھۆببى ناياپ ئەمەس، ئۇنداق خاسىيەتلىك دورا نەدە بار ئىكەن؟ بىر نەچچە كۈن جىم يېتىپ داۋالانساڭ ساقىيىپ كېتىسەن. ئىچىڭ تىتىلدىغانسىرى ئۆزۈڭ ئاۋارە بولىسەن شۇ.

— باشلىرىنى نەگە تىقىۋېلىشتىكىن بۇ بىر نىمىلەر! — دەپ چۆرە قىزلارنى كايىشقا باشلىدى چىڭۋېن، — مىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، غەم تارتماي چىقىپ كېتىشىپتۇ. خەپ، ئەتە ـ ئۆگۈن ساقايغىنىمدا بىر ـ بىرلەپ تېرەڭلارنى تەتۈر سويمايدىغان بولسام!

چۆرە قىز دىڭئېر قورقۇپ كېتىپ دەرھال كىرىپ سورىدى:

— خېنىم، نېمە قىلاتتىلە؟

— باشقىلىرى ئۆلۈپ، سەنلا قالغانمىدىڭ؟ — دېدى چىڭۋېن.
ئاڭغىچە جۇيئېرمۇ سۆرىلىپ كىرىپ كەلدى.

— مۇنۇ جۇۋاينىمەككە قارىمامدىغان ! — دېدى چىڭۋېن، — سورىمىسا تېخى كىرمىگۇدەك بۇ ! بۇ يەردىچۇ ئايلىق تارقاتماقچى، مېۋە چاچماقچى، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كىرسەڭ بولاتتى. يېنىمغىراق كەل ! مەن يولۋاس ئەمەس، سېنى يەۋالمىدىغان !

جۇيئېر نائىلاج بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىخەستە تۇرغاندا، چىڭۋېن سوزۇلۇپ كاپلا قىلىپ ئۇنى قولىدىن تۇتۇۋالدى ـ دە، ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئۇزۇن قولاق كولىغۇچنى ئېلىپ:

— مۇنۇ توخۇ پۇتىدەك قولنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ يا يىڭنە تۇتۇشنى، يا يىپ سېپىشنى بىلمەيدۇ، ئوغرىلاپ يېيىشنىلا بىلىدۇ! سەندەك كۆزى ئېلىگەك، قولى ئىلمەك، ھە دېسىلا سەتچىلىك تۇغدۇرىدىغان نېمىنى يىڭنە سانجىپ ناكار قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئىگەكىم ! — دەپ تۇرۇپ، جۇيئېرنىڭ قولىغا سانجىۋەردى.

جۇيئېر ئاغرىققا چىدىماي ئاغىل ـ تاغىل ۋارقىراپ كەتتى. شېيۆ ئالمان ـ تالمان ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ، چىڭۋېننى ياتقۇزۇپ قويدى.

— يېڭىلا تەرلىگەنىدىڭ، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ! — دېدى شېيۆ، — ساقايغىنىڭدىن كېيىن قانچە ئۇرساڭ ئۇرمامسەن، بۇ تۇرقىڭدا غەلۋە قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

چىڭۋېن سۇڭ ئانىكىنى چاقىرتىپ كىرىپ شۇنداق دېدى:

— باۋيۈي غوجام سىلەرگە ئېيتىپ قوي دەپ بايىلا ماڭا دېگەن، جۇيئېر بەك ھورۇن ئىكەن، باۋيۈي غوجام ئۆزى ئىشقا بۇيرۇسىمۇ قىمىرلىماي تۇرۇپ ئېغىز غېرىچلايدۇ، ھەتتا شېرېن بۇيرۇسىمۇ ئۇنى كەينىدىن تىللايدۇ. بۈگۈنلا ئۇنى قوغلىۋېتىڭلار، باۋيۈي غوجام ئەتە ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ

www.uyghurkitap.com

قويسا بولىۋېرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سۇلۇڭ ئانىكىنىڭ كۆڭلىگە گۈپپىدە بىلەزۈك ۋەقەسى كەلدى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ:

— شۇنداقمۇ دەيسىز، شىرىن خېنىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇقسا، ئاندىن چىقىرىۋەتسەكمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— باۋيۈي غوجام بەك قاتتىق تاپىلىغان، — دېدى چىڭۋېن، — شىرىن ـ پىرىن دەپ تۇرۇشنىڭ نېمە كېرىكى بار، بىزنىڭ قىلغىنىمىز ئورۇنلۇق ئىش! مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭ، ئۆيدىكىلەرنى چاقىرتىڭ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن.

— شۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ، — دېدى شېيۆ، — بۈگۈن كەتسىمۇ، ئەتە كەتسىمۇ، بەرىبىر كېتىدىغان گەپ، ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق كەتسە، بىر كۈن بولسىمۇ قۇلاق تىنچىيدۇ!

سۇلۇڭ ئانىكا نائىلاج چىقىپ كېتىپ جۇيئېرنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئانىسى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ چىڭۋېننىڭ يېنىغا كىردى:

— خانىلىرىم، نېمە بولدى؟ جىيەن قىزىڭلار يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشسىلە بولاتتى، نېمىشقا ھەيدىۋېتىشىلا؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يۈزىمىزنى قىلىشسىلا بولاتتى.

— بۇ گەپنى باۋيۈي كەلگەندە شۇنىڭدىن سوراڭ، — دېدى چىڭۋېن، — بۇ ئىش بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق.

— ئۇنىڭدىن سوراشقا مېنىڭ ھەددىم بارمۇ؟ — دېدى بايىقى ئايال سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ئۇ قايسىبىر ئىشتا سىلەرنىڭ جورۇقۇڭلارغا قۇلاق سالماپتۇ؟ ئۇ ماقۇل دېگەندىمۇ، سىلەر ماقۇل بولمىساڭلار بەرىبىر ئاقمايدۇ! بايا دېگەن گەپلىرىنى ئالايلى، ئۆزى يوق يەردە دېيىلگەن گەپ بولسىمۇ، سىلەر توغرىدىن ـ توغرا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ گەپ قىلىۋاتىسىلەر، سىلەر شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ، بىز ئۇنداق قىلىدىغان بولساق

ئەدەپسىز ئاتىلىپ قالىمىز!

چىڭۋېن بۇ گەپكە تېخىمۇ جىلە بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىدىم، — دېدى ئۇ، — سىز بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مېنى ئەرز قىلىڭ! ئەدەپسىز ئىكەن دەڭ، مېنىمۇ قوغلاپ چىقىرىۋەتسۇن!

— يەڭگە! — دېدى شىيۆ، — قىزىڭىزنى ھازىرچە ئاچچىقىپ كېتىڭ، گېپىڭىز بولسا كېيىن دەرسىز. بۇ يەر سىزنىڭ گەپ تالىشىدىغان يېرىڭىزمىدى؟ بىر كىمنىڭ بىز بىلەن تاكاللاشقىنىنى كۆرگەن يېرىڭىز بارمۇ؟ سىزغۇ بۇياقتا تۇرۇڭ، ھەتتا لەي دا يەڭگەم بىلەن لى ئانىكاممۇ بىزگە ئانچە - مۇنچە يول قويىدۇ. غوجامنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ شۇ كەمگىچە ئىسمىنى ئاتاپ كېلىۋاتىمىز، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم شۇنداق ئاتاشنى تاپىلىغان، بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر. ئۇنى قاتارغا قوشۇلالماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئاتايىن ئۇنىڭ ئىسمىنى يازدۇرۇپ، ھەممە ئادەم شۇنداق ئاتىسۇن، شۇنداق ئاتىسا ئۇ كۆز تەگمەي چوڭ بولىدۇ دەپ، بىرنەچچە جايغا چاپلاتقۇزۇپ قويغان، سۇچى، ئەخلەتچى قەلەندەرلەر جېنىدا شۇنداق ئاتاۋاتسا، بىز ئاتىساق بولمامدىكەن؟ تۈنۈگۈنلا تېخى لىن ئانىكام «غوجام» دەپ قويۇۋىدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرگەپ كەتتى. بۇ بىر گەپ. يەنە بىر گەپ، بىز ھەر دائىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغىلى بارغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى دېمەي، «غوجام» دېسەك بولامتىيا؟ قاچان بىر «باۋيۈي» دەپ نەچچە يۈز قېتىم قىچقىرمايدىغان كۈنىمىز باركىنتاڭ! مۇنۇ يەڭگەم كېلىپ ئۈزىچە چاتاق تاپماقچى بوپتۇ تېخى! قولىڭىز بىكار بولۇپ قالغان كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇلاق سېلىپ تۇرۇڭ، بىزنىڭ يۈزتۇرا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتايدىغانلىقىمىزنى شۇ چاغدا بىلىسىز. يەڭگە. سىزچۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆز ئالدىدىكى تۈزۈتلۈكرەك ئىشلارنى قىلىدىغان

ئايال ئەمەس، يىل بويى چوڭ دەرۋازىنىڭ تېشىدا قاتراپ يۈرىدىغان ئايال، شۇڭا بىزنىڭ بۇ يەردىكى قائىدە ـ يوسۇنىنى بىلمەيسىز ـ دە! بۇ يەر سىز تۇرىۋېرىدىغان جاي ئەمەس، بىردەمدىن كېيىن، بىز دېمىسەكمۇ باشقىلار كېلىپ سىزدىن سورايدۇ. دەيدىغان ھەرقانداق گېپىڭىز بولسىمۇ، ھازىرچە بۇنى ئاچىقىپ كېتىپ تۇرۇڭ، گېپىڭىزنى لىن ئانىكامغا دېسىڭىز، ئۇ كېلىپ باۋيۈي غوجامغا دېسۇن. بۇ ئائىلىدە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار، ئۇمۇ يۈگۈرۈپ كەلسە، بۇمۇ يۈگۈرۈپ كەلسە، بىز قايسىبىرىنى تونۇپ، قايسىسىنىڭ ئات ـ ئۇچۇرىنى بىلىپ بولالايمىز! — ئاندىن ئۇ چۆرە قىزنى چاقىرىپ ئىشقا جورۇدى، — يەر سۈرتىدىغان لاتىنى ئەكىرىپ يەرنى سۈرتۈۋەت.

بايىقى ئايال نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئۇزاق تۇرۇشقىمۇ پېتىنالماي، قېيىدىغان پېتى جۈيئېرنى ئېلىپ ماڭدى.

— ھاي يەڭگە، قائىدە ـ يوسۇنىنىمۇ بىلمەمسىز، — دېدى دەرھال سۆلۈك ئانىكا، — قىزىڭىز بۇ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇردى، كېتەر ۋاقتىدا خېنىملارغا باش ئۇرۇپ قويۇش كېرەك. باشقا رەھمەت ـ ھەشقاللىڭىز بولمىسىمۇ مەيلى، بولارمۇ ئۇنى خالىمايدۇ، باش ئۇرۇپ بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن، كەت دېسە شۇنداق چىقىپ كېتىۋېرىدىغان ئىشمىكىن؟

جۈيئېر نائىلاج كەينىگە يېنىپ ئۇ ئىككىسىگە باش ئۇرۇپ قويدى، چيۇۋېننى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، چىڭۋېنلار ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى. بايىقى ئايال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە ئاغزىدىن گېپىنىمۇ چىقىرالماي، دەردى ئىچىدە قېلىپ چىقىپ كەتتى.

چىڭۋېن باياتىن چېچىلىپ، تېرىكىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ ئۇزۇلۇپ قالدى، خېلىغىچە پەرىشان بولۇپ چىراغ يېقىلىدىغان چاغدىلا سەل ئارام تاپتى. شۇ ئارىدا باۋيۈي ھەي ئىسىت دېگىنىچە تاقىلداپ كىرىپ كەلدى. شېيۆ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— مۇنۇ يىپىنچىنى بۇگۈن چوڭ ئانام ئامراقلىقى تۇتۇپ كىيىپ ماڭا بەرگەندى، — دېدى بايۇي، — دىققەتسىزلىك قىلىپ كەينى پېشىدىن بىر يەرنى كۆيدۈرۈۋالدىم، ھېلىمۇ ياخشى كۈن كەچ كىرىپ قالغاچقا، بۇنى چوڭ ئاناممۇ، ئاناممۇ بىلمەي قالدى.

شىيۈ يىپىنچىنى سالدۇرۇپ كۆرۈپ باقتى، دېگەندەك تىرناقچە يەر كۆيۈپ كېتىپتۇ.

— ھەرقاچان قول ئوتداندىن ئۇچقۇن چاچراپ كەتكەن نېمە، — دېدى شىيۈ، — ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، بىركىمدىن ئاستا تالاغا چىقارتىپ، توقۇپ - ياميالايدىغان ئۇستىغا توقۇتۇۋەتسەكلا بولىدۇ.

شىيۈ ئۇنى بوغچىغا ئوراپ، مومايلاردىن بىرىنى قىچقىرىپ:

— تاڭ ئاتقۇچە پۈتكۈزۈپ بولسۇن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم زادىلا ئۇقمىسۇن! — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتكار ئايال كېتىپ، خېلىدىن كېيىن يېنىپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— توقۇپ - ياميدىغان ئۇستا تۆگۈل، ئۇستا سەيپۇڭ، كەشتىچى ۋە ئاياللارنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلاردىن سورىدىم، ھېچقايسىسى بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ياماشقا ھۆددە قىلالمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى شىيۈ، — ئەتە كىيمەيلا قويسۇن.

— ئەتە ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، — دېدى باۋيۇي، — چوڭ ئانام بىلەن ئانام مۇشۇنى كىيىپ چىقسەن دېگەن! كىيگەن كۈنىلا كۆيدۈرۈپ قويسام ئەرۋاھى ئۇچامدۇ ئۇلارنىڭ!

چىڭۋېن خېلىغىچە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ، ئاخىر چىدىمىدى - دە، يېنىغا ئۆرۈلۈپ:

— ئەكېلىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي! بۇنى كىيىشكە نېسىپ بولماپتىكەنمۇ نېمە! نېمانچە تىت - تىت بولۇپ كېتىسىز، —

www.uyghurkitap.com

دېدى.

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى باۋيۇي، ئاندىن يېپىنچىنى چىڭۋېنگە بەردى، چىراغنى ئەكېلىپ يەنە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى.

— بۇ توز مامۇقىدىن ئېگىرىلگەن كالاۋۇتۇندە توقۇلغانىكەن، — دېدى چىڭۋېن، — بىزمۇ ئاشۇنداق كالاۋۇتۇندە پەتلە ئەتكەندەك قويۇق يۆمەپ قويساق ئانچە بىلىنمەي قېلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق كالاۋۇتۇنغۇ بار، لېكىن بۇ يەردە سەندىن باشقا كىم يۆمەلەيدۇ؟ — دېدى شېيۆ كۈلۈپ.

— بوپتۇ، جېنىمنىڭ بارىچە تىرىشىپ باقاي! — دېدى چىڭۋېن.

— ئۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ — دېدى دەرھال باۋيۇي، — ئەمدىلا ياخشى بولاي دېگىنىڭدە ئىش قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

— سىز كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ كۆيۈنۈپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى چىڭۋېن.

شۇ گەپ بىلەن چىڭۋېن ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كىيىمىنى يېپىنچاقلىدى. لېكىن، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. قىلماي دېسە، باۋيۇينى تىتىلداپ كېتەرمىكىن دەپ، نائىلاج چىشىنى چىشلەپ ئىشلەشكە تۇتۇندى. شېيۆنى يىپ ئېگىرىشىپ بېرىشكە جورۇدى. چىڭۋېن ئاۋۋال يىپتىن بىر تال سېلىشتۇرۇپ باقتى:

— ئۆزىدەك بولمىسىمۇ، يامىسا ئانچە بىلىنمىگۈدەك، — دەپ كۈلدى چىڭۋېن.

— مانا بۇ ياخشى بولدى، — دېدى باۋيۇي، — بولمىسا ئۇرۇس سەيپۇڭنى نەدىن تاپاتتۇق؟

چىڭۋېن ئاۋۋال ئەستىرىنى سۆكۈپ، تەتۈرىنى پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك بامبۇك كەرگۈگە تارتتى. تۆشۈكنىڭ چۆرىسىنى ئالتۇن پىچاق بىلەن قىرىپ بۇرۇت چىقاردى، ئاندىن كېيىن

يىغىنە بىلەن بىر ـ ئىككى يۆمەپ بېقىپ، ئورۇش ـ ئارقاقلىرىنى پەرق ئېتىۋالدى. پەتلە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاۋۋال تېگىنى يۆمەپ چىقتى، ئاندىن گۇلى بويىچە قايتا توقۇدى. بىر ـ ئىككى يىغىنە سانجىپ يەنە قاراپ باقتى. تۆت ـ بەش يىغنە سانجىمايلا ياستۇقتا قىغىيىپ ئارام ئېلىۋالاتتى. باۋيوي يېنىدا تۇرۇپ، بىردەم: «قايناق سۇ ئىچىپ باقامسەن؟» دەپ سورىسا، بىردەم: «دەم ئېلىۋال» دەيتتى. بىردەمدىن كېيىن تىيىن يېپىنچىنى ئېلىپ ئۇچىسىغا يېپىپ قويسا، يەنە بىردەمدىن كېيىن ياستۇقنى بېلىگە يۆلەپ قوياتتى.

— ۋاي كىچىك بۇزرۇكۋارىم، ئۇخلاۋەرسىلىچۇ، يەنە مۇشۇنداق يېرىم كېچە جاپا تارتسىلا، ئەتە كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدىغان گەپ؟ — دەپ يالۋۇردى چىڭۋېن جىلە بولۇپ.

باۋيوي ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۇخلاشقا يېتىپ باقتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. بىردەمدىن كېيىن سائەت تۆت قېتىم داڭ ئۇردى، چىڭۋېن شۇ چاغدىلا ئاران ياماپ بولۇپ، كۆتۈرۈلۈپ قالغان مويلىرىنى كىچىك چوتكا بىلەن چوتكىلىۋەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، سىنچىلاپ قارىمىسا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى شېيۆ.

باۋيوي دەرھال قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى:

— بەئەينى ئۆزىدەك بوپتۇ، — دەپ كۈلدى ئۇ.

چىڭۋېن بىرنەچچە قېتىم يۆتىلىپ كېتىپ، مىڭ تەسلىكتە ياماپ تۈگەتتى.

— ياماشنىغۇ يامىدىم، لېكىن ئۆزىدەك بولمىدى، مەنمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلالمايمەن، — دېدى چىڭۋېن.

— ۋايجان! — ئۇ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ ئۇخلاپ قالدى. يەنە نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەللىك ئۈچىنچى باب

## نىڭگو قەسرىدە چاغان هارپىسىدا ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈلگەنلىكى
## رۇڭگو قەسرىدە پانۇس بايرىمى كېچىسى تۇن بويى زىياپەت بېرىلگەنلىكى

باۋيۈي چىڭۋېننىڭ توز جۇۋىنى ياماپ بولۇپ ماغدۇرىدىن كېتىپ هالسىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ، چۆرە قىزنى ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ بىر پەس ئۇيقۇلاپ قويدى، ئارام ئېلىپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا تاڭ يورۇپ كەتتى. باۋيۈي تالاغا چىقماي تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— تېۋىپ چاقىرىڭلار !

بىردەمدىن كېيىن ۋاڭ تېۋىپ كەلدى، تومۇر تۇتۇپ بېقىپ گۇمان قىلدى:

— تۈنۈگۈن خېلى ئوبدان بولۇپ قالغان، بۈگۈن نېمىشقا تومۇرى پەسلەپ كەتكەندۇ؟ غىزانى كۆپرەك يەپ قويغان ئوخشايدۇ! ياكى بولمىسا كۆڭلى چېچىلىپ هېرىپ كېتىپتۇ. هەرهالدا زۇكام يەڭگىللەپتۇ؛ بۇ قېتىم تەرلىگەندىن كېيىن ياخشى كۈتۈنمەيدىغان بولسا ئاقىۋىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — تېۋىپ سۆزىنى تۈگىتىپ، چىقىپ دورا قەغىزىنى يېزىپ كىرگۈزۈپ بەردى.

باۋيۈي دورا قەغىزىگە كۆز يۈگۈرتتى، قەغەزدە، ئىچىنى بوشىتىپ ئىللەتنى هەيدەيدىغان دورىلار كېمەيتىلىپ، زەمبۇرۇغ، ئەگرى سۇناي، داڭگۈي قاتارلىق قانغا ئوزۇق

بولىدىغان دورىلار قوشۇلغانىكەن. باۋيۈي دورىنى قايىنىتىشقا دەرھال كىشى بۇيرۇپ بولۇپ:

— بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولغان بولامدۇ، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— ئوبدان غوجام! — دېدى چىڭۋېن ياستۇققا باش قويغىنىچە ئۇھ تارتىپ، — ئۆز ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە! ماڭا سىل كېسىلى تېگىپتىمۇيا؟

باۋيۈي نائىلاج چىقىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن، مىجەزىم يوق دەپ يېنىپ كەلدى. چىڭۋېننىڭ كېسىلى ئېغىر بولسىمۇ، بەختىگە يارىشا، ئۇ ئادەتتە قارا كۈچىنىلا ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ئۇپىراتمايدىغان قىز ئىدى، ئاندىن مايسىزراق غىزا يەيتتى، ئاچ - توقلۇقتىن ئاغرىپ - تارتىپ باقمىغانىدى. جيا خانىدانىدا مۇنداق بىر يوشۇرۇنچە قانۇن بار ئىدى: مەيلى يۇقىرىدىكى ياكى تۆۋەندىكىلەر بولسۇن، ئانچە - مۇنچە جاقىداپ يۆتىلىپ قالسا، قورساقنى ئاچ تۇتۇشنى بىرىنچى ئورۇندا، دورا يەپ كۈتۈنۈشنى ئىككىنچى ئورۇندا كۆرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇمۇ كېسەل بولغان كۈنىدىن تارتىپلا ئىككى - ئۈچ كۈن قورساقنى ئاچ تۇتۇپ، ئاندىن ئېھتىيات بىلەن دورا يەپ كۈتۈندى، ھازىر ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىرنەچچە كۈن ئوبدان كۈتۈنۈپ بېرىۋىدى، بارا - بارا ياخشى بولۇپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان باغدىكى ھەمشىرىلەر ئۆز ئۆيلىرىدە تاماق يەيدىغان بولغاچقا، غىزا - تاماق ئېتىشمۇ بەك ئاسانغا چۈشتى. شۇڭا، باۋيۈي سۇيۇق - سەلەڭ غىزالارنى خالىغانچە ئالدۇرۇپ بېرىپ تۇردى. بۇ توغرىدا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

شىرېن ئانىسىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىپ كەلدى، شېيۆ ئۇنىڭغا جۇيئېرنىڭ قىلغان ئىشىنى، ئۇنى چىڭۋېننىڭ قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، باۋيۈيگىمۇ مەلۇم قىلىپ قويغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شىرېنمۇ بۇنىڭغا

باشقا گەپ قىلمىدى، پەقەت:

— بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىپسىلەر، — دەپ قويدى.

لى ۋەنمۇ هاۋا تۇپەيلىدىن زۇكامداپ قالدى. شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى، شۇڭا يىڭچۇن بىلەن شيۈيەن شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئەتىدىن ئاخشامغىچە دورا تەييارلاپ بېرىپ تۇردى. لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسىنىڭ ئىنىسى كېلىپ، ئاچىسىنى بىلەن لى ۋېن، لى جىلارنى ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇشقا ئېلىپ كەتتى. شىرېن دائىم ئانىسىنى ئويلاپ هەسرەت چېكىپ تۇراتتى، چىڭۋېنمۇ تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن باۋيۈي مۇشائىرە جەمئىيىتىنىڭ ئىشىغا هېچكىمنىڭ كۆڭلى تارتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرقانچە يىغىلىشنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئون ئىككىنچى ئاي كىرىپ بولغان، چاغانغا بىرقانچە كۈن قالغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې چاغان تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتاتتى. ۋاڭ زىتېڭ توققۇز ئۆلكىنىڭ لەشكەر بېشى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. جيا يۈيسۈن هەربىي ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، هەربىي ئىشلار دىۋانىغا قاراشقاندىن باشقا، ئوردا ئىشلىرىدىمۇ مۇشاۋىرلىق قىلاتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

جيا جېنغا كەلسەك، ئۇ تەرەپتىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا بېغىشلانغان خانىقانى ئاچۇرۇپ، سىيرىپ ـ سۈپۈرگۈزۈپ، نەزىر ـ چىراغ ئەسۋابلىرىنى راسلىتىپ قويدى، ئەرۋاھ ئىگەم[1] نى تەكلىپ قىلدى. تۆر ئۆيىنى تازىلىتىپ، مەرھۇم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى ئاستۇرۇشقا تەييارلاپ قويدى. شۇ كۈنلەردە، ئىككى قەسىرنىڭ ئىچى ـ تېشى ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ هەممىسى ئالدىراش ئىدى.

① ئەرۋاھ ئىگەم — ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇزۇنچاق تاختا ياسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى يېزىلىپ، شۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلىندۇ، بۇنى ئەرۋاھ ئىگەم ياكى تاختا ئىگەم دەيدۇ.

شۇ كۈنى نىڭگو قەسرىدىكى يۈشى خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپلا، جياروۋگىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە يىڭنە ئىشى قاتارلىق سوۋغات ـ لازىمەتلىكلەرنى جيا ئانا تەرەپكە يوللاش ئۈچۈن تەييارلاشقا تۇتۇندى. دېدەك بىر پەتنۇستا باللارغا ھېيتلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇن لەدۇ (چۆچۈرە يامبۇ) كۆتۈرۈپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شىڭئېر ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلغىلى كەپتۇ: قايسى كۈنكى بىر بولاق رەگ ئالتۇن جەمئىي بىر يۈز ئەللىك سەر ئالتە مىسقال يەتتە پۇڭ ئىكەن، بۇنىڭدىن ھەرخىل لەردۇلاردىن جەمئىي ئىككى يۈز يىگىرمە دانە قۇيدۇرۇپتۇ.

ئاندىن ئۇ پەتنۇسنى سۇنۇۋىدى، يۈشى خېنىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققتى. بۇ يامبۇلارنىڭ ئارىسىدا مېيخۇاگۇل شەكلىدىكى، يەسمەنگۇل شەكلىدىكى، «دىلپىسەن نۆكچە» ۋە «ئەبجەش گۆھەر» دەيدىغان شەكىللەردىكىلىرىمۇ بار ئىدى.

— ئېلىپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى يۈشى، — شىڭئېرگە ئېيت، كۈمۈش لەردۇلارنىمۇ تېزرەك ئەكېلىپ تاپشۇرسۇن.

دېدەك خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، جيا جېن غىزا يېگىلى كىردى، جيا رۇڭنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

— بىزگە چاغانلىق نەزىر ئۈچۈن ئوردىدىن ئىلتىپات قىلىنغان ئىنئامنى ئېلىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېن يۈشى خېنىمدىن.

— بۈگۈن رۇڭئېرنى شۇنىڭغا ئەۋەتكەنىدىم، — دېدى يۈشى خېنىم.

— بىزنىڭ ئائىلىمىز بۇ بىرنەچچە سەر كۈمۈشكە قاراشلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا بۇ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ مەرھەمىتى، — دېدى جيا جېن، — بالدۇرراق ئېلىپ كېلىپ ئۇ تەرەپتىكى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يوللاپ بەرسەك، يۇقىرىدا خان ھەزرەتلىرىنىڭ مەرھەمىتى سايىسىدا، تۆۋەندە بوۋىلىرىمىزنىڭ

بەخت ـ دۆلىتى ھىمايىسىدە، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزگەن بولاتتۇق. بىز بوۋىلىرىمىز ئۈچۈن ئون مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ نەزىر قىلساقمۇ ئۇنىڭ بەربىر بۇ ئىلتىپاتچىلىك ئابرۇيى بولمايدۇ، يەنىلا شۇ مەرھەمەت ۋە دۆلەتنىڭ يۇقۇندىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز مۇشۇ بىر ـ ئىككى خانىداندىن باشقا، بەزى مەنسەپ مىراسخورى بولغان گاداي ئەمەلدارلارمۇ مۇشۇنداق ئىلتىپات قىلىنىدىغان يۇلغا تايانمىسا، نەزىر ـ چىراغ ۋە ھېيت ـ ئايەمنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزەلىسۇن؟ ھەقىقەتەن خان ئالىيلىرى چەكسىز كەڭ مەرھەمەت قىلىپ ھەممىنى ئەتراپلىق نەزەردە تۇتىدىكەن.

— شۇنى دېسىلە، — دېدى يۇشى خېنىم.

ئىككىسى ئاشۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىركىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— غوجام كەلدى.

— كىرسۇن ! — دەپ بۇيرۇدى جياجېن.

جيا رۇڭ سېرىق خالتىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— نېمانچە ئۇزاقتا قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى جياجېن.

— ھازىر مەرىپەت دىۋانىدىن ئالماي مەئىشەت مەھكىمىسىنىڭ خەزىنىسىدىن ئالىدىكەنمىز، — دېدى كۈلۈمسىرەپ جيارۇڭ، — شۇڭا مەئىشەت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئېلىپ كەلدىم. مەئىشەت مەھكىمىسىدىكى بېگىملەر: ئاتىڭىزغا سالام ئېيتىڭ، كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈنلەر بولدى، راستىلا سېغىندۇق، دېيىشتى.

— ئۇلار مېنى سېغىنىماتى؟ — دېدى كۈلۈپ جياجېن، — ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، شۇڭا مېنىڭدىن سوۋغات ياكى زىياپەت سېغىنغاندۇ !

جياجېن سېرىق خالتىغا كۆز يۈگۈرتتى، خالتىغا «خان ئالىيلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك مەرھەمىتى» دېگەن خەت يېزىلغان پېچەت چاپلانغان، ئۇنىڭ يېنىغا مەرىپەت دىۋانى نەزىر ـ چىراغ

مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئاندىن «نىڭگوگۇڭ جيايەن، رۇڭگوگۇڭ جيافالارغا خان ئالىيلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك مەرھەمىتى بىلەن باھارلىق نەزىر ئۈچۈن ئىككى بۆلەك ئىنئام قىلىندى، ساپ كۈمۈش مۇنچە سەر، پالانى يىلى پوكۇنى ئايىنىڭ پالانى كۈنى، ھەرەمبېگى نامزات خاس ھاجىپ جيارۇڭ مەھكىمىدە ئۆزى تاپشۇرۇۋالدى. ھېيت - ئايەملىك خەزىنىسىدە مۇئاۋىن خەزىنىچى پالانى» دېگەن بىر قۇر ئۇششاق خەت يېزىلىپ، ئاخىرىغا قىزىل سىياھتا ئىمزا قويۇلغان.

جياجېن كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، غىزا يېدى، ئاغزىنى چايقاپ بولۇپ ئۆتۈك - تەلپەكلىرىنى يەڭگۈشلىدى، ئاندىن جيارۇڭغا كۈمۈشنى كۆتۈرتكۈزۈپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى. ئۇ يەردىن چىقىپ جياشې ۋە شىڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ، كۈمۈشنى ئالدۇرۇپ، بوشىغان خالتىلارنى ئاتا - بوۋىلار خانىقاسىنىڭ ئوچىقىدا كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى.

— سەن ئۇيانغا ئۆتۈپ فېڭجيې خان ئاچاڭدىن سوراپ باق، — دەپ جيارۇڭنى بۇيرۇدى جياجېن، — ھېيت - ئايەمدە بېرىلىدىغان زىياپەتنىڭ كۈنىنى بەلگىلەپتىمۇ؟ بەلگىلىگەن بولسا، مىرزىخانىدىن ئىسىملىكنى ئېنىق يېزىپ بەرسۇن، بىز چىللايدىغان چاغدا تەكرار ئېيتىلىپ قالمىسۇن. بۇلتۇر دىققەتسىزلىكتىن بىرقانچە ئائىلە تەكرار ئېيتىلىپ قاپتۇ. خەق بىزنى دىققەتسىزلىكتىن شۇنداق قىلىپ قويۇپتۇ دېمەيدۇ، ئىككى ئائىلە مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، ئاۋارىگەرچىلىكتىن قېچىپ قۇرۇق تەكەللۇپ قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

جيارۇڭ دەرھال «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھېيتلىق زىياپەتنىڭ كۈنى ۋە چاقىرىلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تىزىمنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاپىرىپ لەي شېنىغا بەر، — دەپ بۇيرۇدى جياجېن، — چاقىرىلىدىغانلارمۇ مۇنۇ تىزىمدىكى بويىچە چاقىرىلسۇن،

تەكرار ئېيتىلىپ قالمىسۇن.

ئاندىن مېھمانخانىدا مۇلازىم باللارنىڭ شىرمەللەرنى قۇرۇپ، ئورۇندۇق ـ شىرەلەر ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان نەزىر ـ چىراغ سايمانلىرىنى سۈرتۈپ ـ تازىلاشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ ئەسنادا مۇلازىم بالا بىر پارچە ئىلتىماسنامە ۋە بىر پارچە ھېسابات تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— خېيىشەن كەنتىدىن ۋۇ ئاقساقال كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ماۋۇ قېرى ئوغرىنىڭ ئەمدى كەلگىنىنى! — دېدى جىياجېن.

جىيارۇڭ ئىلتىماسنامە بىلەن تىزىملىكنى ئېلىپ دەرھال ئېچىپ تۇتۇپ بەردى. جىياجېن قولىنى كەينىگە قىلىپ، جىيارۇڭنىڭ قولىدىلا ئوقۇپ چىقتى. ئىلتىماسنامىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«بوسۇغىلىرىدىكى ئاقساقال ۋۇ جىنشياۋ ئېگىلىپ تۇرۇپ بېگىم جانابلىرىغا ۋە كېلىن ئاغىچىغا پۈتمەس بەخت ۋە تۈگىمەس ئامانلىق تىلەيمەن ھەمدە بەگزادە ۋە خان قىزلارغا ئېسەنلىك تىلەيمەن. نورۇز ئايەم مۇناسىۋىتى بىلەن ھەربىرلىرىگە زور خۇشاللىق ۋە چوڭ بەخت ياغقاي، شان ـ شۆھرەت ۋە ئامان ـ ئېسەنلىك يار بولغاي، مەنسەپ ـ مەئىشەتلىرى ئېشىپ، ھەممە ئىش كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولغاي.»

— سەھرالىقلار قىزىق بولىدۇ، — دەپ كۈلدى جىياجېن.

— يېزىش ئۇسۇلىغا قارىماي، بىزگە ياخشىلىق تىلىگەنلىكىنى قوبۇل قىلساقلا بولىدى، — دېدى كۈلۈمسىرەپ جىيارۇڭ ۋە تىزىملىكنى ئېچىپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

بۇغا ئوتتۇز دانە، بۆكە ئەللىك دانە، جور كېيىك ئەللىك دانە، سىيام توڭگۇزى يىگىرمە دانە، قايناق سۇغا بېسىلغان

توڭگۈز يىگىرمە دانە، يالىلىق توڭگۈز يىگىرمە دانە، قاۋان يىگىرمە دانە، ئۆيدە سۈرلەنگەن توڭگۈز يىگىرمە دانە، جەرەن يىگىرمە دانە، ئۆچكە يىگىرمە دانە، قايناق سۇغا بىسىلغان قوي يىگىرمە دانە، ئۆيدە قاقلانغان قوي يىگىرمە دانە، لوققا بېلىق ئىككى يۈز دانە، ھەر خىل بېلىق ئىككى يۈز جىڭ، تىرىك توخۇ، ئۆردەك، غازلار ئىككى يۈز دانىدىن؛ قاقلانغان توخۇ، ئۆردەك، غازلار ئىككى يۈز دانە، قىرغاۋۇل ۋە توشقان ئىككى يۈز جۈپتىن، ئېيىق تاپىنى يىگىرمە جۈپ، بۇغا سىڭىرى يىگىرمە جىڭ، دېڭىز شوخىسى ئەللىك جىڭ، بۇغا تىلى ئەللىك تال، كالا تىلى ئەللىك تال، قۇرۇتۇلغان چېڭزى يىگىرمە جىڭ؛ جاڭگال ياڭنىقى، پىستە، شاپتۇل قېقى ۋە ئۆرۈك قېقى ئىككى تاغاردىن، چوڭ قىسقۇچپاقا ئەللىك جۈپ، قۇرۇتۇلغان قىسقۇچپاقا ئىككى يۈز جىڭ؛ خىللانغان ئاق شەبنەم ئوتۇن كۆمۈرنىڭ بىرىنچى سورتلۇقىدىن مىڭ جىڭ، ئىككىنچى سورتلۇقىدىن ئىككى مىڭ جىڭ، ئوتۇن كۆمۈرى ئوتتۇز مىڭ جىڭ؛ خانلىق قىزىل گۈرۈچ ئىككى دەن، خاسە گۈرۈچ ئەللىك خو، تۇتىشاڭغۇ گۈرۈچ ئەللىك خو، ئاق دىقماق گۈرۈچ ئەللىك خو؛ ھەر خىل قوناق ـ تېرىق ئەللىك خودىن، تۆۋەندىكىلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى گۈرۈچ مىڭ دەن؛ ھەر خىل قۇرۇتۇلغان سەيلەر بىر ھارۋا؛ سېتىلغان قوناق ـ تېرىق ۋە چارۋا مالدىن چۈشكەن نەق ئىجارە پۇلى ئىككى مىڭ بەش يۈز سەر كۈمۈش. بۇلاردىن تاشقىرى، كەمىنىلىرىدىن غوجامغا ئويناش ئۈچۈن تۇتۇلغان سوۋغات: تىرىك بۇغا ئىككى جۈپ، ئاق توشقان تۆت جۈپ، قارا توشقان تۆت جۈپ، تىرىك قارىغان توخۇسى ئىككى جۈپ، پەرەڭ ئۆردىكى ئىككى جۈپ.

— ئۇنى باشلاپ كىر، — دېدى جياجېن تىزىمنى كۆرۈپ بولۇپ.

بىردەمدىن كېيىن ۋۇ جىنشياۋ كىرىۋېتىپ، قورۇدىلا باش قويۇپ ئامانلىق سورىدى. جياجېن ئۇنى يۆلىتىپ قوپۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ:

— سەن يەنىلا شۇنداق مەزمۇت ئىكەنسەن؟ — دېدى كۈلۈپ قويۇپ.

— بېگىم، راستىنى ئېيتسام، ئۇشىشاق خىزمەتكارلىرى مېڭىپ كۆنۈپ قاپتىكەن، كەلمىسە زېرىكىپ قالىدىكەن، — دېدى ۋۇ جىنشياۋ كۈلۈپ، — ئۇلاردىن قايسىبىرىنى پادىشاھى ئالەمنىڭ ئاستانىسىنى كۆرگۈسى كەلمەيدۇ دەيلا؟ ئۇلار تېخى ياش، شۇڭا پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلارنى خاتىرجەم ئەۋەتەلەيمەن.

— نەچچە كۈن يول ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى جياجېن.

— بېگىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلسام، — دېدى ۋۇ جىنشياۋ، — بۇ يىل قار قېلىن، دالادا قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى - ئۈچ گەز كېلەتتى، قايسى كۈنى بىردىنىلا ھاۋا ئىسسىپ قار ئېرىشكە باشلاپ، يولدا مېڭىش ناھايىتى تەس كەلدى، شۇڭا بىرنەچچە كۈن ھايال بولۇپ قالدۇق. بىر ئاي ئىككى كۈن ماڭدۇق، كۈن قىستاپ قالغاچقا، ئۆزلىرىنى بىتاقەت بولۇپ قالمىغاي دەپ، ئۈلگۈرۈپ كەلمەي بولمىدى!

— نېمە ئۈچۈن شۇ چاغقىچە كېچىككەندۇ دېگەنىدىم! — دېدى جياجېن، — بايا تىزىملىكنى كۆردۈم، سەن قېرى يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن.

— بېگىمگە شۇنى مەلۇم قىلايكى، — دېدى ۋۇجىنشياۋ ئىككى قەدەم ئىلگىرىرەك كېلىپ، — ھەقىقەتەن بۇ يىل ھوسۇل ياخشى بولمىدى، ئۈچىنچى ئايدىن باشلاپ يامغۇر ياغقىلى تۇرۇۋىدى، ئۇدا سەككىزىنچى ئايغىچە ياغدى، ھاۋانىڭ بەش - ئالتە كۈن ئۇدا ئوچۇق بولغان ۋاقتى بولمىدى. توققۇزىنچى ئايدا قاقتەك - ياڭاقتەك مۆلدۈر يېغىپ كېتىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئىككى - ئۈچ يۈز يول كېلىدىغان ئارىلىقتىكى جايلاردا، ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئۆي - جايلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، مال - ۋاران، زىرائەتلىرىگىچە سان - ساناقسىز زىيان - زەخمەت تارتتى.

شۇڭا، مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، كەمىنىلىرىنىڭ يالغان ئېيتىشقا ھەددىم ئەمەس.

— مەن كەم دېگەندىمۇ سېنى بەش مىڭ سەر كۈمۈش ئەكېلىدۇ دەپ ھېسابلاپ قويغانىدىم، — دەپ قايىقىنى تۇردى جياجېن، — بۇ نېمىگە يېتىدۇ؟ ھازىر سىلەردە سەككىز ـ توققۇزلا جاڭزا قالدى، بۇ يىل ئىككى جايدا قۇرغاقچىلىق ۋە يېغىن ئاپىتى بولدى دەپ مەلۇم قىلىنغانىدى، سىلەر يەنە مۇغەمبەرلىك قىلغىلى تۇردۇڭلار، راستلا بىزنى ھېيت قىلمىسۇن دېمەكچىغۇ سىلەر!

— بېگىم، ئۆزلىرىگە قاراشلىق بۇ جايلاردا تېخى ئەھۋالنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ! — دېدى ۋۇ جىنشياۋ، — مېنىڭ ئىنىم تۇرغان جاي مەن تۇرغان جايدىن يۈز نەچچە پاتمان يەر نېرىسىدا، ئەمما ئەھۋالى بىزنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن. ئۇ ھازىر نېرىقى قەسىرگە قاراشلىق سەككىز جايدىكى جاڭزىنىڭ يەرلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئۇ يەرلەر ئۆزلىرىگە قاراشلىق يەرلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، ئۇلارمۇ بۇ يىل مۇشۇنچىلىكلا نەرسە ئالالىدى، ئالغىنى ناھايىتى ئىككى ـ ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش، ئۇلاردىمۇ ئەھۋال چاتاق!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى جياجېن، — بىز تەرەپتە ئەھۋال يامان ئەمەس، ھېچقانداق قوشۇمچە چىقىم بولىدىغان چوڭ ئىشلار بولمىدى. ناھايىتى شۇ بىر يىللىق خىراجەت ئۈچۈنلا چىقىم بولدى. قانچە كىرىم قىلغان بولسام، شۇنچىلىك چىقىم قىلدىم، سەل ئېگىز ـ پەسلىك بولۇپ قالسا تېجەپ قالدىم. ئاندىن قالسا، يىللىق رەسمىيەت بويىچە سوۋغا ـ سالام، مېھمان چىللاش ئىشلىرىدا يۈزۈمنى قېلىنراق قىلىپلا تۈگەتتىم. نېرىقى قەسىرگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ يىل بىزدە پۇل سەرپ بولىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار قوشۇلۇپ قالدى، ئۇ ئىشلارغا پۇل خەجلىمەي بولمىدى، ئەكسىچە كۈمۈش، مال ـ مۈلۈك قوشۇلمىدى. مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان بىرمۇنچە زىيان

بولدى، بۇنى سىلەردىن ئالمىساق كىمنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟
— نېرىقى قەسىردە بەزى ئىشلار قوشۇلۇپ ئارتۇق چىقىم بولسىمۇ، ھەرھالدا كېتىمىگە يارىشا كېلىمى بار. خانىش ۋە خان ئائىلىلىرى ئىنئام قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ ۋۇ جىنشياۋ.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى جياجېن جيارۇڭلارغا قاراپ، — ماۋۇنىڭ كۈلكىلىك گەپلىرىنى؟
— سىلەر قىر - سەھرا ئادەملىرى نەدە يۈرۈپ بۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلەتتىڭلار؟ — دېدى جيارۇڭ كۈلۈپ كېتىپ، — خانىشزە، بىزگە خان ھەزرەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى بېرىۋېتىدىكەن - دە؟ كۆڭلىدە شۇنداق قىلغۇسى كەلسىمۇ، ئۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. ئىنئام قىلىشنىغۇ قىلىدۇ، ھېيت - ئايەم ۋاقىتلىرىدا رەڭدار تاۋار، ئەتىقە، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنئام قىلغاندىمۇ ناھايىتى بىرەر يۈز سەر ئالتۇن ئىنئام قىلىدۇ. بۇنىڭ قىممىتى ئاران مىڭ قانچە يۈز سەر كۈمۈش بولىدۇ، ئۇ نېمىگە يېتەتتى؟ بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان نەچچە مىڭ سەرلەپ كۈمۈش زىيان بولمىغان يىلى بارمۇ؟ بىرىنچى يىلى خانىشنىڭ تۇغقان يوقلىشى ئۈچۈن باغ ياسىتىلدى، ئاشۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل سەرپ بولغىنىنى ھېسابلاپ باقسىڭىز ئاندىن بىلىسىز، يەنە ئىككى يىلدا يەنە بىرەر قېتىم تۇغقان يوقلايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ھالىمىزدىن كېتىدىغان ئوخشايمىز!
— شۇڭا، بۇنداق سەھرالىق ساددا ئادەملەر، — دېدى جياجېن كۈلۈپ، — «ھېجىيىپ تۇرغىنى بىلەن دەردى ئىچىدە بولىدۇ»، «ئارچا ياغىچىدىن ناغرا چوكىسى ياسىسا، تېشى پال - پال بولغىنى بىلەن ئىچى غال - غال قىلىدۇ» دېگەننى بىلمەيدۇ!
جيارۇڭ يەنە كۈلۈپ قويۇپ، جياجېنغا مۇنداق دېدى:
— نېرىقى قەسىر راستلا گادايلاشقان ئوخشايدۇ. قايسى كۈنى فېڭجيې خان ئاچام بىلەن يۈەنياڭنىڭ كۈسۈلداپ

مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ پۇل قىلىشماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— يەنە شۇ فېڭجيېنىڭ تاپقان شۇملۇقى، — دېدى كۆلۈپ جياجېن، — نەدە ئۇنچىلىك گادايلىشىپ كېتىدۇ؟ ھەرقاچان ئۇ پۇل كېتىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېچ پايلىماي قالغان - دە، قايسى ئىشتىن پۇل تېجەپ قېلىشنىمۇ بىلەلمەي، ئاۋۋال ئاشۇ چارىنى ئويلاپ تېپىپ، كىشىلەرگە بىز گادايلىشىپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق دەپ قويماقچى بولسا كېرەك. بۇ توغرىدا مەن كۆڭلۈمدە چوت سوقۇپ قويدۇم، ئۇلار تېخى ئۇنچىلىك يەرگە يەتمىدى.

ئاندىن ۋۇجىنشياۋنى باشلاپ چىقىپ ئوبدان مېھمان قىلىشقا كىشى بۇيرۇدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

جياجېن بايىقى نەرسىلەردىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىغا ئاتىلىدىغانلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى، ئاندىن جيارۇڭنى ھەر خىلدىن ئايرىپ، رۇڭگو قەسرىگە ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن كېيىن ئۆز ئائىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى قالدۇرۇپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ، بىر ئۈلۈش - بىر ئۈلۈشتىن قىلىپ پېشايۋاندىكى سۇپىغا دۆۋىلەتكۈزدى. ئۆز جەمەتىدىكى ئوغۇل - جىيەنلەرنى چاقىرىپ، شۇلارغا بۆلۈپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى. رۇڭگو قەسرىدىنمۇ ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتالغان نەرسىلەر ۋە جياجېنغا بېرىلىدىغان نەرسىلەر كىرگۈزۈپ بېرىلگەنىدى. جياجېن نەزىر - چىراغ ئەسۋابلىرى راسلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كەشىنىڭ سوگىنى دەسسەپ، سۆلەيسۇن جۇۋىنى يېپىنچاقلاپ، مېھمانخانا تۈۋرۈكلىرى تۈۋىدىكى تاش پەلەمپەيگە چۈشكەن ئاپتاپقا بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆرپىنى سالدۇرۇپ، شۇ يەردە ئاپتاپسىنغاچ، بىر جەمەت پەرزەنتلەرنىڭ ھېيتلىق سوۋغات ئېلىشىغا قاراپ تۇردى. قارىسا، جياچىنمۇ

www.uyghurkitap.com

سوۋغات ئالغىلى كەپتۇ. جياجېن ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ سېنى كىم قىچقارتتى؟ — دەپ سورىدى.

— بېگىمنى بۇ يەردە بىزنى سوۋغات ئېلىشقا چاقىرتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بىرسىنىڭ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ئۆزۈملا كەلدىم، — دېدى جياچىن قولىنى سىلىپ تۇرغان ھالدا.

— مەن بۇ نەرسىلەرنى، — دېدى جياجېن، — سېنىڭ ئىشسىز بىكار يۈرگەن، تاپاۋىتى بولمىغان ئاغا - ئىنى بۇرادەرلىرىڭگە بەرمەكچىمەن. ئۆتكەندە سەن بىر - ئىككى يىل بىكار قالغاچقا، ساڭىمۇ بەرگەنىدىم. ھازىر سەن نېرىقى قەسىردە ئىش باشقۇرۇپ، ئائىلىگە خاس ئىبادەتخانىدا راھىب - دەرۋىشلەرگە قاراۋاتىسەن، ھەر ئايدا ئالىدىغان مائاشىڭدىن باشقا، ئاشۇ راھىبلارغا بېرىلىدىغان پۇلمۇ سېنىڭ قولۇڭدىن ئۆتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە تېخى سوۋغات ئالغىلى كەپسەن! تولىمۇ ئاچ كۆز نېمە ئىكەنسەن! ئۆزۈڭگە قاراپ باق، ئۇچاڭغا كىيىۋالغىنىڭ ئۆز قولىدا پۇل خەجلەپ ئىش بېرىدىغانلارنىڭكىگە ئوخشامدۇ؟ ئىلگىرىغۇ سەن تاپاۋىتىم يوق دەيتتىڭ، ئەمدىچۇ؟ ئىلگىرىكىدىنمۇ رودۇلىشىپ كېتىپسەنغۇ؟

— ئائىلەمدە جان سانىم كۆپ، خىراجىتىم تولا، — دېدى جياچىن.

— سەن يەنە كۆزۈمنى بويىماقچى بولۇۋاتىسەن! — دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ جياجېن، — سېنىڭ ئائىلىگە خاس ئىبادەتخانىدا قىلىۋاتقان ئىشىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن! سەن ئۇ يەردە بەگ - غوجا، ھېچكىم ساڭا سۆز قايتۇرالمايدۇ. قولۇڭدا پۇل بولسا بار، بىزدىن يىراقتا تۇرىسەن، ئۆزۈڭ بەگ - ئۆزۈڭ خان بولۇۋېلىپ، ھەر كېچىسى ئوغرى - لۈكچەكلەرنى يىغىۋېلىپ قىمار ئويناپسەن، خوتۇنلارغا پۇل خەجلەيسەن، پۇلنى بۇزۇپ - چېچىۋېرىپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسەن، تېخى تەپ تارتماي سوۋغات ئالغىلى كەلگىنىڭنى قارا! ساڭا بۇنى ئېلىشقا

بولمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇچاڭغا بىر يۇدۇم ھۆل كالتەك يۇدۇپ كەتسەڭ بولارمىكىن؟ چاغان ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئوتتۇرانچى تاغاڭغا دەپ سېنى يەڭگۈشلەتكۈزۈۋېتىمەن.

جياچېن ھۇپپىدە قىزىرىپ، جاۋاب بېرەلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا بىر كىم:

ــ بېيجىڭ ۋاڭ غوجام چاغانلىق بېيىت لەۋھەسى ۋە ھەميان ئەۋەتىپتۇ، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

جياجېن دەرھال جيارۇڭنى بۇيرۇدى:

ــ سەن چىقىپ كۈتۈۋال، مېنى ئۆيدە يوق، دېگىن.

جيارۇڭ چىقىپ كەتتى. جياجېن بۇ يەردە جياچېننى قوغلىۋېتىپ، باشقىلار سوۋغاتلارنى ئېلىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ يۇشى خېنىم بىلەن كەچلىك غىزا يېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ھەقتە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى بولۇپ قالدى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى. ئىككى قەسىردە ئىشىك ـ دەرۋازىلارغا چاپلىنىدىغان مۇئەككىل سۈرەتلىرى، بېيىتلەر، ئاسما لەۋھەلەر يەڭگۈشلەندى، نەسلىكتىن ساقلايدىغان تۇمار تاختىلىرى قايتىدىن سىرلاندى، ھەممە نەرسە يېڭى تۈسكە كىردى. نىڭگو قەسىرىدە، چوڭ دەرۋازا، مۇراسىم دەرۋازىسى، چوڭ مېھمانخانا، ئىللىق ھۇجرا، ئىچكىرىكى مېھمانخانا، ئىچكىرىكى ئۈچ ئىشىك، ئىچكىرىكى مۇراسىم ئىشىكى ۋە ئىچكىرىكى گۈلەپشان ئىشىكلەردىن تارتىپ، تاكى ئۇدۇل سارايغىچە يول ئۆتەر ئىشىكلەر يوغان ئېچىۋېتىلگەن، ئىككى ياندىكى پەلەمپەي تۈۋىگە خۇددى ئالتۇن ئەجدىھادەك ئىككى تال يوغان قىزىل شام يېقىلغانىدى. ئەتىسى جيا ئانا باشلىق مەرتىۋىگە ئىگە بولغۇچى خېنىملار ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە رەسمىيەت ئېگىنلىرىنى كىيىشتى. ئاۋۋال جيا ئانا سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان

تەختىراۋانغا چۈشۈپ، جامائەتنى باشلاپ ئوردىغا مۇبارەكلەپ سالام بەرگىلى كىردى. زىياپەتتىن كېيىن قايتىپ، نىڭگو قەسىرىنىڭ ئىللىق ھۇجرىسىغا كەلگەندە تەختىراۋاندىن چۈشتى. پەرزەنتلەردىن ئوردىغا بىللە بارمىغانلار نىڭگو قەسىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاتار تۇرۇپ كۈتۈۋالدى، ئاندىن كېيىن ئاتا ـ بوۋىلار خانىقاسىغا باشلىدى.

باۋچىن جيا خانىقاسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ خانىقانى ئالاھىدە زەن سېلىپ كۆزىتىپ چىقتى: ئەسلىدە نىڭگو قەسىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر ھويلا بار ئىدى، قارا سىرلانغان شادا ئىچىدە بەش ئېغىزلىق دەرۋازىسى بولۇپ، دەرۋازا بېشىغا «جيا جەمەتىنىڭ ئەجداد خانىقاسى» دەپ يېزىلغان لەۋھە ئېسىلغان، يېنىغا «ئالاھىدە مۇراقىبلىق مەنسىپى بېرىلگەن سابىق ئوردا دارىلئۇلۇمىنىڭ مىرزىسى ۋاڭ شىنىڭ قەلىمى» دەپ پۈتۈلگەنىدى. ئىككى يېنىدا بولسا بىر جۈپ بېيىت لەۋھەسى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى.

جېنىمىز بولسۇن تەسەددۇق،
ئاسرىدى پۇقرانى ئالىي مەرھەمەت ـ شەپقەت قىلىپ؛
شۆھرىتى يەتكەي پەلەككە،
بارچە ئەۋلاد ياتلىغاي كۆپ قىشمۇياز نۇزرەت قىلىپ.

بۇ بېيىتنىمۇ مۇراقىب ۋاڭ شى يازغانىكەن. ھويلىغا كىرگەندە، ئاق تاش كۆتۈرمە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا كۆپكۆك قارىغاي، ياپىيېشىل ئارچىلار تىكىلگەن، سۇپىغا قەدىمكى مىس داڭقان ۋە شاراب كاسىسىلىرى قاتارلىق نىزىر ئەسۋابلىرى تىزىلغان. دەھلىز ئالدىغا چۆرىسى توققۇز ئەجدىھا بىلەن نەقىش قىلىنغان ئالتۇن لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، لەۋھەگە مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن «سەلتەنەت ئەركانى» دەپ يېزىلغان، ئىككى يېنىغا مۇنداق بېيىت قەيت قىلىنغانىدى:

ئاي ۋە كۆندەك نۇر چاچار تۆھپە قىلغان خىزمىتى،
مەڭگۈ ئەۋلادى ئارا جەۋلان قىلۇر شۆھرىتى.

بۇ بېيىتمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان. بەش ئېغىزلىق ئۆدۆل سارايىنىڭ ئالدىغا چۆرىسىگە ھۆرپىيىپ تۇرغان بىر جۈپ ئەجدىھا نەقىش قىلىنغان قارا لەۋھە ئېسىلغان، لەۋھەگە «مەرھۇم ئەجدادىڭنى دائىم ئەسلىگەيسەن» دەپ يېزىلغانىدى، ئىككى يېنىغا يەنە مۇنداق بېيىت بار ئىدى:

بەختى پەزىلەتى قالسۇن ھەر زامان ئەۋلادىغا،
ئەسلىگەي ئاۋام شۇ كۈندە نىڭ ـ رۇڭ ئەمىر شەنىنى.

بۇنىمۇ خان ئالىيلىرى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغانىدى. ئىچكىرىدە شام ـ چىراغلار چاقنىغان، كىمخاب چىملىداق ۋە كەشتىلىك پەردىلەر تارتىلغانىدى، ئەرۋاھ ئىگەملەر تىزىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

جىيا قەسىرىدىكىلەر ئۆز قۇرامى ۋە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئوڭ ۋە سول يانلاردا سەپ بولۇپ تىك تۇرۇشتى. نەزىرگە جىياجىڭ رىياسەتلىك قىلدى، جىياشې ياردەمچىلىك قىلدى، جىياجېن قەدەھ سۇندى، جىيالىيەن بىلەن جىياسۇڭ تورقا لەۋھەنى سۇندى، باۋيۈي كۆجە تۇتتى. جىياچاڭ بىلەن جىيالىڭ تەگلىك قويۇپ بېرىپ، ئىسرىقدانغا قارىدى. سازەندىلەر نەغمە باشلاش بىلەن، ئۈچ قەدەھ تۇتۇلۇپ، سەجدە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نەغمە توختاپ ھەممەيلەن يېنىپ چىقىشتى. جامائەت جىيا ئانىنى چۆرىدەپ ئۆدۆل سارايغا كېلىشتى. رەسىملەر ئالدىغا كىمخاب چىملىدىقلار ئېگىز تارتىلغان، رەڭدار شىرمەللەر قويۇلغان، كۆجە ـ شاملار يېقىلغانىدى. تۆرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇستىگە بوۋىلار نىڭگو گۇڭ بىلەن رۇڭگو گۇڭنىڭ سۈرەتلىرى

ئېسىلغان، ھەر ئىككىسى ئەجدىھا گۈللۈك تاۋار چاپان كىيگەن ۋە بەللىرىگە قاشتاش كەمەر باغلىغان، ئىككى يېنىغا ئۇلار بىلەن بىر جەمەت بوۋىلارنىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلغانىدى.

جىياشىڭ، جىياجى قاتارلىقلار ئىچكىرىكى مۇراسىم ئىشىكىدىن تارتىپ ئۇدۇل سارايىنىڭ ئايۋىنى تۈۋىگىچە تەرتىپ بويىچە قاتار تۇرۇشقانىدى؛ بوسۇغىنىڭ تېشىدا جىياجىڭ بىلەن جىياشې، بوسۇغىنىڭ ئىچىدە ئاياللار تۇرۇشتى. قالغان جامائەت ۋە مۇلازىم باللار مۇراسىم دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا تۇرۇشتى. نەزىرگە ئاتالغان ھەربىر خىل سەي مۇراسىم دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ بېرىلدى، ئۇ يەردە جىياشىڭ بىلەن جىياجىلار ئېلىپ، ئۆز رېتى بويىچە پەلەمپەي تۈۋىدىكى جىياجىڭنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى. جىيارۇڭ چوڭ ئوغۇلدىن بولغان چوڭ نەۋرە بولغاچقا، يالغۇز شۇلا ئايال جەمەتلىرى بىلەن بىللە پەنجىرە ئىچىدە تۇردى، جىياجىڭ ھەر قېتىم كەلگەن سەينى جىيارۇڭنىڭ قولىغا بېرەتتى، جىيارۇڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا بېرەتتى، ئاندىن فېڭجيې، يۈشىلەرنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈپ، تاكى نەزىر غىزاسى قويۇلىدىغان جوزا ئالدىغىچە ئۇزىتىلىپ، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىغا ئۆتەتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىغا ئۇزىتاتتى ـ دە، جىيا ئانا ئاندىن شىرەگە قوياتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شىرەنىڭ غەربىدە شەرققە قاراپ ئۆرە تۇرۇپ جىيا ئانىغا ياردەملەشتى، سەي، ئاش، شورپا، پېچىنە، شاراب، چايلار قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جىيارۇڭ يېنىپ چىقىپ، جىياچىڭلار تۇرغان سەپنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇردى. بۇ چاغدا ئىسمىدىكى خەتنىڭ تەركىبىدە «文» (ۋېن) يان بەلگىسى بولغانلارغا جىياجىڭ باش بولدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىسمىدا «玉» (يۈي) يان بەلگىسى بولغانلارغا جىياجېن باش بولدى. بۇلاردىن كېيىن ئىسمىدا «艹» بەلگىسى بولغانلارغا جىيارۇڭ باش بولدى. ياش قۇرامى ۋە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئوڭ ـ سولغا بۆلۈنۈپ، ئەرلەر شەرقتە، ئاياللار غەربتە تۇرۇشتى. جىيا ئانا كۈجە تۇتۇپ تەزىم

قىلىش بىلەن ھەممە جامائەت تەڭلا يۈكۈنۈشتى، بەش ئېغىزلىق چوڭ ساراي، ئۈچ ئېغىزلىق دەھلىز، ئىچكى - تاشقى ئايۋانلار، پەلەمپەيىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى، ئىككى ياندىكى پېشايۋانلاردا كىچىككىنىمۇ بوش ئورۇن قالماي، ھەممە يەر تاۋار - تورقا كىيگەنلەر بىلەن تولغانىدى، كىشىلەرنىڭ ئۈن - تىۋىشى ئاڭلانمايتتى، پەقەت جىرىڭ - جىرىڭ، تىرىڭ - تىرىڭ قىلغان ئاۋازلار، ئالتۇن قوڭغۇراق ۋە قاشتاش ئاسقۇلارنىڭ ئانچە - مۇنچە شىلدىرلاشلىرى ۋە سەجدە قىلىپ قوپقان چاغدىكى ئۆتۈك - كەشلەرنىڭ غىچىرلاشلىرىلا ئاڭلىناتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئىبادەت تۈگىدى. جياجىڭ، جياشېلار دەرھال رۇڭگو قەسرىگە يېنىپ چىقىپ، جيا ئانىغا سالام بېرىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇشتى. يۇشى خېنىمنىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ پەگاھىغا قىزىل كىگىزلەر سېلىنىدى، پىلىنىڭ خارتۇمىدەك ئۈچ پۇتى بار ۋە گىرۋىكى بېلىقۇلاق شەكلىدە ئالتۇن ئېماللىق ئوتدان قويۇلدى. ئۇدۇلدىكى كاڭغا يېڭى موت ئەدىيال سېلىنىپ، قىزىل كەشتىلىك «پەرۋاز قىلغان ئەجدىھا ئۇزۇن ئۆمۈر بېغىشلىغاي» دېگەن يۆلەنچۈك، تەكىيە، تۆشەك قويۇلدى، ئۇلاردىن باشقا، قارا تۈلكە كۆرپىچەك يېپىپ قويۇلدى، ئاق تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن چوڭ تۆشەكلەرمۇ سېلىنىدى. جيا ئانا تۆرگە تەكلىپ قىلىنىدى. ئىككى يانغا يەنە تېرە - كۆرپىلەر سېلىنىپ، جيا ئانا بىلەن بىر دېمەتلىك ئىككى - ئۈچ يەڭگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدى. بۇ ياندىكى توغرىسىغا قويۇلغان دەرپەردىنىڭ كەينىدىكى كاڭغىمۇ تېرە كۆرپە سېلىنىپ، ئۇ يەردە شىڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار ئولتۇرۇشتى. پەگاھنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بىر - بىرىگە قارىتىپ ئىككى قاتار قىلىپ نەقىشلىك ئون ئىككى ئورۇندۇق قويۇلدى. ئورۇندۇقلارغا بىر خىل رەڭدىكى تىيىن كۆرپىچەكلەر سېلىنىپ، ھەربىر ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە بىردىن پۇت ئىسسىتىدىغان مىس ئوتدان قويۇلدى. ئورۇندۇقلارغا باۋچىن قاتارلىق ھەمشىرىلەر

ئولتۇرۇشتى. يۇشى خېنىم ئۆز قولى بىلەن جيا ئانىغا پەتنۇستا چاي تۇتتى. جيارۇڭنىڭ خوتۇنى جيا ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مومىلىرىغا چاي تۇتتى. ئاندىن كېيىن يۇشى خېنىم شىڭ ئاغىچا خېنىملارغا، جيارۇڭنىڭ خوتۇنى ھەمشىرىلەرگە چاي تۇتتى. فېڭجيې، لى ۋەنلەر پەگاھتا تۇرۇپ مېھمانلارنى كۈتۈشتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال شىڭ ئاغىچا خېنىملار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جيا ئانىغا چاي قۇيدى، جيا ئانا قېرى يەڭگىلەر بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، تەختىراۋاننى تەييارلاشقا بۇيرۇدى، فېڭجيې دەرھال كېلىپ جيا ئانىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا كەچلىك غىزا تەييارلاپ قويغان، — دېدى كۈلۈپ يۇشى خېنىم، — ھەر يىلى مۇشۇنداق بىر ـ ئىككى چىشلەملا ئېغىز تېگىپ بېرىپ كېتىدىغان ئىش بولىدۇ، بىزنىڭ فېڭجيې قىزچىلىكمۇ يۈزىمىز يوق ئوخشايدۇ؟

— ئۇلۇغ ئانا، يۇرسىلە كېتەيلى، — دېدى فېڭجيې دەرھال جيا ئانىنى يۆلەپ، — غىزانى ئۆيگە بېرىپ يەيلى، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسىلا.

— بۇ يەردە ئاتا ـ بوۋىلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىپ، شۇنداق ئاۋارە ـ تېنەپ يۈرسەڭلار، مېنى ئېلىپ قېلىپ غەلۋە قىلدۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ھەر يىلى بۇ يەردە غىزا يېمىسەممۇ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىپ تۇردۇڭلار؛ ئەۋەتىپ بەرسەڭلار، يەپ كېتەلمىسەم، ئېلىپ قويۇپ ئەتىسى يېسەم، كۆپرەك يېگەن بولمايمەنمۇ؟

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. جيا ئانا يۇشى خېنىمغا يەنە تاپىلاپ قويدى:

— لايىقراق كىشىلەرنى كېچىسى كۆچىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇشقا بەلگىلەپ قويۇڭلار، بىخەستەلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇشى خېنىم «خوش» دېدى. بىللە چىقىپ، ئىللىق ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۇشى خېنىملار شىرمەلگە داجىپ تۇرۇشتى، مۇلازىم باللار تەختىراۋانچىلارنى باشلاپ كىردى، جيا ئانا تەختىراۋانغا چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. يۇشى خېنىممۇ شىڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن رۇڭگو قەسرىگە چىقتى، تەختىراۋان دەرۋازىدىن چىقىپ رۇڭگو قەسرىگە ماڭغان كوچىنىڭ شەرقىي قاسىنقىدا نىڭگوگۇڭغا خاس تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى، غەربىي قاسىنقىدا رۇڭگوگۇڭغا خاس تۇغ ـ ئەلەملەر ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى تىزىلغانىدى. ئۆتەر ـ كېچەر كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆتمەي كەينىگە يېنىپ كېتىشەتتى.

بىردەمدىلا رۇڭگو قەسرىگە يېتىپ كېلىشتى، بۇ يەردىمۇ چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇل قاپقىسىدىن تارتىپ تاكى ئىچكىرىكى دەرۋازىلارغىچە داغدام ئوچۇق ئىدى، جيا ئانا بۇگۇن ئىللىق ھۇجرىدا تەختىراۋاندىن چۈشمەي، چوڭ مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ، بۇرىلىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئۆزىنىڭ تۆر مېھمانخانىسىغا كەلگەندە تەختىراۋاندىن چۈشتى. جامائەت جيا ئانىغا سوڭدىشىپ ئۇدۇل سارايغا كىرىشتى، بۇ يەرمۇ كىمخاب تۆشەك ۋە كەشتىلىك شىرمەللەر بىلەن يېپىيېڭى قىلىپ بېزەلگەنىدى. يەردىكى ئوتداندا ئارچا كۆجىسى، سەۋسان كۆيۈۋاتاتتى. جيا ئانا ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىنىگىلەردىن بىرسى كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— چوڭ ئاغىچا خېنىملار سالامغا كېلىشتى.

جيا ئانا دەرھال تۇرۇپ ئالدىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ياشانغان ئىككى ـ ئۈچ يەڭگە كىرىپ كېلىشتى. ھەممەيلەن قول تۇتۇشۇپ بىر پەس كۈلۈشكەندىن كېيىن، بىردەم تۇزۇت قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى، چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، جيا ئانا ئۇلارنى ئىچكىرىكى مۇراسىم ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى. ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، جياجېڭ، جياشېلەر پەرزەنتلەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— يىل بويى سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم، بولدى تەزىم قىلماڭلار، — دەپ كۈلدى جىيا ئانا.

بىر چەتتە ئەرلەر، بىر چەتتە ئاياللار تۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن تەزىم قىلىشتى. ئوڭ - سول يانلىرىغا ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، ئۇلار ياش قۇرامى بويىچە تەرتىپ بىلەن ئەدەپلىك ئولتۇرۇشتى. ئىككى قەسىردىكى ئەر - ئايال خىزمەتكارلار، مۇلازىم بالىلار، دېدەكلەر قىلىدىغان خىزمەتلىرىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىسى بويىچە تەزىم قىلىشتى. ئاندىن ھېيتلىق پۇل، ھەميان، ئالتۇن - لەردۇلار ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى. جەم بولۇش خۇشاللىقى ئۈچۈن زىياپەت داستىخىنى سېلىندى. ئەرلەر شەرق تەرەپتە، ئاياللار غەرب تەرەپتە ئولتۇرۇشتى. تۇسۇ شارابى، ۋىسالىق شورپىسى، سائادەت مېۋىلىرى، دىلپىسەن پېچىنىلىرى تارتىلدى، جىيا ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى، ئاندىن جامائەت تارقاشتى.

ئاخشىمى ھەرقايسى كىچىك بۇتخانىلاردىكى ئوچاق مۇئەككىللىرىنىڭ ئالدىدا كۆجە كۆيدۈرۈلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيلىرى جايلاشقان ھويلىدا ئاسمان - زېمىن تەڭرىلىرىگە ئاتاپ قەغەز ئاتلار كۆيدۈرۈلدى. نەزەرباغنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا مۈڭگۈز پانۇس ئېسىلىپ، ئىككى يانىنى ئېگىزدىن يورۇتۇپ تۇراتتى. باغنىڭ ھەممە يوللىرىغا پانۇس يېقىلغانىدى. يۇقىرىدىكىلەردىن تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممەيلەن رەڭگارەڭ كىيىنىپ جابدۇنۇشقانىدى. كېچىچە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، كۈلكە - چاقچاقلىرى، پوجاڭزىلارنىڭ پارىسلداشلىرى ئۈزۈلمەي چىقتى.

ئەتىسى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا، جىيا ئانا قاتارلىقلار ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە جابدۇنۇپ، بارلىق تۇغلىرىنى كۆتۈرتكۈزۈپ ئوردىغا مۇبارەكلىگىلى كىرىشتى ھەمدە خانىش يۈەنچۈننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىدى. ئوردىدا زىياپەت يەپ بولغاندىن

كېيىن، يەنە نىڭگو قەسىرىگە كېلىپ قۇرداش بوۋىلىرىنىڭ ھەققىگە نەزىر قىلىپ ، ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. جيا ئانا تەزىم قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ئارام ئالدى. مۇبارەكلەپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن كۆرۈشمىدى. پەقەت شۆ ھامما ۋە لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى بىلەنلا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى ياكى بولمىسا باۋيۈي ۋە باۋچەيىنىڭ ھەمشىرىلىرى بىلەن قورشام دامكا، كوزىر ئوينىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې ھەر كۈنى مېھمان چىللاپ ھېيت چېيى بېرىش بىلەن بولدى، ئۇ قاتتىكى مېھمانخانىدا ۋە ھويلىدا زىياپەت ۋە ئويۇن - تاماشا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلار ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇردى. زىياپەت ئۇدا يەتتە - سەككىز كۈن داۋام قىلىپ، ئاندىن ئاياغلاشتى. پانۇس بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئىككىلا قەسىر پانۇسلار ئېسىلىپ رەڭگارەڭ بېزەلدى. ئون بىرىنچى كۈنى جيا ئانا قاتارلىقلارنى جياشې مېھمانغا چىللىدى، ئەتىسى جياجېنمۇ جيا ئانىنى مېھمانغا چىللىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېمۇ ئۇدا بىرنەچچە كۈن باشقا كىشىلەرنىڭ ھېيت چايلىرىغا بېرىپ - كېلىشتى، بۇ ھەقتە يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئون بەشىنچى كۈنى ئاخشىمى جيا ئانا گۈللۈك چوڭ مېھمانخانىدا زىياپەت تەييارلاتتى، بىر بەنزە چاققان ئويۇن تاللىدى، ھەر خىل گۈل پانۇسلارنى ئاستۇردى، رۇڭگو ۋە نىڭگو قەسىرلىرىدىكى ئوغۇل، جىيەن، نەۋرىلىرى ۋە كېلىنلىرىگە باش بولۇپ ئائىلىۋى زىياپەت ئۆتكۈزدى. جياجىڭ ئادەتتە شاراب ئىچمەيدىغانلىقى ۋە گۆش يېمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چىللىمىغانىدى، ئون يەتتىنچى كۈنى ئاتا - بوۋىلار ئەرۋاھىغا ئاتالغان نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ شەھەردىن چىقىپ ئېتىكاپ قىلىدىغان يېرىگە كەتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن

ئائىلىدە بولغان چاغلىرىدىمۇ خالىي ئۆيدە ھېچ كىشىگە قۇلاق سالماستىن سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى، بۇ ھەقتە گەپنى ئۆزارتمايمىز. جياشې ئىنئامنى ئالغاندىن كېيىن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. جيا ئانىمۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

جياشې ئۆز ئۆيىگە چىقىپ، سۇخەنچىلەر بىلەن پانۇس تاماشىسى قىلىپ شاراب ئىچتى، قۇلاقنى يارغۇدەك نەغمە ـ ناۋا، كۆز چاقنىتىدىغان زىبۇ ـ زىننەت ئىچىدە ئۆزگىچە ھوزۇر ئېلىپ يايرىدى.

جيا ئانا تەرەپتىكى گۈللۈك مېھمانخانىدا ئون نەچچە سورۇن راسلانغان، ھەر سورۇندىكى جوزىنىڭ يېنىغا بىردىن شىرە قويۇلغان، شىرەگە ئىسرىق جابدۇقلىرى تىزىلىپ، خان ئالىيلىرى ھەدىيە قىلغان سەۋسان ئوردا كۈجىسى كۆيدۈرۈلگەنىدى. يەنە ئۇزۇنلۇقى سەككىز سۇڭ، كەڭلىكى تۆت ـ بەش سۇڭ، ئېگىزلىكى ئىككى ـ ئۈچ سۇڭ كېلىدىغان ۋە تاغ شەكلى نەقىش قىلىنغان كىچىك مەنزىرە تەشتەك قويۇلغان بولۇپ، ھەممە تەشتەكلەردە يېڭى گۈل ـ غۇنچىلار ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا پەرەڭ پەتنۇسىغا ئون دانە قەدىمىي گەردۇن پىيالە تىزىلغان، قىزىل سەندەل ياغىچىدا ئويۇلۇپ، قېلىن شايىغا گۈل ـ گىياھ ۋە بېيىت ئىلمە قىلىپ تىكىلگەن كۆرۈنۈشلەر قويۇلغان. ھەرخىل قەدىمكى لوڭقىلارغا «زىمىستاندىكى ئۈچ ئاغىنە» «قاشخانا ئېسىلزادىسى»① قاتارلىق يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر چىلانغان. تۆردىكى ئىككى جوزىدا لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى بىلەن شۆ ھاما ئولتۇردى، شەرق تەرەپتە ئايرىم بىر سورۇن راسلىنىپ، ئۇ يەرگە يالماۋۇز ئەجدىھا نەقىش قىلىنغان شىرمەل ۋە پاكار كات قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك، تەكىيە، تېرە تۆشەك تەلتۆكۈس تىزىلغان. تەخت

① «قاشخانا ئېسىلزادىسى» ــ مودەنگۈلگە بېرىلگەن نام.

سۇپىغا پەرەڭ سىرىدا سىرلىنىپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كىچىك شىرە قويۇلۇپ، شىرەدە پىيالە، تۇكۇرۇكدان، پەرەڭ لۆڭگىسى، كۆزئەينەك قېپى تۇراتتى.

جىيا ئانا پاكار كاتتا قىڭغىيىپ يېتىپ، باشقىلار بىلەن بىردەم پاراڭ سېلىشتى، ئاندىن كۆزئەينىكىنى تارتىپ سەھنىگە بىرپەس قارىدى.

— قېرىپ قالدىم، ئۇستىخانلىرىم ئاغرىيدۇ، تارتىنماي قىڭغىيىپ يېتىپ ئۇلپەتلىشىپ بەرسەم، بۇنىڭغا يول قويۇشارلا، — دەپ قويۇپ، خۇپونى كاتتا ئولتۇرۇپ، «ساھىبجامال قولى»① بىلەن پۇتىنى ئۇيقۇلاشقا بۇيرۇدى. كاتتىنىڭ ئالدىغا داستىخان تەييارلانماي، بىر دانە ئېگىز شىرە قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئېگىز جاھازىلىق كۆرۈنۇش، گۈلدان، ئىسرىقدان قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر دانە ئېگىز جوزا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا قەدەھ، چوكا تىزىلغانىدى. ياندىكى داستىخانغا باۋچىن، شياڭيۈن، دەيىۈي، باۋيۈي تۆتىنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ھەر قېتىم سەي، مېۋە كەلگەندە ئالدى بىلەن جىيا ئانىغا تۇتۇلاتتى. ياقتۇرغانلىرىنى جوزىدا قويدۇرۇپ تېتىپ بېقىپ، ياندىكى داستىخانغا يۆتكىتىۋېتەتتى. پەقەت ئاشۇ تۆتىلا جىيا ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى داستىخان شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئورنى ئىدى. بۇلارنىڭ تۆۋەنىدە يۈشى، لى ۋەن، فېڭجيې، جيارۇڭنىڭ خوتۇنى ئولتۇرۇشتى، غەرب تەرەپتە باۋچەي، لى ۋېن، لىجى، شۆيەن، يىڭچۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى ئولتۇردى.

ئىككى ياندىكى لىمغا قاتمۇقات ئەينەك قەندىل ئېسىلغان، ھەربىر سورۇننىڭ ئالدىغا ساڭگىلىغان نىلۇپەر ياپرىقىدەك شامدان تىك قويۇلۇپ، شامدانغا رەڭدار شام قىستۇرۇلغانىدى.

① «ساھىبجامال قولى» — تېرە بىلەن قاپلانغان ياكى ياغاچتا ياسالغان ئۇزۇن ساپلىق بولقا، قېرىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى قول بىلەن تۇتقاننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

شامدانىنىڭ پەرەڭ سىرىدا ئېماللانغان بوش تىلى بولۇپ، بۇراپ سىرتقا قاراتقىلى بولاتتى ـ دە، چىراغنىڭ يورۇقى توسۇلاتتى، ئاندىن سەھنىدىكى ئويۇننى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈشكە يورۇق چۈشۈرۈپ بېرەتتى، دېرىزە ۋە ئىشىكلەرنىڭ قاپقاقلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەممىگە رەڭدار پۆپۈكلۈك ھەرخىل يۇمىلاق پانۇسلار ئېسىلغان. دەھلىزنىڭ ئىچى ـ تېشى ۋە ئىككى ياندىكى ئايۋانلارنىڭ لەمپىلىرىگە سىڭگىرتاش، ئەينەك، شوخ ئىلمە چېكىلگەن شايى، ھەر خىل تۇس بېرىدىغان گۈللۈك ئەينەكلەردىن ياسالغان پانۇسلار، كەشتە تىكىلگەن ياكى رەسىم سىزىلغان، دۇردۇن ياكى قەغەز يەملەنگەن پانۇسلار ئالا قويماي ئېسىلغانىدى. ئايۋاندىكى بىرقانچە سورۇندا جياجېن، جيالىيەن، جياخۇەن، جياسۇڭ، جيارۇڭ، جياچىن، جيايۈن، جياچاڭ، جيالىڭلار ئولتۇرۇشاتتى.

جيا ئانا ئۆز جەمەتىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىمۇ چىللاتقۇزغانىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى قېرىپ قالغاچقا، ئويۇننى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن كەلمىدى؛ بەزىلىرى ئۆيدە ئادىمى بولمىغان ۋە ئاغرىپ قالغانلىقتىن، كېلەي دېسىمۇ كېلەلمىدى؛ بەزىلىرى بايلارغا ھەسەت قىلىپ، كەمبەغەللىكىدىن نومۇس قىلغاچقا كەلگۈسى كەلمىدى؛ بەزىلىرى فېڭجيېگە ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن قېيىداپ كەلمىدى؛ بەزىلىرى تارتىنچاق بولغاچقا، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كېلىشكە پېتىنالمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئايال تۇغقانلىرىدىن پەقەت جيالەننىڭ ئانىسى لۇشى جيالەننى ئېلىپ كەلدى. ئەر تۇغقانلىرىدىن ھازىر فېڭجيېنىڭ قول ئاستىدا ئىش باشقۇرۇۋاتقان جياچىن، جيايۈن، جياچاڭ، جيالىڭ تۆتىلا كەلگەنىدى. ئورنى تۆۋەن بولغانلىرى تولۇق كەلمىگەن بولسىمۇ، ئائىلىۋى زىياپەت خېلى قىزىق بولدى.

شۇ ئارىدا لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئالتە خىزمەتكار ئايالغا ئۈچ شىرە كۆتۈرتكۈزۈپ كەلدى، ھەربىر شىرەگە قىزىل كىگىز

سىلىنغان، يېڭى قويۇلغان داچەنلەردىن تاللاپ، قىزىل شوينىغا ئۆتكۈزۈلۈپ كىگىز ئۈستىگە قويۇلغان، ئىككى ئايال بىردىن شىرەنى كۆتۈرگەنىدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى شىرەدىن ئىككىسىنى شۇ هامما بىلەن لى خان ئاچا ئولتۇرغان سورۇن تۆۋىگە، بىر شىرەنى جيا ئانا ئولتۇرغان كات يېنىغا قويدۇردى.

— شۇ يەردىلا قويۇۋېرىڭلار، — دېدى جيا ئانا.

خىزمەتكار ئايال قائىدە ـ يوسۇننى بىلگەچكە، شىرەنى قويۇپلا پۇلنى ئېچىپ، شوينىسىدىن بوشىتىپ شىرە ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويدى.

بۇ چاغدا «غەربىي راۋاقتىكى ئۇچرىشىش»① ئېيتىلىۋاتاتتى، ئويۇننىڭ سەككىزىنچى پەردىسى ئاخىرلاشقاندا، ئويۇندىكى بايۋەچچە يۈي شۈيي قېيىداپ ماڭىدۇ، مۇلازىم ۋېنىباۋ چاقچاق قىلىدۇ:

— قېيىداپ چىقىپ كەتتىلىغۇ. بۈگۈن بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، رۇڭگو قەسىرىدىكى بۇزرۇكۋار ئانا ئائىلىۋى زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، مەن ماۋۇ ئاتنى مىنىپ ئاشۇ زىياپەتكە ئۈلگۈرۈپ بېرىپ، مېۋە ـ چىۋە تىلەپ يەي، ئىشنىڭ ئەڭ زۆرۈرى مۇشۇ.

بۇ گەپكە جيا ئانا باشلىق هەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىدېگەن شەيتان قىز بۇ، هەي بىچارە! — دەپ كۈلۈشتى شۇ هامما ۋە باشقىلار.

— بۇ قىز ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن، — دېدى فېڭجيې.

— ئەجەبمۇ قاملاشتۇرۇپ گەپ قىلىدىكەن! — دېدى جيا ئانا ۋە «ئىنئام قىلىڭلار» دېيىش بىلەنلا، ئۈچ خىزمەتكار ئايال ئالدىنقاچان تەييارلاپ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كىچىك پۇلۇقىغا شىرەدىكى دۆۋىلەكلىك داچەندىن بىر سىقىم سېلىپ چىقىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، هامما خېنىم، قۇدا خېنىم ۋېنىباۋغا

① «غەربىي راۋاقتىكى ئۇچرىشىش» — چىڭ دەۋرىدىكى يۈي لىڭ يازغان، يۈشۈيي بىلەن پاھىشە ئايال مۇسۇخۇينىڭ ئاشنا ئوينىشى تەسۋىرلەنگەن.

مېۋە ئېلىپ يېسۇن دەپ ئىنئام قىلدى، ــ دەپلا سەھنىگە چاچتى، داچەنلەر جىرىڭلاپ سەھنىگە بىر كەلدى.

جياجېن، جيالىيەنلەرمۇ مۇلازىم بالىلارنى چوڭ پۇلۇقتا پۇل تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن قانداق ئىنئام قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئەللىك تۆتىنچى باب

## شى تەيجۈننىڭ ئەبجەقى چىققان قىلىپبازلىقىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى
## ۋاڭ شىفېڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خۇش قىلغان لاۋلەيزىنى دورىغانلىقى①

جىياجېن بىلەن جىيالىيەن تۇيدۇرماستىن چوڭ پۇلۇقتا داچەن پۇل تەييارلاتقۇزۇپ قويغانىدى. جىيا ئانىنىڭ «ئىنئام قىلىڭلار» دېيىشى بىلەنلا، جىياجېن مۇلازىم باللارنى بۇيرۇدى، مۇلازىم باللار پۇلنى چېچىۋىدى، داچەنلەر جىرىڭلاپ سەھنىنى بىر ئالدى، جىيا ئانا بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. جىياجېن بىلەن جىيالىيەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىغا، مۇلازىم باللار شاراب ئىسسىتىلغان كۈمۈش چەينەكنى جىيالىيەننىڭ قولىغا سۇندى. ئۇ جىياجېن بىلەن ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. جىياجېن ئاۋۋال لى خان ئاچا ئولتۇرغان سورۇنغا كېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ قەدەھنى ئالدى ـ دە، كەينىگە بۇرالدى، جىيالىيەن دەرھال شاراب قۇيدى. ئاندىن ئۇلار شۆ ھاممىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر قەدەھ قۇيدى. ئىككى خېنىم دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— بەگلىرىم ئولتۇرۇۋېرىشسىلە بولاتتى، بۇنچە تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، — دېدى كۈلۈشۈپ.

---

① لاۋلەيزى — جۇنچيۇ دەۋرىدە ئاتا ـ ئانىسىغا بەك ۋاپادار بولغان لاۋلەيزى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىمىش. ئۇ يەتمىش ياشقا كىرگەندىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن كىچىك باللىنىڭ ئالىيېشىل كىيىمىنى كىيىپ باللارنىڭ قىلىقىنى دوراپتىكەن. جىيا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ۋاڭ شىفېڭ ئۆزىنى لاۋلەيزىگە ئوخشىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن باشقا، داستىخاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپ، قول سىلىپ بىر چەتتە تۇرۇشتى. جياجېن بىلەن جياليەن جيا ئانىنىڭ يېنىغا كەلدى، كات پاكار بولغانلىقتىن، ئىككىسى تىز پۈكۈشتى. جياجېن ئالدىدا قەدەھ تۇتتى، جياليەن كەينىدە چەينەك تۇتتى. گەرچە شاراب تۇتقۇچى ئۇ ئىككىسى بولسىمۇ، جياسۇڭ ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىمۇ قاتار سەپ بولۇشۇپ، ئۇلارغا سوڭدىشىپلا كىرگەندى، ئىككىسىنىڭ تىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ تىز پۈكتى. باۋيۈمۇ تەڭلا تىز پۈككەندى، شياڭيۈن ئۇنى ئاستا تۈرتۈپ قويۇپ:

— سەن نېمىگە تىز پۈكۈشۈپ بېرەتتىڭ؟ ئۇنداق بولسا، سەنمۇ بىر قۇردىن شاراب تۇتۇپ چىقساڭ ياخشى بولمامدۇ؟ — دەپ كۈلدى.

— بىرئازدىن كېيىن تۇتارمەن، — دەپ كۈلدى باۋيۈي.

جياجېن بىلەن جياليەن شاراب تۇتۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شىڭ ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغىمۇ شاراب تۇتتى.

— سىڭلىلىرىمىزغا قانداق قىلىمىز؟ — دەپ كۈلدى جيا جېن.

— سىلەر چىقىپ كەتسەڭلار ئۇلار ئازادىرەك ئولتۇرالايدۇ، — دېدى جيا ئانا ۋە باشقىلار كۈلۈشۈپ.

جياجېنلار چىقىپ كېتىشتى.

ئىككىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. سەھنىدە «سەككىز ئەزىمەتنىڭ پانۇس تاماشا قىلىشى»[1]نىڭ سەككىزىنچى پەردىسى ئوينىلىۋاتاتتى، ئويۇننىڭ راسا قىزىغان پەيتى ئىدى. باۋيۈي داستىخاندىن تۇرۇپ تالاغا چىقماقچى بولدى.

---

[1] «سەككىز ئەزىمەتنىڭ پانۇس تاماشا قىلىشى» — «سەككىز ئەزىمەت خاتىرىسى»، مىڭ دەۋرىدىكى شۈي يۈەن يازغان سەھنە ئەسىرى. بۇنىڭدا، چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن پادىشاھلىقىدىكى جاۋدۇن ئائىلىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بەرگەن سەككىز كىشى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ.

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا، — تالادا پوجاڭزىلار قاتتىق ئېتىلىۋاتىدۇ، پەخەس بول، تۆپەڭدىن ئۇچقۇن چاچراپ چۈشۈپ كۆيدۈرۈپ قويمىسۇن.
— يىراققا بارمايمەن، چىقىپلا كىرىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ.
— خەۋەر ئېلىپ بىللە چىقىڭلار، — جىيا ئانا خىزمەتكار ئاياللارنى بۇيرۇدى.
باۋيۈي تالاغا ماڭدى، كەينىدىن شېيۈ، چيۇۋېن ۋە بىرقانچە چۆرە قىزلارمۇ سوڭدىشىپ ماڭغانىدى، جىيا ئانا:
— شىرېن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى، — ئۇ ھازىر سەل يوغىناپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزى چىقماي كىچىك قىزلارنىلا ئىشقا جورۇپ قويۇپتۇ.
— ئۇنىڭ ئانىسى قايسى كۈنى تۈگەپ كەتكەن، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ، — قارىلىق تۇتقاچقا، بۇ تەرەپكە ئۆتەلمەپتۇ.
— خوجايىنىنىڭ ئىلكىدە بولغاندىن كېيىن، قارىلىق - پارىلىق دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جىيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — مېنىڭ خىزمىتىمدە تۇرىۋەرگەن بولسا، مۇشۇنداق چاغدا مېنىڭ يېنىمدىمۇ بولماسمىكەنمۇ دەيمەن؟ بۇنىڭدا ئۇ ئوڭلۇق ئىش قىلماپتۇ.
— بۇگۈن ئاخشام ئۇ قارىلىق تۇتمىغان، — دېدى فېڭجيې دەرھال جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — شام - چىراغلار، پوجاڭزىلار كىشىنى بەك ئەنسىرىتىدىكەن، شۇڭا باغدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ - دە. بۇ يەردە ئويۇن قويۇلۇشى بىلەنلا باغدىكىلەردىن قايسىبىرىنى غىپپىدىلا كېلىپ ئويۇن كۆرمەيدۇ دەيلا؟ شىرېن بۇنداق ئىشلارغا بەك كۆڭۈلشىيدۇ، ھەممە يەردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىن تارقالغاندىن كېيىن، باۋيۈي ئۇخلاي دېگەندە، ھەممە نەرسە جايىدا تەخ تۇرۇشى كېرەك، شىرېنمۇ بۇ يەرگە كېلىۋالسا،

باشقىلارمۇ بىپەرۋالىق قىلسا، زىياپەتتىن قايتىپ بارغاندا، قارىسا ئورۇن - كۆرپىمۇ سوغۇق، چايمۇ تەييار ئەمەس، ھېچقانداق نەرسە ئېپى - جېپى بىلەن قىلىنمىغان. شۇڭا، مەن ئۇنى بۇ يەرگە كەلمە، دېگەنىدىم. ئۇلۇغ ئانا، ئۆزلىرى ئۇنى كەلسۇن دېسىلە، قىچقارتىپ قوياي ئەمىسە.

— بۇ گېپىڭمۇ توغرا، — دېدى دەرھال جىيا ئانا، — سەن ھەممىنى ئويلاپسەن. بولدى، ئۇنى قىچقارتما. ئۇنىڭ ئانىسى قاچان تۈگەپ كېتىپتۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇقماي قالغاندىمەن؟

— قايسى كۈنى ئۆزلىرىگە شىرېن ئۆزى كېلىپ مەلۇم قىلغان تۇرسا، قانداق ئۇنتۇپ قالغانلا؟ — دەپ كۈلدى فېڭجيې.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، — دېدى جىيا ئانا ئويلىنىپ بېقىپ، — مېنىڭ زېھنىممۇ چاغلىقلا بولۇپ قاپتۇ!

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، بۇنداق ئىشلارنى نەدە ئېسىدە ساقلاپ يۈرەتتى! — دەپ كۈلۈشتى باشقىلار.

— ئەسلەپ باقسام، — دېدى جىيا ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — شىرېن كىچىككىدىنلا بىر مەزگىل مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدى، ئاندىن يۈنئېرنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، كېيىن ئۇنى بىزنىڭ دۆپىرىگە بەردۇق، ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكىلى بىرنەچچە يىل بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىدە تۇغۇلغان ئەۋلادىي چاكارلاردىنمۇ ئەمەس، بىزدىن ھېچقانچە چوڭراق ئىلتىپاتمۇ كۆرۈپ باقمىغان. ئانىسى تۈگەپ كېتىپتۇ، ئانىسىنى ئۇزىتىۋالسۇن دەپ بىرنەچچە سەر كۈمۈش بېرەي دېۋىدىم، شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن!

— قايسى كۈنى ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا قىرىق سەر كۈمۈش ئىنئام قىلغان، شۇ بولدى، — دېدى فېڭجيې.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدى جىيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — يېقىندا يۈەنياڭنىڭمۇ ئانىسى ئۆلگەنىكەن، مەن ئاتا - ئانىسىنى جەنۇبتا دەپ، ئۇنى ئۆيگە بېرىپ ھازىدار بولۇشقىمۇ ئەۋەتمىگەن. ھازىر قارىسىنى ئوشتۇمغانلاردىن ئىككىسى بار

بوپتۇ، نېمىشقا ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ بىر ـ بىرىگە ھەمراھ قىلىپ قويمىدىڭلار؟ ــــ ئاندىن ئۇ خىزمەتكار ئاياللارنى مېۋە ـ چېۋە، سەي ـ غىزا، پېچىنىلەردىن ئېلىپ ئۇ ئىككىسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

ــــ شۇ چاغقىچە كۈتۈپ تۇرامتۇق؟ ئاللىقاچان ئەۋەتىپ بەرگەن، ــــ دېدى خۇپو كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك شاراب ئىچىپ ئويۇن كۆرۈشنى داۋام قىلدۇردى.

باۋيۈي ئۇدۇل باغقا يېنىپ چىقتى. خىزمەتكار ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەينىدىن ماڭماي، باغنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىكى چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى، چايچى ئايال بىلەن يوشۇرۇنچە شاراب ئىچىپ قەغەز پەي ئويناشقا تۇتۇندى. باۋيۈي ھويلىغا كىرسە، چىراغلار يوپيورۇق چاقناپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئىنساننىڭ تىۋىشى يوق.

ــــ ئۇلار ئۇخلاپ قالغانمىكىنە؟ ــــ دېدى شېيۈ، ــــ بىز ئاستا كىرىپ ئۇلارنى راسا بىر قورقۇتۇۋېتەيلى.

شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي ۋە باشقىلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، تۇيدۇرماي كىرىپ، ئەينەك توسۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، شىرېن بىلەن يەنە بىرسى كاڭدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قىڭغىيىپ يېتىپتۇ، نېرىقى چەتتە ئىككى ئىنىگە ئۇخلاۋېتىپتۇ.

باۋيۈي ئۇ ئىككىسىنىمۇ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، كىرەي دېيىشىگە، يۈەنياڭ «ئۆھۇ» دەپ يۆتىلىپ قويۇپ:

ــــ دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلىپ بولماق تەس ئىكەن، ــــ دېدى، ــــ گەپ قىلىپ كەلسە، سەن بۇ يەردە يالغۇز، ئاتا ـ ئاناڭ بولسا تاشقىرىدا، ھەر يىلى ئۇلار ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ، تۇرار جايىنىڭ تايىنى بولمىسا، ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇزىتالمايسەن ـ دە. ھەرنېمە بولسا، بۇ يىل ئاناڭمۇ شۇ يەردە قازا قىلدى، سەن چىقىپ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇزاتتىڭ!

— شۇنى دېگىنە، — دېدى شېرىن، — مېنىڭمۇ ئانامنى يەرلىكىدە قويغاندا ئۇستىدە بولۇشقا كۆزۈم يەتمىگەن. ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلسام، قىرىق سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى، بۇمۇ ماڭا ئوبدان بىر غەمخورلۇق بولدى. ئەمدى مېنىڭمۇ ھەرقىسما خىياللاردا بولۇشقا ھەددىم ئەمەس.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، شېيۆگە مۇنداق دېدى:

— يۈەنياڭمۇ بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن كىرسەم، ئۇ قېيداپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز يېنىپ كېتەيلى، ئۇلار كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىۋالسۇن. شېرىنىنىڭ ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى، بەختىگە يۈەنياڭ كەپتۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئاستا يېنىپ چىقىشتى. باۋيۇي سۇئىي تاغىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پېشىنى قايرىۋىدى، شېيۆ بىلەن چيۇۋېن توختاپ كەينىگە قارىۋالدى.

— زوڭ ئولتۇرۇپ تامباللىرىنى يەشسىلە، پەخەس بولسىلا، قورساقلىرىغا شامال تېگىپ قالمىسۇن، — دەپ كۇلۇشتى ئۇلار.

ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان چۆرە قىزلار باۋيۇينىڭ كىچىك تەرەت قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئالمان ـ تالمان چايخانىغا سۇ ئەكەلگىلى ماڭدى.

باۋيۇي ئەمدىلا سۇئىي تاغىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشىگە، ئالدىدىن ئىككى خىزمەتكار ئايال چىقىپ:

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باۋيۇي شۇ يەردە، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۇنى قورقۇتۇۋەتمەڭلار! — دېدى چيۇۋېن.

— ئۇقماپتىمىز، — دېدى خىزمەتكار ئاياللار دەرھال كۇلۇمسىرىشىپ، — ھېيت تۈگىگەندە ئىش تېرىغىلى تاس قاپتۇق. قىزلار، نەچچە كۈن بولدى، جاپا چەكتىڭلار!

ئاياللار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— قولۇڭلاردىكى نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى شېيۆ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم جىن - خۇا ئىككى قىزنى يېسۇن دەپ ئىنئام قىلغان نەرسىلەر، — دېدى ئايال.

— ئۇ يەردە ئويلىنىۋاتقىنى «سەككىز ئەزىمەت» تۇرسا، تېخى «داخۇر كالۋا» ئويىنالمىسا، نەدىن ئۇنۇپ چىققان «جىن - خۇا قىز» دۇ① بۇ؟ — دەپ كۇلدى چيۇۋېن.

— ئېچىپ ماڭا كۆرسەت، — دەپ بۇيرۇدى باۋيۇي.

چيۇۋېن بىلەن شېيۆ بېرىپ ئىككى قۇتىنى ئاچتى، ئىككى ئايال دەرھال زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كۆرسەتتى. باۋيۇي ئىككى قۇتىدىكى ئالىي سورتلۇق مېۋە، پېچىنىلەرنىڭ ھەممىسى زىياپەت داستىخىنىدىكى نەرسىلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۆز يولىغا كەتتى، شېيۆلەر قۇتىنىڭ ئاغزىنى بولۇشىغىلا يېپىپ قويۇپ كەينىدىن ماڭدى.

— بۇ ئىككى ئايال خېلى مۇلايىم ئىكەن، گەپ قىلىشنىمۇ بىلىدىكەن، — دېدى باۋيۇي، — ئۇلار ئۆزلىرى كۇنبويى ھېرىپ - تېلىپ يۇرۇپمۇ، تېخى سىلەرنى جاپا چېكىپ كەتتىڭلار دەۋاتىدۇ. بۇلار ئۇنداق ئۆزىنىڭ ئىشىنىلا ماختايدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن.

— بۇ ئىككىسى خېلى ياخشى ئايالالار ئىكەن. غەرەز ئۇقمايدىغانلىرى زادىلا غەرەز ئۇقمايدۇ، — دېدى شېيۆ.

— سىلەر ئوڭلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىچارە قاراپايلار دەپ ئەپۇ قىلساڭلار بولدى، — دېدى باۋيۇي.

بۇلار شۇ گەپ بىلەن باغدىن چىقىشتى. بايىقى بىللە كەلگەن خىزمەتكار ئاياللار چايخانىدا شاراب ئىچىپ، پەي ئويناۋاتقاندا، پات - پات تالاغا چىقىپ تىڭتىڭلاپ تۇرۇشقانىدى، باۋيۇينىڭ يېنىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ كەينىدىن بىللە ماڭدى.

① داخۇر كالۋا — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان سېھىرگەرلىك سەھنە ئەسىرى. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، كۆنچى تاۋچيەن ئۇستا سېھىرگەر بولۇپ، پىر ئەۋلىيا جاڭ بىلەن كارامەت كۆرسىتىشىدۇ. داخۇر كالۋا جاڭنىڭ سېھىرلىك قۇتىسى؛ جىن - خۇا قىز — تاۋچيەنگە يان باسقان سۇ پەرىسى. ئەسلىدە يۈەنياڭنىڭ فامىلىسى جىن، شىرېننىڭ فامىلىسى خۇا بولغاچقا، بۇ يەردە سۆز ئويۇنى قىلىپ دېيىلگەن.

گۈللۈك مېھمانخانىنىڭ ئايۋىنىغا كەلگەندە، بايىقى ئىككى چۆرە قىزدىن بىرسى كىچىك داس، بىرسى لۆڭگە ۋە شېرىن كۆپۈك[①] قويۇلغان چەينەك تۇتۇپ شۇ يەردە تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى. چيۇۋېن ئىلگىرى بېرىپ قولىنى داسقا تىقىپ باقتى ۋە:

— بارغانسېرى بىپەرۋا بولۇپ كېتىۋاتىسەن، بۇنداق سوغۇق سۇنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دېدى.

— خېنىم، كۆرمىدىلىمۇ، ھاۋا سوغۇق تۇرسا، سۇ مۇزلاپ قالمىسۇن دەپ، قايناق سۇنى قۇيۇپ كەلگەن، يەنە سوۋۇپ قاپتۇ، — دېدى چۆرە قىز كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا خىزمەتكار موماي بىر چۆگۈندە قايناق سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى.

— جېنىم ئانىكا، ماڭا ئازراق سۇ قۇيۇپ بېرىڭا، — دېدى چۆرە قىز.

— ئوھوي ئىگىچەم، — دېدى ھېلىقى موماي، — بۇچۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا چاي دەملەيدىغان قايناق سۇ، ئۆزۈڭ بېرىپ ئەكەلگىن پۇتۇڭ تېڭىقمىدىيا؟

— كىمنىڭلا بولسا بولىۋەرمەمدۇ! — دېدى چيۇۋېن، — بۇنى بەرمىسەڭ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېشىپ قالغان چېيىنى ئەكېلىپ قولىغا قۇيۇپ بېرىمەن!

خىزمەتكار موماي كەينىگە قاراپ چيۇۋېننى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال چۆگۈندىن سۇ قۇيۇپ بەردى.

— بولدى! شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ئىش كۆرمىگەن موماي ئىكەنسىز! — دېدى چيۇۋېن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەپتۇ؟ سورىغىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئېلىشقا ھەددىمىز بارمۇ؟

— كۆزۈم تورلىشىپ قېلىپ بۇ قىزنى تونۇماپتىمەن، —

---

① شېرىن كۆپۈك — تېرىنى يۇمشىتىدىغان خۇشبۇي شېرىن سۇيۇقلۇق.

دېدى خىزمەتكار موماي.

باۋيوي قولىنى يۇيۇپ بولدى، چۆرە قىز چەينەكتىن ئۇنىڭ قولىغا شىېرىن كۆپۈك قۇيۇپ بەردى، باۋيوي قولىغا سۈركىۋالدى. چيۇۋېن ، شېيۆلەرمۇ ئىسسىق سۇدا قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، باۋيوي بىلەن بىللە كىردى.

باۋيوي ئىللىق شارابتىن بىر چەينەك ئالدۇرۇپ، لى خان ئاچىدىن باشلاپ شاراب تۇتتى. شۆ هامما بىلەن لى خان ئاچا كۈلۈشۈپ، ئۇنى ئولتۇرۇڭ دەپ تۇرۇت قىلدى.

— ئۇ كىچىك بالا، قويسا قويۇپ بەرسۇنلا، ھەممىمىز مۇشۇ قەدەھنى ئىچىۋېتىدىغان گەپ، — جيا ئانا بىرىنچى بولۇپ ئۆزى ئىچىۋەتتى.

شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ ئىچىشتى، شۆ هامما بىلەن لى خان ئاچىمۇ نائىلاج ئىچتى.

— ھەمشىرىلىرىڭگىمۇ تەكشى قۇيغىن، — دەپ بۇيرۇدى جيا ئانا باۋيوينى، — ئاتلاتماي قۇي، ھەممىسى ئىچسۇن.

باۋيوي خوش دەپ، ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ قۇيۇپ چىقتى. دەييۇيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ئىچكىلى ئۇنىماي، قەدەھنى باۋيوينىڭ لېۋىگە تەڭلىدى، باۋيوي غۇپلا ئىچىۋەتتى.

— رەھمەت، — دېدى دەييۇي.

باۋيوي ئۇنىڭغا بىر قەدەھ قۇيۇپ بەردى.

— باۋيوي سوغۇق شاراب ئىچمىگىن، — دەپ كۈلدى فېڭجيې، — ئۆزۈڭنى ئاۋايلا، قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالسا، ئەته - ئۆگۈن خەت يازالمايدىغان، يانى كېرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسەن.

— سوغۇق شاراب ئىچمىدىم، — دېدى باۋيوي.

— ئىچمىگىنىڭنى ئۇقىمەن، مۇنداقلا ساڭا جېكىلەپ قويغىنىم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ فېڭجيې.

باۋيوي ئىچكىرىكى ئۆيدىكىلەرگە قۇيۇپ بولدى. پەقەت جيارۇڭنىڭ خوتۇنىغىلا دېدەك ئارقىلىق شاراب قۇيدى. ئاندىن

دەھلىزگە چىقىپ جيا جېنلارغا قوْيدى. ئوْلارنىڭ قېشىدا بىر دەم ئولتوْروْپ يېنىپ كىرىپ ئوْز ئورنىغا ئولتوْردى.

شورپا تارتىلغاندىن كېيىن، يوْەنشياۋ سوْنوْلدى.

— ئويوْننى توختىتىپ ئارام ئېلىۋالسوْن، — دەپ بوْيىروْدى جيا ئانا، — بىچارە باللارغا ئوْۋال، ئوْلارغىموْ قىزىق شورپا، ئىسسىق غىزا بېرىڭلار، يەپ بولوْپ ئېيتسوْن.

ئاندىن خىزمەتكار ئايالالارنى ئوْلارغا ھەر خىل مېۋە، يوْەنشياۋ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېرىشكە بوْيروْدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئويوْن توختىدى، خىزمەتكار ئايال دائىم بوْ يەرگە كېلىپ توْرىدىغان ئىككى ئايال مەدداھنى باشلاپ كىرىپ ئىككى كىچىك بەندىڭنى بىر چەتكە قويوْپ بەردى، جيا ئانىنىڭ بوْيروْقى بىلەن ئوْلار ئولتوْردى، ئوْچتار بىلەن ئوْدنى قولىغا ئېلىپ بەردى.

— قايسى كىتابتىن ئاڭلىشىلا؟ — دەپ سورىدى ئوْلار جيا ئانا شوۋ ۋە لى خېنىملاردىن.

— قايسىسىلا بولسا بولىۋېرىدوْ، — دېدى ئوْ ئىككى خېنىم.

— يېقىندىن بوْيان يەنە قانداق يېڭى كىتابلاردىن قوشوْپ سوْزلەۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— يېڭى كىتابلاردىن قوشوْپ سوْزلەۋاتقىنىمىز ئاخىرقى تاڭ ۋە بەش خانلىق زامانىدىكى ھېكايىلەر، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال مەدداھلار.

جيا ئانا ھېكايىنىڭ نامىنى سورىغانىدى، ئايال مەدداھلار:

— ئوْنى «ئەنقانىڭ سوْمىوْرغنى ئىزدىگىنى» دەيدوْ، — دېدى.

— بوْ نامىغوْ ياخشى ئىكەن. نېمە ئوْچوْن شوْنداق دەپ ئاتىدىكىن؟ — دېدى جيا ئانا، — ئاۋۋال مەزموْنىنى دەپ باق، قىزىق بولسا سوْزلەرسەن.

— بوْ قىسسىدە ئېيتىلىشىچە، — دېدى بىر ئايال مەدداھ، — ئاخىرقى تاڭ زامانىسىدا بىر يېزا توْرىسى بار ئىكەن، ئەسلىي جىنلىڭلىق كىشى ئىكەن، ئىسمى ۋاڭ جوْڭ ئىكەن، ئىككى

خانلىقتا باش ۋەزىر بوپتىكەن. قىرغان چىغىدا ئائىلىسىگە قايتىپتۇ، ئۇنىڭ بىر تاللا بەگزادىسى بولۇپ، ئىسمى ۋاڭ شىفىڭ ئىكەن.

بۇ ئىسمنى ئاڭلىشى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۇ ئىسىم بىزنىڭ فېڭجيې قىزنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىكەنغۇ؟ — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

خىزمەتكار ئايال دەرھال مەدداھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تۇرتۇپ:

— ئۇ ئىككىنچى كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىسمى، تولا ۋالاقشىما، — دېدى.

— مەيلى، سۆزلەۋەر، — دېدى جيا ئانا.

— ۋاي ئۆلەي، كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇق، — دېدى مەدداھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ.

— نېمە قورقاتتىڭ! سۆزلەۋەر، ئىسمى ئوخشايدىغانلار تولا، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

ئايال مەدداھ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ يىلى ۋاڭ بېگىم بەگزادىسىنى ئىمتىھانغا ئۇلگۇرتۇش ئۇچۇن پايتەختكە يولغا ساپتۇ. ئۇ ئوغۇل بىر كۈنى قاتتىق يامغۇردا قېلىپ، بىر جاڭزىغا كەلگەندە ئۆزىنى يامغۇردىن دالدىغا ئاپتۇ، بۇ جاڭزىدىمۇ بىر يېزا تۆرىسى بار ئىكەن، ئىسمى لى ئىكەن، ۋاڭ بېگىم بىلەن قەدىناس ئىكەن، بەگزادىنى قىرائەتخانىسىدا قوندۇرۇپ قاپتۇ. لى تۆرەمنىڭ ئوغلى يوق، بىر تاللا ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىسمى چۈلۈەن[1] بولۇپ، ساز چېلىش، شاھمات ئويناش، خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىشلىرىدىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن.

— شۇڭا، «ئەنقانىڭ سۈمۈرغنى ئىزدىشى» دەپتىكەن - دە.

---

[1] چۈلۈەن — سۈمۈرغ چۈجىسى دېگەن مەنىدە.

بولدى سۆزلىمە، — دېدى شۇئان جىيا ئانا، — مەن بىلىپ بولدۇم. دېسەم – دېمىسەم، ھېلىقى ۋاڭ شىفېڭ ئاشۇ چۈلۈەن خېنىمنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىشنى ئىزدىگەن نېمە.

— ئۇلۇغ ئانىمىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپتىكەنلا – دە؟ — دېدى ئايال مەدداھ كۈلۈپ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاڭلىمايدىغان ئىش بولامدۇ! — دەپ كۈلۈشتى باشقىلار، — ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، قىياس قىلىپ بىلىۋالىدۇ.

— بۇنداق ھېكايىلەر بىر قېلىپتىلا بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا، — سۆزلىنىدىغىنى يەنىلا شۇ ساھىبجاماللار، بىلىمدانلار، ھېچبىر قىزىقى يوق. خەقنىڭ قىزىنى شۇنداق يامان قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تېخى «ساھىبجامال» دەۋالىدۇ! توقۇغان نېمىسىدە ساھىبجامالىلىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ھە دېسىلا يېزا تۆرىسىنىڭ پۇشتىدىن باشلايدۇ، ئاتىسى ياكى باش مىرزا، يا بولمىسا باش ۋەزىر بولۇپ چىقىدۇ. قىزى بولسا گۆھەردەك ئەتىۋارلىق، ئوقۇمۇشلۇق، ئەدەپ – سۇلكەتلىك، بىلمەيدىغىنى يوق، «زامانىسىدا تەڭدىشى يوق ساھىبجامال» بولىدۇ. لېكىن، كېلىشكەن يىگىتنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۇنىڭ يېقىن – يىراقلاردىن بولۇشىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەي، ئۆزىنىڭ «ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى»نى ئويلايدۇ – دە، ئاتا – ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ، كىتابنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. ئالۋاستى دېسە، ئالۋاستى ئەمەس، ھازازۇل دېسە، ھازازۇل ئەمەس بىر نېمىلەرغۇ ئۇ، ئۇنىڭ نېمىسى ساھىبجامالغا ئوخشىسۇن؟ قورسىقىدا ئىلىم تېشىپ تۇرغىنى بىلەنمۇ، ئۇنداق ئىش چىقارغان تۇرسا، ئۇنى ساھىبجامال دېگىلى بولامدۇ؟ خوش، بىرەر ئەر كىشىنى ئالساق، ئۇنىڭمۇ قورسىقى ئىلىم بىلەن تولغان بولسىمۇ، بېرىپ ئوغرىلىق قىلسا، پادىشاھلىق قانۇن ئۇنى ئۆلىما ئىكەن دەپ، ئوغرىلار قاتارىدا ھېسابلىمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ دېمەك، ھېكايە كىتابنى توقۇپ چىقارغانلار ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئۆزى تۇۋاقلايدۇ.

ئاندىن مەنسەپدار ـ ئوقۇمۇشلۇق چوڭ خانىدانىنى ئالساق، قىزلىرى ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مەرىپەتلىك، ھەتتا ئاغىچا خانلىرىمۇ بىلىمدىن خەۋىرى بار، ئەدەپنى بىلىدىغان، قېرىغاندا خىزمەتتىن چېكىنىپ ئۆيىگە قايتقاندىمۇ، ئېمىكئانا، دېدەكلىرى خان قىزلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ، نېمىشقا بۇ كىتابلاردا ئاشۇنداق ئىش قىلغان قىزلارنىڭ سىرىنى پەقەت ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرلا دېدەك بىلگەن قىلىپ يازىدىغاندۇ؟ ئۇنداق كىتابلارنىڭ ئالدىدا دېيىلگەن گەپ كېيىنكى گەپلىرىگە ئۇدۇل كەلمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇغۇ؟

— ئاغىچا خېنىم مانا بۇ گەپ بىلەن ھەممە يالغاننى ئېچىۋەتتى، — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن.

— ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىنىڭمۇ بىر سەۋەبى بار، — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا، — ئۇنداق كىتابلارنى يازىدىغانلارنىڭ بەزىسى خەقنىڭ باي ـ دۆلەتمەن بولغانلىقىغا ھەسەت قىلىدۇ ياكى بەزىلىرى تىلىكىگە يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايە توقۇپ چىقىپ خەقنى كەمسىتىدۇ. يەنە بىر خىل كىشىلەر بار، بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇۋېرىپ ئۆزى يولدىن چىقىدۇ ـ دە، بىرەر ساھىبجامالنى قولغا كەلتۈرسەم بولاتتى دەپ، كىتاب توقۇپ چىقىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم مەنسەپدار ـ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن! ئۇ كىتابلاردىكى ئۇنداق چوڭ خانىدانلار بۇ ياقتا تۇرسۇن، مۇشۇ ئۆزىمىزدەك ئوتتۇراھال خانىدانىنى ئالساقمۇ، بىزدە مۇنداق ئىشلار يوق. ئۇنداقلار كاپشىۋېرىپ ئېڭىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا بىز مۇنداق ھېكايىلەرنى سۆزلەشكە زادىلا يول قويمايمىز، ھەتتا دېدەكلەرمۇ ئۇنداق گەپلەرنى ئۇقمايدۇ. ئەمدى مەن قېرىپ قالدىم، بىرنەچچە يىل بولدى، بىزنىڭ قىزلارنىڭ تۇرغان يېرى مەندىن يىراقراق بولغاچقا، ئىچىم پۇشۇپ قالغان چاغلاردا ھېكايە سۆزلىتىپ ئاڭلايمەن، بىر يەرلىرىگە كەلگەندە سۆزلەتمەي توختىتىۋالىمەن.

— چوڭ خانىدانىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، — دەپ كۈلۈشتى شۆ ۋە لى خېنىملار، — ھەتتا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ ئۇنداق ھەرقىسما گەپلەرنى بالىلارغا ئاڭلاتقۇزمايمىز.

فېڭجيې جيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ شاراب قۇيدى:

— بولدى، بولدى، شاراب سوۋۇپ قالدى، ئۇلۇغ ئانا، شارابتىن ئوتلاپ كانايلىرىنى نەملىۋېلىپ، ئاندىن پىتنە ـ پاساتلارنى ئېچىۋەتسىلە، بۇ بابنى «پىتنە ـ پاساتنى ئېچىش خاتىرىسى» دەپ ئاتايلى، مۇشۇ خانلىق، مۇشۇ يەر، مۇشۇ يىلى، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ سائەتتە يېزىلغان دەيلى. ئۇلۇغ ئانا، «بىر ئېغىزدا تەڭلا ئىككى خىل تىل بىلەن سۆزلىگىلى بولمايدۇ»، «ئىككى گۈل ئېچىلسىمۇ، ھەر بىرى بىر شاختا بولىدۇ»، «راستىمۇ، يالغانمۇ ئۇنى قويۇپ، پانۇس تاماشىسى قىلىۋاتقان، ئويۇن كۆرۈۋاتقانلارنىڭ گېپىنى قىلايلى.» ئۇلۇغ ئانا، مۇنۇ ئىككى تۇغقانلىرىغا شاراب ئىچۈرۈپ، بىر ـ ئىككى پەردە ئويۇن كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىر سۇلالە بويىچە ئۆتكەن پىتنە ـ پاساتلارنى ئېچىپ تاشلىسىلا قانداق؟

فېڭجيې گەپ قىلىۋېتىپ، شاراب قۇيۇۋېتىپ ھە دەپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ قېتىپلا قالدى. ئىككى ئايال مەدداھمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي:

— كېلىن ئاغىچىنىڭ ئاغزى چاققان ئىكەن! كېلىن ئاغىچا ھېكايە ئېيتىدىغان بولسا، ھەتتا بىزگە نان تېپىپ يەيدىغان ئورۇن قالمىغۇدەك! — دېيىشتى.

— بوشراق يايرىسىڭىز بولارمىكىن! — دېدى شۆ ھامما كۈلۈپ، — تاشقىرىدا ئادەم بار، ھازىر ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ.

— تاشقىرىدا جياجېن غوجا ئاكاملار بارغۇ، — دېدى فېڭجيېمۇ كۈلۈپ، — بىز دېگەن بىرىمىز ئاكا، بىرىمىز سىڭىل، كىچىكىمىزدىن تارتىپ شوخلۇق قىلىپ چوڭ بولغان. بىرقانچە يىل بولدى، تۇغقان بولۇپ قالدۇق، شۇڭا مەن ھازىر

كۆپ ھايا قىلىدىغان بولدۇم! كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئاكا ـ سىڭىل بولماي، پەقەت قېيىنئاغا ـ قېيىنسىڭىل بولغانلىقىمىزنى دېگەن تەقدىردىمۇ، يىگىرمە تۆت ۋاپاداردىكى «ئالىيېشىل كىيىم كىيگەن لاۋلەيزى»[1]دەك، ئۇلار كىرىپ باللىق قىلىپ ئۇلۇغ ئانىمىزنى كۈلدۈرەلمەيدۇ، مەن بۇ يەردە مىڭ تەسلىكتە ئۇلۇغ ئانىمىزنى كۈلدۈرۈپ، كۆپرەك غىزا يېگۈزۈۋاتىمەن، ھەممەيلەن خۇشال بولۇۋاتقاندىن كېيىن، ماڭا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي مېنىڭدىن كۈلسە بولامتىيا؟

— راست، — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا، — بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك بىرەر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىغانىدىم، فېڭجيې قىز ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ كۈلدۈرۈپ، خېلىلا كۆڭلۈمنى ئېچىپ قويدى. يەنە بىر قەدەھ ئىچەي، — جيا ئانا شارابنى ئىچىپ بولۇپ باۋيۈينى بۇيرۇدى، — ئاچاڭغا بىر قەدەھ تۇت.

— بولدى، ئۇ تۇتمايلا قويسۇن، مەن ئۇلۇغ ئانىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەي، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ ۋە جيا ئانىنىڭ ئالدىدىكى قەدەھنى ئېلىپ، قېلىپ قالغان يېرىم قەدەھ شارابنى ئىچىۋەتتى، قەدەھنى دېدەككە بېرىپ، ئىسسىق سۇغا چىلانغان باشقا بىر قەدەھنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە داستىخاندىكى قەدەھلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئىسسىق سۇغا چىلانغان قەدەھلەرگە ئالماشتۇردى، يېڭى شاراب قۇيدۇرۇپ كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىسە، بىر يۈرۈش غەزەلگە چېلىپ بەرسەك بولارمىكىن، — دەپ سورىدى ئايال مەدداھ.

---

① يىگىرمە تۆت ۋاپادار — يۈەن دەۋرىدە كۈڭزىچى موللا فۇجۇيىي تۈزگەن ۋاپادارلىقنى ماختايدىغان كىتاب، يىگىرمە تۆت ۋاپادار باللىنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغان. «ئالىيېشىل كىيىم كىيگەن لاۋلەيزى» ئەنە شۇ يىگىرمە تۆت ۋاپادارنىڭ بىرسى.

— ئىككىڭلار «سەركەردىنىڭ بۇيرۇقى»نى ئېيتىپ بېرىڭلار، — دېدى جىيا ئانا.

مەدداھلار دەرھال سازنىڭ پەدىلىرىنى تەڭشەپ ئېيتىشقا تەمشەلدى.

— قانچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتى بولدى، — دېدى خىزمەتكار ئاياللار.

— شۇڭا، سوغۇق ئۆتۈپتىكەن ـ دە، — دېدى جىيا ئانا.

دېدەكلەر ئۇستىلەپ جىيا ئانىنىڭ كىيىدىغان كىيىملىرىنى ئاللىقاچان ئەكېلىپ قويغانىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئىللىق ھۇجرىدىكى كاڭغا يۆتكىلىپ كىرسىلىمۇ بوپتىكەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ، — بۇ ئىككى تۇغقىنىمىزمۇ يات ئادەم بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بىز ھەمراھ بولساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھەممىمىزلا شۇ يەرگە كىرسەك، ئىسسىقراق ئولتۇرمايمىزمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا.

— ئىچكىرىگە سىغماسمىزمىكىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇنىڭغا مەن يول كۆرسىتەي، — دېدى جىيا ئانا، — ئەمدى مۇنۇ جوزىلارنىمۇ ئىشلەتمەي، ئىككى ـ ئۈچىنى جۈپلەپ قويۇپ، ھەممىمىز يىغىلىپ قىستىلىپراق ئولتۇرساق كۆڭۈللۈك ھەم ئىسسىق ئولتۇرىمىز.

— شۇنداق قىلساق كۆڭۈللۈك بولىدۇ! — دېدى باشقىلارمۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داستىخاندىن تۇرۇشتى. خىزمەتكار ئاياللار داستىخانلارنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئۈچ جوزىنى قاتارىسىغا جۈپلەپ قويدى،

قەنت ـ گېزەكنى قايتىدىن راسلىدى.

ــــ قورۇنماڭلار، مەن كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، ــــ دېدى جيا ئانا ۋە شۆ ھاممىنى ئۇدۇل تۆرگە ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى غەرب تەرەپتىرەك ئولتۇردى، باۋچىن، دەيىيۈي، شياڭيۈنلەرنى ئۆزىنىڭ ئوڭ ـ سول يانلىرىغا يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

ــــ ئاناڭغا يېقىن ئولتۇر، ــــ دېدى باۋيۈيگە ئۇ.

شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئارىسىغا باۋيۈي قىسىلدى. باۋچەي ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى غەرب تەرەپتە، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىراق لۇشى خېنىم جيالەن بىلەن ئولتۇرۇشتى. يۈشى خېنىم بىلەن لى ۋەن ئارىسىغا جيالەننى ئېلىپ ئولتۇردى. تۆۋەندە بىر چەتتىرەك جيارۇڭنىڭ خوتۇنى خۇشى ئولتۇردى.

ــــ غوجام بالام، ــــ دېدى جيا ئانا جيا جېنغا، ــــ سەن ئىنىلىرىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ، مەنمۇ ئەمدى ئۇخلايمەن.

جيا جېنلار دەرھال خوش دېيىشىپ، يەنە نېمە گېپى باركىن دەپ ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولۇۋىدى.

ــــ بولدى، كېتىۋېرىڭلار، بۇ يەرگە كىرمەڭلار، ــــ دېدى جيا ئانا، ــــ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ بولغاندا، بۇلار يەنە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىدۇ. سەنمۇ بېرىپ ئارام ئال، ئەتە يەنە مۇھىم ئىش بار.

جياجېن خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ:

ــــ رۇڭئېر شاراب قۇيۇپ بېرىشكە قالسۇنمىكىن، ــــ دېدى كۈلۈمسىرەپ.

ــــ ھە راست، ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــــ دېدى جيا ئانا.

جياجېن خوش دەپ كەينىگە بۇرىلىپلا جيالىيەنلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. جياجېن بىلەن جيالىيەن بەك خۇشال ئىدى، ئۇلار جياسۇڭ، جياخىڭلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇشقا كىشى

www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى

بۇيرۇدى، ئاندىن ئىككىسى راسا كەيپ ـ ساپا قىلىش ئۈچۈن كېلىشىۋالدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

بۇ يەردە جىيا ئانا كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— بىز ھەممىمىز كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا، نەۋرىلەر داستىخاندا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بىللە ئولتۇرسا ئوبدان بولاتتى دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. رۇڭئېر بىلەن ئەمدى تەلتۆكۈس بولدى. رۇڭئېر، خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە ئولتۇرساڭ جەم بولغان بولىسىلەر.

ئۆيدىكى ئاياللاردىن بىرسى ئويۇننىڭ تىزىملىكىنى سۇنغانىدى، جىيا ئانا كۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— بىز ئانا ـ بالىلار يايراپ پاراڭلىشىۋاتساق، يەنە ۋاڭ ـ چۇڭ قىلدۇرامسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇنچى بالىلار كېچىچە ئۇخلىيالمىسا سوغۇقتا توڭلايدۇ. بولدىلا، ئۇلارمۇ ئارام ئالسۇن، ئۆزىمىزنىڭ ئويۇنچى قىزلىرىنى چاقىرىڭلار، مۇنۇ سەھنىدىلا بىر ـ ئىككى ئويۇن كۆرسەتسە، ئاۋۇ ئويۇنچىلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن.

ئاياللار خوش دەپ چىقىپ كەتتى ۋە ئويۇنچى قىزلارنى چاقىرىش ئۈچۈن نەزەرباغقا كىشى ئەۋەتتى. ئاندىن ئارا دەرۋازىغا چىقىپ مۇلازىم بالىلارنى كۈتكۈچىلىك قىلىشقا جورۇدى. مۇلازىم بالىلار دەرھال ئويۇنخانىغا كېلىپ، بالىلارنىلا قالدۇرۇپ، چوڭ ياشتىكى ئويۇنچىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، نەشپۈتلۈك ھويلىدىكى ئويۇنچى ئۇستاز ۋېنگۈەن باشلىق ئون ئىككى قىزنى باشلاپ، سەيلە ئايۋاننىڭ يان ئىشىكىدىن چىقتى. خىزمەتكار ئاياللار كىيىم ـ جاھاز ساندۇقلىرىنى ئاچىقىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن، يېنىك بوغچىلارغا جىيا ئانا ياقتۇرىدىغان تۆت ـ بەش ئويۇنغا كېرەكلىك رەڭدار كىيىملەرنى ئوراپ كۆتۈرۈپ چىقتى. خىزمەتكار ئاياللار ۋېنگۈەن باشلىق ئويۇنچى قىزلارنى باشلاپ كىردى، ئۇلار قوللىرىنى سىلىپ تۇرۇشتى.

— ھېيت ـ ئايەمدە ئۇستازىڭلار سىلەرنى ئوينىغۇالسۇن دەپ قويۇپمۇ بەرمەپتۇ؟ — دېدى جيا ئانا كۇلۇپ، — سىلەر ھازىر نېمىنى ئوينايسىلەر؟ بايا «سەككىز ئەزىمەت»نىڭ سەككىز كۆرۈنۈشىنى ئوينىغۇدى. غەلىۋىدىن بېشىم ئاغرىپ كەتتى، سىلەر غەلىۋىسى يوق ئويۇندىن ئويناڭلارچۇ. كۆردۇڭلارمۇ، شۇ ھامما خېنىم بىلەن مۇنۇ لى قۇدا خېنىم ئۆز ئۆيلىرىدە مەخسۇس ئويۇنچىلىرى بار كىشىلەر، بۇلار ياخشى ئويۇنلارنى ناھايىتى تولا كۆرگەن، مۇنۇ خان قىزلارمۇ بىزنىڭ ئائىلىدىكى خان قىزلارغا قارىغاندا ئوبدان ئويۇنلارنى كۆرگەن، ئوبدان ناخشىلارنى ئاڭلىغان. باياتىن ئويۇن قويغانلار ئاتاقلىق ئويۇنچىلارنىڭ ئۆمىكىدىكى ئويۇنچىلار ئىكەن، بۇلار كىچىك باللار بولسىمۇ، چوڭ ئويۇنچىلاردىن ئۇستا ئىكەن. سىلەر ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ، كېيىن سۆز ـ چۆچەككە قالىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئىلاج قىلىپ يېڭىلىرىنى كۆرسىتىڭلار. فاڭگۇەن «چۇشىدىكىنى ئىزدەش»[1]نى ئوينىسۇن، بالىمان بىلەن نەيدىلا تەڭكەش قىلىپ بەرسە بولىدى، قالغان سازنى ئىشلەتمەڭلار.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، دېگەنلىرى توغرا، — دېدى كۇلۇپ ۋېنگۇەن، — بىزنىڭ ئويۇنلىرىمىز ھامما خېنىم ۋە قۇدا خېنىم، خان قىزلارغا ئەلۋەتتە پىسەنت كەلمەيدۇ، پەقەت كالدىرلاشلىرىمىزنى، كاركىراشلىرىمىزنىلا ئاڭلىسا بولىدۇ.

— شۇنى دېگىنە، — دېدى جيا ئانا كۇلۇپ.

لى خان ئاچا بىلەن شۆ ھامما خۇش بولۇپ كۇلۇشۇپ كەتتى.

— نېمىدېگەن چىچەن قىز بۇ! سەنمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا قوشۇلۇپ بىزنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ! — دېيىشتى ئۇلار.

---

[1] «چۇشىدىكىنى ئىزدەش» — مىڭ سۇلالىسىدىن تاڭ شيەنزۇنىڭ «مودەن شىپاڭى» نىڭ ئون ئىككىنچى كۆرۈنۈشى. بۇنىڭدا، دۇلىنياڭ چۇشىدە ليۇمېڭمېينى كۆرگەندىن كېيىن، چۇشىدە كۆرگەن جاي بويىچە چۇشنى ئەسلىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

— بۇلارمۇ بولۇشىغىلا كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان ئويۇنچىلار، تالا ـ تۇزگە چىقىپ پۇلغا ئويۇن قويىدىغانلارمۇ ئەمەس، شۇڭا ئانچە زامانغا لايىق بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن، — دېدى جىيا ئانا، ئاندىن كۇيگۇەننى بۇيرۇدى، — «خۇيمىڭنىڭ خەت ئاپىرىشى»[1]نى ئوينا، يۇزۇۋېنىمۇ بويىما. ئاشۇ ئىككى كۆرۈنۈشنىلا ئويناڭلار، مۇنۇ ئىككى خېنىم ئاڭلاپ كۆڭلىنى ئاچسىلا بولىدى، ئازراق كۈچۈڭنى ئاياىدىغان بولساڭ ئۇنىڭغا مەن ئۇنىمايمەن.

ۋېنگۇەنلەر قايتىپ چىقىپ ئالمان ـ تالمان كىيىنىشىپ سەھنىگە چىقتى. ئاۋۋال «چۈشىدىكىنى ئىزدەش»نى، ئاندىن «خەت ئاپىرىش»نى ئوينىدى. ھەممەيلەن ئۈن ـ تىنىش چىقارماي ئولتۇرۇشتى.

— نەچچە يۇزلەپ ئويۇن كۆرگەندىمەن، بالىمان بىلەنلا ئوينىغاننى زادىلا كۆرمەپتىمەن، — دېدى شۆ ھاما كۈلۈپ.

— ئىلگىرىمۇ ئوينالغان، — دېدى جىيا ئانا، — بۇ بايىقى «غەربىي راۋاقتىكى ئۇچرىشىش»تىكى «چۇجياڭ ئىشقى» دېگەن غەزەلگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا قوشۇلغىنى يىگىت بالماندا جور بولۇپ بەرگىنى. چوڭ ئويۇنلاردا مۇنداق جور بولۇش ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدۇ. بۇمۇ كىشىنىڭ كۆڭۈل تارتىشىغا باغلىق بىر ئىش، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار دەيلا؟ — ئاندىن شىياڭيۈننى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — مەن مۇشۇنچىلىك چېغىمدا بۇنىڭ بوۋىسىنىڭمۇ بىر بەنزە ئويۇنچىلىرى بار ئىدى، ئارىسىدا چارتار چالىدىغان بىرسى بولىدىغان. «غەربىي ھۇجرا»دىكى «چارتار ئاڭلاش»نى، «قاشتاش تۇرگۇچ»تىكى «چارتار چېلىش»نى، «ئۇد نەغمىسىنىڭ داۋامى»

---

① «خۇيمىڭنىڭ خەت ئاپىرىشى» — «غەربىي ھۇجرا» نىڭ ئىككىنچى كىتابىدىكى بىرىنچى كۆرۈنۈش. بۇنىڭدا راھىب خۇيمىڭنىڭ سەركەردە دۇجۈگە خەت ئاپىرىپ، ئۇنى پۇجىسىغا كېلىپ قورشاشتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

دىكى «چۆرىدە ئون سەككىز ئۇدار»[1]نى چالسا، نەق ئۆزىدەكلا ئاڭلىناتتى. مۇنۇ نەدە ئۇنداق چالالىسۇن؟

— ئۇنداقلىرىغا ئۇلىشىش تەس گەپ، — دېدى باشقىلار.

جيا ئانا خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرىنى چاقىرىپ، ۋېنگۇەنلەر بىر يۇرۇش «پانۇس يورۇقىدا تولۇن ئاي» نى چېلىپ بەرسۇن دەپ جېكىلىدى. خىزمەتكار ئايال بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

جيارۇڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر قۇر شاراب تۇتۇپ چىقىشتى. جيا ئانىنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، فېڭجيې:

— ئايال مەدداھلار مۇشۇ يەردىكى چاغدا مېيخۇا تۇتۇشۇپ، «باھاردىكى خۇش چىراي» دېگەن شاراب ئويۇنىنى ئېيتىشساق قانداق؟ — دەپ كۈلدى.

— بۇ بەك ئوبدان، راسا ھازىر باب ئويۇن، — دەپ كۈلدى جيا ئانا ۋە شۇزامانلا تۇچ مىخلىق قورسىقى قارا سىرلانغان غەزەل دۇمبىقىنى ئالدۇرۇپ، ئايال مەدداھقا بەرگۈزدى. داستىخاندىن بىر تال قىزىل مېيخۇانى ئېلىپ:

— گۈل كىمنىڭ قولىغا ئۆتكەندە دۇمباق توختاپ قالسا شۇ بىر قەدەھ شاراب ئىچىدۇ، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئاندىن ئانچە - مۇنچە بىرنېمە ئېيتىپ بېرىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ھېچكىم ئۇلۇغ ئانىمىزدەك نېمە دېسە، شۇنى دەپ بېرەلمەيدۇ.

---

① «چارتار ئاڭلاش» — «غەربىي ھۇجرا» نىڭ ئىككىنچى كىتابىنىڭ بەشىنچى كۆرۈنۈشى، جاڭ شېڭنىڭ چارتار چېلىشىنى سۇي يىڭيىڭنىڭ ئاڭلىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ؛ «قاشتاش تۇرگۇچ» — مىڭ دەۋرىدە گاۋلىيەن يازغان سەھنە ئەسىرى، «چارتار چېلىش» نىڭ ئون ئالتىنچى كۆرۈنۈشى؛ راھىبە چېن مياۋ چاڭنىڭ دىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، پەن بىجىڭغا تەگكەنلىك ۋەقەسى ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ چارتال ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقانلىقىنى ئىپادىلىگەن؛ «ئۇد نەغمىسىنىڭ داۋامى» — ساۋشۆچىننىڭ بوۋىسى ساۋيىن يازغان سەھنە ئەسىرى. بۇنىڭدا ھۇنلار بۇلاپ كەتكەن مەلىكە سەي ۋېنجى «چۆرىدە ئون سەككىز ئۇدار» دېگەن ئاھاڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ چۆرە — چالغۇ ئەسۋابى.

بىزدەك ئۇقمايدىغانلارغا كېلىپ قالسا نېمە قىزىقى بولسۇن؟ ئۇقىدىغانلار بىلەن ئۇقمايدىغانلار تەڭ ھوزۇر ئالالايدىغان بولسا ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، كىمدە توختاپ قالسا شۇ كۈلكىلىك گەپ قىلىپ بەرسۇن.

ھەممەيلەن فېڭجيېنىڭ ئادەتتە پاراڭچى ـ چاقچاقچى ئىكەنلىكىنى، قورسىقىدا تېخىچە پېتى بۇزۇلمىغان بىرمۇنچە قىزىقچىلىقلىرى بارلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ گېپى داستىخان تۆپىسىدىكىلەرگىلا ياراپ قالماستىن، پەگاھتا خىزمەت قىلىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك خىزمەتكارلارغىمۇ ياراپ كەتتى. چۆرە قىزلار ھاپىلا ـ شاپىلا:

— چاپسان بولۇڭلار، كېلىن ئاغىچا چاقچاق گەپ قىلىپ بېرىدىكەن! — دەپ ئېگىچە ـ سىڭىللىرىنى چاقىرىشتى، ھەممىسى كېلىپ بىر ئۆيگە سىغدالدى.

شۇنىڭ بىلەن سەھنىدىكى ئويۇن توختىدى، جيا ئانا قالغان ـ قاتقان شورپا، پېچىنە، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ۋېنگۇەن باشلىق ئويۇنچى قىزلارغا بەرگۈزۈپ، ئاندىن دۇمباقنى چېلىشقا بۇيرۇدى. ئايال مەدداھلار دۇمباقنى چېلىش قائىدىسىنى پىششىق بىلەتتى، دۇمباقنى گاھىدا تېز، گاھىدا ئاستا، بەزىدە قالدۇق سۇ تامچىلىغاندەك، بەزىدە پۇرچاق تۆكۈلگەندەك، گاھىدا ئۈركۈگەن ئات چاپقاندەك، گاھىدا چاقماق چاققاندەك چالاتتى، دۇمباق چېلىنىۋېتىپ بىردىنلا ئاۋازى پەسلەپ تۇراتتى، مېيخۇا گۈل جيا ئانىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەنلا چىپپىدە توختاپ قالدى. ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. جيارۇڭ دەرھال كېلىپ بىر قەدەھ قۇيدى.

— دەرۋەقە، ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم خۇش بولسا، بىزمۇ شۇ باھانىدە خۇش بولۇپ قالىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— بۇ شارابقۇ مەيلى، چاقچاق گەپ قىلىپ بېرىش تەس كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېي قىزدىنمۇ قىزىق سۆزلەيدۇ.

بىرەر گەپ ئىلتىپات قىلسىلا، بىزمۇ كۈلۈشۈپ قالايلى، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

— كۈلدۈرگۈدەك يېڭى گەپمۇ يوق، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — مەيلى، يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ بىرەر گەپ قىلىپ بەرسەم قىلىپ بېرەيلا: بىر ئائىلىنىڭ ئون ئوغلى بار ئىكەن، ئونى ئون خوتۇن ئاپتۇ. پەقەت ئونىنچى ئوغۇلنىڭ خوتۇنىلا ئەقىللىك، چېچەن، پەمى بار، ئاغزى يۇمشاق ئىكەن، قېيىنئانىسى شۇنىڭغىلا ئامراق ئىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە قالغان توققۇزىنى ھۆرمىتىمنى قىلمايدۇ، دەيدىكەن. بۇ توققۇز كېلىن رەنجىپ: «بىز توققۇزىمىز كۆڭلىمىزدە ھۆرمەت ـ ئىززەت قىلساقمۇ، بىزنىڭ مۇشۇ جۇۋاينىمەك ئاغزىمىز يۇمشاق ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىمىز شۇنىلا ماختايدۇ. بۇ دەردىمىزنى كىمگىمۇ ئېيتارمىز؟» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئارىسىدىن دىتى بار بىرسى: «بىز ئەتە يامرا بۇتخانىسىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ يامرا ئىگەمگە دەيلى، ئۇنىڭدىن: بىز ئادەم بولۇپ تۆرەلگەندە نېمىشقا ئاشۇ جۇۋاينىمەكنىڭلا ئاغزى يۇمشاق بولۇپ يارىتىلىپ، بىز ئاغزى قاتتىقلار قاتارىغا كىرىپ قالغان، دەپ سوراپ باقايلى» دەپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن قالغان سەككىزى خۇشال بولۇپ: «بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى!» دەپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يامرا بۇتخانىسىغا كۆجە كۆيدۈرگىلى بېرىپ، نېمىشقىدۇر، توققۇزى نەزىر جوزىسىنىڭ تېگىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. توققۇز ئەرۋاھ يامرا ئىگەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، شۇنچە كۈتسىمۇ ھېچ كەلمەپتۇ. راسا ئىچى تىتىلداپ تۇرغاندا، سۇن دەرۋىش بۇلۇتتا ئولتۇرۇپ كېلىپ، ئالتۇن توقىلىق گۇرزە بىلەن ئۇلارنى ئۇرماقچى بوپتۇ. توققۇز ئەرۋاھ قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. سۇن دەرۋىش ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغانىكەن، توققۇز خوتۇن ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۇن دەرۋىش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يەرنى بىر تېپىپ قويۇپ:

«بەختىڭلارغا يارىشا ماڭا ئۇچراپ قاپسىلەر ! يامرا كەلگىنى بىلەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇمۇ ئۇقمايدۇ» دەپتۇ. توققۇز خوتۇن: «ئۇلۇغ ئەۋلىيا، رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولسىلا بىزگە ياخشى بولاتتى !» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. سوڭ دەرۋىش كۇلۇپ: «بۇمۇ تەس ئىش ئەمەس. سىلەر ئۇن ئەپيەڭگە تۆرەلگەندە مەن يامرانىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتىم، سىگۇم كېلىپ يەرگە سىيسەم، سىلەرنىڭ كىچىك يەڭگەڭلار ئىچىۋالغان. سىلەرمۇ چىچەن، ئاغزىمىز سىلىق بولسۇن دېسەڭلار، سۈيدۈك دېگەن تېپىلىدۇ، سىيىپ بېرەي ئىچىڭلار» دەپتۇ.
گەپ تۈگىشى بىلەن ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى.
— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ ! ھېلىمۇ ياخشى بىز ھەممىمىزنىڭ ئاغزىمىز قاتتىق، تىلىمىز كالۋا ئىكەن، بولمىسا بىزمۇ مايمۇننىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەن بولىدىكەنمىز! — دەپ كۇلدى فېڭجيې.
يۈشى، لۇشى خېنىملار كۇلۇشۇپ، لى ۋەنگە قاراپ:
— ئارىمىزدا كىم مايمۇن سۈيدۈكىنى ئىچكەن بولسا، شۇ ئۆزىنى ھېچ ئىش كۆرمىگەنگە سېلىۋالمىسۇن ! — دېيىشتى.
— چاقچاقمۇ بىركىمگە قارىتىلسا كۇلكىلىك بولىدىكەن، — دەپ كۇلدى شۆ خامما.
ئاندىن دۇمباق يەنە چېلىندى. چۆرە قىزلار فېڭجيېنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ، ئايال مەدداھلارغا ئاستا كۇسۇرلاپ، يۆتەل بىلەن بەلگە بېرىدىغان بولدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە، گۇل ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ، فېڭجيېنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەنلا، چۆرە قىزلاردىن بىرسى قەستەن يۆتىلىپ قويۇۋىدى، ئايال مەدداھ دۇمباقنى توختاتتى.
— بۇ ئەمدى قولغا چۈشتى ! — دېيىشتى ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ، — شارابنى چاپسانراق ئىچىپ، ئوبدان بىر چاقچاق گەپ قىلىپ بەرسۇن، لېكىن كۆپ كۇلدۇرۇۋېتىپ ئۇچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋەتمىسۇن!

فېڭجيې سەل ئـويلىنـىۋېلـىپ، ئاندىن كـولـوپ قويۇپ سـۆز باشلىدى:

— بىر ئۆيلۈك كىشىلەر چـاغان قىپـتۇ، پانۇس تـاماشىسـى قىلىپ شاراب ئىچىپ راسا قايىنىشـىپتۇ. چـوڭ قېيىـنئانا، خـان قېيىـنئانـا، كېلـىـن، نەۋرە كېلـىن، ئەۋرە كـېلـىن، ئـۆز نـەۋرە كېلىن، جىيەن نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، كوكونەۋرە، قىز نەۋرە، يات قىز نەۋرە، هامما قىز نەۋرىلەر، يەزنە قـىز نەۋرىلـەر ... ۋاي ـ ۋوي ! راسا قايىنىشىپتۇ ! ...

هەممەيلەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە كولۇشۇپ:

— مـونۇ ۋالاقتـەگـكـورنـىڭ گـەپلـىـرىـنى ! قـايـسـىمـىـزغـا تەگكوزىدىغاندۇ بۇ ! — دېيىشتى.

— ماڭا تەگكوزىدىغان بولساڭ ئاغزىڭنى يىرتىۋېتىمـەن ! — دېدى كولوپ يۇشى خېنىم.

— مـەن بـۇ يـەردە كـوچـىـنـىـپ كـېتـىـۋاتـسام، سـىلـەر ئېلىشتۇرغىلى تۇردۇڭلارغـۇ؟ ئەمىسـە ئېيتـمايمـەن، — دېـدى فېڭجيې ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ.

— سەن گېپىڭنى دەۋەر، ئايىغىدا نېمە بوپـتۇ؟ — دېدى جيـا ئانا كولوپ.

— ئايىغىدا، — دېدى فېڭجيې ئويلىنىپ، — هەممىسى بىـر ئۆيگە يىغىلىشىپ، كېچىچە شاراب ئىچىپ تارقاپ كېتىپتۇ.

بـاشقىـلار ئـۇنـىڭ گـەپـنى رۇسـلاپ سـىپـايـىـلـىك بـىـلـەن سۆزلەۋاتقانلىقىنـى كۆرۈپ، باشقـا هېچقـانداق گەپ قـىـلـىشمـاي، هېيىقىپراق ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا، ئۇ سوۋۇپ قېلىپ گېپىنى توختىتىۋالدى. شياڭيۈن ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى.

— چاغان ئوينىغانلاردىن يەنە بىـرنى دەپ بېرەي، — دېـدى فېڭجيې كولـوپ، — بىرقانچەيلەن ئـۆيدەك يوغان پـوجاڭزىنـى كۆتـۈرۈپ چىقىـپ، ئېتىـش ئۈچۈن شەهـەردىن چىقىپتۇ، ئـون مىڭچە ئادەم كۆرگىلى كەينىدىن بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئالدىراڭغۇراق بىرسى تاقەت قىلالـماي، ئوغرىلىقچە

پىلتىسىگە كوْجە يېقىۋېتىپتىكەن. «پوك»لا قىلىپ قاپتۇ ــ دە، ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ تارقىلىپ كېتىپتۇ. پوجاڭزا كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر، پوجاڭزىنى پۇختا ياسىماپتۇ، ئېتىلمايلا تۇزۇپ كېتىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ، دەپ پوجاڭزا ساتقۇچىدىن ئاغرىنىپتۇ.

ــ ئېتىلغىنىنى ئۆزى ئاڭلىماپتىمۇ؟ ــ دېدى شياڭيۈن.

ــ ئۆزى گاس ئىكەن، ــ دېدى فېڭجيې.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باشقىلار ئويلىنىپ قېلىپ، بىردىنلا پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئايىغى چىقمىغان بالدۇرقى چاقچاقنىڭ گېپىنى قىلىپ، فېڭجيېدىن سوراشتى:

ــ بايىقىنىڭ ئايىغىدا زادى قانداق بوپتۇ؟ ئايىغىنى چىقىرىۋېتىڭچۇ.

فېڭجيې جوزىغا پاققىدە ئۇرۇپ قويۇپ:

ــ نېمانداق گېجىڭلىق بۇ! ئەتە ئون ئالتىنچى كۈنى بولىدۇ، چاغانمۇ تۈگەيدۇ، ھېيتمۇ تۈگەيدۇ، خەقنىڭ نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشتىن بېشى قېتىۋاتسا، ئۇنداق ئىشلارنىڭ ئايىغى خىيالىغا كېلەمتى؟

بۇ گەپكە ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئاشتى، ــ دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، ــ پەممىچە، ئۇلۇغ ئانىمىزمۇ ھېرىپ قالدى، بىزمۇ «گاس ئادەم ئاتقان پوجاڭزىدەك تۇزۇپ كەتسەك» بولارمىكىن؟

يۈشى خېنىملار ئاغزىلىرىغا قول ياغلىقلىرىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تېلىقىپلا قېلىشتى ۋە فېڭجيېنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇ نېمىزە، راستلا ۋالاقتەگكۈر ئىكەن! ــ دېيىشتى.

ــ راست، بۇ فېڭجيې قىز بارغانسېرى كاسكى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! ــ دېدى جيا ئانا. ئاندىن يەنە شۇنى تاپىلىدى، ــ ئۇ پوجاڭزىنى ئېسىمىزگە كەلتۈرۈپ قويدى، بىزمۇ پوجاڭزا ئېتىپ شارابنىڭ كەيپىنى تارقىتايلى.

جياروڭ دەرھال چىقىپ، مۇلازىم باللارنى باشلاپ ھويلىغا

شىرمەل قويدۇردى، پوجاڭزىلارنى ئېسىپ تەييارلاتقۇزدى. بۇ پوجاڭزىلار ھەرقايسى جايلاردىن ئوردىغا تارتۇق قىلىنغان، ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئەپچىل، چىرايلىق ياسالغان، ھەممە نەرسىلىرى تەلتۆكۈس، رەڭمۇرەڭ گۈللۈك بولۇپ ئۇچقۇنلايدىغان پوجاڭزىلار ئىدى. دەييۈي تۇغۇلۇشىدىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، پاڭ - پۇڭ قىلغان ئاۋازلاردىن قورقاتتى، جيا ئانا ئۇنى قوينىغا ئېلىۋالدى. شۆ ھاما شياڭيۈننى قۇچاقلىۋالاي دېۋىدى:

— مەن قورقمايمەن، — دېدى شياڭيۈن.

— بۇ ئۆزى چوڭ - چوڭ پوجاڭزىلارنى ئېتىشقا ئامراق تۇرسا، بۇنىڭدىن قورقامتى! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى قۇچاقلىۋالدى.

— بىزگە ھېچكىمنىڭ ئىچى كۆيمەيدىكەن! — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

— مانا مەن بار، سېنى مەن قۇچاقلاي، — دېدى يۇشى خېنىم كۈلۈپ، — ئەمدى ئەركىلىگىلى تۇردۇڭ، پوجاڭزا ئاتىمىز دېگەننى ئاڭلاپ، «موم چىشلىگەندەك» بولۇپ قالدىڭغۇ؟ باياتىن نايناقلاپ كېتىۋىدىڭ؟

— بۇ يەردىن تارقالغاندا، بىز باغقا بېرىپ ئاتايلى. مەن مۇلازىم باللاردىنمۇ ئوبدان ئاتىمەن، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

گەپ ئارىلىقىدا تالادا رەڭگارەڭ پوجاڭزىلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇز»، «بۇلۇتقا كىرگەن توققۇز ئەجدىھا»، «تۇزلەڭدىكى گۈلدۇرماما»، «كۆككە يەتكەن ئون سادا» دېگەندەك پارچە - پۇرات پوجاڭزىلارمۇ نۇرغۇن ئىدى. پوجاڭزىلار ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئويۇنچى قىزنى «نېلۇپەر تۇزۇتۇش» نى ئورۇنلاشقا بۇيرۇغانىدى، ئۇلارغا چېچىلغان داچەن پۇل سەھنىنى بىر ئالدى، باللار سەھنىدە پۇل تالىشىپ ئويناشتى.

شورپا تارتىلىدىغان چاغدا، جيا ئانا:

— تۈن ئۇزۇن ئىكەن، ئويۇن بىلەن بولۇپ قورساق

www.uyghurkitap.com

ئاچقانىمۇ بىلمەپتۇق، — دېدى.

— ئۆردەك گۆشى سېلىنغان شوۋىگۈرۈچ تەييارلاپ قويغان، — دېدى فېڭجيې دەرھال.

— مەن ياغسىزراقىنى ئىچەي، — دېدى جيا ئانا.

— چىلان سېلىنغان شوۋىگۈرۈچمۇ بار، — دېدى فېڭجيې.

— ئاشۇ بولغۇدەك، — دېدى جيا ئانا.

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ، ئىچكىرىكى - تاشقىرىقى ئۆيلەرگە يېڭىباشتىن ھەر خىل ئېسىل سەيلەر كەلتۈرۈلدى. ھەممەيلەن كۆڭۈل تارتىشىچە يېيىشتى، ئېغىز چايقايدىغان چايدىن كېيىن تارقىلىشتى.

ئون يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە يەنە نىڭگو قەسرىگە ئۆتۈپ تەزىم قىلىشتى، خانقانى تاقاشقا، رەسىملەرنى يىغىشتۇرۇشقا قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كېلىشتى. شۇ كۈنى شۆ ھامما ئۆيىگە ھېيت چېيىغا چىللىدى. جيا ئانا بىرقانچە كۈن ئۇدا مېھماندارچىلىق بىلەن بولۇپ ھېرىپ كەتكەچكە يېرىم كۈنچە ئولتۇرۇپ يېنىپ كەلدى. ئون سەككىزىنچى كۈندىن كېيىن، چىللاپ كەلگەن يېقىن - يۇرۇقلىرى ياكى مېھمان بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن كۆرۈشمىدى، ئۇلارغا شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيېلەر جاۋاب بەردى، ھەتتا باۋيۈيمۇ، ئۇلۇغ مومام ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىدۇ دەپ ئېلىپ قالدى، دېگەن باھانە بىلەن ۋاڭ زىتېڭ ئائىلىسىدىن باشقا ھېچ يەرگە بارمىدى.

پانۇس بايرىمى ئۆتۈپلا فېڭجيېنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى، بۇنىڭدىن پۈتۈن ئائىلە ھودۇقۇپ قالدى. ئاندىن نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك بەشىنچى باب

## ئۆز قىزىغا خورلۇق كەلتۈرگەن ئەخمەق توقالنىڭ يوقىلاڭ ئىشنى تالاشقانلىقى
## ياش غوجىسنى ئالدىغان ھىيلىگەر قۇلنىڭ يامان نىيەتتە بولغانلىقى

رۇڭگو قەسرىدە چاغاننىڭ ئالدىراشچىلىقى ئەمدىلا تۈگىگەندى، فېڭجيې چاغاننىڭ ئالدى ـ كەينىدە بەك كۆچىنىپ كېتىپ، ئۆزىنى ئانچە ئاۋايلىمىغاچقا، بويىدىن ئاجراپ كېتىپ، ئىشلاردىن خەۋەر ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ تېۋىپ كېلىپ ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپ تۇراتتى. فېڭجيې ئۆزىنىڭ تىمەنلىكىگە تەمەننا قوياتتى، تالاغا چىقمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ـ بۇنى پىلانلاپ، چارە ـ تەدبىر ئويلاپ، خىيالىدىن قانداق ئىش كەچكەن بولسا، ئۇنى پىڭئېر ئارقىلىق ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ تۇردى، كىشىلەر ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ قۇلاق سالمىدى. فېڭجيېنىڭ يېتىپ قېلىشى بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىككى قولىدىن ئايرىلغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى، بىر ئادەمنىڭ نېمىگە قۇدرىتى يەتسۇن؟ ئۇ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا ئۆزى باش قاتۇردى، ئائىلىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ۋاقتىنچە لى ۋەننى بۇيرۇدى. لى ۋەن ئانچە قابىلىيىتى يوق، تەقۋالىقىلا بېرىلگەن ئايال بولغاچقا، خىزمەتكارلارغا بوشاڭلىق قىلىپ قويىدى. بۇنى كۆرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەنچۈنگە لى ۋەن بىلەن ئىشلارنى بىللە باشقۇرۇپ تۇرغىن، بىر ئايدىن كېيىن فېڭجيې ياخشى بولۇپ كەتسە

ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىسىلەر، دېدى. كىم بىلسۇن، فېڭجيې تۇغۇلۇشىدىنلا كەم ماغدۇر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاسراشنى بىلمەي، ئادەتتە ئۆزىنى قابىل ۋە ئەقىللىك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغاچقا، تېخىمۇ ماغدۇرىدىن كەتتى، هالسىزلىنىپ ئۇزۇلۇپ قالدى. بىر ئايدىن كېيىن كېسىلىگە خۇن كېتىش كېسىلى قوشۇلدى. بۇ توغرىدا ئۇ بىرسىگە تىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ جۇدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوبدان كۇتۇنمەپتۇ، دەپ بىلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا هېچ ئىشتىن غەم يېمەي، دورا ئىچىپ ئوبدان كۈتۈنۈشنى تاپشۇردى. فېڭجيې ئۆزىنىڭمۇ چوڭ بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالماي دەپ قورقۇپ، ۋاقتى بىلەن كۈتۈنۈپ، تېز ئارىدا ساقىيىپ بۇرۇنقى ئەكسىگە كەلگۈسى بار ئىدى. دورا ئىچىپ كۈتۈنۈپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، خۇن كېتىشمۇ بارا - بارا توختىدى. بۇ گەپ كېيىنگە قالسۇن.

ئاساسىي گەپكە كەلسەك، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ ئەهۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەنچۈن بىلەن لى ۋەننىڭ ئىش باشقۇرۇشتىن هازىرچە باش تارتالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، باغدا ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئۇلار هەممىدىن خەۋەر ئالالماي قالارمىكىن دەپ، باۋچەينى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا هەرقايسى جايلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى:

— خىزمەتكار مومايلار ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالدى، قولى بوشاپ قالسا هاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى قىمار ئوينىشىدىغانلىقى ماڭا مەلۇملۇق، فېڭجيې قىز سىرتتا بولغان بولسىغۇ ئۇلار بىرئاز ئەيمىنەتتى، هازىر ئۇلار يەنە ئۆزى بىلگەننى قىلىشىدىغان بولۇۋالدى. ئوبدان قىزىم، سەن پۇختا قىز، ئۇكىلىرىڭ بولسا تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ۋاقتىممۇ يوق، مەن ئۇچۇن جاپا تارتساڭمۇ،

ئىشلارغا ئىككى - ئۈچ كۈن قارىشىپ بەرگىن. ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا ماڭا مەلۇم قىلغىن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىقىغا يېتىپ قېلىپ مەندىن سوراپ قالسا، مەن جاۋاب بېرەلمەي قالماي. كىم يامانلىق قىلسا ئۇنىڭغا گەپ قىلغىن، ناۋادا گېپىڭنى ئاڭلىمىسا ماڭا كېلىپ دېگىن، چوڭ چاتاق تۇغۇلمىغىنى تۈزۈك.

باۋچەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نائىلاج ماقۇل بولدى.

ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، دەييۈينىڭ يۆتىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. شياڭيۈنمۇ پەسىل ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئاغرىپ ئاسارۇنزار هويلىدا يېتىپ قالدى. ئۇلار كۈندە ئۆكسۈتمەي دورا ئىچىپ تۇرۇشتى، تەنچۈن بىلەن لى ۋەن تام قوشنا هۇجرىلاردا تۇرۇشاتتى، يېقىندىن بۇيان ئىككىسى بىللە ئىش باشقۇرۇۋاتقاچقا، ئۆتكەن يىللاردىكىدەك ئايرىم تۇرۇشسا كېلىم - كېتىمچى ۋە ئىش مەلۇم قىلغۇچىلارغىمۇ بەك ئەپسىز بولىدىكەن، شۇڭا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، هەر كۈنى ئەتىگەنلىكى باغ دەرۋازىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كىچىك ئۈچ ئېغىزلىق گۈللۈك مېھمانخانىغا بېرىپ، شۇ يەردە دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغان، ناشتىنى شۇ يەردە قىلىپ، كۈن قايرىلغاندا قايتىدىغان بولدى.

بۇ ئۈچ ئېغىزلىق مېھمانخانا ئەسلىدە خانىش ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلىغىلى چىققاندا، سەككار ئاغۋاتلارنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنغانىدى، خانىش ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بولۇپ ئوردىغا كىرىپ كەتكەندە، بۇ مېھمانخانا بوش تۇراتتى. هەر كۈنى كېچىسى خىزمەتكار ئاياللار بۇ يەردە جېسەكچىلىك قىلاتتى. هازىر كۈنمۇ خېلى ئىسسىپ قالغانىدى، مېھمانخانىنى تولىمۇ تۈزەشتۈرۈپ كەتمەي، ئانچە - مۇنچىلا بېزەپ قويسا ئىككىسىنىڭ كىرىپ ئولتۇرۇشىغا بولىۋېرەتتى. بۇ مېھمانخانىنىڭمۇ ماڭلىيىدا لەۋھە بولۇپ، ئۇنىڭغا: «رەھىمدىللىكنى ئادا قىلىپ، پەزىلەتتىن سۆزلىگەي»

دېگەن بېغىشلىما يېزىلغانىدى. ھازىر خىزمەتكار بۇ مېھمانخانىنى «مەسلىھەتخانا» دەپ ئاتىشىۋالدى. ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى سەھەردە بۇ يەرگە كېلەتتى، چۈش ۋاقتىدا قايتىپ كېتىشەتتى، بۇ يەرگە ئىش مەلۇم قىلغىلى كېلىدىغان سەركار ئايالىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇشاتتى. دەسلەپتە خىزمەتكارلار پۈتۈن ئىشلارنى لى ۋەن ئۆزى يالغۇز باشقۇرىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئىچىدە خۇشال بولۇشقانىدى. چۈنكى، لى ۋەن ئادەتتە كەڭ قورساق، شەپقەتلىك، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدىغان ئايال ئىدى، فېڭجېيگە قارىغاندا ئۇنىڭ كۆزىنى بوياش ئاسان ئىدى. ئارقىدىن تەنچۈننىڭ قېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ تېخى يۈزى ئېچىلمىغان ياش قىز، ئادەتتىمۇ ئادەمگە يېقىشلىق، كۆكسى ـ قارنى كەڭ دەپ ئويلىشىپ، ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىشماي، فېڭجيې بار ۋاقتىدىكىدىن كۆپ ھورۇنلىشىپ كەتتى. ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ، بىرقانچە ئىشلار ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار تەنچۈننىڭ ئىش بېجىرىشتىكى ئىنچىكىلىكىنىڭ فېڭجېيدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بارا ـ بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىرلا پەرقى، گەپ ـ سۆزلىرى سىلىق، مىجەزى يېقىشلىق ئىدى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، ۋاڭ، گوڭ، خۇ، بۇ مەرتىۋىلىرىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئەمەلدارلاردىن ئون نەچچە ئائىلىدە چوڭ ئىشلار يۈز بەردى. ئۇلار رۇڭگو، نىڭگو خاندانلىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولمىسىمۇ قەدىناسلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەملى ئۆسۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلسا، بەزىلىرى ئەملىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى، بەزىلىرىنىڭكىدە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەبرىكلەش، تەزىيە بىلدۈرۈش، كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ زادىلا بوشىيالماي قالدى، ئالدى ھويلىدىكى ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر ئالالمىدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۈن ئىككىسى كۈنبويى مېھمانخانىدا ئولتۇراتتى. باۋچەي كەچكىچە تۆت ئۆيدە

نازارەتچىلىك قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ھوجرىسىغا كىرەتتى ۋە ھەر كۈنى ئاخشىمى يىڭنە ئىشى قىلىدىغان بوش چاغلاردا، ياتقۇچە ئاۋۋال تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ باغدىكى جىيسەكچىلەر بىلەن ھەممە يەرلەرنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقاتتى. بۇ ئۈچى مۇشۇنداق قىلىشى بىلەن قەسىردىكىلەر فېڭجيې ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان چاغدىكىدىن تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرى ـ تاشقىرىدىكى خىزمەتكارلار ئۇلاردىن قورسىقىدا ئاغرىنىپ: «بىر ئالۋاستىدىن قۇتۇلۇپ ئۈچ هازازۇلغا تۇتۇلدۇق، كېچىدە ئوغرىلىقچە هاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئاچىدىغانغىمۇ ۋاقىت چىقماس بولۇپ كەتتى !» دېيىشتى.

بىر كۈنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىنشياڭخۇ قەسىرىگە زىياپەتكە بارىدىغان بولۇپ قالدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۈن خېلى بۇرۇنلا تارىنىپ ـ جابدۇنۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئاندىن مېھمانخانىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئەمدىلا چاي ئىچىپ تۇرۇشىغا، ۋۇ شىندېڭنىڭ ئايالى خەۋەر ئېلىپ كىرىپ:

— جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئىنىسى جاۋگوجى تۇنۇگۈن قازا قىلغان، بۇ ئىشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلىۋىدىم، بىز خەۋەر تاپتۇق، بېرىپ خان قىزغا مەلۇم قىلىپ قوي، دېۋىدى، — دېدى ـ دە، باشقا گەپ قىلماي ئىككى قولىنى سېلىپ بىر چەتتە جىم تۇردى. بۇ چاغدا ئىشلارنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەنلەر خېلى كۆپ ئىدى، ھەممىسى بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلارنى قانداق باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشاتتى. ناۋادا مۇۋاپىق باشقۇرسا، بۇلار ھېيىقىش نىيىتىگە كەلمەكچى، ئەگەر قىلغان ئىشلىرى سەللا چەك باسمايدىغان بولسا، قورقۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئارا دەرۋازىدىن چىقىپلا نۇرغۇن مازاق گەپلەرنى توقۇپ، ئۇ ئىككىسىنى زاڭلىق قىلىشماقچىدى. ۋۇ شىندېڭنىڭ ئايالىمۇ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ

كىرگەندى. فېڭجيي بولغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، بىرمۇنچىلىغان مەسلىھەتلەرنى بەرگەن ۋە فېڭجيينىڭ تاللاپ يۇرگۇزۇشى ئۇچۇن بىرمۇنچە كونا تۇزۇملەرنى ئاختۇرۇپ تېپىپ چىققان بولاتتى. ھازىر ئۇ لى ۋەننى ياۋاش، تەنچۇننى ياش دەپ كۆزگە ئىلماي، بايىقى بىر ئېغىز گەپنىلا قىلىپ قويۇپ، قېنى ئۇ ئىككىسى بۇ توغرىدا نېمە دەركىن، دەپ ئۇلارنى سىناۋاتقاندەك بىر چەتتە جىم تۇراتتى.

تەنچۇن لى ۋەندىن سورىۋىدى، لى ۋەن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن:

— قايسى كۇنى شىرىننىڭ ئانىسى ئۆلگەندە، ئۇنىڭغا قىرىق سەر كۇمۇش ئىنئام قىلىندى دەپ ئاڭلىۋىدىم، بۇنىڭغىمۇ قىرىق سەر ئىنئام قىلساق بولار، — دېدى.

ۋۇ شىندېڭنىڭ ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا «خوش» دېدى ـ دە، جۇپ تەمتەكنى ئېلىپ ماڭدى.

— توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى تەنچۇن. ۋۇ شىندېڭنىڭ ئايالى ئارقىسىغا ياندى، — كۇمۇشنى بېرىشكە ئالدىرىماڭ. سىزدىن بىر نەرسىنى سوراپ باقاي: ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى توقال ئاغىچىلارنىڭ ئىچىدە، مۇشۇ ئائىلىدە تۇغۇلغان ئەۋلادىي چاكارلارمۇ، سىرتتىن سېتىۋېلىنغانلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارغا ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىنىدىكەن. مۇشۇ ئۆيدىكى ئەۋلادىي چاكارلاردىن چىققان توقاللارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلسە قانچىلىك كۇمۇش ئىنئام قىلىناتتى؟ سىرتتىن سېتىۋېلىنغان توقاللارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلسە قانچىلىك كۇمۇش ئىنئام قىلىناتتى؟ مۇشۇ ئىككى ئىشنى دەپ بەرسىڭىز، ئاڭلاپ باقساق.

بۇ ئىشلار ۋۇشىندېڭنىڭ ئايالىنىڭ ئېسىدىن كۆتۇرۇلۇپ قاپتىكەن، شۇڭا ئۇ كۇلۇمسىرەپ:

— بۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشمۇ ئەمەسقۇ، ئىنئام كۆپ بولۇپ

قاپتۇ ياكى ئاز بولۇپ قاپتۇ، دەپ كىممۇ تالىشىپ يۈرەتتى؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇ قاملاشمىغان گەپ بولدى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — مېنىڭچە بولغاندا، يۈز سەر كۈمۈش بەرگەن بولساق ياخشى بولاتتى، بىراق قائىدە بويىچە ئىش قىلمىساق، سىلەرنىڭ زاڭلىق قىلىشىڭلارغۇ بىر گەپ، ئەتە ـ ئۆگۈن كېلىن ئاغىچاڭلارغا جاۋاب بېرىش تەس بولارمىكىن.

— ئۇنداق بولسا مەن بېرىپ كونا ھېساب دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ باقاي، ھازىر بۇ ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، — دېدى ۋۇشىندېڭنىڭ ئايالى ھەجىيىپ.

— سىز ئۆمىرىڭىزنى مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئايال تۇرسىڭىز ئېسىڭىزدە قالمامدۇ؟ بىزنى تەڭلىكتە قالدۇرماقچىمۇياسىز! — دېدى تەنچۈن كۈلۈمسىرەپ، — ئادەتتىمۇ كېلىن خېنىمىڭىزغا ئىشلارنى مەلۇم قىلغاندا ئاۋۋال ئېنىقلاپ چىقىدىغان بولغىيدىڭىز؟ شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداقلا قىلىپ كەلگەن بولسىڭىز، قىڭجيې ئاچامنى يامان دېگىلى بولمايدىكەن، كەڭ قورساق دېسىمۇ بولىدىكەن. چاپسان بېرىپ ئۇ دەپتەرنى ئەكېلىپ ماڭا كۆرسەتمەمسىز ئەمىسە؟ بۇ ئىش يەنە بىر كۈن كېچىكىدىغان بولسا، سىلەرنىڭ بىپەرۋالىقىڭلار بىرياقتا قېلىپ، بىز دىتى يوق كىشىلەردىن بولۇپ قالىمىز.

ۋۇشىندېڭنىڭ ئايالى پوكاندەك قىزارغان پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن تاشقىرىدىكى ئاياللار تىللىرىنى چىقىرىشىپ قويدى. ئاندىن باشقا ئىشلارنى مەلۇم قىلىش باشلاندى.

بىر دەمدىن كېيىن ۋۇشىندېڭنىڭ ئايالى كونا ھېساب دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ كىردى. تەنچۈن دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ قاراپ چىقتى. مۇشۇ ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىككى ئەۋلادىي چاكارغا يىگىرمە سەردىن، سىرتتىن سېتىۋېلىنغان ئىككىسىگە قىرىق سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلىنغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە

سىرتتىن سېتىۋېلىنغان ئىككىسى بولۇپ، بىرىگە يۈز سەر، يەنە بىرىگە ئاتمىش سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنغانىكەن، بۇنداق بېرىلگەن ئىنئامنىڭ سەۋەبلىرى يېزىپ قويۇلۇپتۇ، بىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسىتىنى باشقا ئۆلكىگە ئاپىرىپ قويۇشقا توغرا كەلگەچكە، قوشۇمچە ئاتمىش سەر ئىنئام قىلىنغان، يەنە بىرسى يەرلىك سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئۇنىڭغىمۇ قوشۇمچە يىگىرمە سەر ئىنئام قىلىنغانىكەن. تەنچۈن دەپتەرنى لى ۋەننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنۇپ، ئارقىدىن:

— ئۇنىڭغا يىگىرمە سەر كۈمۈش بېرىلسۇن، بۇ دەپتەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كېتىڭ، بۇنى بىز تەپسىلىي كۆرۈپ چىقايلى، — دېدى.

ۋۇشىندېڭنىڭ ئايالى چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۈشتۈمتۈت جاۋ كىچىك ئاپا كىرىپ كەلدى، لى ۋەن بىلەن تەنچۈن ئىتتىك ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بېشىمغا چىقىپ دەسسەۋاتسا، خان قىز، سەن بولساڭمۇ ئويلىنىپ بېقىپ، مېنىڭ قورساق كۆپۈكۈمنى چىقىرىشىپ بەرسەڭ بولاتتى! — دەپ گەپ باشلىدى جاۋ كىچىك ئاپا ۋە ئارقىدىن پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلىغىلى چۈشتى.

— كىچىك ئاپا، كىمنى دەۋاتىسىز، مەن ئۇقالمىدىمغۇ. سىزنىڭ بېشىڭىزغا دەسسەۋاتقان ئادەم كىم؟ ماڭا ئېيتىڭ، مەن ئەنتىڭىزنى ئېلىپ بېرەي! — دېدى تەنچۈن.

— ھازىر بېشىمغا چىقىپ دەسسەۋاتقان ئادەم سەن تۇرساڭ، بۇنى بېرىپ كىمگە دەيتتىم؟ — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا.

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنداق قىلىدىغانلىغا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، — دېدى.

لى ۋەنمۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، جاۋ كىچىك ئاپىغا نەسىھەت قىلدى.

— ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى جاۋ



www.uyghurkitap.com

كىچىك ئاپا، — مەن بۇ ئائىلىدە خۇددى جىگىردەكتەك كۆيۈپ ـ پىشىپ مۇشۇ يېشىمغا كەپتىمەن، هازىر ئىنىكىمۇ بار، بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە ھەتتا مەن شىرىنچىلىكمۇ بولالمىسام، مېنىڭ قانداق يۈزۈم بولسۇن؟ مەنغۇ مەيلى، ھەتتا سىڭىلىمۇ يۈز ـ ئابرۇيۇڭ يوق ئىكەن!

— ھە، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە! قانۇن ـ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، — دېدى تەنچۈن ئورنىغا ئولتۇرۇپ. ئارقىدىن ھېلىقى ھېسابات دەپتىرىنى ۋاراقلاپ جاۋ كىچىك ئاپىغا كۆرسەتتى ۋە ئوقۇپ بەردى، — بۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزى بېكىتكەن كونا قائىدە ـ تۈزۈملەر، ھەممە ئادەم مۇشۇ بويىچە ئىش تۇتۇۋاتسا، مەن قوپۇپ بۇنى ئۆزگەرتسەم بولامدۇ؟ يالغۇز شىرىنغىلا ئەمەس، كەلگۈسىدە جىاخۇەنمۇ سىرتتىن توقال سېتىۋالسا، ئۇنىڭغىمۇ خۇددى شىرىنغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ ھېچقانداق مەن چوڭ، سەن كىچىك دەپ تالىشىپ يۈرىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭغا يۈزى بار، يۈزى يوق دېيىشمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ ئاغىچا خېنىمنىڭ چاكىرى، مەن كونا قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە ئىش قىلدىم. ئەگەر ئوبدان قىپتۇ دېسە، بۇ ماڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆرسەتكەن مېھىر ـ شەپقىتى بولىدۇ، ئەگەر ئادىل ئىش قىلماپتۇ دېسە، شۇنداق دېگۈچىنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق قىلىپ بەخت ـ دۆلەتنى بىلمىگەنلىكى بولىدۇ. مەيلى، ئۇنداق ئادەم ئاغرىنسا ئاغرىنىۋەرسۇن. ئاغىچا خېنىم خەققە پۈتۈن بىر ئۆينى بېرىۋەتسە، ئۇنىڭ ماڭا يۈز ـ ئابرۇي كەلتۈرىدىغان نەرى بولاتتى؟ بىر تىيىن ئىنئام قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭلىق بىلەن مېنىڭ يۈزۈم چۈشۈپ كەتمەيدۇ. سىزگە دەيدىغان گېپىم، كىچىك ئاپا، ھازىر ئاغىچا خېنىم ئۆيدە يوق، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئارامىڭىزنى ئېلىڭ. ئۇنداق ئىشلارغا غەم تارتىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئاغىچا خېنىم ماڭا شۇنچىلىك كۆيۈنەتتى، بىراق سىز دائىم مۇشۇنداق ئىش تېرىپلا يۈرگەچكە، بىرنەچچە قېتىم

www.uygurkitap.com

مېنىڭدىن كۆڭلى قالدى. ئەگەر مەن ئوغۇل بالا بولغان بولسام، ئاللىقاچان پېشمىنى قېقىپ چىقىپ كېتىپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقان بولاتتىم، ئۇ چاغدا داۋلى كۆرسەتكۈچلىكتىمىز بولاتتى. قىرىشقاندەك مەن قىز بالا بولۇپ قاپتىمەن، بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ ئاغزىمغا كەلدى دەپلا تاشلىيالمايمەن، ئاغىچا خېنىم بۇنى كۆڭلىدە ئوبدان چۈشىنىدۇ. ھازىر مېنى ئىززەتلىگەنلىكى ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. تېخى بىرەر - يېرىم ياخشى ئىش قىلا - قىلمايلا سىز كېلىپ مېنى ئاياغ ئاستى قىلغىلى تۇردىڭىز. ئەگەر بۇ ئىشتىن ئاغىچا خېنىم خەۋەر تېپىپ، مېنى تەڭلىكتە قاپتۇ دەپ ماڭا بۇ ئىشنى قىلدۇرمىسا، مانا شۇنى راسا يۈزى چۈشۈپ كەتتى دېسە بولىدۇ! ھەتتا سىزنىڭ يۈزىڭىزگىمۇ سەت بولىدۇ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى.

جاۋ كىچىك ئاپا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋاب تاپالماي، ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋەردى:

— ئاغىچا خېنىم ساڭا شۇنداق كۆيۈنگەندىن كېيىن، سەن، ئەلۋەتتە، بىزگە يار - يۆلەكتە بولساڭ بولاتتى. سەن ئاغىچا خېنىمغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ، بىزنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ.

— مەن سىلەرنى قانداقسىغا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن؟ سىلەرگە قانداق يار - يۆلەكتە بولسام بولاتتى؟ بۇنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ. قايسىبىر غوجايىن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان يارامىلىق كىشىلەرگە كۆيۈنمەيدىكەن؟ قايسىبىر ياخشى كىشى ئىشلەتكەن ئادىمى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدىكەن؟ — دېدى تەنچۈن.

بىر چەتتە ئولتۇرغان لى ۋەن ھە دەپ جاۋ كىچىك ئاپىغا نەسىھەت قىلغىلى تۇردى:

— كىچىك ئاپا، خاپا بولماڭ، بۇ قىزدىن ئاغرىنىشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇ پۈتۈن نىيىتى بىلەن سىلەرگە يار - يۆلەكتە بولسام، دەيدۇ. كۆڭۈلدە ئويلىغاننى ئېغىزدا قانداق ئېيتقىلى بولسۇن؟

— مۇنۇ چوڭ يەڭگەممۇ ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ ! — دېدى تەنچۈن ئىتتىككىلا، — مەن كىمگە يار - يۆلەكتە بولسام دەپتىمەن؟ قايسىبىر خەقنىڭ خان قىزى ئۆز غالچىسىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن؟ ئۇلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى سىلەر بىلىشىڭلار كېرەك. بۇنىڭ ماڭا نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— كىم سېنى باشقىلارغا يار - يۆلەكتە بولسۇن دەپتۇ؟ سەن ئىش بېشىدا بولمىغان بولساڭ، مەنمۇ كېلىپ سېنىڭدىن سوراپ ئولتۇرمايتتىم. ھازىر ئىشلار سېنىڭ دېگىنىڭ دېگەن بولۇۋاتىدۇ ! تاغاڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا يىگىرمە - ئوتتۇز سەر كۈمۈشنى كۆپرەك بېرىۋەتسەڭ، ئاغىچا خېنىم ساڭا بەرنېمە دەمتى؟ ھەممىمىزگە ئايدىڭ، ئاغىچا خېنىم بەك ئوبدان خېنىم، سىلەرنىڭلا ئىچىڭلاردىن زەھەر تېشىپ تۇرىدۇ ! ئىسىت، ئاغىچا خېنىم شەپقەتلىك بولسىمۇ، شۇ شەپقىتىنى ياغدۇرىدىغان يەر تاپالمايدۇ ! خاتىرەڭ جەم بولسۇن، ئىشلەتسەڭ سېنىڭ كۈمۈشۈڭنى ئىشلەتمەيمىز ! مەن تېخى سېنى ئەتە - ئۆگۈن ياتلىق بولغاندا جاۋ ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن ئالاھىدە خەۋەر ئالىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن ! تېخى قانات - قۇيرۇقۇڭ چىقماي تۇرۇپلا ئەسلىڭنى ئۇنتۇپ، ئېگىز شاخقا قونماقچى بولۇۋېتىپسەن.

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، غەزەپتىن تەنچۈننىڭ چىرايى تاتىرىپ نەپىسى قىسىلدى ۋە تېخىمۇ خىرتىلداپ يىغلىغىلى باشلىدى.

— مېنىڭ تاغام كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — مېنىڭ تاغام ئالىلىقاچان توققۇز ئۆلكىنىڭ لەشكەر بېشى بولۇپ كۆتۈرۈلگەنىدىغۇ ! بۇ نەدىن چىقىپ قالغان تاغامدۇ ئەمدى؟ ئادەتتە مەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى ئەدەپ - قائىدە بويىچە ھۆرمەت قىلاتتىم، نەدە يۇرۇپ ماڭا بۇنچە ئۇرۇق - تۇغقان چىقىپ قالىدىكىنە ! ئەگەر جاۋگوجى مېنىڭ تاغام بولىدىغان

بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ جىياخۇەن ھەر كۈنى سىرتقا چىققانىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جىياخۇەننىڭ مۇلازىمى بولۇپ مەكتەپكە بىللە بارىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تاغىلىق سۈپىتىنى كۆرسەتمەيدۇ؟ نېمانچە ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىدىغانسىز! مېنى سىزنىڭ تۇغقانلىقىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ، ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىر چاتاق چىقىرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ چاۋىسىنى ئۆزىڭىز چىتقا يايىدىكەنسىز، تېخى بۇنى خەق ئۇقماي قالمىسۇن دېگەننى قىلىپ، ئەتەي ئۆزىڭىزنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ قويماقچى بولىسىز! كىمنىڭ يۈزىنى كىم چۈشۈرۈۋاتىدىكىنتاڭ! ھېلىمۇ ياخشى، ئاق ـ قارىنى ئاجراتقۇچىلىكۇم بار بولغىنى، ئەگەر ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان ئەخمەق بولغان بولسام ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ كەتكەن بولاتتىم.

لى ۋەن ئىچى تىتىلداپ ھاي بېرىشنىلا بىلدى، جاۋ كىچىك ئاپا ھە دەپ كاپشۇەردى.

تۇيۇقسىز بىرسى:

— فېڭجېي خېنىم پىڭئېر قىزنى بىر گەپ بىلەن ئەۋەتىپتۇ! — دەپ خەۋەر قىلىپ قالدى.

جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاغزى شۇندىلا يۇمۇلدى. پىڭئېر مېھمانخانىغا كىرگەندە، جاۋ كىچىك ئاپا ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— كېلىن ئاغىچىڭىز خېلى ئوبدان بولۇپ قالغاندۇ؟ يوقلاپ كېلەي دېسەم ھېچلا چولام تەگمىدى، — دېدى.

لى ۋەن پىڭئېرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— كېلىن خېنىم، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — جاۋ كىچىك خېنىمنىڭ ئىنىسى قازا قىپتۇ. خېنىم بىلەن خان قىز كونا قائىدە ـ تۈزۈمنى ئۇقماسلىقى مۇمكىن، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە، ئۇنىڭغا يىگىرمە سەر كۈمۈش بېرىلسە بولىدىكەن، ھازىر خان قىز ئۆزى چاغلاپ ئازراق قوشۇپ بەرسىمۇ

بولىۋېرىدۇ دەيدۇ.

تەنچۈن يۈز - كۆزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى ئالىقاچان سۇرتۇۋەتكەنىدى، بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا:

— نېمىدەپ قوشۇپ بېرىدىكەنمەن ! — دېدى ئۇ، — ياكى ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يىگىرمە تۆت ئاي ياتقان ئادەممىكەن؟ ياكى بولمىسا جەڭ مەيدانىدا غوجايىنىنى هاپاش قىلىپ قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتىمىكەن؟ غوجايىنىڭنىڭ ئۇستاتلىقىنى قارا: ماڭا ئىشنى شۇنداق قىلدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ياخشى ئادەم بولماقچى، ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنى ئاغرىمايدىغان پۇلى بىلەن خەققە ئادەمگەرچىلىك قىلماقچى ! بېرىپ غوجايىنىڭغا ئېيت، مېنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كەلسە - كەلمەس قوشۇپ قويىدىغانغا ياكى كېمەيتىدىغانغا هەددىم ئەمەس، ئۇنىڭ قوشۇپ بېرىپ شەپقەت ياغدۇرغۇسى كېلىپ كەتكەن بولسا، ساقىيىپ ئىشنى قولغا ئالغاندا، قانداق قوشۇپ بەرگۈسى كەلسە، شۇنداق قوشۇپ بېرىۋەرسۇن.

پىڭئېر بايا بۇ يەرگە كىرگەن چېغىدىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى خېلىلا پەملىگەنىدى، ئەمدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشنىڭ تېگىگە تېخىمۇ يەتتى. تەنچۈننىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى خۇشخۇي چاغدىكىدەك مۇئامىلىدە بولماي، ئىككى قولىنى ساڭگىلاتقىنىچە زۇۋان سۈرمەي جىم تۇردى.

شۇ ئارىدا باۋچەيمۇ تۆر ئۆيدىن يېنىپ بۇ يەرگە كىرىپ كەلدى، تەنچۈن ۋە باشقىلار ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارىدا تېخى بىر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنماي تۇراتتى، يەنە بىر ئايال ئىش مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كىرىپ كەلدى. تەنچۈن بايا يىغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ - تۆت چۆرە قىز چىلاپچا، لۆڭگە، تۇتقۇچلۇق ئەينەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. تەنچۈن پاكار كاتنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى، چىلاپچا كۆتۈرگەن چۆرە قىز يېقىن كېلىپ،

تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چىلاپچىنى ئېگىز تۇتۇپ بەردى، قالغان ئىككى چۆرە قىزمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، لۆڭگە، ئەينەك، ئۇپا ـ ئەڭلىكلەرنى تۇتۇپ بېرىشتى.

پىڭئېر سىشۇنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك تەنچۈننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ بىلەزۈكنى قولىدىن ئالدى، ئاندىن چوڭ قول ياغلىقنى تەنچۈننىڭ ئېتىكىگە يېيىپ قويدى، بۇ ئىشلار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تەنچۈن ئاندىن چىلاپچىدىن سۇ ئېلىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى. شۇ ئارىدا ھېلىقى خىزمەتكار ئايال:

— كېلىن ئاغىچا، خان قىز، ئائىلىۋى مەكتەپكە جياخۇەن غوجام بىلەن جيالەن غوجامنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي خىراجىتىنى بېرىش كېرەك ئىكەن، — دېدى.

— نېمانچە ئالدىرايتتىڭىز؟ — دېدى پىڭئېر ئالدى بىلەن سۆز ئېچىپ، — خان قىزنىڭ يۈزىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ كۆرۈپ تۇرۇپ، تالاغا چىقىپ بىردەم كۈتۈپ تۇرماي، ھەممىدىن بۇرۇن گەپ قىلىۋاتقىنىڭىزنى! ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قىلالامتىڭىز؟ خان قىزنىڭغۇ قورسىقى كەڭ، مەن بېرىپ ھەرقايسىڭلارنى خان قىزنى كۆزگە ئىلماپتۇ دەپ، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا ئېيتايچۇ، ئۇ چاغدا ئەدىپىڭلارنى يەپ قالساڭلار مەندىن يامانلىماڭلار!

قورقىنىدىن ھېلىقى ئايال ئىتتىك ھجىيىپ:

— بېپەرۋالىق قىپتىمەن! — دېدى ـ دە، كەينىگە شوخشۇپ چىقىپ كەتتى.

تەنچۈن يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ، پىڭئېرگە قاراپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى ۋە شۇنداق دېدى:

— بىرقەدەم كېچىكىپ قېلىپ، بۇنىڭدىنمۇ كۈلكىلىكىنى كۆرمەي قالدىڭ. ھەتتا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولغان ۋۇ ئاچام چېغىدىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ باقمايلا بىزنىڭ كۆزىمىزنى

بويغىلى كەپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىپتۇق. تېخى ئىزا تارتماي «ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا، كېلىن ئاغىچىغا ئىش مەلۇم قىلىپ بارغىنىڭىزدىمۇ مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قېلىپ قايتا تەكشۈرۈپ كېلىدىغان ئىشىڭىز بارمىدى، دېدىم. مېنىڭچە، سېنىڭ غوجايىنىڭ ئۇنىڭ قايتىپ بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئۇنداق سەۋرچانلاردىن ئەمەس.

— ئەگەر ئۇ بىزنىڭ غوجايىنىنىڭ ئالدىدا بىر قېتىملا مۇشۇنداق قىلىپ قويىدىغان بولسا، جەزمەن ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ ئىككى تال پېيى سۇغۇرۇۋېلىنغان بولاتتى. ئۇلارغا ئىشەنمەڭ. ئۇلار چوڭ كېلىن خېنىمنى بۇدساتۋا، سىزنى تارتىنچاق قىز چاغلاپ، قەستەن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆز بويىماقچى بولغان، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ ۋە ئارقىدىن سىرتقا قاراپ، — سىلەر قىلغۇلۇقلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار قېنى، كېلىن ئاغىچا ساقايغاندىن كېيىن سۆزلىشەرمىز، — دېدى.

— خان قىز، — دېيىشتى سىرتتا تۇرغان ھەممە خىزمەتكار ئاياللار كۈلۈشۈپ، — ئۆزلىرى ئاق - قارىنى ئوبدانلا پەرق ئېتىدىغان قىز، كونىلارنىڭ: «كىم گۇناھ قىلغان بولسا، شۇ ئۇستىگە ئالسۇن» دېگەن گېپى بار، غوجايىنلىرىمىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس. بۈگۈنكى غوجايىنىمىز ئېسىلزادە خېنىم، راستلا ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەن بولساق، ئۆلسەكمۇ مۇردىمىزغا يەرلىك تېپىلماي قالار.

پىڭئېر سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇنى چۈشەنگەن بولساڭلارلا ياخشى! — دېدى. ئارقىدىن يەنە تەنچۈنگە قاراپ، كۈلگەن پېتى شۇنداق دېدى، — خان قىز، ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇم، كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىشى كۆپ تۇرسا بۇنداق ئىشلاردىن خەۋەر ئالىدىغانغا نەدە چولىسى بولسۇن؟ بەزىدە سەل قاراپ قالىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولغىلىمۇ بولمايدىكەن. «چەتتە قاراپ تۇرغان كىشىگە ھەممە نېمە ئايان

بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلارغا كۆزىڭىزنىڭ قىرىنى سېلىپ كېلىۋاتىسىز، قوشۇشقا ياكى كېمەيتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى كېلىن ئاغىچا قىلالمىغان بولسا، سىز قىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز، بىرىنچىدىن، ئاغىچا خېنىمغا پايدىلىق ئىش قىلغان، ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ خېنىمنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىغان بولىسىز.

ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، باۋچەي بىلەن لى ۋەن كۈلۈپ كېتىپ:

— قالتىس قىزدە سەن. فېڭجېي قىزنى ساڭىلا شۇنداق ئامراقلىق قىلىدۇ دەپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقىمۇ بولمايدىكەن! ئەسلىدە قوشىدىغان، كېمەيتىدىغان ئىش يوق ئىدى، ئەمدى سېنىڭ بۇ گېپىڭگە قارىغاندا، شۇنداق ئىشتىن بىر - ئىككىنى تېپىپ چىقىپ ئويلىشىپ كۆرسەك بولغۇدەك، شۇنداق قىلغاندا، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ يەردە قالمايدۇ، — دېيىشتى.

— مەن قورساق كۆپۈكىدە، ئۇنىڭ غوجايىنىدىن ئاچچىقىمنى ئالماقچى بولۇپ تۇراتتىم، قېرىشقاندەك بۇ يېتىپ كېلىپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى مېنىڭ ھېچ ئامالىم قالمىدى، — تەنچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپ، ئارقىدىن بايىقى ئايالنى چاقىرتىپ كىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — جياخۇەن غوجام بىلەن جيالەن غوجام ئۈچۈن ئائىلىۋى مەكتەپكە بېرىلىدىغان بۇ يىللىق كۈمۈشنى نېمىلەرگە ئىشلەتمەكچى؟

— بىر يىلدا مەكتەپتە يەيدىغان يېمەكلىكى ياكى كېتىدىغان قەغەز - قەلەملىرى ئۈچۈن ھەر بىرەيلەنگە سەككىز سەر كۈمۈش خىراجەت قىلىنىدۇ، — دېدى ھېلىقى ئايال جاۋاب بېرىپ.

— غوجاملارنىڭ خىراجىتى ھەرقايسى ھوجرىدىكىلەرنىڭ ئايلىق مائاشىنىڭ ئىچىدە ئەمەسمۇ؟ جياخۇەننىڭ ئىككى سەر كۈمۈشنى كىچىك ئاپام ئالىدۇ؛ باۋيۈيىنىڭكىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن شىرېن ئالىدۇ؛ جيالەننىڭكىنى چوڭ كېلىن

ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىدىكىلەر ئالدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەكتەپكە يەنە قانداقلارچە ھەربىرىگە سەككىز سەر كۈمۈش بېرىلىدۇ؟ مەكتەپكە مۇشۇ سەككىز سەر كۈمۈش ئۈچۈن بارىدىكەن ـ دە ! بۈگۈندىن باشلاپ بۇ تۈزۈم بىكار قىلىنسۇن، پىڭئېر، سەن بېرىپ بۇ ئىشنى مېنى دېدى دەپ ئېيت، بۇنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق.

— بۇرۇنلا شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. ئۆتكەن يىلى كېلىن ئاغىچا بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، دېگەن، لېكىن يىلنىڭ ئاخىرىدا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ.

ھېلىقى ئايال، خوش، دەپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي نەزەرباغدىن بىر خىزمەتكار ئايال تاماقدان كۆتۈرۈپ كەلدى، سىشۇ بىلەن سۇيۈن كىچىك شىرەنى كاتنىڭ ئۈستىگە قويدى، پىڭئېرمۇ پايپېتەك بولۇپ سەيلەرنى شىرەگە تىزغىلى تۇردى.

— قىلىدىغان گەپنى قىلىپ بولدۇڭ، ئەمدى ئىشىڭغا ماڭ، بۇ يەردە نېمىگە پايپېتەك بولۇپ يۈرىسەن؟ — دېدى تەنچۈن كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا.

— قىلىدىغان ئىشىممۇ يوق، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — كېلىن ئاغىچا مېنى بۇ يەرگە، بىرىنچىدىن، بايىقى گەپنى يەتكۈزگىلى، ئىككىنچىدىن، بۇ يەردىكىلەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي قالمىسۇن دەپ، سىڭىللىرىمغا ياردەملىشىپ كېلىن ئاغىچا بىلەن خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى ئەۋەتتى.

— باۋچەي قىزنىڭ تامىقىنى نېمىشقا ئەكەلمىدىڭلار، مەشەدە بىللە يېسەك ئوبدان ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

چۆرە قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇلا پېشايۋانغا چىقىپ ئايالالارغا بۇيرۇدى.

— بېرىپ ئېيتىپ قويۇڭلار، باۋچەي خېنىم ئىككى خېنىم بىلەن مېھمانخانىدا بىللە غىزالانماقچى، تامىقىنى مۇشۇ يەرگە

www.uyghurkitap.com

ئەكېلىپ بەرسۇن !

تەنچۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تاشقىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— خەقنى ئۇنداق قالايمىقان بۇيرۇۋەرمەڭلار، ئۇلار دېگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان غوجىدار ئايالالار تۇرسا، ئۇلارنى تاماق ئەكېلىش، چاي قۇيۇشقا بۇيرۇساڭلار بولامدۇ؟ يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ پەرقىنىمۇ ئۇقمايدىكەنسىلەر ! پىڭئېر بىكار تۇرۇپتۇ، شۇ بېرىپ دەپ قويسۇن !

پىڭئېر ئىتتىكلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ تاشقىرىغا چىقىۋىدى، غوجىدار ئايالالار ئۇنى ئاستا توختىتىۋېلىپ، كۈلۈشكەن پېتى:

— سىزنى بۇ ئىشقا بۇيرۇشقا بولامدىكەن؟ چاقىرغىلى بىزدىن ئادەم كەتتى، — دېيىشتى ۋە ئارقىدىنلا قول ياغلىقلىرى بىلەن پەلەمپەيدىكى توپىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئىچكىرىدە خېلىغىچە ئۆرە تۇرۇپ قالدىڭىز، چارچاپمۇ قالغانسىز، بۇ يەر ئاپتاپلىق ئىكەن، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېيىشتى.

پىڭئېر پەلەمپەيگە ئولتۇردى. ئارقىدىنلا چايخانىدا ئىشلەيدىغان ئىككى ئايال كۆرپە ئەكېلىپ:

— تاشنىڭ ئۈستى سوغۇق، بۇ پاكىز كۆرپە، ئاستىڭىزغا سېلىپ بېرەي، — دېدى.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى پىڭئېر بېشىنى لىڭشىتىپ ئوچۇق چىراي بىلەن، ئارقىدىن يەنە بىر ئايال ئۇنىڭغا يېڭى دەملەنگەن ئېسىل چايدىن بىر پىيالە سۇنۇپ:

— بۇ ئادەتتە بىز ئىچىپ يۈرگەن چاي ئەمەس، خان قىزلارغا دەملەپ بېرىدىغان چايدىن، ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىڭ، — دېدى.

پىڭئېر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ چاينى قولىغا ئالدى ۋە غوجىدار ئايالالارغا ئاستاغىنا شۇنداق دېدى:

— سىلەرمۇ تازا قاملاشمىغان قىلىق قىپسىلەر، ئۇ دېگەن قىز بالا، ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ سىلەرگە ھەيۋە قىلىپ ئاچچىقلانمىسا، سىلەر قوپۇپ ئۇنى كۆزۈڭلارغا ئىلماي بوزەك

قىپسىلەر. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭلار، يۇقىرىدىكىلەر ئۇنى قوپاللىق قىپتۇلا دەيدۇ، ئىش تۈگەيدۇ، تۈگىمەس بالاغا ئاندىن سىلەر قالىسىلەر! ئۇنىڭ ئەركىلىكىگە ئاغىچا خېنىممۇ ئانچە - مۇنچە يول قويىدۇ، ئوتتۇرانچى كىيلىن ئاغىچىمۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ، سىلەر يۈرىكىڭلارنى قاپتەك قىلىپ ئۇنى كەمسىتسەڭلار تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق بولمامدۇ!

— بىزنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانغا بېشىمىز ئونمۇ؟ ھەممىسى جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ تاپقان ئىشى، — دېيىشتى خىزمەتكار ئاياللار.

— بولدى، سادىغاڭ كېتەي خېنىملار، — دېدى ئاستا پىڭئېر ئۇلارغا، — «يىقىلغاننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەن گەپ بار. جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئۆزىمۇ ئىشنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى بىلمەيدىغان قاملاشمىغان خوتۇن، شۇڭا ھەممە توقۇناق بالانى شۇنىڭغا ئارتىۋېرىدۇ. سىلەرمۇ، ئادەتتە خەقنى كۆزۈڭلارغا ئىلمايسىلەر، نىيىتىڭلارمۇ يامان، بىرقانچە يىلنىڭ بۇياقى بۇنى مەن بىلمەمدىمەن! بىزنىڭ كىيلىن ئاغىچا بەزى ئىشلاردا قىلدىن قىيىق كەتكۈزۈۋېتىدىغان بولسا، ئۇنى سىلەر ئاللىقاچان غاجاپ يۈرۈپ دومىلىتىۋېتەتتىڭلار. ھازىرمۇ ئازراق يوچۇق تاپساڭلار، ئۇنىڭغا مۈشكۈللۈك تۇغدۇرماي قالمايسىلەر! بىزنىڭ كىيلىن ئاغىچا نەچچە قېتىم سىلەرنىڭ تاپا - تەنەڭلاردىن قۇتۇلۇپ قالغان، ھەممىڭلار ئۇنى يامان دەيسىلەر - يۇ، يەنە ئۇنىڭدىن قورقىسىلەر. ئۇنىڭمۇ سىلەردىن قورقمايدىغان ئادەم ئەمەسلىكىنى مېنىڭدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. قايسى كۈنى ئىككىمىز ئازراق پاراڭلىشىپ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىغا تايىنىپ تۆۋەندىكىلەرنى باسىدىغان ئىشنى قىلمايلى، بولمىسا ھەر ئىككىلا تەرەپكە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىكەنمىز، دېگەن يەرگە كېلىپ قالدۇق. ئۈچىنچى خان قىزنى سىلەر كىچىك قىز چاغلاپ، ئۇنىڭغا سىڭار كۆزدە

قارىغىنىڭلار بىلەن، بىزنىڭ كېلىن ئاغىچا چوڭ - كىچىك قېيىنسىڭىللىرىنىڭ ئىچىدە شۇنىڭدىن خېلى تەپ تارتىدۇ. بۈگۈن سىلەر قوپۇپ تېخى ئۇنى نەزىرىڭلارغىمۇ ئىلىپ قويماپسىلەر!

ئۇلار شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. چيۇۋېن كېلىپ قالدى، خىزمەتكار ئاياللار ئىتتىك ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى، ئاندىن:

— خېنىم، ئولتۇرۇپ دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، ئىچكىرىدىكىلەر غىزا ئۈستىدە، ئىشىڭىز بولسا داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېيىشتى.

— مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، ساقلاپ ئولتۇرىدىغانغا نەدە چولام؟ — چيۇۋېن ئوچۇق چىراي بىلەن شۇنداق دەپ مېھمانخانىغا مېڭىۋىدى، پىڭئېر ئىتتىك ئۇنى چاقىردى:

— كەينىڭگە يان!

چيۇۋېن ئارقىسىغا قاراپ پىڭئېرنى كۆردى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە نېمىدەپ «تاشقىرىدىن قورۇقچىلىق» قىلىپ ئولتۇردىڭىز؟ — دېدى ۋە ئارقىسىغا يېنىپ پىڭئېرنىڭ ئاستىدىكى كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇردى.

— نېمىنى مەلۇم قىلماقچى سەن؟ — پىڭئېر ئاستا سورىدى.

— باۋيۈينىڭ مائاشى بىلەن بىزنىڭ مائاشىمىزنى قاچان ئالىمىزكىن، شۇنى سوراپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى چيۇۋېن.

— بۇ قانچىلىك چوڭ ئىش ئىدى! — دېدى پىڭئېر، — چاپسان قايتىپ كېتىپ شىرېنىغا مېنى دېدى دەپ ئېيت، قانداقلىكى ئىش بولسۇن، بۈگۈن كېلىپ مەلۇم قىلمىسۇن، بۈگۈن نېمە ئىشنى مەلۇم قىلسا شۇنى رەت قىلىۋېتىدۇ، يۈز

ئىشنى مەلۇم قىلسا، يۈزىنى تەڭلا رەت قىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چيۇۋېن ئالدىراپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى.

پىڭئېر بىلەن خىزمەتكار ئاياللار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا شۇنداق دېيىشتى:

— بۇگۈن راسا چىڭ كېلىدىغان ئىشلاردىن بىرنەچچىنى تېپىپ، ئىشنى يۈزلۈك ئادەملەردىن باشلىماقچى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، كۆپچىلىككە ئىبرەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، سىز بىرىنچى بولۇپ تامغا ئۇسۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئەگەر ھازىر كىرىپ دەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ بىر - ئىككى ئىشىڭلارنى كۆپچىلىككە ئىبرەت قىلاي دېسە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق قىلماي دېسە، باشقىلار قويۇپ: «بىرىگە بۇنداق، بىرىگە ئۇنداق قارىدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنى ھىمات قىلغانلاردىن قورقۇپ، ئۇلارغا چېقىلالمىدى، ساپلا بوزەكنى بوزەك تاپىدۇ» دېيىشىدۇ. ماڭا قارىڭ، ئۇلارچۇ، ھەتتا كېلىن ئاغىچىنىڭمۇ بىر - ئىككى ئىشىنى رەت قىلىۋەتسە، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالايدۇ!

چيۇۋېن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھېلىمۇ ياخشى پىڭئېر ئاچام بۇ يەردە ئىكەن، بولمىسا بۇرۇن - قۇلىقىمغىچە تويۇپ چىقىدىكەنمەن. ئەمىسە مەن چاپسانراق بېرىپ بۇ ئىشتىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئارقىدىنلا باۋچەينىڭ تامىقى كەلدى، پىڭئېر ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئىتتىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. جاۋ كىچىك ئاپا خېلى بۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى. ئۈچەيلەن كاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتاتتى. باۋچەي جەنۇبقا، تەنچۈن غەربكە، لى

ۋەن شەرققە قاراپ ئولتۇراتتى. خىزمەتكار ئاياللار ئۇلارنىڭ
غىزالىنىپ بولۇشىنى كۈتۈپ دەھلىزدە جىم ئولتۇرۇشاتتى.
ئىچكىرىدە پەقەت ئۇلارغا دائىم سوڭدىشىپ يۈرىدىغان چۆرە
قىزلارلا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم
ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالمىدى. خىزمەتكار ئاياللار بىر-
بىرىگە ئاستاغىنا:
— ئىشنىڭ ئوڭىنى قىلايلى، يامان نىيەتتە بولمايلى. بايا ۋۇ
ئانىكامىنىڭمۇ يۈزىنى ئايىمىغان يەردە، بىز ئۇنىڭ ئالدىدا
قانچىلىك يۈزلۈك ئادەم ئىدۇق! — دېيىشىپ، ئۇلارنىڭ
غىزالىنىپ بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىچكىرىدىن ئاستا
يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، چىنە-قاچىلارنىڭ يىغىشتۇرۇلغان
ئاۋازى ئاڭلانمىدى.
بىردەمدىن كېيىن بىر دېدەك مىلەڭزىنى ئېگىز قايرىپ
تۇردى، ئىككى چۆرە قىز شىرەنى كۆتۈرۈپ چىقتى. چايخانىدىكى
ئۈچ چۆرە قىز ئۈچ چىلاپچىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار شىرەنىڭ
يىغىشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، چىلاپچىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ
كېتىشىپ، بىردەمدىن كېيىن چىلاپچىلار بىلەن تۆكۈرۈكدانىنى
كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئارقىدىن سىشۇ، سۇيۈن، پىڭئېر ئۈچى
قاپقاقلىق ئۈچ پىيالە چاينى ئۈچ پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىرىپ
كېتىشتى.
ئۇزۇن ئۆيمەي ئۇلار يېنىپ چىقىشتى. سىشۇ چۆرە قىزلارغا:
— ئوبدانراق كۈتۈڭلار، بىز بېرىپ تاماقىمىزنى يەپ
كەلگەندىن كېيىن سىلەر بىلەن ئالمىشىمىز، ھورۇنلۇق قىلىپ
ئولتۇرۇۋالىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، — دېدى.
خىزمەتكار ئاياللار شۇندىلا نۆۋەت بويىچە ئاستا ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كىرىپ ئۆز ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار
بۇرۇنقىدەك ئۇنداق چوڭچىلىق، بىپەرۋالىق قىلىشمىدى.
تەنچۈننىڭ ئاچچىقى ئاستا-ئاستا بېسىلغانىدى، شۇڭا
پىڭئېرگە:

— مەن بىر چوڭ ئىش ھەققىدە خېلى بۇرۇنلا سىنىڭ غوجايىنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش نىيىتىدە بولۇپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئۇ ئىش يەنە ئېسىمگە كېلىپ قالدى، تامىقىڭنى يەپ بولۇپ چاپسانراق كەلگىن. باۋچەي قىزىمۇ بۇ يەردە، تۆتىمىز دەرقەمتە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەيلى، ئاندىن غوجايىنىڭدىن شۇنداق قىلساق بولامدۇ، بولمامدۇ، دەپ تەپسىلىي سوراپ كۆرەرمىز، — دېدى.

پىڭئېر خوش، دەپ چىقىپ كەتتى. پىڭئېر قايتىپ بارغاندا فېڭجيې ئۇنىڭدىن:

— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

پىڭئېر كۈلۈپ تۇرۇپ، بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى فېڭجيېگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— يارايدۇ، يارايدۇ، يارايدۇ! ئۇچىنچى خان قىز يارايدۇ! كارامەت ئوبدان ئىش بوپتۇ. بىراق، ئۇ تەلەيسىز - دە، ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلمىغانلا يېرى بار، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— سىلىمۇ قاملاشمىغان گەپ قىلىدىكەنلا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلمىغان تەقدىردىمۇ، كىم ئۇنى تۆۋەن كۆرۈپ، باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولماسلىقنى پېتىنالايدۇ؟ — دېدى پىڭئېر كۈلۈمسىرەپ.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — دېدى فېڭجيې ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — گەرچە ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلغانلار بىلەن توقالدىن تۇغۇلغانلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قىز بالا بولغاچقا، يەنىلا ئوغۇل بالىلارغا يەتمەيدۇ. ياتلىق قىلىدىغان چاغدا ئۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان تەنتەك ئادەملەر بار، ئۇلار توي قىلىشتىن بۇرۇن، ئالىدىغان قىزنى ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلغانمىكەن ياكى توقالدىنمۇ، دەپ شۇنى سۈرۈشتۈرىدۇ. توقالدىن تۇغۇلغان بولسا، كۆپىنچىلىرى ئالمايدۇ. ئۇلار توقالدىن تۇغۇلغان قىزلارنىڭ ئۆزى ئوبدان بولسا، ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلغان قىزلاردىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى

بىلىشمەيدۇ! كەلگۈسىدە قايسىبىر تەلەيسىز يىگىت ئاغىچا خېنىمدىن تۇغۇلغاننى دەپ بىزنىڭ بۇ قىزىمىزدىن قۇرۇق قالاركىن؟ قايسىبىر تەلەيلىك يىگىت ئۇنداق ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيلا بۇنى ئېلىپ كېتەركىن؟ — ئۇ پىڭئېرگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ساڭىمۇ مەلۇم، مەن مۇشۇ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان خىراجەتلەرنى تېجەش ئۈچۈن قانچىلىغان ئاماللارنى قىلىپ كۆردۈم، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مېنى ئارقامدىن غاجىمايدىغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. مەنمۇ هازىر يولۋاسقا مىنىۋېلىپ چۈشەلمەي قېلىۋاتىمەن. بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ يەتكەن بولسامىمۇ، لېكىن ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا يول قويۇۋاتىمەن. ئىككىنچىدىن، بىزدە چىقىم كۆپ، كىرىم ئاز، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىۋاتىمىز. لېكىن، يىلدا كىرىدىغان مال ـ دۇنيا بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس. تېجەي دېسەڭ، ياتلار زاڭلىق قىلىشىدۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ دىلى رەنجىيدۇ، تۆۋەندىكىلەر قاتتىق قوللۇق قىلدى دەپ ئاغرىنىدۇ. ئەگەر بالدۇرراق تېجەشنىڭ كويىغا چۈشمەيدىغان بولساق، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بار ـ يوقىمىزنى تۆلەمگە سېلىپ بېرىمىز!

— شۇنى دېمەملا، — دېدى پىڭئېر، — كەلگۈسىدە يەنە تېخى ئۈچ ـ تۆت خان قىزنىڭ، ئىككى ـ ئۈچ غوجامنىڭ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشلىرى بار. مانا شۇنداق چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

— مەنمۇ بۇنى ئويلىغان، بۇ ئىشلاردىن غەم قىلمىساقمۇ بولغۇدەك، — دېدى فېڭجيې، — باۋيۈينى ئۆيلەش بىلەن دەيیۈي سىڭلىمىزنى ياتلىق قىلىش ۋاقتىدا خەزىنىدىن پۇل خەجلىمەيمىز، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزىنىڭ يىغقانلىرىدىن چىقىرىدۇ. ئىككىنچى خان قىز چوڭ بېگىمگە

تەۋە، ئۇ بىزنىڭ ھېسابىمىزدا ئەمەس. قالغان ئۈچ ـ تۆتەيلەننىڭ ھەربىرىگە يەتتە ـ سەككىز مىڭ سەردىن كۆمۈش خەجلىسەك يېتىپ ئاشىدۇ. جياخۇەننىڭ تويى چەكلىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ سەر كۆمۈش يېتىدۇ، يەتمىسە، باشقا يەردىن ئازراق تېجەپ قالساق يېتىپ قالىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاخىرەتلىكىگە كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەييارلىنىپ بولغان، پارچە ـ پۇرات خىراجەتلىرىگە ئۈچ ـ تۆت مىڭ سەر كۆمۈش بولسا يېتىپ ئاشىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئانچە ـ مۇنچە تېجەپ تۇرساق، بارا ـ بارا يەتكۈزىدىغان بولىمىز. مۇشۇ كۈنلەردە بىرەر ـ ئىككى ئىش چىقىپ قالمىغىيدى دەپ قورقىمەن، چىقىپلا قالسا، ئۇ چاغدا تۈگەشكىنىمىز شۇ. بولدىلا، تېخى كەلمىگەن ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەتمەيلى. تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى مەسلىھەت قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كەل. بۈگۈن ماڭا كەلگەن پۇرسەت، مەن قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن غەم يەپ تۇراتتىم. گەرچە باۋيۈي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بالا ئەمەس، ئۇنى يېنىمغا تارتقىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. چوڭ كېلىن خېنىم بولسا، تىرىك بۇتنىڭ ئۆزى، كارغا كەلمەيدۇ. ئىككىنچى خان قىز تېخى كېرەككە كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى ئەمەس، تۆتىنچى خان قىز تېخى كىچىك، جيالەن بىلەن جياخۇەن بولسا تېخى تۈك چىقمىغان ئاسلانلار، ئۇلار ئىسسىق كاڭغا چىقىپ ياتسىلا بولىدىغان نېمىلەر. بىر ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان ئىككى ئادەممۇ چۈشىدىكەن، مۇشۇنى ئويلىسام خۇدايىمدىن رازى بولمايمەن! ئۇلاردىن قالسا، دەييۈي قىز بىلەن باۋچەي قىز، بۇ ئىككىسى تازا باب كىشىلەر، بىراق ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغاچقا، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا قول سالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسى پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان نازۇك چىراي. يەنە بىرسى بولسا، بىر قارارغا

كېلىۋالسا، ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايدۇ، نېمىنى سورىسا بىلمەيمەن، دەپ باش چايقايدۇ. ئۇلارغىمۇ بىرنېمە دېيىش قىيىن. قالغىنى پەقەت بىرلا شۇ ئۈچىنچى خان قىز. ئۇنىڭ كاللىسىمۇ، ئېغىزىمۇ تەڭ ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز كىشىسى، ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. گاھىدا جاۋ كىچىك ئاپا دېگەن ھېلىقى قېرى دەللىنىڭ كاساپىتىدىن يۈزى سۆرۈن بولىدىغان ئىشلار چىقىپ قالىدۇ. لېكىن، ئاغىچا خېنىم كۆڭلىدە ئۇنىڭغا باۋيۈيگە قارىغاندەك قارايدۇ. ئۇ جياخۇەنگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، جياخۇەنگە كىشىنىڭ زادىلا ئامراقلىقى كەلمەيدۇ. مېنىڭ رايىمچە بولىدىغان بولسا، ئۇنى ئاللىقاچان بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارغان بولاتتىم! بۈگۈن تەنچۈن مۇشۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك، ماڭا قول بولىدىغان ئادەملەر چىقسا مەنمۇ يالغۇزچىلىق تارتمايمەن، ئەدەپ ـ ئادالەت، ئىنساب نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم بىزگە ياردەم بەرسە بىزمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالىمىز، بۇنىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشلىرىغىمۇ پايدىسى بار. ئەگەر شەخسىي نىيەت ۋە قۇۋلۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەنمۇ بەك قەبىھلىشىپ كەتتىم، ئەمدى كەينىمگە چېكىنىپ ئارقامغا قاراپ بېقىشىمغا توغرا كېلىدۇ. يەنە شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىپ كېتىۋېرىدىغان بولسام، خەقلەرنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە قالىمەن، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە شۇملۇق يوشۇرۇنغان، ئىككىمىزدە تۆت كۆز، ئىككى يۈرەك بار، سەللا بىخۇدلىشىپ قالساق، موللاق ئاتماقتىن باشقا گەپ يوق. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشلارغا قول تىقسا، كىشىلەرنىڭ ئادەتتە بىزگە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۆچمەنلىكى ۋاقىتلىق بولسىمۇ يېشىلىدۇ. يەنە بىر ئىش، گەرچە مەن سېنىڭ قەۋەتلا زېرەكلىكىڭنى بىلسەممۇ، لېكىن بەزى ئىشلارنى كاللاڭدىن ئۆتكۈزەلمەسلىكىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

شۇڭا، ساڭا تاپىلايدىغىنىم، ئۇ قىزبالا بولسىمۇ، لېكىن ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە تايىنىن، گەپ ـ سۆزدىلا بەك ئېھتىياتچان، ماڭا قارىغاندا ئوقۇمۇشلۇق، ساۋاتى بار. دېمەك، مەندىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدۇ. «ئوغرى تۇتساڭ، ئاتامانىنى تۇت» دېگەن گەپ بار، بۇگۈن بۇ ئىشنى قولغا ئالدىمۇ، دېمەك، ئالدى بىلەن ئىشنى مەندىن باشلايدۇ، ناۋادا ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى رەت قىلىدىغان بولسا، سەن ھەرگىز ماڭا چاپان ياپما، خۇشامەت قىلىپ، رەت قىلغىنىڭىز تازا جايىدا بولدى، دەپ تۇر، ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئابرۇيۇمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ۋايىم يەپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرغۇچى بولما، ئۇنداق قىلمىساڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

پىڭئېر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— كىشىنى بەكمۇ ئەخمەق چاغلايدىكەنلا. سىلى دېمىسىلىمۇچۇ، مەن ئاللىقاچان شۇنداق قىلدىم، بۇنى ماڭا ئەمدى تاپىلاۋاتامدىلا، — دېدى.

— مەن تېخى سېنى، كۆڭلىدە مەنلا بار، مەندىن باشقا ئادەم يوق، مېنىلا كۆز ئالدىدا تۇتىدۇ دەپ ئويلاپ، ساڭا شۇنداق تاپىلاپ كېتىپتىمەن، مەن دېگۈچە سەن شۇنداق قىلغان بولساڭ، سەن مېنىڭدىنمۇ زېرەك ئىكەنسەن. بۇنداق دېسەم، ئالدىراپ كېتىپ، «سىلى» چۇ، «مەن» چۇ دەپ جاۋىلىدىغىلى تۇردۇڭغۇ، — دېدى فېڭجيې كۇلۇپ.

— سىلىنىلا دەيمەنغۇ، ئۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، دېگەن ئاغزىم مانا تۇرمامدۇ؟ يەنە بىر تەستەك سالسىلا، سىلىنىڭ تەستەكلىرىنىڭ تەمىنى تېتىمىغان يۈزمىدى بۇ؟ — دېدى پىڭئېر.

— ھۇي جۇۋاينىمەك، — دېدى فېڭجيې كۇلۇپ، — يەنە قاچانغىچە گېپىمدىن پۇتاق چىقىرارسەن؟ مېنىڭ مۇشۇنداق كېسەل ياتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ قەستەن چىشىمغا تېگىۋاتىسەن ـ ھە! بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر، بەرىبىر خەقمۇ كەلمەيدۇ، بىللە

ئولتۇرۇپ تامىقىمىزنى يەۋالايلى.

فېڭئېر قاتارلىق ئۈچ – تۆت چۆرە قىز ئۆيگە كىرىپ كاڭغا شىرە قويدى. فېڭجيې قارلىغاچ چاڭگىسىدا ئەتكەن شوۋىگۇرۇچ بىلەن ئىككى تەخسە ئېسىل سەيدىنلا يېدى. هازىر ئۇ ھەر كۈنى يەيدىغان سەيلىرىنى ئازايتىۋەتكەنىدى. فېڭئېر پىڭئېرگە تېگىشلىك تۆت خىل سەينى شىرەگە قويۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ تامىقىنى ئەكېلىپ بەردى. پىڭئېر كاڭنىڭ لېۋىدە بىر پۇتى بىلەن يۈكۈنۈپ ئۆرە دىگۈدەكلا ئولتۇرۇپ، فېڭجيېگە ھەمراھ بولۇپ تاماق يېيىشىپ بەردى. ئاندىن فېڭجيې ئاغزىنى چايقاپ بولغۇچە خىزمىتىدە بولۇپ، فېڭئېرگە بەزى گەپلەرنى تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن، تەنچۈنىنىڭ قېشىغا كەتتى. ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت، خەقلەرنىڭ ھەممىسى تارقاپ كەتكەنىدى. ئەمدى نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك ئالتىنچى باب

## پاراسەتلىك تەنچۈننىڭ زىياننى تۈگىتىپ ھاياننى ئاشۇرغانلىقى دانىشمەن باۋچەينىڭ ئازغىنا مەنپەئەت ئارقىلىق چوڭلۇق سالاپەتنى نەزەردە تۇتقانلىقى

شۇنداق قىلىپ، پىڭئېر فېڭجىيې بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزا يېدى، ئۇ ئاغزىنى چايقاپ بولغۇچە خىزمىتىنى قىلىپ، ئاندىن تەنچۈننىڭكىگە كەلدى. ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، دېدەكلەر بىلەن خىزمەتكار ئاياللار دېرىزىنىڭ تۈۋىدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. پىڭئېر مېھمانخانىغا كىردى. ئۆيدە تەنچۈن، لى ۋەن، باۋچەي ئۈچى ئۆي ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشكەچ، بۇ يىل لەي دانىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت، لەي دانىڭ بېغى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تەنچۈن پىڭئېرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەسسىگۈچكە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىن شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ خىيالىمغا كەلگىنى باشقا ئىش ئەمەس، بىزگە ھەر ئايدا ئۇپا - ئەڭلىك ئۈچۈن قوشۇلۇپ كېتىدىغان ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈشنىڭ ئىشى ئىدى. بىزگە ھەر ئايدا ئىككى سەر كۈمۈش ئايلىق بېرىلىدۇ، دېدەكلەرگىمۇ يەنە ئايرىم ئايلىق پۇلى بېرىلىدۇ، بۇمۇ خۇددى بايا ئېيتقاندەك ئوقۇش پۇلىغا كېتىدىغان سەككىز سەرگە ئوخشاش قوشۇلۇپ بېرىلگەن بولمامدۇ؟ بۇغۇ كىچىك ئىش، كېتىدىغان پۇلىمۇ چاغلىق، لېكىن قارىغاندا، ئانچە لايىق بولمىغاندەك تۇرىدۇ، كېلىن ئاغىچاڭ بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندۇ؟

— بۇنىڭ بۇنداق بىر سەۋەبى بار، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — خان قىزلارغا كېتىدىغان بۇ نەرسىلەردىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ئۇلۇشلىرى بار. ئايدا دەللاللار بىراقلا سېتىۋېلىپ خىزمەتكار ئاياللار ئارقىلىق بىزگە بېرىدۇ، بىز ئۇنى ساقلاپ خان قىزلارغا لازىم بولغاندا بېرىمىز، ھەر كۈنى ئۆزىمىز پۇل كۆتۈرۈپ چىقىپ ياكى باشقىلارنى چىقارتىپ سېتىۋالىدىغان ئىش يوق. ئەمدى خان قىزلارغا ئايدا بېرىلىدىغان ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈشكە كەلسەك، ئۇ پۇل ئەسلىدە بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن بېرىلمىگەن، غوجىدارلىق قىلغۇچى كېلىن خېنىم، ئاغىچا خېنىملار بىر مەھەل ئۆيدە بولماي، ياكى قولى بوشىماي قالغان چاغلاردا، خانقىزلارغا دەماللىققا پۇل لازىم بولۇپ قالسا، كىشى ئىزدەپ ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالمىسۇن، دەپلا بېرىلگەن. كۆزۈمنىڭ قىرىنى سالغۇدەك بولسام، ھازىر ھەرقايسى ھۇجرىلاردىكى خان قىزلارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆز پۇللىرىغا شۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋالىدىكەن. مېنىڭ گۇمانىم، دەللاللار يا ئوتتۇرىدىن زىغىق چىقىرىۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا سېتىۋالغىنى يارامسىز نەرسىلەر ئەمەس.

— بۇنىڭغا سىزنىڭمۇ كۆزۈڭ يېتىپتۇ ـ دە، — دېيىشتى تەنچۈن بىلەن لى ۋەن كۈلۈشۈپ، — زىغىق چىقارمايدىغاندۇ، ھەرقاچان سودىلىقنى كېچىكتۈرسە كېرەك. ئالدىراتقاندا ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا، شۇنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئاتاققا ئۇ نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەرگەن بولىدۇ، لېكىن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئىشلەتكىلى بولمىغاچقا، باشقىدىن سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېمىكئانىلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئوغۇللىرى ئارقىلىق ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ ئىشلىتىدىغان گەپ، مەخسۇس شۇ ئىشنى قىلىدىغانلارنى بۇيرۇساڭ، ئەكېلىدىغىنى يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى. ئۇ خەقمۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىكىنتاڭ؟

— دەللاللار سېتىۋالىدىغان شۇ نەرسىلەرگە باشقا بىر

ئادەمنى بۇيرۇسىلا ئۇلار ياخشىسىنى سېتىۋالىدۇ، — دېدى پېگئېر كۇلۇپ، — شۇنداق قىلسا دەللاللار بۇنىڭغا كۆنمەي، تېخى بۇ خەقنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، دەللاللىقىمىزنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ، دېيىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارمۇ ھەرەمخانىدىكىلەر رەنجىسىمۇ مەيلى، لېكىن تالانىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلارنى رەنجىتىپ قويمايلى دېگەن يەرگە كېلىشكەن. خان قىزلار بۇنداق ئىشلارغا ئېمىكئانىلارنى سالسا، ئۇلارنىڭ ئاغزى يۇمۇلۇپ ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ.

— شۇڭا، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، — دېدى تەنچۇن، — قوشلاپ پۇل خەجلەپ ئالغان نېمىنىڭ يېرىمى بىكاردىن - بىكار زايە بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە دەللاللار بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشنى قىلمىسۇن، بۇ بىر ئىش. ئىككىنچىسى، چاغاندا لەي دانىڭكىگە بارغاندا سەنمۇ باردىڭ، بېغىنىمۇ كۆردۈڭ، سېنىڭچە، ئۇنىڭ بېغى بىزنىڭكىدىن قانداقراق ئىكەن؟

— ئۇنىڭ بېغى بىزنىڭ باغنىڭ تېگىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىكەن، دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھلىرىمۇ بىزنىڭكىدىن خېلىلا ئاز ئىكەن، — دېدى پېگئېر.

— مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىر قىزچاق بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، — دېدى تەنچۇن، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆزلىرى تاقايدىغان گۇل، يەيدىغان بامبۇك بىخلىرى، ئوتياش، بېلىق، راكلاردىن باشقا، ھەر يىلى باغنىڭ كۆكىنى سېتىپ، يىل ئاخىرىدا يەنە ئىككى يۈز سەر كۈمۈش كىرىمىمۇ قىلالايدىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن بىر تال نېلۇپەر غازىڭى، بىر تال قۇرۇق يىلتىزنىڭمۇ پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

— بۇ تازا قۇرۇق سۆلەت باياۋچىلەرنىڭ گېپى بولدى - دە! — دېدى باۋچەي كۇلۇپ تۇرۇپ، — سىلەر خېنىم قىزلار بولساڭلارمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنى ئۇقمايسىلەر، ھەممىڭلار ئوقۇغان، ساۋاتلىق تۇرۇپمۇ، جۇفۇزىنىڭ «ئۆزۈڭنى تاشلىما» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇماپتىكەنسىلەر - دە!

— ئوقۇشنىغۇ ئوقۇغان، — دېدى تەنچۇن كۈلۈپ، — ئۇ كىتابتىكى گەپلەر كىشىنى پەقەت قۇرۇق ئىجتىھات قىلىشقىلا رىغبەتلەندۈرىدىغان ساختا - پۈچەك گەپلەر ئىكەن، ئۇنىڭ نېمىسىنى راست دەيسىز؟

— جۇفۇزىنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي ساختا - پۈچەك گەپلەر ئىكەن - دە! — دېدى باۋچەي، — ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بار گەپلەر. سىززە، ئىككى كۈنلا ئىش باشقۇرۇپ، پۇل دېسە جاندىن كېچىپ جۇفۇزىنىمۇ پۈچەككە چىقىرىۋېتىپسىز. ناۋادا، سىز تالاغا چىقىپ ئۇنداق چوڭ پايدا - زىيان ئىشلارنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسىڭىز، كۇڭزىنىمۇ پۈچەككە چىقىرىۋېتىدىغان ئوخشايسىز!

— سىز شۇنداق ئوقۇمۇشلۇق قىز تۇرۇپ جىزىنامە①نى ئوقۇمىغانمىدىڭىز؟ — دېدى تەنچۇن كۈلۈپ، — ئۆز ۋاقتىدا جىزى شۇنداق دېگەن: «مەنپەئەت - مەئىشەت سورۇنلىرىغا قەدەم قويىغان، رىجە - تەدبىر بەلگىلەش مەرتىۋىسىدە تۇرغان كىشىلەر ياۋ ۋە شۇنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئەمما كۇڭزى - مېڭزى يولىغا خىلاپ ئىش قىلىدۇ ...»

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىسىچۇ؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ يەر - بۇ يەردىنلا ئۈزۈۋالغان گەپلەر، كېيىنكى جۈملىسىنى ئوقۇسام، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللىغان بولمامدىمەن؟ — دېدى تەنچۇن كۈلۈپ.

— دۇنيادا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان نەرسە يوق، ئىشلەتكىلى بولىدىغانلا نەرسە پۇلغا يارايدۇ. شۇنداق ئەقىللىك قىز تۇرۇقلۇق ئادەتتە بولىدىغان مۇشۇنچىلىك ئىشلارمۇ ئالدىڭىزدىن ئۆتمەپتىكەن - دە، — دېدى باۋچەي.

— خەقنى كەل دەپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى توغرىسىدا

① جىزىنامە — مىسال كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى بىر كىتاب.

گەپ قىلماي ئىلىم ھەققىدە گەپ سېتىپ كەتتىڭلارغۇ! — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

— ئەسلىي ئىش ئىلىمدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئىلىمنى تىلغا ئالمايدىغان بولساق، قارىپايىم كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ قالىمىز، — دېدى باۋچەي.

ئۇچەيلەن بىردەم كۈلۈشۈپ، ئاندىن رەسمىي ئىشقا ئۆتتى.

— دېمەك، — سۆزىنى داۋام قىلدى تەنچۇن، — ئۇلارنىڭ بېغىنى بىزنىڭ باغنىڭ يېرىمىغىلا تەڭ كېلىدۇ دېگەندە، بىزنىڭكىنى بىر ھەسسە قوشۇپ ھېسابلىساق، تۆت يۈز سەر كۈمۈش ھايان ئالغىلى بولىدىكەن، مۇشۇ كەمدە باغدىن چىققان نەرسىلەرنى سېتىپ ھايان ئالىمەن دېيىش، ئەلۋەتتە پىخسىقلىق بولىدۇ، بۇ بىزدەك ئادەملەر قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئەگەر باغقا مەخسۇس ئىككىلا ئادەمنى ئاجرىتىپ قويساق، ئۇ چاغدا پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، كىشىلەر خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىشىپ، تەييار تۇرغان دۇنيا زايە بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، باغدىكى ھەممە موماييلاردىن باغۋەنچىلىكنى بىلىدىغان بىرنەچچە كاداڭلىرىنى تاللاپ باغقا قارايدىغانغا قويۇش كېرەك، ئۇلاردىن ئىجارە ھەققى، سېلىق ئېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئۇلار پەقەت يىلدا ئانچە ـ مۇنچە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ تۇرسىلا بولىدى. مۇشۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، باغدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنى پەرۋىش قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا، باغ يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلىنىدۇ، باغقا ھاجىتىمىز چۈشكەندە ئالدىراپ قالمايمىز؛ ئىككىنچىدىن، قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ئىشلار توختايدۇ، نەرسە ـ كېرەكلەر بىكارغا زايە بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مومايلارمۇ شۇ باھانىدە ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئالىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ يىل بويى باغدا قىلغان ئەجرى بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، گۈلچىلەرگە، سۇئىي تاغ ئۇستىلىرىغا، تازىلىق خىزمەتكارلىرى قاتارلىقلارغا تۆلىنىدىغان ئىش ھەققى تېجەپ

قىلىنىدۇ، بۇ پۇل بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كەم ـ كوتىمىزنى تولۇقلىۋالساق، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار؟

پەگاھتا تۇرۇپ تامدىكى نەقىشلەرنى كۆرۈۋاتقان باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

ــــ ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! ئاشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۈچ يىل قەھەتچىلىك بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ــــ دېدى بېشىنى لىڭشىتىپ.

ــــ بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى! ــــ دېدى لى ۋەن، ــــ مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساق، ئاغىچا خېنىممۇ خۇش بولىدۇ. پۇل تېجەپ قىلىشقۇ چاغلىق گەپ، مۇھىمى، باغنى تازىلاپ تۇرىدىغان ئادەم بولىدۇ، ھەممە ئادەمگە ئىشمۇ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشىغا يول قويۇلسا، قولىغا ھوقۇق، مىدىرلىغىنىغا ھەق بەرسە، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلىماي قالمايدۇ.

ــــ بۇ ئىشنى خان قىزنىڭ دېگىنى ئوبدان بولدى، ــــ دېدى پىڭئېر، ــــ گەرچە بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىنىڭمۇ مۇشۇنداق نىيىتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا ئوڭايسىزلىنىپ يۈرەتتى. نېمىشقا دېسىڭىز، ھازىر خان قىزلارنىڭ ھەممىسى باغدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىلىرىمۇ كۆپ ئەمەس، مۇشۇنداق چاغدا باغقا ئادەم قويۇپ ھايان ئالىمىز دەيدىغان گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىش، ئەلۋەتتە، تەس دەڭا.

باۋچەي ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ، كۈلگەن پېتى شۇنداق دېدى:

ــــ ئاغزىڭنى ئاچە، مەن سېنىڭ چىشىڭ بىلەن تىلىڭنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، ئەتىگەندىن بېرى قانداقلا گەپ بولۇنسا ئۇنىڭغا جاۋابىڭ تەييارلا. يا خان قىزنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئوقۇمايسەن، ياكى بولمىسا غوجايىنىڭنىڭ بۇنى ئويلاپ يەتمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلمايسەن. خان قىز بىر ئېغىز گەپ قىلسا، بىر ئېغىزنى تاقاپلا تۇرىسەن، خان قىز ئويلىغان ئىشنى

سېنىڭ غوجايىنىڭمۇ ئويلىغان، ئەمما ئۇنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولۇپ چىقىدۇ، مانا ئەمدى خان قىزلار تۇرۇۋاتقان باغقا هايان ئالىمىز دەپ ئادەم قويۇش ئەپسىز دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭ. بۇنىڭ بۇ گېپىنى ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر راستلا باغقا ئادەم قويۇپ پۇل تاپىمىز دېسەك، دەرۋەقە باغقا قارايدىغانلار بىر تال گۈل، بىر تال مېۋىگىمۇ قول تەگكۈزۈشكە يول قويمايدۇ، خان قىزلارنىڭ ئۈلۈشلىرىدىغۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە پېتىنالمايدۇ، لېكىن دېدەكلەر بىلەن هەر كۈنى جېدەل چىقىرىپ تۇرىدۇ. مۇنۇ پىڭئېرغۇ ئالدى ـ ئارقىسىنى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، بۇنىڭ غوجايىنى بولسا بىز بىلەن ئۇنچىۋالا ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بايىقى سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇ خىجىل بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغانمۇ ئوخشايدۇ.

— ئەتىگەندىن بۇيان ئاچچىقىم كېلىپ تۇراتتى، بۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۇنىڭ غوجايىنى ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بۇنىڭ غوجايىنى ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ساپلا بىشەم ئادەملەرنى ئىشقا ساپتۇ! پىڭئېرنى كۆرۈپلا تېخىمۇ جۇدۇنۇم تۇتقاندى. ۋايىتاڭەي، بۇ كېلىپلا مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك بىچارە قىياپەتتە بىر هازاغىچە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئاندىن هېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ: مېنىڭ غوجايىنىم سىزگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ دېمەي، ئەكسىچە: «سىز خان قىزنىڭ ئادەتتە بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىغا بولغان ئادەمگەرچىلىك كۆڭلىڭىز يەردە قالمىغان بولىدۇ» دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئاچچىقىم يېنىپلا قالماستىن، ئەكسىچە خىجىل بولۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئويلاپ باقسام، مەن بىر قىز بالا تۇرسام، ماڭا كۆيۈنىدىغان، هالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمىم يوق دەپ قايغۇرۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، مەندە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان نېمە ياخشىلىق بولسۇن؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

لى ۋەن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ شۇنچىلىك سەمىمىي گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئادەتتە جاۋ كىچىك ئاپا ئۇنىڭغا تولا ئاھانەت قىلىۋېرىپ ئۇنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۇلارمۇ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئېلىشتى ۋە ئالدىراپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى:

— بۈگۈن بىز ئازادە قاپتىكەنمىز، زىياننى ئازايتىپ، ھاياننى ئاشۇرىدىغان ئىشتىن ئىككىنى مەسلىھەتلىشىۋالدۇق. ئاغىچا خېنىمنىڭ ھاۋالە قىلغانلىقىنىمۇ يەردە قويمىدۇق. شۇڭا، بۇنداق كارايىتى يوق ئىشلارنى تەرگەپ نېمە قىلىسىز؟

پىڭئېر دەرھال شۇنداق دېدى:

— مەن چۈشەندىم. خان قىز، قېنى سىز كىمنى ياخشى دېسىڭىز، شۇنى بەلگىلىسەكلا ئىش تۈگەيدۇ.

— شۇنداق قارارغا كەلدۇق دېگەندىمۇ، كېلىن ئاغىچاڭغا مەلۇم قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى تەنچۈن، — بىزنىڭ بۇنچىلىك ئاز ھاياننى قوغلىشىشىمىزمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، سېنىڭ كېلىن ئاغىچاڭ گەپ چۈشىنىدىغان ئايال بولغاچقا، مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ ئەخمەق، تەرسا، ھەسەتخور بولغان بولسا ئىدى، مەن ھەرگىز بۇنداق قىلمىغان بولاتتىم، ئۇ چاغدا ئۇنى يامان ئاتاقتا چىقارغاندەك بولۇپ قالىمەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي بولامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا، مەن بېرىپ بۇ ئىشنى كېلىن ئاغىچىغا دەپ باقاي، — دېدى پىڭئېر ۋە كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، — بارمىسامىمۇ بوپتىكەن، بىكارلا يول مېڭىپتىمەن. بۇنداق ئوبدان ئىشقا بىزنىڭ خېنىم كۆنمەي قالامتى ! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تەنچۈن بىلەن لى ۋەن باغدىكى ھەممە خىزمەتكار ئاياللارنىڭ رويختىنى ئالدۇرۇپ، ھەممىيلەن بىللە كۆرۈپ چىقتى، دەسلەپ قىلىپ بىرنەچچەيلەننى بېكىتتى. ئاندىن ئۇلارنى تەڭلا چاقىرىپ كىرىپ، لى ۋەن ئۆز مەقسەتلىرىنى

ئۇلارغا بىرقۇر سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ ئىشنى خالىمايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

— باغدىكى بامبۇكزارلىقنى ماڭىلا تاپشۇرسىلا، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى، — بىر يىل ئىشلەپلا كېلەر يىلى بامبۇكزارلىقنى بىر ھەسسە كۆپەيتىمەن. خېنىم - غوجاملار يەيدىغان بامبۇك بىخلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، يىل ئاخىرىدا يەنە پۇل بىلەن ئاشلىقمۇ تاپشۇرىمەن.

— باغدىكى شاللىقنى ماڭىلا تاپشۇرسىلا، — دېدى يەنە بىرسى، — باغدا باققان جىمىكى قۇشلارنىڭ دانلىرىنى دەپتەرخانىدىن بىر تىيىن چىقىم قىلدۇرماي ئۆزۈم ھۆددىگە ئالاي، ئۇنىڭدىن باشقا، پۇل بىلەن ئاشلىقمۇ تاپشۇرالايمەن.

تەنچۈن سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكار ئايالدىن بىرسى خەۋەر ئېلىپ كىردى:

— تېۋىپ كەلدى، باغقا كىرىپ شياڭيۈن خېنىمنىڭ كېسىلىنى كۆرمەكچىكەن.

خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ھەممىسى تېۋىپنى باشلاش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، پىڭئېر دەرھاللا:

— سىلەردىن يۈز كىشى بارسىمۇ قائىدە - يوسۇنغا لايىق ئىش قىلالمايدۇ، تېۋىپنى ئىش باشقۇرىدىغان كاتتىباشلاردىن ئىككىسى باشلاپ كىرسە بولمامدىكەن؟ — دېدى.

— ۋۇ يەڭگەم بىلەن دەن يەڭگەم غەربىي جەنۇبى بۇلۇڭدىكى زەرەپشان دەرۋازىسى ئالدىدا تېۋىپنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى خەۋەر ئېلىپ كىرگەن ھېلىقى ئايال. پىڭئېر بۇنى ئاڭلاپ باشقا گەپ قىلمىدى.

خىزمەتكار ئاياللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تەنچۈن باۋچەيدىن سورىدى:

— قانداق بولدى؟

— «باشتا خۇشال بولۇپ ھايغايلاپتۇ، ئايىغىدا سۇلىشىپ لاغايلاپتۇ؛ گەپ قىلىش دېسە باداڭدەك، پايدىنى كۆرسە ئاغزى

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپتۇ ھاڭدەك» — دەپ جاۋاب بەردى باۋچەي كۇلۇپ.

تەنچۇن ئۇنىڭ گېپىنى بېشىنى لىڭشىتىش بىلەن ماختىدى. ئاندىن رويخەتتىكى بىرنەچچەيلەننىڭ ئىسمىنى ئۇچىگە كۆرسەتتى. پىڭئېر دەرھال دۇۋەت ـ قەلەم ئېلىپ كەلدى.

— مۇنۇ جۇ ئائىلىكام لايىق كېلىدۇ، — دېدى ئۇچەيلەن بىردەك، — ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئوغلى ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ بامبۇك بېقىپ كەلگەن، باغدىكى ھەممە بامبۇكزارنى شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى. مۇنۇ تيەن ئائىلىكام ئەسلىدە دېھقان، خۇشبۇي شالزار ئەتراپىدىكى كۆكتات، شال ـ كۇرمەكلەر ئەمەك ئۇچۇنلا تېرىلغان، ئۇنچىۋالا كەڭ تېرىپ ـ ئېكىپ كەتمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر، شۇنداقتىمۇ تيەن ئائىلىكام ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇلارنى تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىپ تۇرسا تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ.

تەنچۇن كۇلۇپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

— ئەپسۇسكى، ئاسارۇنزار ھويلا بىلەن ئارامبەخش ھويلا شۇنداق چوڭ باغباراڭ بولسىمۇ، ئۇلاردا كارغا كەلگۇدەك بىرنەرسە يوق ـ دە!

— ئاسارۇنزار ھويلا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دەڭا! — دېدى لى ۋەن كۇلۇپ، — ئەتتارلىق دۇكانلىرى، بازار ۋە چوڭ ئىبادەتخانىلاردىكى ھەر خىل ئەتىرلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھويلىمىزدىكى نەرسىلەردىنغۇ؟ ھېسابلاپ باققاندا، باشقا جايلاردىن كېلىدىغان كىرىمدىن بۇنىڭ تاپاۋىتى تېخىمۇ كۆپ! ئارامبەخش ھويلىنى ئالساق، باشقىلىرىنى قويۇپ، پەقەت باھار بىلەن يازدا ئېچىلىدىغان ئەتىرگۈلنىڭ ئۆزىدىنلا مۇشۇ ئىككى پەسىلدە شۇنچە كۆپ گۈل ـ غۇنچە چۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟ تېخى باغنىڭ قاشلىرىدىكى قىزىلگۈل، ئاق ئەتىرگۈل، كۆچمە قىزىلگۈل، ھەسەلگۈل، ئارغىۋان چېچەك قاتارلىق گۈللەرمۇ بار، بۇلارنى قۇرۇتۇپ چاي دۇكانلىرىغا، دورىپۇرۇشلارغا ساتساق خېلى كۆپ پۇلغا يارايدۇ.

تەنچۇن كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— شۇغىنىسى ئاشۇ خۇشبۇي گۈللەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرىدىغان ئادەم يوق - دە! — دېدى.

— باۋچەي خېنىمنىڭ دېدىكى يىڭئېرنىڭ ئانىسى ئاشۇ ئىشنىڭ ئەھلى، — دېدى پىڭئېر دەرھاللا سۆز قىستۇرۇپ، — ئۆتكەندە ئاشۇ گۈللەردىن ئۈزۈپ كېلىپ، قۇرۇتۇپ، ماڭا ئويناش ئۈچۈن كىچىك گۈل سېۋىتى، قاپاق توقۇپ بەرگەن، خان قىز بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— مەن سېنى ماختاۋاتسام، سەن قوپۇپ مېنىڭ پېيىمغا چۈشتۈڭمۇ؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سوراشتى ئۇچەيلەن ئەجەبلىنىپ.

— يىڭئېرنىڭ ئانىسىنى ئۇ ئىشقا قويۇشقا زادى بولمايدۇ، — دېدى باۋچەي، — سىلەرنىڭ بۇ يەردە يارامىلىق ئادەملەر شۇنچە كۆپ، ھەممىسىلا ئىشى يوق بىكار يۈرۈشىدۇ، ئەمدى مەن قوپۇپ بىر ئادەم چىقارسام، ئۇ چاغدا ئۇلار مېنىمۇ كەمسىتىدىغان بولۇۋالامدۇ. مەن بىر ئادەمنى كۆرسىتەي، ئارامبەخش ھويلىدا يې ئانىكام بار، ئۇ بېيمىڭنىڭ ئانىسى، ئۆزى ھالال ئىش قىلىدىغان موماي. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىزنىڭ يىڭئېرنىڭ ئانىسى بىلەن بەك چىقىشىدۇ. بۇ ئىشنى شۇنىڭغا تاپشۇرغان ياخشى. ئۇنىڭ بىلەلمىگەن يەرلىرى بولسا، بىزنىڭ بېرىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، يىڭئېرنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشسىلا بولدى. ناۋادا يې ئانىكام پۈتۈنلەي قارىمايدىغان بولۇپ، باشقا بىركىمگە بەرسە، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشى بولىدۇ، باشقىلار سۆز - چۆچەك قىلىشسىمۇ بىزدىن ئاغرىنىش قىلمايدۇ. مۇشۇنداق قىلساڭلار، ئادىل ئىش قىلغان بولىسىلەر، ئىشمۇ ئەپلىشىدۇ.

— راست شۇنداق، — دېيىشتى لى ۋەن بىلەن پىڭئېر.

— شۇنداق بولغاندىمۇ، ئۇلار پايدىنى كۆرۈپ ئىنسابنى

ئۇنتۇپ قالارمىكىن، — دېدى تەنچۇن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى يېڭىئېر كۈلۈپ، — قايسى كۈنى يېڭىئېر يې ئانىكامنى ئۆزىگە ئانا تۇتتى، ئۇلار ئادەتتە بىر - بىرىنى چايغا چىلىلىشىپ ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشىدۇ.

تەنچۈن بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. تۆتەيلەن يەنە بىرنەچچەيلەننى ئويلىشىپ كۆرۈپ، ئادەتتە ئۆزلىرى كۆزىنىڭ قىرىنى سىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىسمىغا دۈگىلەك بەلگە ئۇرۇپ قويدى.

شۇ ئارىدا خىزمەتكار ئاياللار كىرىپ:

— تېۋىپ قايتىپ كەتتى ! — دەپ خەۋەر قىلىشتى ۋە دورا قەغىزىنى ئۇلارغا سۇندى. ئۇچەيلەن دورا قەغىزىگە قاراپ چىقىپ، تاشقىرىدىن دورا ئېلىپ كىرىشكە ئادەم بۇيرۇدى، دورا قايىنىتىشقىمۇ ئادەم تەيىنلىدى. ئاندىن تەنچۈن بىلەن لى ۋەن خىزمەتكار ئاياللارغا پالانى پوكونى يەرگە قارايدۇ دەپ ئېنىق ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، شۇنداق دېيىشتى:

— تۆت پەسىل بويىچە ئۆزىمىزگە ئىشلىتىش ئۈچۈن قانچە ئۇلۇش بەلگىلەنگەن بولسا، شۇنىڭدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆزۈڭلار يىغىپ ھايان ئالىسىلەر، ھېساباتىنى يىلىنىڭ ئاخىرىدا قىلىمىز.

— يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — يىل ئاخىرىدا ھېساب - كىتاب قىلىپ پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا پۇلنى دەپتەرخانىغا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ يەردە يەنە بىر ئىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئالىقىنىغا چۈشىدۇ - دە، يەنە بىر قات تېرەڭلەرنى شىلىۋالىدۇ. ھازىر بۇ ئىشنى بىز يولغا قويۇپ، سىلەرنى تەيىنلەپ ئۇلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق، ئۇلار بۇنىڭغا كۆڭلىدە نارازى بولىدۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىلەر يىل ئاخىرىدا ھېساب ئۆتكۈزىدىغان چاغدا ئۇلار سىلەرنى كولدۇرلاتماي قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى قايسى ئىشنىڭ بېشىدا كىم تۇرغان بولسا شۇ تولۇق بىر ئۇلۇش ئالسا، ئۇلار

بېرىم ئۆلۈش ئالىدۇ، بۇ ھازىرغىچە ئەمەل قىلىنىۋاتقان كونا قائىدە، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. بۈگۈن بۇ باغدا مۇشۇنداق قائىدىنى مەن قوللانغاندىن كېيىن، بۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزمەي، ھەر يىللىق ھېساباتنى ھەرەمخانىغا ئۆتكۈزگىنى تۈزۈك.

— مېنىڭچە، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ھېساباتنى ھەرەمخانىغا ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭغا ئارتۇق كەتتى، بۇنىڭغا ئاز بولۇپ قالدى دەپ، ئىش تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، خان قىزلارغا كېرەكلىك نەرسىلەردىن قانداقىنى كىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، شۇ ئىشنى ئاشۇنىڭ ئىلكىگىلا ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى. مەن ئۇ نەرسىلەرنى ھېسابلاپ كۆردۈم، بىزگە لازىملىق نەرسىلەر چاغلىقلا ئىكەن، چاچ ماي، ئۇپا - ئەڭلىك، ئەتىر، قەغەزلەرلا ئوخشايدۇ. بۇ نەرسىلەردىن ھەربىر خان قىزغا ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە دېدىكىگە بېرىلىدىغان مۇقىم ئۇلۇش بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئورۇنلارغا كېتىدىغان سۇپۇرگە، بوجى، كىيىم قاقىقۇچ ۋە باغدىكى ھەرخىل قۇشلار، بۇغا، توشقانلارنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى قاتارلىق مۇشۇ بىرقانچە تۈرلۈكلا نەرسىلەر. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالسا، ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن دەپتەرخانىدىن پۇل ئالمىسىلا بولىدۇ. ئەمدى ھېسابلاپ بېقىڭلارچۇ، قانچىلىك تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن؟

— بۇلار كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن يىلىغا تۆت يۈز سەر كۈمۈش تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ.

— شۇنداق دېگىن ! — دېدى باۋچەي، — بىر يىلدا تۆت يۈز سەر تېجەلىسە، ئىككى يىلدا سەككىز يۈز سەر دېگەن گەپ. بۇ پۇلغا ئىجارىگە قويۇلىدىغان ئۆيلەردىن بىرنەچچە ئېغىزنى كۆپرەك سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنۇمسىز قۇمساڭ يەردىن بىرنەچچە مو يەرمۇ كېلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئېشىنغىلى بولاتتى،

لېكىن يىل بويى باغدا جاپا چېكىپ ئىشلىگەنلەر ئازراق ئېشىنىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىراجەتلىرىگە سەپلىسۇن. هايانىنى ئاشۇرۇپ، تېجەپ ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە يەنە بولمايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ يەنە ئىككى - ئۈچ يۈز سەر تېجەپ قالدىغان ئىش بولسا، سالاپىتىمىزگە توغرا كەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقىدەك قىلساق، دېپتەرخانىدىن يىلىغا تۆت - بەش يۈز سەر كۆمۈش كەم چىقىم قىلىنسا، ئانچە پىخسىقلىق بولغاندەك تۇيۇلمايدۇ، ئىچكىرىدىكىلەرگىمۇ بىر ئاز قوشۇمچە كىرىم بولىدۇ، ئىش - ئوقىتى يوق مومايلارمۇ تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزىدۇ، باغدىكى گۈللەر، دەل - دەرەخلەرمۇ يىلدىن - يىلغا باراقسانلايدۇ، ئۆزۈڭلارمۇ كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولىسىلەر. مۇشۇنداق بولغاندا، سالاپىتىمىزمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، تېجەيمىزلا دەيدىغان ئىش بولسا، نەدىن بولسۇن ئاز - تولا پۇل ئۇندۇرگىلى بولماي قالامتى؟ ئېشىنغانلا پايدىنى دەپتەرخانىغا ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ئۇ چاغدا، ئىچكىرى - تاشقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دادلاپ، نەتىجىدە سىلەردەك كىشىلەرنىڭ سالاپىتىڭلارغا دەز كەتمەمدۇ؟ ئەمدى باغدىكى بىرقانچە ئونلىغان ئانىكاملارغىلا بۇنىڭدىن نەپ بەرسەك، قالغانلىرى ئادىل ئىش بولمىدى، دەپ ئاغرىنىدۇ. بايا مەن دېگەن ئاشۇ بىرنەچچە ئىشنى بىرىش بىلەنلا ئۇ ئانىكاملارنىڭمۇ باياشات بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، ئۇلار يىلدا ئۆزلىرىگە ئالغاندىن تاشقىرى، خاھى ئېشىنالىسۇن، خاھى ئېشىنالمىسۇن ھەربىرى بىرنەچچە تىزىق داچەن چىقارسا، ھەممەيلەننىڭكىنى يىغىپ، باغدىكى باشقا ئانىكاملارغىمۇ ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەك بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن خەۋەر ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا، كېچە - كۈندۈز دېمەي باغقا قارايدۇ، يوگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئىشىك - دەرۋازىلارنى باقىدۇ، سەھەر قوپۇپ، كەچ ياتىدۇ، قاتتىق ھۆل - يېغىن دېمەي ئىشلەيدۇ، خان قىزلار سىرتقا

چىقىشقا توغرا كەلسە، تەختىراۋان كۆتۈرىدۇ، قىيىق ھەيدەيدۇ، چانا سۆرەيدۇ. قىسقىسى، ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلىدۇ. ئۇلار باغدا يىل بويى شۇنداق جاپا تارتقاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، باغدىن چىققان ھاسىلاتتىن تېگىشلىك نەپ ئېلىشى كېرەك. يەنە بىر گەپمۇ بار، ئۇنىمۇ دەپ قوياي: سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭلا باياشات بولۇشىنى قوغلىشىپ، ئۇلارغا ئاز - تولا نەپ بەرمىسەڭلار، ئۇلار ئىچچۇقتىن - ئىچچۇق ئاغرىنىشقا پېتىنالمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە قايىل بولماي، كۆپچىلىكنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ - دە، مېۋە، گۈللىرىڭلارنى كۆپرەك ئۆزۈۋالىدۇ. ئاندىن سىلەر قورساق كۆپۈكۈڭلارنى دەيدىغان يەر تاپالمايسىلەر. ئۇلارمۇ ئانچە - مۇنچە نەپ ئالسا، سىلەر يېتىشەلمىگەن ئىشلاردىن ئۇلار خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ.

مومايلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەپتەرخانىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشمەيدىغانلىقىنى، فېڭجيېنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساب بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدىن كەتسە ناھايىتى بىرنەچچە تىزىق داچەن كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ، بەكمۇ خۇرسەن بولۇشتى ۋە بىردەك شۇنداق دېيىشتى:

— بىز رازى ! بۇ، دەپتەرخانىدىكىلەرنىڭ ئازابىغا چۈشكەندىن مىڭ ياخشى، بەربىر ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساقمۇ بىزدىن بىر نېمە ئۇندۇرمەي قالمايتتى !

ئېتىز - ئېرىققا قارىمايدىغانلارمۇ يىل ئاخىرىدا ئەجىرسىزلا پۇل ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ، ئېغىزلىرىدا:

— ئۇلار جاپا تارتىپ تاپقانلىرىدىن ئازراق پۇل ئېشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ خەجىگە سەپلىسە بولاتتى، بىز تەييارغا ھەييار بولساق بولامدۇ؟ — دەپ قويۇشتى.

— سىلەرمۇ تۇزۇت قىلماڭلار، بۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلار، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ئەمدى سىلەر

هۇرۇنلۇق قىلماي، لاغايلاپ هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش بىلەن بولماي، كېچە ـ كۈندۈز جاپا تارتىپ ئوبدان ئىشلىسەڭلار بولدى. مېنىڭغۇ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارىم بولماسلىقى كېرەك ئىدى. سىلەرگىمۇ مەلۇم، هامىمام ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا ئۈچ ـ تۆت قېتىم، چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قولى بوش ئەمەس، باشقا قىزلار بولسا تېخى كىچىك، دەپ مېنىڭ ئىشلارغا قارىشىپ بېرىشىمنى ئېيتقان. ئويلاپ باقسام، بۇ ئىشتىن بويۇن تولغىسام هامىمامنىڭ بېشىغا غەم سېلىپ قويىدىكەنمەن. ئاغىچا خېنىم كېسەلچان، ئۆينىڭ ئىشلىرى كۆپ، مەنمۇ بىكارچى ئادەم. ئادەتتىمۇ قولۇم ـ قوشنىلارمۇ قارىشىپ بېرىدىغۇ؟ هامىمام تاپىلاۋاتقان يەردە، مەن ياق دېسەم بولامتى؟ كۆپچىلىك مېنى يامان كۆرىدۇ دەپ ئولتۇرمايمەن. ناۋادا مەن قۇرۇق ئاتاقىلا بېرىلىپ، هېچ ئىش بىلەن كارىم بولماي، نەتىجىدە شارابخورلۇق، قىمارۋازلىق ئىشلىرى كۆپىيىپ، بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، هامىمامغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ ئۇ چاغدا سىلەرمۇ پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالمايسىلەر، هەتتا قېرىغاندا يۈزۈڭلارمۇ كېتىدۇ. مۇشۇ خان قىزلارغا سىلەر قارايسىلەر، مۇشۇنداق چوڭ باغقا سىلەر قارايسىلەر، سىلەر ئۈچ ـ تۆت ئەۋلادتىن بۇيان مۇشۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتقان مومايلار بولغاچقا، قائىدە ـ يوسۇننى هەممىدىن ئوبدان بىلىسىلەر، شۇڭا هەممىڭلار قائىدە ـ تۈزۈملەرگە بىردەك رىئايە قىلساڭلار بولدۇ. ئەكسىچە، باشقىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، خالىغانچە هاراق ئىچىپ، قىمار ئويناش ئىشلىرى يۈز بېرىپ قالسا، بۇنى هامىمام ئاڭلاپ قالسىغۇ بىرەر ـ ئىككى ئېغىز تەنبىھ بېرىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، مۇبادا غوجىدار ئايالار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار هامىمامغا مەلۇم قىلىپمۇ ئولتۇرماي ئەدىپىڭلارنى ئۆزلىرىلا بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قېرىغىنىڭلاردا كىچىكلەردىن گەپ ئىشىتىۋالىسىلەر، ئۇلار گەرچە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ غوجىدارى بولسىمۇ، لېكىن

سىلەرنىمۇ باشقۇرالايدۇ، ئۆزۈڭلارلا يۇزۇڭلارنى ئايايدىغان بولساڭلار، ئۇلارمۇ ھېچقاچان سىلەرنى دەپسەندە قىلمايدۇ. بۈگۈن مەن سىلەر ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن باشقا مۇشۇ قوشۇمچە تاپاۋەتنى ئويلاپ تاپتىم. ھەممەيلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، باغدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوبدان خەۋەر ئالسۇن، دېگەن مەقسەتتە شۇنداق قىلىۋاتىمەن، ھوقۇقلۇق غوجىدارلار مۇشۇنداق ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەۋاتقىنىڭلارنى كۆرسە، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ. سىلەر شۇنداق ئىشلىسەڭلار ئۇلار سىلەرگە قايىل بولماي قالامتى؟ ئۇ چاغدا سىلەرگە تاپاۋەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىمىزمۇ بىكارغا كەتكەن بولمايدۇ. سىلەر مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭلار.

— ئېيتقانلىرى توغرا، خان قىز، — دېيىشتى مومايلار خۇشال بولۇشۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن خان قىزلار، كېلىن ئاغىچىلار خاتىرجەم بولۇشسىلا، ھەربىرلىرى بىزنىڭ بېشىمىزنى مۇشۇنچىلىك سىلاۋاتقان يەردە، بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى يەردە قالدۇرىدىغان بولساق، بىزگە ئاسمان - زېمىنمۇ يول قويماس!

شۇ ئەسنادا لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كىرىپ:

— تۈنۈگۈن جياڭنەندىن جېن قەسىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى پايتەختكە كەپتىكەن، بۈگۈن ئۇلار ئوردىغا سالامغا كىرىپتۇ. ھازىر ئۆزلىرى كەلگۈچە ئاۋۋال خىزمەتكارلىرىنى سوۋغاتلار بىلەن سالامغا ئەۋەتىپتۇ! — دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئارقىدىن سوۋغاتلارنىڭ تىزىملىكىنى ئۇزارتتى. تەنچۈن تىزىملىكنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتى: «بەگ - خېنىملار ئۈچۈن: گۈللۈك تاۋار - زەرباب ئون ئىككى توپ، ھەر خىل رەڭدىكى تاۋار ئون ئىككى توپ، ھەر خىل شايىلار ئون ئىككى توپ، ھەر خىل رەڭلىك خانلىق پاڭچۇ ئون ئىككى توپ، ھەر خىل رەڭلىك

خانلىق تاۋار، شايى، پاڭچۇ دارايى يىگىرمە تۆت توپ.» لى ۋەن بىلەن تەنچۈن تىزىملىكنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— سوۋغات ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئالىي دەرىجىلىك قىزىل پېچەتلىك ئىنئام بېرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى جيا ئانىغا مەلۇم قىلىشتى. جيا ئانا لى ۋەن، تەنچۈن، باۋچەيلەرنى يېنىغا چاقىرتىپ، سوۋغاتلارنى بىللە كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشتى، لى ۋەن سوۋغاتلارنى بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، خەزىنىچىگە:

— ئاغىچا خېنىم قايتىپ كېلىپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن تاپشۇرۇۋېلىڭلار! — دەپ تاپىلىدى.

— جېن ئائىلىسى باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشىمايدۇ. سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ئەر خىزمەتكارلارغا ئالىي دەرىجىلىك قىزىل پېچەتلىك ئىنئام بېرىڭلار! بىردەمدىن كېيىنلا ئۇلار ئايال خىزمەتكارلىرىنى سالامغا ئەۋەتىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇلارغىمۇ كىيىملىك رەخت ھازىرلاپ قويۇڭلار! — جيا ئانا شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، دېگەندەكلا بىرسى خەۋەر ئېلىپ كىردى:

— جېن قەسرىدىن تۆت ئايال سالامغا كەپتۇ.

جيا ئانا ئۇلارنى دەررۇ باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ئاياللار يېشى قىرىقتىن ئاشقان ئاياللار بولۇپ، كىيىم - كېچەك ۋە بېزەكلىرى غوجايىنلىرىنىڭكىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، جيا ئانا دەسسىگۈچتىن تۆتىنى كەلتۈرگۈزدى. تۆتەيلەن تۇزۇت قىلىپ، باۋچەي قاتارلىقلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرۇشتى.

— پايتەختكە قايسى كۈنى كىردىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

تۆتەيلەن دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— تۈنۈگۈن كىردۇق. بۈگۈن ئاغىچا خېنىم خان قىزنى باشلاپ ئوردىغا سالامغا كىرىپ كەتكەن، شۇڭا بىزنى ھەرقايسىلىرىغا سالام بېرىپ خان قىزلاردىن ئەھۋال سوراش

ئۇچۇن ئەۋەتتى، — دېدى.

— بىرنەچچە يىل بولدى، ئاغىچا خېنىملار پايتەختكە كەلمىگەنىدى، كۆتۈلمىگەندىلا كېلىپ قاپتۇ، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.

— شۇنداق، — دەپ تۆتەيلەن كۈلۈپ جاۋاب بېرىشتى، — بۇ يىل خان ئائىلىلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن پايتەختكە كەلدى.

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدىمۇ؟ — جىيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بەگزادىمىز، ئىككى خان قىز ۋە باشقا خېنىملارنىڭ ھەممىسى قېلىپ قالدى، ئاغىچا خېنىم يالغۇز ئۈچىنچى خان قىزنىلا ئېلىپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى تۆتەيلەن.

— خان قىزنىڭلار ياتلىق قىلىندىمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— تېخى ياتلىق قىلىنمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى تۆتەيلەن.

— سىلەرنىڭ چوڭ خان قىز بىلەن ئوتتۇرانچى خان قىز بىزنىڭكىلەر بىلەن قەۋەتلا چىقىشىدۇ، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.

— خوش، شۇنداق، — دېيىشتى تۆتەيلەن كۈلۈشۈپ، — خان قىزلار ھەر يىلى ئۆيگە خەت يازغانلىرىدا ھەربىرلىرىنىڭ خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقلىرىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشىدۇ.

— «خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ» دېگەنمۇ گەپمىكەن؟ — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — بىز دېگەن قەدىناس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇندىن تارتىپ ئۇرۇق - تۇغقان كىشىلەر، ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك - دە. سىلەرنىڭ ئوتتۇرانچى خان قىز بەك ئوبدان ئىكەن، ئۆزىنى زادىلا چوڭ تۇتمايدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىشىمىز.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى بەكمۇ كەمتەرلىك

قىلىۋاتىلا، ــ دېدى تۆتەيلەن كۈلۈپ.

ــ سىلەرنىڭ بەگزادىمۇ ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىمىڭلارنىڭ يېنىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى جيا ئانا.

ــ شۇنداق، ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى تۆتەيلەن.

ــ نەچچە ياشقا كىردى؟ ئوقۇۋاتامدۇ؟

ــ بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىردى. بەگزادىمىز كىچىكىدىن بالا بولغاچقا، ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بەك ئىچى كۆيىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا يامان كەپسىز، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قېچىپ كېلىدۇ. بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنى بەكرەك باشلاشقا ئۇنىمايسىزلىنىدۇ.

ــ ھوي، بىزنىڭكىنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ؟ بەگزادەڭلەرنىڭ ئىسمى نېمە؟

ــ ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىم ئۇنى گۆھەردەك ئەتىۋارلىغىنى ھەم ئۆزى ئاق تۇغۇلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «باۋيۈي» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان.

ــ خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك ئۇنىڭ ئىسمىنىڭمۇ باۋيۈي ئىكەنلىكىنى كۆرۈڭلار! ــ دېدى جيا ئانا لى ۋەنگە قاراپ.

ــ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، مەيلى زامانداش بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىسمى ئوخشىشىدىغانلار ناھايىتى تولا، ــ دېدى لى ۋەنلەر كۈلۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ قويۇپ.

ــ بەگزادىمىزگە مۇشۇ ئەركىلەتمە ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىن، غوجايىنلاردىن تارتىپ چاكارلارغىچە ھەممىمىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە كىمدۇر بىركىمىنىڭ ئوغلىنىڭمۇ ئىسمى شۇنداقتەك تۇراتتى دېيىشىپ دەرگۇماندا يۈرۈشتۇق. پايتەختكە كەلمىگىنىمىزگە ئون نەچچە يىل بولۇپ كەتكەچكە، ھېچقايسىمىزنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ، ــ دېيىشتى تۆتەيلەن كۈلۈپ.

ــ شۇ مېنىڭ نەۋرەم بولىدۇ. قايسىڭلار بار، ــ جيا ئانا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى

شۇنداق دېيىشى بىلەن تەڭلا خىزمەتكار ئايالللار، دېدەكلەر «خوش» دېيىشىپ ئۇنىڭ ئالدىدا هازىر بولۇشتى. جيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا، — باغقا بېرىپ بىزنىڭ باۋيۈيىنى چاقىرىپ كېلىڭلار، مۇنۇ غوجىدار ئايالللار ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ باۋيۈيسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسۇن ! — دېدى.

خىزمەتكار ئايالللار چىقىپ كېتىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، باۋيۈينى ئارىغا ئېلىپ كىرىپ كېلىشتى. تۆتەيلەن ئۇنى كۆرۈپلا ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كۈلگەن پېتى:

— يائاللا، ئەجەبمۇ قورقتۇق ! ئەگەر بىز بۇ قەسىرگە كىرمەي، بۇ بەگزادىنى باشقا يەردە ئۇچرىتىپ قالغان بولساق، بىزنىڭ باۋيۈي ئارقىمىزدىن پايتەختكە يېتىپ كەپتۇ، دەپ قالغان بولاتتۇق، — دېيىشتى ۋە باۋيۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى سورىغىلى تۇردى. باۋيۈيمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى.

— چىراي - شەكلى سىلەرنىڭ باۋيۈيىڭىزدىن قانداق ئىكەن؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— بۇ ئانىلىرىمىزنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ چىراي - شەكىللىرى بىر - بىرىگە ئوخشىسا كېرەك، — دېدى لى ۋەن قاتارلىقلار كۈلۈشۈپ.

— نەدە ئۇنداق دەلمۇدەل كېلىپ بېرىدىغان ئىش بولسۇن؟ — دېدى جيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — چوڭ خانىدانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھەرقانچە ئاق، نازۇك بولغىنى بىلەنمۇ، يۈز - كۆزىدە ئەيىبى بار ناھايىتى سەتلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوخشاشلا قاملاشقان كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق.

— شۇ تاپتا قارىغۇدەك بولساق، ئىككىسىنىڭ چىرايى بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشىشىدىكەن ! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كەپسىزلىكلىرىمۇ ئوخشىسا كېرەك. بىراق، بىزچە، بۇ بەگزادىنىڭ مىجەز - خۇلقى بىزنىڭكىدىن

تۈزۈك ئىكەن، ــ دېيىشتى تۆتەيلەن.

ــ قانداقسىغا؟ ــ دەپ سورىدى دەرھال جيا ئانا كۈلۈپ.

ــ بايا سىز بۇ بەگزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ شۇنى ھېس قىلىپ قالدۇق، ــ دېيىشتى تۆتەيلەن كۈلۈمسىرەپ، ــ ئەگەر بۇ بەگزادىنىڭ ئورنىدا بىزنىڭ بەگزادە بولغان بولسا سىزنى ئەخمەق دېگەن بولاتتى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر نەرسىسىگە ئازراقلا قول تېگىپ كېتىدىغان بولسا ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. شۇڭا، بەگزادىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ياش قىزلار...

تۆتەيلەننىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، لى ۋەن بىلەن ھەمشىرىلەر ئۆزىنى تۇتالماي پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

ــ بىزمۇ كىشىلىرىمىزنى سىلەرنىڭ باۋيۈيىنى كۆرگىلى ئەۋەتسەك، ئۇلار بۇنىڭ قولىنى تۇتسا، ئۇمۇ ئىلاجسىزلىقتىن سەۋر قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن، ــ دېدى جيا ئانا، ــ نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، سىلەر بىزدەك خانداننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەرقانچە غەلىتە قىلىقلىرى بولسىمۇ، ئۇلار يات ئادەمنى كۆرگەندە خېلى راۋرۇس، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەدەپلىك بولمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بەڭباشلىقىغا يول قويمايدىغان گەپ ـ دە. چوڭلارنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىدىمۇ گەپ بار. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئادەمگە يېقىشلىق كېلىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇلار چوڭلارنى كۆرسە ئەدەپلىك بولۇشىدۇ، ئەدەپتە ھەتتا چوڭلارنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلىپ ئىچى كۆيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا يەڭ ئىچىدە ئاز ـ تولا يول قويىدىغان گەپ. ئەگەر ئۇلار يات بىلەن ئۆزىنى ئايرىماي، چوڭلارنىڭ يۈزىنى كۆتۈرىدىغان ئىشنى قىلمىسا، ھەرقانچە كېلىشكەن بالا بولسىمۇ ئاياپ تۇرمايلا بوينىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

تۆتەيلەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشتى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم توغرا دېدىلە، بىزنىڭ باۋيۇيىمۇ شۇنداق كەپسىز، غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن بەزى چاغدا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىنى قەۋەتلا ئەدەپلىك تۇتىدۇ، ھەتتا چوڭلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كەلمەيدىغان كىشى يوق. خەقلەر بۇنى بىلمەي: «نېمىشقا ئۇنى ئۇرىدىغاندۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيدىكى بەگباشلىقىنى بىلىشمەيدۇ. ئۇ چوڭلارنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان گەپلەرنى، ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇڭا چوڭ بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاچچىقى كېلىدۇ. ئۆزى بىلگەننى قىلىش ئادەتتە كىچىك بالىلاردا بولىدىغان ئىش ئىكەن، بەتخەجلىك قىلىش بەگزادىلەرنىڭ ئادىتى ئىكەن، مەكتەپكە بېرىشتىن قورقۇشمۇ بالىلاردا بولىدىغان ئەھۋال ئىكەن، بۇنداق ئىشلارنى تۈزەتكىلى بولىدىكەن. ئۆزى بىلەن بىللە تۇغۇلغان بۇنداق غەلىتە مىجەزگە قانداق قىلغۇلۇق؟ ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىرسى كىرىپ:

— ئاغىچا خېنىم كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيگە كىرىپ ھەممەيلەندىن تىنچلىق سورىدى. بايىقى تۆت ئايال ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن ئەھۋال سورىدى، ئىككى - ئۈچ ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، جيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— سىز چىقىپ ئارام ئېلىڭ، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز قولى بىلەن جيا ئانىغا بىر پىيالە چاي تۇتۇپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى. تۆت ئايال جيا ئانا بىلەن خوشلىشىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە پەتىگە ماڭدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئائىلە ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشتى. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز.

جيا ئانا خۇشاللىقىدا، كىرگەنلا ئادەمگە: باۋيۇيدىن يەنە بىرسى بار ئىكەن، ھەممە جەھەتتىن ئوخشىشىدىكەن، دەپ بېرەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار: دۇنيادىكى چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئائىلىلىرىدە ئىسمى ئوخشايدىغانلارمۇ كۆپ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسىگە ئامراق بولىدىغانلىقىمۇ ئادەتتىكى ئىش، ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىشمۇ ئەمەس، دېگەن خىيال بىلەن بۇ گەپكە ئانچە پىسەنت قىلمىدى. يالغۇز باۋيۈيلا كېلىش - پەخەش ھاماقەت بەگزادىلەرچە كويدا بولغاچقا، بايىقى تۆت ئايالنىڭ گەپلىرىنى جىيا ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان گەپلەر، دەپ بىلدى. كېيىن ئۇ باغقا قايتىپ، كېسەل ياتقان شياڭيۈندىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. شياڭيۈن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئەمدى غەم تارتماي كەپسىزلىك قىلىۋەرگىن. بالدۇر «يالغۇز ئاتىنىڭ چېكى چىقماس، چېكى چىقسىمۇ دېكى چىقماس» دېگەنىدىڭ، ئەمدى جوراڭ تېپىلىپتۇ. بەكرەك كەپسىزلىك قىلىپ، يەنە تاياق يەيدىغان يەرگە يەتكەندە، ئەنجىگىدىكى جوراڭنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتسەڭ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنداق يالغان گەپكە سەنمۇ ئىشىنىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى باۋيۈي، — ماڭا ئوخشايدىغان يەنە بىر باۋيۈينىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن بولمايچۇ، — دېدى شياڭيۈن، — قەدىمكى خانلىقلاردا لىن شياڭرۇ ئۆتكەن بولسا، خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا سىما شياڭرۇ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

— ماقۇل، ئۇنىغۇ مۇمكىن دەيلى، لېكىن چىراي - شەكلى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئادەملەرمۇ بولامدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— بولمايچۇ، — دېدى شياڭيۈن، — كۈاڭلىقلار كۇڭزىنى كۆرۈپ، ياڭخو دەپ قاپتىكەنغۇ؟

— كۇڭزى بىلەن ياڭخونىڭ چىرايى ئوخشاش بولسىمۇ، ئىسمىلىرى ئوخشىمايدۇ، لى شياڭرۇ بىلەن سىما شياڭرۇنىڭ ئىسمىلىرى ئوخشىسىمۇ، چىرايلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەمدى كېلىپ، مەنزە، ئۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلا تەرەپتىن

ئوخشامدىكەنمەن؟ — دېدى باۋيوي كۈلۈپ.
شىياڭيۈن جاۋاب بېرىدىغانغا گەپ تاپالماي، كۈلگەن پېتى:
— سەن ئۆز گېپىڭنىلا يورغىلىتىدىكەنسەن. بولدى، مەنمۇ گەپ تالاشماي. شۇنداق بالا مەيلى بولسۇن ـ بولمىسۇن مېنىڭ نېمە كارىم! — دېدى ـ دە، ئۇخلاشقا ياتتى.
باۋيوي دەرگۇماندا بولۇپ قالدى: «ئۇنداق ئادەمنى يوق دېيمىكىن دېسەم، باردەك قىلىپ تۇرىدۇ، بار دېيمىكىن دېسەم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم.» باۋيوي شۇ خىياللار بىلەن ئىچى پۇشۇپ ھۇجرىسىغا قايتىپ بېرىپ كارىۋاتقا چىقتى ـ دە، جىمغىنا پىكىر يۈرگۈزۈپ يېتىپ، بىردىنلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە ئۇ بىر باغقا كىرىپ قالدى ۋە ھەيران بولۇپ: «بىزنىڭ نەزەرباغدىن باشقا يەنە مۇشۇنداقمۇ باغ بار ئىكەن ـ ھە!» دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە بىردىنلا نېرىقى تەرەپتىن بىرقانچە قىزلار چىقىپ كەلدى، ھەممىسى دېدەكلەر ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ باۋيوي تېخىمۇ ھەيران بولۇپ: «يۈەنياڭ، شىرېن، پىڭئېرلاردىن باشقا يەنە بۇلارمۇ بار ئىكەنا؟» دەپ تۇراتتى، ھېلىقى دېدەكلەر كۈلۈشۈپ، باۋيويگە:
— باۋيوي، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېيىشتى.
باۋيوي ئۇلارنى ماڭا گەپ قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، دەررۇلا ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، كۈلگەن پېتى:
— مەن بۇ يەرگە تاسادىپىي كېلىپ قالدىم، بۇ قايسى قەدىناسلىرىمىزنىڭ بېغى ئىكەن؟ ئاچىلىرىم، مېنى ئويناتساڭلارچۇ؟ — دېدى.
— ھوي، بىزنىڭ باۋيوي ئەمەس ئىكەنغۇ بۇ! — دېيىشتى دېدەكلەر كۈلۈشۈپ، — بىراق، بۇمۇ خېلى كېلىشكەن، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا يېگىت ئىكەن.
باۋيوي ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئۇلاردىن سورىدى:
— ئاچىلىرىم، سىلەرنىڭ بۇ يەردىمۇ يەنە بىر باۋيوي بارمۇ؟

— «باۋيۇي» دېگەن بۇ ئىسىم بىزنىڭ ئائىلىدىكى بەگزادىمىزنى بالا - قازادىن ساقلىنىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن دەپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەمرى بىلەن قويۇلغان. ئۇنى مۇشۇ ئىسىم بىلەن چاقىرساق ئۇ بەكمۇ خۇش بولىدۇ. ئۆزۈڭ نەدىن كېلىپ قالغان ساياقسەن، سەنمۇ بىزنىڭ غوجامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋاتىسەنغۇ! كاللاڭغا ھېزى بول، يانجىلىپ كەتمىسۇن يەنە!

يەنە بىر دېدەك كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— يۇرۇڭلار، بۇ يەردىن چاپسانراق كېتەيلى، باۋيۇي كۆرۈپ قالمىسۇن يەنە، — ئاندىن ئۇ يەنە شۇنى قوشۇپ قويدى، — بۇ سېسىق بىلەن گەپلەشمىز دەپ، ئۇنىڭ سېسىقىنى ئۆزىمىزگە يۇقتۇرۇۋالمايلى!

شۇ سۆز بىلەن تەڭ دېدەكلەر كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

باۋيۇي كۆڭلى غەش بولۇپ: «ئۆمرۈمدە ھېچكىم مېنى بۇنداق ھاقارەتلەپ باقمىغانىدى، ئۇلار نېمىشقا ماڭا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ راستلا بۇ يەردىمۇ ماڭا ئوخشاش يەنە بىرسى بار ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن خىياللار بىلەن كېتىۋېتىپ، بىر ھويلىغا كىرىپ قالدى ۋە ھەيران بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ئارامبەخش ھويلىدىن باشقا يەنە شۇنداق ھويلىمۇ بار ئىكەن - ھە؟» دەپ، پەلەمپەيدىن چىقىپ بىر ئۆيگە كىردى. قارىسا، كارىۋاتتا بىرسى يېتىپتۇ، نېرىسىدا بىرنەچچە قىزلار يىڭنە ئىشى قىلغاچ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇ ئارىدا كارىۋاتتا ياتقان بالا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋىدى، بىر دېدەك كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— باۋيۇي، ئۇخلىماي نېمىگە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىسىز؟ سىڭلىڭىزنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى ئويلاپ كەلسە - كەلمەس قايغۇرۇۋاتامسىز يا؟ — دەپ سورىدى. باۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، شۇ ئارىدا كات ئۈستىدىكى ئۇ بالا سۆز ئېچىپ قالدى:

— مومامدىن ئاڭلىسام، «چاڭئەن» شەھىرىدىمۇ يەنە بىر

باۋيوي بار ئىكەن، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەي يۈرەتتىم. بايا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە پايتەختتكە بېرىپ بىر باغقا كىرىپ قالدىم، باغدا بىرقانچە قىزلارنى كۆردۈم، ئۇلار مېنى سېسىق دەپ تىللاپ كۆزگە ئىلىشمىدى. مەن مىڭبىر تەسلىكتە باۋيۈينىڭ ئۆيىنى تېپىپ ئۆيگە كىردىم، قارىسام، ئۇ ئۇخلاپ يېتىپتۇ، قۇرۇق پوستى تۇرۇپتۇ، روھى نەگە كەتتىكىنتاڭ!

باۋيوي بۇ گەپنى ئاڭلاپلا مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ يەرگە باۋيۈينى ئىزدەپ كېلىۋېدىم. باۋيوي سىزمىدىڭىز؟

كات ئۈستىدە ياتقان بالا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، باۋيۈينىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دېمەك، باۋيوي سىز ئىكەنسىز - دە! بۇ چۈشۈم ئەمەسمۇ؟

— بۇ قانداقچە چۈشىڭىز بولسۇن؟ ئويغىنىڭىز! — دېدى باۋيوي.

شۇ ئارىدا بىر خىزمەتكار كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— باۋيوي، سىلىنى بېگىم چاقىرىۋاتىدۇ.

ئىككىلا باۋيوي ھودۇقۇپ قېلىشتى. بىر باۋيوي تالاغا قاراپ مېڭىۋىدى، يەنە بىر باۋيوي ۋارقىرىدى:

— باۋيوي، قايتىپ كىرىڭ!

باۋيۈينىڭ چۈشىدە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شىرېن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— باۋيوي قەيەردە؟ — دەپ سوردى.

باۋيوي ئويغانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ تالانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ھېلىلا چىقىپ كەتتى! — دېدى.

— ئۇ سىزنىڭ چۈشىڭىز، كۆزىڭىزنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئوبدانراق قاراپ بېقىڭ، ئەينەكتە كۆرۈنگىنى سىزنىڭ

ئەكسىڭىز، — دېدى شىرىن كۈلۈپ كېتىپ.

باۋيۈي بويىنىنى سوزۇپ قاراپ باقتى، راستىلا ئۇدۇلدىكى چوڭ ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. بىر دېدەك چىلاپچا بىلەن قېنىق چاي كەلتۈردى، باۋيۈي چايدا ئاغزىنى چايقىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىزگە دائىم: «كىچىك بالىلار ياتىدىغان ئۆيگە ئەينەك قويماسلىق كېرەك، كىچىك بالا دېگەننىڭ روھى تەل بولمايدۇ، ئەينەككە كۆپ قاراۋەرسە، ئۇخلىغاندا چۆچۈيدىغان، ئېگىز - پەس چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەپ تاپىلايدىغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېدى شېيۈ، — بىزمۇ قاملاشتۇرۇپ كارىۋاتنى چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغىلا قويۇپ بېرىپتىمىز ! بەزىدە ئەينەكنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ئوبدانمۇ قىلىدىكەنمىز. ئۆتكەن كۈنلىرى كۈن ئىسسىپ ئادەمنى مۈگدەك بېسىپ كەتكەنلەردە، پەردە تارتىپ قويۇش كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟ بايا شۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمىز، دېگەندەكلا بۇ غوجام ئەينەككە قاراپ ئويناپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەنلا قالايمىقان چۈش كۆرۈپتۇ، بولمىسا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى نېمىدەپ توۋلاپ يۈرىدۇ؟ ئەتە كارىۋاتنى يۆتكىۋەتسەك بولغۇدەك.

ئۇنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگەپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدىن باۋيۈينى چاقىرغىلى بىرسى كەلدى. باۋيۈينى نېمىگە چاقىرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك يەتتىنچى باب

## ئەقىللىق زىجۇەننىڭ ئىشق سۆزلەر بىلەن تەنتەك قاشتاشنى سىنىغانلىقى
## مېھرىبان ھامىمنىڭ كۆيۈنۈپ گەپ قىلىپ مەستانە قەلەم قاشنى بەزلىگەنلىكى

باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىنى چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئالدىنقى ھويلىغا چىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ئېلىپ جيا ئاغىچا خېنىمنى يوقلاپ كەلمەكچى بولغانىدى. باۋيۈي بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدى ۋە دەرھال كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ كېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن شۇ يەرگە باردى. جيا خاندانىنىڭ ئەھۋالى نىڭگۇ ۋە رۇڭگۇ قەسىرلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، پەرقى بار دېگەندىمۇ، ئاز - پاز ھەشەمەتلىكرەك ئىكەن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەپسىلىي سوراپ كۆرۈۋىدى، راست دېگەندەك، ئۇلاردىمۇ بىر باۋيۈي بار ئىكەن. باۋيۈي ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. جيا ئاغىچا خېنىم ئۇلارنى تاماقتا تۇتۇۋالغاچقا، ئۇلار ئۆيگە كەچ قايتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كېلىپلا كاتتا زىياپەتكە تۇتۇش قىلىش ۋە مەشھۇر ئويۇنچىلارنىڭ چوڭ ئويۇنلىرىنى ئويىنىتىشنى تاپىلىدى، ئاندىن جيا ئاغىچا خېنىمنى قىزى بىلەن مېھمانغا چىللىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، جيا ئاغىچا خېنىم خوشلاشمايلا ئېرىنىڭ يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەن جايىغا قىزى بىلەن كېتىپ قالدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

بىر كۈنى باۋيۈي شىياڭيۈننى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ بارغانسېرى تۈزىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئاندىن دەييۈيىنى يوقلاپ باردى. دەييۈي چۈشلۈك ئۈيقۇدا ئىدى. باۋيۈي ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي دەپ، دەھلىزدە ئىش تىكىپ ئولتۇرغان زىجۈەننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام يۆتىلى خېلى پەسلەپ قالغاندۇ؟

— پەسلەپ قالدى! — دەپ جاۋاب بەردى زىجۈەن.

— ئامىتابا! ئىلاھىم تېزرەك تۈزىلىپ كەتسۇن! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— سىلىمۇ بۇددانى ياد ئېتىدىكەنلا، ھە! بۇ بىر يېڭىلىقتۇ! — دەپ زىجۈەن كۈلدى.

— باشقا كەلگەندە ھەممىنى ياد ئېتىدىغان گەپ، — باۋيۈي ئۇنىڭ يۇمشاق قارا دارايىدىن تىكىلگەن نېپىز مەشۇت پاختىلىق چاپان، ئېشىغا قارا تاۋاردىن جىلىتكە كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بەكمۇ يېلىڭ كىيىنىۋاپسەنغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تازا شامال تېگىدىغان يەردە ئولتۇرۇۋاپسەن، ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، سەنمۇ ئاغرىپ يېتىپ قالىدىغان بولساڭ ئىش تېخىمۇ تەس بولىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن پارىڭىمىز بولسا قىلىشايلى، ئەمما قول تەگكۈزۈشمەيلى، — دېدى زىجۈەن، — ئادەم دېگەن يىلدىن - يىلغا چوڭ بولىدۇ، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلغان بىلەن، بىرەرسى كۆرۈپ قالسا ئىززەت قىلمايدىغان بولىۋالىدۇ. كۆڭلى قارىلىق قىلىدىغان بىرنېمىلەرنىڭ كەينىلىرىدىن گەپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىسىلا، ھەمىشە بىپەرۋالىق قىلىپ، كىچىك چاغلىرىدىكىدەك قىلىق قىلىۋەرسىلە قانداق بولغىنى؟ دەييۈي خېنىم بىزگە دائىم، سىلى بىلەن چاقچاقلاشماسلىقىمىزنى جېكىلەپ تۇرىدۇ. يېقىندىن بۇيان خان قىزنى يوقلاپ كىرگەنلىرى بىلەن، ئۇ سىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى ھېچلا نېرى بولالماي يۈرىدۇ، — زىجۈەن شۇنداق



www.uyghurkitap.com

دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ يىغىنە ــ يىپلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

باۋيۇي بۇ ئەھۋالدىن خۇددى ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋېتكەندەك بولۇپ، ئالدىدىكى بامبۇك كۆچىتىگە قاراپ قېتىپلا قالدى. جۇ ئانىكا شۇ يەردە بامبۇك كۆچىتى تىكىپ، بامبۇك يوپۇرماقلىرىنى سۇپۇرۇۋاتاتتى، باۋيۇي بىر پەستىلا خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، قورام تاشنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمۈپ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈچە گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئويىنى پەقەتلا بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. شۇ ئەسنادا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن مېھرىگىياھ ئېلىپ كېلىۋاتقان شۆيەن شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شاپتۇل تۈۋىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە بىركىمنىڭ ئېڭىكىنى يۆلەپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ باشقا ئادەم ئەمەس باۋيۇي ئىدى. شۆيەن گۇمانلىنىپ: «مۇشۇنداق سوغۇقتا بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز نېمىگە ئولتۇرىدىغاندۇ؟ ئەتىياز دېگەندە ئەيىپناق كىشىلەرنىڭ كېسىلى ئاسانلا قوزغىلىپ قالىدۇ، بۇنىڭمۇ ھاڭۋاقتىلىق كېسىلى قوزغىلىپ قالغانمىدۇيا؟» دېگەن ئوي بىلەن، باۋيۇينىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

ــــ بۇ يەردە نېمە قىلىلا؟

باۋيۇي شۆيەننى كۆرۈشى بىلەنلا شۇنداق دېدى:

ــــ مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلدىڭ؟ سەن قىزلاردىن ئەمەسمىدىڭيا؟ ئۇ گەپكە قالماسلىق ئۈچۈن سىلەرنى ماڭا يولىماڭلار دېگەن تۇرسا، سەن يەنە مېنى ئىزدەپ كەپسەنغۇ، ناۋادا ئىككىمىزنى بىرسى كۆرۈپ قالسا، يەنە گەپ بولمامدۇ؟ شۇڭا تېزرەك ئۆيگە قايت!

شۆيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەتىمالىم ئۇ يەنە دەييۇيدىن ئازار يېگەن ئوخشايدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

دەيىۋي تېخى ئويغانمىغانىدى، ئۇ مېھرىگىياھنى زىجۇەنگە بەردى. زىجۇەن ئۇنىڭدىن:

— ئاغىچا خېنىم نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغىچا خېنىممۇ چۇشلۇك ئۇيقۇدا ئىكەن، شۇڭا مۇشۇ كەمگە قالدىم، — دېدى شۆيەن، — ئاچا، مەن ساڭا بىر قىزىق گەپ قىلىپ بېرەي: ئاغىچا خېنىم ئويغانغۇچە تاشقىرىقى ئۆيدە يۈيچۈەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم، كۈتۈلمىگەندە جاۋ كىچىك ئاپا پەيدا بولۇپ، ماڭا قولى بىلەن بۇياققا كەل دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان نېمە گېپى باركىن دەپتىمەن، ئەسلىدە ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن رۇخسەت ئېلىپ، بۈگۈن ئاخشام ئاكىسىنىڭ مۇردىسىغا ھەمراھ بولۇپ تۈنىمەكچى بوپتىكەن. مېيىتنى ئەتە يەرلىككە قويىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىدىغان دېدەكى جىشياڭنىڭ كىيىدىغان كىيىمى يوق ئىمىش، شۇڭا مېنىڭ ئاق دارايى جۇيازامنى بېرىپ تۇرساڭ، دەيدۇ. مەن: «ئۇلارنىڭمۇ ئىككى قۇردىن كىيىمى بار ئىدىغۇ، تۇپراق بېشىغا كىيىپ بارسا مەينەت بولۇپ كېتىدۇ دەپ، ئۆزىنىڭكىنى كىيىشكە كۆزى قىيماي خەقنىڭكىنى سوراپ كىيىپ بارماقچى بوپتۇ - دە. مېنىڭكىنى كىيىپ مەينەت قىلىۋەتسىمۇ ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ئادەتتە ئۇ خەقنىڭ بىزگە زادى نېمە پايدىسى تېگىپتۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىم بىلەن تۈگۈچ - ھالقىلىرىمنى دەيىۋي خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىجۇەن ئاچامغا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەنىدىم، كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بېرىپ ئېيتىشىم كېرەك، ئاندىن دەيىۋي خېنىمغا مەلۇم قىلىش كېرەك. ئاشۇنداق بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەر بولۇپ، ئاڭغىچە سىلىنىڭ تالاغا چىقىشلىرىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە، باشقىلارنىڭكىنى سوراپ تۇرسىلا ياخشى بولاتتى، دېدىم.

— قارا، سەن شۇمتەكنىڭ قۇۋلۇقۇڭنى، — دېدى زىجۇەن

كۆلـۈپ، ـــ ئۆزۈڭنىـڭ بىرىـپ تـۇرغۇلۇق كەلمـەي، خەق مەنـدىـن ئاغـرىـنمـسـۇن دەپ، ئىشـنـى مەن بىلـەن دەييۇي خىـنىمـغـا ئىتتىـرىـپ قويۇپسەن ـ دە. ئۇ هازىـرلا ماڭامـدىـكەن، يا ئـەتـە ئەتىگەندىمۇ؟

ـــ هـازىرلا ماڭىـدىغان ئـوخشايدۇ، بـەلـكىم بـۇ چـاغقـىچـە كېتىپمۇ قالغاندۇ، ـــ دېدى شۆيەن.

زىجۇەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ـــ دەييۇي خېنىمغۇ تېخىچە ئويغانمىغان بولغىيدى، باۋيۇينى كىم خاپا قىلغاندۇ؟ تالادا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ ! ـــ دېدى شۆيەن.

زىجۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ سورىدى:

ـــ قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟

ـــ ئەترەپشان شىپاڭىنىـڭ كەينىـدىكى شـاپتۇل تۈۋىـدە، ـــ دېدى شۆيەن.

زىجۇەن بۇنى ئاڭـلاپلا، ئالـمـان ـ تالمان قـولىدىكى يىڭنـە ـ يىپنى قويۇپ، شۆيەنگە:

ـــ سەن مـۇشۇ يەردە مـىـدىرلىمـاي ئولتـۇرۇپ تـۇر، خېنىـم ئويغىنىپ مېنى سوراپ قالسا، هازىرلا كېلىدۇ، دەپ قويغىن، ـــ دېدى ـ دە، بامبۇكزار سارايدىن چىقىپ باۋيۇينى ئىزدەپ ماڭدى. باۋيۇينىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۈلگىنىچە:

ـــ مەن هەمـمـىـمىـزنىـڭ پايـدىـسى ئۈچـۈن ئـاشۇ گـەپـنـى قىلـىۋىدىم. ئـۇنىڭغـا خاپا بولـۇپ، بۇ شامالـلىق يەرگـە كېلىـپ يىـغلاپ ئولـتۇرغانلـىرى نېمـىسى؟ ئاغـرىـپ ـ تارتـىـپ قالسـىلا قانداق بولىدۇ ! ـــ دېدى.

ـــ كىم خاپا بوپتۇ ! ـــ دېدى باۋيـۇي ئىتتـىكلا كۈلـۈپ، ـــ سېنىڭ گېپىڭ ئورۇنلـۇق بولغىنـى ئۈچۈن ئـويلىنىـپ قالدىم. بۇلار بۇنداق دەۋاتقان يەردە، باشقىلارنىـڭمۇ شـۇنـداق دېيىـشى تـۇرغان گەپ، مۇشـۇنداق كېتىـۋەرسەم هەمـمە خەق بـارا ـ بـارا مـەنـدىن بىـزار بـولىدۇ، دەپ ئـويـلاپ، كۆڭلـۈم يېرىـم بـولـۇپ ئولتۇردۇم.

زىجۇەن ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇۋىدى، باۋيۇي كۈلۈپ، ئۇنىڭغا:

— بايا ئۇدۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ گەپ قىلسام مېنىڭدىن قېچىۋىدىڭ، ئەمدى يېقىنىمغا كىرىپ ئولتۇرسەنغۇ؟ — دېدى.

— ئۇنتۇپ قاللىمۇ؟ — دېدى زىجۇەن، — قايسى كۈنى ئاكا - سىڭىل ئىككىلىرى گەپلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىرىدا، جاۋ كىچىك ئاپا كىرىپ قېلىپ گەپلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان. بايا ئۇنىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سىلىدىن شۇ گەپنى سوراي دەپ كەلدىم. شۇ كۈنى سىلى دەييۈي خېنىمغا «قارلىغاچ چاڭگىسى» دەپ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپلا ئايىغىنى دېمىگەنىدىلە، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا زادى ئېغىز ئاچمىدىلا، مەن سىلىدىن شۇنى سوراي دەپ يۈرەتتىم.

— بۇ ئانچىمۇ مۇھىم ئىش ئەمەس، — دېدى باۋيۇي، — باۋچەي ئاچاممۇ بۇ يەرگە مېھمان تۇرسا، دەييۈي سىڭلىم قارلىغاچ چاڭگىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي يېيىشكە توغرا كېلىپ، ئۇنى باۋچەي ئاچامدىنلا ئېلىۋەرسە، مېنىڭچە، بۇ ئانچە تارتىنمىغاندەك ئىش بولۇپ قالىدىكەن، خان ئانامدىن سوراشمۇ ئەپسىز ئىكەن، شۇڭا چوڭ ئانامغا گەپنىڭ ئازراق ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇۋىدىم، چوڭ ئانام فېڭجيې ئاچامغا دېگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا دەيدىغىنىم ئاشۇ گەپ ئىدى، لېكىن ھەممىسىنى دەپ بولمىغان، ھازىر ئاڭلىسام، سىلەرگە كۈنىگە بىر سەر قارلىغاچ چاڭگىسى بېرىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپمۇ تۈگىدى ئەمدى.

— سىلى دەپتىكەنلا - دە، بايا. بۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نىمانداق ھەركۈنى بىر سەر قارلىغاچ چاڭگىسى ئەۋەتكۈزۈپ بېرىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولۇۋىدۇق. ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ — دېدى زىجۇەن.

— ئۇنى ھەر كۈنى يەۋەرسە، ئىككى - ئۈچ يىلغىچە ئۈزۈلدۈرمەي يېسە چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى باۋيۇي

كۆلۈپ.

— بۇ يەردە ئۇنى يەپ ئۆگىنىپ قالسا، كېلەر يىلى ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندە ئۇنى سېتىۋېلىپ يەيدىغان بىكار پۇل نەدە ئىكەن؟ — دېدى زىجۇەن.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— كىم قايتىپ كەتمەكچى؟

— سىڭىللىرى سۇجۇغا كەتمەكچى، — دېدى زىجۇەن.

— يەنە قۇرۇق گەپ قىلغىلى تۇردۇڭ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۇنىڭ يۇرتى سۇجۇ بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ قارايدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، بۇ يەرگە ئالدۇرۇۋالغان تۇرساق، كېلەر يىلى قايتىپ كەتسە كىمنىڭكىگە بارىدۇ؟ دېمەك، سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن.

زىجۇەن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى:

— سىلى خەقنى بۆلەكچىلا كەمسىتىدىكەنلا، يالغۇز سىلەرنىڭ جىيا خاندانىڭلارلا چوڭ جەمەت، كۆپ جانلىق، سىلەردىن باشقا ئادەمنىڭ بىرلا ئاتا - ئانىسى بولۇپ، باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - ۋۇجۇدى بولمايدىكەن - دە؟ بىزنىڭ خان قىزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئانىسىدىن كىچىك قالدى، گەرچە تاغىلىرى بولسىمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا ئوخشىمايدۇ، بىرقانچە يىل قېشىمىدا تۇرسۇن، دەپ ئىچ ئاغرىتىپ بۇ يەرگە ئالدۇرۇۋالغان. دەيىۋي خېنىممۇ چوڭ بولۇپ ياتلىق قىلىنىدىغان چاغدا ئۇنى ئەلۋەتتە، لىن ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويىۇشقا توغرا كېلىدۇ - دە. لىن جەمەتىنىڭ قىزى سىلەرنىڭ جىيا جەمەتىڭلاردا ئۆمۈر بويى تۇرسا بولامتى؟ لىن ئائىلىسى نامراتلىشىپ يەيدىغىنى يوق دەرىجىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئەجدادىدىن تارتىپ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا قارىتىپ قويۇپ، كۈلكىگە قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، بالدۇر بولسا كېلەر يىلى ئەتىيازدا،

www.uyghurkitap.com

كېچىكسە كۈزدە قايتىپ كېتىدۇ، ناۋادا بۇ يەردىكىلەر ئاپىرىپ قويمىسا، لىن جەمەتىدىكىلەردىن بىرەرسى كېلىپ ئەكېتىدۇ. قايسى كۈنى ئاخشىمى دەييۇي خېنىم مېنى سىلىگە ئېيتىپ قوي، كىچىك چېغىمىزدا ئوينىغان ئويۇنچۇقلاردىن مەن سوۋغا قىلغانلىرىمنى تەخلەپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن، دېگەنىدى، ئۆزىمۇ سىلىنىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ تەخلەۋاتىدۇ.

بۇ گەپ باۋيۇيگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، گويا بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. زىجۈەن ئۇنىڭ نېمەدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى خېلىغىچە كۈتتى. زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ياندۇرۇپ سوراي دەپ تۇرۇشىغا، چىڭۋېن باۋيۇينى ئىزدەپ كېلىپ قالدى:

— بۇ يەردە ئىكەنلىغۇ، سىلىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرتىپتۇ.

— بۇ دەيىۇي خېنىمنىڭ كېسىلىنى سورىۋىدى، ئۇنىڭغا ياخشى بولۇپ قالدى دەپ شۇنچە دېسەممۇ ئىشەنمەيۋاتىدۇ، سەن ئۇنى ئېلىپ كەتكىنە، — زىجۈەن شۇنداق دەپلا كۆلگەن پېتى ھۇجرىغا قايتىپ كەتتى.

چىڭۋېن باۋيۇينىڭ خۇدىنى يوقىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى، باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ، يۈزىنىڭ كۆپچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە ئارامبەخش ھويلىغا ئېلىپ كەلدى. شىرېن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى ۋە ھاۋانىڭ تەسىرىدىن قىزىق بەدىنى شامالداپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. باۋيۇي شامال تېگىپ قىزىپ قالغان بولسىغۇ كارى چاغلىق ئىدى، لېكىن كۆز قارىچۇقلىرى قىمىرلىماي قادىلىپلا قالغاندەك تۇراتتى، جاۋغىيىدىن شۆلگەي ئاقاتتى، خۇدىنى بىلمەيتتى، ياستۇق قويۇپ بەرسە ئۇخلايتتى، يۆلىسە ئولتۇراتتى، چاي قويۇپ بەرسە ئىچەتتى. دېدەكلەر، خىزمەتكارلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ پايپېتەك بولۇشتى، دېۋەڭلىك قىلىپ

جيا ئانغا مەلۇم قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى، ئالدى بىلەن لى ئېمىكئانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشتى. لى ئېمىكئانا كېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باقتى، ئۇ جاۋاب بەرمەيتتى. تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى، ئۈستۈنكى كالپۇكىدىكى ئاراچىنى بىر - ئىككى چىمدىپ قويدى، تىرناق شۇنچە پېتىپ كەتسىمۇ، ئاغرىقنى سەزمەيتتى. ئۇنى كۆرۈپ، لى ئېمىكئانا:

— ۋاي بولماپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە بېشىنى تۇتۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. شىرېن ھودۇقۇپ كېتىپ مومايىنى تارتىشتۇرۇپ:

— ۋاي ئانىكا، ئۇنىڭ كېسىلى زادى قانداق، بىزگە ئېيتسىلا، بىز بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلايلى. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمانداق يىغلايلا ! — دېدى.

— ئەمدى بۇ بولالمىغۇدەك ! ئىسسىت مېنىڭ شۇنچە باققانلىرىم ! — لى ئېمىكئانا ھە دەپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ياستۇق قۇچاقلاپ يىغلايتتى.

شىرېن ئۇنى كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىسى بار، دەپ چاقىرتىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇنداق دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، راست ئوخشايدۇ دەپ ئىشەندى - دە، ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلىغىلى تۇردى. چىڭۋېن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بايا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، شىرېن بۇنى ئاڭلاپ ئالمان - تالمان بامبۇكزار سارايغا كەلدى، زىجۈەن دەييۈيگە دورا ئىچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىنلا زىجۈەننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن بايا باۋيۈيگە نېمە دېگەن؟ سەن بېرىپ ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ باق ! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئۆزۈڭ بېرىپ مەلۇم قىل، مېنىڭ كارىم يوق ! — دېدى - دە، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

دەييۈي شىرېننىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ھودۇقۇش ئارىلاش

غەزەپنى، كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى، يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىكى بۇ چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تەشۋىشلەندى ـ دە، ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

شىرىن ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، يىغلىغىنىچە جاۋاب بەردى:

— زىجۇەن خان ئاغىچا ئۇنىڭغا نېمە دېگەنتىكىنتاڭ، ئۇ ھاماقەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، لى ئانىكام چىمدىپ باقسىمۇ ھېچنېمىنى سەزمەي نىمجان بولۇپ ياتىدۇ! ھەتتا لى ئانىكاممۇ، ئىش چاتاق، دەپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتىدۇ، بۇ چاغقىچە ئۆلۈپمۇ قالدىمىكىن تېخى!

دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لى ئېمىكئانا كۆپنى كۆرگەن كاداڭ ئايال، ئۇ تۇگىدى دېگەن بولسا راستلا تۈگىگەن ئوخشايدۇ، دەپ «ھۆ» دەپلا ئىچكەن دورىلىرىنى قۇسۇۋەتتى. ئۆپچەي ـ باغرى سىيرىلىپ، يۈرىكى كاۋاپ بولغاندەك بولۇپ كەتتى، قاتتىق يۆتىلىپ تېلىقىپلا قالدى. چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرى چىڭقىلىپ، دېمى سىقىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. زىجۇەن ئىتتىك قېشىغا كېلىپ دۈمبىسىگە ئاستا ئۇردى، دەييۇي ياستۇقنى قۇچاقلىغىنىچە بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن زىجۇەننى ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— دۈمبەمگە ئۇرمايلا قوي! ئۇنىڭدىن كۆرە بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ تۈزۈك، — دېدى.

— ئۇنىڭغا باشقا ھېچقانداق گەپ قىلغىنىم يوق، قىلغىنىم پەقەتلا بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاق گەپ، شۇنى راست دەپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى زىجۇەن.

— سەن ئۇنىڭ ھەرقانداق چاقچاق گەپكە راست دەپ ئىشىنىپ قالىدىغان ساراڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ — دېدى شىرىن.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە دېگەن؟ — دېدى دەييۇي، — چاپسان بېرىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قوي، بەلكىم ھوشىغا كېلىپ قالار.

زىجۇەن دەررۇلا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، شىرىن بىلەن ئارامبەخش ھويلىغا ئۆتتى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار قاچانلاردىدۇر بۇ يەرگە كېلىپ بوپتىكەن. جيا ئانا زىجۇەننى كۆرۈشى بىلەنلا، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى ياندى ـ دە، تىللاپلا كەتتى:

— ھۇي جۇۋاپىنىمەك، ئۇنىڭغا نېمە دېگەنىدىڭ؟

— بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق گەپ قىلىۋىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق گەپ بولۇنمىغان، — دېدى زىجۇەن ئىنتىكلا.

كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن، باۋيۈي زىجۇەننى كۆرۈپلا «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپلا يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

جيا ئانا باۋيۈينى زىجۇەن رەنجىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، زىجۇەننىڭ قولىدىن تارتىپ، تىزلىنىپ باۋيۈيدىن كەچۈرۈم سوراشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن باۋيۈي، زىجۇەننىڭ قولىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمەي:

— كەتسەڭلار، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭلار! — دەپ تۇرۇۋالدى.

باۋيۈينىڭ بۇ سۆزىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەي، كېيىن زىجۇەندىن تەپسىلىي سوراپ، زىجۇەننىڭ دەيىۋي سۇجۇغا قايتىپ كېتىدۇ، دېگەن بىر ئېغىز چاقچىقىدىن ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشتى.

جيا ئانا كۆز يېشى قىلىپ:

— مەن تېخى بىرەر چوڭ ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن! بايا ئۇنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان مۇشۇ بىر ئېغىز چاقچاق گەپ ئىكەن ـ دە، — دېدى. ئاندىن يەنە زىجۇەنگە قاراپ، — قارا سېنى، ئادەتتە ئەقىللىك، زېرەك ئىدىڭغۇ، ئۇنىڭ تەلۋىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىكاردىن ـ بىكار ئۇنى ئالداپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى.

شۇ ھامما جيا ئانىغا تەسەللى بەردى:

— باۋيۇي باغرى يۇمشاق بالا، دەييۇي قىز بۇ يەرگە كىچىك كېلىپ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بىر ئۆيدە چوڭ بولۇشقان، ئىككىسى باشقا ئاكا ـ سىڭىللارغا زادى ئوخشىمايدۇ. نەشتەر ئۇرغاندەك قىلىپ، بىركىمنى كېتىدىغان بولدى دېسە، باۋيۇيدەك باغرى يۇمشاق گۆدەك بالا بوياقتا تۇرسۇن، باغرى قاتتىق چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، بۇ چوڭ كېسەلمۇ ئەمەس، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، خان ئاچا، خاتىرجەم بولۇشسىلا، بىر ـ ئىككى قېتىم دورا ئىچسىلا تۈزىلىپ كېتىدۇ.

شۇ ئارىدا بىرسى خەۋەر قىلىپ كىردى:

— لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن لەي دانىڭ ئايالى غوجامنى كۆرگىلى كەپتۇ.

— ئۇلارنى جوۋتىپ قويۇپتۇق، چاقىرىڭلار، كىرىپ كۆرسۇن، — دېدى جيا ئانا.

باۋيۇي «لىن» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەنلا، كارىۋاتتا ئېغناپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى:

— ۋاي بولمىدى، لىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنى ئالغىلى كەپتۇ، ئۇلارنى چاپسان كەتكۈزۈۋېتىڭلار !

بۇنى كۆرۈپ جيا ئانىمۇ دەررۇلا:

— كەتكۈزۈۋېتىڭلار ! — دېدى. ئاندىن يەنە ئۇنى بەزلەشكە كىرىشتى، — بۇلار لىن ئائىلىسىدىكى كىشىلەر ئەمەس. لىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن، ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغان ئادىمىمۇ يوق، خاتىرجەم بولغىن !

— كىم بولسا بولسۇن، سىڭلىم لىن دەييۇيدىن باشقا ھېچكىمنىڭ فامىلىسى لىن بولمىسۇن !

— لىن فامىلىلىكتىن ھېچكىم كەلگىنى يوق، لىن فامىلىلىكلا ئادەم بولسا ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋەتتۇق، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن ئۇ يەنە خىزمەتكار ئاياللار بىلەن دېدەكلەرگە شۇنداق دەپ تاپىلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن لىن جىشياۋنىڭ ئايالى باغقا كىرمىسۇن، سىلەرمۇ «لىن» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا

ئالغۇچى بولماڭلار، بالىلىرىم ! بۇ گېپىمنى قۇلىقىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار جۇمۇ !

خىزمەتكار ئايالالار بىلەن دېدەكلەر خوش دېيىشىپ، كۈلگۈسى كەلسىمۇ كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ ئارىدا بىردىنلا باۋيۈينىڭ كۆزى تەكچىگە قويۇقلۇق خىلمۇخىل نەقىش چىقىرىلىپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن پەرەڭ كېمىسىنىڭ مودىلىغا چۈشتى ـ دە، قولى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ، يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـــ ئەنە ئاۋۇ ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەن كېمە ئەمەسمۇ؟ قىرغاقتا ساقلاپ تۇرۇپتۇغۇ !

جيا ئانا دەررۇ ئۇنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شىرېن ئىتتىك بېرىپ كېمىنى ئېلىۋەتتى. باۋيۈي ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، شىرېن كېمىنى بېرىۋىدى، باۋيۈي ئېلىپلا يوتقىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ ئەمدى كېتەلمەيدىغان بولدى ! ـــ دېدى، لېكىن زىجۈەننى زادىلا قويۇپ بەرمىدى.

شۇ ئارىدا خىزمەتكار ئايالدىن بىرسى كىرىپ:

ـــ تېۋىپ كەلدى، ـــ دەپ خەۋەر قىلدى.

ـــ چاپسان كىرسۇن ! ـــ دېدى جيا ئانا بۇيرۇق بېرىپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ ھامما، باۋچەي قاتارلىقلار ۋاقىتىنچە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. جيا ئانا باۋيۈينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ تېۋىپ ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدە ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپلا ئىتتىك بېرىپ جيا ئانىغا سالام بەردى، ئاندىن باۋيۈينىڭ تومۇرىنى تۇتتى. زىجۈەن نائىلاج يەرگە قارىۋالدى. ۋاڭ تېۋىپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن قاچمىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، باۋيۈينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە شۇنداق دېدى:

ـــ بەگزادىمىزگە تەگكەن كېسەل قاتتىق دەرد ـ ئەلەمدىن بولغان ھېرىسلىك كېسىلى ئىكەن. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە:

«بەلغەم مىزاجدىن بولغان ھېرىسلىك بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ: بىرسى شۇكى، كەم ماغدۇرلۇقتىن زەئىپلىشىپ، يېگەن تائامنى ھەزىم قىلالماي، بەلغەم چىرماپ ھېرىسلىكنى پەيدا قىلىدۇ؛ يەنە بىرسى شۇكى، قاتتىق چېچىلىپ جۇدۇنى تۇتقانلىقتىن بىردىنلا سەپرا ئۆرلەش بىلەن ھېرىسلىككە مۇپتىلا بولىدۇ ۋە يەنە بىرسى شۇكى، قاتتىق دەرد ـ ئەمەلدىن بوغۇنۇقۇپ ھېرىسلىك قوزغىلىدۇ.» مەزكۇر بەلغەم مىزاجدىن بولغان ھېرىسلىك كېسىلى قاتتىق دەرد ـ ئەلەم ۋەجىدىن بىردەملىك بوغۇنۇقۇش سەۋەبى بىلەن بولغان كېسەل ئىكەن، بۇ كېسەل يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرىدىن يەڭگىلرەك.

— بۇ كېسەل خەتەرلىكمۇ قانداق، شۇنىلا دەڭ، كىم سىزنى دورا كىتابىنى يادلاپ بەرسۇن دەپتۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

ۋاڭ تېۋىپ ئالدىراپ جيا ئانىغا تەزىم قىلىپ، كۈلگەن پېتى:

— خەتەرلىك ئەمەس، خەتەرلىك ئەمەس، — دېدى.

— راستلا خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— راستلا خەتەرلىك ئەمەس، بۇنى كەمىنىلىرى ھۆددىگە ئالالايمەن، — دېدى ۋاڭ تېۋىپ.

— ئەمىسە، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ دورا يېزىپ بېرىڭ، — دېدى جيا ئانا، — ئەگەر بەرگەن دورىڭىز شىپالىق بەرسە، سىزگە ئايرىم سوۋغات تەييارلاتقۇزۇپ، نەۋرەمنى ئالدىڭىزغا رەھمەت ئوقۇپ باش قويۇشقا ئەۋەتىمەن. ناۋادا، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا، ئادەم ئەۋەتىپ خانلىق شىپاخانىنىڭ داتاڭلىرىنى بۇزدۇرۇۋېتىمەن.

ۋاڭ تېۋىپ نەچچە پوكۇلۇپ تەزىم قىلىپ، ھىجايغان بويى:

— ھەشقاللا، رەھمەت، — دەۋەردى.

ئۇ جيا ئانىنىڭ: «ئايرىم سوۋغات تەييارلاتقۇزۇپ باۋيۈينى باش قويۇشقا ئەۋەتىمەن» دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلاپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي، «ھەشقاللا ـ رەھمەت» دەۋەرگەنىدى، لېكىن ئاخىرىدىكى «خانلىق شىپاخانىنى بۇزدۇرۇۋېتىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىماي

قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ «ھەشقاللا ـ رەھمەت» دەۋەرگەچكە، جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، دورا قەغىزى بويىچە دورا تەييارلىنىپ باۋيۇيگە ئىچۈرۈلۈۋىدى، دېگەندەكلا باۋيۇي بۇرۇنقىدىن خېلى تىنچىپ قالدى، لېكىن زىجۇەننى زادىلا قويۇپ بەرمىدى:

— ئەگەر بۇنى قويۇپ بەرسەم ئۇلار سۇجۇغا كېتىپ قالىدۇ، — دەيتتى ئۇ.

جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم نائىلاج زىجۇەننى باۋيۇينىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەييۇيىنى كۆتۈشكە خۇپۇنى ئەۋەتتى، دەييۇي شۆيەننى باۋيۇينىڭ ئەھۋالىنى ئۇققۇشقا پات ـ پات ئەۋەتىپ تۇردى، كەچتە باۋيۇي بىرئاز ئارام تاپقاچقا، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار قايتىپ كېتىشتى. كېچىچە بىرقانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. لى ئېمىكئانا باشچىلىقىدا سۇڭ ئانىكا قاتارلىق بىرنەچچە ياشانغان مومايلار باۋيۇيگە كۆڭۈل قويۇپ قاراشتى. زىجۇەن، شىرېن، چىڭۋېنلەر كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدىن ئايرىلمىدى. بەزىدە باۋيۇي ئۇخلاۋېتىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى ـ دە، يا يىغلاپ دەييۇي كېتىپتۇ دەپ، يا بولمىسا، ئۇنى ئالغىلى ئادەم كەپتۇ، دەپ جۆيلۈيتتى. ئاشۇنداق چۆچۈگەن، جۆيلۈگەن چاغلىرىدا زىجۇەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، ئاندىن تىنچلىناتتى.

جيا ئانا ئىللەتنى قوغلاپ جاننى قوغدايدىغان كۆمۈلا، كۆڭۈلنى ئېچىپ ئەقىلنى روشەن قىلىدىغان تالقان دېگەندەك بىرىنچى دەرىجىلىك دورا قەغىزى بويىچە مەخپىي ياسالغان دورىلارنى پات ـ پات ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپ تۇردى. ئەتىسى باۋيۇي يەنە ۋاڭ تېۋىپنىڭ دورىسىنى ئىچتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى. باۋيۇي كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىپ ياتاتتى، زىجۇەننىڭ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا قەستەن شۇنداق تەلۋىلىك قىلغانىدى. زىجۇەنمۇ قىلغان چاقچىقىغا شۇ

كۈندىن باشلاپ قاتتىق پۇشايمان يېدى، ئەمدى باۋيۈينىڭ يېنىدىن نېرى بولالماي كېچە ـ كۈندۈز جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادىلا ئاغرىنمىدى. كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالغان شىرىن زىجۈەنگە قاراپ ھىجىيىپ:

— ئۈزۈك تاپقان بالانى ئۈزۈك كېلىپ داۋالىغىنىڭ ئوبدان بولدى. سەن بىزنىڭ ئەخمەق غوجىنىڭ «سۇنى كۆرمەي ئىشتان سالىدىغان» مىجەزىنى بىلمەيدىكەنسەن ـ دە. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشارمىزكىنتاڭ، — دېدى.

ھازىرچە بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شۇ كۈنلەردە شياڭيۈن ساقىيىپ قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ باۋيۈينى يوقلاپ تۇردى. باۋيۈينىڭ خۇدىنى بىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېسەل چېغىدا قىلغان تەلۋىلىكلىرىنى ئۆزىگە دوراپ كۆرسەتتى، بۇنىڭدىن باۋيۈينىڭ ئۆزىمۇ ياستۇقنى قۇچاقلىغىنىچە قاتتىق كۈلۈۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ دەسلەپ قىلغان قىلىقلىرىنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتى، ئەمدىلىكتە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۆي دېدەكلەردىن خالىي قالغان چاغدا، زىجۈەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، باۋيۈي ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا مېنى قورقاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوينىشىپ گوللاپ قويسام، سىلى ئۇنى راست دەپ چاغلاپلا، — دېدى زىجۈەن.

— دېگەن گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، راستتەك تۇرسا، ئۇنى قانداق چاقچاق گەپ دېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم توقۇغان، — دېدى زىجۈەن، — لىن ئائىلىسىدە ھازىر راستلا ئادەم قالمىدى، بار دېگەندىمۇ ناھايىتى يىراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىلا بار، لېكىن ئۇلار ھازىر سۇجۇدا ئەمەس، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى دەيىيۋي خېنىمنى ئالغىلى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەرگىز ئۇنى كەتكۈزمەيدۇ.

— چوڭ ئانام ئۇنىڭ كېتىشىگە ماقۇل دېگەن ھالەتتىمۇ مەن ئۇنىمايمەن ! — دېدى باۋيۇي.

— راستىلا ئۇنىمامىلا؟ — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — ئېغىزلىرىڭنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان گەپتۇ بۇ. سىلى ئەمدى چوڭ بولدىلا، ھەتتا چايمۇ ئىچۈرۈلۈپ بولدى، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆيلەنسىلە، باشقىلار كۆزلىرىگە كۆرۈنەمتى؟

باۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ سورىدى:

— كىم چاي ئىچۈرۈپتۇ؟ كىمگە ئىچۈرۈپتۇ؟

— چاغاندا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ باۋچىنگە چاي ئىچۈرىمەن دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم، بولمىسا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ كېتەمتى؟ — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ.

— مېنى ھەممە ئادەم ئەخمەق دېيىشىدۇ، سەن مېنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — بۇ بىر چاقچاق گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى باش مىرزا بېگىمنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان بولۇپ چاي ئىچۈرۈپ قويغان. ئەگەر ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇشقان بولسا، مەن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتىممۇ؟ ئۆتكەن قېتىم مۇشۇ ھەقتە قەسەم ئىچىپ بۇ قاشتاشنى يانجىۋەتمەكچى بولغىنىمدا، سەن ماڭا نەسىھەت قىلغان ئەمەسمۇ؟ كېسىلىمنىڭ ساقايغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولمايلا سەن يەنە چىشىمغا تەگكىلى تۇردۇڭ ! — ئارقىدىن ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى، — مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەن بولسام، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆرۈپ باققان بولساڭلار، ئاندىن ئەت - پەت، سۆڭەك - پۆڭەكلىرىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا، كۈللىرىم تۈتۈن بولۇپ، بوران ئۇنى تەرەپ - تەرەپكە تارىتىۋەتكەن بولسا خويمۇ ئوبدان بولاتتى ! — ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى.

زىجۈەن دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتتى، ئاندىن كۈلۈپ، ئالدىراپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى:

— ئۇنچىلا تىتىلداپ كەتمىسىلە. بۇ ئىش توغرىسىدا مەن

ئېچىم تىتىلداپ يۈرگەچكە، سىلىنى سىناپ باققانىدىم.
باۋيۇي بۇ گەپتىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، يەنە سورىدى:
— سېنىڭ نېمىگە ئېچىڭ تىتىلدايتتى؟
— سىلىگىمۇ مەلۇم، — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — مەن لىن ئائىلىسىنىڭ ئادىمى ئەمەس، مەنمۇ خۇددى شىرېن، يۈەنياڭلارغا ئوخشاشلا دېدەك. مېنى پەقەت لىن دەيييۇي خېنىمغا خىزمىتىگە سالسۇن دەپ بەرگەن، ئۇ خېنىممۇ مەن بىلەن قەۋەتلا ئوبدان چىقىشىپ قالدى، مېنى سۇجۇدىن ئېلىپ كەلگەن دېدەكلىرىدىن نەچچە باراۋەر ياخشى كۆرىدۇ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايمىز. مەن ئۇنى سۇجۇغا قايتىپ كېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ، ئۇ كېتىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشىم كېرەك. مېنىڭ ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ بىلەن كەتمەي دېسەم، ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە بولغان مېھرىمىزنى يەرگە ئۇرغان بولىمەن، كېتەي دېسەم، ئائىلەمدىن ئايرىلىپ كەتكۈدەكمەن. مەن مۇشۇنداق ئەندىشىدە قېلىپ، ئەتەي شۇ يالغان سۆزلەر بىلەن سىلىنى نېمە دەيدىكىن دەپ سوراپ باققانىدىم. بۇنداق تەلۋىلىك قىلىشلىرى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن!
— ئاشۇنىڭدىن غەم يەپ يۈرگەن بولساڭ ئەخمەقنىڭ ئۆزى سەن ئىكەنسەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن غەم يېمەيلا قوي! ساڭا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ئېيتسام، تىرىك بولساق، بىز بىللە ياشايمىز، ئۆلۈپ كەتسەك، بىز بىللە كۆلگە، تۈتۈنگە ئايلىنىپ كېتىمىز. سېنىڭچە قانداق؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىجۈەن كۆڭلىگە بىرنېمىنى پۈكۈپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت خىزمەتكار ئايالدىن بىرسى خەۋەر قىلىپ كىرىپ قالدى:
— جياخۇەن غوجام بىلەن جيالەن غوجام ئۆزلىرىدىن ئەھۋال سورىغىلى كەپتۇ.
— جاۋاپ كەپسىلەر، باۋيۇي ئۇخلاپ قالدى دەپ يولغا

سىلىڭ ۋەت، — دېدى باۋيۇي. خىزمەتكار ئايال خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

— سىلىمۇ تۇزلىپ قالدىلا، ئەمدى مېنى قويۇپ بەرسىلە. مەن بېرىپ بىزنىڭ خېنىمغا قارىسام بولاتتى، — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — مەن سېنى تۈنۈگۈن كەچتىلا قايتۇرۇۋەتمەكچىدىم، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئەمدى مەن تۈزۈلۈپ قالدىم، كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

زىجۈەن ئورۇن - كۆرپىلىرىنى، پەرداز بۇيۇملىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ ئارىسىدا ئەينەكتىن ئىككى - ئۈچى بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ھېلىقى قىياق گۈللۈك ئەينەكنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتسەڭ، ياستۇقۇمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويسام، ئۇخلىغاندا قارايدىغانغا ياخشى، تالا - تۈزگە چىققاندا ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ ئەپلىك ئىكەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

زىجۈەن ئۇنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي ئەينەكتىن بىرنى باۋيۇيگە بەردى، ئاندىن نەرسىلىرىنى ئالدى بىلەن بىرسىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئارقىدىن ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ بامبۇكزار سارايغا قايتىپ كەتتى.

باۋيۇينىڭ مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دەييۇي تولا يىغلاپ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالغانىدى. زىجۈەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئوبدانلا تۈزۈلۈپ قالغاندەك سېزىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ خۇپونى جىيا ئانىنىڭ خىزمىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئاخشىمى ئەل ئايىغى تىنچىغاندىن كېيىن، زىجۈەن كىيىملىرىنى سېلىپ ياتار ۋاقتىدا، كۈلۈپ تۇرۇپ دەييۇيگە ئاستا شۇنداق دېدى:

— باۋيۇينىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئىكەن، بىزنىڭ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ئاشۇنداق كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

دەيىۋي جاۋاب بەرمىدى. زىجۇەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك بولۇپ دېدى:

ـــ كېتىمىز دېگەندىن كۆرە، مۇشۇ يەردە تۇرغان تۈزۈك. بىز بۇ يەردە ئۇبدان كىشىلەردىن بولۇپ قالدۇق. باشقىسىمۇغۇ بىر نۆرى، كىشىگە ئەڭ تەس كېلىدىغىنى، كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىشىپ بولغاندا ئايرىلىش ئىكەن.

دەيىۋي ئۇنىڭغا تۇكۇرۇپ قويۇپ:

ـــ نەچچە كۈننىڭياقى هارمىدىڭمۇ، ئەمدى ئۇبدانراق ئارام ئېلىۋالماي يەنە نېمە دەپ ۋالاقشىيسەن ! ـــ دېدى.

ـــ مەن بىكاردىن ـ بىكارغا ۋالاقشىمىدىم، چىن كۆڭلۈمدىن سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتىمەن، ـــ دېدى زىجۇەن كۈلۈپ، ـــ بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان سىز ئۇچۇن ئاز باش قاتۇرمىدىم. هالىڭ نېچۈك دەيدىغانغا يا ئاتا ـ ئانىڭىز، يا قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭىز بولمىسا، سىزنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ مېنىڭچە، پەيتىنى قولدىن بەرمەي، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزى ئۇچۇق ۋاقتىدا چوڭ ئىشنى پۈتكۈزۋېلىش مۇهىم ئىدى. «كۈزنىڭ ئاپتىپى ئۇزاققا بارمىغاندەك، هەرقانچە ئىمەن قېرىمۇ يىقىلماي قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تاسادىپىي كۆز يۇمۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىشنى تۈگەتكىلى بولسىمۇ، لېكىن پەيت قولدىن كېتىپ، مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بەگزادە ـ غوجاملار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۇچ ـ تۆت خوتۇن ئېلىپ، بوگۇن ئۇنىڭغا، ئەتىسى بۇنىڭغا قارايدىغان ئۇچمە كۆڭۈللەردىن ئەمەس؟ ئۇلار پەرىزاتقا ئۆيلەنگەن تەقدىردىمۇ، تۆت ـ بەش كېچىدىن كېيىنلا ئۇنىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىۋېتىدۇ. هەتتا يىڭىسىغا كۆيۈپ، كونىسىنى تاشلاپ، ئەتۇر قارىۋالىدىغانلارمۇ تولا ! ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسى،

يۆلەنچۈكى بار ئادەملەرغۇ ياخشى، لېكىن سىزگە ئوخشاش ئادەمگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ كۆزى ئۇچۇق تۇرغىنى ياخشى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا خورلۇقتا قالارسىزمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن شۇڭا، ھازىر بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالغان زۆرۈر. خېنىم، ئۆزىڭىز ئەقىللىك قىز، كونىلارنىڭ «مىڭ سەرلەپ ئالتۇن تېپىش ئاسان، ئەمما كۆڭۈلدىكى كىشىنى تاپماق قىيىن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— مۇنۇ قىز بۈگۈن ئېلىشىپ قاپتىمۇ نېمە! — دېدى دەييۈي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا بىردىنلا ئۆزگىرىۋاپتۇغۇ؟ ئەتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ سېنى قايتۇرۇۋەتمىسەم بولمىدى، سېنى ئىشلىتەلمىگۈدەكمەن.

— مەن سىزگە ياخشى گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — مەن سىزنى كۆڭلىدىلا بىلىپ قالسۇن دېدىم، سىزنى ھەرگىز يامانلىق قىلسۇن دېمىدىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغۇچىلىك نېمە بوپتۇ، مەن زىيان تارتسام سىزگە نېمە پايدا؟ — شۇ گەپلەردىن كېيىن زىجۈەن ئۇخلاشقا ياتتى.

دەييۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە مەيۈسلەنمەي تۇرالمىدى. زىجۈەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ كېچىچە يىغلاپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراقلا كۆزىنى يۇمدى. ئەتىسى ئورنىدىن تەستە قوپۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ، قارلىغاچ چاڭگىسى سالغان شۈۋىگۈرۈچتىن ئازراق ئىچتى. بىردەمدىن كېيىن جيا ئانا قاتارلىقلار يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپ تاپىلىدى.

بۈگۈن شۆ ھاممىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، جيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ سوۋغاتلار سۇندى، دەييۈيمۇ ئىككى دانە كەشتە سوۋغات قىلىپ ئەۋەتتى. شۆ ھامما تۇغۇلغان كۈنىگە بىر بەنزە ئويۇنچىلارنى ئەكېلىپ، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

زىياپەتكە باۋىيوي بىلەن دەيىيوىلا بارمىدى. كەچتە زىياپەتتىن تارقىغاندا، جىيا ئانا قاتارلىقلار يول ئۆتەر ئۇ ئىككىسىنى يوقلاپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئەتىسى شۆ ھاممىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۆ كې دۇكان خىزمەتكارلىرىنى بىر كۈن كۈتۈۋالدى. قاتىلاڭچىلىق ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە داۋاملىشىپ، ئاندىن بېسىقتى.

شۆ ھاما شىڭ شيۈيەننىڭ چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن، سالماقلىق، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا ئۆزى ئاددىي ـ ساددا يۇرىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئوغلى شۆ پەنگە ئېلىپ بېرىشكە سوراتماقچى بولغانىدى. بىراق، شۆ پەننىڭ مىجەزى تولىمۇ يەڭگىل بولغانلىقتىن، خەقنىڭ قىزىنى خارلاپ قويارمۇ دەپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا شۆ كې يادىغا كېلىپ قالدى، ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە تازا جۈپ كېلىدىغان ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇشىغا كۆزى يېتىپ، شۆ ھاما بۇ ئىشنى فېڭجيېگە مەسلىھەت سالدى.

— ھاما، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — قېيىنئانامنىڭ سەل خۇيى بارلىقى سىلىگە مەلۇم، قېنى مەن بۇ ئىشنى ئاستا ئۇنىڭغا دەپ باقاي.

جىيا ئانا فېڭجيېنى كۆرگىلى كەلگەندە، فېڭجيې بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دېدى:

— شۆ ھاممامنىڭ ئۆزلىرىدىن تىلەيدىغان بىر ئىشى بار ئىكەن، ئېغىز ئاچالماي يۈرۈپتۇ.

— نېمە ئىش ئىكەن؟ — دەپ جىيا ئانا ئالدىراپ سورىدى.

فېڭجيې شۆ ھاممىنىڭ توي ئىشى توغرىسىدىكى گېپىنى جىيا ئانىغا بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى.

— بۇنىڭ ئېغىز ئاچالمايدىغان نېمىسى بار، بۇ ناھايىتى بەلەن ئىشنىڭ بەلىنى ئىكەن، مەن بۇنى قېيىنئاناڭغا ئېيتاي، بۇنىڭغا ھېچكىم ياق دېمەيدۇ.

جىيا ئانا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا دەررۇ كىشى ئەۋەتىپ شىڭ

ئاغىچا خېنىمنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ سوچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىردەم ئويلىنىپ بېقىپ: شۇ ئائىلىسىنىڭ تېگى ئوبدان، ھازىر چوڭ باي ئىكەن، شۇ كېمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە جيا ئانا ئۆزۈم سوچى بولمەن دەۋاتىدۇ، بوپتىلا، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە دېگەندەكلا ماقۇل بولدى.

جيا ئانا بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولۇپ، دەررۇ ئادەم ئەۋەتىپ شۇ ھامىمىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئىككىسى كۆرۈشكەندە نۇرغۇن تەكەللۇپ سۆزلەر بولۇندى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شىڭ جۇڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە بۇ ئىشنى ئېيتىپ قويۇشقا كىشى ئەۋەتتى. شىڭ جۇڭ ئىككىسىمۇ ئەسلىدە بۇ يەرگە شىڭ ئاغىچا خېنىمنى پاناھ تارتىپ كەلگەچكە ياق دېيەلەمتى؟ شۇڭا، ئۇلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «ئوبدان ئىش بوپتۇ» دېيىشتى.

— مەن مۇشۇنداق بىكارچى ئىشلارغا ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرمەن، بۈگۈن يەنە بىرىگە ئارىلىشىپ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقاردىم، سوچىلىقىم ئۈچۈن قانچىلىك تاپان ھەققى بېرەرسىلەركىنتاڭ! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ كېتىپ.

— بۇ، ئەلۋەتتە بار گەپ، سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا تۈمەن مىڭلاپ كۈمۈش بەرسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى شۇ ھامما كۈلۈپ، — بىراق يەنە بىر ئىش چالىدەك قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ ئىشقا ئۆزلىرى سوچى بولىلا، ئەمدى تويىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ بېرىدىغان ئادەمدىن بىرسى بولسا بولاتتى.

— بىزنىڭ ئائىلىدە باشقىسى بولمىسىمۇ، ئەمما پۇت ـ قولى چاققانلاردىن ئىككىسى بار، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، ئاندىن يۇشى خېنىم بىلەن ئۇنىڭ كېلىنىنى چاقىرتىپ كەلدى. جيا ئانا ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئاندىن ئۇلارمۇ دەرھال تەبرىكلەشتى.

جىيا ئانا ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ تاپىلىدى:

— بىزنىڭ ئائىلىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى سەن ھەممىدىن ياخشى بىلىسەن، قۇدىلار ئارىسىدا مەنپەئەت قوغلىشىدىغان، ئابرۇي تالىشىدىغان ئىشلار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. سەن ئەمدى مېنىڭ ئورنۇمدا ئوتتۇرىدا تۇرۇپ بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشىپ بېرىسەن. خىراجەتتە بەكمۇ قىسىپ كەتمە، بەكمۇ كەڭ قوللۇقمۇ قىلما، ئىككى ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس تۈگەتكەندىن كېيىن ماڭا كېلىپ خەۋەر قىلغىن.

يۈشى دەررۇ ماقۇل بولدى.

شۆ ھاما بۇ ئىشتىن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە بىرىپلا باغاق يېزىپ نىڭگو قەسىرىگە سۇنۇپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى. يۈشى شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغۇسى يوق ئىدى، لېكىن جىيا ئانا ئۆز ئاغزى بىلەن تاپىلىغاچقا، ئامالسىز ماقۇل بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش تۇتماقچى بولدى. شۆ ھاما خېنىم كۆڭۈلچەك ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش ئاسان ئىدى. بۇ گەپ ئەمدى مۇشۇ يەردە قالسۇن.

شۆ ھامىنىڭ شىڭ شىيۆيەننى ئۆزىگە كېلىن قىلماقچى بولغانلىقىدىن قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ھەممىسى خەۋەر تاپتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شىيۆيەننى باغدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاچىقىۋالماقچى بولۇۋىدى، جىيا ئانا ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— باغدا تۇرسا نېمە زىيىنى بار؟ ئىككى ياش بەرىبىر بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشمەيدىغۇ؟ ھاما خېنىم ۋە ئۆزىنىڭ قېيىنئىنىگچە ـ سىڭىللىرى بىلەن بىللە تۇرسا نېمە يامىنى بولاتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى قىزلار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئوبدان چىقىشىپ ئۆتمەمدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئىشنى بولدى قىلدى.

شۆ كې بىلەن شىيۆيەن ئىككىسى ئۆتكەن قېتىم پايتەختكە

كېلىۋېتىپ يولدا ئۇچرىشىپ كۆرۈشكەن، شۇ چاغدىلا ئىككىلىسى بىر ـ بىرى پىسەنتىگە توغرا كەلگەندەك بولۇۋىدى. ئەمدىلىكتە شىيۈيەن بالدۇرقىغا قارىغاندا سەل قورۇنۇپراق قېلىپ، ئاچا ـ سىڭىل باۋچەيلەر بىلەن مۇڭدىشىشتىن تارتىنىدىغان بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ ئويۇن ـ چاقچاقچى شياڭيۈندىن تېخىمۇ خىجىل بولاتتى. بىراق، ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، يوسۇنلۇق ئىدى، شېتىلە، يەڭگىلتەك، شاللاقلاردىن ئەمەس ئىدى.

باۋچەي ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى، باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ياشانغان، ئۆزىنى توختىتىۋالغان ئەخلاقلىق ئادەملەر بولسا، يالغۇز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىلا ئارزاڭدەك كاردىن چىققان ئادەملەر ئىدى، ئۆز قىزىغا ئاتىدارچىلىق قىلىشتا ئادەتتىكىچىلا ئىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا ئازراق يۈز ـ خاتىرىلا قىلىپ قوياتتى، چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپمۇ كەتمەيتتى. شىيۈيەن كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. يىڭچۈن ياۋاش، ئۆزىنىمۇ تولۇق جوڭقۇرۇپ كېتەلمىگەن يەردە ئۇنىڭغا قانداق غەمخورلۇق قىلىپ كېتەلىسۇن؟ ئۇ ھەرەمخانىغا ئادەتتە لازىم بولىدىغان نەرسىلەر ئۆكسۈپ ـ كېمىيىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىسا، بۇ توغرىدا ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمايتتى. شۇڭا، باۋچەي ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمغىمۇ ئۇقتۇرماي، باشقىلار ئاڭلاپ قالسا گەپ ـ سۆز بولمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە ئۆز يېنىدىن ياردەم بېرىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن شىيۈيەن ئۆزلىرىگە كېلىن بولۇپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. شىيۈيەن بۇ يەرگە كېلىپلا باۋچەينى ياقتۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا بۇرۇنقىدەكلا باۋچەي بىلەن مۇڭدىشاتتى، باۋچەيمۇ ئۇنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرەتتى.

بىر كۈنى باۋچەي دەييۈيىنى يوقلىغىلى ماڭدى، شىيۈيەنمۇ

دەييۈينى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى، ئىككىسى يولدا ئۇچرىشىپ قالدى. باۋچەي كۈلۈمسىرەپ ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ئىككىسى بىللە ماڭدى. تاش توسۇق تامنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە، باۋچەي ئۇنىڭدىن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۈگۈن ھاۋا شۇنداق سوغۇق تۇرسا، نېمىشقا يېلىڭ كىيىنىۋالدىڭىز؟

شيۈيەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى.

باۋچەي بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— بۇ ئايدا مائاشىڭىزنى يەنە ئالالمىغان ئوخشايسىز ـ ھە؟ فېڭجيې ئاچامچۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئىنسابنى قايرىپ قويۇپ بولۇپلىۋالدى.

— ئۇغۇ يادىدىن چىقارماي ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدۇ، — دېدى شيۈيەن، — شىڭ ھامما ماڭا بىر كىمنى ئەۋەتىپ، بىر ئايدا ئىككى سەر كۈمۈشنى ئىشلىتىپ كېتەلمەيدۇ، بىر سەرىنى ئىقتىساد قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا چىقارتىپ بەرسۇن، بىرنەرسە لازىم بولسا يىڭچۈن ئاچىسىنىڭ بار، شۇنىڭدىن ئېلىپ ئىشلەتسۇن، دەپتۇ. ئاچا، ئويلاپ بېقىڭا، يىڭچۈن ئاچام ياۋاش، بۇنداق ئىشلارغا ئانچىمۇ دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. نەرسىلىرىنى ئىشلەتسەمغۇ ئۇ بىرنېمە دېمەس، ئەمما ئۇنىڭ دېدەكلىرى بىلەن خىزمەتكار ئاياللىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىش تاپماي يۈرىدۇ دەيسىز؟ قايسىبىرىنىڭ ئاغزى ئىتتىك ئەمەس؟ مەن شۇ ھۇجرىدا تۇرۇۋاتساممۇ، لېكىن ئۇلارنى ئىشقا بۇيرۇشقىمۇ تازا پېتىنالمايمەن. تۆت ـ بەش كۈندە بىر قېتىم ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ، ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە شاراب، يېمەكلىكلەر ئېلىپ بەرسەم تۈزلىپ قالىدۇ. شۇڭا، بىر ئايدا بېرىلىدىغان ئىككى سەر كۈمۈش ئۆزۈمگە يەتمەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىر سەرىگە چېچەك چىقتى. بۇنىڭ بىلەن پۇلدىن قىسىلىپ، قايسى كۈنى

پاختىلىق چاپىنىمنى بىرسى ئارقىلىق ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي بىر نەچچە تىزىق داچەنگە گۆرۈگە قويدۇردۇم.

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇرۇپ، شۇنداق دېدى:

— قېرىشقاندەك باش مىرزا مېي بېگىم پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ سىرتتىكى خىزمىتىگە كېتىپ قالدى، ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن. ئەگەر ھازىر ئۇلار مۇشۇ يەردە بولغان بولسا باۋچېنىڭ تويىنى قىلىۋەتسەك، ئاندىن سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشاتتۇق. ئۇ چاغدا بۇ يەردىن كېتەتتىڭىز ـ دە، خاپىلىقمۇ تۇگەيتتى. سىڭلىسىنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا چۈشۈپ كېتىش شۇ كى ئۇچۇنمۇ ئەپسىز. بۇ بىر قىيىن ئىش بولدى. بۇ ئىش يەنە ئىككى يىل كېچىكسە قىيىنچىلىقتا قېلىپ، كېسەل بولۇپ قالارسىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. توختاپ تۇرۇڭ، مەن ئاپام بىلەن يەنە بىر مەسلىھەتلىشىپ باقاي.

باۋچەي ئۇنىڭ بېلىدىكى قاشتاشلىق كەمەرنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— بۇنى سىزگە كىم بەردى؟

— ئەنچۈن ئاچام بەردى ! — دېدى شيۇيەن.

باۋچەي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ئۇ بۇنداق نەرسىنىڭ ھەممە ئادەمدە بولۇپ، يالغۇز سىزدىلا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، باشقىلار زاڭلىق قىلمىسۇن دەپ بىرنى بېرىپتۇ ـ دە. ئۇ بەك ئەقىللىك، پۇختا قىز جۇمۇ، — دېدى.

— ئاچا، بۇ مېڭىشىڭىزدا نەگە بارماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى شيۇيەن.

— بامبۇكزار سارايغا بارىمەن. سىز ھازىر قايتىپ كېتىپ چاپىنىڭىزنىڭ گۆرۈ خېتىنى بىر چۆرىدىن مېنىڭكىگە ئەۋەتىپ بېرىڭ، مەن چاپىنىڭىزنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئەكەلدۈرۈپ، كەچتە يەنە ئاستىلا سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي، ئەتىسى ـ ئاخشىمى

كىيەرسىز، بولمىسا سوغۇق تېگىپ قالسا چاتاق بولىدۇ! نەگە گۆرۈ قويغاندۇ؟

— خېگشۇ دەمدۇ، ئىشقىلىپ، گولۇنىڭ كۈنىپېتىش تەرىپىدىكى چوڭ كوچىدا ئىكەن، — دېدى شيۇيەن.

— ئۆزىمىزنىڭكىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ئەگەر دۇكاندىكىلەر بۇنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئادىمى كەلمەي تۇرۇپ كىيىمى ئاۋۋال كەپتۇ، دەپ شاقخو قىلىشىدۇ.

شيۇيەن چاپىنىنى گۆرۈگە قويغان دۇكاننىڭ مۇشۇ ئائىلىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ زوۋان سۈرمىدى ۋە قىزىرىپ، كۈلگەن پېتى كەينىگە يېنىپ كېتىپ قالدى.

باۋچەي بامبۇكزار سارايغا كەلدى، ئانىسىمۇ دەييۈينى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئانا، سىز بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالدىڭىز؟ كېلىشىڭىزنى ئۇقماپتىمەن، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— يېقىنىنىڭياقى ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، باۋيۈي بىلەن بۇنى يوقلاپ كېلىشكە چولام تەگمىدى، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن بېرىپ يوقلاپ كېلەي دەپ كەلدىم. ئىككىلىسى خېلى تۈزۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى شۆ هاما.

دەييۈي باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا:

— دۇنيادا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلار بولىدىكەن. هامما بىلەن چوڭ تاغامنىڭ قۇدا چۈشۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان! — دېدى.

— ۋاي بالام، سىلەر قىزلار بۇنداق ئىشلارنى نەدىن بىلەتتىڭلار؟ — دېدى شۆ هاما، — قەدىمدىن قالغان «نىكاھ غايىب» دېگەن بىر گەپ بار. مەخسۇس نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قەمەر بوۋاي دېگەن بىر بوۋاي بار ئىكەن. ئۇ، دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ كىم بىلەن كىم جۈپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن شۇ ئادەملەرنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈپ، قىزىل يىپەك يىپ

بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ پۇتىنى چىشلەپ قويىدىكەن، بۇ ئادەملەردىن بىرسى دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدا بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ جۈپ بولىدىغانلىقى پېشانىلىرىگە پۈتۈلگەنلا بولسا، ئاخىر بىر كۈنى ئىككىسى تېپىشىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشىدىكەن. بۇ ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئىش. ئىككى ياش ھەمىشە دېگۈدەك بىر يەردە تۇرىدىغان، ئاتا ـ ئانىلىرى رازى بولۇپ چاي ئىچۈرۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئەگەر قەمەر بوۋاي ئىككىسىنى قىزىل يىپ بىلەن چىشلەپ قويمىغان بولسا، قانچە قىلغان بىلەنمۇ بىر بولۇشالمايدۇ. مەسىلەن، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىڭلارنىڭ جۈپتىڭلار مۇشۇ يەردىمۇ ياكى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇغۇ؟ مانا مۇشۇنداق گەپ.

— بىزنىمۇ بۇ گەپكە قېتىۋالغىنىڭىزنى قاراڭە ئانا، — باۋچەي شۇنداق دەپلا ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋالدى، — ئەمدى كېتەيلى!

— قاراڭ سىزنى، چوپچوڭ قىز تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى. ھامام يوق چاغدا شۇنداق سىپايىلىشىپ كېتىسىز، ھامامنى كۆرسىڭىزلا ئەركىلىكىڭىز تۇتۇپ كېتىدىكەن، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

شۆ ھاما باۋچەينىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا شۇنداق دېدى:

— فېڭجيې قىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا قانداق بولسا، بۇ ئاچىڭىزمۇ مېنىڭ ئالدىمدا شۇنداق. ئىشىم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىمەن، ئىشىم بولمىسا، ماڭا ئەرمەك بولىدۇ. بۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىقلىرىنى كۆرسەم، ھەرقانچە غېمىم بولسىمۇ بىردەمدىلا قالمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەييۈي ئېغىر بىر تىندى ـ دە، يىغلاپ تاشلىدى:

— ئۇ ماڭا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم قىزنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن مېنى زاڭلىق قىلىپ، ئەتەي شۇنداق

قىلىۋاتىدۇ.

— ئانا، قاراڭ، ئۇنىڭ تەلۋىلىكىنى، مېنى ئەركىلىتىدىۋاتىدۇ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— ئۇنىڭ يا ئاتا - ئانىسى، يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىسا، كۆڭلى يېرىم بولماي قانداق قىلىدۇ، — شۆ هاما دەييۈيىنىڭمۇ بېشىنى سىلاپ كۈلۈپ قويدى، — جېنىم بالام، يىغلىماڭ، ئاچىڭىزغا ئىچىم كۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇۋاتىدۇ. مەنچۇ سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈنىمەن! ئاچىڭىزنىڭ ئاتىسى بولمىسىمۇ، لېكىن مەن بار، بىر تۇغقان ئاكىسى بار، بۇ يەرلەردىن ئېيتقاندا ئۇ سىزدىن ياخشىراق. سىرتىمغا چىقارمىغىنىم بىلەن ئىچىمدە سىزگە بۆلەكچىلا كۆيۈنىدىغانلىقىمنى ئاچىڭىزغا دائىم دەپ تۇرىمەن. بۇ يەردە ئادەم كۆپ بولغاچقا، گەپمۇ تولا، ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقىدىغانلىرى ئاز، يامان گەپ چىقىدىغانلىرى كۆپ. ئۇلار سىزنى، ئىگە - چاقىسى يوق، كىشىنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك يېقىملىق - تۈزۈتلۈك قىز دېمەستىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى كۆيگەچكە، بۇلارمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا خۇشامەت قىلىپ ئامراقلىق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ.

— هاما، بۇنداق دەيدىغان بولسىلا مەن سىلىنى ئەتىلا ئۆزۈمگە ئانا قىلىۋالىمەن، ئەگەر بۇ گېپىمدىن بىزار بولىدىغان بولسىلا، ئۇ چاغدا ماڭا كۆيۈنگەنلىرى يالغان بولىدۇ، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— ئەگەر مېنى يامان كۆرمىسىڭىزلا سىزنى قىزىم قىلىۋالىمەن، — دېدى شۆ هاما كۈلۈپ.

— ئانا قىلالمايدۇ! — دېدى باۋچەي ئالدىراپ.

— نېمىشقا ئانا قىلالمايدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— مەن سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، — دېدى باۋچەي هىجىيىپ، — ئاكامغا تېخى بىرەر جايدىن لايىق دېيىشىپ قويماي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن شيۈيەن قىزنى ئىنىمغا چاي

ئىچۇرۇپ قويدۇق؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟
— ئۇ هازىر ئۆيدە يوق ياكى بولمىسا تۇغۇلغان مۇچەل يىللىرى توغرا كەلمەي قېلىپ، ئاۋۋال ئىنىڭىزغا چاي ئىچۇرۇشكە توغرا كەلگەندۇ، — دېدى دەيىۇي.
— ئۇنداق ئەمەس، دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — ئاكامنىڭ يىلى توغرىلاقلىق، ئۇ قايتىپ كەلسىلا ئىش پۈتىدۇ، چاي ئىچۇرىدىغان قىزنى ئىزدەشنىڭمۇ هاجىتى يوق. مېنىڭ ئانامنى سىز ئانا قىلالمايسىز دېگەن گېپىمنى ئويدانراق ئويلاپ بېقىڭ! — باۋچەي شۇنداق دەپلا ئانىسىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.
دەيىۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۆ هاممىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە:
— هاما، ئۇنى ئۇرمىسىلا مەن رازى ئەمەس! — دېدى.
— ئاچىڭىزنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، ئۇ سىزگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى شۆ هاما دەيىۇينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.
— راست، ئانام ئەتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ سىزنى كېلىنلىككە سورىماقچى، بۇ سىرتتىن تاپقانغا قارىغاندا مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەيىۇي ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ ئېتىلدى ـ دە، كۈلدى:
— بارغانسېرى ئالجىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ!
شۆ هاما ئالدىراپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ، ئاندىن باۋچەيگە شۇنداق دېدى:
— شيۇيەن قىزنى ئاكاڭ خورلاپ قويمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا چاي ئىچۇرمەي، ئىنىڭغا چاي ئىچۇرگەن تۇرسام، بۇ قىزىمنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەمدىمەن؟ قايسى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىڭلىڭنى باۋيۇيگە سورىغانىدى. قېرىشقاندەك، ئۇنىڭغا بۇرۇنلا چاي ئىچۇرۇپ قويۇپتۇ، بولمىسا بۇ تازىمۇ تېگى ـ تەكتىدىن

www.uyghurkitap.com

لايىق ئىش بولاتتى. ئالدىنقى كۈنى شىيۈەن قىزغا چاي ئىچۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا، ماڭا چاقچاق قىلىپ: «بۇنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزۈمگە كېلىن قىلىۋالاي دەپ تۇرسام، بۇ خېنىمنىڭ قىزى تېخى قولۇمغا كېلىش تۇگۇل، بىزنىڭكىلەردىن بىرسىنى ئېلىپ كېتىدىغان بوپتۇ !» دېدى. بۇ چاقچاق گەپ بولسىمۇ، لېكىن ئوبدانراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار. باۋچىنىڭ لايىقى بولغاچقا، مېنىڭ ئۇنى بېرىشكە ئامالىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بۇ توغرىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي قالمىغاندىمەن؟ مېنىڭچە بولسا، ئىنىڭ باۋيۈيگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم شۇنداق كۆيۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ ئاجايىپ بىر بالا بولدى، ئۇنىڭغا سىرتتىن لايىق ئىزدىسە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دىتىغا زادىلا ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، سىڭلىڭ دەيىۈيىنى شۇنىڭغا بەرسە، گۈل ئۈستىگە گۈل قويغاندەك بولمامدۇ؟

دەسلەپتە دەيىۈي شۆ هاممىنىڭ گەپلىرىگە دەككە ـ دۈككىدە تۇرۇپ قولاق سالدى، كېيىن گەپنىڭ ئايىغى ئۆزى ئۈستىگە چۈشكەندە، باۋچەيگە قاراپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە، ھۆپپىدە قىزارغان پېتى باۋچەينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن ئەنتىمنى سىزدىن ئالىمەن ! نېمە ئۈچۈن هاممامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلدۇرسىز ! — دېدى.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — گەپنى ئانام قىلسا مېنىڭدىن ئەنتىڭىزنى ئالماقچى بولغىنىڭىز قىزىققۇ؟

شۇ ئارىدا زىجۈەن يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— هاما خېنىم، مۇشۇنداق نىيەتلىرى بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇ نىيەتلىرىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بىلدۈرمەيلا، — دېدى.

— سەن نېمىگە ئالدىرايتتىڭ ! دەيىۈي قىزىمنى چاپسانراق

ياتلىق قىلىۋېتىپ، ئۆزۈڭگىمۇ بالدۇرراق يىگىت تاپماقچىمىدىڭ
يا؟ — دېدى شۆ هاما كۈلۈپ.

زىجۇەن ئىزا تارتىپ هۇپپىدە قىزاردى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— هاما خېنىم راستىلا ئۆزىنىڭ ياشانغىنىنى پەش قىلىدىكەن! — دېدى - دە، بۇرىلىپ چىقىپ كەتتى.

— سەن جۇۋاينىمەكىنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە كارىڭ! — دەپ تىللىدى دەيىۋي ئۇنى. ئارقىدىن شۆ هامىنىڭ هېلىقى گېپىنى ئاڭلاپ، — ئامىتابا! خويمۇ ئوبدان دېدى، خوپ بولدى! بۇرنى - قۇلىقىڭغىچە تويغانسەن! — دېدى.

شۆ هاما، باۋچەي، خىزمەتكار ئاياللار، دېدەكلەرنىڭ هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا شياڭيۈن قولىدا گۆرۈ خېتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— بۇ نېمە هۆججەتتۇ؟ — دېدى.

دەيىۋي كۆرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. پەگاھتا ئولتۇرغان خىزمەتكار ئايالالار كۈلۈشۈپ:

— بۇ ناهايىتى ئوبدان نەرسە! بۇنى سىلىگە بىكاردىن - بىكارغا ئېيتىپ بەرمەيمىز! — دېيىشتى.

باۋچەي ئۇنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ شيۈيەن بايا دېگەن هېلىقى گۆرۈ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، ئالدىراپ قاتلىغىلى تۇردى.

— بۇ بەلكىم ئانىكىلاردىن بىرەرسى چۈشۈرۈپ قويغان گۆرۈ خېتىدۇ، ئەمدى ئۇنى كەچكىچە ئىزدىشىدىغان بولدى - دە، — دېدى شۆ هاما.

— «گۆرۈ خېتى» دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى شياڭيۈن.

— سىلى بەكمۇ ساددا ئىكەنلا جۇمۇ خېنىم. گۆرۈ خېتىنىمۇ بىلمەملا! — دېيىشتى خىزمەتكار ئايالالار كۈلۈشۈپ.

— بۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى شۆ ھاما ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئۇ بەگ ئائىلىسىدە ئۆسكەن قىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىك تۇرسا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ بۇنداق نەرسىلەرنى نەدە يۇرۇپ كۆرسۇن؟ ئائىلىسىدىكى خىزمەتكارلىرىدا بۇنداق نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ كۆزى چۈشەمتى؟ ئۇنى ساددا دەپ كۈلمەڭلار، ئەگەر بۇنى سىلەرنىڭ خان قىز كۆرسىمۇ نېمىلىكىنى بىلمەي ھاڭ قالىدۇ.

— توغرا، — دېيىشتى خىزمەتكار ئاياللار شۆ ھامىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — دەيىۋى خېنىممۇ بىلەلمىدى ئەمەسمۇ، خان قىزلار بۇياقتا تۇرسۇن، دائىم سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان باۋيۇي غوجاممۇ كۆرۇپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۆ ھاما گۆرۈ خېتىنىڭ نېمىلىكىنى قىزلارغا سۆزلەپ بەردى.

— بۇنىڭ ئىگىسىزە يۇلىنىڭ كويىدا يۇرىدىكەن ـ دە! — دېيىشتى شياڭيۇن بىلەن دەيىۋى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ھاما، سىلىنىڭ گۆرۈخانىلاردىمۇ مۇشۇنداق گۆرۈ خېتى بارمۇ؟

— بۇ قىزىق گەپ بولدى، — دېيىشتى خىزمەتكار ئاياللار، — «جاھاندىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا بولىدۇ» يا سىلەر باشقا رەڭدىكىسىنى كۆرگەنمۇ؟

— بۇنى سەن نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ — شۆ ھاما شياڭيۇندىن يەنە سورىدى.

شياڭيۇن جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە باۋچەي ئېتىنكلا:

— بۇ ئۆلگەن كىرەكسىز گۆرۈ خېتى ئىكەن، قايسى يىللاردا دەپتەردىن ئۆچۈرۈلگەنكىن، ھەرقاچان شياڭلىڭ بۇلارنى ئالداش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۇرگەن نېمە، — دېدى.

شۆ ھاما بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئارتۇق سۈرۈشتە قىلمىدى.

شۇ ئارىلىقتا بىر خىزمەتكار كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— نىڭگو قەسىرىدىكى چوڭ كېلىن ئاغىچا كىرىپتىكەن. هامما خېنىمغا دەيدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ.

شۆ هامما ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي ئۆيدە باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، شياڭيۈندىن سورىدى:

— بۇنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟

— ئۇكاڭغا ئاغىچا بولغۇچىنىڭ دېدىكى جۈەنئېرنىڭ بۇنى ئاستالا يىڭئېرگە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، يىڭئېر ئېلىپلا كىتابىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. مەن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كىتابىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ قاراپ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، سىلەرنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىڭلارنى بىلگەچكە، سىلەرنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئېلىپ كېلىۋىدىم، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ.

— هۇي، شيۈيەن كىيىمىنى گۆرۈگە قويغان ئوخشىمامدۇ؟ ماقۇل، قويغانمۇ بولسۇن، يەنە نېمە ئۈچۈن گۆرۈ خېتىنى سىزگە بېرىدۇ؟ — دەيىۈي ئالدىراپ سورىدى.

باۋچەي ئەمدى بۇ ئىشنى بۇلاردىن يوشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بايىقى ئىشنى ئۇ ئىككىسىگە سۆزلەپ بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەيىۈي، «توشقان ئۆلسە تۈلكە هۇۋلاپتۇ، هەركىم ئۆز قاياشىغا يىغلاپتۇ» دېگەندەك، چوڭقۇر هەسرەت چەكتى. شياڭيۈن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى ۋە:

— مەن بېرىپ يىڭچۈن ئاچامدىن سورايمەن! ئۇنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار خوتۇنلار بىلەن دېدەكلەرنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، سىلەرنىڭ ئۆچىڭلارنى ئېلىپ بېرىمەن، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، باۋچەي ئىتتىك ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كۈلگەن پېتى:

— ئالجىپ قالدىڭمۇ، جايىڭدا ئولتۇر! — دېدى.

— ئەر كىشى بولغان بولساڭ، بوزەكلەرنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ

بىرىمەن دېسەڭ بولاتتى. يا سەن جىڭكي بىلەن نى جېك[1]نى دورىماقچىمىدىڭ؟ راسا كۈلكىلىك ئىش ـ دە بۇ، — دېدى دەيىيۈي كۈلۈپ.

— تەنچۈن ئاچامدىن بۇ ئىشنى سوراپ بېقىڭلارچۇ، قېنى نېمە دەپ قالار؟ — دەپ كۈلدى پاۋيۈ. — دىنى ئۈنىمىساڭلار، ئەمىسە ئەتە شيۈيەننى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلەي، بىز بىلەن بىللە تۇرسۇن، — دېدى شياڭيۈن، — شۇنداق قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

— قېنى، ئەتە يەنە بىر مەسلىھەتلىشەرمىز، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

شۇ ئارىلىقتا بىر خىزمەتكار كىرىپ:

— تەنچۈن خېنىم بىلەن يىڭچۈن خېنىم كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئۇچى قىلىۋاتقان گېپىنى دەرھال توختىتىپ، بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

[1] جىڭكي بىلەن نى جېك — ئۇرۇشقاق پادىشاھلار دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولچوماقلىرى.

# ئەللىك سەككىزىنچى باب

## ئۆرۈك سايىسىدا يالغان ئاشىقنىڭ ساختا مەشۇققا ماتەم تۇتۇپ يىغلىغانلىقى
## رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە يېنىدا باۋيۇينىڭ ئەخمىقانە ئىشنى سۈرۈشتە قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، تەنچۇنلەر كىرىش بىلەنلا بۇ ئۇچەيلەن قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرىنى توختىتىپ ئۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئېلىشمىدى. تەنچۇنلەر بۇلار بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، بىردەم كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنلەردە، ئۆتكەندە بايان قىلىنغان ھېلىقى خانىش ئانا قازا تاپتى، بۇنىڭ بىلەن ھەممە مەرتىۋىلىك ئاغىچا خېنىملار ئوردىغا كىرىپ ئۇنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇشتى ۋە مەرتىۋىلىرى بويىچە قارىلىق تۇتۇشتى. خان ئالىيلىرىدىن، بارلىق مەرتىۋىلىك ئائىلىلەر بىر يىلغىچە زىياپەت، نەغمە ـ ئويۇن قىلمىسۇن، ئاۋام خەلق ئۈچ ئايغىچە توي ـ تۆكۈن قىلمىسۇن، دەپ پۈتۈن ئىقلىمغا يارلىق چۈشتى. جيا ئانا ئۆز كېلىنلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن ھەر كۈنى ئوردىغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، كۈن قايرىلغاندا قايتىپ كېلىشەتتى. مېيىت ياقا سارايدا يىگىرمە بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، شياۋسى ناھىيەسىدىكى خانلىق مازارغا ئۇزىتىلاتتى. بۇ خانلىق مازارغا پايتەختتىن بېرىپ كەلگۈچە ئون نەچچە كۈن كېتەتتى. مېيىت شۇ يەرگە ئۇزىتىلغاندىن كېيىن، يەنە بىرقانچە كۈن تۇرغۇزۇلۇپ، ئاندىن يەرلىكىگە قويۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ،

ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ دەپنە قىلىشقا بىر ئايچە ۋاقىت كېتەتتى. نىڭگو قەسىرىدىن جىيا جېنمۇ خوتۇنى بىلەن شۇ يەرگە بېرىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئىككى قەسىردە ئادەم قالمىغاچقا، كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ: ئائىلىدە ئىگە يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «يۇشى تۇغۇتلۇق» دەپ مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئۇنى ئىككى قەسىرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇشتى.

شۇ ھاممىغا باغدىكى ھەمشىرىلەر ۋە دېدەكلەردىن خەۋەر ئېلىش تاپشۇرۇلغاچقا، ئۇمۇ باغقا كۆچۈپ كىرىشكە توغرا كەلدى. باۋچەينىڭ قېشىدا شياڭيۈن بىلەن شياڭلىڭ تۇراتتى، لى ۋەننىڭ كىچىك ئانىسى لى خان ئاچا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، تۆت ـ بەش كۈندە بىر كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كېلىپ ـ كېتىشىنىڭ قارارى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا ئانا باۋچىنىنى خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن لى ۋەنگە تاپشۇرغانىدى. يىڭچۈننىڭ قېشىدا شيۇيەن تۇراتتى. تەنچۈن گىچماچ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن جىيا خۇەن پات ـ پاتلا غەلۋە قىلىپ تۇرغاچقا، شۇ ھاممىنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى تېخىمۇ ئەپسىز ئىدى. شىچۈننىڭ ھۇجرىسى تار ئىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن شۇ ھاممىنىڭ ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرۇشى قىيىن بولۇپ قالدى. جىيا ئانا دەييۈيگە ئوبدان قاراپ قويۇش ھەققىدە ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تاپىلىغانىدى، شۇ ھاما ئۆزىمۇ ئادەتتە دەييۈيگە بەك ئامراق ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇنى باھانە قىلىپ بامبۇكزار سارايغا كۆچۈپ كېلىپ دەييۈي بىلەن بىللە تۇردى ۋە دەييۈينىڭ دورا ئىچىش، غىزالىنىش ئىشلىرىغا بەكمۇ ئوبدان كۆڭۈل بۆلدى. دەييۈي شۇ ھاممىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى خۇددى باۋچەي ئاتىغاندەك ئاتاۋەردى، ھەتتا باۋچەينىڭ ئالدىدىمۇ، باۋچەينى بۇرۇنقىدەكلا «ئاچا»، باۋچىنىنىمۇ بۇرۇنقىدەكلا «سىڭلىم» دەپ چاقىرىپ، خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن ئۆتۈشتى.



www.uyghurkitap.com

بۇنى كۆرۈپ، جيا ئانىمۇ بەك خۇش بولدى ۋە كۆڭلى تىندى.

شۇ ھامىمىنىڭ ۋەزىپىسى ھەمشىرىلەردىن ۋە تەقىپ قىلىنغان دېدەكلەردىنلا خەۋەر ئېلىش ئىدى، شۇڭا ئائىلىدىكى باشقا چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا تولا ئېغىز ئاچقۇسى كەلمەيتتى. يۇشى خېنىم ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، سەھەردە خىزمەتكارلارنى ئاتاقتىلا يوقلىما قىلىپ قوياتتى، ئۇلارغا كەلسە ـ كەلمەس ھەيۋە قىلمايتتى. ئۆز ئائىلىسىدىمۇ يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممە ئىشتىن خەۋەر ئالىدىغانغا شۇلا يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چۈشكەن يەرگە كېرەكلىك يېمەك ـ ئىچمەك، ئورۇن ـ كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشتىنمۇ خەۋەر ئېلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇنىمۇ ئىش بېسىۋالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە رۇڭگو، نىڭگو قەسىرلىرىدىكى غوجايىنلارنىڭ بوش ۋاقتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەسىردىكى ئىش باشقۇرغۇچىلاردىن بەزىلىرى غوجايىنلىرى بىلەن ئوردىغا باراتتى، بەزىلىرى ئوردىنىڭ سىرتىدىكى تۇرالغۇ جايغا كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ راسكالىقىنى قىلاتتى، بەزىلىرى شۇ جاينىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. قىسقىسى، ھەممىسى ئالدىراش ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئىككى قەسىردىكى خىزمەتكارلارنى باشلايدىغانغا ئادەم بولماي قېلىپ، نەتىجىدە ئۇلار ئارام ئېلىۋېلىش كويىغا چۈشتى ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۇرۇھ توپلاپ، ۋاقتىنچە ھوقۇق تۇتۇپ ئىش باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلار بىلەن مەنمەنلىك تالىشىدىغان بولۇۋالدى. رۇڭگو قەسرىدە تالا ـ تۈزدىكى ئىشلارنى قىلىشقا لەي دا بىلەن بىرقانچە غوجىدار قالدۇرۇلغانىدى. لەي دانىڭ قول ئاستىدىكى بىرنەچچەيلەن غوجايىنلار بىلەن بىللە كەتكەنىدى. گەرچە ئۇنىڭغا بىرقانچە ئادەم بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلار بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغاچقا، ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بىلىمسىز نېمىلەر

بولغاچقا، ئىنسابسىزلىق بىلەن ئالدامچىلىق قىلىشاتتى ياكى ئاساسسىز مەلۇماتلارنى بېرىشەتتى، يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشەتتى. قىسقىسى، بۇنداق خىلمۇخىل ئەسكىلىكلەرنى، قايتا - قايتا چىقىپ تۇرغان چاتاقلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشمۇ قىيىن.

چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئائىلىلىرىدىكى ئەر - ئايال ئويۇنچىلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇشى خېنىم ۋە باشقىلار مەسلىھەتلىشىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ، قەسىردىكى ئون ئىككى ئويۇنچى قىزنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلگەندە يۇشى ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— بىز بۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋالغان، ھازىر ئويۇن قويۇشنى ئۆگەتمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ خىزمەتكە سېلىپ، ئۆگەتكۈچى ئۇستازلىرىنى يولغا سېلىۋەتسەكمىكىن دەيمەن.

— ئويۇن قويۇش بىلەنلا بولۇپ كەلگەن بۇ قىزلار يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قامالاشتۇرالمايدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — ئۇلارمۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىلىرى، ئاتا - ئانىلىرى ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلارنى مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ساتقان. ئۇلار بىرنەچچە يىل سەھنىدە ھەرقىسما نېمىلەرنى دوراپ ئۆتتى. ئەمدى بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولىغا بىرنەچچە سەردىن يول خىراجىتى بېرىپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتسەك بولار. ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق قىلغانىكەن. ئۇنداق قىلمىساق، تاپقان ساۋابلىرىمىزنى بىر تىيىن قىلىۋېتىمىز، خەقمۇ بىزنى بېخىل ئىكەن، دېيىشىدۇ. ھېلىمۇ بىزدە شۇ چاغلاردىكى ئويۇنچىلاردىن بىرقانچىسى بار، ئۇلار ھازىر قېرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىزدە قېلىپ قېلىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر بار، قايتىپ كېتىشنى خالىمىغاچقا ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ

خىزمىتىمىزگە سالغان، چوڭ بولغاندا مۇشۇ ئۆينىڭ مۇلازىملىرىغا چىقىپ قويغان.
— بىزمۇ ئۇ ئون ئىككىيلەندىن سوراپ كۆرسەك، — دېدى يۇشى، — قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلىرى بولسا، ئاتا - ئانىلىرىغا خەۋەر قىلىپ قويساق، ئۆزلىرى كېلىپ قىزلىرىنى ئېلىپ كەتسۇن. ئۇلارغا بىرنەچچە سەردىن يول خىراجىتى بەرسەك، ئاندىن مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى چاقىرتىپ كەلمىسەك، قىزىل كۆز ئەبلەخلەر يالغاندىن بىز بۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دەپ كېلىپ، ئۇلارنى ئاچىقىپ يەنە سېتىۋېتىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ قىلغان ئىلتىپاتىمىز بىكارلا بولمامدۇ؟ ئېلىپ قالساق كەتكۇسى كەلمىگەنلىرىنى ئېلىپ قالساق بولىدۇ.
— بۇ ئوبدان گەپ بولدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ.
يۇشى خېنىم كىشى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى فېڭجيېگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئاندىن باش جورۇقخانىغا ئويۇنچىلارنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ھەربىرىگە سەككىز سەردىن كۈمۈش بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى تاپىلىدى. نەشپۈتلۈك ھويلىدىكى نەرسە - كېرەكلەر ئېدىتلاپ، تىزىملاپ يىغىشتۇرۇۋېلىندى ۋە ئۇ يەرگە كېچىلىك جېسەكچىلەر قويۇلدى. ئاندىن ئون ئىككى نەپەر ئويۇنچى قىزنى چاقىرتىپ، ئۆزلىرىدىن بىر - بىرلەپ سوراپ كۆرۈلۈۋىدى، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ چىقتى. بەزىسى ئاتام - ئانام بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مېنىڭ ھەمشىرىلىرىمنى سېتىشنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇدا قايتىپ بارسام يەنە سېتىۋېتىدۇ، دېدى؛ بەزىسى ئاتا - ئانىلىرىم بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ، مېنى تاغىلىرىم، بىر تۇغقانلىرىم سېتىۋەتكەن، دېدى؛ بەزىسى مېنىڭ ئىگە - چاقام يوق ئىدى، دېدى؛ بەزىسى كۆرگەن ئىلتىپاتقا كۆزۈم قىيمايدۇ، دېدى. شۇنداق قىلىپ، بۇلاردىن

www.uyghurkitap.com

پەقەت تۆت ـ بەش قىزلا كەتمەكچى بولدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قېلىپ قېلىشقا ماقۇل بولدى. كەتمەكچى بولغان تۆت ـ بەش قىزنى ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ ئېلىپ كەتكۈچە ئاتاق ئانىلىرى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسۇن، دەپ بۇيرۇدى. كېتىشنى خالىمىغان قىزلارنى باغدىكىلەرنىڭ خىزمىتىگە تارقىتىپ بەردى. جيا ئانا ۋېنگۇەننى ئۆزى ئېلىپ قالدى، باش رول ئوينايدىغان فاڭگۇەن باۋيۈيگە، قىزنىڭ رولىنى ئوينايدىغان رۇيگۇەن باۋچەيگە، يىگىت رولىنى ئوينايدىغان ئۇۋگۇەن دەييۇيگە، كەپسىز چوكاننىڭ رولىنى ئوينايدىغان كۇيگۇەن شياڭيۇنگە، بالا ھەييارنىڭ رولىنى ئوينايدىغان دۇگۇەن باۋچىنگە، بوۋاي رولىنى ئوينايدىغان ئەيگۇەن تەنچۈنگە بېرىلدى. يۇشى موماي رولىنى ئالىدىغان چيېگۇەننى ئۆزىگە سورىۋالدى. ئەمدىلىكتە بۇ قىزلار ئۆزلىرىگە دائىمىي پاناھ جاي تاپقاندىن كېيىن، خۇددى قەپەستىن قويۇپ بېرىلگەن قۇشلارغا ئوخشاش، ھەر كۈنى باغدا ئويناشاتتى. باشقىلار ئۇلارنىڭ يىڭنە ئىشلىرىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى، ئىشلارغا تېخى كۆنۈكمىگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلارنى ئانچىلا ئەيىبلەپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىر ـ ئىككىسى كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان ھۈنىرى بولمىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ، ئويۇنچىلىق ھۈنىرىدىن قول ئۈزۈپلا، يىڭنە ئىشلىرى، ئېگىرىش ـ توقۇشقا ئوخشاش ئاياللار قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

بۈگۈن ئوردىدا چوڭ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلەتتى، شۇڭا جيا ئانا قاتارلىقلار بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدىلا ئوردىغا قاراپ مېڭىشتى. چۈشكۈن جايغا بېرىپ ئازراق ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن ئوردىغا كىرىپ كېتىشتى. ئەتىگەنلىك تائام تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوردىدىن چىقىپ چۈشكۈن جايدا ئارام ئالدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئازراقلا ئارام ئېلىۋېلىپ، يەنە

ئوردىغا كىرىپ، چۈشلۈك، كەچلىك نەزىر - چىراغقا قاتنىشىپ، ئاندىن قايتىپ چىقتى ۋە چۈشكۈن جايدا بىر ئاز ئارام ئېلىپ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيگە قايتتى. بۇ چۈشكۈن جاي چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ ئائىلىۋى بۈتخانىسى بولۇپ، بىكسۇنلارنىڭ ئىستىقامەتخانىسى ئىدى، ئۆيلىرى جىق ۋە پاكىز ئىدى. بۇ ئىستىقامەتخانا شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى ھويلىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرقىي ھويلىنى رۇڭگو قەسىرى، غەربىي ھويلىنى بېيجىڭۋاڭ قەسرى ئىجارىگە ئالغانىدى. بېيجىڭۋاڭنىڭ چوڭ - كىچىك خانىشلىرى ھەر كۈنى شۇ يەردە ئارام ئالاتتى، جيا ئانىلار شەرقىي ھويلىدا بولغاچقا، ئۇلار ھەر كۈنى ئوردىغا بىللە كىرىپ - چىقىشتا بىر - بىرىگە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. ئەمدى سىرتتىكى ئىشلار ھەققىدە كۆپ توختالمايمىز.

نەزەرباغنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغا كەلسەك، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھەر كۈنى ئۆيدە بولالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىتنى ئۇزىتىپ بېرىپ بىر ئايدا قايتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېدەكلەر بىلەن خىزمەتكار ئاياللارنىڭ قولى ئىشتىن خېلى بوشاپ، كۆپىنچە باغدا تاماشا قىلىشىدىغان بولۇۋالدى. بولۇپمۇ نەشپۈتلۈك ھويلىدىكى خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ چىقىرىلىپ باغنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغا قويۇلغاچقا، باغدا ئادەم تېخىمۇ غولداپ كەتتى. ۋېنگۇەن قاتارلىق ئويۇنچى قىزلاردىن بەزىلىرى ھاكاۋۇر ئىدى، بەزىلىرى غوجايىنلىرىنى ھىمات قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئانىي تاپاتتى، بەزىلىرى كىيىم - كېچەك، تاماق خىللايتتى، بەزىلىرى ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ نەشتەر سانجىپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغانلار كۆپ ئىدى. شۇڭا، خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ئۇلاردىن كۆڭلى قالغانىدى، لېكىن ئۇلارغا بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، خىزمەتكار ئاياللار بۇنىڭدىن

بەكمۇ خۇش بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنلىرىمۇ، قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەن ئىچى تارلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئۇ قىزلار ھەرقايسى ھۇجرىلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، غۇم ساقلىغانلار ئۇلارغا چېقىلالمايتتى.

چوكانتال بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى، جىيالىيەن يىلدا بىر بېرىلىدىغان نەزىر - چىراغنىڭ راسكالىقىنى تەييارلىتىپ بولۇپ، بۈگۈن جىياخۇەن، جىيا سۇڭ، جىيالەنلەرنى باشلاپ تۆمۈر ئاستانىلىك مازارغا قەغەز كۆيدۈرۈشكە ماڭدى. نىڭگو قەسىرىدىن جىيا رۇڭمۇ بىر جەمەتتىكى كىشىلىرى بىلەن نەزىر - چىراغ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ يولغا چىقتى. باۋيۈي تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەچكە، ئۇلار بىلەن بىللە بارالمىدى. شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، باۋيۈينىڭ ئېزىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن شىرېن ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن ھاۋا بەك ئوبدان، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىڭ، تاماقنى يەپلا ياتسىڭىز تاماق مەيدىڭىزدىن چۈشمەيدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋيۈي كەشنى سېپىپلا ھاسىسىغا تايىنىپ ھويلىغا چىقتى. يېقىندىن بۇيان باغدىكى يەرلەر خىزمەتكار ئاياللارغا كۆتۈرەگە بېرىلىۋەتكەچكە، ھەممىلا جايدا ئۇلار ئالدىراش ئىشلىشىۋاتاتتى: بەزىلىرى بامبۇكلارنى پەرۋىش قىلىۋاتاتتى، بەزىلىرى دەرەخلەرنىڭ ياۋا شاخلىرىنى پۇتاۋاتاتتى، بەزىلىرى گۈل تېرىۋاتاتتى، بەزىلىرى پۇرچاق تېرىۋاتاتتى، كۆلدە بولسا بەزى ئاياللار قولۋاق بىلەن كۆلنىڭ لېيىنى تارتىۋېتىپ، نىلۇپەر تىكىۋاتاتتى. شياڭيۈن، شياڭلىڭ، باۋچىن ۋە بىرقانچە دېدەكلەر سۇئىيى تاغنىڭ ئۈستىدىكى تاشلاردا خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشاتتى. باۋيۈي ئۇلار تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدى. شياڭيۈن ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ ۋارقىرىدى:

— قولۋاقلارنى تېز ئېلىپ كېتىڭلار، ئۇلار ئۇنىڭ دەيىۋي سىڭلىسىنى ئەكەتكىلى كەپتۇ.

قىزلار ئۇنىڭ گېپىگە قاقاھلاپ كۈلۈشتى. باۋيۇي ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىر ئادەم ئاغرىۋالاي دەپ ئاغرىمدۇ؟ سەنمۇ زاڭلىق قىلىپ مەندىن كۈلۈۋاتىسەن - ھە! — دېدى.

— سېنىڭ كېسىلىڭمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، كىشىنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرىدىغان كېسەل ئىكەن! ئۇنى دېمەي خەقتىن ئاغرىنىدىكەنسەن، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ.

باۋيۈيمۇ قىزلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ئالدىراشچىلىقىنى بىر پەس تاماشا قىلدى. شياڭيۈن ئۇنىڭغا:

— بۇ يەر شاماللىق، تاشنىڭ ئۈستىمۇ سوغۇق، بىردەم ئولتۇرۇپلا قايتىپ كەتسەڭ بولارمىكىن، — دېدى.

باۋيۈيمۇ دەيىۈينى يوقلاپ كېلەيچۇ دەپ تۇراتتى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ قىزلار بىلەن خوشلاشتى - دە، ھاسىغا تايانغان پېتى، ئەترەپشان كۆۋرۈكنىڭ بويىدىكى قاش بىلەن ئاستا يۈرۈپ كەتتى. قاشتىكى مەجنۇنتاللارنىڭ چىۋىقلىرى خۇددى كالاۋۇتۇندەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، شاپتۇللار چېچەك بېرىپ شەپەقتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سۇنئىي تاغنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ، سايە چۈشۈرگۈدەك يوپيۇرماق چىقارغان ۋە پۇرچاقتەك كۆپكۆك غورىلىغانىدى، بۇنى كۆرۈپ باۋيۈي: «بىرنەچچە كۈن ئاغرىپ قېلىپ ئۆرۈك چېچەكلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىپتىمەن! (ھەش - پەش دېگۈچە ‹سايە تاشلاپ ياپراقلار مېۋە قاپلاپتۇ شاخنى›[①] ھە»

---

① تاڭ دەۋرىدىكى شائىر دۇمۇنىڭ «ئاھ، چېچەك» دېگەن شېئىرىنىڭ بىر مىسراسى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، دۇمۇ ياش ۋاقتىدا ياش بىر ئايال بىلەن تونۇشقان، يىللار ئۆتۈپ كېيىن كۆرۈشكەندە، ئۇ ئايال بىرقانچە باللىق بولغانىكەن، بۇ شېئىر شۇنىڭغا قارىتىلغان.

دېگەن خىيال بىلەن، كۆزىنى ئۈزمەي ئۆرۈككە قاراپلا قالدى. يەنە بىردىنلا شىڭ شيۇيەنگە چاي ئىچۈرۈلۈپ بولۇنغانلىقى ئېسىگە چۈشتى: گەرچە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ جۈپلىشىشى بولۇشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش بولسىمۇ، لېكىن ياخشى قىزلاردىن بىرسى ئازىيىدىغان بولدى. يەنە ئىككى يىل ئۆتسە، ئۇمۇ خۇددى «سايە تاشلاپ ياپراقلار مېۋە قاپلاپتۇ شاخنى» دېگەندەك بولىدۇ. يەنە بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن، بۇ ئۆرۈكنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ شاخلىرى يالىڭاچلىنىپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن شىڭ شيۇيەننىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىدۇ، ئانار دەك يۈزلىرى سۇلىشىدۇ، دېگەن ئويغا چۆمدى. ئويلاۋېرىپ باۋيۈينىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ، ئۆرۈككە قاراپ ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق ھەسرەت چېكىپ تۇرغىنىدا، بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۆرۈكنىڭ شېخىغا قوندى ـ دە، ۋىچىرلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ باۋيۈينىڭ ھەسرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، يەنە خىيالغا پاتتى: «بۇ قۇشقاچ ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغدا بۇ يەرگە كەلگەن، بۈگۈن ئەمدى چېچەكلەرنىڭ تۆكۈلۈپ شاختا قۇرۇق ياپراقلارنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋىچىرلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋىچىرلاشلىرى ھەسرەت يىغىسىدۇر. ئىسىت، گۇڭ يېچاڭ ① ھازىر يوق ـ دە، بولغان بولسا ئۇنىڭدىن قۇشقاچنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى سورىغان بولاتتىم. كېلەر يىلى بۇ ئۆرۈك يەنە چېچەكلىگەندە، بۇ قۇشقاچ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئەسلىيەلەرمىكىن؟»

باۋيۈي ئەنە شۇنداق بىھۇدە خىياللار بىلەن ئۆزىگە سوئال قويۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا سۇئىي تاغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوت

① گۇڭ يېچاڭ ــ كۇڭزىنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەرئىمىش. ئەمەلىيەتتە، كۇڭزىچىلار ئۇنى شۇنداق پەردازلاپ كۆرسەتكەن.

كۆرۈنۈپ، قۇشقاچ ئۇركۇپ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. باۋيۇي بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى، يىراقتىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئوۋگۇەن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ! نېمە ئۇچۇن بۇ يەردە قەغەز تەڭگە كۆيدۈرىسەن؟ مەن بېرىپ كىلىن ئاغىچىلارغا ئېيتىمەن. كاللاڭغا ھېزى بول!

باۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدى ۋە ئىتتىك سۇنئىي تاغدىن ئەگىپ ئۆتۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئوۋگۇەن يۈزلىرى ياش يۇقى ھالدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر قولىدا قەغەز تەڭگىلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆلىگە قاراپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كىمگە ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرۈۋاتىسەن؟ — باۋيۇي ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — بۇ يەردە قەغەز كۆيدۈرمە! ئەگەر ئاتا - ئاناڭ ياكى قېرىنداشلىرىڭ ئۇچۇن كۆيدۈرىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ماڭا ئېيتىپ بەر، مەن مۇلازىملارنى بۇيرۇپ، ئۇلار قەغەز خالتىغا قەغەز تەڭگىلەرنى قاچىلاپ، ئۈستىگە ئىسمىنى يېزىپ مازارغا ئاپىرىپ كۆيدۈرسە بولىدۇ.

ئوۋگۇەن باۋيۇينى كۆرۈپلا ئۇن چىقماي جىم تۇرۇۋالدى، باۋيۇي نەچچە قېتىم سورىسىمۇ جاۋاب بەرمىدى. شۇ ئارىدا نەدىندۇر بىر خىزمەتكار موماي تەرىنى بۇزغىنىچە كېلىپ ئوۋگۇەننىڭ قولىدىن تارتىپ:

— سېنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان قىلىقىڭنى كىلىن ئاغىچىلارغا ئېيتتىم، ئۇلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇشتى! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوۋگۇەن ھاقارەتكە ئۇچراپ يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن قورقتى - دە، بالىلىق قىلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

— مەن سەنلەرگە تولىمۇ قېنىڭلارغا پاتماي كېتىشىمە، دېمىگەنىمىدىم، — دېدى موماي، — سىرتتا قىلىپ يۈرگەن

www.uyghurkitap.com

قىلىقسىزلىقلىرىڭلارنى بۇ يەردە قىلغىلى بولمايدۇ! بۇ قەدەمنى ئۆلچەپ دەسسەيدىغان يەر، — ئاندىن ئۇ باۋيۈينى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدى، — ھەتتا باۋيۈي غوجام چېغىدا قائىدە-يوسۇنغا ئىتائەت قىلىدۇ! بۇ يەردە ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغانغا سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ! قورققۇنۇڭ بىكار! ماڭ چاپسان!

— ئۇ قەغەز تەڭگە كۆيدۈرمەپتۇ، — دېدى باۋيۈي ئوۋگۇەنگە يان بېسىپ، — دەييۈي قىز ئۇنى خەت يېزىلغان ئەسكى-تۇسكى قەغەزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتىكەن. سەنمۇ تۈزۈكرەك قاراپ باقماي ئۇلارغا قارىسىغىلا مەلۇم قىپسەن.

ئوۋگۇەن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا باۋيۈينى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەنىدى، بىردىنلا باۋيۈينىڭ ئۆزىنى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلاندى-دە، چىڭ-چىڭ گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— ئوبدانراق قاراپ باقمامسىز، قەغەز تەڭگىمىكەن؟ دەييۈي خېنىم خەت يازغاندا بۇزۇلغان پارچە-پۇرات قەغەزلەرنى كۆيدۈردۈم، — دېدى.

ھېلىقى موماي ئېڭىشىپ، قەغەز تەڭگىنىڭ كۆيۈپ بولمىغان بىر پارچىسىنى ئېلىپ:

— ئەجەب چىڭ-چىڭ گەپ قىلىسەنغۇ؟ مانا دەلىل-ئىسپات تۇرۇپتۇ، سېنىڭ بىلەن مېھمانخانىغا بېرىپ سۆزلىشىمەن، — دېدى-دە، ئوۋگۇەننىڭ يېڭىدىن تارتىپ سۆرىدى.

باۋيۈي ئىتتىك بېرىپ ئوۋگۇەننى تۇتۇۋېلىپ، ھاسا بىلەن مومايىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى:

— سەن شۇنى ئاپىرىپ مەلۇم قىلىۋەر، ساڭا راستىنى ئېيتسام، ئاخشام مەن بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئۆرۈك چېچىكى مۇئەككىلى مېنىڭدىن بىر باغلام ئاق قەغەز تەڭگە سورىدى، ئۇنى ئۆز ھۇجرامدىكى كىشى كۆيدۈرمەي يات ئادەم

كۆيدۈرسۇن، شۇ چاغدا سىنىڭ كىسىلىڭ چاپسان ساقىيىدۇ، دېدى. شۇڭا، مەن ئازراق قەغەز تەڭگە ئالدۇرۇپ، ئاتايىن بۇنى كۆيدۈرگىلى سالغانىدىم. دېگەندەكلا بۈگۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قېرىشقاندەك سەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ غەلۋە قىلىۋاتىسەن، كېسىلىم يەنە قوزغىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا سەن سەۋەبكار ! شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچىمىدىڭ؟ ئوۋگۇەن، سەن بېرىۋەر، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارغا مەن دېگەندەك دېگىن !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوۋگۇەنگە باشقىدىنلا جان كىرىپ، مومايىنى يۈرۈڭ، دەپ تارتتى. موماي قولىدىكى قەغەز تەڭگىنى ئىتتىك تاشلىۋېتىپ، ھىجىيىپ باۋيۇيگە يالۋۇردى:

— ۋاي مەن بىلمەپتىمەن، ناۋادا بۇنى ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ قالسا مەن تۈگەشمەمدىمەن !

— سەنمۇ بېرىپ مەلۇم قىلما، مەن دېمەيمەن، — دېدى باۋيۇي.

— بايا مەلۇم قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، — دېدى موماي، — ئوۋگۇەننى ئېلىپ كەل دېگەنىدى، ئەمىسە مەن بېرىپ ئۇلارغا ئوۋگۇەننى دەييۇي خېنىم چاقىرىپ كېتىپتۇ، دەپ قوياي.

باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى. موماي ئۆزى يالغۇز كەتتى.

موماي كەتكەندىن كېيىن، باۋيۇي ئوۋگۇەندىن بۇ ئىشنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى:

— قەغەز تەڭگىنى كىمنىڭ روھىغا ئاتاپ كۆيدۈرگەنىدىڭ؟ ئاتا ـ ئاناڭ، بىر تۇغقانلىرىڭ ئۈچۈن بولمىسا، بەلكىم ئۆزۈڭنىڭ خۇسۇسىي ئىشىڭ ئۈچۈندۇ؟

ئوۋگۇەن بايا باۋيۇينىڭ ئۆزىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىدىن مىننەتدار بولغانىدى، باۋيۇينىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھېسسىياتتىكىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭۈل سىرىنى ئەمدى يوشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، كۆزىگە

لىققىدە ياش ئىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئىشىمنى سىلىنىڭ ھۇجرىلىرىدىكى فاڭگۇەن بىلەن باۋچەي خېنىمنىڭ دېدىكى رۇيگۇەندىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايتتى، بۇگۇن سىلى كۆرۈپ قالدىلا، ئەمدى بۇ ئىشنى سىلىگە سۆزلەپ بەرمەي بولمىدى، لېكىن بىرەر ئادەمگە بۇ توغرىدا ھەرگىز تىنمىسىلا، — ئوۋگۇەن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بۇ گەپنى سىلىگە يۈزتۇرا ئېيتىشتىن خىجىل بولىمەن، سىلى قايتىپ بېرىپ فاڭگۇەننى ئادەم يوق يەرگە تارتىپ ئاپىرىپ سورىسىلا ھەممىنى بىلىلا، — ئۇ شۇنداق دەپلا مەيۇس ھالدا ئاستا كېتىپ قالدى.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئىچى پۇشتى ـ دە، نائىلاج دەييۈينى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بامبۇكزار سارايغا كەلدى. دەييۈي ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە ياداپ كېتىپتۇ، ئەھۋال سورىغۇدەك بولسا، ھازىر ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن جىق ياخشى بولۇپ كەتكەن ۋاقتى ئىكەن. دەييۈيمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېقىندا بولغان ئىشنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشا ـ پاراڭلاشمايلا، دەييۈي ئۇنى قايتىپ كېتىپ ئارام ئېلىشقا ھەيدىدى ۋە ئوبدان داۋالىنىشنى تاپىلىدى. باۋيۈي نائىلاج ھۇجرىسىغا قايتتى. ئۇ فاڭگۇەندىن ئوۋگۇەننىڭ ئىشىنى سوراپ بىلىشكە ئالدىرايتتى. لېكىن، قىرىشقاندەك شياڭيۈن بىلەن شياڭلىڭ كېلىپ شىرېن، فاڭگۇەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. فاڭگۇەننى بىر چەتكە تارتىپ سوراي دېسە، ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، نائىلاج سەۋر قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىردەمدىن كېيىن فاڭگۇەن ئاتاق ئانىسى بىلەن بېشىنى يۇغىلى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاتاق ئانىسى ئاۋۋال ئۆز قىزىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، فاڭگۇەن مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرمىدى، دەپ نارازى

بولدى:
— قىزىڭىزدىن ئاشقان يۇندىدا مېنىڭ بېشىمنى يۇماقچىمۇ؟ بىر ئايلىق مائاشىمنىڭ ھەممىسىنى سىز ئالىسىز، مېنىڭدىن نەپ ئېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، تېخى ئاشقان ـ تاشقاننى بېرىسىز!
ئۇنىڭ ئاتاق ئانىسى نومۇستىن غەزەپكە كېلىپ ئۇنى تىللىدى:
— ئىززىتىنى بىلمىگەن پەس! خەقلەرنىڭ چاڭچىلىكەشتىن ياخشى ئادەم چىقمايدۇ، دېگىنى راست گەپ ئىكەن. سەن بۇرۇن ھەرقانچە ياخشى بولساڭمۇ، چاڭچىلىكەشلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىپسەن. مۇنۇ مۇشتۇمدەك كۆچۈكنىڭ تېخى يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئېغىز غېرىچلاپ، قىرچاڭغۇ قېچىردەك چىشلەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!
شۇنداق قىلىپ، ئانا ـ بالا ئىككىسى چاڭجاللىشىپ كەتتى. شىرىن شۇئان بىرسىنى چىقىرىپ ئۇلارغا ھاي بەرگۈزدى:
— تولا جېدەل قىلمىسۇن! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆيدە بولماي قېلىۋىدى، ھېچكىمدىن چىرايلىقراق گەپمۇ چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى!
— ئەيىب فاڭگۇەندە، نېمىگە شۇنچە چۇقان كۆتۈرىدىكىنتاڭ؟ — دېدى چىڭۋېن، — قولىدىن كېلىدىغىنى ناھايىتى شۇ بىر ـ ئىككى پەردە ئويۇن ئويناشقۇ، خۇددى قاراقچىلارنىڭ ئاتامانىنى ئۆلتۈرگەن، توپىلاڭچىلارنى تۇتقان ئادەمدەك قىلىپ كېتىدىكەن!
— «چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ»، — دېدى شىرىن، — ئۇلارنىڭچۇ چوڭىمۇ بەك ئىنسابسىز، كىچىكىمۇ بەك يامان.
— فاڭگۇەندىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ! — دېدى باۋيۈي، — كونىلار «تەڭسىزلىك بولسا، نارازىلىق بولىدۇ» دەپتىكەن. فاڭگۇەننىڭ بۇ يەردە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا نە ئاتا ـ ئانىسى، نە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى يوق. ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى بوزەك قىلىدىكەن! بۇنداق تۇرسا فاڭگۇەندىن

ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟ — ئاندىن ئۇ شىرىنگە شۇنداق دېدى، — ئۇ بىر ئايدا زادى قانچىلىك پۇل ئالىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇلىنى سەن تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزۈڭلا خەۋەر ئالغىن، شۇنداق قىلغاندا ئىش ئازىيارمىكىن؟

— قاچان بىر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماپتىمەن؟ ئۇنىڭ بىرنەچچە داچەن پۇلىنى مەن تۇتسام‌لا ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولامدىمەن؟ ماڭا خەقتىن تىل ئىشىتىشلا كەملىك قىلىۋاتاتتى، — دېدى شىرىن ۋە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ بىر قۇتا گۈل يېغى، تۇخۇم، ئەتىر سوپۇنى، چاچ چىگىدىغان يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ بىر خىزمەتكار ئايالنى چاقىردى، — مۇنۇ نەرسىلەرنى فاڭگۇەنگە ئاچىقىپ بەر، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، باشقىدىن سۇ ئەكېلىپ بېشىنى ئۆزى يۇيۇۋالسۇن، جېدەل قىلمىسۇن.

فاڭگۇەننىڭ ئاتاق ئانىسى تېخىمۇ ئىزاغا قېلىپ:

— كۆڭلى قارا جۇۋاينىمەك، پۇلۇمنى ئېلىۋالدىڭ دەۋاتقىنىنى قارا! — دەپ تىللاپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنەچچىنى سالدى. تىل ئۈستىگە تاياق يېگەن فاڭگۇەن تېخىمۇ قاتتىق يىغلىغىلى تۇردى. باۋيۈي ئارىلاشماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، شىرىن ئىتتىك ئۇنى توسۇپ:

— نېمە قىلماقچىسىز؟ مەن چىقىپ گەپ قىلاي! — دەپ تۇرۇشىغا، چىڭۋېن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال چىقىپ، فاڭگۇەننىڭ ئاتاق ئانىسىغا شۇنداق دېدى:

— شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ئىشنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى ئۇقمايدىكەنسىز! سىز ئۇنىڭ بېشىنى ئوبدان يۇيۇپ قويمىغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭغا كېرەكلىك نېمىلەرنى چىقارتىپ بەردۇققۇ؟ ئۆزىڭىز ئىزا تارتماقتا يوق، قايسى يۈزىڭىز بىلەن ئۇنى ئۇراتتىڭىز! ئەگەر بۇ ھازىرمۇ چاڭچىلىكەشلىك بەنزىسىدە ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان بولسا ئۇنى ئۇرالامتىڭىز؟

— «بىر كۈن ئانا دېدىمۇ، ئۆمۈرۋايەت ئانىسى شۇ» — دېدى

ھېلىقى ئايال بوش كەلمەي، — ئۇ ماڭا ياندىكەن، ئۇنى ئۇرۇشقا ھەققىم بار!

— مەن خەق بىلەن جېدەل قىلىشنى ئۇقمايمەن، — دېدى شىرىن شېيۆگە، — چىڭۋېننىڭ مىجەزى ئىتتىك، سەن بېرىپ ئۇ خوتۇنغا ئىككى ئېغىز پوپوزا قىلىپ قويغىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شېيۆ ئىتتىك تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ھېلىقى ئايالغا شۇنداق دېدى:

— چۇقان كۆتۈرمەي تۇرۇڭ، مەن سىزدىن بىر گەپ سوراپ باقاي: بىزنىڭ بۇ يەرنى قويۇپ تۇرايلى، پۈتۈن باغنىڭ قايسىبىر يېرىدە كىم ئۆز قىزىنى غوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا باشلاپ باققان؟ ئۇ ئۆز قىزلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر ھۇجرىنىڭ خىزمىتىگە بۆلۈنگەنىكەن، دېمەك ئۇنىڭ غوجايىنى بار دېگەن گەپ، ئۇرۇش، تىللاش غوجايىنلارنىڭ ئىشى. ئاندىن قالسا، چوڭراق ئاچىلىرىمىز ئۇرۇپ - تىللىيالايدۇ، ئوتتۇرىغا قىسىلىۋېلىپ، كەلسە - كەلسەس ئىشلارغا ئارىلىششنى سىزگە كىم قويۇپتۇ؟ بۇلارنى ھەممە ئادەم سىزدەك باشقۇرغىلى تۇرسا، ئۇلار بىزدىن نېمىنى ئۆگىنەلەيتتى؟ قېرىغانسېرى ئەدەپ - قائىدىدىن چىققىلى تۇرۇپتۇغۇ! قايسى كۈنى جۇيىئېرنىڭ ئانىسىنىڭ كېلىپ جېدەل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سىزمۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگىلى تۇرۇپسىز - دە! يېقىنىنىڭياقى ئۇ ساقايسا، بۇ ئاغرىپ، بۇ ساقايسا، ئۇ ئاغرىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بوش ۋاقتى بولمىغاچقا، بولۇۋاتقان ئىشلارنى مەلۇم قىلالمىغانىدىم، شۇڭا سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتسۇنچۇ، غوجايىنىڭلارغا ھەممە گەپنى مەلۇم قىلىپ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھەيۋىسىنى راسا بىر سۇندۇرمىساق بولمىدى! باۋيۈي ئەمدىلەتىن تۈزىلىپ كېلىۋاتقاندا بىز چېغىمىزدا ئۇنلۇكرەك سۆزلىششكە جۈرئەت قىلالمايۋاتساق، سىز قويۇپ بۇ يەردە ئادەم ئۇرۇپ قىيا - چىيا يىغلاتقىلى تۇردىڭىز.

www.uyghurkitap.com

غوجايىنلار بىرنەچچە كۈنلا سىرتتا بولۇپ قېلىۋىدى، بۇ يەرنى بېشىڭلارغا كىيگىلى تۇردۇڭلار، ھېچكىمنى كۆزۈڭلارغا ئىلمايدىغان بولۇۋالدىڭلار، يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتسە بىزنىمۇ ئۇرىدىغان ئوخشايسىلەر! بولدى، ئۇنىڭغا سىزدەك ئاتاق ئانىنىڭ لازىمى يوق! سىز بولمىغانغا ئۇ ئەخلەت ـ چاۋارغا كۆمۈلۈپ قالامتى؟

باۋيۈي غەزەپلىنىپ، ھاسا بىلەن بوسۇغىنى ئۇرغىنىچە شۇنداق دېدى:

— غەلىتە ئىش، بۇ قېرىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باغرى تاش ئىكەنغۇ! بۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقتا يوق، ئەكسىچە بۇلارنى قىينىشىدۇ. كۈنلەر تېخى ئۇزاق تۇرسا، بۇ خەق بىلەن قانداق قىلىشىدىغان ئىشكىنتاڭ؟

— «قانداق قىلىشىدىغان ئىشكىنتاڭ» دېگەنىمۇ گەپمۇ؟ ھەممىنى ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك، — دېدى چىڭۋېن، — كارغا كەلمەيدىغان نان قېپىلارنى كېرەك قىلمىساقلا ئىش پۈتىدۇ!

ھېلىقى ئايال نومۇستىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. فاڭگۇەن ئۈستىگە پۈشتىرەڭ جۇيازا، چاچما گۈللۈك يېشىل تاۋاردىن ئىشتان كىيىۋالغان، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى چېگىلمىگەنىدى، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى گەجگىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى، يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. شېيۆ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— يىڭىڭ خىنىمدەك بالا ئىدىڭ. سېنى تاياق يېگەن خۇڭنياڭدەك قىلىۋېتىپتۇ! پەرداز قىلماي مۇشۇ پېتىڭچە تۇرۇۋېرەمسەن؟ — دېدى.

چىڭۋېن فاڭگۇەننى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۇدى، لۆڭگە بىلەن چېچىنى تازا سۈرتۈپ ئاندا ـ مۇندىلا تۇرمەللەپ چوققىسىغا تۇرۇپ قويدى، ئاندىن كىيىملىرىنى كىيىپ نېرىقى ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇدى.

كۆپ ئۆتمەي ئىچكىرىكى ئاشخانىدىكى خىزمەتكار ئايال

كېلىپ:

— كەچلىك تاماق تەييار بولۇپ قالدى، ئەكېلىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. چۆرە قىز كىرىپ شىرىندىن سورىۋىدى، شىرىن كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— بايا جىدەل بىلەن بولۇپ كېتىپ سائەتنىڭ جاڭ ئۇرغىنىنىمۇ ئاڭلىماپتۇق، سائەت نەچچىگە جاڭ ئۇردى؟ — دېدى.

— بۇ بىرنېمە يەنە نېمە بولدىكىنتاڭ، ئاچىقىپ ياساتمىساق بولمىدى، — چىڭۋېن سائەتنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، — يەنە يېرىم پىيالە چاي ئىچكۈدەك ۋاقىتقىچە كۈتۈپ تۇرساق بولغۇدەك.

چۆرە قىز چىقىپ كەتتى. شېيۈ چىنە - قاچىلارنى راسلاۋېتىپ:

— شوخلۇقىنى دېسەك، ئۇنى بىر - ئىككى ئۇچۇقىداپ قويغانمۇ ياخشى، تۈنۈگۈن ھالقىسىنى بىرھازاغىچە پۇلاڭلىتىپ ئويناپ، بۇزۇپ قويۇپتۇ، — دېدى.

شۇ ئەسنادا بىر چۆرە قىز تاماقدانىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. چىڭۋېن بىلەن شېيۈ تاماقداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يەنىلا شۇ، كۈندىكىدەك تۆت خىل مايسىز سەينى كۆردى.

— ساقىيىپ قالغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى خىل مايلىقراق سەيلەردىن بەرسە بولمامدىغاندۇ! بۇ شوۋىگۇرۇچ بىلەن تۇزلۇق سەينى قاچانغىچە يەيدىكىنتاڭ كىشى؟ — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ ۋە تاماقدانىدىكى تاماقنى ئېلىپ شىرەگە قويۇۋېتىپ، تاماقداندا يەنە بىر چىنە يېڭى بامبۇك بىخى سېلىنغان چامبۇن ① شورپىسىنى كۆردى - دە، ئۇنى ئىتتىك ئېلىپ باۋيۈينىڭ ئالدىغا قويدى. باۋيۈي جوزىدا تۇرغان شورپىدىن شۇ ئانلا بىر ئوتلام ئىچىپ:

① چامبۇن — سۇرلەنگەن چوشقا سېنى.

— بەك قىزىق ئىكەن ! — دېدى.

— ياپىرىم ! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — قاچانىڭياقى گۆش كۆرمىگەنىدىلە؟ شۇنچە ئېچىرقاپ كېتىپلا.

چىڭۋېن چىنىنى قولىغا ئېلىپ شورپىنى ئاستا پۇۋلىگىلى تۇردى. بىر - ئىككىنى پۇۋلىگەندىن كېيىن چىنىنى يېنىدا تۇرغان فاڭگۇەنگە بېرىپ:

— ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇن بىلەن، ئۇخلاش بىلەنلا بولماي، كۇتۇش ئىشىنىمۇ ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىپ قوي، ئاستا پۇۋلە، تۇكۇرۇكۇڭ چاچراپ كەتمىسۇن ! — دېدى.

فاڭگۇەن چىنىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر نەچچىنى پۇۋلەپ خېلى قاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئاتاق ئانىسى ئىشىك تۇۋىدە تاماق تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۆيگە كىردى - دە، ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— بۇ تېخى ئىشقا خام، چىنىنى سۇندۇرۇپ قويمىسۇن، مەن پۇۋلەپ سوۋۇتۇپ بېرەي، — دەپ چىنىگە قولىنى سۇندى.

چىڭۋېن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— چىقىڭ ئۆيدىن ! چىنىنى سۇندۇرۇۋەتسىمۇ، بەربىر شورپىنى پۇۋلەپ سوۋۇتۇش سىزگە ئاشمايدۇ ! قاچانلاردا دەرپەردىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندۇ مۇنۇ؟ — ئاندىن ئۇ چۆرە قىزلارغا كايىدى، — ۋوي كۆزى كورلار ! ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن بولسا، ھەرقايسىڭ گەپ قىلىشساڭ بولمامدۇ؟

— بىز ئۇنى ھەيدەپ چىقىرالمىدۇق، شۇنچە گەپ قىلساقمۇ گېپىمىزگە كىرمىدى، مانا ئەمدى بىزنىمۇ گەپكە قويدى ! ئېيمىدىگەن ئاۋارىچىلىك بۇ ! — دېيىشتى چۆرە قىزلار، — ئەمدىغۇ گېپىمىزگە ئىشەنگەنسىز؟ سىزچۇ بىز بارالايدىغان يەرنىڭ يېرىمىغىلا بارالايسىز، قالغان يېرىمىغا سىز بارالمايسىز ! شۇنداق تۇرۇقلۇق، تېخى بىز بارالمايدىغان يەرلەرگىمۇ دوقۇرۇپ يۈرىدىكەنسىز، بۇنى ئاز دەپ يەنە چېپىلغاقلىق قىلىۋاتىسىز !

ئۇلار ئۇ ئايالنى ئىتتىرىپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

پەلەمپەي تۈۋدە تاماقدان بىلەن قاچا ـ قۇچىلارنىڭ بوشىشىنى كۈتۈپ تۇرغان خىزمەتكار ئاياللار ئۇنىڭ سالپىيىپ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— يەڭگە، ئەينەككە قاراپ باقمايلا كىرىۋېرىپسىز ـ دە ! — دەپ كۈلۈشتى.

بۇ ئايال نومۇستىن شۇنچىلىك غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سەۋر قىلىپ غەزىپىنى يۇتۇۋېتىشقا مەجبۇر بولدى.

فاڭگۈەن شورپىنى بىرنەچچە قاتار پۈۋلىگەندىن كېيىن، باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سوۋۇپتۇمۇ، ئوتلاپ باقسىن ! — دېدى.

فاڭگۈەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ، كۈلۈمسىرىگەن پېتى شىرېنلەرگە قارىدى.

— ھېچقىسى يوق، ئوتلاپ باق ! — دېدى شىرېن.

— قاراپ تۇر، مەن تېتىپ باقاي ـ ھە، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ، ئاندىن شورپىدىن بىر ئوتلام ئىچتى.

بۇنى كۆرۈپ فاڭگۈەنمۇ بىر ئوتلام ئىچىپ:

— سوۋۇپتۇ، — دەپ چىنىنى باۋيۈيگە سۇندى.

باۋيۈي شورپىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، بامبۇك بىخلىرىدىن بىرنەچچە تالنى يېدى، ئاندىن يەنە يېرىم چىنە شوۋىگۈرۈچ ئىچىپ بولدى قىلدى. خىزمەتكار ئاياللار قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. چۆرە قىز چىلاپچا تۇتۇپ بەردى، باۋيۈي ئاغزىنى چايقىدى، ئاندىن شىرېنلەر تاماق يېيىشكە ماڭدى. باۋيۈي فاڭگۈەنگە كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى. فاڭگۈەن ئەزەلدىن زېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە يىل چاڭچىلىكەشلىكنى ئۆگەنگەن تۇرسا، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى بولامتى؟ ئۇ يالغاندىن قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ تاماققا بارمىدى. شىرېن ئۇنىڭغا:

— تاماق يېمىسەڭ، ئەمىسە ئۆيدە باۋيۈيگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن. شوۋىگۈرۈچنى ئېلىپ قوي، قورسىقىڭ

ئاچقاندا ئىچەرسەن، ـــ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۇي ئۆزىنىڭ بايا ئۇۋگۇەنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنى يالغان سۆزلەپ قانداق قانات ئاستىغا ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەغەز تەڭگە كۆيدۇرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى فاڭگۇەندىن سورىسىلا، دېگەنلىكىنى فاڭگۇەنگە بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـــ ئۇنىڭ نەزىر قىلىدىغان ئادىمى زادى كىم؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ فاڭگۇەن كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىغان ھالدا شۇنداق دېدى:

ـــ بۇ ئىشنى دەپ كەلسەم، ئۇۋگۇەنمۇ تازا ئەخمەقلىق قىلىۋاتىدۇ.

ـــ قانداقىسىغا؟ ـــ باۋيۇي ئالدىراپ سورىدى.

ـــ ئۇ ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن ياۋگۇەن ئۈچۈن نەزىر قىلىدۇ، ـــ دېدى فاڭگۇەن.

ـــ راست، ئۇ ئىككىسى دوست ئىدى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىمۇ ئورۇنلۇق، ـــ دېدى باۋيۇي.

ـــ نەدە يۈرۈپ ئۇلار ئۇنداق دوست بولسۇن؟ ھەممىسى ئەخمەقلىق. ئۇۋگۇەن يىگىتنىڭ، ياۋگۇەن قىزنىڭ رولىنى ئالاتتى. ئۇلار كۆپىنچە ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئوينىشاتتى. ئويۇن قويغان چاغلاردا شۇنداق يېقىنچىلىق قىلىشىپ كېتەتتى، بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، خۇددى ئاشىق ـ مەشۇقلاردەكلا بولۇپ قېلىشتى. كېيىن بىر ـ بىرىگە كۆيۈپ قېلىشتى بولغاي، ياۋگۇەن ئۆلۈپ قېلىۋىدى، ئۇۋگۇەن يىغلاۋېرىپ بىر ئۆلۈپ ـ بىر تىرىلدى. شۇڭا، ھازىرغىچە ئۇنى ئېسىدىن چىقارماي، ھەر مەۋسۇمدا ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ قەغەز تەڭگە كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۇ روللارغا رۇيگۇەن چىقىدىغان بولغاندىمۇ بۇ ئىككىسىمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىز ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ؟» دەپ سورىساق، ئۇ: «ئۇنتۇپ

قالغىنىم يوق. مەسىلەن، خوتۇنى ئۆلۈپ قالسا ئەر كىشى يەنە ئۆيلىنىدۇ، لېكىن ئۆلگەننى يادىدىن چىقارمىسىلا ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزمىگەنلىك بولىدۇ» دەيتتى. سىلى دەپ باقسىلا، ئۇ ئەخمەق ئەمەسمىكەن؟

بۇ هاماقەتلەرچە گەپلەر باۋيۈينىڭ هاماقەتلىكىگە تازا خوپ كەلگەچكە، باۋيۈي ئىختىيارسىز خۇش بولدى ھەم قايغۇردى ۋە بۇنى ھەيران قالغۇدەك ئىش ئىكەن، دېدى. فاڭگۇەننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ جېكىلىدى:

— ئەگەر ئۇنىڭ ئىشى سەن دېگەندەكلا بولسا، مەن ساڭا بىر گەپ تاپىلاي، سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي: بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەغەز كۆيدۈرمىسۇن، قەغەز كۆيدۈرىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، ئىسرىقداندىن بىرنى تېپىپ كۆجە كۆيدۈرسۇن، ئۇنىڭغا چىن دىلى بىلەن ئىخلاس باغلىغان بولسىلا ئۇنىڭ تەلىپى ئىجازەت بولىدۇ. مەنمۇ ھۇجرامدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە ئىسرىقداندىن بىرنى قويدۇرۇۋالدىم. كۆڭلۈمدىن بىر ئىش كەچسىلا، ئاي - كۈنىگە قارىماستىن دائىم كۆجە كۆيدۈرۈپ تۇرىمەن. ئىسرىقداننىڭ ئالدىدا بىر چىنە پاكىز سۇ ۋە چاي ياكى بولمىسا يېڭى ئۈزۈلگەن گۈل، مېۋىلەرنى، ھەتتا بەزىدە گۆشلۈك - گۆشسىز سەيلەرنى قويۇپ قويىمەن، گەپ قۇرۇق نامدا ئەمەس، ئەقىدىدە. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەغەز كۆيدۈرمىسۇن!

فاڭگۇەن خوش دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. بىردەمدىن كېيىن شوۋنگۇرۇچنى ئىچتى. شۇ ئارىدا بىركىم كىرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئەمدى نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتا ئوقۇغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئەللىك توققۇزىنچى باب

## سۈگەتلىك جەزىرە يېنىدا يىگىتلەرنىڭ ئازار يەپ چۈشىنىنىڭ ئاھانەت ئىشتىكەنلىكى
## قىزىل قۇۋا ھۇجرىسىدا سەردارنى چاقىرىش ئۇچۇن كىشى ئەۋەتىلگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ ، باۋيۈي جيا ئانىلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قېلىنىراق كىيىندى ـ دە، ھاسىسىغا تايىنىپ، ئالدىنقى ھويلىغا ئۆتۈپ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى. جيا ئانا ۋە باشقىلار ھەر كۈنى جاپا چەككەنلىكتىن بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىشقا توغرا كەلدى، كېچىچە باشقا ئىش بولمىدى. ئەتىسى جيا ئانا بەشىنچى جېسەكتە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئوردىغا كەتتى.

خانىش ئانىنىڭ جەسىتىنى ئۇزىتىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. يۈەنياڭ، خۇپو، فېيسۇي، بولى تۆتەيلەن جيا ئانىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، يۈيچۈەر، سەييۈن، سەيشيالار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تەييارلىدى، ئاندىن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان غوجىدار ئاياللارغا بۇ نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانلار، ئەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ ـ كىچىك دېدەكتىن ئالتەيلەن، خىزمەتكار ئاياللار ۋە غوجىدار ئاياللاردىن ئونەيلەن ئىدى. بىرنەچچە كۈن جىرغا مەپىلەرنىڭ①جابدۇقلىرى تۈزەشتۈرۈلدى. يۈەنياڭ بىلەن يۈيچۈەر بىللە بارماي ئۆيگە

① جىرغا مەپە ـــ ئات ـ ئۇلاغ يۆدۈپ ماڭىدىغان مەپە.

قاراشقا قالىدىغان بولدى. بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال چېدىر - چىملىدىق، يېپىنچا - سېلىنچا قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلاپ قويۇلدى. غوجىدار ئاياللاردىن تۆت - بەشى، ئەرلەردىن بىرقانچىسى ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، بىرنەچچە هارۋىدا يېقىن يول بىلەن تۇرالغۇ - چۈشكۈنگە ئاۋۋال بېرىپ، ئۇ يەرنى ياساپ - جابدۇپ كۈتۈپ تۇرۇشتى.

سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈنى جيا ئانا جيا رۇڭنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر جىرغا مەپىگە ئولتۇردى، جياجىن ئاتقا مىنىپ چاپارمەنلەرنى باشلاپ ئۇلارنى قورۇقداپ ماڭدى. يەنە بىرقانچە هارۋىغا خىزمەتكار ئاياللار بىلەن دېدەكلەر چۈشتى، بۇ هارۋىلارغا دەرھال يەڭگۈشلىنىۋالىدىغان كىيىم - كېچەك بوغچىلىرى قاتارلىق لازىمەتلىكلەر بېسىلدى. شۇ كۈنى شۆ هامما بىلەن يۇشى خېنىم ئۆيدە قېلىپ قالغانلارنى باشلاپ، سەپەرگە ئاتلانغانلارنى چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىشتى. جيا ليەن يولدا بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپلا، ئۆزى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەپىلىرىگە يېتىشىۋالدى، ئۇمۇ چاپارمەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەپىلەرنى كەينىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى.

رۇڭگو قەسرىدە لەي دا كېچىلىك جېسەكچىلەرنى كۆپەيتتى. قەسرگە كىرىپ - چىقىدىغانلارغا غەرب تەرەپتىكى كىچىك يان ئىشىكنى قالدۇرۇپ، ئىككى ياندىكى چوڭ هويلىلارنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاتقۇزدى: كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا مۇراسىم دەرۋازىسىنى تاقاپ ھېچقانداق ئادەمنى چىقارتماسلىق، كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، باغنىڭ ئارقا - ئالدىدىكى غەربىي ۋە شەرقىي يان ئىشىكلىرىگىمۇ قۇلۇپ سالدۇرۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ھەمشىرىلەر دائىم كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ئىشىك بىلەن شۆ هاممىنىڭ ئۆيىگە چىقىدىغان شەرق تەرەپتىكى ئىشىكنىلا

ئوچۇق قالدۇردى، چۈنكى ئۇ ئىككى ئىشىك ئىچكىرىكى قورۇدا بولغاچقا، بۇ ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سالدۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. ئىچكىرىدە تۇرۇۋاتقان يۈەنياڭ بىلەن يۈيچۈەرمۇ تۆر ئۆينى تاقاپ، خىزمەتكار ئايالىلار، دېدەكلەر بىلەن چاكارلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىشتى. لىن جىشياۋنىڭ خوتۇنى ھەر كۈنى ئون نەچچە مومايغا باش بولۇپ كېچىدە جېسەكچىلىك قىلىدىغان بولدى، دەھلىزلەردە كېچىلىك جىڭ قاقىدىغانغا يەنە بىرقانچە مۇلازىم قويۇلدى. ھەممە ئىش ئاشۇنداق ئىنتايىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە باۋچەي باھار ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، چىمىلدىقنى قايرىپ كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە سەل ئەندىككەندەك بولۇپ، دېرىزىدىن تالاغا كۆز يۈگۈرتۈۋىدى، يەرلەر نەملىشىپ، چىم ـ كۆدىيلەر كۆپكۆك بولۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئازراق يامغۇر ياغقانىدى. باۋچەي شياكيۈن ۋە باشقىلارنى ئويغاتتى. شياكيۈن چېچىنى تاراۋېتىپ، ئىككى مەڭزىم قىچىشىۋاتىدۇ، قىزىل تەمرەتكە چىقىپ قالدىمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن، باۋچەيدىن يۈزىگە سۈرتۈشكە قىزىلگۈل پاراشوكى سورىدى.

— ئېشىپ قالغىنىنى قايسى كۈنى باۋچىن سىڭلىمغا بېرىۋېتىپتىمەن، — دېدى باۋچەي، — قەلەم قاش خېلى كۆپ ياساپتىكەن، ئۆزۈممۇ ئۇنىڭدىن ئازراق سوراي دەپ تۇراتتىم، بۇ يىل مەڭزىم قىچىشمىغاچقا سوراشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ئۇ يىڭئېرنى قىزىلگۈل پاراشوكى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. يىڭئېر ماقۇل دەپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، رۇيگۈەن ئۇنىڭغا:

— ئۇۋگۈەننى يوقلىغاچ مەنمۇ سىنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ كېلەي، — دېدى ـ دە، يىڭئېر بىلەن ئاسارۇنزار ھويلىدىن چىقتى.

ئىككىسى يول بويى قىزغىن پاراڭ، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن

مېڭىپ سۆگەتلىك جەزىرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. سۆگەت تىكىلگەن قاشىنىڭ ئۈستى بىلەن كېتىۋېتىپ، يېڭىلا يوپۇرماق چىقارغان تال چىۋىقلىرىنىڭ خۇددى كالاۋۇتۇنىدەك ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن يىڭئېر كۇلۇپ تۇرۇپ رۇيگۇەندىن:

— تال چىۋىقتىن بىرنەرسە توقۇشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە توقۇشنى؟

— توقۇغىلى بولمايدىغان نېمە بولاتتى؟ ئوينايدىغىنى بولسىمۇ بولىدۇ. ئىشلىتىدىغىنى بولسىمۇ بولىدۇ. توختاپ تۇر، مەن چىۋىقتىن بىرئاز سۇندۇرۇپ يوپۇرمىقى بىلەنلا قوشۇپ، گۈل سېۋىتىدىن بىرنى توقۇپ ساڭا كۆرسىتەي. ئۇنىڭغا ھەرخىل گۈللەرنى ئۈزۈپ كېلىپ سالىدىغان بولساڭ، شۇنداق قىزىقارلىق كۆرۈنىدۇ! — يىڭئېر شۇنداق دەپلا، قىزىلگۈل پاراشوكى ئېلىپ كېلىشكىمۇ ماڭماي، يۇمران چىۋىقلاردىن بىر تۇتام سۇندۇرۇپ، ئۇنى رۇيگۇەننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆزى يول بويى گۈل سېۋىتى توقۇپ ماڭدى، كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان گۈللەردىن بىرەر ـ ئىككى تال ئۈزۈۋالاتتى، شۇنداق قىلىپ، بىردەمدىلا ئەگرى باغلىق ئەپچىللىكىنە گۈل سېۋىتىدىن بىرنى توقۇپ چىقتى. چىۋىقتىن زۇمرەت يوپۇرماقلىرى بىلەن قوشۇپ توقۇغان بۇ سېۋەتكە گۈلنى قاچىلىۋىدى، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەرلىك دەرىجىدە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن رۇيگۇەن خۇشال بولۇپ، كۈلگەن پېتى:

— جېنىم ئاچا، ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

— بۇنى بىزنىڭ لىن دەييۇي خېنىمغا سوۋغا قىلايلى، قايتىشىمىزدا چىۋىقتىن كۆپرەك ئېلىپ، بىرنەچچىنى توقۇپ ھەممىمىز تەڭ ئوينارمىز، — دېدى يىڭئېر.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بامبۇكزار سارايغىمۇ يېتىپ كەلدى. دەييۇيمۇ يېڭىلا ئورنىدىن تۇرۇپ تارىنىۋاتاتتى، سېۋەتنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

كۈلدى:

— بۇ يېڭى گۈل سېۋەتنى كىم توقۇدى؟

— سىلىنى ئوينىسۇن دەپ مەن توقۇغان، — دېدى يىڭئېر.

دەييۈي سېۋەتنى قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىپ:

— ھەممە ئادەمنىڭ سېنى قولى چېۋەر دەپ ماختايدىغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن. بۇ بۆلەكچىلا چىرايلىق بىر سېۋەت بوپتۇ، — دېدى. ئاندىن زىجۈەننى سېۋەتنى تامغا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

يىڭئېر شۆ ھامىمىنىڭ ئېسەنلىكىنى سوراپ بولۇپ، دەييۈيگە قىزىلگۈل پاراشوكىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، دەييۈي دەررۇلا زىجۈەننى بۇيرۇدى، زىجۈەن بىر بولاق يۆگەپ يىڭئېرگە بەردى.

— مەنمۇ ساقىيىپ قالدىم، — دېدى دەييۈي يەنە، — بۈگۈن تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇۋاتىمەن، قايتىپ بېرىپ باۋچەي ئاچامغا ئېيتىپ قوي، ئانامدىن تىنچلىق سورايمەن دەپ بۇياققا كېلىپ يۈرمىسۇن، مەنمۇ ئۇنى بىر تەرەپكە كەلسۇن دەپ جوۋتىمايمەن. تارىنىپ بولۇپ ئانام بىلەن سىلەر تەرەپكە بېرىپ ناشتىنى شۇ يەردە قىلغاچ بىردەم ـ يېرىمدەم كۆڭۈل ئېچىپ كېلىمىز.

يىڭئېر خوپ دەپ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، رۇيگۈەننى ئىزدەپ زىجۈەننىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. رۇيگۈەن بىلەن ئۇۋگۈەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، تازا قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يىڭئېر كۈلۈپ تۇرۇپ، زىجۈەنگە:

— دەييۈي خېنىممۇ بىز تەرەپكە بارماقچى بولدى، ئۇۋگۈەن بىز بىلەن بىللە كېتىپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسا بولمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇ ئوبدان گەپ بولدى، بۇنىڭ شوخلۇقىدىنمۇ تويۇپ تۇراتتۇق، — دېدى زىجۈەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ. ئارقىدىن ئۇ دەييۈينىڭ تاماق يەيدىغان قوشۇق ـ چوكىلىرىنى پەرەڭ ياغلىققا ئوراپ ئۇۋگۈەنگە تۇتقۇزدى، — بۇنى ئالغاچ كەت، بىر

ۋەزىپە ئادا قىلغان بولىسەن.

ئوۋگوۋەن بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ، پىخىلداپ كۈلگەن پېتى ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. ئۇلار سۆگەتلىك قاشنى بويلاپ مېڭىشتى، يىڭئېر يۇمران چىۋىقتىن يەنە بىر ئاز ئالدى ـ دە، تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ سېۋەت توقۇشقا كىرىشتى ۋە رۇيگوۋەننى قىزىلگۈل پاراشوكىنى ئاپىرىۋېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لېكىن، ئۇنىڭ سېۋەت توقۇشىغا شۇنچىلىك قىزىقىپ كەتكەن بۇ ئىككىسىنىڭ بۇ يەردىن قانداقمۇ كەتكۇسى كەلسۇن؟ يىڭئېر ئۇلارنى ئالدىرىتىپ:

ــ ئاپىرىۋېتىپ كېلىشكە ئۇنىمىساڭلار توقۇمايمەن! ــ دېدى.

ــ ياق، ئىككىمىز چاپسان ئاپىرىۋېتىپ كېلەيلى! ــ ئوۋگوۋەن شۇنداق دەپلا رۇيگوۋەننى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

يىڭئېر سېۋەت توقۇۋاتاتتى، شۇ ئارىلىقتا خې ئانىكىنىڭ قىزى چۇنيەن كېلىپ قېلىپ، كۈلگەن پېتى:

ــ ئاچا، نېمە توقۇۋاتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ئاڭغىچە رۇيگوۋەن بىلەن ئوۋگوۋەنمۇ قايتىپ كېلىشتى. چۇنيەن ئوۋگوۋەننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

ــ قايسى كۈنى سەن زادى قانداق قەغەز كۆيدۈرۈۋىدىڭ؟ قەغەز كۆيدۈرۈۋاتقىنىڭنى ھاممام كۆرۈپ قېلىپ سېنى مەلۇم قىلماقچى بوپتىكەن، مەلۇم قىلالمىغانلىقىنىڭ ئۇستىگە باۋيۇيدىن بىرمۇنچە گەپ ئاڭلىۋاپتۇ، بۇنىڭغا قورسىقى كۆپۈپ، ئېقىتماي ـ تېمىتماي ھەممىنى ئانامغا سۆزلەپ بەردى. سىلەر بۇ يەرگە چىققىلى ئىككى ـ ئۈچ يىل بولدى، شۇ كەمگىچە يېشىلمىگۈدەك نېمانچە ئۆچەكىشىپ كەتكەنسىلەر؟

ــ نېمىگە ئۆچەكىشەتتۇق؟ ــ دېدى ئوۋگوۋەن سوغۇققىنا كۈلۈپ، ــ ئۇلار قانائەت قىلىشنى بىلمىدى، تېخى بىزدىن يامانلايدۇ! ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇلار بىزدىن قانچىلىك نەرسە ھايان ئالدىكىن، سەن دەپ باقە، شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ھامىمام بولغاچقا، يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسام ئوبدان بولمايدۇ، — دېدى چۈنىيەنمۇ كۈلۈپ، — باۋيۈيىنىڭ: «قىز بالا دېگەن ياتلىق بولغۇچە بىباھا گۆھەر، لېكىن نېمىشقىدۇر ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئىللەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدىكەن. قېرىغاندا بولسا مەرۋايىت بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، جا مونچاق بولۇپ قالىدىكەن! بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆمرىدە ئۈچ خىل بولۇپ ئۆزگىرىدىكىنتاڭ» دېگەن گېپىدىن ئەجەبلەنمىسەك بولغۇدەك. بۇغۇ بولمىغۇر گەپ، لېكىن ئويلاپ باقسا، راستلا توغرا گەپ ئىكەن. باشقىسىنى بىلمەيمەن، ئانام بىلەن ھامىمامنىلا ئېلىپ ئېيتسام، ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ قېرىغانسېرى كۆزىگە پۇللا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دەسلەپتە ئىككىسى تاپاۋەت قىلغۇدەك بىرەر ئىشنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىشاتتى، كېيىن ئۇلارنىڭ بەختىگە بۇ باغمۇ سېلىندى، مەنمۇ بۇ يەرنىڭ خىزمىتىگە تاللىنىپ، تەلەيگە يارىشا ئارامبەخش ھويلىغا تەقسىم قىلىندىم. بۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ماڭا كېتىدىغان بىر كىشىلىك چىقىم تېجەپ قېلىنغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ھەر ئايدا تۆت - بەش يۈز داچەن ئېشىنىدىغان بولدى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلىشمىدى. كېيىن ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنى ئويۇنچىلارغا قاراش ئۈچۈن نەشپۈتلۈك ھويلىغا ئەۋەتتى، ئۇ يەردە ئوۋگۈەن ھامىمامنى، فاڭگۈەن ئانامنى ئۆزلىرىگە ئانا قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ بىرنەچچە يىلنىڭ بۇياقى ئوبدانلا كەڭتاشا بولۇپ قېلىشىدى، ئەمدىلىكتە ئويۇنچى قىزلار بۇ يەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن قول ئۈزگەن ھېسابتا بولدى. لېكىن، بۇلار يەنىلا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايۋاتىدۇ. ئېيتقىنا، بۇ كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئانام فاڭگۈەن بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدى، ئاندىن باۋيۈيىنىڭ شورپىسىنى پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ بېرىمەن دەپ ئىزاغا قالدى. ھېلىمۇ ياخشى باغدا ئادەم كۆپ بولمىغاچقا،

كىم كىمنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق پەرق ئېتەلمەيدۇ، ئەگەر خەقلەر بىزنىڭ بىر ئائىلە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالسا نېمىدېگەن سەتچىلىك! ئەمدى بۇگۈن سىز بۇ يەرگە كېلىپ سېۋەت توقۇغىلى تۇرۇپسىز. بۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە تاغانام قارايدۇ. بۇ يەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، ئۆزى جاپا چەككەننى ئاز دەپ، باشقىلارنىڭ گۈل - گىياھلارنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىزنىمۇ قارىشىپ بېرىڭلار، دەپ قىستايدۇ، مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىگە دەخلى يېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن. بىز باغقا كىرگەندىن بۇيان تاغانام بىلەن ئانام ئىككىسى بۇ يەرگە بەك ئېھتىيات بىلەن كۆيۈپ - پىشىپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تال ئوتقا چېقىلىشقىمۇ يول قويمايدۇ، سىز بۇ يەردە بىرمۇنچە ئوبدان گۈللەرنى ئۈزۈۋاپسىز، يۇمران تال چىۋىقلاردىنمۇ سۇندۇرۇۋاپسىز، ئۇلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىزدىن ئاغرىنىمىغىنىنى كۆرۈڭ!

— باشقىلار ئۈزسە بولمايدۇ، مەن ئۈزسەم بولىدۇ، — دېدى يىڭئېر، — نېمىشقا دېسەڭ، باغ مومايلارغا بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر ھۆجرىنىڭ كۈندە ئالىدىغان ئۈلۈشى بار، بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ. پەقەت گۈل - گىياھدەك نەرسىلەردىن كىم نېمىلەرنى پەرۋىش قىلىۋاتقان بولسا، ھەر كۈنى شۇ كىشى ھەرقايسى ھۆجرىلاردىكى خان قىزلار بىلەن دېدەكلەر قىسىدىغانغا ھەر ياڭزىسىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، لوڭقىغا چىلايدىغانلىرىنىمۇ ئۈزۈپ ئەكېلىپ بېرىدۇ. يالغۇز بىزنىڭ باۋچەي خېنىملا: «بىزگە ئېلىپ كەلمەڭلار، لازىم بولغاندا ئۆزىمىز سىلەرگە دەيلى» دېگەچكە، بىر قېتىممۇ ئۇ نەرسىلەردىن ئېلىپ باققىنىمىز يوق. شۇڭا، ئۇلار مېنىڭ ئۈزگىنىمنى كۆرسە بىرنېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلىنىدۇ.

يىڭئېر شۇنداق دەپ تۇراتتى، دېگەندەكلا چۈنيەننىڭ تاغىنىسى ھاسىسىغا تايىنىپ كېلىپ قالدى، يىڭئېر، چۈنيەنلەر ئىتتىك

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مومايىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سۇندۇرۇلغان خېلى كۆپ يومىران تال چىۋىقلارنى ۋە ئۇۋۇگۈەن بىلەن رويگوەننىڭ قولىدىكى يېڭىلا ئۈزۈلگەن گۈللەرنى كۆرۈپ، مومايىنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى. ئۇ يەنە يىگىتنىڭ سىپۇەت توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالماي، چۇنيەنگە شۇنداق دېدى:

— مەن ساڭا گۈللەرگە قاراپ كەل دېسەم، ئويۇن بىلەن بولۇپ كارىڭ بولماپتۇ، ئەگەر بىرەرسى سېنى چاقىرىپ قالسا، تاغانام مېنى ئىشىغا سالدى دەرسەن. مەنزە، ساڭا سۇلايمان قالپاق بولۇپ بېرىپتىمەن، سەن مېنىڭ دالدامدا ئويۇنۇڭنى ئويناپدىكەنسەن !

— ئۆزىڭىز مېنى ئىشىڭىزغا سالىسىز، ئىشقا سالغىنىڭىزدىن يەنە قورقىسىز، ئەمدى بولغاندا يەنە مېنى يامان ئاتلىق قىلىسىز. ئەمدى مېنى چېچىمدىن تولغاپ ئۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— تاغانا، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — چۇنيەننىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە، بۇنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ سۇندۇرۇپ ئەكېلىپ سىپۇەت توقۇپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى، ھەيدىۋەتسەممۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى.

— تولا چاقچاق قىلماڭ ! — دېدى كۈلۈپ چۇنيەن، — بۇنداق چاقچاق قىلىۋەرسىڭىز، تاغانام بۇنىڭغا راست دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ.

ئەسلىدە ئۇ گالۋاڭراق موماي ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتاتتى، پايدا ـ مەنپەئەت دېسە جېنىنى بېرەتتى، يۈز ـ خاتىر قىلىش دېگەننى ئۇقمايتتى. گۈل چىۋىقلارنىڭ ئۈزۈلگىنىگە ئىچى سىيرىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، يىگىتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاش بىلەنلا، قېرىلىقىنى پەش قىلىپ، ھاسىسى بىلەن چۇنيەننى بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى:

— ھۇي جۇۋاينىمەك ! گەپ قىلىۋاتسام يەنە تېخى مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاغزىمنى غىرىچلايسىنا ! شۇ تاپتا ئاناڭنىڭ ئاچچىقىدا چىشلىرى غۇچۇرلاپ، گۆشۈڭنى چاينىۋەتكۈسى كېلىپ تۇرۇپتۇ ! يەنە تېخى ماڭا كانىيىڭنى كېرىپ ۋارقىرايسەنغۇ !

تاياق يەپ ئىزاغا قالغان ھەم جىلە بولغان چۈنيەن يىغلاپ تۇرۇپ:

— يىڭئېر ئاچام چاقچاق قىلىپ قويسا شۇنىڭغا ئىشىنىپ مېنى ئۇرۇۋاتىسىزغۇ ! ئانامنىڭ نېمىدەپ ماڭا ئاچچىقى كېلىدىكەن؟ ئارپىسنى خام ئورۇپ قويغان يېرىم يوق، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار ئىكەن؟ — دېدى.

يىڭئېر بۇ گەپنى چاقچاق قىلىپ دېگەنىدى، مومايىنىڭ شۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىپ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىتتىك بېرىپ مومايىنى قولىدىن تارتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مەن چاقچاق قىلىپ دېگەن، ئۇنى ئۇرسىلا مەن تەڭلىكتە قالمامدىمەن؟

— سىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭ، بۇ يەردە سىزنى بار دەپ ئۆزىمىزنىڭ قىزىنىمۇ باشقۇرالمادۇق؟ — دېدى موماي.

يىڭئېر بۇ ھاماقەتلەرچە گەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى ـ دە، باتناپ قولىنى قويۇۋەتتى ۋە سوغۇققىنا كۈلۈپ:

— باشقۇرماقچى بولسىلا، قاچانلا باشقۇرسىلا باشقۇرۇۋەرمەملا؟ مېنىڭ بىر ئېغىز چاقچاق گېپىمنى ئاڭلاپلا باشقۇرۇپ كەتكەنلىرى نېمىسى؟ قېنى، ئۇنى باشقۇرغانلىرىنى بىر كۆرەي ! — دېدى ـ دە، جايىغا ئولتۇرۇپ سېۋىتىنى توقۇۋەردى.

شۇ ئەسنادا چۈنيەننىڭ ئانىسى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى.

— سۇ ئەكەلمەي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ چۈنيەنگە.

— بۇ يەرگە كېلىپ قاراپ بېقىڭ ! — دېدى موماي ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — قىزىڭىز ھەتتا ماڭىمۇ بوي بەرمەي

يېنىۋاتىدۇ تېخى !

چۈنيەننىڭ ئانىسى بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپ مومايدىن سورىدى:

— تاغاچا، يەنە نېمە بولدى؟ قىزىم مېنى كۆزگە ئىلمىسىغۇ مەيلى، تاغاچام بولغان سىلىنىمۇ كۆزگە ئىلمامدىكەن؟

يىڭئېر چۈنيەننىڭ ئانىسىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ تاغانىسى كىشىگە گەپ بېرەمتى؟ ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان گۈللەر بىلەن چىۋىقلارنى چۈنيەننىڭ ئانىسىغا كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، قىزىڭىزنىڭ چوپچوڭ تۇرۇپ قىلغان ئىشىنى ! خەقلەرنى باشلاپ كېلىپ مېنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلسا، مەن خەققە نېمە دېيەلەيتتىم؟ — دېدى.

چۈنيەننىڭ ئانىسىنىڭ فاڭگۇەنگە بولغان ئاچچىقى تېخى بېسىلماي تۇراتتى، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چۈنيەننىڭ ئۆزىنىڭ رايىغا باقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگەن پېتى چۈنيەننى بىر كاچات سېلىپ، تىللىدى:

— هوي جالاپ، شۇنچە يوغىناپ كەتتىڭمۇ؟ سەنمۇ ئاشۇنداق بەڭباش - شاللاق خوتۇنلاردىن ئۆگەنگىلى تۇرۇپسەن - دە ! سەنلەرنى نېمىشقا باشقۇرغىلى بولمايدىكەن؟ ئاسراندىنىغۇ باشقۇرالماي، ئۆزۈمنىڭ قورسىقىمدىن چىققان سېنىمۇ باشقۇرالمامدىمەن؟ سەن جۇۋاينىمەكلەر كىرەلەيدىغان يەرلەرگە مەن كىرەلمەيدىكەنمەن، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سەن شۇ كىرگەن يېرىڭدە مىدىرلىماي كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلماستىن، نېمە دەپ بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرەتتىڭ ! — ئۇ، چىۋىقنى ئېلىپلا، ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنى نېمە قىلماقچىدىڭ؟ مۇنۇ توقۇلغان نەرسە ئاناڭنىڭ نېمىسى ئىدى؟

— ئۇنى مەن توقۇۋاتىمەن، — دېدى يىڭئېر ئىتتىكلا، — ئۇنداق «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك گەپ

قىلمىسىلا؟

بۇ ئايال ئۇزاقتىن بۇيان شىرىن، چىڭقىن قاتارلىقلارغا ھەسەت قىلىپ يۈرەتتى، ئۇلار ھەرقايسى ھۇجرىلاردا ئىشلەيدىغان چوڭراق دېدەكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئابرۇيلۇق ۋە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلارنى كۆرگەندە ئۇلاردىن سەل ئەيمىنەتتى، ئۇلارغا يولمۇ قوياتتى ھەم ئۇلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچلۈكمۇ قىلاتتى، ئەلىمنى بولسا باشقىلاردىن ئالاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئوۋگۇەنگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇلغىيىۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك، غەزىپى تېخىمۇ تۇتقانىدى.

چۇنيەن يىغلىغان پېتى ئارامبەخش ھويلا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئانىسى ئۇنىڭ نېمىگە يىغلىغانلىقىنى باشقىلار سوراپ قېلىپ، ئۇ ئېيتىپ بەرسە، چىڭقىن قاتارلىقلاردىن يەنە دەككە يەپ قالماي، دەپ قورقۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ۋارقىرىدى:

— قايتىپ كەل! گېپىمنى ئاڭلاپ ئاندىن بار!

بۇ ئەھۋالدا چۇنيەن كەينىگە قايتامتى؟ ئۇنىڭ ئانىسى جىلە بولۇپ، ئۇنى ياندۇرۇپ كەلمەك ئۈچۈن يۈگۈردى. چۇنيەن بۇرۇلۇپ قاراپ بېقىپ، ئۇمۇ يۈگۈردى. ئانىسى ئۇنى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن چىمدا تېيىلىپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ يىڭئېر ئۇچى پاراققىدە كۈلۈپ تاشلىدى، يىڭئېر باتناپ، گۈل چىۋىقلارنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپ، ھۇجرىسىغا قايتىپ كەتتى. موماي بولسا ئىچى سىيرىلغىنىچە، تۇۋا ـ ئەستاغپۇرۇللا ئوقۇپ:

— ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان جۇۋاينىمەك! شۇنچە گۈلنى نابۇت قىلىۋەتكىنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىم بېشىڭدا چاقماق چاقسۇن! — دەپ تىللاپ قويدى، ئاندىن گۈللەردىن ئۈزۈپ، ھەرقايسى ھۇجرىلارغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭدى.

چۇنيەن ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىشىگىلا، دەييۈيدىن تىنچلىق سورىغىلى كېتىۋاتقان شىرىنگە ئۇچراپ قالدى ۋە شىرىننى

قوچاقلىقىلىپ:
— ئاچا، مېنى قوتقۇزۇڭ، ئانام مېنى يەنە ئۇرۇۋاتىدۇ! —
دېدى.
شىرىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئاچچىقى كەلدى ۋە ئارقىدىن:
— ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر دېگۈدەك ئاسراندى
قىزىڭىزنىمۇ، ئۆز قىزىڭىزنىمۇ ئۇرۇپلا يۈرىدىكەنسىز،
قىزىڭىزنى نېمانچە كۆپ بازارغا سالىدىغانسىز؟ ياكى بۇ يەرنىڭ
قائىدىسىنى بىلمەي شۇنداق قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.
بۇ ئايالنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈنلا بولغانىدى.
ئۇ شىرىننى كەم سۆز، مىجەزى ئوبدان ئىكەن، دەپ بىلگەچكە:
— خېنىم، سىلى بىلمەيلا، بىزنىڭ يوقىلاڭ ئىشىمىزغا
ئارىلاشمىسىلا، بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بۇ خەقنى ئۆز
مەيلىگە قويۇۋەتكىنىڭلاردىن بولۇۋاتىدۇ، يەنە ئارىلىشىپ نېمە
قىلىسىلەر؟ — دېدى ـ دە، قىزنى قوغلاپ ئۇرماقچى بولدى.
شىرىننىڭ ئاچچىقى كېلىپ بۇرىلىپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
يەسمەننىڭ تۈۋىدە قول ياغلىق يېيىۋاتقان شېيۈ بۇ چۇقان ـ
سۈرەننى ئاڭلاپ:
— ئاچا، كارىڭ بولمىسۇن، قېنى ئۇ قانداق قىلىدىكىن! —
دېدى ۋە ئارقىدىنلا چۈنيەنگە كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ قويدى.
چۈنيەن ئۇنىڭ شەرىتىنى چۈشىنىپ، ئۇدۇل باۋيۈينىڭ
ھۇجرىسىغا ماڭدى. ئەتراپتا تۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ:
— مانا ئەمدى ئەزەلدىن چىقىپ باقمىغان ئىش بۈگۈن
چىقىدىغان بولدى، — دېيىشتى.
— ئەمدى ئاچچىقىڭىزنى ئازراق بېسىۋېلىڭ! — دېدى شېيۈ
ئۇ ئايالغا، — شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرساق، بىزنىڭ يۈزىمىزنى
قىلىڭ دېسەكمۇ قىلمايدىغان ئوخشىمامسىز؟
ھېلىقى ئايال قىزنىڭ باۋيۈينىڭ قېشىغا كىرىپ
كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە باۋيۈينىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قورقما، مەن بار ! — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

چۈنيەن يىغلاپ تۇرۇپ، بايا يىگىتلەر بىلەن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى باۋيۈيگە سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باۋيۈيىنىڭ تېخىمۇ ئىچى تىتىلداپ:

— غەلۋەڭنى مۇشۇ يەردىلا قىلىپ توگەتسەڭ بولمامدۇ، نېمىشقىمۇ ئاناڭنى رەنجىتىپ قويغانسەن ! — دېدى.

شېيۆ ئۇ ئايالغا ۋە ئەتراپتا تۇرغانلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— بۇ يەڭگىمىزدىن، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭلار، دېدى دەپلا ئاغرىنىشقا بولمايدۇ، بۇرۇن بىز ئۇقماي خاتا ئارىلىشىپ قاپتۇق. ئەمدى باشقۇرالايدىغان ئادەمنى چاقىرىپ كېلەيلى، شۇ بىر باشقۇرۇپ باقسۇن، ئاندىن بۇ يەڭگىمىز چىن دىلىدىن قايىل بولار، ئەدەپ - قائىدىنىمۇ چۈشىنىپ قالار، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، چۆره قىزدىن بىرسىنى بۇيرۇدى، — بېرىپ پىڭئېرنى چاقىرىپ كەل، پىڭئېرنىڭ قولى بوش بولمىسا، لىن ئانىكامنى چاقىر !

چۆره قىز ماقۇل دەپ ماڭدى. ئەتراپتا تۇرغان خىزمەتكار ئاياللار كۈلۈشۈپ، ھېلىقى ئايالغا:

— يەڭگە، ئاۋۇ چۆره قىزنى بارماي يېنىپ كىرسۇن، دەپ قىزلاردىن ئۆتۈنۈڭ. پىڭئېر قىز كېلىدىغان بولسا سىزگە ياخشى بولمايدۇ ! — دېيىشتى.

— مەيلى قايسى قىز كەلسە كەلمەمدۇ. ئۇنىڭ بىلەن داۋلى سۆزلىشەرمىز، — دېدى ئۇ ئايال، — ئانا بولغان ئادەم قىزىنى باشقۇرۇۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ كېلىپ ئانىنى باشقۇرغانلىقىنى تېخى كۆرۈپ باققىنىم يوق.

— سىز قايسى پىڭئېر قىزنى دەپ قېلىۋاتىسىز؟ — دېيىشتى خىزمەتكار ئاياللار كۈلۈشۈپ، — فېڭجيې خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى پىڭئېر جۇمۇ ! ئۇ سەل يۈز - خاتىر قىلسا، سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدۇ، چىرايىنى بىرلا تۈرىدىغان بولسا، يەڭگە، سىزگە چاشقان تۆشۈكى ساراي بولارمىكىن !

شۇ گەپ ئۈستىگە ھېلىقى چوّرە قىز قايتىپ كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— پىڭئېر ئاچامنىڭ قولى بوش ئەمەس ئىكەن، مەندىن نېمە ئىش دەپ سورىدى، مەن دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ: ئاۋۋال ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپ، لىن ئانىكامغا خەۋەر قىلىڭلار، يان ئىشىككە ئاپىرىپ قىرىق دەررە ئۇرسۇن، دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھېلىقى ئايال قورققىنىدىن يۈم - يۈم يىغلاپ، شىرېن قاتارلىقلارغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن بۇ يەرگە بەك تەستە كىرگەن ! مەن بىر تۇل خوتۇن، كۆڭلۈمدە يامانلىقىم يوق، خېنىم قىزلارغا چىن دىلىم بىلەن خىزمەت قىلسام دەيمەن. بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغان بولسام ئىتىمنىڭ كۈنىگە قالىمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن شىرېننىڭ دىلى يۇمشاپ، ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردە تۇرسام دەيسىز، لېكىن قائىدە - يوسۇنغا بويسۇنمايدىكەنسىز، گەپمۇ ئاڭلىمايدىكەنسىز، خالىغىنىڭىزچە ئادەم ئۇرىدىكەنسىز. سىزدەك غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمنى نەدىنمۇ تېپىپ كەلگەن بولغىيدى ! كۈندە مۇنداق جاۋلىداۋەرسىڭىز كىشىلەرمۇ زاڭلىق قىلىدىكەن ! — دېدى.

— قوي، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلما، — دېدى چىڭۋېن، — ئۇنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتكەن تۈزۈك. ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالىشىپ تۇرىدىغانغا نەدە ئۇنچە ۋاقىت بولسۇن !

ئۇ ئايال ئەتراپتا تۇرغانلارغىمۇ يالۋۇردى:

— سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى، بۈگۈن خېنىم قىزلار جىملەپ ماڭا گەپ قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سەۋەنلىكىمنى تۈزىتىمەن. خانىلىرىم، سىلەرمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويساڭلار بولمامدۇ؟ — ئارقىدىن ئۇ يەنە چۈنيەنگە يالۋۇرغىلى تۇردى، — سىنى ئۇرىمەن دەپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالدىم، سىنى ئۇرالمىغاننىڭ ئۈستىگە گۇناھكار بولۇپ قالدىم. ئوبدان قىزىم، نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۇچۇن كەچۈرۈم سورىساڭچۇ !

باۋيۇي ئۇ ئايالنىڭ شۇنچىلىك بىچارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن غەلۋە قىلما ! يەنە غەلۋە قىلىدىغان بولساڭ چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز !

ھېلىقى ئايال ھەممەيلەنگە بىر - بىرلەپ رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا پىڭئېر كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى، شىرېن ۋە باشقىلار:

— ئىش تۈگەپ بولدى، يەنە تەرگەشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېيىشتى.

— «كىشىنى ئەپۇ قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئەپۇ قىلىسا بولىدۇ»، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسە ئاۋارىچىلىك ئازىيىدۇ، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — ئاڭلىشىمچە، ھەممە ھۇجرىلاردىكى چوڭ - كىچىك خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى غوجايىنلىرىغا يانىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر يەردىكىسى تىنىچلانمايلا يەنە بىر يەردىن چىقىپ تۇرىدۇ، قەيەرنى باشقۇرۇشۇمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

— مەن تېخى بۇنداق ئىشنى بىزنىڭ مۇشۇ يەردىلا بولسا كېرەك دەپتىمەن، بۇنداق ئىش باشقا يەرلەردىمۇ بار ئىكەن - دە ! — دېدى شىرېن كۈلۈپ.

— سىلەرنىڭ بۇ يەردىكىسى ھېچقانچە ئىش ئەمەس ! — دېدى پىڭئېر، — ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدىلا چوڭ - كىچىك ۋەقەدىن سەككىز - توققۇزى چىقتى، بۇ ۋەقەلەر سىلەرنىڭ بۇ يەردىكىدىن چوڭ ! بۇنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ھەم ئاچچىقى كېلىدۇ، ھەم كۈلگۈسى !

شىرېن ۋە باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى، قانداق ئىشلار ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتمىشىنچى باب

## قىزىلگۈل پاراشوكى ئورنىغا ئاق چايگۈل ئۇپىسى بېرىلگەنلىكى ئەتىرگۈل شەربىتى تۇپەيلىدىن زەمبۇرۇغ تالقىنى سوۋغا قىلىنغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، شېرىن پىڭئېردىن:

— نېمىشقا شۇنچىلا پايپېتەك بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىۋىدى، پىڭئېر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمە ئىش بولاتتى، ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىشلار، ئېيتساڭ كىشىنىڭ كۈلگۈسى كېلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، ھەممىنى ساڭا دەپ بېرىمەن، ھازىر ئېيتىپ بېرەي دېسەم نەدىن باشلاشنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىممۇ يوق، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ تۇراتتى، لى ۋەنىنىڭ دېدىكى كېلىپ قالدى.

— پىڭئېر ئاچا، بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ! كېلىن ئاغىچا سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، نېمىشقا بارمايسىز؟

پىڭئېر دەررۇلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كۈلۈمسىرىگەن پېتى:

— مانا، ھازىر بارىمەن! — دېدى.

— ئۇنىڭ كېلىن ئاغىچىسى ئاغرىپ قېلىۋىدى، ئۇ ھېچكىمنىڭ قولى يەتمەيدىغان «تۇتىيا» بولۇپ كەتتى، — دېدى شېرىن چاقچاق قىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن پىڭئېر چىقىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

باۋيۈي چۈنيەننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:
— سەن ئاناڭ بىلەن باۋچەي قىزنىڭكىگە بېرىپ، يىڭئېرغا تەسەللى بېرىپ قويۇپ كېلىڭلار، ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار رەنجىتكەن بىلەن بولمايدۇ.
چۈنيەن ماقۇل دەپ، ئانىسىنى ئېلىپ ماڭدى. باۋيۈي دېرىزىدىن تالاغا قاراپ يەنە شۇنداق دېدى:
— باۋچەي قىزنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭلار، بولمىسا ئۇ يەنە تەنبىھ يەپ قالىدۇ.
ئانا ـ بالا ئىككىسى ماقۇل دەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار يول بويى قۇرۇق پاراڭلىشىپ ماڭدى.
— ئادەتتە سىزگە مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلسام گېپىمگە زادىلا ئىشەنمەيتتىڭىز، مانا ئەمدى ئىش تېرىپ ئولتۇردىڭىز، — دېدى چۈنيەن ئانىسىغا.
— بولدى، جۇۋاينىمەك، يولۇڭغا ماڭ! — دېدى ئانىسى ھىجىيىپ، — كونىلاردا «بىر ئىشنى باشتىن كەچۈرمىگۈچە ئەقىل كىرمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. مەن ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم. يەنە ماڭا تاپا قىلغىلى تۇردۇڭغۇ!
— ئانا، — دېدى چۈنيەن كۈلۈپ، — ئۆزىڭىز ئوبدان بولۇپ، نېسىۋىڭىزگە شۈكۈر قىلىسىڭىز، بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرالايسىز، كۆپ ياخشىلىق تاپىسىز. مەن سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي، باۋيۈي غوجام پات ـ پات: بۇ يەردىكى خىزمەتكارلاردىن مەيلى ھۆجرىدا ياكى سىرتتا ئىشلەيدىغىنى بولسۇن، جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلگەن ھامان، ئاغىچا خېنىمغا دەپ ھەممىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ. دەڭا قېنى، مۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئوبدان ئىش ئەمەسمۇ!
بۇ گەپتىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئالدىراپ سورىدى:
— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— يالغان گەپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى چۈنيەن.
ئۇنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دۇرۇت ئوقۇغىلى تۇردى.
ئۇلار ئاسارۇنزار ھويلىغا كەلگەندە، باۋچەي، دەيىۇي، شۆ ھامىلار ناشتا قىلىشىۋاتاتتى. يىڭئېر چاي دەملەۋاتاتتى. ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۇدۇل يىڭئېرنىڭ قېشىغا كىرىپ، كۈلۈمسىرەپ:
— بايا سىزگە ئويلانمايلا قوپال گەپلەرنى قىلىپ قويۇپتۇق، خېنىم. ئۇ گەپلەرنى كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز! بىز ئالايتەن سىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا كەلدۇق، — دېيىشتى.
يىڭئېرمۇ كۈلۈپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارغا چاي قۇيدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىشىمىز بار ئىدى، دەپ خوشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى. شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت رۇيگۈەن ئۆيدىن چىقىپ كېلىپ:
— ئانا، ئاچا، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار! — دېدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — مۇنۇ قىزىلگۈل پاراشوكىنى فاڭگۈەنگە بېرىپ قويساڭلار، يۈزىگە سۈرتسۇن، — دەپ بىر قەغەز بولاقنى ئۇلارغا ئۇزارتتى.
— سىلەرزە، تولىمۇ كۆزى كىچىكلىك قىلىدىكەنسىلەر جۇمۇ، — دېدى چۈنيەن كۈلۈمسىرەپ، — بىزنىڭ ئۇ يەردە بۇنداق نەرسىنى ئۇنىڭغا بەرمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنىڭغا بۇنى بىكارلا ئەۋەتىۋاتىسەن.
— ئۇنىڭ بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سوۋغىتىم. ئاچا، بۇنى چوقۇم ئاپىرىپ قولىغا بېرىڭ! — دېدى رۇيگۈەن.
چۈنيەن ئۇنى ئالدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى قايتىپ كەلگەندە، جيا خۇەن بىلەن جيا سۇڭ ئىككىسى باۋيۈيدىن ئەھۋال سوراپ تېخى يېڭىلا كىرىپ كېلىشكەنىكەن. چۈنيەن ئانىسىغا:
— سىز كىرمىسىڭىزمۇ بولار، مەن ئۆزۈم كىرىپ چىقاي، — دېدى.
ئانىسى ئۇنىڭ گېپىگە كىردى. شۇنىڭدىن تارتىپ كاجلىق

قىلماي، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولدى.

چۈنيەن ئۆيگە كىرگەندە، باۋيۈي ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى بەرگىلى كىرگەنلىكىنى بىلىپ، چۈنيەنگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، چۈنيەن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۆيدە بىردەم تۇرۇپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى ۋە فاڭگۇەنگە كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى. فاڭگۇەن چىققاندىن كېيىن، رۇيگۇەننىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا ئاستا سۆزلەپ بېرىپ، ھېلىقى بولاقنى بەردى. باۋيۈينىڭ جياخۇەن ۋە جياسۇڭ بىلەن قىلىشقۇدەك گېپىمۇ بولمىغاچقا، تەبەسسۇم بىلەن فاڭگۇەندىن سورىدى:

— قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

فاڭگۇەن قولىدىكىنى ئىتتىك باۋيۈيگە بېرىپ:

— بۇ ئەتىيازدا يۈزگە ئۆرلەيدىغان تەمرەتكىگە سۈركەيدىغان قىزىلگۈل پاراشوكى، — دېدى.

— ئۇ ئۆزىنى جوۋتىپ بۇنى ساڭا ئەۋەتىپتۇ - دە! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جياخۇەن بويىنىنى سوزۇپ، باۋيۈينىڭ قولىدىكى پاراشوكقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇراپ، ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئالدى - دە، ھېجىيىپ تۇرۇپ:

— ئوبدان ئاكا، ماڭا يېرىمىنى بېرىڭە! — دېدى.

باۋيۈي بېرەي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە فاڭگۇەن ئۆز كۆڭلىدە بۇنى رۇيگۇەننىڭ سوۋغىسى دەپ، باشقىلارغا بەرگۈسى كەلمەي، دەررۇ باۋيۈينى توستى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا تەگمىسىلە، باشقىسىدىن ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

باۋيۈي بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئىتتىكلا:

— بوپتۇ، بۇنى ئېلىپ قوي، — دېدى.

فاڭگۇەن پاراشوكنى ئېلىپ يىغىشتۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئەينەك

ھۇقۇقىدىن ئۆزى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقىنىنى ئىزدىدى. ھۇقۇقىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇپا قۇتىسى قۇرۇق تۇرۇپتۇ. كۆڭلىگە: «تېخى ئەتىگەنلا ئازراق قېلىپ قېلىۋىدى، بىردەمدىلا يوقاپ كېتىپتىغۇ؟» دېگەن گۇمان چۈشۈپ، باشقىلاردىن سورىۋىدى، ئۇلارمۇ ئۇقمايمىز، دېيىشتى.

— شۇ تاپتا ئالدىراش بۇنى سوراپ قاپسەنغۇ! — دېدى شېيۇ، — ئۆيدىكىلەردىن بىرەرسىنىڭ ئۆكسۈپ قېلىپ سېنىڭكىنى ئىشلەتكەندۇ، قاندىقىنىلا بولسا ئېلىپ بېرىۋەرمەمسەن، ئۇ خەق ئۇنى پەرق ئېتەلەمتى؟ ئۇلارنى چاپسانراق ماڭدۇرۇۋەتسەڭ، تامىقىمىزنى يەۋالىمىز.

فاڭگۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاق چايگۇل ئۇپىسىدىن ئازراق ئېلىپ قەغەزگە ئوراپ ئېلىپ كەلدى.

جياخۇەن خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ قولىنى سوزۇۋىدى. فاڭگۇەن ئۇپىنى ئىتتىكلا كاڭغا تاشلاپ قويدى. جياخۇەن قاراپ قويۇپ، كاڭنىڭ ئۈستىدىن ئۇپىنى ئالدى ـ دە، قوينىغا سېلىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

جياجېڭ ئۆيدە يوق ئىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلارمۇ بولمىغاچقا، جياخۇەن ئاغرىپ قالدىم دەپ ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەكتەپتىن قېچىپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئۇ قىزىلگۇل پاراشوكىغا ئىگە بولۇشى بىلەنلا خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، سەيىۈننى ئىزدىدى. سەيىۈن جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. جياخۇەن ئىشىكتىن ھىجايغان پېتى كىرىپ كېلىپ:

— مەنمۇ بۈگۈن ياخشىسىدىن بىر بولاق تاپتىم، ساڭا بېرەي، يۈزۈڭگە سۈرت، سەن دائىم قىزىلگۇل پاراشوكىنى تەمرەتكىگە سۈرتسە بازاردىن سېتىۋالىدىغان ئاق پاراشوكتىن ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ، دەيتتىڭ. كۆرۈپ باقە، شۇمۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

سەيىۈن قەغەز بولاقنى ئېچىپ كۆرۈپ «پىخ» قىلىپ

كۈلۈۋەتتى ۋە:

— بۇنى كىمدىن ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

جياخۇەن بايىقى ئىشنى ئۇنىڭغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ئۇلار سىز سەھرالىق بېگىمنى ئالداپتۇ! — دېدى كۈلۈپ سەييۇن، — بۇ قىزىلگۈل پاراشوكى ئەمەس، ئاق چايگۈل ئۇپىسى.

جياخۇەن قاراپ بېقىۋىدى، بۇ بايا ئۆزى كۆرگەندىكىدىن سەل قىزىلراق، پۇرىقىمۇ ئۆتكۈررەك ئىكەن.

— بۇ ياخشىسى، قىزىلگۈل پاراشوكىغا ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — ئېلىپ قويۇپ يۈزۈڭگە سۈرتمەمسەن. قانداقلىكى بولسۇن، سىرتتىن سېتىۋالغانغا قارىغاندا ئالىي بولسىلا بولمىدىمۇ.

سەييۇن ئۇنى ئېلىپ قويدى.

— ياخشىسىنى ساڭا بېرەمدۇ؟ — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا، — كىم سېنى بۇنى ئەكەل دېدى؟ ئەمدى ئۇلاردىن سېنى كولدۇرلىتىپتۇ دەپ رەنجىگىلى بولامدۇ! مېنىڭچە بولغاندا، بۇنى ئاپىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئات. شۇ تاپتا ئۇ خەقنىڭ تېجىمەللىرى تېجىمەللىك قىلىپ يۈرىدۇ، ئېزىلەڭگۈلىرى مۈردىدەك كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە بىر چۇقان كۆتۈرۈپ، ھەنىۋاسىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتسەڭ، ئۆچۈڭنىمۇ ئالغان بولىسەن. بىر - ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كىم سەندىن سوراپ يۈرەتتى؟ سورىغان تەقدىردىمۇ، سەن گەپ تېپىپ بېرەلەيسەن. باۋيۈي سېنىڭ ئاكاڭ، ئۇنىڭغا چېقىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئىت - مۈشۈكلەردىنمۇ بۇ ئىشنى سوراپ بېقىشقا پېتىنالمامتىڭ؟

جياخۇەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەرقانداق بولسىمۇ سەۋر قىلغان تۈزۈك، — دېدى سەييۇن.

— سېنىڭمۇ كارىڭ بولمىسۇن، بەربىر بۇ ئىشنىڭ سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، — دېدى جاۋ كىچىك ئايا، — بىز ھەقلىق بولغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ تېيجىمەل جالاپلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويساق يامان كەتمەيدۇ، — ئاندىن ئۇ جياخۇەنگە قاراپ تۇكۇردى، — تۇفى ! جىگىرى يوق پېسەندى، ئاشۇنداق شۇمتەك چۆرىلەرگىمۇ بوزەك بولغىنىڭنى قارا ! ئادەتتە بىر ئېغىز سۆزۈم ئارتۇق كېتىپ قالسا ياكى ئاڭقىرالماي ساڭا باشقا بىرنەرسىنى خاتالىشىپ بېرىپ قويسام، بويۇنتاۋلىق قىلىپ، چىچاڭشىپ كۆزلىرىڭنى چەكچەيتىپ ماڭا يانىسەن، ئەمدى ئاشۇ كۈچۈكلەر سېنى كولدۇرلاتسا، بوپتۇ قىلىسەن. سەن ئەتە - ئۆگۈن بۇ يەردىكىلەرنىڭ سېنىڭدىن تەپ تارتىشىنى ئويلىمامسەن ! قولۇڭدىن ئىش كەلمىگىنىڭگە مېنىڭمۇ ساڭا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ !

جياخۇەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىزا تارتتى ھەم جىلە بولدى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— سەن مۇشۇنداق گەپدانلىق قىلىسەن، ئەمما بېرىشقا ئۆزۈڭمۇ پېتىنالمايسەن، — دېدى جياخۇەن قولىنى سىلكىپ، — سەن مېنى كۇشكۇرتۇپ جېدەل قىلدۇرساڭ، ئۇلار مەكتەپكە بېرىپ چاقىدىغان بولسا، تاياق يېسەم سەن ھېچنېمە قىلالمايسەن ! سېنىڭ دەيدەيگە سېلىشىڭ بىلەن مەن تالاي قېتىم جېدەل چىقىرىپ تاياق يېگەن، تىل ئىشىتكەن، شۇ چاغدىمۇ سەن ھېچنېمە قىلالماي بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان. بۈگۈن سەن يەنە مېنى مۇشتەك چۆرىلەر بىلەن جېدەل قىلىشقا كۇشكۇرتۇۋاتىسەن ! تەنچۈن ئاچامدىن قورقماي، شۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالىساڭ، مەن ساڭا قايىل بولىمەن !

بۇ گەپ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يۈرىكىگە جاقلا قىلىپ تەگدى - دە:

— مەنمۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن، نېمىدىن قورقاتتىم. يەنە قورقىدىغان بولسام، بۇ ئۆيدە ماڭا تېخىمۇ كۈن

يوق ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھېلىقى قەغەز بولاقنى ئېلىپ باغ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك ماڭدى. سەييۇن ھەرقانچە هاي بېرىپمۇ ئۇنى توسۇپ قالالماي، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ باشقا ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. جياخۇەنمۇ مۇراسىم دەرۋازىسىدىن غىپپىدە چىقتى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئويۇنغا ماڭدى.

جاۋ كىچىك ئاپا ئۇدۇل باغقا كىردى، راسا جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىدا، ئالدىدىن ئوۋگۇەننىڭ ئاتاق ئانىسى شيا موماي چىقىپ قالدى. شيا موماي ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، چىرايى كۆكىرگەن ھالدا ئاچچىقى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— كىچىك خېنىم، نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— قارىمامىلا، — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا قولىغا قولىنى ئۇرۇپ، — بۇ يەردە ناھايىتى كەلسە ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئويۇن قويىدىغان بۇ ئەڭلىكچى بىرنېمىلەرمۇ ھەرقىسما ھۇنەر چىقىرىپ، ئادەمنىڭ چاپىنىغا قاراپ داستىخان سالىدىغان بولۇشۇۋاپتۇ ! باشقا ئادەم بولسىمۇغۇ بۇنچىلا خاپا بولۇپ كەتمەيتتىم، مۇشتۇمدەك جالاپلار چېغىدا بىزنى كولدۇرلاتقىلى تۇرسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟

بۇ گەپ شيا مومايىنىڭ دىتىغا ياققاچقا، ئالدىراپ يەنە سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

جاۋ كىچىك ئاپا فاڭگۇەننىڭ قىزىلگۈل پاراشوكى ئورنىغا ئاق چايگۈل ئۇپىسىنى بېرىپ، جياخۇەننى كەمسىتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ۋاي خېنىم، — دېدى شيا موماي، — سىلى ئەمدى بىلدىلىمۇ؟ بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ! تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە بىرسى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قەغەز پۇل كۆيدۈرۈۋىدى، باۋيۈي ئۇنىڭغا دالدا بولۇپ بەردى. باشقىلار باغقا بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرە ـ كىرمەيلا، ئۇلارنى ۋاي ئۇنداق قىلساڭلار

بولمايدۇ، دېيىشىپ كېتىدۇ. كۆرگەنلا نېمىنى ئېغىز ئېلىشىدۇ، قەغەز كۆيدۈرۈش ئېغىز ئالمايدىغان ئىشمىكەن؟ ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا، بۇ يەردە ئاغىچا خېنىمدىن قالسا كىم سىلى بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ؟ ئۆزلىرى بوشاڭ! چىڭ تۇرىدىغانلا بولسىلا، كىم سىلىدىن ھېيىقمايدۇ؟ شۇ تاپتا خىيالىمغا بىرنەرسە كېلىۋاتىدۇ: بۇ ئەڭلىكچى شۇمتەكلەر ئادەم دېگۈچىلىكى يوق بىرنېمىلەر، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويسىلىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ، مۇشۇ ئىككى ئىشنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى چاپسانراق يانپاشقا ئالسىلا، گۇۋاھچىلىقا مانا مەن تەييار. بۇ قېتىم ھەيۋىلىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىشلاردىمۇ ئۆزلىرىگە پايدىسى بار. كېلىن ئاغىچىلار بىلەن خان قىزلارمۇ ئۇ ئەڭلىكچى شۇمتەكلەرنى دەپ سىلىگە گۇناھ قويالمايدۇ.

جاۋ كىچىك ئاپا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ يوللۇق ئىش قىلىغۇدەكمەن دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا:

— قەغەز كۆيدۈرگەن ئىشنى مەن ئۇقمايدىكەنمەن، ئوبدانراق سۆزلەپ بەرسىلە، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن شيا موماي ئۆتكەنكى ئىشنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— بېرىپ قىلىدىغان گەپلىرىنى قىلىۋەرسىلە، ناۋادا جېدەللىشىپ قالغۇدەك بولسىلا، مانا بىز سىلىگە بولۇشىمىز، — دېدى.

جاۋ كىچىك ئاپا بۇ گەپ بىلەن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ئارامبەخش ھويلىغا يۈرەكلىك كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا باۋيۈي دەييۈينىڭ قېشىغا كەتكەنىكەن، فاڭگۇەن بىلەن شىرېن تاماق يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى:

— كىچىك خېنىم، داستىخانغا كەلسىلە، نېمىگە مۇنچە ئالدىرايلا؟

جاۋ كىچىك ئاپا ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋابمۇ بەرمەستىن، كەلگىنىچە كېلىپ قولىدىكى ئۇپىنى فاڭگۇەننىڭ يۈزىگە ئاتتى ۋە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئۇنى تىللاپلا كەتتى:

— هوي پېسەندى جالاپنىڭ تۇخۇمى! سەنچۇ، چاڭچىلىكەشلىكنى ئۆگەنسۇن دەپ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ كۇمۇشىگە سېتىۋېلىنغان ئەڭلىكچى جالاپسەن، بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مالايلارمۇ سېنىڭدىن ئېسىلرەك! سەنمۇ تېخى ئادەمگە قاراپ داستىخان سېلىشنى ئۆگىنىۋاپسەن - دە! باۋيۈي بىرنەرسە بەرمەكچى بولغاندا، سەن نېمەدەپ توساتتىڭ؟ بەرسە سېنىڭكىنى بېرەمتى؟ ئۇنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەپ مۇشۇنىڭ بىلەن ئالدىماقچىمىدىڭ! مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئۇلار دېگەن بىر - بىرىگە ئاكا - ئۇكا، ئوخشاشلا غوجايىنلار، ئۇنى پەس كۆرۈشكە سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟

فاڭگۇەن بۇ گەپلەرگە زادىلا چىدىيالماي، يىغىنى سالغان پېتى سۆزلەپ كەتتى:

— قىزىلگۈل پاراشوكى قالمىغاچقا، يوق دېسەم ئىشەنمەي قالمىسۇن دەپ مۇشۇنى بېرىۋىدىم، بۇ ياخشى ئەمەسمىكەن؟ چاڭچىلىكەشلىك قىلسام تالادا قىلمىدىم. مەن قىز بالا تۇرسام، ئۇنداق «ئەڭلىكچى» «پەڭلىكچى» دېگەن نېمىلەرنى ئۇقامتىم! سىلىنىڭ كېلىپ مېنى تىللايدىغانغا ھەققىلىرى يوق، مېنى سىلى سېتىۋالمىغان، چۆرىلەر بىر - بىرىگە قول بېرىپ تۇغقان بولۇشىمۇ، ھەممىسى بىر قۇل، ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ!

— ۋالاقلىماي ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى شىرېن ئۇنى تارتىپ.

جاۋ كىچىك ئاپا ئاچچىقىدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە فاڭگۇەننى ئىككى كاچات سالدى، شىرېن ۋە باشقىلار ھاپىلا - شاپىلا كېلىپ ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ:

— كىچىك خېنىم، كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولىدىغانغا سىلىمۇ كىچىكمۇ، ئۇنىڭغا بىز گەپ قىلىپ قويايلى، — دېدى.

فاڭگۇەن ئىككى كاچات يەپ قانداقمۇ بۇ ئىشنى بولدى قىلسۇن؟ ئۇ كۆكەرمىلىك قىلىپ يەردە ئېغىناپ ھۆڭرەپ يىغلىغىلى باشلىدى:

— مېنى ئۇرۇشقا نېمە ھەققىڭ بار سېنىڭ؟ ئەپتىڭگە قاراپراق قول يۈگۈرتسەڭ بولمامدۇ! جېنىمدىن تويدۇم، ئۇرە قېنى! — فاڭگۇەن ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى نىقتىدى، ئەتراپتا تۇرغانلار هاي بېرىپ ئۇنى تارتتى. چىڭۋېن شىرېننى ئاستا بىر چەتكە تارتىپ شۇنداق دېدى:

— ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، قىلغۇلۇقىنى قىلىۋەرسۇن، قېنى ئاخىرىنى قانداق يىغىشتۇرار كىن، بۈگۈنكى كۈندە ھەركىم ئۆزىگە ئۆزى بەگ بولۇشۇۋالدى، مۇشۇنداق ئۇمۇ كېلىپ ئۇرسا، بۇمۇ كېلىپ ئۇرسا، قانداق بولۇپ كەتكىنى!

جاۋ كىچىك ئاپىغا ئەگىشىپ كېلىپ تاشقىرىدا تۇرغان شۇ خىلدىكى ئايالىلار بۇ جېدەلنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇش بولۇشتى، «تۇۋا، بۈگۈنكىدەك كۈنمۇ كېلىدىكەن ـ ھە!» دېيىشتى. قورسىقىدا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ھېلىقىدەك مومايلارمۇ فاڭگۇەننىڭ تاياق يېگەنلىكىنى كۆرۈپ يۇخادىن چىقىشتى.

ئوۋگۇەن بىلەن رۇيگۇەن بىللە ئوينايتتى. شياڭيۈننىڭ كەپسىز چوكان رولىنى ئالىدىغان دېيدىكى كۇيگۇەن، باۋچىننىڭ دېيدىكى دۇگۇەن ئىككىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، ئوۋگۇەنلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارغا شۇنداق دېدى:

— فاڭگۇەننى خەق بوزەك ئېتىپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ يۈزىمىزگىمۇ سەت بولىدۇ، تۆتىمىز بېرىپ جېدەلنىڭ چوڭىنى چىقىرىپ ئۆچىمىزنى ئالايلى.

بۇ تۆتى قانداقلا بولمىسۇن، تېخى كىچىك بالا بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىچ كۆيەرلىك بىلەنلا غەزەپكە كېلىشىپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى. بىرىنچى بولۇپ دۇگۇەن جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ قورسىقىغا بىرنى ئۇسۇۋىدى، جاۋ كىچىك ئاپا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، قالغان ئۈچىمۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە يىغلاپ تۇرۇپ، بېشى بىلەن ئۇسۇپ، قوللىرى بىلەن تارتقۇشلاپ، جاۋ كىچىك ئاپىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشتى، چىڭۋېن قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن كۈلۈپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى يالغاندىن ئاجراتقاندەك قىلىشتى. ھودۇقۇپ كەتكەن شىرېن بىر ئۇنى، بىر بۇنى تارتاتتى، توختىماي سۆزلەيتتى:

— ئۆلگۈڭ كېلىشتىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ! قورساق كۆپۈكلىرىڭ بولسا چىرايلىق گەپ قىلىشمامسەن؟ مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلىشساڭ قانداق بولىدۇ!

جاۋ كىچىك ئاپا نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاغزىغا كەلگەننى تىللايتتى. رۇيگۇەن بىلەن ئوۋگۇەن ئۇنىڭ ئىككى قولىغا چىڭ چاپلىشىۋالغان، كۇيگۇەن بىلەن دۇگۇەن بىرسى ئارقىدىن، بىرسى ئالدىدىن ئۇنى باشلىرى بىلەن چىڭ تىرەپ تۇرۇشۇۋالغاندى، «تۆتىمىزنىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ھېساب!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتكەن فاڭگۇەن يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

چىڭۋېن بۇ ئىشنىڭ چىڭغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۈنيەننى تەنچۈنگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، شۇ ئارىدا يۇشى، لى ۋەن، تەنچۈن ئۈچى پىڭئېر ۋە باشقا غوجىدار ئاياللارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ، ئالمان - تالمان تۆت چۆرە قىزغا ۋارقىراپ ئۇلارنى باستى. ئاندىن نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىدى. جاۋ كىچىك ئاپا ئاچچىقىدا چەكچەيگەن، كۆپچۇگەن پېتى بولغان ۋەقەنى باش - ئۈچى يوق سۆزلەپلا كەتتى. يۇشى بىلەن لى ۋەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب ياندۇرماي، تۆت چۆرە قىزنى بېسىش بىلەن بولدى.

— ئانچە چوڭمۇ ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ! — دېدى تەنچۈن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مۇشۇ كۈنلەردە كىچىك ئاپىمىزنىڭ ھە دېسىلا ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مېنىڭ كىچىك ئاپىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر گېپىم بار ئىدى،

شۇنىڭغا ئىزدەتسەم، دېدەكلەر نەگە كەتتىكىن، ئۇقمايمىز، دېيىشتى. بايا مۇشۇ يەردە چېچىلىپ يۈرۈپتىكەنسىز ــ دە! يۈرۈڭ مەن بىلەن.

— كىچىك ئاپا، مېھمانخانىغا بېرىپ شۇ يەردە مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى يۈشى بىلەن لى ۋەن كۈلۈپ.

جاۋ كىچىك ئاپا نائىلاج ئۇ ئۇچى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ، توختىماي سۆزلەپ قىلىپ ماڭدى.

— بۇ دېدەكلەر ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدىكى بىرنېمىلەر، — دېدى تەنچۈن، — خۇشىمىز كەلسە ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ قويساق، خۇشىمىز كەلمىسە ئۇلارغا پەرۋا قىلماي قويساقلا بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار ئەسكىلىك قىلىپ، ئىت ـ مۈشۈككە ئوخشاش چىشلىشىپ قالسا، كەچۈرۈشكە بولسا كەچۈرۈۋەتكۈلۈك، كەچۈرۈشكە بولمىغاندا، ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار دەپ، غوجىدار ئاياللارغا تاپشۇرۇپ قويساقلا بولىدى. ئۆزىمىزنىڭ ئىززىتىنى ساقلىماي ۋارقىراپ ـ جارقىراشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇنداق قىلغاندا ئابرۇيىمىزمۇ قالمايدۇ؟ جۇ كىچىك ئاپىنى قاراڭ، نېمىشقا ئۇنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ؟ ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بارمايدۇ؟ سىزگە دەيدىغان گېپىم: ھۇجرىڭىزغا قايتىپ بېرىپ، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان دۆيۈزلەر كۈشكۈرتسە، بۇنىڭغا قۇلاق سالماڭ. بولمىسا كىشىلەر سىزنى ھاماقەت دەپ كۈلكە قىلىدۇ ـ دە، بىكاردىن ـ بىكار خەققە ئويۇنچۇق بولۇپ بېرىسىز. ھەرقانچە ئاچچىقىڭىز كەلسىمۇ، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلگەندە، ئەلۋەتتە بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

بۇ سۆزلەر بىلەن جاۋ كىچىك ئاپا لام ـ جىم دېمەي ئاغزىنى يۇمغىنىچە ھۇجرىسىغا قايتتى.

تەنچۈننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، يۈشى بىلەن لى ۋەنگە شۇنداق دېدى:

— شۇنچە ياشقا كىرگەن تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىش قىلسا، ئادەمنىڭ زادىلا ھۆرمەت قىلغۇسى كەلمەيدىكەن! نېمىدېگەن گەپ بۇ! شۇمۇ جاڭجاللىشىدىغان ئىشمۇ؟ يا ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىمايدىكەن! قولىقى بەك يۇمشاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە زادىلا دىتى يوق. قايسى شەرمەندە غالچا بۇ ئەخمەقنى ئويىنىتىپ، ئۆچىمىزنى ئېلىپ بەرسۇن دەپ كۇشكۇرتتىكىنتاڭ! — ئۇ ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ، — كىمنىڭ كۇشكۇرتكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تېپىڭلار! — دەپ كىشى بۇيرۇدى.

غوجىدار ئايالالار خوپ دەپ، سىرتقا چىققاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ:

— دېگىنىزدىن يىگنە تاپقىلى بولامدۇ؟ — دېيىشتى ۋە ئامالسىز جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكارلار بىلەن باغدىكى خىزمەتكار ئايالالارنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراشتۇردى. ئۇلار «ئۇقمايمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز قېلىپ تەنچۇنگە مەلۇم قىلدى:

— ھازىرلا تەكشۈرۈپ تېپىش تەس ئىكەن، ئاستا ـ ئاستا ئۇقۇشايلى. ئورۇنسىز گەپ ـ سۆز قىلغانلىرى بولسا، سىلىگە مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز.

تەنچۇننىڭ ئاچچىقى ئاستا ـ ئاستا بېسىلىپ، بۇ ئىشنى بولدى قىلىپ تۇراتتى. ئەيگۇەن ئاستا تەنچۇننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— بۇنىڭ ھەممىسى شىيا ئانىكىنىڭ ئىشى. ئۇ ھەمىشە فاڭگۇەن بىلەن زىتلىشىپ ئىش تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. قايسى كۈنى ئوۋگۇەنگە قەغەز كۆيدۈردۇڭ دەپ ئېسىلىۋېلىۋىدى، ھېلىمۇ ياخشى باۋيۈي غوجام ئۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلدى. بۈگۈن ئۆزلىرىگە قول ياغلىق ئەكېلىۋاتسام، كىچىك خېنىم بىلەن ئۇ ئىككىسى بىر يەردە بىرھازاغىچە كۇسۇرلىشىپ تۇردى، كېيىن مېنى كۆرۈپ قېلىپ كېتىپ

قىلىنىشتى.

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتا چوقۇم بىرسىنىڭ يامان غەرىزى بار دەپ بىلدى ـ يۇ، ئەمما يەنە ئويۇنچى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېپى بىر، ئۇلارمۇ ئادەتتىن تاشقىرى كەپسىز، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمىدى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دەلىل ـ ئىسپات قىلغۇسى كەلمىدى.

شيا مومايىنىڭ قىز نەۋرىسى شياۋچەن تەنچۈننىڭكىدە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلاتتى، ھۇجرىدىكى دېدەكلەرنىڭ سودىلىقلىرىنى دائىم شۇ قىلىپ يۈرگەچكە، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئۆتەتتى. شۇ كۈنى تاماقتىن كېيىن، تەنچۈن ئىش بېجىرىشكە مېھمانخانىغا كەتكەنىدى. ھۇجرىغا قاراشقا قېلىپ قالغان سۇيمۇ شياۋچەننى بازاردىن تۇخۇم پەشمىتى ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— مەن ھويلىنى ئەمدىلا سۈپۈرۈپ بولدۇم، — دېدى شياۋچەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بېلىمنى ئالالمايۋاتىمەن، باشقا ئادەمنى بۇيرۇسىڭىزچۇ.

— باشقا كىمنى بۇيرۇيمەن؟ ماقۇل دەپ چاپسانراق ماڭغىنا. ساڭا مەن ياخشى بىر گەپنى دەپ بېرەي: ئارقا دەرۋازا بىلەن ماڭغاچ موماڭغا ئېيتىپ قوي، ھوشيارراق تۇرسۇن، — ئاندىن سۇيمۇ ئەيگۈەننىڭ ئۇنىڭ مومىسىنى تەنچۈنگە چېقىشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شياۋچەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇ پۇلنى ئالدى ـ دە:

— بۇ بېشىڭنى يەيدىغانمۇ ئادەم ئەخمەق قىلغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە، ماقۇل، مەن بېرىپ دەپ قوياي، — دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ئارقا دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئاشخانا بار ئىدى، ھازىر ئاشخانىدىكىلەرنىڭ قولى بوش ۋاقىت بولغاچقا، ھەممىسى پەلەمپەيدە قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شيا مومايمۇ بار ئىدى. شياۋچەن تۇخۇم پەشمىتى ئەكىرىشكە

باشقا بىر خىزمەتكار ئايالنى بۇيرۇۋېتىپ، بىر چەتتىن تىلىلىغاچ ئۆلار تەرەپكە ماڭدى ۋە بايىقى گەپنى شىيا مومايغا دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ شىيا موماينىڭ ئاچچىقىمۇ ھەم قورققۇسىمۇ كەلدى. شۇ تاپتىلا بېرىپ بۇ ئىشنى ئەيگۈەندىن سورىماقچى، ئاندىن تەنچۈننىڭ قېشىغا بېرىپ دەرد ئېيتماقچى بولۇۋىدى، شىياۋچەن ئىتتىك ئۇنى توستى:

— نېمىدەپ بۇ گەپنى ئۇلارغا بېرىپ دەيسىز؟ بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭ دېمەمدۇ؟ بۇ گەپنى داۋراڭ سالسىڭىز ئوبدان بولمايدۇ. ئۆزىڭىزگە ھوشىيارراق بولۇڭ دەپ قويغىنىم، مۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلغان بىلەن بولامدۇ؟

شۇ گەپ ئۈستىگە فاڭگۈەن كېلىپ قالدى. ئۇ دەرۋازىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاشخانىدىكى ليۇ يەڭگىگە:

— ليۇ يەڭگە، باۋيۈي غوجام، كەچلىك گۆشسىز سەي ئۈچۈن ئاچچىق - چۈچۈك، سوغۇقراق بىرنېمە بەرسۇن، كۈنجۈت يېغى قۇيۇپ مايلىق قىلىۋەتمىسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— ئۇقتۇم، — دېدى ليۇ يەڭگە كۈلۈپ، — بۈگۈن قانداقسىغا بۇ مۇھىم گەپنى يەتكۈزۈشكە سىزنى ئەۋەتكەندۇ؟ مەينەت دېمىسىڭىز، ئاشخانىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ.

فاڭگۈەن ھويلىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇراتتى، بىر خىزمەتكار ئايال بىر بولاق تۇخۇم پەشمىتى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. فاڭگۈەن ئوينىشىپ:

— بۇ ئىسسىق پەشمەتنى كىمگە سېتىۋالدىڭىز؟ بىر تال يەپ تەمىنى تېتىپ باقايچۇ، — دېدى.

شىياۋچەن پەشمەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىۋېلىپ:

— بۇنى بىركىمگە ئاتاپ ئالدۇرغان، سىلەرمۇ بۇنىڭغا خۇشتارمۇ؟ — دېدى.

ليۇ يەڭگە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىتتىكلا:

— فاڭگۈەن قىز، بۇنى يېيىشكە ئامراق بولسىڭىز،

ئاچىقىزنى يەيدۇ دەپ يېقىلا ئالدۇرغىنىم بار، ئۇ يېمىدى، يۆگەپ ئېلىپ قويغان، ھېچكىم قول تەگكۈزمىدى، پاكىز، — دېدى ـ دە، بىر تەخسە تۇخۇم پەشمىتىنى ئاشخانىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ فاڭگۇەنگە بەردى، ئاندىن يەنە، — تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئۇبدان چېيىمدىن دەملەپ بېرەي، — دەپ ئاشخانىغا كىرىپ، ئوتنى چوقچىلاپ چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلدى. فاڭگۇەن تۇخۇم پەشمىتىنى شياۋچەننىڭ كۆزىگە ئەكېلىپ كۆرسىتىپ:

— سېنىڭ پەشمىتىڭنى يېيىشكە كىم خۇشتار ئىكەن! مانا بۇ پەشمەت ئەمەسمىكەن؟ مەن چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويغان. ئالدىمغا كېلىپ باش قويساڭمۇ سېنىڭكىنى يېمەيمەن! — دېدى ـ دە، پەشمەتتىن بىرنى ئېلىپ قۇشقاچقا تاشلاپ بەردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە، — لىيۇيەڭگە، بۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىمىسۇن، بۇنىڭ ئورنىغا كېيىن سىزگە ئىككى جىڭ سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

شياۋچەن جان ـ پېنى چىقىپ فاڭگۇەنگە ئالايدى ۋە:

— چاقماق پىرىمنىڭ كۆزى بولسا، نېمىشقا مۇشۇنداق گۇناھكارلارنىڭ تۆپىسىدىن ئۇرمايدىغاندۇ! — دەپ قارغىدى.

— قىزلار، بولدى قىلىڭلار، ھەر كۈنى بىر ـ بىرىڭلارنى چوقۇشۇپلا يۈرىدىكەنسىلەر، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر.

ئۇلاردىن ئەقىل ـ ھوشى بارراقلىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ تەرگىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، ئىككىدە قوپۇپ ئۆز يوللىرىغا كېتىپ قېلىشتى. شياۋچەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاكاللىشىپ تۇرۇۋېرىشكە تازا جۈرئەت قىلالماي، غۇتۇلدىغان پېتى كەتتى.

لىيۇ يەڭگە ھەممىيلەننىڭ تارقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئاشخانىدىن چىقىپ فاڭگۇەنگە دېدى:

— قايسى كۈنكى ھېلىقى گەپنى ئېيتتىڭىزمۇ؟

— ئېيتتىم، — دېدى فاڭگۇەن، — بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتسۇن، ئاندىن سۈرۈشتۈرەي، قىرىشقاندەك ھېلىقى جاۋ دېگەن

ئۆلمەيدىغان بىرنېمە مېنىڭ بىلەن سوقۇشتى. قايسى كۈنى ئەتىرگۈل شەربىتىنى ئاچام ئىچتىمۇ؟ قانداق، پايدا قىلىدىغاندەكمۇ؟

— ھەممىنى ئىچىپ بولدى! — دېدى ليۇ يەڭگە، — ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتتى. سىزدىن يەنە سوراي دېسە خىجىل بولۇۋاتىدۇ.

— ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نېمە ئۇ، يەنە ئازراق ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى فاڭگۇەن.

ليۇ يەڭگىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدى. گەرچە ئۇ بىر ئاشپەزنىڭ قىزى بولسىمۇ، چىراي ـ شەكلىدە پىڭئېر، شىرېن، يۈەنياڭ، زىجۈەنلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى. بالىلارنىڭ بەشىنچىسى بولغاچقا، ئۇنى ۋۇئېر دەپ قىچقىراتتى. ئۆزى ئاجىز بولغاچقا، بىرەر ئىشقىمۇ ئورۇنلىشالمىغانىدى. يېقىندا ليۇ يەڭگە باۋيۈيىنىڭ ھۇجرىسىدا چۆرە قىزلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئىشنىڭ يەڭگىللىكىنى ۋە كېيىن باۋيۈينىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزىنى باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرەتتى، ئەمما، بۇنىڭغا ھېچ يول تاپالماي تۇراتتى. ليۇ يەڭگە بۇرۇن نەشپۈتلۈك ھويلىدا ئىشلىگەن چېغىدا، ناھايىتى كۆيۈپ ـ پىشىپ ئىشلەپ، فاڭگۇەن قاتارلىقلارغا ئۇلارنىڭ ئاتاق ئانىلىرىدىنمۇ ئوبدان قارىغانىدى. فاڭگۇەنلەرمۇ بۇ ئايالغا تولىمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى. ليۇ يەڭگە ئۆز مەقسىتىنى فاڭگۇەنگە بىلدۈرۈپ، باۋيۈيگە ئېيتىپ باقسىڭىز، دەپ يالۋۇرغانىدى. باۋيۈي بۇنىڭغا ياق دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنىنىڭياقى ئاغرىپ قالغاچقا ھەم باشقا ئىشلار چىقىپ قالغاچقا، تېخى ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدى.

ئەمدى بۇ گەپلەرنى تولا دەۋەرمەي، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. فاڭگۇەن ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كېلىپ، ئاشخانىغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى باۋيۈيگە خەۋەر قىلدى. جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ بايىقى جېدىلى بىلەن باۋيۈينىڭ كۆڭلى غەش ئولتۇراتتى. گەپ

www.uyghurkitap.com

قىلاي دېسە تېخى، گەپ قىلماي دېسە تېخى، نېمە قىلارىنى بىلمىگەنىدى. جېدەل تۈگىگەندىن كېيىن، تەنچۈنىڭ نەسىھەت قىلىپ جاۋ كىچىك ئاپىنى ھۇجرىسىغا قايتۇرۇۋېتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، فاڭگۇەنگە بىر قۇر نەسىھەت قىلىپ قويۇپ، ئۇنى ئاشخانىغا ئىشقا بۇيرۇغانىدى. فاڭگۇەن قايتىپ كېلىپ، لىۇ ۋۇئېرگە ئەتىرگۈل شەربىتىدىن يەنە ئازراق ئاپىرىپ بېرىشنى باۋيۈيگە ئېيتىۋىدى، باۋيۈي:

— يەنە بار، مەنمۇ ئۇنى ئانچە ئىچىپ كەتمەيمەن. ھەممىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دەپ ئەتىرگۈل شەربىتىنى ئېلىپ بېرىشكە شىرېننى بۇيرۇدى. بوتۇلكىدىمۇ كۆپ قالماپتىكەن، شىرېن بوتۇلكىسى بىلەنلا فاڭگۇەنگە تۇتقۇزۇپ قويدى.

فاڭگۇەن بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ لىۇ يەڭگىنىڭ قېشىغا ماڭدى. لىۇ يەڭگە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، قىزىنى ئېلىپ ھويلىغا كىرىپ، نېرىقى بۇلۇڭدا ئىككىسى بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ چاي ئىچكەچ دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. فاڭگۇەن ئېگىزلىكى بىر غېرىچ كەلگۈدەك بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، يورۇقتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە بوتۇلكىدا يېرىم قىپقىزىل شەربەتتەك نەرسە كۆرۈندى. ئانا ـ بالا ئىككىسى بوتۇلكىدىكى باۋيۈي ئىچىدىغان پەرەڭنىڭ ئۈزۈم ھارىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— شارابدانغا سېلىپ ئىسسىتايلى، سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېيىشتى.

— قالغىنى مۇشۇنچىلىك ئىكەن، بوتۇلكىسى بىلەنلا بېرەي، — دېدى فاڭگۇەن كۈلۈپ.

ۋۇئېر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، بوتۇلكىدىكى نەرسىنىڭ ئەتىرگۈل شەربىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنى فاڭگۇەننىڭ قولىدىن ئىتتىك ئېلىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن:

— بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قاپتىكەنمەن، باغقا كىرىپ

بىر ئاز ئايلاندىم. بۇ ئارقىلىقنىڭ ھېچبىر تاماشا قىلغۇچىلىكى يوق ئىكەن، چوڭ ـ چوڭ تاش، يوغان دەرەخ، ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىدىن باشقا چىرايلىقراق بىر مەنزىرىمۇ كۆرۈنمىدى، — دېدى.

— نېمىشقا ئالدى تەرەپكە ئۆتمەيسىز؟ — دەپ سورىدى فاڭگۇەن.

— بۇنى ئالدى تەرەپكە مەن بارغۇزمايمەن، — دېدى ليۇ يەڭگە، — خان قىزلارمۇ بۇنى تونۇمايدۇ، ناۋادا كۆزى يامانلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا يەنە بىرمۇنچە گەپ تاپىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن بۇنى سىزگە قېتىپ قويسام، غوجايىنىنىڭ سايىسىدا يۈز تېپىپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇنى سەيلە قىلدۇرىدىغانغا ئادەم چىقماي قالماس! بۇنىڭ ئۇ يەردە ئويناپ زېرىكمەيدىغان چاغلىرىمۇ كېلىپ قالار!

فاڭگۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— نېمىدىن قورقىسىز؟ مەن بار!

— ۋاي ـ ۋۇي! ئاپپاق قىزىم! بىزنىڭ يۈزىمىز نېپىز، سىلەر بىلەن تەڭلىشەلمەيمىز، — دەپ قويۇپ، ليۇ يەڭگە فاڭگۇەنگە يەنە چاي قۇيدى. فاڭگۇەن بۇنداق چاينى ئىچەمتى؟ ئۇ چايدىن بىر ئوتلاپ ئاغزىنى چايقىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

— قولۇم بوش ئەمەس، سىزنى ۋۇئېر قىز ئۈزىتىپ قويسۇن! — دېدى ليۇ يەڭگە.

ۋۇئېر فاڭگۇەننى تالاغا ئۈزىتىپ چىقىپ، ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ:

— مېنىڭ توغرامدىكى گەپنى باۋيۈي غوجامغا ئېيتتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— سىزنى مەن ئالدايمەنمۇ؟ — دېدى فاڭگۇەن كۈلۈپ، — مەن، باۋيۈي غوجامنىڭ ھۇجرىسىدا يەنە ئىككى كىشىنىڭ ئورنى بوش، تېخى ئادەم سەپلىنمىگەن دەپ ئاڭلىدىم، بىرسى،

www.uyghurkitap.com

شياۋخۇڭنىڭ ئورنى، ئۇنى فېڭجيې خېنىم ئۆزىگە سوزاپ ئەكېتىپتىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخى ئادەم بەرمەپتۇ؛ يەنە بىرسى، جۇيىبېرنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ ئورنىغىمۇ ئادەم كەلمىدى. هازىر سىز بىر ئادەمنى ئالغانغا ئوشۇقچىلىق قىلمايدۇ. پىڭئېر شىرېنگە دائىم: «ئادەم ئېلىش، پۇل ئىشلىتىش ئىشلىرىنى هازىرچە بىر كۈن بولسىمۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ تۇرايلى، هازىر تەنچۈن قىز بىرەرسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ھەممىگە ئىبرەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆجرىسىدىكى ئىشلاردىنمۇ ئىككى ـ ئۈچىنى رەت قىلىۋەتتى، هازىر شۇنداق ئىشلارنى بىزنىڭ ھۆجرىدىنمۇ ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان چاغدا، ئۆزىمىز تورغا ئىلىنىپ بېرىپ نېمە قىلاتتۇق؟ ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنىمۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن رەت قىلىۋەتسە، ئۇ چاغدا ئىش تۈگەيدۇ ـ دە، ئورنىغا كەلتۈرمەك تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا، بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرايلى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولى بىكار بولسۇن، ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ، چوڭلارغا دېسەك ھەل بولماي قالمايدۇ!

— بۇغۇ شۇنداق، بىراق تەخىر قىلىپ تۇرالماي ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ۋۇئېر، — بۇ ئىشقا ئېلىنىۋالسام، بىرىنچىدىن، ئانامنىڭ يۈزىگىمۇ ياخشى بولاتتى، مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنى بىكار كەتمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، مەنمۇ مائاشلىق بولۇۋالسام، ئائىلىمىزمۇ بىرئاز كەڭتاشا بولۇپ قالاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، كۆڭۈل ـ كۆكسۈم ئېچىلىپ، كېسىلىممۇ ساقىيىپ قالامدىكىن دەيمەن، كېسىلىمنى داۋالاشقا كېتىدىغان پۇلمۇ تېجەپ قېلىناتتى.

— بۇ گېپىڭىزنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىمەن. بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، — فاڭگۇەن شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى.

ۋۇئېر ئاشخانىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئانا ـ بالا ئىككىسى فاڭگۇەننىڭ ياخشىلىقىغا كۆپ رەھمەتلەر ئوقۇشتى.

— ئەمدى بۇ نەرسىگە ئۆزۈڭنى كۆپ ئۇرۇپ كەتمە ! — دېدى ئانىسى، — بۇ قىممەتلىك نەرسە بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئىچىلسە ئىسسىق ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئازراق قويۇپ بىرسىگە بەرسەك، خەقنىڭ كۆڭلىنى ئالىمىز.
— كىمگە بېرىمىز؟ — دەپ سورىدى ۋۇئېر.
— بىر نەۋرە ئاكاڭغا ئازراق ئاپىرىپ بېرەيلى، — دېدى ليۇ يەڭگە، — ئۇ تەپ بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىدۇ. يېرىمىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەي.
ۋۇئېر خىلىغىچە باشقا گەپ قىلماي تۇردى، ئانىسىنىڭ رايىغا بېرىپ، شەربەتنىڭ يېرىمىنى قويۇپ بەردى، قالغان يېرىمىنى بوتۇلكىسى بىلەن جاۋەنگە ئېلىپ قويدى.
— مېنىڭچە، بۇنى ئۇنىڭغا بەرمىسەڭمۇ بولاتتى، — دېدى ۋۇئېر سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ناۋادا بىرەرسى بۇنى سوراپ - تارتىپ قالسا، يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقارمىكىن.
— بۇنداق قورققىلى تۇرساق جان توشۇمدۇ ! كېچە - كۈندۈز جاپا تارتىپ ئىشلەۋاتقاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكىلەردىن ئانچە - مۇنچە نەپ ئالساقمۇ ئورۇنلۇق بولىدۇ. ئوغرىلىۋالمىغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟ — ليۇ يەڭگە قىزىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، شەربەتنى ئېلىپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ تالاغا ماڭدى. جيەن ئوغلى ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىكەن، شەربەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاكىسى، يەڭگىسى ۋە جيەن ئوغلى ھەددى - ھېسابسىز خۇش بولۇشتى. شۇزامانلا قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ كېلىپ، شەربەتتىن سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ جيەنىگە بىر چىنە ئىچۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ياشىرىپ، بېشىمۇ بىر ئاز يەڭگىللەشكەندەك بولدى. شەربەتنىڭ قالغان يېرىمىنى ئۈستىگە قەغەز يېپىپ جوزىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى.
شۇ ئەسنادا قەسىردىكى بىرقانچە مۇلازىم بالا، يەنى ليۇ يەڭگىنىڭ جيەن ئوغلىنىڭ ئادەتتە ئوبدان ئۆتۈشىدىغان ئاغىنىلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

چيەنخۇەي ئىسمىلىك بىر بالا بولۇپ، ئۇ جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىدىن ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ھازىر قەسىر خەزىنىسىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزى جياخۇەن مەكتەپكە بارغاندا ھەمراھ بولۇپ باراتتى، قول ـ ئىلكىدە بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. لىيۇ يەڭگىنىڭ قىزى ۋۇئېر چىراي ـ تۇرقى كېلىشكەن قىز بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆزى شۇنىڭغا چۈشكەنىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ قىزىنى شۇنىڭغا بەرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ۋۇئېر ئۇنىڭغا ئۇنىماي تۇرۇۋالغانىدى، ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالغان، ۋۇئېرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىغانىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇلار قىزىنى باغقا كىرگۈزۈۋېلىشقا تەلپۈنگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى تېخىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقان، ۋۇئېر باغدا ئۈچ ـ تۆت يىل ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن، تاشقىرىدىن كۈيئوغۇل تاپماقچى بولۇشقانىدى. چيەنخۇەينىڭ ئۆيدىكىلىرىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بولدى قىلىشقانىدى. لېكىن، چيەنخۇەي ۋۇئېرنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكىدىن ئاچچىقى كېلىپ ھەم نومۇس قىلىپ، قانداقلا بولسۇن سېنى ئالماي قويمايمەن، دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدى. بۈگۈن ئۇ مۇلازىملار بىلەن لىيۇ يەڭگىنىڭ جىيەنىنى يوقلاپ كېلىپ ئويلىمىغان يەردىن لىيۇ يەڭگىنىڭمۇ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردى.

لىيۇ يەڭگە بىر توپ ئادەمنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چيەنخۇەينىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىم ئالدىراش ئىدى، مەن قايتاي دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا مېڭىۋىدى، يەڭگىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— بىرەر پىيالە چاي ئىچمەيلا ماڭامسىز؟ جىيەنىڭىزنى ياد ئەتكىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى.

— ئىچكىرىدىكىلەر تاماق بۇيرۇتۇپ قالمىسۇن، چاپسانراق كېتەي، قولۇم بوشىغان چاغدا جىيەنىمنى يوقلىغىلى يەنە

كېلىمەن، — دېدى ليۇ يەڭگە كۈلۈپ.

ئۇنىڭ يەڭگىسى تارتىمىدىن قەغەزگە بولاقلىق بىرنېمىنى ئېلىپ ليۇ يەڭگىنى ئۇزىتىپ چىقتى ۋە دوقمۇشقا كەلگەندە قەغەز بولاقنى ليۇ يەڭگىگە بېرىپ، كۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— بەش كۈننىڭياقى ئاكىڭىزغا دەرۋازىدىن بىر تىيىنلىك تاپاۋەت كىرمىۋىدى، تۈنۈگۈن نۆۋەتچىلىكتە تۇرسا گۇاڭدۇڭدىن بىر ئەمەلدار ئىچكىرىدىكىلەرنى يوقلىغىلى كەپتۇدەك. ئۇ ئادەم كىچىك ئۇچ سېۋەت زەمبۇرۇغ تالقىنى ئالغاچ كەپتىكەن، ئىككى سېۋىتىنى ئىچكىرىدىكىلەرگە سوۋغات قىپتىمىش، بىر سېۋىتىنى دەرۋازا باققانلارغا سالام ھەققى قىلىپ بېرىپتىكەن، ئاكىڭىزغا مۇشۇ تېگىپتۇ. تۈنۈگۈن ئاخشام بۇنى ئېچىپ كۆرۈپ باقتۇق، ئاجايىپ ئېسىل، ئاپپاق ئىكەن. بۇنى ئادەم سۇتىگە قوشۇپ ھەر كۈنى سەھەردە بىر جام ئىچىپ بەرسە بەك پايدا قىلىدۇ دەيدۇ، ئادەم سۇتى بولمىسا، كالا سۇتى بولسىمۇ بولىدىكەن، كالا سۇتىمۇ بولمىسا، قايناق سۇ بىلەن ئىچسىمۇ بولىدىكەن. بۇنى بىز ۋۇئېر قىزىمىزغا تازا لايىق ئىكەن دېيىشىپ، چۈشتىن بۇرۇن چۆرە قىزدىن ئەۋەتكەندۇق، ئۇ سىلەرنىڭ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىكەن دەپ يېنىپ كەپتۇ. ۋۇئېر قىزىمىزمۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنى يوقلىغاچ ئۆزۈم ئىچكىرىگە ئەكىرىپ بېرەي دەپ بولۇپ، ئارقىدىن يەنە، توختا، ھازىر غوجايىنلار ئۆيدە يوق، ھەممە يەرنى چىڭىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىم بولمىسا، نېمىدەپ ئىچكىرىگە دوقۇراي؟ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى كۈننىڭياقى ئىچكىرىدە خىلى قالايمىقانچىلىقلار چىقىۋاتىدۇ، دېگەن گەپ قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالدى. ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇلارغا سۇۋۇشۇپلا قالساق، ئىش چاتاق، دەپ ئويلاپ توختاپ قالدىم. بۇگۈن ئۆزىڭىزنىڭ كەلگىنى ئوبدان بولدى، بۇنى ئۆزىڭىز ئالغاچ كېتىڭ.

ليۇ يەڭگە ھەشقاللا دەپ تالقاننى ئالدى - دە، خوشلىشىپ

www.uyghurkitap.com

ياندى. ئۇ يان ئىشىككە ئەمدىلا كېلىشىگە، شىياۋ ياۋ دېگەن بىر مۇلازىم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، كۈلگەن پېتى:

— ئۆزلىرى نەلەردە يۈرىلا؟ ئىچكىرىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئادەم چىقىرىپ ئۆزلىرىنى ئىزدەتتى، بىز ئۈچ - تۆتىمىزنىڭمۇ سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. شۇ تۇرقىدا نەدىن كېلىشلىرى؟ بۇ يولغۇ ئۆيلىرىگە بارىدىغان يول ئەمەس، كۆڭلۈمگە باشقا بىر گۇمان كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ، — دېدى.

— هۇي مايمۇن! — دېدى لىيۇ يەڭگە كۈلۈپ، — سەنمۇ مېنىڭ بىلەن چېقىشقىلى تۇردۇڭمۇ! خەپ توختاپ تۇر، قايتىپ كېلىپ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام.

يەنە نېمە ۋەقەلەر بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، 1974 ـ يىلى 10 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1964年2月北京第3版，1974年10月北京第1次印刷本翻译出版。

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش (2)

**ئاپتورى:** ساۋ شۆچىن، گاۋئې
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مۇھەررىرى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئادالەت، ئايگۈل سابىت، ئارزۇگۈل، رەناگۈل
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 23.75
**قىستۇرما بېتى:** 8
**نەشرى:** 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىرازى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16053 - 2
**باھاسى:** 60.00 يۈەن